ئالىي پېداگوگىكا مەخسۇس كۇرسلىرىنىڭ باشلانغۇچ
مەكتەپ مائارىپى دەرسلىكى

TURAN KİTAPLIĞI

# ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى

TURAN KİTAPLIĞI

شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى

| | |
|---|---|
| 阿尔斯兰·阿不都拉 | تۈزگۈچىلەر: ئارسلان ئابدۇللا |
| 亚热·艾拜都拉 | يارى ئەبەيدۇللا |
| 塔什·热合曼·木扎提 | تاش راخمان مۇزات |
| 阿不都热依木·热合曼 | ئابدۇرېھىم راخمان |
| 阿木提·亚森 | مۇھەررىرى: ھامۇت ياسىن |
| 木合塔尔·买买提 | مەسئۇل مۇھەررىرى: مۇختار مۇھەممەد |
| 阿不都热依木·阿 | مەسئۇل كوررېكتورى: ئابدۇرېھىم ئابلىمىت |



高等师范专科小学教育专业教材

现代维吾尔语法

（维吾尔文）

*

شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى نەشر قىلدى

شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسى تارقاتتى

شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتى باستى

*

فورماتى: 890×1240، 1/32؛ باسما تاۋىقى: 16.75

2004 - يىل 8 - ئاي 1 - نەشرى

2004 - يىل 8 - ئاي 1 - بېسىلىشى

تىرازى: 1—3000

ISBN 7 — 5370 — 5166—6

باھاسى: 16.50 يۈەن G·1788（维课）



نەشر ھوقۇقى بىزدە، باشقىلارنىڭ كۆپەيتىپ بېسىشىغا بولمايدۇ.

بېسىش-تۈپلەش سۈپىتىدە مەسىلە كۆرۈلسە، ئالماشتۇرۇپ بېرىلىدۇ.



ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى غالىبىيەت يولى 169 - قورۇ

پوچتا نومۇرى: 830001؛ تېلېفون 8552977 — 0991

# كىرىش سۆز

«ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى» ئالىي پېداگوگىكا مەخسۇس كۇرسلىرىنىڭ باشلانغۇچ مائارىپى كەسپلىرىدە تەسىس قىلىنغان ئاساسىي دەرسلەرنىڭ بىرى. قولىڭىزدىكى بۇ دەرسلىك مۇشۇ كەسىپنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى ئۈچۈن تۈزۈلگەن. ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ۋە ئالىي تېخنىكۇملارنىڭ تىل - ئەدەبىيات كەسپىدىكى ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلار، شۇنداقلا ئۆزلۈكىدىن ئۆگەنگۈچىلەرنىڭمۇ پايدىلىنىش ماتېرىيالى بولالايدۇ.

دەرسلىكتە ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ شەكىللىنىش جەريانى، دىئالېكتلىرى، فونېتىكىسى، جۈملىدىن ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ ئىملا قائىدىسى، لېكسىكىسى ۋە گراماتىكىسى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى تەتقىقاتىدا ئېتىراپ قىلىنغان كۆزقاراشلار ئاساسىدا بىرقەدەر ئەتراپلىق ۋە سىستېمىلىق بايان قىلىندى. شۇنداقلا، نۆۋەتتە ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى تەتقىقاتى ساھەسىدە ئوتتۇرىغا قويۇلۇۋاتقان ۋە ئاساسەن ئېتىراپ قىلىنغان يېڭى كۆزقاراشلارمۇ ئىمكانقەدەر كىرگۈزۈلدى. شۇنىمۇ ئېيتىپ ئۆتۈش كېرەككى، مەزكۇر دەرسلىكتە ھازىرغىچە نەشر قىلىنغان «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى» غا ئائىت ئەسەرلەرنىڭ مەزمۇنى ۋە كۆزقاراشلىرىدىن ئۈنۈملۈك ۋە ئىجادىي پايدىلاندۇق. بىز بۇ يەردە مۇھتەرەم كەسىپداشلارغا چىن قەلبىمىزدىن رەھمەت ئېيتىمىز.

شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتىنىڭ مۇدىرى، پروفېسسور ئارسلان ئابدۇللا كىتابنى تۈزۈشكە مەسئۇل بولۇپ، كىتابنىڭ دەسلەپكى ئورىگىنالىنى تەكشۈرۈپ بېكىتىپ چىقىپ، پۈتۈن كىتابنىڭ سىستېمىسىنى ۋە ئۇسلۇبىنى بىرلىككە كەلتۈردى. شۇنداقلا، ئىستىلىستىكا قىسمىنى تۈزۈپ چىقتى. شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتىنىڭ لېكتورى ئابدۇرېھىم راخمان كىتابنىڭ مۇقەددە-

مە، فونېتىكا ۋە يېزىق قىسمىنى، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتىنىڭ دوتسېنتى يارى ئەبەيدۇللا لېكسىكا ۋە سىنتاكسىس قىسمىنى، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتىنىڭ دوتسېنتى تاش راخمان مۇزات مورفولوگىيە قىسمىنى تۈزۈپ چىقتى.

كىتابتىكى بەزى يېتەرسىزلىكلەرگە قارىتا، كەسپداشلارنىڭ تەنقىدىي تەكلىپ - پىكىرلەر بېرىشىنى سەمىمىي ئۈمىد قىلىمىز.

— تۈزگۈچىلەردىن

2004 - يىل 7 - ئاي

# مۇندەرىجە


مۇقەددىمە

§ 1 . تىلنىڭ خاراكتېرى ۋە رولى ...... 1

§ 2 . ئۇيغۇر تىلىنىڭ تەرەققىياتى ...... 4

§ 3 . ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى ...... 11

§ 4 . ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ دىئالېكتلىرى ...... 15

§ 5 . «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى»نىڭ خاراكتېرى، مەزمۇنى، ۋەزىپىسى ...... 19

1 ـ باب فونېتىكا ...... 21

§ 1 . تىل تاۋۇشى ۋە ئۇنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى ...... 21

§ 2 . فونېتىكىدىكى ئاساسىي ئۇقۇملار ...... 28

§ 3 . تاۋۇشلارنىڭ ماسلىشىش قانۇنىيىتى ...... 47

§ 4 . نۇتۇق ئېقىمىدىكى فونېتىكىلىق ئۆزگىرىشلەر ...... 53

§ 5 . ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ تەلەپپۇز قائىدىسى ...... 63

2 ـ باب يېزىق ...... 89

§ 1 . يېزىق توغرىسىدا چۈشەنچە ...... 89

§ 2 . ئۇيغۇرلارنىڭ تارىختا قوللانغان يېزىقلىرى ...... 93

§ 3 . ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ ئىملا قائىدىسى ...... 106

§ 4 . تىنىش بەلگىلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئىشلىتىلىشى ...... 144

3 ـ باب لېكسىكولوگىيە ...... 157

§ 1 . لېكسىكولوگىيە ھەققىدە قىسقىچە چۈشەنچە ...... 157

§ 2 . سۆز ۋە ئۇنىڭ ياسىلىشى ............ 159
§ 3 . سۆز مەنىسى ۋە ئۇنىڭ خاراكتېرى ............ 171
§ 4 . سۆزلەرنىڭ مەنە جەھەتتىن تۈركۈملىنىشى ............ 199
§ 5 . سۆزلەرنىڭ ئاھاڭ ۋە شەكىل جەھەتتىن تۈركۈملىنىشى ............ 219
§ 6 . سۆزلۈكنىڭ تۈزۈلۈشى ............ 241
§ 7 . سۆزلۈكنى بېيىتىش يوللىرى ............ 258
§ 8 . لۇغەتچىلىك ............ 263

4 ـ باب گراماتىكا ............ 276
§ 1 . گراماتىكا ھەققىدە قىسقىچە چۈشەنچە ............ 276
§ 2 . سۆز تۈركۈمى ............ 295
§ 3 . سۆز بىرىكمىسى ............ 364
§ 4 . ئاددىي جۈملە ............ 380
§ 5 . قوشما جۈملە ............ 437

5 ـ باب ئىستىلىستىكىدىن ساۋات ............ 473
§ 1 . ئىستىلىستىكا ھەققىدە قىسقىچە چۈشەنچە ............ 473
§ 2 . سۆز تاللاش ............ 481
§ 3 . مەنداش سۆزلەر ۋە قارشى مەنىلىك سۆزلەرنىڭ ئىشلىتىلىشى ............ 505
§ 4 . ئىستىلىستىكىلىق ۋاستىلەر ............ 518

## مۇقەددىمە

# §1. تىلنىڭ خاراكتېرى ۋە رولى

تىل پەقەت ئىنسانغىلا خاس بولۇپ، تىلنى ئەمگەك ياراتقان. تىل ئىقتىسادىي بازىسمۇ ئەمەس، ئۈستقۇرۇلمىمۇ ئەمەس، بەلكى ئالاھىدە بىرخىل ئىجتىمائىي ھادىسە. تىل ئىجتىمائىيلىققا ۋە ئومۇمىي خەلقلىق خاراكتېرگە ئىگە. ئىجتىمائىيلىق دېگەندە، تىل بىلەن جەمئىيەتنىڭ چەمبەرچاس باغلىنىدىغانلىقى، بىر - بىرىنى تەقەززا قىلىدىغانلىقى ۋە بىر - بىرىگە تايىنىدىغانلىقى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. بىر تەرەپتىن، تىل جەمئىيەتتە مەۋجۇت بولىدۇ. جەمئىيەتتىن ئايرىلسا تىل بولماي قالىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن، جەمئىيەتمۇ تىلدىن ئايرىلالمايدۇ. تىل بولمايدىكەن، جەمئىيەت مەۋجۇتلۇقتىن ۋە تەرەققىياتتىن مەھرۇم بولىدۇ. ئومۇمىي خەلقلىق دېگەندە، تىلنىڭ جەمئىيەتتىكى ھەرساھە، ھەرقاتلام كىشىلىرىگە ئورتاق خىزمەت قىلىدىغانلىقى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

تىلنىڭ سىرتقى رولىدىن قارىغاندا، تىل ئىنسانلارنىڭ ئەڭ مۇھىم ئالاقە قورالى ۋە تەپەككۇر قورالى. تىل بىلەن ئىدىيىنى ئىپادىلەش ۋە ئالاقە قىلىش ئىنسانلارنىڭ ھايۋانات دۇنياسىدىن پەرقلىنىدىغان ئەڭ تۈپكى پەرقلىرىنىڭ بىرى. شۇڭا، نەۋائى «تىل ئىنساننى ھايۋاندىن جۇدا قىلدى» دەپ يازغان.

ئالاقە قورالى دېگەندە، كىشىلەرنىڭ تىلدىن پايدىلىنىپ ئۇچۇر يەتكۈزىدىغان ۋە ئالماشتۇرىدىغان ۋاستە ئىكەنلىكى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. تەبىئەت دۇنياسىدا نۇرغۇن ھايۋانلار خىلمۇخىل ئاۋازلارنى چىقىرىپ ئۇچۇر يەتكۈزىدۇ. بىراق، بۇ ئاۋازلار نىسبەتەن ئاددىي، ئىپادىلەيدىغان ئۇچۇر مىقدارىمۇ كۆپ ئەمەس، شۇنداقلا ئۇ بىر پۈتۈن نەرسە بولۇپ،

ئۇلارنى يېڭىۋاشتىن قۇراشتۇرۇپ، يېڭى ئۇچۇرلارنى تەشكىل قىلغىلى بولمايدۇ. شۇڭا، ئۇ ھەقىقىي مەنىدىكى تىل ئەمەس. يەنە بىر تەرەپتىن، ئىنسانلار تىلدىن باشقا قول ئىشارىتى، بايراق، قاتناش بەلگىلىرى، تېلېگراما قاتارلىق ۋاستىلەردىن پايدىلىنىپمۇ ئۇچۇر يەتكۈزىدۇ. بىراق، بۇ ۋاستىلەر تىل ئاساسىغا قۇرۇلغان، شۇنداقلا قوللىنىلىش دائىرىسىمۇ چەكلىك بولۇپ، پەقەت تىلنىڭ ياردەمچى ۋاستىسى بولالايدۇ، خالاس. شۇڭا، بىز تىل ئىنسانلارنىڭ ئەڭ مۇھىم ئالاقە قورالى، دەيمىز.

تىل ئىدىيىنى ئىپادىلەيدىغان قورال دېگىنىمىزدە، كىشىلەرنىڭ تىلدىن پايدىلىنىپ ئىدىيىنى شەكىللەندۈرىدىغانلىقى ۋە ئىدىيىنى ئىپادىلەيدىغانلىقى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. تەپەككۇر ئىنسان مېڭىسىنىڭ بىرخىل ئىقتىدارى، ئىنسان مېڭىسىنىڭ ئوبيېكتىپ دۇنيانى ئەكس ئەتتۈرۈش جەريانى. تەپەككۇر مەلۇم بىر قورال ئاساسىدا ئەمەلگە ئاشىدۇ. ئۇ ئەكس ئەتتۈرگەن ئۇقۇم، ھۆكۈم، خۇلاسە، سۆز، سۆز بىرىكمىسى ۋە جۈملە بولۇپ ئىپادىلىنىدۇ. سۆز - جۈملىلەرسىز قىپيالىڭاچ تەپەككۇرنى تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن ئەمەس.

يەنى، تىل ئوي - پىكىرنى ئىپادىلەش جەريانىدىلا ئەمەس، بەلكى ئوي - پىكىرنىڭ شەكىللىنىش جەريانىدىمۇ مۇھىم رول ئوينايدۇ. تىل — تەپەككۇرنىڭ ئالاھىدە غىدىقلىغۇچىسى. فىزىئولوگىيىلىك ۋە فىزىكىلىق جەھەتتە كەمتۈكلۈكى يوق ھەرقانداق ئادەم تىلدىن پايدىلىنىپ تەپەككۇر قىلىدۇ. ئەمما، تەپەككۇر بىلەن تىل بىر نەرسە ئەمەس. تەپەككۇر پۈتكۈل ئىنسانىيەتكە تەۋە، تىل مەلۇم مىللەتكە تەۋە.

تىلنىڭ ئىچكى قۇرۇلمىسى نۇقتىسىدىن ئالغاندا، تىل ئىنسانغىلا خاس بولغان ئاۋۇش بىلەن مەنىنىڭ بىرىكمىسى بولغان بىر يۈرۈش بەلگىلەر سىستېمىسى. تىل — فونېتىكا، لېكسىكا، گرامماتىكىدىن ئىبارەت ئۈچ مۇھىم ئامىلنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. فونېتىكا — تىل بەلگىلىرىنىڭ ئاۋاز ئامىلى. ئۇ تىلنىڭ ماددىي پوستى. لېكسىكا — تىل بەلگىلىرىنىڭ توپلىمى، ئۇ قۇرۇلۇش ماتېرىيالى؛ گرامماتىكا تىل

بەلگىلەرنىڭ مورفولوگىيىلىك ئۆزگىرىش ۋە بىرىكىش قائىدىسى. ئۇ تىلنىڭ قۇرۇلما قانۇنىيىتى.

تىل بەلگىلىرىنىڭ ئەڭ مۇھىم ئىككى خىل ئالاھىدىلىكى — ئىختىيارىيلىق بىلەن زەنجىرسىمانلىق. ئىختىيارىيلىق دېگەندە، تىلدا ئاۋاز بىلەن مەنىنىڭ بىرىكىشىدە مۇقەررەرلىك بولمايدىغانلىقى، بەلكى قانداق ئاۋاز بىلەن قانداق مەنە بىرىكىپ قانداق مەنىگە ۋەكىللىك قىلىشى ئىختىيارىي بولىدىغانلىقى، بۇ بەلگە بېكىتىلگەندىن كېيىن تۇراقلىشىپ، پۈتكۈل جەمئىيەت ئەزالىرى ئورتاق ئېتىراپ قىلىدىغان نەرسە ئىكەنلىكى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. بۇ قائىدە تىلدىكى نۇرغۇن مەسىلىلەرنى چۈشەندۈرۈشكە ئىمكان بېرىدۇ. مەسىلەن: ئۇيغۇر تىلىدا «پەرزەنت كۆرگەن ئايال كىشى» دېگەن مەنىنىڭ نېمىشقا «ئانا» دېگەن ئۈچ ئاۋازنىڭ بىرىكتۈرۈلۈپ شۇنداق شەيئىگە ۋەكىل قىلىپ ئېلىنغانلىقىنى پەقەت مۇشۇ قائىدە بىلەنلا چۈشەندۈرۈش مۇمكىن. شۇنداقلا، ھازىر تىلىمىزدىكى ئاتالغۇ مەسىلىسىدە مەنە بىلەن ئۇقۇمنىڭ مۇناسىۋىتى ھەددىدىن ئارتۇق تەكىتلىنىپ، ئاتالغۇسىراش ياكى ئاتالغۇلارنى ئۇقۇملاشتۇرۇش كېسىلىنىڭ يامراپ كېتىشىدىكى خاتالىقنى كۆرسىتىپ بەرگىلى بولىدۇ. بۇ يەردىكى مەسىلە بۇ بەلگە پەقەت كۆپچىلىك ئورتاق ئېتىراپ قىلىدىغان ئادەتكە ئايلانسىلا بولىدۇ. ئۇ ئالاقە ئېھتىياجىنى قامدىيالىسىلا، ئۇنىڭ ياخشى ـ يامانلىقىنى باھالاپ، ھە دېسىلا ئۆزگەرتىشنىڭ كويىدا بولۇش توغرا ئەمەس.

تىل بەلگىلىرىنىڭ زەنجىرسىمانلىقى دېگەندە، تىل بەلگىلىرى خۇددى زەنجىرنىڭ ھالقىسىدەك بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى ئۇلىنىپ كېلىدىغانلىقى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ئەينى بىر ۋاقىت ئىچىدە بىر قانچە بەلگە بىراقلا چىقالمايدۇ. مەسىلەن: «مەن كىنو كۆرىمەن» دېگەن بەلگىلەر تىزمىسىدا ئۈچ بەلگە بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى ئۇلىنىپ چىقىدۇ.

تىل بەلگىلىرىنىڭ ئىختىيارىيلىق خۇسۇسىيىتى يەككە بەلگىلەرنىڭ شەكلى (ئاۋازى) بىلەن مەزمۇنى (مەنىسى) ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتكە قارىتىلغان. زەنجىرسىمانلىق خۇسۇسىيىتى بولسا، بەلگە بىلەن

بەلگىنىڭ بىرىكتۈرۈلۈشىگە قارىتىلغان. بىرىكتۈرۈش نەتىجىسىدە ئوخشاشمىغان قۇرۇلما ھاسىل قىلىنىدۇ. بىرىكتۈرۈلگەن بەلگىلەردىكى بىرىكىش ئىختىيارىي بولماستىن، شەرتلىك بولىدۇ. يەنى، ئۇلارنىڭ نېمە ئۈچۈن شۇنداق بىرىككەنلىكىنى، قانداق بىرىكمە ھاسىل قىلغانلىقىنى چۈشەندۈرۈشكە، ئىسپاتلاشقا بولىدۇ. ئىختىيارىيلىقنى ئاساس قىلغان بەلگىلەر شەرتلىك ۋە قائىدىلىك مۇناسىۋەتتە تۇرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن تىل قانۇنىيەتلىك، چۈشىنىشلىك بولۇشتەك خاراكتېرگە ئىگە بولىدۇ.

【مۇھاكىمە سوئاللىرى】

1. تىلنىڭ خاراكتېرى نېمە؟
2. تىلنى نېمە ئۈچۈن ئىنسانلارنىڭ ئەڭ مۇھىم ئالاقە قورالى ۋە تەپەككۇر قورالى دەيمىز؟
3. تىل بەلگىلىرىنىڭ ئىككى چوڭ ئالاھىدىلىكى قايسى؟

## 2 §. ئۇيغۇر تىلىنىڭ تەرەققىياتى

ئۇيغۇر تىلى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تەپەككۇر قورالى ۋە ئەڭ مۇھىم ئالاقە قورالى. ئۇ ئۇيغۇرلارنىڭ جەمئىيەت بولۇپ ئۇيۇشۇشىدا، ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىشىدا ھەل قىلغۇچ رول ئوينىغان ئامىللارنىڭ بىرى.

ئۇيغۇر تىلى ئالتاي تىللىرى سىستېمىسى، تۈركىي تىللار ئائىلىسى شەرقىي تۈركىي تىللار تارمىقىغا كىرىدۇ.

ئۇيغۇر تىلىنىڭ تەرەققىيات دەۋرىنى تۆۋەندىكى بەش باسقۇچقا ئايرىش مۇمكىن:

1. ئالتاي تىللىرى ۋە ھون تىلى دەۋرى
2. ئورخۇن — يېنسەي يادىكارلىقلىرى تىلى دەۋرى

3 . قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى دەۋرى

4 . چاغاتاي تىلى دەۋرى

5 . ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى دەۋرى

## 1 . ئالتاي تىللىرى ۋە ھون تىلى دەۋرى

### 1) ئالتاي تىللىرى

«ئالتايلىقلار» دېگەن ئۇقۇم كەڭ دائىرىدىن پۈتكۈل فىننىلار ، تۈركلەر ، موڭغۇللار ، ئوتتۇرا ئاسىيالىقلار ، تۇنغۇسلار ، شىمالىي ياۋروپا ۋە ئاسىيادىكى سامايىدىنلار ۋە يەنە ياپونلار ، كورىيانلارنى كۆرسىتىدۇ .

ئورال ـ ئالتاي تىل بىرلىكى نەزەرىيىسى تېخى تالاش ـ تارتىش ئۈستىدىكى بىر نەزەرىيە . لېكىن ، ئالتاي تىللىرىدا بىر ئورتاقلىقنىڭ بارلىقى ئېتىراپ قىلىنغان . لېكىن ، بۇ بىرلىكنىڭ قانداق پەيدا بولغانلىقى ھەققىدە تېخى پىكىر بىرلىكى يوق . ۋىلادىمىر تسوپ ، رامستېد ، رېسنېن قاتارلىق ئالىملار ئالتاي تىللىرىنىڭ لېكسىكىلىق ۋە گراماتىكىلىق تۈزۈلۈشى جەھەتتىكى بىرلىكنى (ئوخشاشلىقىنى) بۇ تىللارنىڭ ئورتاق بىر مەنبەدىن كېلىپ چىققانلىقىنىڭ نەتىجىسى ، دەپ قارايدۇ . كوزۋىچ ، كلاۋسون قاتارلىق ئالىملار بۇنى قەدىمكى چاغلاردا بىر ـ بىرىدىن سۆز ئالغانلىقىنىڭ نەتىجىسى ، دەپ قارايدۇ . يەنە بەزى ئالىملار ئالتاي تىللىرى كېلىپ چىقىش نۇقتىسىدىن بىر تۇغقان تىللار بولۇش ئېھتىمالىغا يېقىن ، لېكىن بۇ تېخى تولۇق ئىسپاتلاپ چىقىلمىغان بىر نەزەرىيە ، دەپ قارايدۇ . مۇشۇ مەنىدىن ، ئالغاندا ، ئورال ـ ئالتاي تىللىرىنىڭ ۋە ئالتاي تىللىرىغا كىرىدىغان ھەرقايسى تىللارنىڭ تۇغقانچىلىق مەسىلىسى ھازىرمۇ داۋاملىق تەتقىق قىلىنىپ ، ئېنىقلاشقا تېگىشلىك مەسىلە .

### 2) ھون تىلى

ئۇيغۇر تىلى تەرەققىيات باسقۇچىدىكى ھون تىلى دەۋرى مىلادىيە 5 ـ ئەسىرگىچە بولغان دەۋرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ . بۇ دەۋردە تۈركىي

تىللار بىر - بىرىگە يېقىن بولغان تىللارنىڭ بىرنەچچە گۇرۇپپىلىرىدىن تەركىب تاپقان بولۇپ ، بۇ تىللار ئاساسىي جەھەتتىن گۇرۇپپىلار بويىچە پەرقلىنەتتى . ھەربىر گۇرۇپپىنىڭ تەركىبىدىكى پەرقلەر ئانچە كۆپ ئەمەس ئىدى .

## 2 . ئورخۇن - يېنسەي يادىكارلىقلىرى تىلى دەۋرى

ئورخۇن - يېسەي يادىكارلىقلىرى تىلى 6 - ، 7 - ئەسىرلەردە ئورخۇن - يېنسەي دەريا ۋادىلىرىدا ئورنىتىلغان مەڭگۈ تاشلار ۋە تۇرپاندىن تېپىلغان بىرقىسىم يازما يادىكارلىقلاردا ئورخۇن - يېنسەي يېزىقلىرى بىلەن ئىپادىلەنگەن يازما ئەدەبىي تىلنى كۆرسىتىدۇ . بۇ دەۋرلەردىكى ئۇيغۇر تىلى بىلەن ئوغۇز - قىپچاق تىللىرى ئارىسىدىكى پەرقلەر كېيىنكى دەۋرلەردىكىدەك روشەن ۋە سىستېمىلىق شەكىللىنىپ كەتمىگەن . بۇ دەۋردىكى مۇھىم يادىكارلىقلاردىن تونيۇقۇق مەڭگۈ تېشى ، كۆلتېكىن مەڭگۈ تېشى ، بىلگە قاغان مەڭگۈ تېشى قاتارلىقلار بار .

## 3 . قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى دەۋرى

قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى دەۋرى 10 - ئەسىردىن 14 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە بولغان دەۋرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ . بۇ دەۋردە قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى ۋە ئەرەب ئېلىپبەسى ئاساسىدىكى ئۇيغۇر يېزىقى قوللىنىلغان .

مىلادىيە 840 - يىلى ئىچكى قىسىمدا ھاكىمىيەت تالىشىش زىددىيىتى ، تاشقى جەھەتتە تەبىئىي ئاپەت ۋە قىرغىزلارنىڭ كەڭ كۆلەملىك ھۇجۇمى سەۋەبىلىك بىر ئەسىر داۋام قىلغان ئورخۇن - ئۇيغۇر خانلىقى گۇمران بولدى . ئۆز خانلىقىدىن ئايرىلغان ئۇيغۇرلار مەركىزىي ئۇيغۇر رايونى بولغان ئورخۇن - يېنسەي ۋادىلىرىنى تاشلاپ كۆچۈشكە مەجبۇر بولدى . ئۇلارنىڭ بىر تارمىقى ئۆگە تېكىن باشلىقىدا تاڭ سۇلالىسىنىڭ چېگرىسى بويلىرىدا پاناھلاندى . يەنە بىر تارمىقى پان تېكىن باشچىلىقىدا

غەربكە كۆچتى . غەربكە كۆچكەن ئۇيغۇرلارنىڭ بىر تارمىقى خېشى كارىدورىغا يېرىپ ھازىرقى جاڭخېي ئەتراپىدىن ئورۇن تۇتتى . بىر تارمى- قى تۇرپان ئويمانلىقىدا ماكانلاشتى . يەنە بىر قىسمى تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىغا جايلاشتى ھەمدە كۆچۈپ بارغان ئورۇندىكى يەرلىك ئاھالىلەر بىلەن بىرلىكتە گەنجۇ ئۇيغۇر خانلىقى (911 — 1028 - يىللار) ، قوچۇ ئىدىقۇتلۇقى (866 — 1209 - يىللار) ، قاراخانىلار سۇلالىسى (866 — 1212 - يىللار) دىن ئىبارەت ئۈچ چوڭ يەرلىك ھاكىمىيەتنى شەكىللەندۈردى .

بۇ دەۋردە ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرى بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلغاچقا ، بۇددا دىنىنىڭ تەسىرى مىللىي مەدەنىيەتنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرىگە ، جۈملىدىن ئەدەبىياتقا سىڭىپ كىرگەن . شۇنىڭ بىلەن سانسكرىت ، تۇبۇت ، خەنزۇ ، توخەي تىللىرىدىن نۇرغۇن يىرىك ئەسەرلەر ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان .

10 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرى قاراخانىلار سۇلالىسى ئۇيغۇرلىرى ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن ئۇزاق ئۆتمەي ئەرەب يېزىقىنىمۇ قوبۇل قىلدى . شۇنىڭ بىلەن بۇ رايوندا قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى ئىستې- مالدىن قالدى . ئەرەب - ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ كۈچلۈك ئېقىمىدا ئەرەب ، پارس تىللىرىدىن نۇرغۇن سۆز - ئاتالغۇلارنى قوبۇل قىلىش بۇ دەۋر ئۇيغۇر تىلىنىڭ بەلگىسى بولۇپ قالدى .

دىنىي ئېتىقاد ۋە رايون پەرقىگە ئىگە بولغان بۇ ئىككى رايوندىكى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تىلىدىمۇ بارا - بارا پەرقلەر كۆرۈلۈشكە باشلىدى . مۇشۇ پەرقلەر يۈزىسىدىن قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى ئىدىقۇت دىئالېكتى ۋە خاقانىيە دىئالېكتىدىن ئىبارەت ئىككى چوڭ دىئالېكتقا ئايرىلىدۇ . بۇ ئىككى دىئالېكتنىڭ يىلتىزى ۋە غولى بىر بولۇپ ، فونېتىكىلىق ، گرامماتىكىلىق خۇسۇسىيەتلىرى ۋە ئاساسىي لۇغەت تەركىبى زور ئور- تاقلىققا ئىگە ئىدى .

## 4 . چاغاتاي تىلى دەۋرى

14 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن تاكى 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە شىنجاڭ ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈركىي تىللىق خەلقلەر ، بولۇپمۇ ئۇيغۇر ۋە ئۆزبېك خەلقى ئورتاق قوللانغان يېزىق ئەدەبىي تىلى— چاغاتاي تىلى ، دەپ ئاتىلىدۇ . چاغاتاي تىلى يەنە «تۈركىي تىل» ، «تۈركچە» ، «قەشقەر تۈركچىسى» دېگەن ناملار بىلەنمۇ ئاتىلىدۇ .

چاغاتاي تىلى قاراخانىلار دەۋرىدە مەھمۇد قەشقەرى تەرىپىدىن «خاقانىيە تۈركچىسى» دەپ ئاتالغان قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىنىڭ خاقانىيە دىئالېكتى بىلەن ئىدىقۇت دىئالېكتىنىڭ يېڭى بىر دەۋردە قوشۇلۇپ كېتىشى بىلەن شەكىللەنگەن .

چىڭگىزخان قوشۇنلىرىنىڭ قەدىمى ئىدىقۇت ۋە خاقانىيە تەۋەلىرىگە يەتكەندىن كېيىن ، مەمۇرىي جەھەتتە بىر پۈتۈنلۈككە ئىگە بولغان چىڭگىزخاننىڭ ئىككىنچى ئوغلى چاغاتايخانغا بۆلۈنگەن تېررىتورىيە ئىچىدە ئىدىقۇت دىئالېكتى بىلەن خاقانىيە دىئالېكتى قوشۇلۇش ، يۇغۇرۇلۇش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشتى . ھەر ئىككى دىئالېكتىكى ئۇنۇملۈك تەركىبلەرنى قوبۇل قىلىپ ئۆزىنى مۇكەممەللەشتۈرگەن ئۇيغۇر تىلىنىڭ يېڭى بىر باسقۇچتىكى شەكلى — چاغاتاي تىلى مەيدانغا كەلدى . چاغاتاي تىلى ئۆز تەرەققىياتى جەريانىدا شەكىللەندۈرگەن بىر قاتار فونېتىكىلىق ، لېكسىكىلىق ۋە گراماتىكىلىق ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن ئەرەب – پارس تىللىرىنىڭ تەسىرىگە خېلى دەرىجىدە ئۇچرىغانلىقى بىلەن خاراكتېرلىنىدۇ . بۇ ئەدەبىي تىلنىڭ «چاغاتاي تىلى» دېگەن نام بىلەن ئاتىلىپ قېلىشى ئۇنىڭ موڭغۇل تىلى بىلەن ئالاقىدار ئىكەنلىكىدىن دېرەك بەرمەيدۇ . بەلكى ، چاغاتاي خان ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى شىنجاڭ ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا زېمىنىدا ئورناتقان «چاغاتاي خانلىقى» دەۋرىدە چاغاتاي خانلىقى تېررىتورىيىسىدە ئەدەبىي تىل سۈپىتىدە قوللىنىلغانلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك .

## 5 . ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى دەۋرى

چاغاتاي تىلىنىڭ ئاخىرقى باسقۇچى ، يەنى ، 18 ـ ئەسىردىن باشلاپ چاغاتاي تىلىدا ئەرەب ـ پارس تىللىرىنىڭ بىۋاسىتە تەسىرى تۈگەپ ، ھەرقايسى ئۇلۇسلارنىڭ جانلىق تىلىغا يېقىنلىشىش خاھىشى ئېنىق گەۋدىلىنىدۇ . 19 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىغا كەلگەندە ، شۇ دەۋردە مەيدانغا كەلگەن ئەسەرلەردىكى جانلىق تىل ۋە دىئالېكت ئامىللىرى تېخىمۇ گەۋدىلىنىدۇ . بۇ ئەمەلىيەتتە ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ شەكىللىنىشىدىكى سان ئۆزگىرىشلىرى ھېسابلىنىدۇ . بۇ خىل سان ئۆزگىرىشى 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا يۇقىرى پەللىگە چىقىدۇ . بۇ دەۋردىكى تارىخىي ، ئىجتىمائىي شارائىتلار بۇ خىل سان ئۆزگىرىشىنى سۈپەت ئۆزگىرىشىگە كۆتۈرىدۇ . شۇڭا ، 19 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىنى چاغاتاي تىلىدىن ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىغا ئۆتۈش باسقۇچى دېيىشمۇ بولىدۇ ، بولۇپمۇ 19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرى 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىغا كەلگەندە جانلىق تىل ئاساسىدىكى يازما ئەدەبىي تىلنى بەرپا قىلىش ، تىلنى بىرلىككە كەلتۈرۈش توغرىسىدىكى ستىخىيىلىك ئىزدىنىشلەر باشلىنىدۇ . 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئۆتكەن مەرۇپ سەئىدى ، ئابدۇخالىق ئۇيغۇرى ، ناسوھا ئىمىن قاتارلىق ئەدىبلەرنىڭ ئەسەرلىرىدە جانلىق تىل ئامىللىرى كۆپلەپ ئىپادىسىنى تاپىدۇ ، بۇ كۆرۈنۈشلەر ئۇيغۇر تىلىنى جانلىق تىلغا يېقىنلاشتۇرۇش يولىدىكى دادىل سىناقلار ئىدى . سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا 20 ـ ئەسىرنىڭ 20 ـ يىللىرىدا ئابدۇللا روزىباقىيېۋ ، ئا . مۇھەممەدى قاتارلىق تىلشۇناس ، ئالىملارنىڭ تەشكىللىشى بىلەن 1921 ـ ۋە 1930 ـ يىللىرى چاقىرىلغان ئىككى قېتىملىق يىغىندا ئىلى ـ يەتتەسۇ شېۋىسى بىلەن قەشقەر ـ پەرغانە شېۋىسى ئاساسىدا سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى ئۇيغۇرلار ئۈچۈن ئورتاق ئەدەبىي تىل بەرپا قىلىش مەسىلىسى ھەل قىلىندى .

1933 ـ يىلىدىكى «ئاپرېل ئۆزگىرىشى» دىن كېيىن شىنجاڭدا

ھەممە مىللەتلەرنىڭ «مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىلىرى» قۇرۇلدى. ئۇيغۇرلارنىڭ ئۈرۈمچىدە مەركىزىي ئۇيۇشمىسى، ۋىلايەتلەردە ۋىلايەتلىك، ناھىيىلەردە ناھىيىلىك شۆبە ئۇيۇشمىلار قۇرۇلدى. بۇ ئۇيۇشمىلار مىللىي، ئىجتىمائىي، مەدەنىي ۋە ئاممىۋى تەشكىلات بولۇش سۈپىتى بىلەن مەدەنىيەت، مائارىپ خىزمىتىنىڭ ئەڭ ئېغىر يۈكىنى ئۈستىگە ئېلىپ، كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ قوللاپ قۇۋۋەتلىشى بىلەن ناھايىتى تېزلا باشلانغۇچ مەكتەپ مائارىپىنى ئومۇملاشتۇردى. ئاكا - ئۇكا مۇسابايىۋلار 1885 - يىلى ئېكساقتا قۇرغان تۇنجى يېڭىچە مەكتەپ «ھۈسەيىنىيە مەكتىپى»دىن كېيىن شىنجاڭنىڭ جاي - جايلىرىدا مەكتەپلەر قۇرۇلدى. گېزىت - ژۇرناللار نەشر قىلىنىپ، ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ قېلىپلىشىشىغا شارائىت يارىتىلدى. شۇنداق قىلىپ 1930 - يىللارغا كەلگەندە، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى شەكىللەندى.

دېمەك، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى ئورخۇن - يېنسەي يادىكارلىقلىرى تىلى، قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى، چاغاتاي تىلىنىڭ ئەنئەنىلىرىگە ۋارىسلىق قىلغان، تىل تاۋۇشلىرى، لۇغەت تەركىبى ۋە گىرامماتىكىلىق قۇرۇلۇشى جەھەتتە تەدرىجىي يېتىلگەن، مۇكەممەللەشكەن ئەدەبىي تىلنى كۆرسىتىدۇ.

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى — ئۈرۈمچى تەلەپپۇزىنى ئۆزىگە تەلەپپۇز ئۆلچىمى قىلغان، مەركىزىي دىئالېكتىنى ئۆزىگە يېتەكچى قىلغان، ھازىر نەشر قىلىنىۋاتقان ئۈلگە خاراكتېرلىك يىرىك ئەسەرلەرنىڭ گىرامماتىكىلىق قۇرۇلۇشىنى ئۆزىگە گىرامماتىكىلىق ئۆلچەم قىلغان تىلدۇر.

«ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى» دېگەن بۇ ئىبارە بىرىنچىدىن، بۈگۈنكى كۈندە ئۇيغۇر خەلقى، جۈملىدىن ئۇيغۇر تىلىنى ئالاقىلىشىش ۋاسىتىسى قىلغان كىشىلەر ئىشلىتىۋاتقان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى، دېگەن مەنىنى؛ ئىككىنچىدىن، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنى ئىلمىي ئاساستا ئۆگىنىدىغان ۋە تەتقىق قىلىدىغان پەن، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

【مۇھاكىمە سوئاللىرى】

1. ئۇيغۇر تىلىنىڭ تەرەققىياتىنى قىسقىچە بايان قىلىڭ.

2. ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى قاچان شەكىللەنگەن؟

## § 3. ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى

ئەدەبىي تىل — مىللىي ئورتاق تىلنىڭ پىششىقلاپ ئىشلەنگەن، قېلىپلاشتۇرۇلغان شەكلى.

بىر مىللەتكە نىسبەتەن ئورتاق تىل — مىللىي ئورتاق تىل، دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇ مىللەت بىلەن تەڭ شەكىللەنگەن بولىدۇ. مىللىي ئورتاق تىل مەلۇم دىئالېكت ئاساسىدا شەكىللەنگەن، مەلۇم مىللەتكە تەۋە، خەلققە ئورتاق بولغان تىلدۇر.

ھەرقانداق بىر مىللەتنىڭ ئورتاق تىلى ئادەتتە جانلىق تىل ۋە يېزىق تىل دېگەن ئىككى شەكىلنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. يېزىق تىل جانلىق تىل ئۈچۈن يېتەكچىلىك رولىنى ئوينايدۇ. جانلىق تىل يېزىق تىلى ئۈچۈن ئاساس بولىدۇ. جانلىق تىل تەلەپپۇز ياكى نۇتۇق ئارقىلىق، يېزىق تىل ئىملا ئارقىلىق ئىپادىلىنىدىغان بولغاچقا، بۇلار روشەن پەرققە ئىگە. يېزىق تىل جانلىق تىلغا قارىغاندا خېلى مۇكەممەل، قېلىپلاشقان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئۆزى يەنىلا ئەدەبىي تىل ھېسابلانمايدۇ. ئەدەبىي تىل مىللىي ئورتاق تىل ئاساسىدا بارلىققا كېلىدۇ. ئورتاق تىل مەلۇم دىئالېكت ئاساسىدا بارلىققا كېلىدۇ. مىللىي ئورتاق تىلنىڭ جانلىق تىل ۋە يېزىق تىل شەكلى ئىلىم - پەن خادىملىرىنىڭ، تىلشۇناسلارنىڭ ياكى شۇ مىللەت ئاممىسىنىڭ ئورتاق كېڭىشىشى، شۇ ئارقىلىق ئۇنى فونېتىكا، لېكسىكا ۋە گرامماتىكىلىق قۇرۇلۇشى جەھەتلەردىن ئوبيېكتىپ تەرەققىيات قانۇنىيىتى بويىچە قايتا - قايتا پىششىقلاپ ئىشلىشى، قېلىپلاشتۇرۇشىدىن كېيىنلا ئاندىن ئەدەبىي تىل شەكلىگە كىرىدۇ. ئەدەبىي تىل شۇ مىللەت تىلىدىكى ھەرخىل دىئالېكتلار-

نىڭ، مەھەللىۋى شېۋىلەرنىڭ ساقلىنىپ تۇرۇشىغا قارىماي، ھەممىنى ئۆزىگە بېقىندۇرغان ھالدا شەكىللىنىدۇ. ئۇ شۇ مىللەت خەلقىنىڭ ناھايىتى ئۇزاق ئەسىرلەردىن بۇيانقى ئۆزئارا ئالاقىسىگە، ئۆزئارا پىكىر ئالماشتۇرۇشىغا، بىر - بىرىنى چۈشىنىشىگە ئۇنۇملۇك خىزمەت قىلىپ كېلىۋاتقان دىئالېكتلار ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن مىللىي ئورتاق تىلنى ئۆزىگە ئەڭ مۇھىم ئاساس قىلىدۇ.

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى — مەركىزىي دىئالېكتنى ئۆزىگە يېتەكچى قىلغان، ئۇرۇمچى تەلەپپۇزىنى ئاساس قىلىپ شەكىللەنگەن ئەدەبىي تىل.

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى ئەدەبىي يېزىق تىل ۋە ئەدەبىي جانلىق تىل، دەپ ئايرىلىدۇ.

ئەدەبىي جانلىق تىل ئومۇمەن، رادىئو - تېلېۋىزىيە، كىنو - تىياتىر، دوكلات - لېكسىيە، تەشۋىقات ۋە ئوقۇ - ئوقۇتۇش قاتارلىقلاردا قوللىنىلىدۇ. ئۇ تەلەپپۇز قائىدىسىنى ئۆزىگە يېتەكچى قىلىدۇ؛ ئەدەبىي يېزىق تىل ئومۇمەن، گېزىت - ژۇرنال، كىتاب، ھۆججەت، ئالاقىلەردە قوللىنىلىدۇ. ئۇ ئىملا قائىدىسىنى ئۆزىگە يېتەكچى قىلىدۇ.

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىۋاتقان، مۇكەممەللىشىۋاتقان ئەدەبىي تىل. ئۇ بىرقانچە دىئالېكتقا، ھەربىر دىئالېكت يەنە بىر قانچىدىن شېۋىلەرگە بۆلۈنگەن. دىئالېكت ۋە شېۋىلەردە ھېلىھەم قىسمەن پەرقلەر مەۋجۇت. شۇڭا، ئۆگىنىش، ئوقۇش-ئوقۇتۇش جەريانىدا ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنى ئومۇملاشتۇرۇش، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ جانلىق تىل تەلەپپۇزىنى قېلىپلاشتۇرۇش، تەلەپپۇز ۋە ئىملا قائىدىسىنى توغرا ئىگىلەش ۋە ئۆزلەشتۇرۇشكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. چۈنكى، ئىملا قائىدىسى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي يېزىق تىلىنى قېلىپلاشتۇرۇشنىڭ ئەڭ ئۇنۇملۇك ئاساسى ھەم تەدبىرى؛ ئوخشاشلا ئەدەبىي تەلەپپۇز قائىدىسى ئەدەبىي جانلىق تىلنى قېلىپلاشتۇرۇشنىڭ ئەڭ ئۇنۇملۇك ئاساسى ۋە تەدبىرى.

ھەرقانداق بىر تىلنىڭ تەلەپپۇزىنى قېلىپلاشتۇرۇش ئۈچۈن مەلۇم بىر جاينىڭ تەلەپپۇزى ئۆلچەم قىلىنىدۇ. ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ ئۆلچەملىك تەلەپپۇزى — ئۈرۈمچى تەلەپپۇزىدۇر.

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن بىرىنچىدىن، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنى قېلىپلاشتۇرۇش خىزمىتىنى چىڭ تۇتۇشقا؛ ئىككىنچىدىن، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنى ئومۇملاشتۇرۇش خىزمىتىنى چىڭ تۇتۇشقا توغرا كېلىدۇ.

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنى قېلىپلاشتۇرۇش تۆۋەندىكى مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ:

1. ئۇيغۇر تىلى تەتقىقاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش ۋە كۈچەيتىشكە توغرا كېلىدۇ. ئۇيغۇر تىلى تەتقىقاتى ئۇيغۇر تىلىنىڭ ھەرقايسى دەۋرلىرىنى تارىخىي تەرەققىيات يۆنىلىشى بويىچە سېلىشتۇرۇپ تەتقىق قىلىشنى؛ ئۇيغۇر تىلىنى باشقا قېرىنداش تۈركىي تىللار بىلەن سېلىشتۇرۇپ تەتقىق قىلىشنى؛ ئۇيغۇرلارنىڭ ھەرقايسى تارىخىي دەۋرلىرىنى توغرا كەسمە يۈزى بويىچە تەتقىق قىلىشنى؛ باشقا تىل سىستېمىسىدىكى تىللار بىلەن سېلىشتۇرۇپ تەتقىق قىلىشنى ھەمدە ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ فونېتىكا، لېكسىكا، گرامماتىكا تەتقىقاتىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇيغۇر تىلى تەتقىقاتىنىڭ چوڭقۇرلىشىشى، تەتقىقات نەتىجىلىرىنىڭ سۈپىتىنىڭ ئۆسۈشى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنى قېلىپلاشتۇرۇشنى پۇختا ئىلمىي ئاساس بىلەن تەمىنلەيدۇ ھەم ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ تەرەققىياتى ۋە مۇكەممەللىشىشىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ.

2. ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ تەلەپپۇز قائىدىسى بىلەن ئىملا قائىدىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈشنى چىڭ تۇتۇشقا توغرا كېلىدۇ. ئىملا قائىدىسى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي يېزىق تىلىنى قېلىپلاشتۇرۇشنىڭ ئەڭ ئۈنۈملۈك تەدبىرى. ئىملا قائىدىسى قانچە مۇكەممەل، نۇقسانسىز بولسا ئەدەبىي تىلنىڭ قېلىپلىشىشى شۇنچە

ئۈنۈملۈك بولىدۇ . شۇنىڭ ئۈچۈن ئىملا قائىدىسى ، ئىملا لۇغىتى ،
ئاتالغۇلار لۇغىتى ، ئىزاھلىق لۇغەت قاتارلىق لۇغەتلەرنى تۈزۈش ئەدە-
بىي يېزىق تىلنى قېلىپلاشتۇرۇشنىڭ مۇھىم مەزمۇنلىرى ھېسابلىنى-
دۇ . تەلەپپۇز قائىدىسى ئەدەبىي جانلىق تىلنى قېلىپلاشتۇرۇشنىڭ ئەڭ
ئۈنۈملۈك تەدبىرى . ئەدەبىي يېزىق بىلەن ئەدەبىي جانلىق تىل ئوتتۇرى-
سىدا ھامان پەرق بولىدۇ . بۇ پەرق تەلەپپۇز قائىدىسىدە ئەكس ئەتتۈرۈ-
لىدۇ . ئەدەبىي تەلەپپۇز قائىدىسىنى ئىشلىگەندە ئەدەبىي تەلەپپۇز لۇغى-
تىنىمۇ ئىشلەش كېرەك . ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ
تەلەپپۇزى سۆزلەرنىڭ تەلەپپۇزى ، سۆز بىرىكمىلىرىنىڭ تەلەپپۇزى ۋە
جۈملىلەرنىڭ ئىنتوناتسىيىسىدە روشەن ئىپادىلىنىدۇ . شۇڭا رادىئو -
تېلېۋىزور ، كىنو - تىياتىر ساھەلىرىدە ئەدەبىي جانلىق تىل تەلەپپۇزى-
نى قېلىپلاشتۇرۇشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىش كېرەك .

ئەدەبىي يېزىق تىلى بىلەن ئەدەبىي جانلىق تىل ئوتتۇرىسىدا گەرچە
پەرق بولسىمۇ ، لېكىن ئىملا ۋە تەلەپپۇز قائىدىسىنى ئىشلىگەندە بۇ
خىل پەرقنىڭ چوڭىيىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا توغرا كېلىدۇ .

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنى ئومۇملاشتۇرۇش ھازىرقى
زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى بىلەن دىئالېكت ، شېۋىلەر ئوتتۇرىسىدىكى
پەرقلەرنى كىچىكلىتىش ، شەخسكە خاس غەيرىي نۇتۇق شەكىللىرىنى
تۈزىتىشنى كۆرسىتىدۇ . ئەدەبىي تىلنى ئومۇملاشتۇرۇش ئۇزاق مۇددەت-
لىك ، مۇشەققەتلىك ھەم ئىنچىكە ئىش . ئەدەبىي تىلنى ئومۇملاشتۇ-
رۇش دىئالېكت ۋە شېۋە رايونلىرىدىكى كىشىلەرنىڭ ئىقتىسادىي تۇر-
مۇش سەۋىيىسىنىڭ ئۆسۈشى ، مىللىي ئاڭنىڭ كۈچىيىشى بىلەن مۇنا-
سىۋەتلىك ئىش . ئىلىم - پەن يۈكسەك دەرىجىدە تەرەققىي قىلغان
بۈگۈنكى كۈندە ، ئەدەبىي تىلنى ئومۇملاشتۇرۇشقا نۇرغۇن ئوڭۇشلۇق
شارائىتلار ھازىرلاندى . مۇشۇ ئوڭۇشلۇق شارائىتلاردىن ئۈنۈملۈك پاي-
دىلىنىپ ئەدەبىي تىلنى ئومۇملاشتۇرۇش قەدىمىنى تېزلىتىش كېرەك .

【مۇھاكىمە سوئاللىرى】

1. ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى دېگەن نېمە؟

2. ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى قايسى مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ؟

3. ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنى قېلىپلاشتۇرۇش قايسى مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ؟

## §4. ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ دىئالېكتلىرى

دىئالېكت دېگىنىمىز، ئومۇمىي خەلق تىلىنىڭ بىر تارمىقى، يەنى ئومۇمىي خەلق تىلىنىڭ يەرلىك ۋارىيانتى.

بىر تىلنىڭ دىئالېكتلىرى ئوتتۇرىسىدىكى پەرق تىلنىڭ ھەرقايسى تەركىبىي قىسىملىرىدا ئوخشىمىغان دەرىجىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. مەلۇم بىر تىلنىڭ دىئالېكتلىرىنى ئايرىشتا، شۇ دىئالېكت رايونلىرىنى چوڭقۇرلاپ تەكشۈرۈش ئارقىلىق ئەڭ ئومۇمىي بولغان ئالاھىدىلىكلەر ئومۇملاشتۇرۇلۇپ ئېلىنىدۇ ھەم مۇشۇ ئومۇمىي ئالاھىدىلىكلەرگە ئاساسەن دىئالېكتلارنى ئايرىش ئۆلچىمى بېكىتىلىدۇ.

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ دىئالېكتلىرى فونېتىكا، لېكسىكا، گرامماتىكا جەھەتلەردە ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە. بۇ ئالاھىدىلىكلەر ئىچىدە تۆۋەندىكى ئىككى ئالاھىدىلىك ئۇيغۇر تىلى دىئالېكتلىرى ئۈچۈن ئەڭ ئومۇمىي ئالاھىدىلىك ھېسابلىنىپ، ئۇيغۇر تىلى دىئالېكتلىرىنى ئايرىشنىڭ ئۆلچىمى قىلىنىدۇ. مۇشۇ ئۆلچەم بويىچە ئۇيغۇر تىلى دىئالېكتلىرى ئۈچ دىئالېكت رايونىغا بۆلۈنىدۇ.

بىرىنچى ئۆلچەم، پېئىللارنىڭ كەلگۈسى زامان ئېنىق خەۋەر رايى شەكلى بولۇپ، ئۇيغۇر تىلى تارىخىدا تۇسلۇك مەنىدىن پېئىللارنىڭ

كەلگۈسى زامان ئېنىق خەۋەر رايى مەنىسىنى بىلدۈرۈشكە ئۆتكەن «dur>turur» شەكلى بىرىنچى شەخس (بىرلىك ۋە كۆپلۈك) تە دىئالېكتلاردا ئۈچ تۈرلۈك ئەھۋال ئۇچرايدۇ .

1 . turur>dur>di شەكلىدە قىسقارغان . مەسىلەن :

baradimɛn بارىمەن

tosadimɛn توسىمەن

bilmejdimɛn بىلمەيمەن

2 . turur>dur>t(ʔ) شەكلىدە قىسقارغان . مەسىلەن :

baritmɛ(n)～bajitmɛ(n) بارىمەن

tosutmɛn توسىمەن

bilmejtimɛ(n)～bilmɛjʔ mɛ(n)～ بىلمەيمەن

bilmijtmɛ (n)

3 . بۇ شەكىل نۆل شەكىلگە ئايلانغان . يەنى tur>dur>0 شەكلىدە پۈتۈنلەي يوقالغان بولۇپ ، ئېنىق كەلگۈسى زامان پېئىلى «a-ɛ» بىلەن ياسالغان رەۋىشداشلارنىڭ ئاخىرىغا بىۋاستە شەخس قوشۇمچىلىرىنى قوشۇش بىلەن ئىپادە قىلىنغان . مەسىلەن :

barimɛn بارىمەن

tosimɛn توسىمەن

bilmejmɛn بىلمەيمەن

ئىككىنچى ئۆلچەم ، پۈتكەن سۈپەتداش شەكلى . بۇ شەكىلدىمۇ ئۈچ خىل ئەھۋال بار .

1 . turur>dur>du(r)+ʁan شەكلىدە . مەسىلەن :

baraduʁan بارىدىغان

keleduʁan كېلىدىغان

2 . turur>dur>t+ʁan+qan شەكلىدە . مەسىلەن :

baritqan～bajitqan بارىدىغان

ke(li)tqan كېلىدىغان

3 . turur>dur>di+ʁan شەكلىدە . مەسىلەن :

baridiʁan　　　　　　　　　　　　　　　　　بارىدىغان

kelidiʁan　　　　　　　　　　　　　　　　　كېلىدىغان

يۇقىرىقى ئىككى ئۆلچەمدە بىرىنچى خىل ئەھۋالغا ياتىدىغىنى لوپ- نۇر دىئالېكتى ، ئىككىنچى خىل ئەھۋالغا ياتىدىغىنى خوتەن دىئالېكتى ، ئۈچىنچى خىل ئەھۋالغا ياتىدىغىنى مەركىزىي دىئالېكت بولىدۇ .

### 1 . مەركىزىي دىئالېكت

مەركىزىي دىئالېكت شەرقتە قۇمۇلدىن تارتىپ غەربىي جەنۇبتا يەكەنگىچە بولغان كەڭ رايوندا قوللىنىلىدىغان ، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ شەكىللىنىشىدە مۇھىم ئاساس بولغان دىئالېكتتۇر . مەركىزىي دىئالېكتنى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ شەكىللىنىشىدە مۇھىم ئاساس بولغان دىئالېكت دېگىنىمىزدە ، ئۇنىڭ تۆۋەندىكىدەك ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە بولغانلىقىنى كۆزدە تۇتىمىز :

بىرىنچى ، ماددىي مەدەنىيەت ۋە مەنىۋى مەدەنىيەتتىن ئىبارەت ئىككى مەدەنىيەت بويىچە مەركىزىي دىئالېكت رايونى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تارىخىدا مەركەز بولۇپ كەلگەن قەشقەر ، تۇرپان ، ئىلى ، ئۈرۈمچى قاتارلىق مەدەنىيەت مەركەزلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان رايون ؛ ئۇنىڭ تەرەققىيات سەۋىيىسى باشقا ئىككى دىئالېكت رايونىغا قارىغاندا كۆرۈنەرلىك يۇقىرى .

ئىككىنچى ، بۇ دىئالېكت رايونى كەڭ . بۇ دىئالېكتتا سۆزلىشىدىغانلارنىڭ نوپۇسى مۇتلەق كۆپ سانىنى تەشكىل قىلىدۇ . ئوچۇقراق ئېيتقاندا ، بۇ دىئالېكت رايونى ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە ئۇيغۇرلار ياشايدىغان رايونلارنىڭ تەخمىنەن تۆتتىن ئۈچ قىسمىنى ئىگىلەيدۇ ؛ بۇ دىئالېكتتا سۆزلىشىدىغان ئۇيغۇرلارنىڭ سانى باشقا ئىككى دىئالېكتتا سۆزلىشىدىغان ئۇيغۇرلارنىڭ ئومۇمىي نوپۇسىدىنمۇ تەخمىنەن بەش ھەسسە ئارتۇق .

ئۈچىنچى ، مەركىزىي دىئالېكت باشقا ئىككى دىئالېكتقا قارىغاندا

تىلىمىزغا يېقىن. مەركىزىي دىئالېكت (جۇملىدىن، ئۇنىڭ ھەرقايسى شېۋىلىرى) يالغۇز يۇقىرىدا كۆرسىتىلگەن دىئالېكتلارنى پەرقلەندۈرۈش نۇقتىسىدىنلا ئەمەس، بەلكى تىل تاۋۇشلىرى سىستېمىسى، لۇغەت بايلىقى سىستېمىسى ۋە گراماتىكىلىق قۇرۇلما سىستېمىسىنىڭ ھەممە مۇھىم نۇقتىلىرى بويىچىمۇ ئەدەبىي تىلىمىزغا ئىنتايىن يېقىن تۇرىدۇ.

يۇقىرىدىكى ئالاھىدىلىكلەرگە ئاساسەن، مەركىزىي دىئالېكت ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ يېتەكچى دىئالېكتى قىلىپ بەلگىلەنگەن.

مەركىزىي دىئالېكت رايونى شەرقتە لوپنۇر دىئالېكتى رايونى بىلەن، غەربىي جەنۇبتا خوتەن دىئالېكتى رايونى بىلەن تۇتىشىدۇ.

مەركىزىي دىئالېكت ئۈرۈمچى شېۋىسى، ئىلى شېۋىسى، تۇرپان شېۋىسى، قۇمۇل شېۋىسى، قەشقەر شېۋىسى، ئاتۇش شېۋىسى، تارىم شېۋىسى (جۇملىدىن، موقال شېۋىسى، كۇچا شېۋىسى) قاتارلىق يەتتە شېۋىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

## 2. خوتەن دىئالېكتى

خوتەن دىئالېكتى شەرقتە چاقىلىقتىن غەربتە گۇما ناھىيىسىگىچە بولغان توققۇز ناھىيىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

خوتەن دىئالېكتى كېرىيە شېۋىسى، لوپ شېۋىسى، ئىلچى شېۋىسى، قاراقاش شېۋىسى، گۇما شېۋىسى قاتارلىق بەش شېۋىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

## 3. لوپنۇر دىئالېكتى

لوپنۇر دىئالېكتى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئۈچ دىئالېكتى ئىچىدىكى كۆلىمى ئەڭ كىچىك، ئىشلىتىدىغان ئادىمى ئەڭ ئاز بىر دىئالېكت. ئۇ پەقەت لوپنۇر ناھىيىسى تەۋەسىدە قوللىنىلىدۇ.

## 【مۇھاكىمە سوئاللىرى】

1. دىئالېكت دېگەن نېمە؟

2. ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ دىئالېكتلىرىنى ئايرىشنىڭ ئۆلچەملىرى قايسىلار؟

3. ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى قانچە دىئالېكتقا بۆلۈنىدۇ؟ قايسى-لار؟

4. مەركىزىي دىئالېكت نېمە ئۈچۈن ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدە-بىي تىلىنىڭ يېتەكچى دىئالېكتى قىلىپ بېكىتىلگەن؟

# §5. «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى»نىڭ خاراكتېرى، مەزمۇنى، ۋەزىپىسى

«ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى» ئالىي پېداگوگىكا مەكتەپلىرىنىڭ ئىجتىمائىي پەن كەسىپلىرىدە ئۆتۈلىدىغان ئاساسىي دەرسلەرنىڭ بىرى. تىل كەسىپلىرى ئۈچۈن ئېيتقاندا، ھەم ئاساس دەرس، ھەم كەسپىي دەرس ھېسابلىنىدۇ. بۇ دەرس ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئانا تىلدىن پايدىلىنىش سەۋىيىسىنى ۋە ئىقتىدارىنى ئاشۇرىدۇ؛ باشقا پەنلەرنى ئۆگىنىش ۋە تەتقىق قىلىش ئۈچۈن ئاساس ھازىرلاپ بېرىدۇ؛ ئىككىنچى بىر تىلنى ئۆگىنىشتە قورال ۋە ۋاستە بولالايدۇ. بۇ دەرسلىك فونېتىكا، ېېزىق، لېكسىكا، مورفولوگىيە، سىنتاكسىس ۋە ئىستىلىستىكا قاتارلىق مەز-مۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

«ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى»نىڭ ۋەزىپىسى — ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ نەزەرىيە سىستېمىسى بىلەن قوراللاندۇرۇپ، ئەمەلىي مەشىقلەر ئارقىلىق ئۇلارنىڭ ھازىرقى زامان

بىلىملىرىنى مۇكەممەللەشتۈرۈشتىن ئىبارەت . كونكرېت قىلىپ ئېيتە-
قاندا ، ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ تەلەپپۇز قائىدىلىرىنى ئىگىلەش ئارقى-
لىق ، ئەدەبىي تەلەپپۇز قائىدىسى بويىچە تەلەپپۇز قىلالايدىغان ، ئىملا
قائىدىسىنى ئۆگىنىش ئارقىلىق ئىملا قائىدىسى بويىچە توغرا يازالايدى-
غان ، ئەدەبىي تىل بىلەن دىئالېكتلارنى پەرقلەندۈرۈپ بېرەلەيدىغان ،
گرامماتىكىلىق قائىدە ـ قانۇنىيەتلەرنى ئۆگىنىش ئارقىلىق سۆزلەردىن
توغرا پايدىلىنىپ ، جۈملىنى توغرا ، راۋان تۈزەلەيدىغان ، ئۆز ئىدىيە-
سىنى ۋە پىكىر ، ھېسسىياتىنى چۈشىنىشلىك ۋە راۋان بايان قىلالايدى-
غان قىلىش ھەمدە ئۇيغۇر تىلى تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىشقا بەلگىلىك
ئاساس سېلىپ بېرىشتىن ئىبارەت .

# 1 ـ باب فونېتىكا

## §1. تىل تاۋۇشى ۋە ئۇنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى

فونېتىكا — گرېكچە «phone» (تاۋۇش ، ئۈن) دېگەن سۆزدىن كەلگەن . ئۇ تىلشۇناسلىق ئاتالغۇسى سۈپىتىدە رۇس تىلى ئارقىلىق تىلىمىزغا كىرىپ ئۆزلەشكەن . ھازىر بۇ ئاتالغۇ «تىل تاۋۇشلىرى» ۋە «تىل تاۋۇشلىرىنى تەتقىق قىلىدىغان پەن» دېگەن مەنىلەردە قوللىنىلىدۇ .

تىل تاۋۇشلىرى سۆزلىگۈچىنىڭ ئاغزىدىن چىقىپ ، ھاۋانىڭ ۋاسىتىسى بىلەن ئاڭلىغۇچىنىڭ قۇلىقىغا يېتىپ بارىدۇ ـ دە ، دەرھال يوقايدۇ . تىل تاۋۇشلىرى ھازىر تۆۋەندىكىدەك ئۈچ نۇقتىدىن تەتقىق قىلىنىدۇ :

1 . فىزىئولوگىيىلىك جەھەتتىن : تاۋۇش چىقىرىش ئەزالىرى ۋە ئۇلارنىڭ ھەرىكىتى نەتىجىسىدە ، ھەرخىل تاۋۇشلارنىڭ قانداق ھاسىل بولىدىغانلىقى تەتقىق قىلىنىدۇ .

2 . ئاكۇستىكىلىق جەھەتتىن : تىل تاۋۇشلىرىنىڭ نېمىلەردىن تەركىب تاپقانلىقى ۋە ھاۋادا قانداق تارقىلىدىغانلىقى تەتقىق قىلىنىدۇ .

3 . ئاڭلاش سېزىمى جەھەتتىن : ئاڭلىغۇچىنىڭ تاۋۇشلارنى قانداق قوبۇل قىلىدىغانلىقى ، قانداق چۈشىنىدىغانلىقى تەتقىق قىلىنىدۇ .

### 1 . تىل تاۋۇشلىرىنىڭ فىزىكىلىق خۇسۇسىيەتلىرى

تىل تاۋۇشلىرى — تىلنىڭ ماددىي پوستى . ئۇ بىرخىل ئاۋاز ، يەنى ، بىرخىل فىزىكىلىق ھەرىكەت ؛ ئۇ ئىنسان تاۋۇش چىقىرىش ئەزالىرىنىڭ ھەرىكىتىنىڭ نەتىجىسى ، يەنى بىرخىل فىزىئولوگىيىلىك پائالىيەت ؛ ئۇ مۇئەييەن مەنىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىجتىمائىي شارائىتتا

بېتىلىدىغان بىرخىل ئادەت .

ھەرقانداق بىر ئاۋاز بىرخىل فىزىكىلىق ھادىسىدۇر . ئاۋاز— ئاۋاز ئېگىزلىكى ، ئاۋاز كۈچى ، ئاۋاز ئۇزۇنلۇقى ۋە ئاۋاز تۈسىدىن ئىبارەت تۆت خىل فىزىكىلىق خاراكتېرگە ئىگە . شۇڭا ، ھەرقانداق ئاۋازنى مۇشۇ تۆت جەھەتتىن تونۇش ۋە تەھلىل قىلىش مۇمكىن .

1) ئاۋاز ئېگىزلىكى

ئاۋاز ئېگىزلىكى — ئاۋازنىڭ ئېگىز - پەسلىكىدۇر . ئۇ ئاۋاز دولقۇنىنىڭ تەۋرەش قېتىم سانىنىڭ ئاز - كۆپلۈكى ۋە تېز - ئاستىلىقى بىلەن بەلگىلىنىدۇ . تەۋرەش قېتىم سانى كۆپ بولسا ، تەۋرەش تېز بولسا ئاۋاز يۇقىرى بولىدۇ . ئەكسىچە بولسا ئاۋاز تۆۋەن بولىدۇ . تەۋرىگۈچى جىسىمنىڭ بەلگىلىك ۋاقىت ئىچىدىكى تەۋرەش قېتىم سانى چاستوتا ، دەپ ئاتىلىدۇ . چاستوتىنىڭ ئۆلچەم بىرلىكى Hz (ھېرتس ) بولۇپ ، 1Hz قېتىم / سېكۇنت 1 بولىدۇ . ئادەمنىڭ قۇلىقى 16Hz تىن 20,000Hz قىچە بولغان ئاۋازلارنى قوبۇل قىلالايدۇ . 1500Hz تىن 3000Hz قىچە بولغان ئاۋاز ئەڭ يېقىملىق بولىدۇ .

جىسىمدىن چىققان ئاۋازنىڭ ئېگىز - پەس بولۇشىدىكى تۈپكى سەۋەب شۇكى ، چوڭ ياكى ئۇزۇن نەرسىلەردىن چىققان ئاۋاز تۆۋەن ، كىچىك ياكى قىسقا نەرسىلەردىن چىققان ئاۋاز يۇقىرى بولىدۇ ؛ بوش نەرسىلەردىن چىققان ئاۋاز تۆۋەن ، چىڭ نەرسىلەردىن چىققان ئاۋاز يۇقىرى بولىدۇ ؛ قېلىن نەرسىدىن چىققان ئاۋاز تۆۋەن ، نېپىز نەرسىدىن چىققان ئاۋاز يۇقىرى بولىدۇ . چۈنكى ، چوڭ ، ئۇزۇن ، بوش ، قېلىن نەرسىلەرنىڭ تەۋرىشى ئاستا بولىدۇ . تەۋرەش قېتىم سانى ئاز بولىدۇ . چاستوتىسىمۇ تۆۋەن بولىدۇ . كىچىك ، قىسقا ، چىڭ ، نېپىز نەرسىلەرنىڭ تەۋرىشى تېز بولىدۇ ، تەۋرەش قېتىم سانى كۆپ بولىدۇ . چاستوتىسىمۇ يۇقىرى بولىدۇ . شۇڭا ، بۇ خىل نەرسىلەردىن چىققان ئاۋازمۇ يۇقىرى بولىدۇ .

تىل تاۋۇشلىرىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا ، ئاۋاز ئېگىزلىكى ئادەمنىڭ تاۋۇش پەردىسىنىڭ ئۇزۇن - قىسقىلىقى ، چىڭ - بوشلۇقى ، قېلىن-

ئېگىزلىكى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. ئومۇمەن، ئاياللار ۋە بالىلارنىڭ تاۋۇش پەردىسى قىسقىراق، ئېگىزرەك كېلىدۇ. ئەرلەرنىڭ تاۋۇش پەردىسى ئۇزۇنراق، قېلىنراق كېلىدۇ. ئادەم ئۆزىنىڭ تاۋۇش پەردىسىنىڭ چىڭ - بوشلۇقىنى تەڭشەپ تۇرۇش ئىقتىدارىغا ئىگە. شۇڭا، ئادەملەر ئالاقە ئېھتىياجى ياكى سۆزلەرنى توغرا تەلەپپۇز قىلىش ئېھتىياجىغا ئاساسەن يۇقىرى ياكى تۆۋەن ئاۋازلارنى چىقىرالايدۇ.

2) ئاۋاز كۈچى

ئاۋاز كۈچى — ئاۋازنىڭ كۈچلۈك - ئاجىزلىقىدۇر. ئۇ ئاۋاز دولقۇنىنىڭ تەۋرەش ۋاقتىدىكى ئامپلىتۇدىسىنىڭ چوڭ - كىچىكلىكى بىلەن مۇناسىۋەتلىك.

تاۋۇش چىقارغۇچى جىسىمدىن چىققان تاۋۇشلارنىڭ كۈچلۈك ياكى كۈچسىز بولۇشى تىترىگۈچى جىسىمغا تەسىر قىلغان تاشقى كۈچنىڭ كۈچلۈك ياكى كۈچسىز بولۇشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. ئادەم سۆزلىگەندە ئاۋازنىڭ كۈچلۈك - ئاجىزلىقى ئۆپكىدىن چىققان ھاۋا ئېقىمىنىڭ تاۋۇش پەردىسى ياكى توسقۇنلۇق پەيدا قىلغان ئورۇنغا بولغان بېسىم كۈچىدىن شەكىللىنىدۇ.

3) ئاۋاز ئۇزۇنلۇقى

ئاۋاز ئۇزۇنلۇقى — ئاۋازنىڭ ئۇزۇن - قىسقىلىقىدۇر. ئۇ جىسىمنىڭ تەۋرەش ۋاقتىنىڭ، يەنى بىر ئاۋازنىڭ باشلىنىشتىن ئاخىرلاشقىنىغىچە قەدەر كەتكەن جەمئىي ۋاقىت بىلەن مۇناسىۋەتلىك. بىز ئادەتتىكى سۈرئەت بىلەن سۆزلىگەندە ھەربىر تاۋۇش ئۈچۈن تەخمىنەن 1/10 سېكۇنت ۋاقىت كېتىدۇ. ئومۇمەن، سوزۇق تاۋۇشلار ئۈزۈك تاۋۇشلاردىن ئۇزۇن بولىدۇ.

4) ئاۋاز تۈسى

ئاۋاز تۈسى — ئاۋازنىڭ خاسلىقىدۇر. ئۇ ئاۋازلارنى بىر - بىرىدىن پەرقلەندۈرۈپ تۇرىدىغان ئاساسىي بەلگە. ئۇ تەۋرەش شەكلىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا باغلىق.

ئاۋاز تۈسىنىڭ ھەرخىل بولۇشى ئاۋاز چىقارغۇچى جىسىم (ئاۋاز

مەنبەسى ) نىڭ ئوخشىماسلىقى ، ئاۋاز چىقىرىش ئۇسۇلىنىڭ ئوخشىمالىقى ، ياڭراتقۇ شەكلىنىڭ ئوخشىماسلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك .

تىل تاۋۇشلىرىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا ، ئاۋاز چىقارغۇچى جىسىم — تاۋۇش پەردىسى . ياڭراتقۇ — ئېغىز ، دىماغ ، تاماق ، كېكىرتەك بوشلۇقى ، ئۆپكىدىن چىققان ھاۋا ئېقىمى تاۋۇش پەردىسىنى تىترەتكەندە بىرخىل ئېنىقسىز ئاۋاز ھاسىل بولىدۇ . ئەمما ، بۇ خىل ئاۋازنى ئاڭلىغىلى بولمايدۇ ۋە ئۇنىڭ تۈسىنى ئۆزگەرتكىلى بولمايدۇ . بۇ خىل ئاۋاز ، ئېغىز ، دىماغ ، تاماق ۋە كېكىرتەك بوشلۇقلىرىدىن ئۆتكەندە ، بۇ بوشلۇقلارنىڭ چوڭايتىشى ۋە تەڭشىشى نەتىجىسىدە ، ئاۋاز كۈچى كۈچەيتىلىدۇ ۋە ھەرخىل تۈستىكى تاۋۇشلار بولۇپ ئاڭلىنىدۇ . شۇنداقلا ، تىلنىڭ ئېغىز بوشلۇقىدا ئىلگىرى ياكى كېيىن تۇرۇشى ، يۇمشاق تاڭلايىنىڭ تۆۋەنگە چۈشۈشى ياكى كۆتۈرۈلۈشى ، لەۋلەرنىڭ ئېچىلىپ - يېپىلىشى ۋە يۇمىلاق ياكى ياپىلاق بولۇشى تاۋۇش چىقىرىشتىكى ياڭراتقۇچى ئەزالارنىڭ شەكلىنى ئۆزگەرتىدۇ . بۇنىڭ بىلەن تۈرلۈك تۈستىكى تاۋۇشلار ھاسىل بولىدۇ .

ھەرقانداق ئاۋاز ، جۈملىدىن تىل تاۋۇشى ئاۋاز ئېگىزلىكى ، ئاۋاز ئۇزۇنلۇقى ۋە ئاۋاز تۈسىنىڭ بىر پۈتۈن گەۋدىسىدۇر . لېكىن ، بۇ تۆت ئامىلنىڭ ھەربىر كونكرېت تىلدا ئوينايدىغان رولى ئوخشاش بولمايدۇ . بۇنىڭدا ئەڭ مۇھىمى ئاۋاز تۈسى ھەرقانداق تىلدا مەنە پەرقلەندۈرۈش جەھەتتە مۇھىم رول ئوينايدۇ ، يەنى ئاۋاز تۈسى ھەرخىل كونكرېت تاۋۇشلارنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىنىڭ ئاساسى .

## 2 . تىل تاۋۇشلىرىنىڭ فىزىئولوگىيىلىك خۇسۇسىيەتلىرى

ئىنسانلارنىڭ تاۋۇش چىقىرىش ئەزالىرى تۆۋەندىكى تۆت قىسىمدىن تەركىب تاپىدۇ :

1) ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ قىسمى

نەپەس ئەزالىرى تۇتاش كەتكەن نەيسىمان يولغا جايلاشقان بولۇپ ، دىماغ ، ئېغىز بوشلۇقىدىن باشلىنىپ تاماققا ، ئاندىن بوغۇزغا ئۆتىدۇ

ۋە كاناي، كانايچىلار ئارقىلىق ئۆپكىگە تۇتىشىدۇ. ئۆپكىدىن چىققان ھاۋا ئېقىمى تىل تاۋۇشلىرىنىڭ ھاسىل بولۇشىدىكى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ ھېسابلىنىدۇ.

2) ئاۋاز مەنبەسى قىسمى — بوغۇز ۋە تاۋۇش پەردىسى

ئىنسان ئۈچۈن ئاۋاز مەنبەسى تاۋۇش پەردىسىدۇر. ئۇ بوغۇزغا جايلاشقان. تاۋۇش چىقارغاندا تاۋۇش پەردىسى ئارىلىقىدا تار بىر يوچۇق پەيدا بولىدۇ. ھاۋا ئېقىمى مۇشۇ يوچۇقتىن ئۆتكەندە، تاۋۇش پەردىسى تىترەيدۇ ۋە ئېپتىدائىي ئاۋاز ھاسىل بولىدۇ.

3) ياڭرانقۇ قىسمى — ئېغىز، دىماغ، تاماق، كېكىرتەك بوشلۇقلىرى.

يۇقىرىدا ئېيتىلغىنىدەك، ئۆپكىدىن چىققان ھاۋا ئېقىمى تاۋۇش پەردىسىگە ئۇرۇلغاندا، بىرخىل ئېپتىدائىي ئاۋاز ھاسىل بولىدۇ. بۇ ئاۋازنىڭ چاستوتىسى تۆۋەن بولغاچقا قۇلاققا ئاڭلانمايدۇ. بۇ ئاۋاز كېكىرتەك، تاماق، ئېغىز ياكى دىماغ بوشلۇقىدا جوڭقايتىلىدۇ، تەڭشىلىدۇ ۋە قۇلىقىمىزغا تىل تاۋۇشى بولۇپ ئاڭلىنىدۇ.

4) توسالغۇ پەيدا قىلىش قىسمى — ئاكتىپ ئەزالار ۋە پاسسىپ ئەزالار

ئاۋاز يولىدىكى تاۋۇش پەردىسىدىن كالپۇكقىچە بولغان ئارىلىق تەخمىنەن 170 مىللىمېتىر كېلىدۇ. ئۆپكىدىن چىققان ھاۋا ئېقىمى بۇ يولدا ھەرخىل توسالغۇلارغا ئۇچرىشى مۇمكىن. توسالغۇ ھاسىل قىلالايدىغان ئەزالار ئاساسەن ئېغىز بوشلۇقىغا جايلاشقان بولۇپ، ئۈستۈنكى ئېگەككە جايلاشقان ئۈستۈنكى لەۋ، ئۈستۈنكى چىش، چىش مىلىكى، قاتتىق تاڭلاي، يۇمشاق تاڭلاي، كىچىك تىل ۋە ئاستىنقى ئېگەككە جايلاشقان ئاستىنقى لەۋ، ئاستىنقى چىش، تىل قاتارلىق ئەزالار تۈرلۈك ئۈستۈنكى تاۋۇشلارنىڭ ھاسىل بولۇشىدا ئالاھىدە رول ئوينايدۇ. ئۈستۈنكى چىش، قاتتىق تاڭلاي، چىش مىلىكى قاتارلىقلار ھەرىكەتلىنەلمەيدۇ. بۇلار «پاسسىپ ئەزالار»، قالغانلىرى «ئاكتىپ ئەزالار» دېيىلىدۇ. تاۋۇش چىقىرىشتا ھامان ئاكتىپ ئەزالار پاسسىپ ئەزالارغا

يېقىنلىشىدۇ ياكى جىپسىلىشىدۇ . شۇنداق ماسلىشىش نەتىجىسىدە ھەرخىل تۈستىكى تاۋۇشلار ھاسىل بولىدۇ .

تۇسالغۇ پەيدا قىلغۇچى ئەزالار ئىچىدە تىل ئىنتايىن مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ . شۇڭا ، كۆپ تىللاردا ھەم ئەزانىڭ ئىسمى ، ھەم ئالاقىلىشىش قورالى ، دېگەن مەنە بىرلا سۆز بىلەن ئىپادىلىنىدۇ . ئۇيغۇر تىلىدىكى «تىلىڭنى تارت» ، «تىلىنى چاينىماق» دېگەن بىرىكمىلەردە تىلنىڭ سۆزلەش جەريانىدا مۇھىم ئورۇن تۇتىدىغانلىقى ئىپادىلەنگەن .

يۇقىرىقىلاردىن شۇنى ھېس قىلىش مۇمكىنكى ، سۆزلەش ئادەتتە شۇنداق ئوڭاي ، شۇنداق ئاددىي بىر ئىشتەك قىلىنىمۇ ، ئەمەلىيەتتە ئۇ تولىمۇ مۇرەككەپ فىزىئولوگىيىلىك جەريان .

### 3 . تىل تاۋۇشلىرىنىڭ ئىجتىمائىي خۇسۇسىيىتى

تىل تاۋۇشلىرى تاۋۇش چىقىرىش ئەزالىرىدىن چىققان بىرخىل ئاۋازلا بولۇپ قالماي ، بەلكى ئەڭ مۇھىمى ، ئۇ تىلدىكى مەنىنى توشۇغۇچى ، تىلنىڭ ماددىي پوستى . بۇ ، تىل تاۋۇشلىرىنىڭ ماھىيەتلىك خاراكتېرى بولۇپ ، ئۇ تىل تاۋۇشلىرىنى باشقا ھەرقانداق ئاۋازدىن پەرقلەندۈرۈپ تۇرىدىغان تۈپ ئالاھىدىلىكتۇر . تىل تاۋۇشلىرىنىڭ ئىجتىمائىي خاراكتېرى تۆۋەندىكى تەرەپلەردە ئىپادىلىنىدۇ :

1) تىل تاۋۇشلىرىنىڭ سىستېمىچانلىقى ھەققىدىكى ئىپادىسى

ھەرقايسى مىللىي تىللاردىكى ياكى بىر مىللىي تىلنىڭ ھەرقايسى دىئالېكتلىرىدىكى فونېتىكىلىق تەركىبلەر تۇراقلىق بولىدۇ ۋە ئۆز ئالدىغا ئايرىم سىستېما بولالايدۇ .

مەلۇمكى ، ئىنساننىڭ تاۋۇش چىقىرىش ئەزالىرىنىڭ تۈزۈلۈشى ئوخشاش بولىدۇ . ئىنسانلارنىڭ تاۋۇش چىقىرىش ئەزالىرىدىن چىقىرىلىدىغان ھەممە بىر - بىرىدىن پەرقلىق بولغان تاۋۇشلار 200 خىلدىن ئارتۇق . ئەمما ، ھەرقايسى مىللىي تىللاردا چەكلىك تاۋۇشلار قوللىنى-

لىدۇ. قايسى تاۋۇشلارنىڭ مەلۇم بىر مىللىي تىلنىڭ فونېتىكا سىستېمىسىغا كىرىشى، قايسى تاۋۇشلارنىڭ كىرمەسلىكى شۇ مىللەت ئەزالىرىنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك سۆزلەش ئادىتىگە باغلىق. مەسىلەن: ئىنگلىز تىلىدىكى [θ]؛ [ð] تاۋۇشلىرى ئۇيغۇر، خەنزۇ تىللىرىدا يوق. ئۇيغۇر تىلىدىكى [h]، [ʁ]، [q] تاۋۇشلىرى خەنزۇ تىلىدا يوق.

ھەرقايسى تىللاردا تاۋۇشلارنىڭ بىرىكىش ئۇسۇلىمۇ ئوخشىمايدۇ. مەسىلەن: ئۇيغۇر تىلىدا سوزۇق تاۋۇشسىز بوغۇم تۈزۈلمەيدۇ. ھەربىر بوغۇمدا بىرلا سوزۇق تاۋۇش بولىدۇ. بىر بوغۇمدا ئەڭ كۆپ بولغاندا تۆت تاۋۇش بولىدۇ، ۋەھاكازالار.

2) تىل تاۋۇشلىرىنىڭ مىللىي ياكى يەرلىك ئالاھىدىلىكى

ھەرقانداق بىر تىلنىڭ ياكى مىللىي تىلنىڭ ھەرقايسى دىئالېكتلىرىنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكى بولىدۇ. مەسىلەن: ئۇيغۇر تىلىدىكى ئۈزۈك تاۋۇشلاردا جاراڭلىق تاۋۇشلار ۋە جاراڭسىز تاۋۇشلارنىڭ قارىمۇقارشىلىقى مەۋجۇت. ئەمما، نەپەسلىك، نەپەسسىز تاۋۇشلارنىڭ قارىمۇقارشىلىقى يوق. ئۇنىڭدىن باشقا ھەرقايسى مىللەت كىشىلىرىنىڭ ئەينى بىر تاۋۇشقا بولغان سەزگۈرلۈكى ۋە ئۇنى تەلەپپۇز قىلىش ئىقتىدارىنىڭ ئوخشىماسلىقىنى دەل تىل تاۋۇشلىرىنىڭ ئىجتىمائىي خاراكتېرى بەلگىلىگەن. بۇنىڭدىكى سەۋەب شۇكى، ھەرقايسى مىللەت كىشىلىرىنىڭ تاۋۇشلارنى پەرقلەندۈرۈش ۋە تەلەپپۇز قىلىش ئىقتىدارى شۇ كىشىلەر ئۆزلىرى ياشاۋاتقان ئىجتىمائىي كوللېكتىپ ئەزالىرىنىڭ تىل بىلەن ئالاقىلىشىش جەريانىدا تەدرىجىي يېتىلگەن ۋە مۇستەھكەملەنگەن.

3) تىل تاۋۇشلىرىنىڭ ئۆزگىرىشى

ھەرقايسى تىل ۋە دىئالېكتلارنىڭ فونېتىكىلىق ئۆزگىرىشى ئۆزىگە خاس قانۇنىيەتكە ئىگە. بۇ خىل ئەھۋال نۇتۇق ئېقىمىدىكى تاۋۇش ئۆزگىرىشلىرىدە ۋە تارىخىي فونېتىكىلىق ئۆزگىرىشتىمۇ ئىپادىلىنىدۇ.

【مۇھاكىمە سوئاللىرى】

1 . فونېتىكا دېگەن نېمە؟ ئۇنىڭ تەتقىقات ئوبيېكتى نېمە؟

2 . تىل تاۋۇشلىرى قانداق خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە؟ ئۇلارنىڭ ئىچىدە ماھىيەتلىك خۇسۇسىيىتى قايسى؟ نېمە ئۈچۈن؟

3 . تىل تاۋۇشلىرىنىڭ تۆت ئامىلى قايسىلار؟

## §2. فونېتىكىدىكى ئاساسىي ئۇقۇملار

### 1 . تاۋۇش ئېلېمېنتى ۋە ترانسكرىپسىيە

تىلدىكى تاۋۇشلارنىڭ ئېگىز - پەسلىك، كۈچلۈك - ئاجىزلىق، ئۇزۇن - قىسقىلىق جەھەتتىكى پەرقلىرىنى نەزەردىن ساقىت قىلىپ، پەقەت ئاۋاز تۈسى نۇقتىسىدىن تەھلىل قىلىدىغان بولساق، ئايرىم - ئايرىم ئالاھىدىلىككە ئىگە تاۋۇشلارنى تېپىپ چىقالايمىز. تىل تاۋۇشلىرىنى ئاۋاز تۈسى نۇقتىسىدىن تەھلىل قىلىش نەتىجىسىدە ئېنىقلانغان ئەڭ كىچىك فونېتىكىلىق بىرلىك تاۋۇش ئېلېمېنتى، دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن: ئۇيغۇر تىلىدىكى «بېلىق» دېگەن سۆزنى ئالساق ئۇ بەش تاۋۇش ئېلېمېنتىدىن تەركىب تاپقان. تىل تاۋۇشلىرى فونېتىكىنىڭ تەتقىقات ئوبيېكتى. ھەرقانداق پەن til دېگەن سۆز [t]، [i]، [l] دىن ئىبارەت ئۈچ تاۋۇش ئېلېمېنتىدىن تەركىب تاپقان. íanɛ دېگەن سۆز تۆت تاۋۇش ئېلېمېنتىدىن تەركىب تاپقان. qɨr دېگەن سۆز ئۈچ تاۋۇش ئېلېمېنتىدىن تەركىب تاپقان. خۇددى شۇنىڭدەك íanɛ سۆزىدىكى [i] بىلەن qɨr سۆزىدىكى [ɨ] ۋە i̩ssiq سۆزىدىكى [i̩] لار تاۋۇش تۈسى نۇقتىسىدىن قارىغاندا بىر - بىرىگە ئوخشىمايدىغان ئايرىم - ئايرىم تاۋۇش ئېلېمېنتلىرى ھېسابلىنىدۇ.

دېمەك، تاۋۇش ئېلېمېنتى تىلشۇناسلارنىڭ تىل تاۋۇشلىرىنى تەھلىل قىلىشى نەتىجىسىدە ئېنىقلانغان ئەڭ كىچىك فونېتىكىلىق بىرلىك

ھېسابلىنىدۇ .

تىلدىكى مانا مۇشۇ تىل تاۋۇشلىرىنى خاتىرىلەش ئۈچۈن بىر يۈرۈش بەلگىلەر قوللىنىلىدۇ . تىل تاۋۇشلىرىنى خاتىرىلەش ئۈچۈن قوللىنىلىدىغان يازما بەلگىلەر سىستېمىسى ترانسكرىپسىيە ، دەپ ئاتىلىدۇ .

ترانسكرىپسىيە ئارقىلىق تىل تاۋۇشلىرىنى تاۋۇش ئېلېمېنتى نۇقتىسىدىن ئىنچىكە پەرقلەندۈرۈپ ، ئېنىق ، توغرا خاتىرىلىگىلى بولىدۇ . يەنى ، مەخسۇس بەلگىلەر ئارقىلىق تىلدىكى ھەممە فونېمىلارنىلا ئەمەس ، بەلكى تاۋۇش ئېلېمېنتلىرىنى ، يەنى فونېما ۋارىيانتلىرىنىمۇ ئېنىق ئىپادە قىلغىلى بولىدۇ . شۇنداق بولغاچقا ، ترانسكرىپسىيە بەلگىلىرىنىڭ سانى ھەرقانداق ئېلىپبەدىكى ھەرپلەرنىڭ سانىدىنمۇ كۆپ بولىدۇ . ئۇ تىل تەتقىقاتى ۋە تىل ئوقۇتۇشىدا كەم بولسا بولمايدىغان بىر خىل قورال .

ھازىر دۇنيادا كەڭ قوللىنىلىۋاتقان ترانسكرىپسىيە خەلقئارالىق ترانسكرىپسىيىدۇر . خەلقئارالىق ترانسكرىپسىيە 1886 - يىلى لوندوندا قۇرۇلغان «فونېتىكا ئوقۇتقۇچىلىرى جەمئىيىتى» (مەزكۇر جەمئىيەت 1897 - يىل «خەلقئارا فونېتىكا جەمىيىتى» قىلىپ ئۆزگەرتىلگەن ) تەرىپىدىن تۈزۈلۈپ ، 1888 - يىلى ئېلان قىلىنغان . ئەنە شۇنىڭدىن باشلاپ تا ھازىرغىچە كۆپ قېتىم تۈزىتىلىش ، تولۇقلىنىش ئارقىلىق ھەرقانداق تىلنىڭ تاۋۇشلىرىنى خاتىرىلىگىلى بولىدىغان ، ئەڭ كەڭ قوللىنىلىدىغان مۇكەممەل ترانسكرىپسىيىگە ئايلاندى .

خەلقئارالىق ترانسكرىپسىيە لاتىن ئېلىپبەسى ئاساسىدا يارىتىلغان . خەلقئارالىق ترانسكرىپسىيىنىڭ باش پرىنسىپى «بىر تاۋۇش ئېلېمېنتى بىرلا بەلگە ئارقىلىق ئىپادە قىلىنىدۇ . بىر بەلگە پەقەت بىرلا تاۋۇش ئېلېمېنتىغا ۋەكىللىك قىلىدۇ» دېگەندىن ئىبارەت .

شۇنى ئەسكەرتىپ ئۆتۈش كېرەككى ، مەلۇم بىر كونكرېت تىلنىڭ تاۋۇشلىرىنى ياكى ئۇنىڭ دىئالېكتلىرىنىڭ تاۋۇشلىرىنى تەپسىلىي خاتىرىلەش ۋە تەتقىق قىلىش مەقسىتىدە شۇ تىلنىڭ ئىگىلىرى ياكى باشقىلار تەرىپىدىن بىر يۈرۈش بەلگىلەر تۈزۈپ چىقىلىشى مۇمكىن . بۇ بىر يۈرۈش بەلگىلەر شۇ تىلنىڭ ترانسكرىپسىيىسى بولىدۇ . مەس-

لەن : بۈگۈنكى كۈندە ئۇيغۇر ۋە باشقا قېرىنداش تۈركىي تىللار ، جۈملىدىن قەدىمكى يادىكارلىقلارنى ترانسكرىپسىيە قىلىشتا تۈركىي تىللار ئۈچۈن تۈزۈلگەن بىر يۈرۈش بەلگىلەر — تۈركىي تىللارنىڭ ترانسكرىپسىيىسى قوللىنىلماقتا . شۇنداقلا ، ئۇيغۇر تىلى ئۈچۈن خەنزۇ تىلى فونېتىكىلىق لايىھەسى ئاساسىدا ئىشلەنگەن ئۇيغۇر يېڭى يېزىقى ئاساسىدىكى بىر يۈرۈش بەلگىلەر ئۇيغۇر تىلىنىڭ ترانسكرىپسىيىسى بولۇپ خىزمەت قىلماقتا .

| مىسال | خەلقئارالىق ترانسكرىپسىيە | ئۇيغۇرچە ھەرپلەر | مىسال | خەلقئارالىق ترانسكرىپسىيە | ئۇيغۇرچە ھەرپلەر |
|---|---|---|---|---|---|
| qarʁu | [q] | ق | AtA، qaʁa | [a][A] | ئا |
| kɛl | [k] | ك | ætɛ، sɛn | [æ][ɛ] | ئە |
| gɛp | [g] | گ | bAr | [b] | ب |
| maŋ | [ŋ] | ڭ | pul | [p] | پ |
| alma | [l] | ل | taʃ | [t] | ت |
| mɛn | [m] | م | dʒaj | [dʒ] | ج |
| nan | [n] | ن | tʃaj | [tʃ] | چ |
| ɦaj pah | [ɦ][h] | ھ | xalta | [x] | خ |
| otun، q'oj | [o] | ئو | dada | [d] | د |
| uruq | [u] | ئۇ | rAs | [r] | ر |
| øj | [ø] | ئۆ | zor | [z] | ز |
| yzym، Yn | [y][Y] | ئۈ | piʒ | [ʒ] | ژ |
| wedɛ | [w] | ۋ | sæt | [s] | س |
| elan | [e] | ئې | ʃam | [ʃ] | ش |
| iradɛ، qiz | [i] | ئى | ʁaz | [ʁ] | غ |
| jAmAn | [j] | ي | uf | [f] | ف |

## 2. فونېما

فىزىكىلىق ۋە فىزىئولوگىيىلىك نۇقتىدىن كۆزەتكەندە، تىلىمىزنىڭ فونېتىكا سىستېمىسىدىكى تاۋۇش ئېلېمېنتلىرى ئىنتايىن كۆپ. شۇنداق بولسىمۇ بىز ئۆزئارا ئالاقىلەشكەندە، تىلىمىزدىكى تاۋۇشلارنى تەلەپپۇز قىلىشتا ھېچقانداق ئاۋارىچىلىق ۋە قالايمىقانچىلىق ھېس قىلمايمىز. بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى، تاۋۇش ئېلېمېنتلىرىنىڭ تىلىمىزدا تۇتقان ئورنى ۋە رولى ئوخشاشمايدۇ. بۇ تاۋۇش ئېلېمېنتلىرىدىن بەزىلىرى فىزىكىلىق ۋە فىزىئولوگىيىلىك خۇسۇسىيىتى جەھەتتە خېلىلا پەرقلەنسىمۇ، ئەمما ئىجتىمائىي خۇسۇسىيىتى، يەنى مەنە پەرقلەندۈرۈش خۇسۇسىيىتى جەھەتتە ئانچە چوڭ پەرق قىلمايدۇ. ئېنىق قىلىپ ئېيتقاندا، مەنە پەرقلەندۈرمەيدۇ. شۇڭا، بىز ئۇنداق تاۋۇش ئېلېمېنتلىرىنى مۇھىم ئەمەس دەپ قاراپ ئۇلارنىڭ پەرقىگە ئەھمىيەت بەرمەيمىز. مەسىلەن: تۇرپان شېۋىسىدىكى [biɪ] دېگەن سۆزدىكى [ɪ] تاۋۇشى بىلەن ئەدەبىي تىلدىكى [bir] سۆزىدىكى [r] تاۋۇشى؛ [kala] دېگەن سۆزىدىكى [k] تاۋۇش بىلەن [mɛçtɛp] دېگەن سۆزدىكى [ç] تاۋۇشى؛ شۇنداقلا [guman] دېگەن سۆزدىكى [g] تاۋۇشى بىلەن [ɟɛp] دېگەن سۆزدىكى [ɟ] تاۋۇشلىرى ئەنە شۇنداق مەنە پەرقلەندۈرۈش ئىقتىدارىغا ئىگە ئەمەس تاۋۇشلاردۇر.

ئەكسىچە، تىلىمىزدىكى بەزى تاۋۇش ئېلېمېنتلىرى فىزىكىلىق ۋە فىزىئولوگىيىلىك خۇسۇسىيىتى جەھەتتىن بىر-بىرىگە خېلى يېقىن بولسىمۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ ئىجتىمائىي خۇسۇسىيىتى، يەنى مەنە پەرقلەندۈرۈش رولى روشەن بولۇپ، نۇتۇقتا ئۇلارنى ئېنىق پەرقلەندۈرمەي بولمايدۇ؛ شۇڭا، بىز ئۇنداق تاۋۇشلارغا ئېتىبار بىلەن قارايمىز. مەسىلەن: تىلىمىزدىكى [tez]، [tiz] دېگەن سۆزلەردىكى [i] بىلەن [e] تاۋۇشىنى مىسالغا ئالساق، بۇ ئىككى تاۋۇش پەقەت ئېغىزنىڭ ئېچىلىش دەرىجىسىنىڭ كەڭ-تارلىقى جەھەتتە ئوخشىمىسىمۇ، لېكىن

تىل ئالدى بولۇشى ۋە لەۋلەشمەسلىك جەھەتتىن ئوخشاشلىقتا ئىگە. ئۇلار تىلىمىزدا روشەن مەنە پەرقلەندۈرۈش رولىغا ئىگە. شۇڭا، بىز ئۇلارنىڭ پەرقىگە ئېتىبار بىلەن قارايمىز.

يۇقىرىدىكى تەھلىلدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، تىلىمىزدىكى ئوخشاش بولمىغان تاۋۇش ئېلېمېنتلىرى ئۆزئارا مەنە پەرقلەندۈرۈش رولىغا ئىگە بولسا، ئۇلار ئوخشاش بولمىغان فونېتىكىلىق بىرلىك ھېسابلىنىدۇ. ئەگەر ئۆزئارا مەنە پەرقلەندۈرۈش ئىقتىدارىغا ئىگە بولمىسا، بۇنداق تاۋۇش ئېلېمېنتلىرى ئومۇملاشتۇرۇلۇپ ئەينى بىر فونېتىكىلىق بىرلىك ھېسابلىنىدۇ.

دېمەك، مەلۇم بىر تىل ياكى دىئالېكتتا باشقا تاۋۇشلارغا نىسبەتەن مەنە پەرقلەندۈرۈش رولىغا ئىگە ئەڭ كىچىك فونېتىكىلىق بىرلىك فونېما، دەپ ئاتىلىدۇ. ئەڭ كىچىك فونېتىكىلىق بىرلىك دېيىشىمىزدىكى سەۋەب، ئۇنى قايتا پارچىلاشقا بولمايدۇ.

شۇنى ئەسكەرتىپ ئۆتۈش كېرەككى، فونېما مەنە پەرقلەندۈرۈش رولىغا ئىگە دېگەنلىك، فونېما ئۆزى يالغۇز تۇرغاندا مەنە پەرقلەندۈرۈش ئىقتىدارىغا ئىگە، دېگەنلىك ئەمەس. ئۇ پەقەت ئۆزى بىرىككەن فونېمىلار بىلەن بىرلىكتە بىر پۈتۈن گەۋدە بولۇپ شەكىللىنىپ، ئاندىن مەنە پەرقلەندۈرىدۇ. مەسىلەن: [ɑt] ، [ɛt] ، [it] ، [ot] ، [øt] ، [ut] دېگەن سۆزلەرنى مىسالغا ئالساق، بۇ سۆزلەردە مەنە پەرقلەندۈرۈۋاتقان نەرسە پەقەت [ɑ] ، [ɛ] ، [i] ، [o] ، [ø] ، [u] فونېمىلىرىلا بولۇپ قالماستىن، ئۇلار [t] فونېمىسى بىلەن بىرىكىپ كېلىپ شۇ سۆزلەرنى ھاسىل قىلغاندىلا، ئاندىن مەنە پەرقلەندۈرۈپ تۇرىدۇ.

## 3. ئۇيغۇر تىلىدىكى فونېمىلار ۋە ئۇلارنىڭ تۈرلىرى

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىدا 32 فونېما بار. ئۇلار ئەڭ ئاۋۋال سوزۇق تاۋۇشلار ۋە ئۈزۈك تاۋۇشلار، دەپ ئىككى چوڭ تۈرگە

بۆلۈنىدۇ. سوزۇق تاۋۇشلار بىلەن ئۈزۈك تاۋۇشلارنىڭ پەرقى ئاساسەن تۆۋەندىكى جەھەتلەردە كۆرۈلىدۇ:

1) سوزۇق تاۋۇشلار تەلەپپۇز قىلىنغاندا، ئۆپكىدىن چىققان ھاۋا ئېقىمى ئېغىز بوشلۇقى ياكى بوغۇزدا ھېچقانداق توسالغۇغا ئۇچرىماي ئەركىن چىقىدۇ. ئۈزۈك تاۋۇشلار تەلەپپۇز قىلىنغاندا، ئۆپكىدىن چىققان ھاۋا ئېقىمى چوقۇم تاۋۇش چىقىرىش ئەزالىرىنىڭ مەلۇم جايىدا توسالغۇغا ئۇچرايدۇ ۋە شۇ توسالغۇنى يېرىش ئارقىلىق چىقىدۇ.

2) سوزۇق تاۋۇشلار تەلەپپۇز قىلىنغاندا، تاۋۇش چىقىرىش ئەزالىرىنىڭ ھەرقايسى قىسىملىرى بىر تەكشى جىددىيلىكتە، بىر تەكشى ھەرىكەتتە بولىدۇ؛ ئۈزۈك تاۋۇشلار تەلەپپۇز قىلىنغاندا، توسالغۇ پەيدا قىلىدىغان ئەزالارلا ئالاھىدە جىددىي ھالەتتە تۇرىدۇ.

3) سوزۇق تاۋۇشلار تەلەپپۇز قىلىنغاندا، ئېغىز بوشلۇقىدىن سىرتقا چىقىرىلىدىغان ھاۋا ئېقىمى ئاجىزراق بولىدۇ. تىترەش رىتىملىق، تاۋۇش ئاھاڭدار بولىدۇ. ئۈزۈك تاۋۇشلارنى تەلەپپۇز قىلغاندا، ئېغىز بوشلۇقىدىن سىرتقا چىقىرىلىدىغان ھاۋا ئېقىمى كۈچلۈكرەك بولىدۇ. تىترەش رىتىمسىز، تاۋۇش شاۋقۇنلۇق بولىدۇ.

بۇلاردىن بىرىنچى پەرق ئەڭ مۇھىم ۋە ئەڭ ماھىيەتلىك ئورۇندا تۇرىدۇ.

(1) سوزۇق تاۋۇشلار

تەلەپپۇز قىلىنغاندا، ئۆپكىدىن چىققان ھاۋا ئېقىمىنىڭ ئېغىز بوشلۇقى ياكى بوغۇزدا ھېچقانداق توسالغۇغا ئۇچرىماي، ئەركىن چىقىشىدىن ھاسىل بولغان تاۋۇشلار سوزۇق تاۋۇش، دەپ ئاتىلىدۇ.

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا سەككىز سوزۇق تاۋۇش بار، ئۇلار [a]، [ɛ]، [e]، [i]، [o]، [ø]، [u]، [y] لەردىن ئىبارەت. ئۇلارنى تۆۋەندىكى ئۈچ جەھەتتىن تەھلىل قىلىشقا بولىدۇ ۋە تۈرگە ئايرىشقا بولىدۇ:

بىرىنچىدىن، تىلىمىزدىكى سوزۇق تاۋۇشلارنى ئېغىزنىڭ ئېچى-

لىش دەرىجىسىنىڭ كەڭ ـ تارلىقىغا ئاساسەن ئوچۇق سوزۇق تاۋۇش (ئا [a] ) ، يېرىم ئوچۇق سوزۇق تاۋۇش (ئە [ɛ] ) يېرىم يېپىق سوزۇق تاۋۇش (ئې [e] ، ئو [o] ، ئۆ [ø] ) ۋە يېپىق سوزۇق تاۋۇش (ئى [i] ، ئۇ [u] ، ئۈ [y] ) دەپ تۆت تۈرگە ئايرىشقا بولىدۇ .

ئىككىنچىدىن ، تىلىمىزدىكى سوزۇق تاۋۇشلارنى تەلەپپۇز قىلغاندا لەۋلەرنىڭ دۈگىلەك شەكىلگە كېلىش ـ كەلمەسلىكىگە ئاساسەن ، لەۋلەشكەن سوزۇق تاۋۇشلار (ئو [o] ، ئۆ [ø] ، ئۇ [u] ، ئۈ [y] ) ۋە لەۋلەشمىگەن سوزۇق تاۋۇشلار (ئا [a] ، ئە [ɛ] ، ئې [e] ، ئى [i] ) دەپ ئىككى تۈرگە ئايرىشقا بولىدۇ .

ئۈچىنچى ، تىلىمىزدىكى سوزۇق تاۋۇشلارنى تەلەپپۇز قىلغاندا تىلنىڭ ئېغىز بوشلۇقىدىكى ئورنىنىڭ ئىلگىرى ـ كېيىن (ئالدى ـ كەينى) تۇرۇشىغا قاراپ ، تىل ئالدى سوزۇق تاۋۇش (ئە [ɛ] ، ئې [e] ، ئى [i] ، ئۆ [ø] ، ئۈ [y] ۋە تىل كەينى ئا [a] ، ئو [o] ، ئۇ [u] ) دەپ ئىككى تۈرگە ئايرىشقا بولىدۇ .

شۇنى ئەسكەرتىش زۆرۈركى ، تىلىمىزدىكى «ئې» ، «ئى» تاۋۇشلىرى يالغۇز تەلەپپۇز قىلىنغاندا شەرتسىز تىل ئالدى تاۋۇشى بولۇپ ئېيتىلىدۇ . لېكىن ، ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئاھاڭداشلىق قانۇنىيىتىدىن قارىغاندا «ئې» ، «ئى» تاۋۇشلىرى ئۆزلىرىنىڭ تىل ئالدى بولۇشتەك ئورنىنى ساقلاپ قالماي ، ئىككى خىل خۇسۇسىيەتكە ، يەنى ھەم تىل ئالدى تاۋۇشلۇق ، ھەم تىل كەينى تاۋۇشلۇق خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولۇپ كېلىدۇ . چۈنكى ، بۇ ئىككى تاۋۇش بەزى تاۋۇشلار بىلەن بىرىككەندە ، تىل ئالدى بولۇپ ئېيتىلسا (مەسىلەن : [hejt] ، [ejiq] ، [ejt] ، [ianɛ] ، [imarɛt] ، [ilgɛk] ) ، يەنە بەزى تاۋۇشلار بىلەن بىرىككەندە ، تىل كەينى بولۇپ ئېيتىلىدۇ . (مەسىلەن : [ʁidiq] ، [eʁir] ، [seriq] ، [qir] ) . شۇڭا ، بۇ ئىككى سوزۇق تاۋۇش تىل ئورنى جەھەتتىن «تىل ئارا سوزۇق تاۋۇش» دەپمۇ ئاتىلىدۇ .

سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ تىل ئورنى سخېمىسى




ئەسكەرتىش :

1 . سخېمىدىكى [i] دىن [u] غىچە بولغان ئارىلىق تىل ئورنىنى كۆرسىتىدۇ .

2 . [u] دىن [ɑ] غىچە بولغان ئارىلىق ئېغىزنىڭ ئېچىلىش دەرىجىسىنى كۆرسىتىدۇ .

3 . تىك سىزىقنىڭ ئوڭ تەرىپىدىكى تاۋۇشلار لەۋلەشكەن تاۋۇشلارنى ، سول تەرىپىدىكى تاۋۇشلار لەۋلەشمىگەن تاۋۇشلارنى كۆرسىتىدۇ .

(2) ئۈزۈك تاۋۇشلار

تەلەپپۇز قىلىنغاندا ، ئۆپكىدىن چىققان ھاۋا ئېقىمىنىڭ ئېغىز بوشلۇقى ياكى بوغۇزدا مەلۇم توسالغۇغا ئۇچراپ ، ئاندىن چىقىشىدىن ھاسىل بولغان تاۋۇشلار ئۈزۈك تاۋۇش ، دەپ ئاتىلىدۇ .

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا 24 ئۈزۈك تاۋۇش بار بولۇپ ، ئۇلارنىڭ ھەرخىل تۈسكە ئىگە بولۇشى ، بىرىنچىدىن ، تاۋۇش چىقىرىش ئورنى بىلەن ، ئىككىنچىدىن ، تاۋۇش چىقىرىش ئۇسۇلى بىلەن ، ئۈچىن-

چىدىن، تاۋۇش پەردىسىنىڭ تىترەش - تىترىمەسلىكى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. شۇڭا، تىلىمىزدىكى ئۈزۈك تاۋۇشلارنى يۇقىرىدىكى ئۈچ جەھەتتىن تۈرگە ئايرىش مۇمكىن.

بىرىنچىدىن، تاۋۇش چىقىرىش ئورنى (تاۋۇش چىقىرىش ئورنى دېگىنىمىز، ئۈزۈك تاۋۇشلارنى تەلەپپۇز قىلغاندا، ئۆپكىدىن چىققان ھاۋا ئېقىمىنىڭ توسالغۇغا ئۇچرىغان جايىنى كۆرسىتىدۇ) جەھەتتىن تەھلىل قىلغاندا، تىلىمىزدىكى ئۈزۈك تاۋۇشلارنى تۆۋەندىكىدەك توققۇز تۈرگە ئايرىشقا بولىدۇ:

(1) قوش لەۋ تاۋۇشلىرى: [b]، [p]، [m]

(2) لەۋ - چىش تاۋۇشلىرى: [w]، [f]

(3) تىل ئۇچى ئالدى تاۋۇشلىرى: [z]، [s]

(4) تىل ئۇچى ئوتتۇرىسى تاۋۇشلىرى: [d]، [t]، [n]، [l]، [r]

(5) تىل ئالدى تاۋۇشلىرى: [dʒ]، [tʃ]، [ʒ]، [ʃ]

(6) تىل ئۈستى تاۋۇشى: [j]

(7) تىل كەينى تاۋۇشلىرى: [k]، [g]، [ŋ]

(8) كىچىك تىل تاۋۇشلىرى: [q]، [ʁ]، [χ]

(9) بوغۇز تاۋۇشى: [h]

ئىككىنچىدىن، تاۋۇش چىقىرىش ئۇسۇلى (تاۋۇش چىقىرىش ئۇسۇلى دېگىنىمىز، ئۈزۈك تاۋۇشلارنى تەلەپپۇز قىلغاندا، ئۆپكىدىن چىققان ھاۋا ئېقىمى ئۇچرىغان توسالغۇنى يېڭىش ئۇسۇلىنى كۆرسىتىدۇ.) جەھەتتىن تەھلىل قىلغاندا، تىلىمىزدىكى ئۈزۈك تاۋۇشلارنى تۆۋەندىكىدەك ئالتە تۈرگە ئايرىشقا بولىدۇ:

(1) پارتلىغۇچى تاۋۇشلار: [b]، [p]، [d]، [t]، [k]، [g]،

[q]

(2) پارتلىغۇچى – سىيرىلاڭغۇ تاۋۇشلار: [dʒ]، [tʃ]

(3) سىيرىلاڭغۇ تاۋۇشلار: [z]، [s]، [ʃ]، [ʒ]، [v]، [f]، [j]، [ʁ]، [χ]، [h]

(4) دىماغ تاۋۇشلىرى: [m]، [n]، [ŋ]

(5) تىترەڭگۈ تاۋۇش: [r]

(6) قوۋۇز تاۋۇشى: [l]

ئۈچىنچىدىن، تاۋۇش پەردىسىنىڭ تىترەش – تىترىمەسلىكى جەھەتتىن تىلىمىزدىكى ئۈزۈك تاۋۇشلارنى جاراڭلىق ئۈزۈك تاۋۇشلار ۋە جاراڭسىز ئۈزۈك تاۋۇشلار دېگەن ئىككى تۈرگە ئايرىشقا بولىدۇ.

(1) جاراڭلىق ئۈزۈك تاۋۇشلار: [b]، [d]، [g]، [dʒ]، [l]، [m]، [n]، [r]، [w]، [j]، [z]، [ʁ]، [ʒ]، [ŋ]

(2) جاراڭسىز ئۈزۈك تاۋۇشلار: [p]، [t]، [tʃ]، [s]، [χ]، [ʃ]، [f]، [q]، [k]، [h]

ئۇيغۇر تىلىدىكى سوزۇق ۋە ئۈزۈك تاۋۇشلارنىڭ تەسۋىرىي جەدۋىلى

سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ تەسۋىرىي جەدۋىلى

| لەۋ ھالىتى / تىل ئورنى / ئېغىزنىڭ ئېچىلىش دەرىجىسى | لەۋلەشكەن | | لەۋلەشمىگەن | |
|---|---|---|---|---|
| | تىل ئالدى | تىل كەينى | تىل ئالدى | تىل كەينى |
| ئوچۇق | | | | ئا [a] |
| يېرىم ئوچۇق | | | ئە [ɛ] | |
| يېرىم يېپىق | ئۆ [ø] | ئو [o] | ئې [e] | |
| يېپىق | ئۈ [y] | ئۇ [u] | ئى [i] | |

ۋارىيانت شەرتلىك ۋارىيانت ۋە ئەركىن ۋارىيانت، دەپ ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

شەرتلىك ۋارىيانت مەلۇم فونېمىنىڭ فونېتىكىلىق شارائىتنىڭ ئوخشىماسلىقىدىن، يەنى ئالدى ـ كەينىدىكى تاۋۇشلارنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىشىنىڭ ئوخشىماسلىقىدىن ياكى بوغۇم ۋە سۆزدە تۇتقان ئورنىنىڭ ئوخشىماسلىقىدىن كېلىپ چىقىدۇ. مەسىلەن:

ئۇيغۇر تىلىدا «ك» تاۋۇشى تىل ئالدى سوزۇق تاۋۇشلىرىنىڭ ئالدىدا [c] تەلەپپۇز قىلىنىدۇ، تىل كەينى تاۋۇشلىرىنىڭ ئالدىدا [k] تەلەپپۇز قىلىنىدۇ، تىل كەينى تاۋۇشلىرىنىڭ كەينىدە [x] تەلەپپۇز قىلىنىدۇ. ئالايلى:

c' æc' ɛ, c' ɛl, c' øŋyl, c' yz

mɛ çtɛp, c' ø ç, jy ç, ɛ çper

kala, kadir, koza, kupur

hax, pax—pakiz, halax bol—

مانا بۇلاردىكى [c']، [ç]، [k]، [x] لەر ئۇيغۇر تىلىدىكى [k] فونېمىسىنىڭ شەرتلىك ۋارىيانتلىرى ھېسابلىنىدۇ.

ئەركىن ۋارىيانت دېگىنىمىز، ئوخشاش فونېتىكىلىق شارائىتتا ئۆزئارا ئالماشتۇرساقمۇ، مەنە پەرقلەندۈرەلمەيدىغان ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق تاۋۇش ئېلېمېنتىغا قارىتىلىدۇ. مەسىلەن: ئۇيغۇر تىلىنىڭ شېۋىلىرىدە ئوخشاش فونېتىكىلىق شارائىتتا [j] تاۋۇشى [ʒ] قىلىپ تەلەپپۇز قىلىنسىمۇ مەنە پەرقلەندۈرمەيدۇ. مەسىلەن:

[jiltiz]→[ʒiltiz]; [jip]→[ʒip]

[jyrɛk]→[ʒyrɛk]; [jil]→[ʒil]

لېكىن، ھەرقانداق چاغدا [j] تاۋۇشىنىڭ ئورنىغا [ʒ] تاۋۇشىنى ئالماشتۇرۇشقا بولمايدۇ. يەنى، [j] تاۋۇشى سۆز بېشىدا يېپىق سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئالدىدا كەلگەندىلا، ئاندىن [ʒ] تاۋۇشىغا ئالماشتۇرۇپ ئىشلىتىشكە بولىدۇ. يەنە كېلىپ بۇنداق ئالماشتۇرۇش ئۇيغۇر تىلىنىڭ ھەممە دىئالېكت ـ شېۋىلىرىدە بولۇۋەرمەيدۇ. دېمەك، ئۇ ئىككى تا-

## ئۈزۈك تاۋۇشلارنىڭ تەسۋىرىي جەدۋىلى

| تاۋۇش چىقىرىش ئۇسۇلى \ تاۋۇش چىقىرىش ئورنى | | قوش لەۋ | لەۋ - چىش | تىل ئۇچى ئالدى | تىل ئۇچى ئوتتۇرىسى | تىل ئالدى | تىل ئوتتۇرا | تىل كەينى | كىچىك تىل | بوغۇز |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| پارتلىغۇچى | جاراڭلىق | ب [b] | | | د [d] | | | گ [g] | | |
| | جاراڭسىز | پ [p] | | | ت [t] | | | ك [k] | ق [q] | |
| پارتلىغۇچى سىيرىلاڭغۇ | جاراڭلىق | | | | | ج [dʒ] | | | | |
| | جاراڭسىز | | | | | چ [tʃ] | | | | |
| سىيرىلاڭغۇ | جاراڭلىق | | ۋ [w] | ز [z] | | | ژ [ʒ] | ي [j] | غ [ʁ] | |
| | جاراڭسىز | | ف [f] | س [s] | | ش [ʃ] | | | خ [x] | ھ [h] |
| دىماغ | جاراڭلىق | م [m] | | | ن [n] | | | ڭ [ŋ] | | |
| تىترەڭگۈ | | | | | ر [r] | | | | | |
| قوۋۇز | | | | | ل [l] | | | | | |

### 4 . ۋارىيانت

بىر فونېمىغا مەنسۇپ بولغان بىرقانچە تاۋۇش ئېلېمېنتلىرى ، يەنى ئەينى بىر فونېمىنىڭ كونكرېت ئىپادە شەكىللىرى ۋارىيانت ، دەپ ئاتىلىدۇ . ۋارىيانت بىر فونېمىنىڭ سۆزدە تۇتقان ئورنىنىڭ ئوخشىماسلىقى ياكى ئالدى - كەينىدىكى تاۋۇشلار بىلەن بىرىكىش مۇناسىۋىتىنىڭ ئوخشىماسلىقى سەۋەبىدىن پەيدا بولىدۇ . ۋارىيانت چوقۇم كونكرېت بىر تىلدىكى مەلۇم بىر فونېمىغا تەۋە بولىدۇ .

ۋۇشنىڭ ئۆزگىرا ئالماشتۇرۇلغاندا مەنە پەرقلەندۈرۈلمەسلىكى شەرتلىك بولىدۇ. شۇڭا، ئۇ نىسپىي ئەركىن بولغاچقا ئەركىن ۋارىيانت، دەپ قارىلىدۇ.

بىر فونېمىنىڭ ئۆز ئىچىگە ئالغان ھەرقايسى ۋارىيانتلىرى ئىچىدە بىرى تىپىك ۋارىيانت بولىدۇ. بۇ تىپىك ۋارىيانت ياكى ئۆزى يالغۇز كۆرۈلەلەيدۇ ياكى ئۇنىڭ كۆرۈلۈش چاستوتىسى ئەڭ يۇقىرى بولىدۇ. باشقا تاۋۇشلارنىڭ تەسىرىگە ئەڭ ئاز ئۇچرايدۇ، شۇڭا ئۇ بىرقەدەر تىپىك ھالدا شۇ فونېمىنىڭ ماھىيىتىگە ۋەكىللىك قىلالايدۇ. ئەنە شۇ تىپىك ۋارىيانت فونېمىنىڭ ۋەكىلى قىلىنىدۇ.

## 5. بوغۇم

بىز سۆزلىگەندە گەپنى ھامان بىر جۈملە ـ بىر جۈملىدىن ئېيتىمىز. جۈملە مەنە بىرلىكى بولغان بىرقانچە سۆزلەردىن تەركىب تاپىدۇ. سۆزلەرنى بولسا تاۋۇش جەھەتتىن بوغۇملارغا پارچىلاشقا بولىدۇ. بوغۇم ئاڭلاش سېزىمى ئارقىلىق تەبىئىي ھېس قىلغىلى بولىدىغان، بىر ياكى بىرقانچە تاۋۇش ئېلېمېنتىدىن تەركىب تاپقان ئەڭ كىچىك فونېتىكىلىق بىرلىك. مەسىلەن: «بۇ ئەڭ ياخشى كىتاب» دېگەن جۈملە تۆت سۆزدىن تەركىب تاپقان بولۇپ، ئاڭلاش سېزىمىمىزدە تەبىئىي ھالدا ئالتە بوغۇم بولۇپ ئاڭلىنىدۇ. ئەگەر بىز بۇ بوغۇملارنى يەنە داۋاملىق تەھلىل قىلساق، «بۇ» دېگەن سۆز بىر بوغۇمدىن، تېخىمۇ ئېنىق ئېيتقاندا، ئىككى تاۋۇش ئېلېمېنتىدىن، «ئەڭ» دېگەن سۆز بىر بوغۇمدىن، ئىككى تاۋۇش ئېلېمېنتىدىن تۈزۈلگەن. «كىتاب»، «ياخشى» دېگەن سۆزلەر ئىككىدىن بوغۇمدىن، بەشتىن تاۋۇش ئېلېمېنتىدىن تۈزۈلگەن.

### ئۇيغۇر تىلىدىكى بوغۇملارنىڭ تۈزۈلۈشى

ھەرقايسى تىللارنىڭ ئۆزىگە خاس بوغۇم تۈزۈلۈش ئالاھىدىلىكى بولىدۇ ۋە شۇنىڭ ئۇچۇن بوغۇم ئايرىش پرىنسىپلىرى ئوخشىمايدۇ. ئۇيغۇر تىلىدا سوزۇق تاۋۇشسىز بوغۇم تۈزۈلمەيدۇ. سۆزدە قانچە سو-

تاۋۇشلار بوغۇم ھاسىل قىلغۇچى تاۋۇش ھېسابلىنىدۇ . ئۇيغۇر تىلىدا بوغۇم بېشىدا ئىككى ئۈزۈك تاۋۇش بىللە كەلمەيدۇ . ئۇيغۇر تىلىنىڭ مۇشۇ فونېتىكىلىق قائىدىسى بويىچە ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئەنئەنىۋى بوغۇم قۇرۇلمىسى تۆۋەندىكىدەك ئالتە خىل بولىدۇ : (V سوزۇق تاۋۇشنى ، C ئۈزۈك تاۋۇشنى ئىپادىلەيدۇ . )

1 . V پەقەت بىرلا سوزۇق تاۋۇشتىن تۈزۈلگەن بوغۇم . مەسىلەن ، ئا ـ نا ، ئۇ ـ رۇق ، ئە ـ قىل ، ئې ـ رىق

2 . CV بىر سوزۇق تاۋۇش بىلەن بىر ئۈزۈك تاۋۇشتىن تۈزۈلگەن بوغۇم . مەسىلەن : ئوق ، ئات ، ئەر ـ كىن ، ئاس ـ تا .

3 . VC بىر ئۈزۈك تاۋۇش ، بىر سوزۇق تاۋۇشتىن تۈزۈلگەن بوغۇم . مەسىلەن : كا ـ لا ، سا ـ لام ، سا ـ لا ـ مەت .

4 . CVC بىر ئۈزۈك تاۋۇش ، بىر سوزۇق تاۋۇش ۋە يەنە بىر ئۈزۈك تاۋۇشتىن تۈزۈلگەن بوغۇم . مەسىلەن : مەك ـ تەپ ، چاپ ـ سان ، كەت ـ مەن ، چاش ـ قان .

5 . CCV بىر سوزۇق تاۋۇش ، ئىككى ئۈزۈك تاۋۇشتىن تۈزۈلگەن بوغۇم . مەسىلەن : ئېيت ـ ، ئارت ـ ، ئەنت .

6 . CCVC بىر ئۈزۈك تاۋۇش ، بىر سوزۇق تاۋۇش ۋە يەنە ئىككى ئۈزۈك تاۋۇشتىن تۈزۈلگەن بوغۇم . مەسىلەن : سۈرت ـ ، ھېيت ، قايت ـ ، دەرد ، دەرس .

بۇلاردىن باشقا ، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىغا باشقا تىللاردىن سۆز قوبۇل قىلىش نەتىجىسىدە ، ئۇيغۇر تىلىنىڭ بوغۇم تۈزۈلۈش قائىدىلىرىگە خىلاپ بولغان بىر قىسىم بوغۇم شەكىللىرىمۇ تىلىمىزدا كۆرۈلۈشكە باشلىدى . بۇنىڭ ئىچىدە خەنزۇ تىلىدىن قوبۇل قىلىنغان سۆزلەردە كۆرۈلىدىغان بوغۇم شەكلى تۆت خىل :

VVC بىر ئۈزۈك تاۋۇش ، ئىككى سوزۇق تاۋۇشتىن تۈزۈلگەن بوغۇم . مەسىلەن : جۇڭ ـ خۇا .

CVVC بىر ئۈزۈك تاۋۇش ، ئىككى سوزۇق تاۋۇش ۋە يەنە بىر

ئۈزۈك تاۋۇشتىن تۈزۈلگەن بوغۇم. مەسىلەن: يۈەن، بىڭ - تۈەن.

VCC ئىككى ئۈزۈك تاۋۇش ۋە بىر سوزۇق تاۋۇشتىن تەركىب تاپقان بوغۇم. مەسىلەن: شىڭشىڭ - شيا، ليۇ - جۇ.

CVCC ئىككى ئۈزۈك تاۋۇش، بىر سوزۇق تاۋۇش ۋە يەنە بىر ئۈزۈك تاۋۇشتىن تۈزۈلگەن بوغۇم. مەسىلەن: تيەن - جىن، چاڭ - نجياڭ.

رۇس تىلى ۋە رۇس تىلى ئارقىلىق ياۋروپا تىللىرىدىن كىرىپ ئۆزلەشكەن سۆزلەردە تۆۋەندىكى ئۈچ خىل بوغۇم شەكلى كۆرۈلىدۇ:

VCC ئىككى ئۈزۈك تاۋۇش، بىر سوزۇق تاۋۇشتىن تۈزۈلگەن بوغۇم. مەسىلەن، گرا - دۇس، كلا - چان، ستا - تىستىكا.

CVCC ئىككى ئۈزۈك تاۋۇش، بىر سوزۇق تاۋۇش ۋە يەنە بىر ئۈزۈك تاۋۇشتىن تۈزۈلگەن بوغۇم. مەسىلەن: گرام، تراكتور.

CCVCC ئىككى ئۈزۈك تاۋۇش، بىر سوزۇق تاۋۇش ۋە يەنە ئىككى ئۈزۈك تاۋۇشتىن تۈزۈلگەن بوغۇم. مەسىلەن: فرونت.

## ئوچۇق بوغۇم ۋە يېپىق بوغۇم

سوزۇق تاۋۇشتىن تۈزۈلگەن ياكى سوزۇق تاۋۇشلار بىلەن ئاياغلاشقان بوغۇملار ئوچۇق بوغۇم، دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن، ئا-نا، تو-پا، گرا-نات

ئۈزۈك تاۋۇشلار بىلەن ئاياغلاشقان بوغۇم يېپىق بوغۇم، دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن: قار، كۆۋ-رۈك، دوست.

تىلىمىزدىكى سۆزلەرنىڭ بوغۇم تەركىبىدىكى سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ خاراكتېرىنى بىلىش، بوغۇم ئاخىرىدىكى تاۋۇشلارنىڭ جاراڭلىق ياكى جاراڭسىز ئىكەنلىكىنى بىلىش ھەمدە بوغۇمنىڭ ئوچۇق بوغۇم ياكى يېپىق بوغۇم ئىكەنلىكىنى بىلىش، شۇنداق بوغۇم بىلەن ئاخىرلاشقان سۆزلەرگە قانداق قوشۇمچىلارنىڭ ئۇلىنىدىغانلىقىنى چۈشىنىش ھەم ئەمەلىيەت جەريانىدا شۇنداق ئىشلىتەلەيدىغان بولۇش زور نەزەرىيەۋى ۋە ئەمەلىي ئەھمىيەتكە ئىگە.

## 6 . ئۇرغۇ ، تىنىق ، ئىنتوناتسىيە

### 1) ئۇرغۇ

ئۇرغۇ كۆپ بوغۇملۇق سۆزلەردە مەلۇم بىر بوغۇمنىڭ گەۋدىلىك ، كۈچلۈك تەلەپپۇز قىلىنىش ھادىسىسىدۇر . شۇنىڭدەك گەۋدىلىك ، كۈچلۈك ئېيتىلغان بوغۇم ئۇرغۇلۇق بوغۇم دېيىلىدۇ . تىلىمىزدىكى مۇتلەق كۆپ قىسىم سۆزلەردە ئۇرغۇ ئاخىرقى بوغۇمدا بولۇپ ، بۇ خىل سۆزلەرگە ھەرخىل قوشۇمچىلار قوشۇلغاندا ، ئۇرغۇ قوشۇمچىلاردىكى بوغۇملارغا كۆچىدۇ . لېكىن ، بۇنداق دېيىش بىلەن ئۇرغۇنىڭ باشقا ئورۇنلاردا كېلىشىنى ئىنكار قىلىشقا بولمايدۇ . تىلىمىزدا ئۇرغۇنىڭ بەزى ھاللاردا ئالدىنقى بوغۇملارغا چۈشۈش ھادىسىمۇ كۆرۈلىدۇ . بۇنى تۆۋەندىكى تەرەپلەردىن چۈشەندۈرۈش مۇمكىن :

(1) سۆز تەركىبىدىكى ئۈزۈك تاۋۇش چۈشۈپ قالغاندا ، قىسقارغان تاۋۇشنىڭ ئورنىنى تولۇقلاشقا بولغان تەبىئىي ئىنتىلىش ، ئاشۇ چۈشۈپ قالغان ئۈزۈك تاۋۇشنىڭ ئالدىنقى بوغۇمغا تەۋە بولغان سوزۇق تاۋۇشنىڭ كۈچلۈكرەك ۋە سوزۇلۇڭراق ئېيتىلىشىنى تەلەپ قىلىدۇ . شۇنداق قىلىپ ئۈزۈك تاۋۇش چۈشۈپ قالغان بوغۇملار ئۇرغۇلۇق بولۇپ قالىدۇ . مەسىلەن :

بارسۇن ـ باسۇن ، كەلسۇن ـ كەسۇن

(2) سوزۇق تاۋۇش «ئا» ئوچۇق بوغۇمدا كەلسە ياكى «ئا»دىن كېيىنكى بوغۇمدا «ئى» تاۋۇشى كەلسە ، «ئا» تاۋۇشى ئۇرغۇلۇق بولىدۇ ۋە قوشۇمچە قوشۇلغاندىمۇ «ئا» تاۋۇشى ئاجىزلاشمايدۇ . مەسىلەن :

ئائىلە ، ماھىرە ، قانىش ، كائىنات ، زادى

(3) قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا بىرىنچى بوغۇمى «ئا» بىلەن تۈزۈلگەن ، بىراق بۈگۈنكى كۈندە «ئې» غا ئاجىزلاشقان سۆزلەردە «ئې» تاۋۇشى ئەسلىدىكى «ئا» تاۋۇشىنىڭ ئۇرغۇسىنى ساقلاپ قالغان . مەسىلەن :

ئېغىر ـ ئاغىر ، ئېغىز ـ ئاغىز ، سېرىق ـ سارىغ

(4) كىرمە سۆزلەردە ئەھۋالغا قاراپ ئۇرغۇنىڭ ئورنى ئوخشاش

بولمايدۇ . مەسىلەن :

كارامەت ، ئىجادىيەت ، ساداقەت ، ئىمكانىيەت قاتارلىق سۆزلەردە ئۇرغۇ ئىككىنچى بوغۇمغا چۈشسە ، نامەرد ، نائىنساب ، نامەقۇل ، نازۇك قاتارلىق سۆزلەردە بىرىنچى بوغۇمغا چۈشىدۇ .

تىلىمىزدا يۇقىرىقىدەك سۆز ئۇرغۇسىدىن باشقا يەنە جۈملە ئۇرغۇسىمۇ بار .

جۈملە ئۇرغۇسىدا سۆزلىگۈچى جۈملىدىكى قايسى سۆزنى تەكىتلىمەكچى بولسا ، شۇ سۆزگە ئۇرغۇ چۈشىدۇ . بۇ ، ئاساسلىقى سۆزلىگۈچىنىڭ بىرەر نۇقتىنى تەكىتلىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ . مەسىلەن :

**مەن** 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇيمەن .

مەن 1 ـ **ئوتتۇرا** مەكتەپتە ئوقۇيمەن .

مەن 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپتە **ئوقۇيمەن** .

يۇقىرىقى ئۈچ جۈملىدە ئاستىغا بەلگە قويۇلغان سۆزلەر ئۇرغۇلۇق ئوقۇلىدۇ ۋە تەكىتلەش مەنىسىنى بېرىدۇ .

بەزى ھاللاردا مەلۇم بىر پىكىرگە رەددىيە بېرىش ياكى تەنە قىلىش مەقسىتىدە ئۇرغۇ رەددىيە بېرىلگۈچى پىكىرنىڭ قارشى مەنىسىنى مەركەزلىك ئىپادىلەيدىغان سۆزگە چۈشىدۇ . مەسىلەن :

سىز بۇ مەسىلىنى «ياخشى» چۈشەنسىڭىز كېرەك .

سىز دېگەن «دوكتور» ئەمەسمۇ ؟

2) تىنىق

سۆزلىگەندە جۈملە ئارىلىقىدا ياكى جۈملە بىلەن جۈملە ئارىلىقىدا تىنىشقا توغرا كېلىدۇ . جۈملە بىلەن جۈملە ئوتتۇرىسىدىكى ، جۈملە بۆلەكلىرى بىلەن جۈملە بۆلەكلىرى ئوتتۇرىسىدىكى ، سۆز بىلەن سۆز ئوتتۇرىسىدىكى ئاۋاز جەھەتتىن تىنىش — تىنىق دەپ ئاتىلىدۇ . تىنىق جۈملىنىڭ قۇرۇلما قاتلاملىرىغا ئاساسەن جايلىشىدۇ ۋە ئىپادىلىمەكچى بولغان ئوي ـ پىكىرنى ئېنىق ، توغرا ئىپادىلەشكە ئىمكان بېرىدۇ .

تىنىقنىڭ جايىدا بولۇش - بولماسلىقى ياكى ۋاقىتنىڭ ئۇزۇن - قىسقا بولۇشى جۈملىدىكى ئوي - پىكىرنىڭ توغرا ئىپادىلىنىش - ئىپادىلەمەسلىككە بىۋاستە تەسىر كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن:

ئۆگەن ئوغلۇم، داداڭغا ئوخشاش ئىشەك بولما.

ئۆگەن ئوغلۇم داداڭغا ئوخشاش، ئىشەك بولما.

بىز، يەنە يەتتە كۈندىن كېيىن يېتىپ بارىمىز.

3) ئىنتوناتسىيە

ئىنتوناتسىيە جۈملىنىڭ ئاۋاز جەھەتتىكى ئۆزگىرىشى ھېسابلىنىدۇ. ئۇ جۈملىنىڭ مۇھىم فونېتىكىلىق بەلگىسى. ھەرقانداق جۈملە ئىنتوناتسىيىگە ئىگە بولىدۇ. بۇخىل ئىنتوناتسىيە جۈملىلەرنىڭ ھەرخىل تىپلىرىنىڭ بەلگىسى بولۇپلا قالماي، بەلكى يەنە سۆزلىگۈچىنىڭ تۈرلۈك ھېسسىياتلىرىنى ۋە پوزىتسىيىسىنى ئىپادىلەيدۇ. ئىنتوناتسىيىنىڭ ئومۇمەن ئۆرلەش ۋە تۆۋەنلەشتىن ئىبارەت ئىككى ئاساسىي تىپى بولىدۇ. بايان جۈملىلەر، بۇيرۇق جۈملىلەر، ئۈندەش جۈملىلەر ۋە سوراق ئۆلانمىلىرى بار سوراق جۈملىلەر، ئومۇمەن، تۆۋەنلەش ئىنتوناتسىيەدە ئىپادىلىنىدۇ. ئادەتتىكى سوراق جۈملىلەر، تولۇقسىز جۈملىلەر ئومۇمەن ئۆرلەش ئىنتوناتسىيەدە ئېيتىلىدۇ. ئالاھىدە تەكىتلەش ياكى ئىككىلىنىش قاتارلىق مەنىلەرنى ئىپادىلىگەندە، جۈملە ئىنتوناتسىيىسىمۇ ئۆرلەش - تۆۋەنلەش ئوتتۇرىسىدا تۈرلۈك ئۆزگىرىشلەر بولۇشى مۇمكىن. جۈملە ئىنتوناتسىيىسى يەنە سۆزلىگۈچىنىڭ پسىخىك پائالىيەتلىرى ۋە مىجەز - خۇلقلىرىنى ئېچىپ بېرىدۇ. مەسىلەن، ھاياجان ياكى ھەيرانلىق ئۆرلەش ئىنتوناتسىيىسى ئارقىلىق، غەمكىنلىك، مەيۈسلۈك تۆۋەنلەش ئىنتوناتسىيىسى ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. قوپال، ئالدىراقسان ئادەملەرنىڭ ئاھاڭى دائىم ئۆرلەش ئىنتوناتسىيەسىدە بولسا، مۇلايىم، ئېغىر - بېسىق ئادەملەرنىڭ ئاھاڭى تۈز، تەكشى ۋە ئاستا بولىدۇ. بەزىدە جۈملە ئىنتوناتسىيىسى ئارقىلىق مەلۇم ئۈنۈمگە ئېرىشكىلى بولىدۇ، بەزىدە ئوخشاش قۇرۇلمىدىكى جۈملىنى ئوخشىمى-

خان ئىنتوناتسىيە بىلەن تەلەپپۇز قىلساق، جۈملىنىڭ ئىپادىلىگەن مەنىسىدىمۇ ئۆزگىرىش بولىدۇ. مەسىلەن:

ئاپاڭ بۈگۈن كەلدى. (بايان جۈملە)

ئاپاڭ بۈگۈن كەلدى؟ (سوراق جۈملە)

ئاپاڭ بۈگۈن كەلدى؟ (گۇمانىي سوراق جۈملە)

## 【مۇھاكىمە سوئاللىرى】

1. تاۋۇش ئېلېمېنتى دېگەن نېمە؟
2. ترانسكرىپسىيە دېگەن نېمە؟
3. فونېما دېگەن نېمە؟
4. سوزۇق تاۋۇش دېگەن نېمە؟
5. ئۈزۈك تاۋۇش دېگەن نېمە؟
6. سوزۇق تاۋۇشلار بىلەن ئۈزۈك تاۋۇشلار قايسى جەھەتلەردىن پەرقلىنىدۇ؟
7. تىلىمىزدىكى سوزۇق تاۋۇشلار قايسى جەھەتتىن تەھلىل قىلىنىدۇ؟
8. تىلىمىزدىكى ئۈزۈك تاۋۇشلار قايسى جەھەتلەردىن تەھلىل قىلىنىدۇ؟
9. ۋارىيانت دېگەن نېمە؟
10. ئەركىن ۋارىيانت دېگەن نېمە؟
11. شەرتلىك ۋارىيانت دېگەن نېمە؟
12. بوغۇم دېگەن نېمە؟
13. ئۇرغۇ دېگەن نېمە؟ ئۇيغۇر تىلىدىكى ئۇرغۇنىڭ ئالاھىدىلىكى نېمە؟
14. تىنىق دېگەن نېمە؟
15. ئىنتوناتسىيە دېگەن نېمە؟

# § 3. تاۋۇشلارنىڭ ماسلىشىش قانۇنىيىتى

## 1. ماسلىشىش قانۇنىيىتى ۋە ئۇنىڭ تۈرى

تاۋۇشلارنىڭ ماسلىشىش قانۇنىيىتى تاۋۇشلارنىڭ ئاھاڭداشلىق قانۇنىيىتى، دەپمۇ ئاتىلىدۇ. تاۋۇشلارنىڭ ماسلىشىش قانۇنىيىتى تۈركىي تىللار، جۈملىدىن ئۇيغۇر تىلىدىكى مۇھىم بىر فونېتىكىلىق ئالاھىدىلىك ھېسابلىنىدۇ.

تاۋۇشلارنىڭ ماسلىشىش قانۇنىيىتى دېگىنىمىز، سۆزدە ياكى سۆزگە قوشۇمچىلار ئۇلانغاندا، سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ تىل ئورنى، لەۋ ھالىتى، ئۈزۈك تاۋۇشلارنىڭ جاراڭلىقلىق ياكى جاراڭسىزلىق جەھەتتىن ماسلىشىپ كېلىشىگە ۋە بەزى سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ بەزى ئۈزۈك تاۋۇشلار بىلەن بىرىكىشى ۋە بەزى ئۈزۈك تاۋۇشلار بىلەن بىرىكمەسلىكىگە قارىتىلغان. تاۋۇشلارنىڭ ماسلىشىشى سوزۇق تاۋۇشلاردىمۇ، ئۈزۈك تاۋۇشلاردىمۇ، شۇنداقلا سوزۇق تاۋۇشلار بىلەن ئۈزۈك تاۋۇشلارنىڭ بىرىكىشىدىمۇ كۆرۈلىدۇ. شۇڭا، ماسلىشىش سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ماسلىشىشى، ئۈزۈك تاۋۇشلارنىڭ ماسلىشىشى ۋە سوزۇق تاۋۇشلار بىلەن ئۈزۈك تاۋۇشلارنىڭ ماسلىشىشى، دېگەن ئۈچ تۈرگە ئايرىلىدۇ.

## 2. سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ماسلىشىشى

سۆزدە ياكى سۆزگە قوشۇمچىلار قوشۇلغاندا، سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ تىل ئورنى، لەۋ ھالىتى جەھەتتىن ئۆزئارا ماسلىشىپ كېلىشى سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ماسلىشىشى، دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇيغۇر تىلىدىكى سوزۇق تاۋۇشلار تىل ئورنى جەھەتتىن ماسلىشىش ۋە لەۋ ھالىتى جەھەتتىن ماسلىشىش دېگەن ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ:

### 1) تىل ئورنى جەھەتتىن ماسلىشىش

ئۇيغۇر تىلىدىكى سۆزلەردە (كۆپ بوغۇملۇق سۆزلەردە) بىرىنچى

بوغۇمىدا تىل ئالدى سوزۇق تاۋۇش كەلسە ، شۇنىڭغا ماس ھالدا كېيىن-
كى بوغۇملاردىمۇ تىل ئالدى سوزۇق تاۋۇشلار كېلىدۇ ؛ ئوخشاشلا
بىرىنچى بوغۇمىدا تىل كەينى سوزۇق تاۋۇشلار كەلسە ، شۇنىڭغا ماس
ھالدا كېيىنكى بوغۇملاردىمۇ تىل كەينى سوزۇق تاۋۇشلار كېلىدۇ .
مەسىلەن :

[ɛmgɛk], [gyzɛl], [nøwɛt], [tʃymylɛ], [søgɛt]

[tawuʃ], [boʁum], [sozuq], [dada], [ojun]

سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ تىل ئورنى جەھەتتىن ماسلىشىشى سۆزلەرگە قوشۇمچە قوشۇلغاندا تېخىمۇ ئېنىق ئىپادىلىنىدۇ . يەنى ، تىل ئالدى سوزۇق تاۋۇشتىن تۈزۈلگەن بىر بوغۇملۇق سۆزلەرگە ياكى ئاخىرقى بوغۇمى تىل ئالدى سوزۇق تاۋۇشتىن تۈزۈلگەن كۆپ بوغۇملۇق سۆز-لەرگە قوشۇمچىلار قوشۇلغاندا ، شۇنىڭغا ماس ھالدا قوشۇمچىلارنىڭ تىل ئالدى سوزۇق تاۋۇشلۇق ۋارىيانتلىرى قوشۇلىدۇ . ئوخشاشلا تىل كەينى سوزۇق تاۋۇشلاردىن تۈزۈلگەن بىر بوغۇملۇق سۆزلەرگە ياكى ئاخىرقى بوغۇمى تىل كەينى سوزۇق تاۋۇشلاردىن تۈزۈلگەن كۆپ بو-غۇملۇق سۆزلەرگە قوشۇمچىلار قوشۇلغاندا ، قوشۇمچىلارنىڭ تىل كەينى سوزۇق تاۋۇشلۇق ۋارىيانتلىرى قوشۇلىدۇ . مەسىلەن :

[jɛr—gɛ], [øj—dɛ], [øl—yp], [kør—yl—sɛ]

[kɛl—tyr—gyz—gɛn], [søz—lɛ], [gyl—lɛr]

[jol—a], [qol—da], [bol—up], [oqu—ul—sa]

[maŋ—dur—ʁuz—ban], [oj—la], [kitab—lar]

2) لەۋ ھالىتى جەھەتتىن ماسلىشىش

ئۇيغۇر تىلىدىكى كۆپ بوغۇملۇق سۆزلەرنىڭ بىرىنچى بوغۇمىدا لەۋلەشكەن سوزۇق تاۋۇشلار كەلسە ، شۇنىڭغا مۇناسىپ ھالدا كېيىنكى بوغۇملاردىمۇ لەۋلەشكەن سوزۇق تاۋۇشلار كېلىدۇ . شۇنداقلا ، ئۇيغۇر تىلىدىكى سۆزلەردە بىرىنچى بوغۇمىدا لەۋلەشمىگەن سوزۇق تاۋۇشلار كەلسە ، شۇنىڭغا ماس ھالدا كېيىنكى بوغۇملاردىمۇ لەۋلەشمىگەن سو-زۇق تاۋۇشلار كېلىدۇ . مەسىلەن :

[otun], [bultur], [zulum], [dolqun], [turmuʃ]
[tʃøgyn], [øryk] ,[yzym] ,[sypyr—], [køwryk]
[qabilijɛt], [adɛm], [ʁɛjrɛt], [saqal], [gilɛm]

يەنە لەۋلەشكەن سوزۇق تاۋۇشتىن تۈزۈلگەن بىر بوغۇملۇق سۆزلەرگە ياكى ئاخىرقى بوغۇمى لەۋلەشكەن سوزۇق تاۋۇشتىن تۈزۈلگەن كۆپ بوغۇملۇق سۆزلەرگە قوشۇمچىلار قوشۇلغاندا ، قوشۇمچىلارنىڭ لەۋلەشكەن سوزۇق تاۋۇشلۇق ۋارىيانتى قوشۇلىدۇ ؛ ئوخشاشلا لەۋلەشمىگەن سوزۇق تاۋۇشتىن تۈزۈلگەن بىر بوغۇملۇق سۆزلەرگە ياكى ئاخىرقى بوغۇمى لەۋلەشمىگەن سوزۇق تاۋۇشلاردىن تۈزۈلگەن كۆپ بوغۇملۇق سۆزلەرگە قوشۇمچىلار قوشۇلغاندا ، قوشۇمچىلارنىڭ لەۋلەشمىگەن سوزۇق تاۋۇشلۇق ۋارىيانتى قوشۇلىدۇ . مەسىلەن :

[otun—um], [køz—ym], [bøl—yn—yʃ], [tur—ʁuz—uʃ]
[jataq—ta], [gyzɛl—lɛʃ], [nɛm—dɛ], [kɛl—ip], [jaz—iʃ]

ئۇيغۇر تىلىدا سوزۇق تاۋۇشلار ئۆزئارا ماسلاشقاندا ، بەزىدە ئىككى خىل ئاھەڭدارلىق جەھەتتىن ماسلىشىپ كەلسە ، يەنە بەزىدە بىرلا خىل ئاھەڭدارلىق جەھەتتىن ماسلىشىپ كېلىدۇ . ئىككى خىل جەھەتتىن ماسلىشىپ كېلىشى تۆۋەندىكى جەھەتلەردە كۆرۈلىدۇ .

بىرىنچى ، تىل ئالدى لەۋلەشكەن سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ماسلىشىشى . بۇنىڭدا سوزۇق تاۋۇشلار ھەم تىل ئالدى بولۇش ھەمدە لەۋلەشكەن بولۇش جەھەتتىن ئۆزئارا ماسلىشىپ كېلىدۇ . مەسىلەن :

[økynyʃ], [kørynyʃ], [øtymlyk], [køzym]
[søjymlyk], [øtkyr], [symyryʃ], [ølyʃ]

ئىككىنچى ، تىل ئالدى لەۋلەشمىگەن سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ماسلىشىشى . بۇنىڭدا سوزۇق تاۋۇشلار ھەم تىل ئالدى بولۇش ، لەۋلەشمىگەن بولۇش جەھەتتىن ئۆزئارا ماسلىشىپ كېلىدۇ . مەسىلەن :

[ɛmgɛktʃi] ,[qɛlɛmlɛr], [mɛktɛpkɛ], [sɛnlɛ]
[ɛjnɛktɛ] ,[ɛtmɛk] ,[jɛttɛ] ,[kɛtʃtɛ]

ئۈچىنچى ، تىل كەينى ، لەۋلەشكەن سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ماسلى-

شىشى . بۇنىڭدا سوزۇق تاۋۇشلار ھەم تىل كەينى بولۇش ، ھەم لەۋلەشىش جەھەتتىن ماسلىشىپ كېلىدۇ . مەسىلەن :

[qoʁun], [qoʃuq], [oruq], [otunum], [oʁul]

[utuq], [qoltuqum], [ojuntʃuq], [olturuʃluq]

تۆتىنچى ، تىل كەينى ، لەۋلەشمىگەن سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ماسلىشىشى . بۇنىڭدا سوزۇق تاۋۇشلار ھەم تىل كەينى بولۇش ، ھەم لەۋلەشمە جەھەتتىن ماسلىشىپ كېلىدۇ . مەسىلەن :

[dada], [jamanla], [aldanʁan], [amraq]

[aʃxana], [qalmaq], [baʃqarma], [kanajʁa]

سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ بىرخىل ئالاھىدىلىك جەھەتتىن ماسلىشىشى تۆۋەندىكى جەھەتلەردە كۆرۈلىدۇ :

بىرىنچى ، تىل ئالدى لەۋلەشكەن سوزۇق تاۋۇشلار بىلەن تىل ئالدى لەۋلەشمىگەن سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ماسلىشىشى . بۇنىڭدا سوزۇق تاۋۇشلار پەقەت تىل ئالدى بولۇش جەھەتتىن ماسلىشىپ كېلىدۇ . مەسىلەن :

[gyzɛl], [nøwɛt], [jɛkyn], [køl—dɛ]

[køp—ɛj], [sɛz—gyr], [kɛm—tyk], [køz—gɛ]

ئىككىنچى ، تىل كەينى لەۋلەشكەن سوزۇق تاۋۇشلار بىلەن تىل كەينى لەۋلەشمىگەن سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ماسلىشىشى . بۇنىڭدا سوزۇق تاۋۇشلار پەقەت تىل كەينى بولۇش جەھەتتىنلا ماسلىشىپ كېلىدۇ . مەسىلەن :

[abroy], [batur], [oʁaq], [buʁdaj]

[az—dur], [tur—ma], [oquʁan], [qanun—laʃ]

### 3 . ئۈزۈك تاۋۇشلارنىڭ ماسلىشىشى

ئۈزۈك تاۋۇشلارنىڭ ماسلىشىشى ئاساسەن سۆزلەرگە قوشۇمچىلار قوشۇلغاندا يۈز بېرىدۇ .

جاراڭلىق ئۈزۈك تاۋۇشلار بىلەن ئاخىرلاشقان سۆزلەرگە قوشۇم-

چىلارنىڭ جاراڭلىق ئۈزۈك تاۋۇشلار بىلەن باشلانغان ۋارىيانتلىرى ئۇلىنىدۇ . جاراڭسىز ئۈزۈك تاۋۇشلار بىلەن ئاخىرلاشقان سۆزلەرگە قوشۇمچىلارنىڭ ئۈزۈك تاۋۇشلار بىلەن باشلانغان ۋارىيانتلىرى ئۇلىنىدۇ . مەسىلەن :

[ sɛz—gyr], [øj—lɛr], [til—din], [qon—daq]
[tyz—ginɛ], [tɛr—gyz], [øj—gɛ], [tur—ʁun]
[øt—kyr], [tut—qutʃ], [sɛp—tin], [ɛjnɛk—tɛ]
[pyt—kyz], [atʃ—qan], [pas—qa], [taʃ—tin]

## 4 . سوزۇق تاۋۇشلار بىلەن ئۈزۈك تاۋۇشلارنىڭ ماسلىشىشى

سوزۇق تاۋۇشلار بىلەن ئۈزۈك تاۋۇشلارنىڭ ماسلىشىشى تىلىمىزدا بەزى سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ بەزى ئۈزۈك تاۋۇشلار بىلەن بىرىكەلەيدىغانلىقى ۋە بەزى ئۈزۈك تاۋۇشلار بىلەن بىرىكەلمەيدىغانلىقىغا قارىتىلغان . ئۇيغۇر تىلىدىكى كۆپ ۋارىيانتلىق قوشۇمچىلارنىڭ شەكىللىنىشىدىكى سەۋەبلەرنىڭ بىرى مانا شۇ .

ئۇيغۇر تىلىدا ئادەتتە [q] ، [ʁ] تاۋۇشلىرى تىل كەينى سوزۇق تاۋۇشلىرى بىلەن يېزىلىدۇ . تىل ئالدى سوزۇق تاۋۇشلىرى بىلەن بىرىكمەيدۇ . پەقەت ئاز بىر قىسىم كىرمە سۆزلەر ، يەنى ئەرەب ـ پارس تىلىدىن كىرگەن سۆزلەردە [q] ، [ʁ] تاۋۇشلىرى [ɛ] تاۋۇشى بىلەن بىرىكىپ بوغۇم هاسىل قىلىدۇ . لېكىن [ø] ، [y] تاۋۇشلىرى بىلەن مۇتلەق بىرىكمەيدۇ . شۇنداقلا [k] ، [g] تاۋۇشلىرى تىل ئالدى سوزۇق تاۋۇشلىرى بىلەن بىرىكىدۇ . تىل كەينى سوزۇق تاۋۇشلىرى بىلەن بىرىكمەيدۇ . بىر قىسىم كىرمە سۆزلەردە ئەھۋال باشقىچە . مەسىلەن :

[ʁɛzɛb], [ʁɛlibɛ], [qɛwɛt], [qɛʁɛz]
[gazir], [quruppa], [kadir], [kona]

لېكىن ، شۇنى ئەسكەرتىش زۆرۈركى ، مەيلى سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ تىل ئورنى جەھەتتىن ماسلىشىشى بولسۇن ياكى لەۋ هالىتى جەھەتتىن

ماسلىشىشى بولسۇن ۋەياكى ئۈزۈك تاۋۇشلارنىڭ جاراڭلىقلىق ياكى جاراڭسىزلىق جەھەتتىن ماسلىشىشى بولسۇن ۋە ياكى سوزۇق تاۋۇشلار بىلەن ئۈزۈك تاۋۇشلارنىڭ ماسلىشىشى بولسۇن، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا بۇنداق ماسلىشىشنىڭ دەرىجىسى ئوخشاش ئەمەس ۋە بۇنداق ماسلىشىشقا ئۇيغۇن كەلمەيدىغان ئەھۋاللارمۇ بار. بۇنداق ماسلىشىش ئىچىدە سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ لەۋ ھالىتى جەھەتتىن ماسلىشىشقا قارىغاندا تىل ئورنى جەھەتتىن ماسلىشىشى تېپىكرەك. يەنە بىر جەھەتتىن، سۆز تەركىبىدىكى تاۋۇشلارنىڭ ماسلىشىشىغا قارىغاندا سۆزگە قوشۇمچە قوشۇلغاندا ماسلىشىش تېپىكرەك. تاۋۇشلارنىڭ ماسلىشىش دەرىجىسىنىڭ ئوخشىماسلىقى تۆۋەندىكى سەۋەبلەردىن بولۇشى مۇمكىن:

بىرىنچىدىن، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى قوشۇمچىلارنىڭ بىر قىسمى كۆپ ۋارىيانتلىق بولسىمۇ، لېكىن يەنە بىر قىسمى يەككە ياكى ئىككى ۋارىيانتلىق. كۆپ ۋارىيانتلىق قوشۇمچىلارنىڭ ماسلىشىش قانۇنىيىتىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان تۈرلىرى بولسىمۇ، يەككە ياكى ئىككى ۋارىيانتلىق قوشۇمچىلار ماسلىشىش قانۇنىيىتىگە چۈشمەيدۇ.

ئىككىنچىدىن، تۈرلۈك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، باشقا تىللاردىن سۆز قوبۇل قىلىنىش نەتىجىسىدە تاۋۇشلارنىڭ ماسلىشىش قانۇنىيىتى قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى دەۋرىگە قارىغاندا ئاجىزلىشىپ كەتكەن.

## 【مۇھاكىمە سوئاللىرى】

1. ئۇيغۇر تىلىدىكى سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ماسلىشىشى قانداق بولىدۇ؟
2. ئۇيغۇر تىلىدىكى ئۈزۈك تاۋۇشلارنىڭ ماسلىشىشى قانداق بولىدۇ؟
3. ئۇيغۇر تىلىدىكى سوزۇق تاۋۇشلار بىلەن ئۈزۈك تاۋۇشلارنىڭ ماسلىشىشى قانداق بولىدۇ؟

# § 4. نۇتۇق ئېقىمىدىكى فونېتىكىلىق ئۆزگىرىشلەر

نۇتۇق كىشىلەرنىڭ تىلدىن پايدىلىنىشى ۋە ئۇنىڭ مەھسۇلى بولغان گەپنى كۆرسىتىدۇ.

كىشىلەر ئادەتتە سۆزلىگەندە، تاۋۇشلارنى بىردىن – بىردىن ئايرىپ چىقارماستىن، بەلكى بىر – بىرىگە ئۇلاپ ئارقىمۇئارقا چىقىرىدۇ. تاۋۇشلارنى ئەنە شۇنداق بىر – بىرىگە ئۇلاپ چىقارغاندا، تاۋۇش چىقىرىش ئەزالىرىنىڭ پائالىيىتىگە ماسلىشىش ئۈچۈن، قوشنا تاۋۇشلارنىڭ ئۆزئارا تەسىر كۆرسىتىشى نەتىجىسىدە، مەلۇم تاۋۇشلاردا دائىم دېگۈدەك بەزى ئۆزگىرىشلەر بولۇپ تۇرىدۇ. تىل تاۋۇشلىرىدىكى بۇ خىل هادىسە فونېتىكىدا نۇتۇق ئېقىمىدىكى فونېتىكىلىق ئۆزگىرىش، دەپ قارىلىدۇ. دېمەك، نۇتۇقتا تىل تاۋۇشلىرىنىڭ بىر – بىرىگە تەسىر قىلىشىدىن هاسىل بولغان تاۋۇش ئۆزگىرىشلىرى نۇتۇق ئېقىمىدىكى فونېتىكىلىق ئۆزگىرىش، دەپ ئاتىلىدۇ.

هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا دائىم كۆرۈلىدىغان نۇتۇق ئېقىمىدىكى فونېتىكىلىق ئۆزگىرىشلەرنىڭ كونكرېت تۈرلىرى تۆۋەندىكىچە:

### 1. ئاسسىمىلياتسىيە

بىر – بىرىگە تاۋۇش چىقىرىش ئورنى ياكى ئۇسۇلى جەهەتتىن ياكى هەر ئىككى جەهەتتىن ئوخشىمايدىغان، قاتار كەلگەن ئىككى تاۋۇشنىڭ نۇتۇقتا ئۆزئارا تەسىر قىلىشى نەتىجىسىدە، بىرىنىڭ يەنە بىرىنى ئۆزىگە پۈتۈنلەي ياكى قىسمەن ئوخشىتىۋېلىشىدىن ئىبارەت فونېتىكىلىق هادىسە ئاسسىمىلياتسىيە، دەپ ئاتىلىدۇ.

ئاسسىمىلياتسىيە ئاسسىمىلياتسىيە دەرىجىسىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا قاراپ تولۇق ئاسسىمىلياتسىيە ۋە قىسمەن ئاسسىمىلياتسىيە، دەپ ئىك-

كى تۈرگە : ئاسسىمىلياتسىيە يۆنىلىشىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا قاراپ ئوڭ ئاسسىمىلياتسىيە ۋە تەتۈر ئاسسىمىلياتسىيە ، دەپ ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ .

1) تولۇق ئاسسىمىلياتسىيە ۋە قىسمەن ئاسسىمىلياتسىيە

ئوخشىمايدىغان ئىككى تاۋۇشنىڭ نۇتۇقتا بىر ـ بىرىگە تەسىر قىلىش نەتىجىسىدە بىرىنىڭ يەنە بىرىنى ھەم تاۋۇش چىقىرىش ئورنى ، ھەم تاۋۇش چىقىرىش ئۇسۇلى جەھەتتىن ئۆزىگە پۈتۈنلەي ئوخشىتىۋېلىش ھادىسىسى تولۇق ئاسسىمىلياتسىيە ، دەپ ئاتىلىدۇ . مەسىلەن :

sɛn + mu = sɛmmu
nm → mm
qoʁun + mu = qoʁummu

بۇ مىساللاردا تاۋۇش چىقىرىش ئۇسۇلى جەھەتتىن ئوخشاش ، ئەمما تاۋۇش چىقىرىش ئورنى ئوخشاش بولمىغان [n] ، [m] تاۋۇشلىرى ئاسسىمىلياتسىيە نەتىجىسىدە تاۋۇش چىقىرىش ئورنى ئوخشاش بولۇپ قالغان . يەنى ، [m] تاۋۇشى تىل ئۇچى ئوتتۇرىسى تاۋۇشى [n] نى ئاسسىمىلياتسىيە قىلىپ ، ئۆزىگە ئوخشاش قوش لەۋ تاۋۇشىغا ئايلاندۇرغان .

rajon + luq = rajolluq
nl → ll
aman + liq = amalliq

بۇ مىساللاردا تاۋۇش چىقىرىش ئورنى جەھەتتىن ئوخشاش (تىل ئۇچى ئوتتۇرىسى ) بولغان ئىككى تاۋۇشتىن قوۋۇز تاۋۇشى [l] دىماغ تاۋۇشى [n] نى ئاسسىمىلياتسىيە قىلىپ ئۆزىگە ئوخشىتىۋالغان .

on + jɛttɛ = ojjɛttɛ          nj → jj

at + sa = assa          ts → ss

بۇ مىساللاردا تاۋۇش چىقىرىش ئورنى ۋە تاۋۇش چىقىرىش ئۇسۇلى جەھەتتىن ئوخشاش بولمىغان ئىككى تاۋۇش ئاسسىمىلياتسىيە نەتىجىسىدە پۈتۈنلەي ئوخشاش تاۋۇشقا ئايلانغان . يەنى ، تىل ئۈستى سىيرىلاڭغۇ

تاۋۇش [j] تىل ئۇچى ئوتتۇرىسى، دىماغ تاۋۇشى [n] نى تامامەن ئۆزىگە ئوخشاش قىلىۋالغان؛ تىل ئۇچى ئالدى، سىيرىلاڭغۇ تاۋۇش [s] تىل ئۇچى ئوتتۇرىسى پارتلىغۇچى [t] نى پۈتۈنلەي ئۆزىگە ئوخشىتىۋالغان.

ئوخشىمايدىغان ئىككى تاۋۇشنىڭ نۇتۇقتا بىر - بىرىگە تەسىر قىلىشى نەتىجىسىدە بىرىنىڭ يەنە بىرىنى ياكى تاۋۇش چىقىرىش ئورنى، ياكى تاۋۇش چىقىرىش ئۇسۇلى جەھەتتىن ئوخشىتىۋېلىشى قىسمەن ئاسسىمىلياتسىيە دېيىلىدۇ. ئۇيغۇر تىلىدا قوش لەۋ تاۋۇشى [b] نىڭ تىل ئۇچى ئوتتۇرىسى تاۋۇشى [n] نى تاۋۇش چىقىرىش ئورنى جەھەتتىن ئاسسىمىلياتسىيە قىلىپ، قوش لەۋ تاۋۇشى [m] غا ئايلاندۇرۇۋالىدىغان ھادىسە كۆپرەك ئۇچرايدۇ. مەسىلەن:

on + bir = ombir

mɛn + bilɛn = mɛmbilɛn

degɛn + bilɛn = degɛmbilɛn

pɛjʃɛnbɛ → pɛjʃɛmbɛ

2) ئوڭ ئاسسىمىلياتسىيە ۋە تەتۈر ئاسسىمىلياتسىيە

ئۆزئارا ئوخشىمايدىغان ئىككى تاۋۇشنىڭ نۇتۇق ئېقىمىدا بىر - بىرىگە تەسىر قىلىشى نەتىجىسىدە، ئالدىنقى تاۋۇشنىڭ كېيىنكى تاۋۇشنى ئۆزىگە ئوخشىتىۋېلىشى ئوڭ ئاسسىمىلياتسىيە، دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇيغۇر ئەدەبىي جانلىق تىلدا ئوڭ ئاسسىمىلياتسىيە ھادىسىسى ئاساسەن كۆرۈلمەيدۇ.

ئۆزئارا ئوخشىمايدىغان ئىككى تاۋۇشنىڭ نۇتۇق ئېقىمىدا بىر - بىرىگە تەسىر قىلىشى نەتىجىسىدە، كېيىنكى تاۋۇشنىڭ ئالدىنقى تاۋۇشنى ئۆزىگە ئوخشىتىۋېلىش ھادىسىسى تەتۈر ئاسسىمىلياتسىيە، دەپ ئاتىلىدۇ. يۇقىرىدىكى مىساللارنىڭ ھەممىسى تەتۈر ئاسسىمىلياتسىيىگە مىسال بولالايدۇ.

ئاسسىمىلياتسىيە ھادىسى يېزىقتا ئەكس ئەتتۈرۈلمەيدۇ.

## 2 . ئاجىزلىشىش

نۇتۇقتا ئاۋاز كۈچىنىڭ ئاجىزلىشىشى تۈپەيلىدىن تاۋۇش تېمبىرىدا ئۆزگىرىش بولۇش ھادىسىسى تاۋۇشلارنىڭ ئاجىزلىشىشى، دەپ ئاتىلىدۇ. تاۋۇشلارنىڭ ئاجىزلىشىش ھادىسىسى تاۋۇشلارنى بىر - بىرىگە ئۇلاپ تەلەپپۇز قىلغاندا، تاۋۇش چىقارغۇچى ئەزالار ھەرىكىتىنىڭ جىددىيلىك دەرىجىسىنىڭ ئاجىزلىشىشى نەتىجىسىدە كېلىپ چىقىدۇ. تاۋۇشلارنىڭ ئاجىزلىشىشى سوزۇق تاۋۇشلاردىمۇ، ئۈزۈك تاۋۇشلاردىمۇ كۆرۈلىدۇ.

### سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئاجىزلىشىشى

سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئاجىزلىشىشى دېگىنىمىز، سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئۇرغۇسىز ئوقۇلىدىغان بوغۇملار تەركىبىدە ئاۋاز (تاۋۇش) تېمبىرى جەھەتتە ئۆزگىرىش بولۇش ھادىسىسىنى كۆرسىتىدۇ، سوزۇق تاۋۇشلار ئاجىزلاشقاندا ئۆزىنىڭ ئەسلىدىكى ياڭراقلىق، ئېنىقلىق دەرىجىسىنى مەلۇم دەرىجىدە يوقىتىدۇ، ئۇيغۇر تىلىدا، جۈملىدىن ئۇيغۇر ئەدەبىي جانلىق تىلىدا سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئاجىزلىشىشى ناھايىتى كۆپ ئۇچرايدۇ. بولۇپمۇ تۆۋەن ۋە يېرىم تۆۋەن سوزۇق تاۋۇش [a]، [ɛ] لەرنىڭ بەزى فونېتىكىلىق شارائىتتا [e] تاۋۇشىغا، بەزى فونېتىكىلىق شارائىتتا [i] تاۋۇشىغا ئاجىزلىشىشى ئۇيغۇر تىلى تەرەققىياتىدا شەكىللەنگەن، پۈتكۈل تۈركىي تىللاردا پەقەت ئۇيغۇر تىلىغىلا خاس بىرخىل فونېتىكىلىق ئالاھىدىلىك ھېسابلىنىدۇ.

ئۇيغۇر تىلىدا [a]، [ɛ] تاۋۇشلىرى بىلەن تۈزۈلگەن بىر بوغۇملۇق سۆزلەرگە مۇناسىپ قوشۇمچىلار قوشۇلغاندا [e] تاۋۇشىغا، ئاخىرقى بوغۇمى [a]، [ɛ] تاۋۇشلىرى بىلەن تۈزۈلگەن كۆپ بوغۇملۇق سۆزلەرگە مۇناسىپ قوشۇمچىلار قوشۇلغاندا [i] تاۋۇشىغا ئاجىزلىنىدۇ. ئومۇمەن، تۆۋەندىكى ئەھۋاللاردا [a]، [ɛ] تاۋۇشى ئاجىزلىنىدۇ:

[a]، [ɛ] بىلەن تۈزۈلگەن بىر بوغۇملۇق سۆزلەر ۋە ئاخىرقى بوغۇمى [a]، [ɛ] تاۋۇشى بىلەن تۈزۈلگەن كۆپ بوغۇملۇق سۆزلەر

ئوچۇق بوغۇم ھالىتىدە بولسا ۋە ئۈزۈك تاۋۇش بىلەن باشلانغان قوشۇمچىلار قوشۇلغاندا، مەسىلەن:

ana+si→anisi

bala+miz→balimiz

søzlɛ+di→søzlidi

iʃlɛ+gɛn→iʃligɛn

[a]، [ɛ] بىلەن تۈزۈلگەن بىر بوغۇملۇق سۆزلەر ۋە ئاخىرقى بوغۇمى [a]، [ɛ] بىلەن تۈزۈلگەن كۆپ بوغۇملۇق سۆزلەر يېپىق بوغۇم ھالىتىدە بولسا ۋە سوزۇق تاۋۇش بىلەن باشلانغان قوشۇمچىلار قوشۇلغاندا، مەسىلەن:

nan+i→neni， dʒan+i→dʒeni

gɛp+i→gepi， kɛl+imiz→kelimiz

balilar+im→balilirim

gyllɛr+im→gyllirim

paraŋlaʃ+iʃ→paraŋliʃiʃ

adɛtlɛn+ɛj→adɛtlinɛj

بۇنداق ئاجىزلىشىشنىڭ ھەممە تۈرى يېزىقتا ئەكس ئەتتۈرۈلىدۇ.

[a]، [ɛ] تاۋۇشىنىڭ [i] غا ئاجىزلىشىشى سۆزلەرگە قوشۇمچىلار ئۇلانغاندىلا يۈز بېرىپ قالماستىن، يەنە بىرىككەن سۆز، جۈپ سۆز ۋە سۆز بىرىكمىلىرى تەركىبىدىمۇ يۈز بېرىدۇ. يەنى، بىرىككەن سۆز، جۈپ سۆز ۋە سۆز بىرىكمىلىرىنىڭ ئالدىنقى تەركىبىنىڭ ئاخىرقى بوغۇمى [a] ياكى [ɛ] تاۋۇشىدىن تۈزۈلگەن بولسا، ئۇلارغا كېيىنكى تەركىب قوشۇلغاندا، ئالدىنقى تەركىبىنىڭ ئاخىرقى بوغۇمى ئوچۇق بوغۇم ھالىتىدە قالسىلا، مەزكۇر بوغۇمدىكى [a] ياكى [ɛ] تاۋۇشى [i] غا ئاجىزلىشىدۇ. بۇخىل ئاجىزلىشىشتىن جۈپ سۆز، سۆز بىرىكمىلىرى بىرىككەن سۆزلەردىن يەر ـ جاي ناملىرى، كىشى ئىسىملىرىدىكى ئاجىزلىشىش يېزىقتا ئەكس ئەتتۈرۈلمەيدۇ، باشقا تۈردىكى بىرىككەن سۆزلەردىكى ئاجىزلىشىش يېزىقتا ئەكس ئەتتۈرۈلىدۇ. مەسىلەن:

| جانلىق تىلدا | يېزىقتا |
| --- | --- |
| qarimaj | قاراماي |
| maziraldi | مازار ئالدى (يەر نامى) |
| ømiraχun | ئۆمەر ئاخۇن |
| sowʁisalam | سوۋغا - سالام |
| anitil | ئانا تىل |
| altikiʃi | ئالتە كىشى |
| qamtʃigyl | قامچىگۈل |

تۆۋەندىكى ئەھۋاللاردا [a] ياكى [ɛ] تاۋۇشى ئاجىزلاشمايدۇ .

[a] ياكى [ɛ] بىلەن تۈزۈلگەن بىر بوغۇملۇق سۆزلەر ۋە ئاخىرقى بوغۇمى [a] ياكى [ɛ] تاۋۇشى بىلەن تۈزۈلگەن سۆزلەر يېپىق بوغۇم ھالىتىدە بولسا ۋە ئۈزۈك تاۋۇشلار بىلەن باشلانغان قوشۇمچىلار قوشۇلغاندا :

san＋ʁa→sanʁa， mɛn＋din→mɛndin

bar＋ʁan→barʁan， gyzɛl＋lik→gyzɛllik

[a] تاۋۇشىدىن تۈزۈلگەن يېپىق بىر بوغۇملۇق پېئىللارغا قوشۇمچە قوشۇلغاندا [a] تاۋۇشى بىلەن باشلانغان قوشۇمچىلار قوشۇلغاندا ؛ [a] ياكى [ɛ] تاۋۇشى بىلەن ئاخىرلاشقان بىر بوغۇملۇق ياكى كۆپ بوغۇملۇق پېئىللارغا [a] ياكى [ɛ] تاۋۇشىدىن تۈزۈلگەن ياكى [a] ، ياكى [ɛ] بىلەن باشلانغان قوشۇمچىلار قوشۇلغاندا ، مەسىلەن :

bar＋aj→baraj jaz＋a＋dur＋ʁan→jazidiʁan

bar＋armiz→bararmiz

barattim→barattim

jaz＋alajdu→jazalajdu

jaz＋ɛ→jazɛ

dɛ＋watimɛn→dɛwatimɛn

sana＋watqan→sanawatqan

køzlɛ＋watimɛn→køzlɛwatimɛn

søzlɛ＋wɛr→søzlɛwɛr

### ئۈزۈك تاۋۇشلارنىڭ ئاجىزلىشىشى

ئۈزۈك تاۋۇشلارنىڭ ئاجىزلىشىشى توسقۇنلۇق كۈچى كۈچلۈكرەك بولغان ئۈزۈك تاۋۇشلارنىڭ توسقۇنلۇق كۈچى ئاجىزراق بولغان تاۋۇشلارغا ئايلىنىشىغا قارىتىلغان. توسقۇنلۇق كۈچى كۈچلۈكرەك تاۋۇشلار پارتلىغۇچى تاۋۇشلار، جاراڭسىز تاۋۇشلار، توسقۇنلۇق كۈچى ئاجىز تاۋۇشلار سىيرىلاڭغۇ تاۋۇشلار، جاراڭلىق تاۋۇشلاردۇر. شۇڭا، پارتلىغۇچى تاۋۇشلارنىڭ پارتلىغۇچى - سىيرىلاڭغۇ تاۋۇشلارغا ياكى سىيرىلاڭغۇ تاۋۇشلارغا، پارتلىغۇچى سىيرىلاڭغۇ تاۋۇشلارنىڭ سىيرىلاڭغۇ تاۋۇشلارغا، جاراڭسىز ئۈزۈك تاۋۇشلارنىڭ جاراڭلىق ئۈزۈك تاۋۇشلارغا ئايلىنىشى ئۈزۈك تاۋۇشلارنىڭ ئاجىزلىشىشى ھېسابلىنىدۇ.

ئۇيغۇر تىلىدا پارتلىغۇچى ئۈزۈك تاۋۇش [q] بىلەن ئاخىرلاشقان سۆزلەرگە [q] دىن باشقا ئۈزۈك تاۋۇش بىلەن باشلانغان تەركىبلەر ئۇلانغاندا [q] تاۋۇشى سىيرىلاڭغۇ ئۈزۈك تاۋۇش [χ] غا، بەزىدە [ʁ] تاۋۇشىغا، [k] تاۋۇشى [ʁ] تاۋۇشىغا، [p] تاۋۇشى [w] تاۋۇشىغا؛ [dʒ] تاۋۇشى [ʒ] تاۋۇشىغا، [tʃ] تاۋۇشى [ʃ] تاۋۇشىغا ئاجىزلىشىدۇ. مەسىلەن:

| يېزىقتا | تەلەپپۇزدا |
|---|---|
| توقلا- | toχla— |
| ئاقسۇ | aχsu |
| ئاقساراي | aχsaraj |
| ياتىقى | jatiʁi |
| قاندىقى | qandiʁi |
| غەزىپى | ʁɛziwi |
| كاتىپى | katiwi |

| | |
|---|---|
| خەجلە- | xɛʒlɛ— |
| مەجبۇر | mɛʒbur |
| چاچ | tʃaʃ |
| ئاچپاقا | aʃpaqa |

### 3 . چۈشۈپ قېلىش ھادىسىسى

نۇتۇقتا سۆزلەر ئايرىم ياكى تۇرلەنگەن شەكىلدە تەلەپپۇز قىلىنغاندا ، تەلەپپۇز قىلىنىشقا تېگىشلىك بەزى تاۋۇشلار ، بەزى بوغۇملارنىڭ ئېيتىلماي قېلىشىدىن ئىبارەت فونېتىكىلىق ھادىسە تاۋۇشلارنىڭ چۈشۈپ قېلىشى ، دەپ ئاتىلىدۇ . تاۋۇشلارنىڭ چۈشۈپ قېلىشى سوزۇق تاۋۇشلاردىمۇ ، ئۈزۈك تاۋۇشلاردىمۇ ، ھەتتا بوغۇملاردىمۇ كۆرۈلىدۇ . سوزۇق تاۋۇشلاردا [i] ، [u] تاۋۇشلىرى ، ئۈزۈك تاۋۇشلاردا [r] ، [l] ، [h] ، [t] تاۋۇشلىرى بوغۇملاردىن «لى» «لۇ» «ۋۇ» بوغۇملىرى چۈشۈپ قالىدۇ . مەسىلەن :

| يېزىقتا | جانلىق تىلدا |
|---|---|
| ئىسمىم | isim+im→ismim |
| ئۆمرۈم | ømyr+ym→ømrym |
| ئوغلۇم | oʁul+um→oʁlum |
| ئادەممىدى | adɛm+mu+idi→adɛmmidi |
| ئوقۇشمىكەن | oquʃ+mu+ikɛn→oquʃmikɛn |
| قار ، قاردەك | qa:،qa:dɛk |
| كۆكەر . | køkɛ: |
| يارما | ja:ma |
| ۋارقىرا. | wa:qira |
| گۆركىرە. | gy:kirɛ |

| | |
|---|---|
| balila: | باللار |
| beriwɛ: | بېرىۋەر |
| sa:ʁin | سالغىن |
| tʃa:sun | چالسۇن |
| sija: | سىياھ |
| padiʃa: | پادشاھ |
| dos | دوست |
| ras | راست |
| muʃ | مۇشت |
| epqoj | ئېلىپ قوي |
| keptur | كېلىپ تۇر |
| eptikɛnmɛn | ئېلىپتىكەنمەن |
| a:ni/ma:ni | ئاۋۇنى / ماۋۇنى |

### 4 . كۆپىيىپ قېلىش ھادىسىسى

ئۇتۇقتا بىر قىسىم سۆزلەر ئايرىم تەلەپپۇز قىلىنغاندا ياكى تۈرلەنگەندە ، ئەسلىدە يوق بەزى تاۋۇشلار قوشۇلۇپ پەيدا بولۇپ قالىدۇ . بۇ خىل فونېتىكىلىق ھادىسە تاۋۇشلارنىڭ قوشۇلۇپ قېلىشى ، دەپ ئاتىلىدۇ . تاۋۇشلارنىڭ قوشۇلۇپ قېلىشى سوزۇق تاۋۇشلاردىمۇ ، ئۈزۈك تاۋۇشلاردىمۇ كۆرۈلىدۇ . بۇخىل ھادىسە ئۇيغۇر تىلىغا خاس سۆزلەردە ئازراق ، كىرمە سۆزلەردە كۆپرەك كۆرۈلىدۇ . بوغۇم بېشىدا ئىككى ئۈزۈك تاۋۇش كەلگەن كىرمە سۆزلەرگە تەلەپپۇزنى راۋانلاشتۇرۇش يۈزىسىدىن [i] ياكى [u] تاۋۇشى قوشۇلۇپ قالىدۇ . مەسىلەن :

يېزىقتا تەلەپپۇزدا

| | |
|---|---|
| (i)staʒ | ستاژ |
| (i)ʃtab | شتاب |
| g(u)lubus | گلوبۇس |
| pilan | پ(ى)لان |
| guruppa | گ (ۇ) رۇپپا |
| ing(i)liz | ئىنگلىز |
| ping(i)win | پىنگۋىن |
| bɛx(i)t | بەخت |
| xul(u)q | خۇلق |
| xɛl(i)q | خەلق |

ئۇيغۇر تىلىغا خاس بىر قىسىم ئىككى ئۇزۇك تاۋۇش بىلەن ئاخىر-
لاشقان بىر بوغۇملۇق سۆزلەر ۋە ئۇزۇك تاۋۇش بىلەن ئاخىرلاشقان
سۈپەتلەرگە سېلىشتۇرما دەرىجە قوشۇمچىسى - راق / -رەك قوشۇمچىسى
قوشۇلغاندا، [i]، [u] ياكى [y] تاۋۇشى قوشۇلۇپ قالىدۇ. مەسىلەن:

| تەلەپپۇزدا | يېزىقتا |
|---|---|
| tur(u)q | تۇرق |
| tur(y)k | تۈرك |
| tin(i)tʃ | تىنچ |
| az(i)raq | ئازراق |
| kitʃik(i)rɛk | كىچىكرەك |

ئۇيغۇر تىلىدا بىر قىسىم ئۇچۇق بوغۇملۇق ئىسىملارغا سوزۇق

تاۋۇش بىلەن باشلانغان قوشۇمچىلار قوشۇلغاندا، «دە-»، «يە-»، «يۇ-» دېگەن پېئىللارغا، [h] تاۋۇشى چۈشۈپ قېلىش سەۋەبلىك بىر [j] تاۋۇشى قوشۇلۇپ قالىدۇ. رەۋىش ياسىغۇچى قوشۇمچە «-دە» بەزى تەقلىد سۆزلەرگە قوشۇلۇپ ھالەت رەۋىشلىرىنى ياسىغاندا، شۇ تەقلىد سۆزنىڭ ئاخىرىدىكى ئۈزۈك تاۋۇش تەكرارلىنىدۇ. مەسىلەن:

imza(j)im, muddia(j)im, polo(j)um

imla(j)imiz, toxo(j)um

dɛ→de(j)iʃ, de(j)il, jɛ→je(j)il, je(j)iʃ

ju→ju(j)uʃ, ju(j)un, ju(j)up, ju(j)aj

guna→guna(j)im, pana→pana(j)im

gyp(p)idɛ, taq(q)idɛ, taŋ(ŋ)idɛ

【مۇھاكىمە سوئاللىرى】

1. ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى نۇتۇق ئېقىمىدىكى تاۋۇش ئۆزگىرىشلىرىنىڭ كونكرېت تۈرلىرى قايسىلار؟

2. ئاسسىمىلياتسىيە دېگەن نېمە؟ ئۇ قانداق ئۆلچەملەر بىلەن قانداق تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ؟

3. ئاجىزلىشىش دېگەن نېمە؟ ئۇنىڭ قانداق تۈرلىرى بار؟

4. تاۋۇشلارنىڭ چۈشۈپ قېلىشى دېگەن نېمە؟

5. كۆپىيىپ قېلىشنىڭ شەرتلىرى قايسىلار؟

## §5. ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ تەلەپپۇز قائىدىسى

### 1. تەلەپپۇز قائىدىسى ۋە ئۇنىڭ رولى

ئەدەبىي تىلنىڭ دىئالېكتلاردىن پەرقلىنىپ تۇرىدىغان مۇھىم ...

ھەدىلىكى شۇكى، ئەدەبىي تىل مەلۇم بىر دىئالېكتنى يېتەكچى قىلىپ، ئىلمىي يوسۇندا قېلىپلاشتۇرۇلغان بولىدۇ. ئەدەبىي تىلنى قېلىپلاشتۇرۇش بىر تىلنىڭ ئاغزاكى شەكلى بىلەن يېزىق شەكلىنى قېلىپلاشتۇرۇشتىن ئىبارەت ئىككى تەرەپنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئىملا قائىدىسى بىر تىلنىڭ يېزىق شەكلىنى قېلىپلاشتۇرۇش ئۈچۈن تۈزۈلسە، تەلەپپۇز قائىدىسى بىر تىلنىڭ ئاغزاكى شەكلىنى قېلىپلاشتۇرۇش ئۈچۈن تۈزۈلىدۇ. تىلدا ئالاقە شارائىتىنىڭ ۋە ئۇسۇلىنىڭ ئوخشاش بولماسلىقى تىلنى بۇ ئىككى جەھەتتىن قېلىپلاشتۇرۇشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى بەلگىلىگەن.

ئېغىز تىلى شەكلىنى قېلىپلاشتۇرۇش مەلۇم بىر تىلنىڭ سۆز-ئىبارىلىرىنى، گراماتىكىلىق شەكىللىرىنى ۋە جۈملىدىكى باغلىنىشلارنى توغرا تەلەپپۇز قىلىش نورمىلىرىنىڭ بېكىتىلگەنلىكىدە، يەنى تەلەپپۇز قائىدىسىدە كونكرېت ئىپادىلىنىدۇ.

مەلۇم بىر ئەدەبىي تىل ئارقىلىق ئالاقە قىلىدىغان كىشىلەرنىڭ توغرا تەلەپپۇز قىلىشىنى تەمىن ئېتىدىغان ۋە ئۇلارنىڭ ئاغزاكى نۇتۇقتا ئورتاق ئەمەل قىلىشى زۆرۈر بولغان قائىدىلەر سىستېمىسى تەلەپپۇز قائىدىسى، دېيىلىدۇ. تەلەپپۇز قائىدىسى ئادەتتە «توغرا سۆزلەش قائىدىسى»، دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ تەلەپپۇز قائىدىسى ئۇيغۇر تىلىنى توغرا سۆزلەش، ئۆلچەملىك تەلەپپۇز قىلىش قائىدىسى، دېگەنلىكتۇر، يەنى ئۇيغۇر تىلىدا سۆزلىشىدىغان كىشىلەرنىڭ توغرا تەلەپپۇز قىلىشىنى تەمىن ئېتىدىغان ۋە ئۇلارنىڭ ئاغزاكى نۇتۇقتا ئورتاق ئەمەل قىلىشى زۆرۈر بولغان قائىدىلەر سىستېمىسىدۇر.

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ تەلەپپۇز قائىدىسى (لايىھە) 1987 - يىلى ئېلان قىلىنغان، 1997 - يىلى تۈزىتىلىپ، تولۇقلىنىپ ئىملا قائىدىسى بىلەن بىرلەشتۈرۈلگەن ھالدا رەسمىي ئېلان قىلىنغان. ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ تەلەپپۇز قائىدىسى ئۈرۈمچى تەلەپپۇزنى ئاساس قىلىپ تۈزۈلگەن. چۈنكى، بىرىنچىدىن،

ئۈرۈمچى شەھىرى مەركىزى دىئالېكتقا تەۋە بولۇپ، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ شەكىللىنىشىدە مۇھىم رول ئوينىغان شېۋىلەرنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ. ئىككىنچىدىن، 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن ئېتىبارەن ئۇيغۇر زىيالىيلىرىنىڭ ئۈرۈمچى رايونىغا توپلىنىشى ئارقىلىق ھەرقايسى يەرلىك دىئالېكت ۋە شېۋىلەرنىڭ مۇۋاپىق ئالاھىدىلىكلىرى يىغىنچاقلىنىپ، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي جانلىق تىلىغا ۋەكىللىك قىلالايدىغان بىر تەلەپپۇز ئادىتى شەكىللەنگەن. ئۈچىنچىدىن، ئۈرۈمچى يېقىنقى بىر ئەسىردىن بۇيان ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە پەن ـ مەدەنىيەت مەركىزى بولۇپ كەلدى. بولۇپمۇ، كېيىنكى يېرىم ئەسىردىن ئېتىبارەن بۇ رايوندا مەدەنىيەت ـ مائارىپ ئىشلىرى كۈنسايىن گۈللىنىپ، كىنو، تىياتىر، رادىئو ـ تېلېۋىزىيە ۋە نەشرىياتچىلىق ئىشلىرى جۇش ئۇرۇپ راۋاجلاندى، ھەر دەرىجىلىك مەكتەپ ۋە پەن تەتقىقات ئورۇنلىرى ھەسسىلەپ كۆپەيدى. مانا بۇ تارىخىي ۋە ئىجتىمائىي شەرت ـ شارائىتلار ئۈرۈمچى تەلەپپۇزىنى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ ئۆلچەملىك تەلەپپۇزى بولۇش سالاھىيىتىگە ئىگە قىلغان. ئۆلچەملىك تەلەپپۇز بېكىتىلگەندىن كېيىن، شۇ ئاساستا ئەدەبىي تەلەپپۇزنى تېخىمۇ قېلىپلاشتۇرۇپ ۋە ئومۇملاشتۇرۇپ، دىئالېكتلار ئوتتۇرىسىدىكى پەرقلەرنى ئازايتقىلى بولىدۇ.

تەلەپپۇز قائىدىسى ئەدەبىي تىل ئۆلچەملىرىنىڭ كەم بولسا بولمايدىغان مۇھىم بىر تەركىبىي قىسمى. مۇكەممەل بولغان تەلەپپۇز قائىدىسى ئەدەبىي تەلەپپۇز قائىدىلىرىگە مۇۋاپىق كەلمىگەن ئايرىم خۇسۇسىي ھادىسىلەردىن، يەرلىك دىئالېكت ياكى شېۋىگە خاس ئامىللاردىن خالىي بولغان ھالدا تۈزۈلىدۇ ۋە ئەدەبىي تىلنىڭ ئاغزاكى شەكلىنى مەلۇم بىر ئۆلچەملىك تەلەپپۇز ئاساسىدا تېخىمۇ بىرلىككە كەلتۈرۈش ۋە قېلىپلاشتۇرۇش ۋەزىپىسىنى ئۆتەيدۇ. شۇڭا، تەلەپپۇز قائىدىسىنى ئومۇملاشتۇرۇش ئەدەبىي تىلىمىزنى قېلىپلاشتۇرۇش، مىللىتىمىزنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈشتە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

## 2. تەلەپپۇز قائىدىسىنى تۈزۈشتىكى پرىنسىپلار

ئورتاق ئەدەبىي تىلنى قېلىپلاشتۇرۇش شۇ تىلنىڭ ئىملاسى بىلەن تەلەپپۇزىنى قېلىپلاشتۇرۇشتىن ئىبارەت ئىككى تەرەپنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مەلۇم بىر تىلنىڭ ئاغزاكى شەكلىنى قېلىپلاشتۇرۇشتا شۇ تىلغا مۇۋاپىق كېلىدىغان تەلەپپۇز قائىدىسىنى تۈزۈپ چىقىش زۆرۈر. تەلەپپۇز قائىدىسىمۇ بەلگىلىك پرىنسىپنىڭ يېتەكچىلىكىدە تۈزۈلىدۇ. ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ تەلەپپۇز قائىدىسىنى تۈزۈشتە تۆۋەندىكىدەك پرىنسىپلار ئاساس قىلىنغان:

1) ئومۇمىي جەھەتتىن ئەدەبىي تەلەپپۇزنىڭ يېزىق تىلى نورمىلىرىنى ئۆلچەم قىلىشى، يەنى يېزىق تىلى بىلەن بىردەك بولۇشىنى تەكىتلەش. گەرچە ئەدەبىي يېزىق تىلى جانلىق تىل ئاساسىدا شەكىللەنگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇ شەكىللىنىپ بولغاندىن كېيىن، يېزىقنىڭ چەكلەش رولى ئارقىلىق جانلىق تىلغا تەسىر كۆرسىتىدۇ ۋە ئۇنىڭ نورمىلىرىنىڭ بىر قېلىپقا چۈشۈشى ئۈچۈن تۈرتكىلىك رول ئوينايدۇ. ئەگەر ئىملا قائىدىسى بىلەن تەلەپپۇز قائىدىسىنىڭ بىردەك بولۇشى تەكىتلەنمىسە، ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى پەرق چوڭىيىپ كېتىپ، ئوقۇش-ئوقۇتۇش، ساۋات چىقىرىش ئىشلىرىغا، ئومۇمەن، ئىجتىمائىي ئالاقىدە مەلۇم قىيىنچىلىقلارنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. بۇ نۇقتىدىن ئالغاندا، ئەدەبىي تەلەپپۇزنىڭ ئىملا قائىدىسى بىلەن بىر خىلدا بولۇشىنى تەكىتلەش مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

2) ئايرىم ئەھۋاللاردا جانلىق تىلنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكىگىمۇ ئېتىبار بېرىش. مەلۇم جەھەتتىن ئالغاندا، جانلىق تىلمۇ ئۆزىگە خاس بەزى ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە بولىدۇ. يەنى، كونكرېت ئالاقە شارائىتىدا، يېزىقتا مەلۇم بەلگىلەر بىلەن ئىپادىلەنمەيدىغان ياكى ئىپادىلەنسىمۇ تەلەپپۇزدىكى راۋانلىق ۋە ئاسانلىقنى قوغلىشىش زۆرۈرىيىتىدىن يېزىلغىنى بىلەن ئوخشىمايدىغان تەلەپپۇز قىلىنىدىغان فونېتىكىلىق ھادىسىلەرمۇ بولىدۇ. بۇ خىل ئەھۋاللارغا قائىدە بېكىتىشتە، يېزىق تىلى بىلەن ئوخشاش بولۇشنى تەلەپ قىلغىلى بولمايدۇ. ئەگەر ئۇنداق

قىلىنسا، جانلىق تىلنىڭ سىلىقلىقى ۋە يېقىملىقلىقىغا تەسىر يېتىدۇ.

دېمەك، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ تەلەپپۇزىغا ئائىت قائىدىلەرنى بېكىتىشتە، يەنىلا مۇشۇ بىر دەۋرنىڭ فونېتىكىلىق ئالاھىدىلىكى بىلەن نىسپىي مۇقىملىق كۆزدە تۇتۇلغان. ئۇيغۇر تىلى دىئالېكتلىرى ئارا پەرقلىق بولغان، لېكىن يېزىق تىلى ئۆلچىمى بويىچە تەلەپپۇز قىلىنىسمۇ، نۇتۇقنىڭ راۋانلىقى ۋە يېقىملىق بولۇشىغا تەسىر كۆرسەتمەيدىغان فونېتىكىلىق ھادىسىلەردە يېزىق تىلى ئۆلچىمى ئاساس قىلىنغان. مەسىلەن: «ق، ك، پ» تاۋۇشلىرىنىڭ ئىككى سوزۇق تاۋۇش ئارىلىقىدا «غ، گ، ۋ» تاۋۇشلىرىغا نۆۋەتلەشتۇرۇلمەي، يېزىلىشى بويىچە تەلەپپۇز قىلىنىشىغا ئوخشاش. ھەرقايسى دىئالېكتلاردا ئوخشاش كۆرۈلىدىغان، نۇتۇق ئېقىمىدا فونېمىلارنىڭ بىرىكىشىدىن ھاسىل بولىدىغان تەبىئىي فونېتىكىلىق ھادىسىلەردە يېزىق تىلى ئۆلچىمى ئاساس قىلىنماي، جانلىق تىلنىڭ ئالاھىدىلىكى نەزەرگە ئېلىنغان. مەسىلەن: تەلەپپۇزدا بوغۇم ئاخىرىدىكى پارتلىغۇچى ياكى پارتلىغۇچى سىيرىلاڭغۇ تاۋۇشلارنىڭ سىيرىلاڭغۇ تاۋۇشلارغا نۆۋەتلىشىشى، كەڭ (تۆۋەن) سوزۇق تاۋۇشلاردىن كېيىن بوغۇم ئاخىرى بولۇپ كەلگەن «ر، ل» تاۋۇشلىرىنىڭ تەلەپپۇزدا چۈشۈپ قېلىشى قاتارلىقلارغا ئوخشاش.

### 3. تەلەپپۇز قائىدىسىنىڭ مەزمۇنى

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ تەلەپپۇز قائىدىسى سوزۇق ۋە ئۈزۈك تاۋۇش فونېمىلىرىنىڭ نۇتۇق ئېقىمىدا كۆرۈلىدىغان ئۆزگىرىش ھادىسىلىرىنىڭ تەلەپپۇزدا ئىپادىلىنىش ئەھۋاللىرى؛ كىشى ئىسىملىرىنىڭ تەلەپپۇزى؛ بىرىككەن سۆز ياكى بىرىكىپ ئوقۇلۇشى مۇقىم بولغان سۆز بىرىكمىلىرىدە كۆرۈلىدىغان بوغۇم تەۋەلىكىدىكى ئۆزگىرىشنىڭ تەلەپپۇزدا ئىپادىلىنىش مەسىلىسى؛ چەت ئەل تىللىرىدىن قوبۇل قىلىنغان سۆزلەر تەلەپپۇزى؛ قىسقارتىلما سۆزلەرنى قانداق تەلەپپۇز قىلىش مەسىلىسى ھەم ئۇرغۇ، ئىنتوناتسىيە قاتارلىق مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

## I فونېمىلارنىڭ نۇتۇق ئېقىمىدىكى تەلەپپۇزى

### 1 . سوزۇق تاۋۇش فونېمىلىرىنىڭ تەلەپپۇزى

1) سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ سوزۇپ تەلەپپۇز قىلىنىشى

(1) بىر قىسىم ئەرەب - پارس تىللىرىدىن كىرگەن سۆزلەرنىڭ ئوچۇق بوغۇملىرىدىكى بىرلەمچى ئۇزۇن سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ تىلىمىزدا ساقلانغان سوزۇلمىلىقى تەلەپپۇزدا ئىپادىلىنىدۇ . مەسىلەن :

| ئىملاسى | تەلەپپۇزى |
|---|---|
| ئادەم | a:dɛm |
| نالە | na:lɛ |
| ئىشانە | ia:nɛ |

(2) كەينىدىكى تاۋۇش ئېلېمېنتلىرىنىڭ چۈشۈپ قېلىشى بىلەن ئوچۇق بوغۇم ھالىتىدە قالغان سوزۇق تاۋۇشلاردا ھاسىل بولغان ئىككىلەمچى ئۇزۇن سوزۇق تاۋۇشلارمۇ تەلەپپۇزدا ئىپادىلىنىدۇ . مەسىلەن :

| ئىملاسى | تەلەپپۇزى | ئىملاسى | تەلەپپۇزى |
|---|---|---|---|
| ئاموت<ئارمۇت | a:mut | چۇقان<چۇۋقان | tʃu:qan |
| ئەتە<ئەرتە | ɛ:tɛ | بازارغا | baza:ʁa |
| زەپەر<زەپەر | zɛ:pɛr | بازارلارغا | baza:la:ʁa |
| ئېتىراپ<ئېتىتراپ | e:tirap | ئالغان | a:ʁan |
| ئۆردەك | ø:dɛk | ئالالمىغان | ala:miʁan |

(3) بەزى سۆزلەردىكى پەس سوزۇق تاۋۇشلار ئۆزىدىن كېيىن كەلگەن تاۋۇش ئېلېمېنتلىرىنىڭ كېيىنكى بوغۇمغا ئۆتۈشى بىلەن ئو- چۇق بوغۇم ھالىتىدە قالسا ھەمدە ئۇرغۇسىنى يوقاتمىسا ، سەل سوزۇ-

لۇپ تەلەپپۇز قىلىنىدۇ. مەسىلەن:

| ئىملاسى | تەلەپپۇزى | ئىملاسى | تەلەپپۇزى |
|---|---|---|---|
| سان - سانى | san — saːni | چەم - چەمى | tʃɛ — tʃɛːmi |
| ھال - ھالى | hal — haːli | گۇمان - گۇمانى | guman — gumaːni |
| يال - يالى | jal — jaːli | | |
| تەم - تەمى | tɛm — tɛːmi | مۇنار - مۇنارى | munar — munaːri |

(4) «ئىدى، ئىكەن، ئىمىش» ياردەمچى پېئىللىرى «ئى» تاۋۇشى بىلەن ئاياغلاشقان (ئاجىزلىشىشتىن ھاسىل بولغان «ئى» نىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) تۇرغۇن سۆز ۋە تۇرغۇن سۆز ئۆزىكى ھەمدە كىشى، يەر - جاي ناملىرى بىلەن كەلگەندە قوشۇپ ئوقۇلىدۇ. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن بۇ ياردەمچى پېئىللارنىڭ بېشىدىكى «ئى» تاۋۇشى بىلەن سۆز تومۇرىنىڭ ئاخىرىدىكى سوزۇق تاۋۇش ئۆزئارا بىرىكىپ، سەل سوزۇلۇپ تەلەپپۇز قىلىنىدۇ. مەسىلەن:

| ئىملاسى | تەلەپپۇزى | ئىملاسى | تەلەپپۇزى |
|---|---|---|---|
| ئوقۇغۇچى ئىدى | oquʁutʃiːdi | بالىسى ئىكەن | balisiːken |
| ئوقۇغۇچى ئىكەن | oquʁutʃiːken | بالىسى ئىمىش | balisiːmiʃ |
| ئوقۇغۇچى ئىمىش | oquʁutʃiːmiʃ | قەلىمى ئىدى | qɛlimiːdi |
| ئالتە ئىدى | altiːdi | قەلىمى ئىكەن | qɛlimiːken |
| ئالتە ئىكەن | altiːken | قەلىمى ئىمىش | qɛlimiːmiʃ |
| ئالتە ئىمىش | altiːmiʃ | روزى ئىدى | roːziːdi |
| بالا ئىكەن | baliːken | روزى ئىكەن | roːziːken |
| بالا ئىدى | baliːdi | روزى ئىمىش | roːziːmiʃ |
| بالا ئىمىش | baliːmiʃ | غۇلجا ئىدى | ʁuldʒiːdi |
| بالىسى ئىدى | balisiːdi | غۇلجا ئىكەن | ʁuldʒiːken |

(5) ئومۇمەن، ئۆزەكنىڭ ئىككىنچى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى بوغۇملىرىدىكى «ئا» دىن ئاجىزلاشقان «ئى» تاۋۇشى قىسقا، سەل تىل كەينى، پەسرەك تەلەپپۇز قىلىنىدۇ. يەنى «bala» ، «qa:ʁa» ، «ara» ئوخشاش سۆزلەرنىڭ ئاخىرىدىكى «ئا» نىڭ «arida» ، «qa:ʁila:» ، «baliʁa» قىلىپ تۈرلەنگەندىكى ئەمەلىي تەلەپپۇزىغا ئوخشاش.

(6) ئومۇمەن، ئۆزەكنىڭ ئىككىنچى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى بوغۇملىرىدىكى «ئە» دىن ئاجىزلاشقان «ئى» تاۋۇشى قىسقا ۋە پەسرەك تەلەپپۇز قىلىنىدۇ، «غ، ق، خ» ئۈزۈك تاۋۇشلىرىغا يانداش كەلگەندە بولسا، قىسقا، سەل تىل كەينى، تۆۋەنرەك تەلەپپۇز قىلىنىدۇ. مەسىلەن: «ɛ:tɛ ، jølɛ ، qɛʁɛz ، dɛrɛχ» ئوخشاش سۆزلەرنىڭ ئىككىنچى بوغۇمىدىكى «ئە» dɛriχigɛ، qɛ:ʁizi، jølimɛ، ɛ:tigɛ قىلىپ تۈرلەنگەندىكى ئەمەلىي تەلەپپۇزىغا ئوخشاش.

(7) ئېگىز سوزۇق تاۋۇش «ئى، ئۇ، ئۈ» لەر جاراڭسىز ئۈزۈك تاۋۇشلار ئالدىدا ياكى ئىككى جاراڭسىز ئۈزۈك تاۋۇشنىڭ ئوتتۇرىسىدا كەلسە، ئومۇمەن جاراڭسىز تەلەپپۇز قىلىنىدۇ. مەسىلەن:

| ئىملاسى | تەلەپپۇزى | ئىملاسى | تەلەپپۇزى |
|---|---|---|---|
| ئىش | i̇ʃ | ئۈچ | ẏʃ |
| پىش | pi̇ʃ | كۈچ | kẏʃ |
| ئىشىك | i̇ʃi̇k | ئۈچۈن | ẏtʃyn |
| ئۇت | u̇t | قىسقۇچ | qi̇squtʃ |
| تۇت | tu̇t | قۇشقاچ | qu̇ʃqatʃ |
| ئۇسۇل | u̇sul | كۈچلۈك | kẏʃlyk |

ئەسكەرتىش: يۇقىرىقىدەك شارائىتتا كەلسىمۇ، لوگىكىلىق ئۇرغۇ

چۈشكەن ياكى سەل سوزۇلۇپ تەلەپپۇز قىلىنىدىغان ئېگىز سوزۇق تاۋۇشلار جارائىسىزلاشمايدۇ . مەسىلەن :

| | ئىملاسى | تەلەپپۇزى | | ئىملاسى | تەلەپپۇزى |
|---|---|---|---|---|---|
| 1 | قىپقىزىل<br>سىپسىلىق<br>سۈپسۈزۈك<br>تۈپتۈز | qipqizil<br>sipsiliq<br>sypsyzyk<br>typtyz | 2 | ھەقىقەت<br>تەتقىقات<br>بوقۇسا<br>تىتاڭ (تومۇر) | ħɛqiːqɛt<br>tɛtqiːqat<br>boquːsa<br>tiːtaŋ(tomur) |

(8) «ئا» ۋە «ئە» تاۋۇشلىرى بىرىككەن سۆزدىن تەركىب تاپقان يەر - جاي ئىسىملىرى ، جۈپ سۆز ، سىزىقچە ئارقىلىق ئايرىپ يېزىلغان بىرىكمىلەر ۋە سۆز بىرىكمىلىرىنىڭ ئالدىنقى تەركىبىنىڭ ئاخىرىدا كەلسە «ئى» گە ئاجىزلىشىدۇ . مەسىلەن :

| | ئىملاسى | تەلەپپۇزى |
|---|---|---|
| 1 | قارىماي<br>ئارىساي<br>جىگدە مازار<br>تۆگەدۆڭ | qarimaj<br>arisaj<br>dʒigdimazaː<br>tøːgidøŋ |
| 2 | ئانا ـ بالا<br>ئاچا ـ سىڭىل<br>باشقا ـ باشقا<br>ئارقا ـ ئارقىدىن | ani—bala<br>aːtʃi—siŋil<br>baʃqi—baʃqa<br>arqi—arqidin |
| 3 | ئالما مۇراببىاسى<br>قورۇما كاۋاپ<br>ھازا ئاچماق | almi murabbasi<br>qorumikavap<br>azihaʃmaq |

ئەسكەرتىش : ① تۇراقلىق ئۇرغۇ چۈشكەن بوغۇملاردىكى «ئا» ۋە «ئە» تاۋۇشلىرى ئاجىزلاشمايدۇ . مەسىلەن :

(4) «-غاي، -گەي» ئارقىلىق ياسالغان تىلەك رايى فورمىلىرى ئۇلانغاندا، مەسىلەن:

| ئىملاسى | تەلەپپۇزى | ئىملاسى | تەلەپپۇزى |
|---|---|---|---|
| بولغىيدىم | boːʁijdim | كەلگىيدىم | kɛːgijdim |
| بولغىيدىڭ | boːʁijdiŋ | كەلگىيدىڭ | kɛːgijdiŋ |
| بولغىيدى | boːʁijdi | كەلگىيدى | kɛːgijdi |

(5) سۈپەتداش قوشۇمچىلىرىدىن «-غان، -گەن»، رەۋىشداش قوشۇمچىلىرىدىن جارائلىق ئۈزۈك تاۋۇشلار بىلەن باشلانغان تۈرى «-غۇچە، -گۈچە»، «-غاچقا، -گەچكە»، «-غىلى، -گىلى»، «-غاچ، -گەچ» ۋە مەقسەت پېئىلى قوشۇمچىسى «-ماقچى، -مەكچى» لەر قوشۇلغاندا، مەسىلەن:

| | ئىملاسى | تەلەپپۇزى | | ئىملاسى | تەلەپپۇزى | | ئىملاسى | تەلەپپۇزى |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1 | چالغان | tʃaːʁan | 2 | بولغۇچە | boːʁutʃɛ | 3 | بولغاچقا | boːʁaʃqa |
| | كەلگەن | kɛːgɛn | | كەلگۈچە | kɛːgytʃɛ | | كەلگەچكە | kɛːgɛtʃkɛ |
| 4 | بولغىلى | boːʁili | 5 | بولغاچ | boːʁatʃ | 6 | بولماقچى | boːmaqtʃi |
| | كەلگىلى | kɛːgili | | كەلگەچ | kɛːgɛtʃ | | كەلمەكچى | kɛːmɛktʃi |

(6) ئىسىمداشلار قوشۇمچىلىرىدىن «-ماق، -مەك»، «-غۇ، -گۈ»، «-غۇچى، -گۈچى» لەر قوشۇلغاندا، مەسىلەن:

| ئىملاسى | تەلەپپۇزى | ئىملاسى | تەلەپپۇزى | ئىملاسى | تەلەپپۇزى |
|---|---|---|---|---|---|
| چالماق | tʃaːmaq | چالغۇدەك | tʃaːʁudɛk | چالغۇچىلار | tʃaːʁutʃilaː |
| كەلمەك | kɛːmɛk | كەلگۈدەك | kɛːgydɛk | كەلگۈچىلەر | kɛːgytʃilɛː |

ئەسكەرتىش: بۇ پېئىللاردىن باشقا سۆزلەر ياسالغاندا، «ل» چۈشۈرۈلمەي تەلەپپۇز قىلىنىدۇ. مەسىلەن: ئۆتنئالغۇ، كىرئالغۇ، كەلگۈسى، چالغۇ ئەسۋابلىرى دېگەندەك.

14) «ئال- ، قال- ، سال- ، چال- ، كەل- ، بول-» پېئىللىرى ئۆتكەن زامان ۋاستىلىك بايان رايى ( I ، II ، III شەخس ، بولۇش-لۇق ) فورمىسىدا كەلسە ، تەركىبىدىكى « li » ۋە « lu » چۈشۈپ قالىدۇ ۋە شۇ بويىچە تەلەپپۇز قىلىنىدۇ . پېئىلدىكى «ئا ، ئە» تاۋۇشلىرى ئاجىزلاشمايدۇ . مەسىلەن :

| ئىملاسى | تەلەپپۇزى | ئىملاسى | تەلەپپۇزى | ئىملاسى | تەلەپپۇزى |
|---|---|---|---|---|---|
| ئاپتىمەن | aptimen | كەپتىمەن | keptimen | بوپتىمەن | boptimen |
| ئاپسەن | apsen | كەپسەن | kepsen | بوپسەن | bopsen |
| ئاپتۇ | aptu | كەپتۇ | keptu | بوپتۇ | boptu |

15) «قال- ، سال- ، كەل- ، بول-» پېئىللىرى ئۆتكەن زامان ۋاستىلىك بايان رايىدا كېلىپ تۇسنى بىلدۈرسە ، ھەر ئىككى تەركىبى-دىكى « li » ، « lu » بوغۇملىرى چۈشۈپ قالىدۇ ، ئالدىنقى تەركىبىدىكى «ئا » ۋە «ئە» تاۋۇشلىرى بولسا «ئې»غا ئاجىزلىشىدۇ . مەسىلەن :

| ئىملاسى | تەلەپپۇزى |
|---|---|
| ئېلىپ ساپتىمەن | epsaptimen |
| كېلىپ قاپتىمەن | kepqaptimen |
| بولۇپ بوپتۇ | bopboptu |

كېيىنكى تەركىب رەۋىشداشلىق چېتىلما ئاددىي فورمىسىدا تۇرلە-نىپ ، ھالەت بولۇپ كەلسە ، « li » ، « lu » بوغۇملىرى چۈشۈرۈلمەيدۇ . «ئا » ، «ئە» تاۋۇشلىرى بولسا ، «ئې»غا ئاجىزلىشىدۇ ۋە شۇ بويىچە تەلەپپۇز قىلىنىدۇ . مەسىلەن :

| ئىملاسى | تەلەپپۇزى |
|---|---|
| ئېلىپ سېلىپ | epselip |
| كېلىپ قېلىپ | kepqelip |
| بولۇپ بولۇپ | bopbolup |

ئەسكەرتىش : ئەگەر يۇقىرىقىدەك شارائىتتا «ئال-» پېئىلى تۈسنى بىلدۈرۈپ كەلسە ، ھەر ئىككى تەركىبتىكى «li» ياكى «lu» بوغۇملىرى چۈشۈرۈلمەي تەلەپپۇز قىلىنىدۇ . مەسىلەن :

| ئىملاسى | تەلەپپۇزى | ئىملاسى | تەلەپپۇزى |
|---|---|---|---|
| ئېلىۋېلىپ | elivelip | بولۇۋېلىپ | boluvelip |
| كېلىۋېلىپ | kelivelip | سېلىۋېلىپ | selivelip |

## 3 . بوغۇملارنىڭ تەلەپپۇزى

1 . بىرىككەن سۆز ياكى بىرىكىپ ئوقۇلۇشى مۇقىم بولغان سۆز بىرىكمىلىرىدىكى تەركىبلەرنىڭ ئالدىنقىسى يېپىق بوغۇم بىلەن ئاياغلىشىپ ، كېيىنكىسى سوزۇق تاۋۇش بىلەن باشلانغان بولسا ، تاۋۇشلارنىڭ بوغۇم تەۋەلىكى قوشۇپ ئوقۇلغاندىكى ئۆزگىرىش بويىچە تەلەپپۇز قىلىنىدۇ . مەسىلەن :

| ئىملاسى | تەلەپپۇزى | ئىملاسى | تەلەپپۇزى |
|---|---|---|---|
| ئۈنئالغۇ | ynalgu | سوقۇر ئۈچەي | soquryt∫ej |
| تاشئېيىنەك | ta∫ejnek | ئاق ئالتۇن | aqaltun |
| يۈز ئاچقۇ | jyza∫qu | | |

2 . «ئىدى ، ئىكەن» ياردەمچى پېئىللىرى يېپىق بوغۇملۇق سۆزلەرگە ئۇلىنىپ كەلگەندىمۇ تاۋۇشلارنىڭ بوغۇم تەۋەلىكىدە ئۆزگىرىش بولىدۇ ، شۇ بويىچە تەلەپپۇز قىلىنىدۇ ، شۇ مۇناسىۋەت بىلەن سۆز ئۈزىدىكى ئوچۇق بوغۇمدا قالغان «ئا ، ئە» تاۋۇشلىرى ئاجىزلاشتۇرۇلماي ئېيتىلىدۇ . مەسىلەن :

| ئىملاسى | تەلەپپۇزى | ئىملاسى | تەلەپپۇزى |
|---|---|---|---|
| كىتاب ئىدى | kitaːbidi | بەش ئىدى | be∫idi |
| قەلەم ئىدى | qelemidi | يوق ئىدى | joqidi |
| يوغان ئىكەن | joʁaniken | بار ئىدى | bariken |
| ئۇزۇن ئىكەن | uzuniken | | |

3 . سۆز ئاخىرىدا قاتار كەلگەن ئىككى ئۈزۈك تاۋۇش ئوتتۇرىسىغا سوزۇق تاۋۇش قوشۇپ تەلەپپۇز قىلىنمايدۇ . مەسىلەن :

| تەلەپپۇزى | ئىملاسى |
|---|---|
| kent (kenit ئەمەس) | كەنت |
| bent (benit ئەمەس) | بەنت |

## 4 . كىشى ئىسىملىرىنىڭ تەلەپپۇزى

كىشى ئىسىملىرى بىرلىشى بويىچە تەلەپپۇز قىلىنىدۇ . «ئاخۇن ، ئاكا ، ئاچا ، خان ، ھەدە» قاتارلىق سۆزلەر كىشى ئىسىملىرى بىلەن قوشۇلۇپ كەلگەندە ، تاۋۇشلاردا ۋە ئۇلارنىڭ بوغۇم تەۋەلىكىدە يۈز بېرىدىغان ئۆزگىرىشلەر شۇ بويىچە تەلەپپۇز قىلىنىدۇ . مەسىلەن :

| تەلەپپۇزى | ئىملاسى | تەلەپپۇزى | ئىملاسى |
|---|---|---|---|
| zejnəpxa:tʃa | زەينەپخان ئاچا | qadira:xun | قادىر ئاخۇن |
| zejnewede | زەينەپ ھەدە | qadiraka | قادىر ئاكا |
| ta:liwa:xun | تالىپ ئاخۇن | qadira:dʒi | قادىر ھاجى |
| jysypaka | يۈسۈپ ئاكا | | |

## 5 . باشقا تىللاردىن قوبۇل قىلىنغان سۆزلەرنىڭ تەلەپپۇزى

1) خەنزۇ تىلىدىن قوبۇل قىلىنغان سۆزلەرنىڭ شېڭمۇ ۋە يۈنمۇلىرىنىڭ «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ ئىملا قائىدىسى» دە بەلگىلەنگەن يېزىلىشىدىن پەرقلىق تەلەپپۇز قىلىنىدىغان نۇقتىلىرى تۆۋەندىكىچە :

(1) تاق يۈنمۇ «i» شېڭمۇ «z ، s» لار بىلەن بوغۇم ياسىغاندا ، تىل ئۇچى تەلەپپۇز قىلىنىدۇ . يەنى ، ئۇيغۇر تىلىدىكى « simap سىماپ» سۆزىدىكى «i» نىڭ ئەمەلىي تەلەپپۇزىغا يېقىن كېلىدۇ .

(2) سۆز ئاخىرىدا كەلگەن تاق يۈنمۇ «u ، i» لار ئاجىزلاشماي ،

ئۆزىنىڭ فونېتىكىلىق مىقدارىنى تولۇق ساقلايدۇ ۋە سۆزگە قوشۇمچە ئۇلانغاندا، سەل سوزۇلۇپ تەلەپپۇز قىلىنىدۇ. مەسىلەن:

| ئىملاسى | تەلەپپۇزى | ئىملاسى | تەلەپپۇزى |
|---|---|---|---|
| شۇجى | ʃudʒi | زۇڭلى | zuŋli |
| شۇجىلار | ʃudʒila: | زۇڭلىسى | zuŋli:si |
| جۇڭيى | dʒuŋji | داۋلى | davli |
| جۇڭيىغا | dʒuŋji:ʁa | داۋلىلىق | davli:liq |

(3) «en» ئاق يۈنمۈ بولۇپ كەلگەندە ياكى قوشما يۈنمۈلار تەركىبىدە كەلگەندە (يەنى «e، en، ei» يۈنمۈلىرىدا) ئۇيغۇر تىلىدىكى «e»دىن سەل پەس ۋە تىل ئوتتۇرىسى تەلەپپۇز قىلىنىدۇ. مەسىلەن:

| ئىملاسى | تەلەپپۇزى | ئىملاسى | تەلەپپۇزى |
|---|---|---|---|
| جۇ دې | dʒu de | پىڭ جېن | peŋ dʒen |
| جۇ ئېنلەي | dʒu enlɛj | شېنجېن | ʃendʒen |
| دېڭ شياۋپىڭ | deŋ ʃjaopiŋ | | |

(4) قوشما يۈنمۈلار تەركىبىدىكى ئۆتكۈنچى سوزۇق تاۋۇشلار (ئۇيغۇر يېزىقىدا «ي» بىلەن ئىپادىلىنىۋاتقان «ي» تاۋۇشىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) ئاساسىي سوزۇق تاۋۇش بىلەن بىر بوغۇم قىلىپ تەلەپپۇز قىلىنىدۇ. مەسىلەن:

| ئىملاسى | تەلەپپۇزى |
|---|---|
| جۇڭخۇا | (ئەمەس dʒuŋ—xu—a) dʒuŋxua |
| گۇاڭدۇڭ | (ئەمەس gu—aŋ—duŋ) guaŋduŋ |
| تيەنئەنمېن | (ئەمەس ti—jen—en—men) tianenmen |
| يۈەن | (ئەمەس jy—en) jyan |

2) رۇس تىلى ۋە رۇس تىلى ئارقىلىق ھىندى - ياۋروپا تىللىرىدىن كىرگەن سۆزلەرنىڭ «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ ئىملا قائىدىسى»دە بېكىتىلگەن يېزىلىشىدىن پەرقلىق تەلەپپۇز قىلىنىدىغان نۇقتىلىرى تۆۋەندىكىچە:

(1) سۆز بېشىدا ياكى ئاخىرىدا قاتار كەلگەن ئىككى ئۈزۈك تاۋۇش ئىككى بوغۇمغا تەۋە قىلىپ تەلەپپۇز قىلىنمايدۇ . مەسىلەن :

(1) traktor ( ti—rak—tor ئەمەس)

drama ( di—ra—ma ئەمەس)

(2) proletar ( pi—ro—le—tar ئەمەس)

awangart ( a—wan—gi—rat ئەمەس)

semont ( se—mo—nit ئەمەس)

• (2) بوغۇم بېشىدىكى جاراڭسىز ئۈزۈك تاۋۇش ئالدىغا ياكى ئىككى جاراڭسىز ئۈزۈك تاۋۇش ئوتتۇرىسىغا قوشۇلغان ئېگىز سوزۇق تاۋۇشلار جاراڭسىزلىشىدۇ ۋە شۇ بويىچە تەلەپپۇز قىلىنىدۇ ، ئەسلىدە بار ئېگىز سوزۇق تاۋۇشلار بولسا جاراڭسىزلاشمايدۇ . مەسىلەن :

(1) istil， istrategijɛ， pisi:xologijɛ

(2) sistea， takti:ka

(3) سۆز ئاخىرىدىكى « v» تاۋۇشى (يەنى ئىملادا « v» بىلەن يېزىلغانلىرى ) « f» تەلەپپۇز قىلىنىدۇ . مەسىلەن :

| تەلەپپۇزى | ئىملاسى |
|---|---|
| kijef | كىيېۋ |
| kijefqa | كىيېۋقا |

(4) سۆز تەركىبىدە قاتار كەلگەن ئىككى سوزۇق تاۋۇشنىڭ ئاۋۋالقىسى « e» بولسا ، « i» تەلەپپۇز قىلىنىدۇ . شۇ ئاساستا قاتار كەلگەن « iu ، oi ، ai ، oi ، ia»لارنىڭ ئوتتۇرىسىغا « y» قوشۇلىدۇ ھەمدە ئۇنىڭ ئالدىدىكى سوزۇق تاۋۇش بىلىنەر ـ بىلىنمەس قىسقا تەلەپپۇز قىلىنىدۇ . مەسىلەن :

| تەلەپپۇزى | ئىملاسى | تەلەپپۇزى | ئىملاسى |
|---|---|---|---|
| pijoner<br>meridijan | پىئونېر<br>مېرىدىئان | radijo<br>riyaksijɛ<br>rijali:zm | رادىئو<br>رېئاكسىيە<br>رېئالىزم |

ئەسكەرتىش : «ئىئون — ion» قاتارلىق سۆزلەر بۇ قائىدىگە بېقىنمايدۇ .

(5) سۆز ئاخىرىدا قاتار كەلگەن ئوخشاش ئىككى ئۈزۈك تاۋۇشنىڭ ئاخىرقىسى تەلەپپۇز قىلىنمايدۇ . مەسىلەن :

| ئىملاسى | تەلەپپۇزى |
|---|---|
| بىرر | bir( bi—rir ئەمەس) |
| بونن | bon( bo—nin ئەمەس) |
| مارشالل | marʃal(mar—ʃa—lil ئەمەس) |

## 6 . قىسقارتىلما سۆزلەرنىڭ تەلەپپۇزى

1) ئومۇمەن ، ھەرپ بويىچە قىسقارتىلغان سۆزلەرنى ئىپادىلەيدىغان ھەرپلەر ئۇيغۇر ئېلىپبەسىدىكى نامى بويىچە ئايرىم تەلەپپۇز قىلىنىدۇ . مەسىلەن :

| ئىملاسى | تەلەپپۇزى | ئىملاسى | تەلەپپۇزى |
|---|---|---|---|
| ج ك پ<br>ش ئۇ ئا ر<br>ب د ت | dʒe ke pe<br>ʃe u a re<br>be de te | ئا ق ش<br>ش ج ت ۋ | a qe ʃe<br>ʃe dʒe te ve |

ئەسكەرتىش : خەلقئارادا ھەرپ بويىچە قىسقارتىلغان سۆزلەردىن بىر بوغۇم قىلىپ ئوقۇلىدىغانلىرى شۇ بويىچە تەلەپپۇز قىلىنىدۇ . مەسىلەن :

zil، zis، zim

2) خەلقئارادىن كىرگۈزۈلگەن پەن ـ تېخنىكا دائىرىسىدىكى بەلگە، ماركا قاتارلىقلار خەلقئارا ئوقۇلۇشى بويىچە تەلەپپۇز قىلىنىدۇ . مەسىلەن :

im bi، im، IBM

3) بوغۇمنى ئاساس قىلىپ قىسقارتىلغان سۆزلەر بىر سۆز تەرىقىسىدە تەلەپپۇز قىلىنىدۇ . مەسىلەن :

partkom، rajkom، obkom

【مۇھاكىمە سوئاللىرى】

1. تەلەپپۇز قائىدىسى دېگەن نېمە؟

2. تەلەپپۇز قائىدىسىنى تۈزۈشتە قانداق پرىنسىپلار بار؟

3. ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ تەلەپپۇز قائىدىسى قانداق مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ؟

# 2 ـ باب يېزىق

## §1. يېزىق توغرىسىدا چۈشەنچە

يېزىق تىلنى خاتىرىلەيدىغان يازما بەلگىلەر سىستېمىسى. يېزىق تىلنىڭ سۆزلەش ۋە ئاڭلاش سىستېمىسىغا ماسلاشقان شەكلىنى يېزىش، كۆرۈش سىستېمىسىغا ماسلاشتۇرۇش جەريانىنىڭ مەھسۇلى. يېزىق ئۆزى ئىپادىلىگەن تىلنىڭ ئېلىپبەسى، ئىملا قائىدىسى ۋە تىنىش بەلگىلىرى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

تىل بىلەن يېزىقنىڭ مۇناسىۋىتىدىن قارىغاندا، تىل ئاۋۋال يېزىق كېيىن پەيدا بولغان. يېزىق تىل ئاساسىدا شەكىللىنىدۇ. مەلۇم بىر خىل مىللىي تىلنى ھەرخىل يېزىق شەكلى بىلەن خاتىرىلەش مۇمكىن. يېزىقنىڭ رولىنى تۆۋەندىكى تەرەپلەردىن چۈشەندۈرۈشكە بولىدۇ.

1. يېزىق تىلنىڭ ماكان ۋە زامان جەھەتتىكى يېتىشسىزلىكىنى تولۇقلايدۇ. تاۋۇشلۇق سۆزلىگۈچىنىڭ ئاغزىدىن چىقىدىغان زەنجىرسىمان تاۋۇشلار تارقىلىق ئىپادە قىلىنىدۇ. تاۋۇش دولقۇنى سۆزلىگۈچىنىڭ ئاغزىدىن چىققان ھامان يوقىلىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە سۆزلىگۈچىنىڭ تاۋۇش دولقۇنى چەكلىك دائىرىدىلا تارقىلىدۇ، يىراققا بارالمايدۇ. ئەگەر چەكتىن ئېشىپ كەتسە ئاڭلىغۇچى ئاڭلىيالمايدۇ. شۇڭا، تاۋۇشلۇق تىل سۆزلىگۈچى بىلەن ئاڭلىغۇچى ھازىرلانغان ھەمدە تاۋۇش دولقۇنى يېتىپ بارالايدىغان نەق مەيداندىلا ئالاقىلىشىش ئېھتىياجىنى قاندۇرالايدۇ. دېمەك، تاۋۇشلۇق تىل ماكان چەكلىمىسىگە ئۇچرايدۇ. ۋاقىت جەھەتتە، سۆزلىنىشۋاتقان ۋاقىتتىن ئۆتۈپ كەتسە، تاۋۇش دولقۇنلىرى دەرھال يوقايدۇ. شۇڭا، تىل زامان چەكلىمىسىگە ئۇچرايدۇ.

يېزىق ئاۋۇشلۇق تىلنىڭ مانا مۇشۇنداق ماكان ۋە زامان جەھەتتىكى يېتىشسىزلىكىنى تولۇقلايدۇ .

2 . يېزىق ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ مەدەنىيەتكە قەدەم قويغانلىقىنىڭ نەتىجىسى . يېزىق ئىنسانىيەت مەدەنىيەت تارىخىدىكى بىر قېتىملىق سەكرەش بولۇپ ، ئۇ ئىنسانىيەتنى ئۆزىنىڭ تەبىئەت ، جەمئىيەت ۋە تەپەككۇر توغرىسىدىكى ئېرىشكەن بىلىش نەتىجىلىرىنى يەكۈنلىشىگە ، كېيىنكى ئەۋلادلارغا مىراس قالدۇرۇشىغا ، ئوخشىمىغان مىللەتلەر ئارا مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشىغا تولۇق ئىمكانىيەت يارىتىپ بەردى . ئىنسانىيەت جەمئىيىتىگە نىسبەتەن يېزىق ئىجاد قىلىنىشتىن كېيىنكى دەۋر مەدەنىيەت دەۋرى ھېسابلىنىدۇ . يېزىقى بار مىللەت يېزىقى يوق مىللەتتىن ئىلغار بولىدۇ . ساۋاتلىق ئادەم ساۋاتسىز ئادەمدىن مەدەنىيەتلىك كېلىدۇ . ئومۇمەن ، يېزىق مەدەنىيەتنىڭ ئەڭ مۇھىم بەلگىلىرىدىن بىرى .

3 . يېزىق ئەدەبىي تىلنىڭ شەكىللىنىشى ۋە قېلىپلىشىشىنىڭ مۇھىم ماددىي ئاساسى . يېزىق تىلغا بېقىنىدۇ . ھەرقانداق بىر يېزىق مۇئەييەن بىر مىللىي تىلنىڭ ئاۋۇشلىرىنى خاتىرىلەيدىغان بولغاچقا ، ئۇ ھامان مۇئەييەن تىل ئاساسىدا مەيدانغا كېلىدۇ . يېزىق بارلىققا كەلگەن ھامان تىلنىڭ ساغلام تەرەققىي قىلىشىغا ئىمكانىيەت يارىتىلىدۇ . يېزىق مەلۇم بىر تىلنىڭ دىئالېكت ياكى شېۋىلىرى ئوتتۇرىسىدىكى پەرقلەرنى ئازايتىشتا تۈرتكىلىك رول ئوينايدۇ . يېزىق تىلى ئارقىلىق پۈتۈن مىللەت دائىرىسىدە تىلنىڭ فونېتىكىلىق ، لېكسىكىلىق ، گراماتىكىلىق تەركىبلىرى تېخىمۇ پىششىقلاپ ئىشلىنىپ ، تىلنىڭ قېلىپلىشىشى ئىلگىرى سۈرۈلىدۇ .

4 . يېزىق پەن – مەدەنىيەت ئۆگىنىشنىڭ قورالى . يېزىق پەيدا بولغاندىن كېيىن ئوخشىمىغان مىللەتلەر ئۆزئارا مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشتا ، ئۆزئارا ئۆگىنىشكە قولايلىق يارىتىلىپلا قالماي ، شۇ مىللەت ئەۋلادلىرى ئۆز ئەجدادلىرىنىڭ پەن – مەدەنىيەت بىلىملىرىنى ئۆگىنىش-

گىمۇ ئىمكانىيەت يارىتىلدى. يېزىق بولمىسا، پەن ـ مەدەنىيەتنىڭ بۈگۈنكى تەرەققىياتىنى تەسەۋۋۇر قىلىش تەس.

يېزىق تارىخىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، يېزىق ناھايىتى ئۇزاق تارىخىي جەرياننىڭ مەھسۇلى. يېزىق تارىخىدا يېزىق ئىجاد قىلىنىشتىن ئىلگەرى كىشىلەر دان ساناش، يىپ چىگىش، ياغاچقا بەلگە سېلىش ۋە رەسىم سىزىش بىلەن ئىش ـ ۋەقەلەرنى خاتىرىلىگەن. يېزىق ئەنە شۇ ئۇسۇللارنىڭ تەرەققىياتى نەتىجىسىدە رەسىم بىلەن ئىش خاتىرىلەشتىن تەرەققىي قىلىپ شەكىللەنگەن. ئەڭ دەسلەپ مەيدانغا كەلگىنى ئىپتىدائىي شەكىلدىكى رەسىملىك يېزىق ئىدى.

رەسىملىك يېزىق دېگىنىمىز، شەيئىلەرنىڭ شەكلى ئاساسىي ئۆلچەم قىلىنغان يېزىقتۇر. بۇ يېزىقتا بىر پاكى بىرقانچە پارچە رەسىم ئارقىلىق بىر بۆلەك، ئەڭ ئاز بولغاندا بىر جۈملە سۆز ئىپادىلەنگەن. بۇ يېزىق شىمالىي ئامېرىكىدىكى ئىندىئانلار ۋە ئېسكىموسلاردا مەۋجۇت. كېيىنچە، سەل ئىلغار بولغان تەسۋىرىي يېزىق مەيدانغا كەلگەن. تەسۋىرىي يېزىق ھەقىقىي مەنىدىكى يېزىق بولۇپ، يېزىق تارىخىدىكى بىرىنچى باسقۇچ، دېيىشكە بولىدۇ. تەسۋىرىي يېزىقتا شەيئىلەرنىڭ شەكلى ئاساسىي ئۆلچەم قىلىنىدۇ. ھەربىر بەلگە بىر سۆزگە ۋەكىللىك قىلىدۇ. مۇقىم ئوقۇلۇشىمۇ بولىدۇ. يېزىلىشىمۇ بارا ـ بارا تۇراقلاشقان بولىدۇ. مەسىلەن: قەدىمكى خەنزۇ يېزىقى تەسۋىرىي يېزىق ھېسابلىنىدۇ. تەسۋىرىي يېزىقنىڭ شەكلى مۇرەككەپ، يېزىش، تونۇشىمۇ قىيىن. ئۇنىڭ ئۈستىگە سانى چەكلىك، تىلدىكى نۇرغۇن سۆزلەرنى ئىپادىلەپ بەرگىلى بولمايدۇ.

مەنىلىك يېزىق — بۇ، يېزىق تەرەققىياتىنىڭ ئىككىنچى دەۋرى. يېزىقنىڭ پىشىپ يېتىلىش باسقۇچىغا ئۆتكەن دەۋرى. مەنىلىك يېزىقتىن باشلاپ يېزىق ھەقىقىي يازما بەلگىلەر سىستېمىسىغا ئايلانغان. بۇ خىل يېزىقتا ئوبيېكتىپ شەيئىلەر سىزىپ كۆرسىتىلمەي، بەزى شەكىل ۋە بەلگىلەر ۋەكىل قىلىپ كۆرسىتىلىدۇ. مەسىلەن: خەنزۇ يېزىقى.

| تەلەپپۇزى | ئىملاسى | تەلەپپۇزى | ئىملاسى |
| --- | --- | --- | --- |
| bala:qaza | بالا ـ قازا | hava:ana | هاۋا ئانا |

② يۇقىرىدىكى شارائىتتا كەلگەن يەر ـ جاي ئىسىملىرىدىكى «ئا» ۋە «ئە» تاۋۇشلىرى كېيىنكى تەركىبتىكى سوزۇق تاۋۇشنىڭ ئالدىدا كەلسە، چۈشۈپ قالىدۇ. مەسىلەن:

| تەلەپپۇزى | ئىملاسى | تەلەپپۇزى | ئىملاسى |
| --- | --- | --- | --- |
| jaqøsteŋ<br>bugøldi | ياقائۇستەڭ<br>بۇغائۇلدى | arøsteŋ<br>ara:vat | ئارائۇستەڭ<br>ئارائاۋات |

(9) سىنتاگمىلار تەركىبىدىكى «ئا» ياكى «ئە» بىلەن ئاياغلاشقان سۆز كېيىنكى تەركىبكە ئۇلىنىپ ئېيتىلغاندا، يۇقىرىدىكى «ئا» ياكى «ئە» تاۋۇشلىرى «ئى» غا ئاجىزلىشىدۇ. مەسىلەن:

| تەلەپپۇزى | ئىملاسى |
| --- | --- |
| men baza:gi barime<br>egizditurup, jiraqqi qaraʃ | مەن بازارغا بارسەن<br>ئېگىزدە تۇرۇپ، يىراقتا قاراش |

(10) «ئىدى، ئىكەن» ياردەمچى پېئىللىرىنىڭ بېشىدىكى «ئى» تاۋۇشى بۇ پېئىللار يېپىق بوغۇم بىلەن ياكى «ئى» دىن باشقا سوزۇق تاۋۇشلار بىلەن ئاياغلاشقان تۈرفۇن سۆزلەرگە ھەمدە «ئا» ياكى «ئە» تاۋۇشى ئاجىزلاشمايدىغان بوغۇملارغا ئۇلانغاندا، چۈشۈرۈلمەيدۇ. «ئە- مىش» ياردەمچى پېئىلىنىڭ بېشىدىكى «i» تاۋۇشى بولسا چۈشۈپ قالىدۇ ۋە شۇ بويىچە قوشۇپ تەلەپپۇز قىلىنىدۇ. مەسىلەن:

| | ئىملاسى | تەلەپپۇزى | | ئىملاسى | تەلەپپۇزى |
|---|---|---|---|---|---|
| 1 | كىتاب ئىدى | kitapidi | 2 | كىتاب ئىمىش | kitapmiʃ |
| | ئاۋات ئىدى | ava:idi | | ئاۋات ئىمىش | avatmiʃ |
| | ناچار ئىدى | natʃaridi | | ناچار ئىمىش | natʃarmiʃ |
| | بەش ئىدى | bɛʃidi | | بەش ئىمىش | bɛʃmiʃ |
| | شۇ ئىدى | ʃu idi | | شۇ ئىمىش | ʃumiʃ |
| | دۆ ئىدى | dɵidi | | دۆ ئىمىش | dɵmiʃ |
| | دۇنيا ئىدى | dunja:idi | | دۇنيا ئىمىش | dunja:miʃ |
| | جۈمە ئىدى | dʒymɛ:idi | | ئىلمىي ئىمىش | ilmijmiʃ |
| | | | | ئىنقىلابىي ئىمىش | inqila:bijmiʃ |

## 2 . ئۈزۈك تاۋۇش فونېمىلىرىنىڭ تەلەپپۇزى

1) «ب» ۋە «د» تاۋۇشلىرى سۆز ئاخىرىدا كەلگەندە جاراڭسىزلىشىپ، «پ»، «ت» تەلەپپۇز قىلىنىدۇ، مۇنداق سۆزلەرگە ئۈزۈك تاۋۇش بىلەن باشلانغان قوشۇمچىلار ئۇلانغاندىمۇ ئوخشاشلا «پ» ۋە «ت» تەلەپپۇز قىلىنىدۇ، سوزۇق تاۋۇش بىلەن باشلانغان قوشۇمچىلار ئۇلانغاندا بولسا ئەسلىگە قايتىدۇ. مەسىلەن:

| ئىملاسى | تەلەپپۇزى | ئىملاسى | تەلەپپۇزى |
|---|---|---|---|
| كىتاب | kitap | كۇلۇب | kulup |
| كىتابلار | kitapla: | كۇلۇبقا | kulupqa |
| كىتابقا | kitapqa | كۇلۇبى | kulubi |
| كىتابى | kita:bi | مېتود | metot |
| ئىقتىساد | ixtisat | مېتودقا | metotqa |
| ئىقتىسادقا | ixtisatqa | مېتودى | metodi |
| ئىقتىسادتا | ixtisatta | ھېساب | hesap |
| ئىقتىسادى | ixtisa:di | ھېسابقا | hesapqa |
| | | ھېسابى | hesabi |

2) كۆپ بوغۇملۇق سۆزلەرنىڭ ئاخىرىدىكى «پ ، ك ، ق» تاۋۇشلىرى تەۋەلىك ۋە تەرتىپ سان قوشۇمچىلىرى ياكى باشقا سوزۇق تاۋۇش بىلەن باشلانغان تەركىبلەر ئۇلانغاندا ، «ۋ ، گ ، غ» تاۋۇشلىرىغا ئۆزگىرىشى ، يېزىلىشى بويىچە تەلەپپۇز قىلىنىدۇ . مەسىلەن :

| | ئىملاسى | تەلەپپۇزى |
|---|---|---|
| 1 | تەكلىپ ـ تەكلىپى<br>تىلەك ـ تىلىكى<br>ياتاق ـ ياتىقى | teklip—teklipi<br>tilek—tiliki<br>jataq—jatiqi |
| 2 | قىرىق ـ قىرىقىنچى<br>ئەللىك ـ ئەللىكىنچى | qiriq—qiriqintʃi<br>ellik—ɛllikintʃi |
| 3 | قىرىقئاياغ<br>ئەگلىكئوت | qiriqajaʁ<br>eɡlikot |

3) «ج» تاۋۇشى بوغۇم ياكى سۆز ئاخىرى بولۇپ كەلگەندە ، ئومۇمەن «ژ» تەلەپپۇز قىلىنىدۇ . كەينىگە «ج» ۋە «ر» بىلەن باشلانغان تەركىبلەر ئۇلانغاندا ئەينەن تەلەپپۇز قىلىنىدۇ . مەسىلەن :

| | ئىملاسى | تەلەپپۇزى |
|---|---|---|
| 1 | باج ـ باجلا<br>كاج ـ كاجلىق<br>ۋىجدان<br>ئەجداد<br>ئۈجمە | baʒ—baʒla—<br>kaʒ—kaʒliq<br>viʒdan<br>ɛʒdat<br>yʒmɛ |
| 2 | ھۆججەت<br>مۇنەججىم | ɦœdʒdʒɛt<br>munɛdʒdʒim |
| 3 | ھىجران<br>ئاجرا | hidʒran<br>adʒra— |
| 4 | بەجى<br>ئېھتىياجى | bedʒi<br>eʃtija:dʒi |

ئەسكەرتىش : «تاج ، ئىلاج ، ئەۋج ، مەۋج» قاتارلىق سۆزلەردىكى «ج» نىڭ تەلەپپۇزى ئۆزگەرمەيدۇ .

4) باش ياكى ئوتتۇرا بوغۇمدا بوغۇم ئاخىرى بولۇپ كەلگەن «چ» تاۋۇشى «ش» تەلەپپۇز قىلىنىدۇ . كەينىگە «چ» ۋە «ر» تاۋۇشى بىلەن باشلانغان بوغۇم ياكى تەركىبلەر ئۇلىنىپ كەلسە ، ئەينەن تەلەپپۇز

قىلىنىدۇ . مەسىلەن :

| | ئىملاسى | تەلەپپۇزى | | ئىملاسى | تەلەپپۇزى |
|---|---|---|---|---|---|
| 1 | ئۆچكە<br>قاچ - قاچتى<br>كۈچ - كۈچلۈك | øʃke<br>qaʃ—qaʃti<br>kyʃ—kyʃlyk | 2 | ياغاچ - ياغاچچى<br>ئاچچىق<br>غاچچىدە | jaʁatʃ—jaʁatʃtʃi<br>atʃtʃiq<br>ʁatʃtʃide |
| | | | 3 | ئۇچرا<br>چاچرا | utʃra—<br>tʃatʃra— |

5) سۆز ئاخىرىدىكى «خ» تاۋۇشى شۇ سۆزگە «ق» بىلەن باشلان-
غان قوشۇمچىلار ئۇلانغاندا، «ق» غا تۆۋەتلىشىدۇ . مەسىلەن :

| ئىملاسى | تەلەپپۇزى |
|---|---|
| شاخ - شاخقا<br>دەرەخ - دەرەخقە | ʃax—ʃaqqa<br>derex—dereqqe |

6) سۆز ئاخىرىدىكى «ر» تاۋۇشى ئومۇمەن، يېزىلىشى بويىچە
چۈشۈرۈلمەي تەلەپپۇز قىلىنىدۇ . مەسىلەن :

| ئىملاسى | تەلەپپۇزى | ئىملاسى | تەلەپپۇزى |
|---|---|---|---|
| ياMغۇر | jamʁur | جىگەر | dʒiger |
| قار | qar | بېغىر | beʁir |
| خېمىر | xemir | دەپتەر | depter |
| تونۇر | tonur | شار - شۇر | ʃar—ʃur |
| ئانار | anar | شىر - شىر | ʃir—ʃir |
| شېكەر | ʃeker | | |

ئەسكەرتىش :

(1) شېۋىلەر ئارا چۈشۈپ قېلىشى ئومۇمىراق بولغان ئايرىم سۆز-لەرنىڭ ئاخىرىدىكى «ر» تاۋۇشى چۈشۈرۈلۈپ تەلەپپۇز قىلىنىدۇ، مۇنداق سۆزلەرگە ئۆزۈك تاۋۇش بىلەن باشلانغان قوشۇمچە ياكى تەر-كىبلەر ئۇلانغاندىمۇ شۇنداق . مەسىلەن :

| ئىملاسى | تەلەپپۇزى | ئىملاسى | تەلەپپۇزى |
|---|---|---|---|
| يەر | je: | بەر- | be: |
| يەردە ، يەرگە | je:ge، je:de | بەردى ، بەرمىگەن | be:di، bemigen |
| بازار | baza: | ئىشلەۋەر- | iʃle:ve:— |
| بازاردا ، بازارغا | baza:da، baza:ʁa | ئىشلەۋەردى | iʃle:ve:id |
| بار- | ba:— | ئىشلەۋەرمىدى | iʃle:vemidi:— |
| باردى ، بارمىدى | ba:di، ba:midi | يازىۋەر- | jazi:ve:— |
| كۆر- | kø: | يازىۋەردى | jazi:ve:di |
| كۆردى ، كۆرمىدى | kø:di، kø:midi | يازىۋەرمىدى | jazi:ve:midi |

ئەمما ، يۇقىرىقىدەك سۆزلەرنىڭ ئاخىرىدىكى «ر» تاۋۇشى شۇ سۆزلەر ياسالما سۆز ياكى سۆز بىرىكمىلىرى تەركىبىگە كىرگەندە ساقلىنىپ ، چۈشۈرۈلمەي تەلەپپۇز قىلىنىدۇ . مەسىلەن :

| ئىملاسى | تەلەپپۇزى | ئىملاسى | تەلەپپۇزى |
|---|---|---|---|
| كۆرسەتمە | kørsetme | يەرلىك | jerlikehval |
| كۆرگەزمە | kørgezme | ئەھۋال | |
| بارلىق | barliq | يەر مەيدانى | jer mejda:ni |

(2) «ر» بىلەن ئاياغلاشقان بىر بوغۇملۇق ئەقلىد سۆزلەردىن «-قىرا، -كىرا، -كىرە» قوشۇمچىلىرى ئارقىلىق پېئىل ياسالسا ،

تەقلىد سۆز ئاخىرىدىكى «ر» تاۋۇشى چۈشۈپ قالىدۇ ۋە شۇ بويىچە تەلەپپۇز قىلىنىدۇ، باشقا شارائىتتا چۈشۈرۈلمەيدۇ. مەسىلەن:

| | ئىملاسى | تەلەپپۇزى |
|---|---|---|
| 1 | پىرقىرا. | pi:qira — |
| | پىرقىرىغۇچ | pi:qiriʁutʃ |
| | كوركىرا | ko:kira — |
| | كوركىراتما | ko:kiratma |
| | پارقىرا. | pa:qira — |
| | پارقىراق | pa:qiraq |
| 2 | پىر - پىر | pir — pir |
| | پىررىدە | pirride |
| | پىرىلدا. | pirelda |
| | غۇر - غۇر | ʁur — ʁur |
| | غۇررىدە | ʁurride |
| | پارلاق | parlaq |

7) پېئىللارنىڭ مەجبۇرىي دەرىجە قوشۇمچىلىرىدىن «-دۇر، -تۇر، -دۈر، -تۈر» ۋە «-ار، -ۇر، -ۈر»، پۈتمىگەن سۈپەتداش قوشۇمچىلىرىدىن «-ار، -ەر» لەردىكى ھەمدە سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچىلاردىكى «ر» تاۋۇشى چۈشۈرۈلمەي تەلەپپۇز قىلىنىدۇ. مەسىلەن:

| | ئىملاسى | تەلەپپۇزى |
|---|---|---|
| 1 | ماڭدۇردى | maŋdurdi |
| | باستۇردى | basturdi |
| | كۈلدۈردى | kyldyrdi |
| | يىتتۈردى | jittyrdi |
| 2 | چىقاردى | tʃiqardi |
| | قايغۇردى | qajʁurdi |
| | چۈشۈردى | tʃyʃyrdi |
| | ئۇچۇردى | utʃurdi |
| 3 | بازار | jazar، |
| | كۆرەر | kører |
| 4 | بايراقدار | bajraxdar |
| | ۋەتەنپەرۋەر | vetenperver |
| | مىراسخور | mirasxor |

8) كۆپلۈك قوشۇمچىلىرىنىڭ ئاخىرىدىكى «ر» تاۋۇشى چۈشۈپ قالىدۇ ۋە شۇ بويىچە تەلەپپۇز قىلىنىدۇ، ئۇنىڭغا يەنە ئۆزۈك تاۋۇش بىلەن باشلانغان قوشۇمچە ۋە ئۇلانمىلار ئۇلىنىپ كەلگەندىمۇ شۇنداق. مەسىلەن:

| ئىملاسى | تەلەپپۇزى | ئىملاسى | تەلەپپۇزى |
|---|---|---|---|
| يولداشلار | joldaʃlaː | ئالىملار | aːlimlaː |
| يولداشلاردا | joldaʃlaːda | ئالىملارنىڭ | aːlimlaːniŋ |
| بالىلار | balilaː | مەكتىپىڭلار | mektipiŋlaː |
| بالىلارغا | balilaːʁa | مەكتىپىڭلارنىڭ | mektipiŋlaːniŋ |
| ئۆيلەر | øylɛː | قەھرىمانلارچە | qehrimanlaːtʃɛ |
| ئۆيلەردىن | øylɛːdin | باتۇرلارچە | baturlaːtʃɛ |

ئەسكەرتىش : كۆپلۈك قوشۇمچىسى بىلەن ياسالغان سان خانىلىرى نامىلىرىدىكى «ر» تاۋۇشى چۈشۈرۈلمەيدۇ . مەسىلەن :

| ئىملاسى | تەلەپپۇزى |
|---|---|
| بىرلەر خانىسى<br>ئونلار خانىسى | birler xanisi<br>onlar xanisi |

9) «گ» تاۋۇشى بوغۇم ۋە سۆز ئاخىرى بولۇپ كەلگەندە ، سىيرىلاڭغۇلىشىپ تەلەپپۇز قىلىنىدۇ . مەسىلەن :

| ئىملاسى | تەلەپپۇزى | ئىملاسى | تەلەپپۇزى |
|---|---|---|---|
| تۈگمە<br>ئۈگرە | tygmɛ<br>ygrɛ | بەگ ـ بەگلەر<br>بەگلىك | beg—beglɛː,<br>beglik |
| جىگدە | dʒigdɛ | چىگ ـ چىگدى | tʃig—tʃigdi |

10) «گ» ۋە «غ» تاۋۇشلىرى سۆز ئاخىرى بولۇپ كەلگەندە سۆزگە يەنە «گ» ۋە «غ» بىلەن باشلانغان قوشۇمچىلار ئۇلانسا ، سۆز ئاخىرىدىكى ۋە قوشۇمچە بېشىدىكى «گ» تاۋۇشى «ك» تەلەپپۇز قىلىنىدۇ ، «غ» تاۋۇشى بولسا ، «ق» تەلەپپۇز قىلىنىدۇ . مەسىلەن :

| ئىملاسى | تەلەپپۇزى | ئىملاسى | تەلەپپۇزى |
|---|---|---|---|
| باغ | baʁ | ياغ. | jaʁ |
| باغقا | baqqa | ياغقان ، ياغقۇدەك | jaqqan، jaqqudɛk |
| بەگ | bɛg | بوغ. | boʁ |
| بەگكە. | bɛkkɛ | بوغقان ، بوغقىلى | boqqan، boqqili |
| چىگ | tʃig | تۇغ. | tuʁ |
| چىگكەن ، چىگكىن | tʃikkɛn، tʃikkin | تۇغقان ، تۇغقۇچە | tuqqan، tuqqutʃɛ |

11) باش ياكى ئوتتۇرا بوغۇمدا بوغۇم ئاخىرى بولۇپ كەلگەن «ق» تاۋۇشى «خ» تەلەپپۇز قىلىنىدۇ . كەينىگە «ق» بىلەن باشلانغان بوغۇم ياكى تەركىبلەر ئۇلانغاندا ئەينەن تەلەپپۇز قىلىنىدۇ . مەسىلەن :

| | ئىملاسى | تەلەپپۇزى | ئىملاسى | تەلەپپۇزى | | ئىملاسى | تەلەپپۇزى |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1 | ئىقتىساد<br>ئىقلىم<br>ئوقتۇرۇش | ixtisat<br>ixlim<br>uxturuʃ | ئاق.<br>ئاقتى<br>ئورۇق<br>ئورۇقلۇق | aq—<br>axti<br>urux<br>uruxluq | 2 | ئاق.<br>ئاققان<br>ئوزۇق<br>ئوزۇققا | aq—<br>aqqan<br>oːzuq<br>oːzuqqa |

12) باش ياكى ئوتتۇرا بوغۇمدا بوغۇم ئاخىرى بولۇپ كەلگەن «ك» تاۋۇشى سىيرىلاڭغۇ تەلەپپۇز قىلىنىدۇ . كەينىگە «ك» بىلەن باشلانغان بوغۇم ياكى تەركىبلەر ئۇلانغاندا ، ئەينەن تەلەپپۇز قىلىنىدۇ . مەسە-لەن :

| | ئىملاسى | تەلەپپۇزى | ئىملاسى | تەلەپپۇزى | | ئىملاسى | تەلەپپۇزى |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1 | سەكسەن<br>كەكلىك<br>كېرەكلىك | sɛk'sɛn<br>kɛk'lik<br>kerɛk'lik | ئېتىكلىك<br>تەكرار | etik'lik<br>tɛk'rar | 2 | ئىككى<br>سەككىز | ik'ki<br>sɛk'kiz |

(13) «ئال- ، قال- ، سال- ، چال- ، كەل- ، بول-» پېئىللىرىدىكى «ل» تاۋۇشى سۆز تۈرلەنگەندىمۇ بوغۇم ئاخىرىدا بولۇپ كەلسە ، تۆۋەندىكى شارائىتلاردا چۈشۈپ قالىدۇ .

(1) پېئىللارنىڭ بولۇشسىز شەكلى «-ما ، -مە» قوشۇلغاندا ، مەسىلەن :

| تەلەپپۇزى | ئىملاسى | تەلەپپۇزى | ئىملاسى |
|---|---|---|---|
| ke:me | كەلمە | a:ma— | ئالما |
| ke:midim | كەلمىدىم | a:midim | ئالمىدىم |
| ke:midiŋ | كەلمىدىڭ | a:midiŋ | ئالمىدىڭ |
| ke:midi | كەلمىدى | a:midi | ئالمىدى |

(2) بۇيرۇق ـ تەلەپ رايىنىڭ II شەخس ھۆرمەت تۈرى فورمىسى-دىن «-سىلا ، -سىلە» ۋە III شەخس فورمىسىدىن «-سۇن» قوشۇلغاندا ، مەسىلەن :

| تەلەپپۇزى | ئىملاسى | تەلەپپۇزى | ئىملاسى |
|---|---|---|---|
| a:sun | ئالسۇن | a:sila | ئالسىلا |
| ke:sun | كەلسۇن | ke:sile | كەلسىلە |

(3) شەرت رايى فورمىسىنى ياسىغۇچى «-سا ، -سە» قوشۇلغاندا ، مەسىلەن :

| تەلەپپۇزى | ئىملاسى | تەلەپپۇزى | ئىملاسى | تەلەپپۇزى | ئىملاسى |
|---|---|---|---|---|---|
| ke:siŋiz | كەلسىڭىز | a:saŋla: | ئالساڭلار | a:sam | ئالسام |
| ke:siŋizle: | كەلسىڭىزلار | a:siŋiz | ئالسىڭىز | a:saq | ئالساق |
| ke:sile | كەلسىلە | a:siŋizla: | ئالسىڭىزلار | ke:sem | كەلسەم |
| a:sa | ئالسا | a:sila | ئالسىلا | ke:sek | كەلسەك |
| ke:se | كەلسە | ke:seŋ | كەلسەڭ | a:saŋ | ئالساڭ |
| | | ke:seŋla: | كەلسەڭلار | | |

مەنىلىك يېزىق تەسۋىرىي يېزىقتىن ئىلغار بولسىمۇ، يەنىلا نۇرغۇن يېتەرسىزلىكلىرى بار.

تاۋۇشلۇق يېزىق — بۇ، يېزىق تەرەققىياتىنىڭ ئاخىرقى باسقۇچى، بۇنىڭدا مۇئەييەن ھەرپلەر مۇئەييەن تاۋۇشلارغا ۋەكىللىك قىلىدۇ. ھەربىر ھەرپنىڭ مۇقىم ئوقۇلۇشى بولىدۇ. بۇ خىل ھەرپلەر ھەرخىل ئۇسۇلدا بىرىكتۈرۈلۈپ سۆزلەر يېزىلىدۇ. تاۋۇشلۇق يېزىقتىكى يازما بەلگىلەر بوغۇم ياكى فونېمىلارنى خاتىرىلەيدۇ. شۇڭا، ئۇ بوغۇملۇق يېزىق ۋە ئېلىپبەلىك يېزىق، دېگەن ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ. بوغۇملۇق يېزىق دېگىنىمىز، ھەربىر ھەرپ بىر بوغۇمغا ۋەكىللىك قىلىدىغان يېزىق. مەسىلەن: ياپون يېزىقى.

تاۋۇشلۇق يېزىق — فونېمىلىق يېزىق، دەپمۇ ئاتىلىدۇ. تاۋۇشلۇق يېزىق دېگىنىمىز، ھەربىر ھەرپ بىردىن فونېمىغا ۋەكىللىك قىلىدىغان يېزىق. ئۇ بارلىق يېزىق تىللىرى ئىچىدە ئەڭ ئىلغار، ئەڭ ئىلمىي بولغان يېزىق ھېسابلىنىدۇ. ھازىرقى يېزىقلار ئىچىدە ئۇيغۇر يېزىقى، ئىنگلىز يېزىقى، رۇس يېزىقى قاتارلىقلار تاۋۇشلۇق يېزىققا كىرىدۇ.

تاۋۇشلۇق يېزىقنىڭ يەنە ئۇزۇك تاۋۇشلۇق يېزىق دېگەن ئالاھىدە بىر تۈرى بار. بۇ خىل يېزىقتىكى ھەرپلەر پەقەت ئۇزۇك تاۋۇشلارغىلا ۋەكىللىك قىلىدۇ. سوزۇق تاۋۇشلار مەخسۇس بەلگىلەر بىلەن ئىپادە قىلىنماستىن، قوشۇمچە بەلگىلەر ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن: ئەرەب يېزىقى ئۇزۇك تاۋۇشلۇق يېزىققا كىرىدۇ.

تاۋۇشلۇق يېزىقتا ئېلىپبە بولىدۇ. ئېلىپبە دېگىنىمىز، ھەربىر فونېمىغا ۋەكىللىك قىلىدىغان ھەرپلەرنىڭ مۇئەييەن تەرتىپتە تىزىلغان تىزىمى. مەسىلەن: ھازىرقى زامان ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ھەرپلەرنىڭ مۇئەييەن تەرتىپتىكى تىزىمى ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ ئېلىپبەسى ھېسابلىنىدۇ. ھەرپ بولسا ئېلىپبەلىك يېزىقتىكى ئەڭ كىچىك يېزىق بىرلىكى. مەسىلەن: ھازىرقى زامان ئۇيغۇر يېزىقىدىكى «ئا»، «ب»، «س»، «ق» قاتارلىقلار.

【مۇھاكىمە سوئاللىرى】

1 . يېزىق دېگەن نېمە ؟ يېزىق نېمىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ ؟

2 . يېزىقنىڭ رولى قايسى جەھەتلەردە ئىپادىلىنىدۇ ؟

3 . يېزىقنىڭ تەرەققىيات جەريانى قانداق دەۋرلەرگە بۆلۈنىدۇ ؟

4 . تەسۋىرىي يېزىق دېگەن نېمە ؟ مىسال كەلتۈرۈڭ .

5 . مەنىلىك يېزىق دېگەن نېمە ؟ مىسال كەلتۈرۈڭ .

6 . تاۋۇشلۇق يېزىق دېگەن نېمە ؟ مىسال كەلتۈرۈڭ . •

7 . ئېلىپبە دېگەن نېمە ؟ ھەرپ دېگەنچۇ ؟

## 2 §. ئۇيغۇرلارنىڭ تارىختا قوللانغان يېزىقلىرى

ئۇيغۇرلار ئۆز تارىخىدا نۇرغۇن يېزىقلارنى قوللانغان . بۇ يېزىقلار ھەرخىل دىنىي ئېتىقاد ، ئىجتىمائىي بىرلىك سەۋەبىدىن قوللىنىلغان . يەنى ، ھەربىر خىل يېزىقنىڭ كەينىدە ئۆزىگە خاس سىياسىي ، ئىقتىسادىي ، دىنىي ياكى ئىجتىمائىي ئارقا كۆرۈنۈش بار . ئەجدادلىرىمىز مانا مۇشۇ ھەرخىل يېزىقلار ئارقىلىق ئوخشىمىغان تارىخىي دەۋر ۋە دىنىي مۇھىتتىكى ئەسەرلەرنى ، جۈملىدىن ئەدەبىيات ، دىن ، تارىخ ، ئىقتىساد ، تېبابەتچىلىك ، ئىلمىي نۇجۇم ، تىلشۇناسلىق ۋە باشقا ساھەلەردىكى يازما يادىكارلىقلارنى خاتىرىلىگەن . ھازىرغا قەدەر بىزگە مەلۇم بولغان ئەجدادلىرىمىز قوللانغان يېزىقلاردىن ئورخۇن يېزىقى ، سوغدى يېزىقى ، مانى يېزىقى ، قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى ، براھمى يېزىقى ، قاروشتى يېزىقى ، سۇرىيە يېزىقى ، خەنزۇ يېزىقى ، كونا تىبەت يېزىقى ، ئەرەب يېزىقى ، خاقانىيە يېزىقى ، چاغاتاي يېزىقى ، ئەرەب ئېلىپبەسى ئاساسىدىكى كونا ئۇيغۇر يېزىقى ، ئۇيغۇر يېڭى يېزىقى ، سلاۋىيان يېزىقى ، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر يېزىقى قاتارلىقلار بار .

بۇ يېزىقلار ئىچىدە ئومۇمىيۈزلۈك ، كەڭ قوللىنىلغانلىرى ئورخۇن

يېزىقى، قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى، چاغاتاي يېزىقى ۋە ھازىرقى زامان ئۇيغۇر يېزىقىدىن ئىبارەت.

يېزىق تارىخى نۇقتىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ھازىرغا قەدەر ئېلىپ بېرىلغان ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈشلەر نەتىجىسىدە، ئۇيغۇرلار ئەڭ دەسلەپ مىلادىيە 5 ـ ئەسىردە سوغدى ھەرپلىرى ئاساسىدا ئىسلاھ قىلىپ ئىشلەنگەن ئېلىپبەلىك يېزىق ئارقىلىق ئۆز تىلىنى خاتىرىلىگەنلىكى ئىسپاتلاندى. ئەپسۇسكى، بۇ يېزىقتا خاتىرىلەنگەن يادىكارلىقلار كۆپ ئەمەس.

تۆۋەندە بىز يۇقىرىدا تىلغا ئالغان يېزىقلار ۋە بۇ يېزىقلاردا خاتىرىلەنگەن يادىكارلىقلار بىلەن تونۇشۇپ چىقىمىز.

## 1. ئورخۇن يېزىقى

ئورخۇن يېزىقى تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان قەدىمكى خەلقلەر ئۆزلىرى ئىجاد قىلغان ھەم 6 ـ ئەسىردىن 9 ـ ئەسىرگىچە قوللانغان ئېلىپبەلىك يېزىق. بۇ يېزىقتىكى بەلگىلەر تىك، قىيپاش، يايسىمان سىزىقچىلارنىڭ ھەرخىل شەكىلدە بىرىكىشىدىن ھاسىل بولغان بولۇپ، ئۇنىڭ شەكلى، قۇرۇلمىسى ۋە باشقا خاس ئالاھىدىلىكلىرىدىن قارىغاندا، تۈركىي خەلقلەرنىڭ تامغىلىرى ئاساسىدا شەكىللەنگەنلىكى قىياس قىلىنىدۇ. بۇ يېزىق تۈركىي قوۋملار تەرىپىدىن ئومۇميۈزلۈك قوللىنىلغانلىقى ئۈچۈن قەدىمكى تۈرك يېزىقى دېگەن نام بىلەن؛ بۇ يېزىقتا خاتىرىلەنگەن يادىكارلىقلار — مەڭگۈ تاشلار موڭغۇلىيىنىڭ ئورخۇن دەرياسى ۋە سىبىرىيىدىكى يېنسەي (ئاناساي) دەرياسى بويلىرىدىن تېپىلغاچقا، ئورخۇن ـ يېنسەي يېزىقى دېگەن نام بىلەن؛ كۆك تۈرك خانلىقى ئورخۇن ئۇيغۇر قاغانلىقى دەۋرىدە قوللىنىلغانلىقى سەۋەبلىك كۆك تۈرك يېزىقى ياكى ئورخۇن يېزىقى دېگەن نام بىلەن؛ شەكىل جەھەتتىن قەدىمكى نېمىسلار قوللانغان رونىك يېزىقىغا ئوخشاپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن تۈرك ـ رونىك يېزىقى دېگەن نام بىلەن ئاتىلىپ كەلگەن.

ئورخۇن يېزىقى تۈرك خانلىقى ۋە ئۇيغۇر خانلىقى تەرىپىدىن قوللـ

ىلغاندىن باشقا، ئۆز دەۋرىدە يېنىسەي ۋادىلىرىدا ئولتۇراقلاشقان قىرغىزلار ئۈچۈنمۇ خىزمەت قىلغانىدى.

ئورخۇن يېزىقى خاراكتېرى جەھەتتىن قارىغاندا بىرخىل تاۋۇشلۇق يېزىق. يەنى، ئۇنىڭدىكى بەلگىلەر (ھەرپلەر) تاۋۇشقا ۋەكىللىك قىلاتتى. كېلىپ چىقىشىدىن قارىغاندا، بۇ يېزىق ئۆز تىلىنىڭ قائىدە-قانۇنىيەتلىرىنى خېلى چوڭقۇر بىلىدىغان تۈركىي قوۋملاردىن بولغان ئالىملار تەرىپىدىن ئۆز قەبىلىسىدىكى تامغىلار ئاساسىدا ئىجاد قىلىنغان.

ئورخۇن يېزىقىدا 40 بەلگە بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە تۆت ھەرپ سەككىز سوزۇق تاۋۇشقا، 19 ھەرپ توققۇز ئۈزۈك تاۋۇشقا، تۆت ھەرپ ئىككىدىن ئۈزۈك تاۋۇشقا، قالغان 13 ھەرپ بىردىن 13 ئۈزۈك تاۋۇشقا ۋەكىللىك قىلىدۇ. ئوڭدىن سولغا يېزىلىدۇ. كۆپىنچە ئەھۋاللاردا سوزۇق تاۋۇش ھەرپلىرى چۈشۈپ قالىدۇ. سۆز بىلەن سۆز، سۆز بىرىكمىسى بىلەن سۆز بىرىكمىسى ۋە جۈملىلەر قوش چېكىت ( : ) ئارقىلىق بىر-بىرىدىن ئايرىپ يېزىلىدۇ. بۇ يېزىق ۋە بۇ يېزىقتا خاتىرىلەنگەن يادىكارلىقلار تاكى 17-ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى 18-ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە دۇنيادىن يىراقتا سىر پېتى تۇرغانىدى. 1692-يىلى گوللاندىيىلىك ن. ۋىتسىن، 1696-يىلى روسىيىلىك سېمىت رىمىزوف، 1930-يىلى شۋېتسىيىلىك سترالىنبورگ قاتارلىقلار ئۆز ئەسەرلىرىدە مەڭگۈ تاشلارنى تىلغا ئالغان. بىراق، شۇنىڭدىن يۈز يىللار ئۆتكەندىن كېيىنمۇ بۇ سىر سىر پېتى قېلىۋەردى. 1884-يىلى فىنلاندىيىلىك ئالىم ئاسپېلىن مەڭگۈ تاش يېزىقىدىكى بارلىق ھەرپ بەلگىلەرنى سىستېمىلىشتۇرۇپ تەتقىق قىلغاندىن كېيىن بۇ يېزىقنىڭ تەخمىنەن 38~40 بەلگىدىن تەركىب تاپقانلىقى، ئوڭدىن سولغا يېزىلغانلىقىنى ئېنىقلاپ چىقتى. بىراق، ھەرپلەرنىڭ تاۋۇش قىممىتىنى كۆرسىتىپ بېرىشكە ئاجىزلىق قىلدى. ئاردىن توققۇز يىل ئۆتكەندىن كېيىن، 1893-يىل 11-ئاينىڭ 25-كۈنى بۇ سىر دانىيىلىك ئالىم ۋ. تومسىن تەرىپىدىن يېشىلدى.

بۇ يېزىقتا خاتىرىلەنگەن مۇھىم يادىكارلىقلار مۇنۇلار:

كۆلتېگىن مەڭگۈ تېشى، بىلگە قاغان مەڭگۈ تېشى، تونيۇقۇق مەڭگۈ تېشى، ئۆنگىن مەڭگۈ تېشى، سۇجى مەڭگۈ تېشى، بايۇنچۇر مەڭگۈ تېشى، توققۇز ئۇيغۇر قاغان مەڭگۈ تېشى، چۇرىن مەڭگۈ تېشى، تېخىن مەڭگۈ تېشى، تەس مەڭگۈ تېشى.

## 2. سوغدى يېزىقى

سوغدىلار ھازىرقى ئىرانلىقلارنىڭ ئەجدادلىرى ھېسابلىنىدۇ. ئۇلار بۈگۈنكى ئۆزبېكىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ سەمەرقەنت ۋە بۇخارا ئەتراپلىرىدا ياشىغان. سوغدىلارنىڭ سودا كارۋانلىرى يىراق ھىندىستان، غەربىي يۇرت ۋە موڭغۇل داللىرىدا ئەركىن يۈرەتتى. ئۇلار سودىغا ماھىرلىقى بىلەن يىپەك يولى سودىسىدا مۇھىم ئورۇننى ئىگىلىگەن. سوغدى مەدەنىيىتى ئۇيغۇرلارغا چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەن. ئەينى دەۋردە ئۇيغۇرلار سوغدى يېزىقىنى ئىسلاھ قىلىپ قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىنى مەيدانغا كەلتۈرۈشتىن ئىلگىرى سوغدى يېزىقىنى بىۋاستە قوبۇل قىلىپ ئىشلەتكەن.

سوغدى يېزىقى ئەرەمەي يېزىقىنىڭ رايون خاراكتېرلىك تارمىقىدىن تەرەققىي قىلىپ مەيدانغا كەلگەن. ئېلىمىزدە سوغدى يېزىقىنىڭ ئۈچ خىل ئاساسىي نۇسخىسى تېپىلغان. بىرى، بۇددا نۇسخىسى، يەنە بىرى، مانى نۇسخىسى، يەنە بىرى، سۈرىيە نۇسخىسى.

## 3. مانى يېزىقى

مانى يېزىقى مانى دىنىنىڭ يېزىقى. ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى بۆگۈ قاغان دەۋرىدە دۆلەت دىنى قىلىپ بېكىتىلگەندىن كېيىن مانى يېزىقىمۇ تەبىئىي رەۋىشتە ئۇيغۇرلار ئارىسىغا تارقالغان. بۇ يېزىق ئەسلىي سىمىت يېزىقى ئاساسىدا مەيدانغا كەلگەن بولسىمۇ، ئەرەمەي يېزىقىنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرىنى قوبۇل قىلىپ، 28 ھەرىپتىن تەشكىل تاپقان بىر يېزىق بولۇپ شەكىللەنگەن. بۇ يېزىقنىڭ قۇرۇلمىسى ئاددىي، يېزىش،

ئوقۇش ئاسان . خەت نۇسخىسى رەتلىك ، كۆركەم .

مانى يېزىقىدىكى يادىكارلىقلار تۇرپان ۋە دۇنخۇاڭدىن تېپىلغان . مۇھىم يادىكارلىقلاردىن «خۇئاستۇئانىفت» ، «مانى دىنىنىڭ تۇۋە دۇئا- نامىسى» قاتارلىقلار بار .

## 4 . سۇرىيە يېزىقى

سۇرىيە يېزىقى ئەرەمەي يېزىقى ئاساسىدا شەكىللەنگەن . ئۇيغۇرلار ئارىسىغا نېستورىيان دىنى بىلەن بىللە تارقالغان . بۇ يېزىقتا 22 ھەرپ بار . شەكلى مانى يېزىقىغا ئوخشاپ كېتىدۇ . نېستورىيان دىنىغا ئائىت دىنىي يادىكارلىقلار مۇشۇ يېزىقتا يېزىلغان . بىراق ، بۇ يېزىقنىڭ قول- لىنىلغان ۋاقتى ئۇزاق ئەمەس ، دائىرىسىمۇ كەڭ ئەمەس .

## 5 . قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى

ئىلىم ساھەسىدە «قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى» دېگەن نام بىلەن ئاتى- لىپ كېلىۋاتقان بۇ يېزىق سوغدى يېزىقى ئاساسىدا ئىسلاھ قىلىنىپ ، 8 ـ ئەسىردىن 15 ـ ئەسىرگىچە ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركىي قوۋملار تەرىپىدىن ئورتاق قوللىنىلغان .

خاراكتېر جەھەتتىن قارىغاندا قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى بىرخىل تاۋۇشلۇق يېزىق . بۇ يېزىق ئۆز دەۋرىگە نىسبەتەن ناھايىتى ئىلغار يېزىق بولۇپ ، تەسىرى زور ئىدى . ئالايلى ، لياۋ سۇلالىسى (10 ـ ~ 12- ئەسىرلەر ) دەۋرىدە كىدانلار قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىغا تەقلىد قىلىپ ، ئۆز يېزىقىنى شەكىللەندۈرگەن بولسا ، يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئۇيغۇر ئالىمى تاش ئاتۇڭنىڭ ئىسلاھ قىلىشى بىلەن موڭغۇل تىلىنى خاتىرىلەش- تە قوللىنىلغان . 16 ـ ئەسىرگە كەلگەندە ، مانجۇلار موڭغۇللار ئارقى- لىق بۇ يېزىقنى قوبۇل قىلغان . ئۇنىڭدىن سەل كېيىنرەك شىبەلەرمۇ بۇ يېزىقنى قوبۇل قىلىپ ، ھازىرقى شىبە يېزىقىنى شەكىللەندۈرگەن .

بۇ يېزىق ئۇيغۇر خەلقى تەرىپىدىن خېلى ئۇزاق قوللىنىلدى . 8- ئەسىردىن باشلاپ قوللىنىشقا باشلىغان . بۇ يېزىق 9 ـ ئەسىرنىڭ

ئوتتۇرىلىرىغا كەلگەندە تۇرپان ئويمانلىقى، جۈملىدىن تونتورا ئاسىيا رايونىدا كەڭ قوللىنىلدى. 13 ـ ئەسىردىن 15 ـ ئەسىرگىچە ئالتۇن ئوردا خانلىقى ئۈچۈن خىزمەت قىلدى، دېمەك، بۇ يېزىق 700 يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت قوللىنىلغان.

قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدا 22 ھەرپ بولۇپ 5 ھەرپ 8 سوزۇق تاۋۇشقا، ئۈچ ھەرپ ئىككىدىن 6 ئۈزۈك تاۋۇشقا، قالغان 14 ھەرپ بىردىن 14 تاۋۇشقا ۋەكىللىك قىلىدۇ. ئوڭدىن سولغا قارىتىپ تۈغرىسىغا ياكى يۇقىرىدىن تۆۋەنگە قارىتىپ يېزىلىدۇ. سوزۇق تاۋۇش ھەرپلىرى ئاساسەن چۈشۈپ قالمايدۇ. جۈملە ئاخىرىغا قوش چېكىت ( : ) قويۇلىدۇ.

قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدا يېزىلغان يادىكارلىقلاردىن «ئالتۇن يارۇق»، «ئىككى تېگىننىڭ ھېكايىسى» قاتارلىق بۇددا يادىكارلىقلىرىنى، «ئوغۇزنامە»، «قۇتادغۇبىلىك»، «مايتىرى سىمىت» قاتارلىق ئەدەبىي ئەسەرلەرنى، «موغۇچىلارنىڭ تاۋاپ قىلىشى» قاتارلىق نېستورىيان دىنى يادىكارلىقلىرىنى، «كۆنچۈت ئۆتنە ئالغانلىق ھەققىدە تىلخەت»، «تەڭ ئىجارە ئالغانلىق ھەققىدە ھۆججەت» قاتارلىق ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ھۆججەتلەرنى كۆرسىتىش مۇمكىن.

### 6 . براھمى يېزىقى

براھمى يېزىقى مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 6 ـ ئەسىردە ھىندىستاندا مەيدانغا كەلگەن. براھمى يېزىقى سىمىت يېزىقى ئاساسىدا مەيدانغا كەلگەن. ئەرەمەي يېزىقىنىڭ بىر تارمىقى. «براھمى يېزىقى» دېگەن نام مىلادىيە 3 ـ ~ 4 ـ ئەسىرلەردە قويۇلغان. براھمى — سانسكرىت تەڭرىسىنىڭ نامى.

شىنجاڭدا براھمى يېزىقىنىڭ يانتۇ نۇسخىسى «قاراشتى ـ كۆسەن يېزىقى» شەكلى بىلەن خوتەن (خوتەن ساك) يېزىقى دېگەن ئىككى خىل شەكلى بار. قارۇشتى ـ كۆسەن يېزىقى توخارى يېزىقى، دەپمۇ ئاتىلىدۇ. 3 ـ ئەسىردىن 9 ـ ئەسىرگىچە كۆچا، قاراشەھەر، تۇرپان

ئەتراپلىرىدا قوللىنىلغان . بۇ ، قۇرۇلمىسى بىرقەدەر مۇرەككەپ يېزىق .

خوتەن يېزىقىدىكى يادىكارلىقلار خوتەن ، مارالبېشى ، تۇمشۇق ، مۇرتۇق ۋە دۇڭخۇاڭ قاتارلىق جايلاردىن بايقالغان . خوتەن يېزىقى 2 - ئەسىردە قوللىنىلىشقا باشلاپ 6 ~ 7 - ئەسىرلەردە پىشىپ يېتىلگەن ، تاكى 10 - ئەسىرلەرگىچە قوللىنىلغان .

## 7 . كونا تۈبۆت يېزىقى

كونا تۈبۆت يېزىقى سانسكرىت يېزىقى ئاساسىدا ئىسلاھ قىلىنىپ شەكىللەنگەن . بۇ يېزىقتا «سەككىز يۈكمەك سۇترا» قاتارلىق بۇددا دىنىغا ئائىت يادىكارلىقلار ، لۇغەت پارچىلىرى تېپىلغان .

## 8 . خەنزۇ يېزىقى

ئۇيغۇرلار ئۆز تارىخىدا خەنزۇ يېزىقى بىلەنمۇ ئۆز تىلىنى خاتىرىلىگەن . تۇرپاندىن تېپىلغان يادىكارلىقلاردىن قارىغاندا ، قوچۇ خانلىقى دەۋرىدە ئۇيغۇرلار خەنزۇ يېزىقى بىلەن بەزى ھۆججەتلەرنى يازغان .

## 9 . خاقانىيە يېزىقى

10 - ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى قاراخانىلار خانلىقى دەۋرىدە ئىسلام دىنى قەشقەرنى مەركەز قىلغان ھالدا خوتەن ، كۇچا تەرەپلەرگە تارقالدى ۋە ئۇزاق بىر مەزگىل داۋاملاشقان بۇددا دىنىنىڭ ئورنىنى ئالدى . دىنىي ئېتىقادنىڭ ئۆزگىرىشى سەۋەبلىك ئۇيغۇرلار بۇددا دىنى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ھەممە مەدەنىيەتتىن ، جۈملىدىن قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىن ۋاز كەچتى . قوچۇ ، قۇمۇل ئەتراپلىرىدا تاكى 16 - ئەسىرگىچە بۇددا دىنى ۋە قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرۇپ كەلدى .

11 - ئەسىردە مەيدانغا كەلگەن بۈيۈك ئەسەرلەر «تۈركىي تىللار دىۋانى» ، «قۇتادغۇبىلىك» ، «ئەتەبەتۇل ھەقايىق» قاتارلىقلاردا قوللىنىلغان تىل «خاقانىيە تىلى» دېگەن نام بىلەن ئاتالغان . شۇڭا ، مۇشۇ

ئەسەردە قوللىنىلغان يېزىقمۇ خاقانىيە يېزىقى دېگەن نام بىلەن ئاتىلىدۇ. خاقانىيە يېزىقى — ئەرەب ئېلىپبەسى ئاساسىدا ھېچقانچە ئىسلاھ قىلىنمىغان شەكىلدە قوللىنىلغان يېزىق. بۇ يېزىقتا ئەرەب ئېلىپبەسىدىكى 28 ھەرپ ئاساسىدا، ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن «پ، ژ، ۋ» ھەرپلىرى پارس ئېلىپبەسىدىن قوبۇل قىلىنىپ ئىشلىتىلگەن. ئىملا جەھەتتە ئەرەب، پارس يېزىقلىرىنىڭ ئىملا قائىدىلىرىگە ئاساسەن ئەمەل قىلغان، سوزۇق تاۋۇشلار ياردەمچى بەلگىلەر بىلەن ئىپادىلەنگەن.

بۇ يېزىق 10 ـ ئەسىردىن 14 ـ ئەسىرگىچە قەشقەرنى مەركەز قىلغان كەڭ قاراخانىلار تېررىتورىيىسىدە قوللىنىلغان.

## 10. چاغاتاي يېزىقى

چاغاتاي يېزىقى دەپ ئاتالغان بۇ يېزىق 14 ـ ئەسىردىن 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە ئەجدادلىرىمىز يارىتقان مول يازما مىراسلىرىمىزنى خاتىرىلەشتە قوللىنىلغان يېزىق.

بۇ يېزىقنىڭ ئاساسى ئەرەب ئېلىپبەسى ئاساسىدىكى خاقانىيە يېزىقى بولۇپ، خاقانىيە يېزىقى بىر مەزگىل ئىشلىتىلگەندىن كېيىن، ئۇيغۇر تىلىنىڭ فونېتىكىلىق ئالاھىدىلىكلىرىگە ماسلاشماي قالغان. شۇنىڭ بىلەن خاقانىيە يېزىقى ئۈستىدە بىر قاتار ئىسلاھاتلار يۈرگۈزۈلۈپ، ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ماسلاشتۇرۇلغان. بۇ يېزىق قوللىنىلغان ۋاقتى، دائىرىسى، بولۇپمۇ بۇ يېزىقتا مەيدانغا كەلگەن زور ھەجىمدىكى كاتتا، نادىر يادىكارلىقلار بىلەن باشقا ھەرقانداق يېزىقتىن ئېشىپ چۈشىدۇ.

چاغاتاي يېزىقىدا ئەرەب ـ پارسچە سۆز ـ ئىبارىلەر ئەرەب، پارس تىلىدىكى ئىملا بويىچە يېزىلغان. خاقانىيە يېزىقى دەۋرىدە ئەرەب يېزىقىدىكى بارلىق ھەرپ بەلگىلەر ئەينەن ۋە سەل ـ پەل ئىسلاھ قىلىنغان ھالدا قوللىنىلغان بولسا، چاغاتاي يېزىقى دەۋرىدە بۇ نۇقتىلار زور دەرىجىدە ئىسلاھ قىلىندى. يەنى، بەزى ئەرەب يېزىقىغا خاس بەلگىلەر

پەقەت ئەرەبچە ئىبارىلەرنى يېزىشتىلا قوللىنىلىپ ئۇيغۇر تىلىدىكى سۆزلەرگە قوللىنىلمىدى . ئۇيغۇر تىلىدىكى بىر قىسىم تاۋۇشلار ئۈچۈن ھەرپلەر پارس ئېلىپبەسىدىن قوبۇل قىلىندى . بۇ ھەرپلەر «گ ، پ ، چ ، ژ» قاتارلىقلاردۇر .

چاغاتاي يېزىقى شىنجاڭ ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا تەۋەسىدە ، يەنى شەرقتە قۇمۇلدىن غەربتە ئامۇ دەرياسىغىچە ، شىمالدا قورغاستىن جەنۇبتا ھىندىستاننىڭ پايتەختى دېھلىنىڭ شىمالىغىچە بولغان كەڭ تېررىتورىيىدە قوللىنىلغان ھاكىمىيەت يېزىقى ئىدى .

بۇ يېزىقتا پۈتۈلگەن يادىكارلىقلارنىڭ مۇھىملىرى تۆۋەندىكىچە :

1 . رابغۇزى : «قىسسەئى رابغۇزى» خەلق ئارىسىدا «قىسسەسۇل ئەنبىيا (پەيغەمبەرلەر قىسسىسى )» دېگەن نام بىلەن مەشھۇر بولغان بۇ ئەسەر 1310 ـ يىلى يېزىلغان .

2 . ئاتايىنىڭ غەزەللىرى

3 . سەككاكىنىڭ : «دىۋان سەككاكى» (1405~1410 ـ يىللار )

4 . لۇتفىنىڭ غەزەللىرى ۋە «گۇل ۋە نەۋروز» داستانى

5 . نەۋائى : «خەمسە» ، «چاھار دىۋان» ، «مەھبۇبۇل قۇلۇب» ، «مۇھاكىمە تۇل لۇغەتەين» ، «مەجالىسۇن نەفائىس»

6 . خىرقىتى : «مۇھەببەتنامە ۋە مېھناتكام»

7 . خاراباتى : «كۇللىيات مەسنەۋى خاراباتى»

8 . زەلىلى : «سەپەرنامە»

9 . ئەرشى : «غەزەللەر»

10 . نۇبىتى : «غەزەللەر»

11 . مەھزۇن خوتەنى : «دىۋان مەھزۇن»

12 . موللا ئەلەم شەھيارى : «گۇل ۋە بۇلبۇل»

13 . موللا بىلال ئىبنى موللا يۈسۈپ خوتەنى : «دىۋان بىلالى»

14 . مۇھەممەت سىدىق بەرشىدى : «سىدىقنامە»

15 . قەلەندەر : «غەزەللەر»

16 . گۇمنام : «غەزەللەر»

17. ئابدۇرېھىم نىزارى: «رابىيە ـ سەئىدىن»
18. غېرىبى: «غەزەللەر»
19. ئۆمەر ھۈسەيىن سەبۇرى: «ماقالات»
20. نورۇز ئاخۇن زىيائى: «غەزەللەر»
21. خىسلەت: «ھەدىيەئى خىسلەت»
22. موللا شاكىر: «زەپەرنامە»
23. موللا بىلال نازىم: «غەزەلىيات»، «چاڭموزا يۈسۈپخان»، «غازات دەرمۈلكى چىن»
24. مۆجىزى: «تارىخى مۇسىقىيۇن»
25. تەجەللى: «بەرق تەجەللى»

## 11. ھازىرقى زامان ئۇيغۇر كونا يېزىقى

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر كونا يېزىقى چاغاتاي يېزىقىنىڭ بىۋاستە راۋاجى، يېڭى دەۋردىكى شەكلى ھېسابلىنىدۇ. 19 ـ ئەسىردىن باشلاپ ئەرەب، پارس مەدەنىيىتىنىڭ ئۇيغۇرلارغا بولغان تەسىرى سۇسلاشتى. بىرقانچە ئەسىر قوللىنىلغان چاغاتاي يېزىقى ئاساسەن قېلىپلىشىپ قالدى. بىراق، ئۇيغۇر تىلىدىكى سوزۇق تاۋۇشلار ئۈچۈن ھەرپ بەلگىلەنمىگەن بولغاچقا، يەنىلا بۇ يېزىق ئىلمىي ئىزغا سېلىنمىغانىدى. 20 ـ ئەسىرنىڭ 20 — 30 ـ يىللىرىغا كەلگەندە ھەرخىل تارىخىي، سىياسىي ۋەقەلەر مەيدانغا كەلدى. جاھاندىن بىخەۋەر تۈن قاراڭغۇسىدا تۇرۇۋاتقان شىنجاڭ بۇ سىياسىي ۋەقەلەردە ئاز ـ تولا سەگەكلەشتى. يېڭىدىن ـ يېڭى ھاكىمىيەتلەرنىڭ مەيدانغا كېلىشى ياكى مەدەنىيەتنىڭ شىددەتلىك قاينىمى ۋە قۇمۇل دېھقانلار ئىنقىلابى شاڭ شىسەينى ۋاقىتلىق بولسىمۇ تېررورلۇقنى توختىتىشقا، يەن ـ مەدەنىيەتكە يول قويۇشقا مەجبۇر قىلدى. 30 ـ يىللاردا شىنجاڭدا مەيدانغا كەلگەن «ئۇيغۇر ئاقارتىش ئۇيۇشمىلىرى» ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تۇرمۇشىغا يېپيېڭى بىر مەزمۇن قوشتى. جۈملىدىن، زىيالىيلارمۇ ئۇيغۇر يېزىقى ھەققىدە جىددىي ئويلىنىپ چاغاتاي يېزىقىنى زور دەرىجىدە ئىسلاھ قىلىپ، 1937 ـ يىلى يېڭى

ئېلىپبە ۋە ئىملا قائىدىسىنى تۈزۈپ چىقتى . ئۇنىڭدىن سەل كېيىن ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ غەلىبىسى بىلەن يېڭى ئېلىپبە يەنە بىرقەدەم ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئىسلاھ قىلىندى . 1937 ـ يىلى ئېلان قىلىنغان ئېلىپبەدە ئەرەب يېزىقىغا خاس بەلگىلەردىن «ص ، ض ، ط ، ظ ، ث ، ح ، ذ ، ة» قاتارلىقلار ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى . 1935 ـ يىلىدىن باشلاپ چىقىرىلغان «شىنجاڭ گېزىتى» مانا مۇشۇ يېڭى ئىملادا نەشر قىلىنغاندى .

1950 ـ يىلى شىنجاڭ تىنچ يول بىلەن ئازاد قىلىنغاندىن كېيىن ، يېڭى جۇڭگودىكى بارلىق مىللەتلەرگە ئوخشاش ئۇيغۇر خەلقىمۇ ئورنىدىن دەس تۇردى . 1954 ـ يىلى بىز ھازىر قوللىنىۋاتقان ئېلىپبەنىڭ ئاساسى تۇرغۇزۇلۇپ تاكى 1984 ـ يىلىغىچە شۇ پېتى قوللىنىلدى . 1984 ـ يىلى تۆت لەۋلەشكەن تاۋۇش ئۈچۈن ئايرىم ـ ئايرىم تۆت ھەرپ بېكىتىلىپ ، ئۇيغۇر كونا يېزىقى 32 ھەرىپتىن تەشكىل تاپقان ، تىلىمىزدىكى ھەربىر تاۋۇش ئۈچۈن بىردىن ھەرپ بەلگىلەنگەن ئىلمىي بىر ئېلىپبە مەيدانغا كەلدى .

## 12 . لاتىن ئېلىپبەسى ئاساسىدىكى ئۇيغۇر يېڭى يېزىقى

ئۇيغۇرلارنىڭ لاتىن يېزىقىنى قوللىنىشى 20 ـ ئەسىرنىڭ 20 ـ يىللىرىدىلا باشلانغان . بولۇپمۇ سوۋېت ئىتتىپاقى ھاكىمىيىتىنىڭ قۇرۇلۇشى بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئۇيغۇرلار دەسلەپتە لاتىن ئېلىپبەسى ئاساسىدىكى ئۇيغۇر يېزىقىنى لايىھىلەپ ئوتتۇرىغا چىقاردى ۋە بىر قىسىم ئەسەر ۋە گېزىت ـ ژۇرناللارنى نەشر قىلدى . لېكىن ، سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى «بۈيۈك بىردەكلىك» يېزىق جەھەتتىمۇ ئىپادىسىنى تاپتى . ئۇيغۇرلار لاتىن ئېلىپبەسىنى تاشلاپ سلاۋيان ئېلىپبەسىنى قوللىنىشقا مەجبۇر بولدى .

ئېلىمىزدە 1956 ـ يىلى ئوتتۇرىغا قويۇلغان شىنجاڭدىكى ئۇيغۇر ، قازاق ، قىرغىز ، موڭغۇل ، شىبە بەش مىللەتنىڭ يېزىقىنى سلاۋيانلاشتۇرۇش لايىھىسى ئېلان قىلىنىپ ، يولغا قويۇلماي تۇرۇپلا ، جۇڭگو-

سوۋېت مۇناسىۋىتىنىڭ بۇزۇلۇشى بىلەن بۇ ئېلىپبە تاشلىنىپ قالدى . بۇ ۋاقىتتا جۇئېنلەي زۇڭلى «يېزىق ئۆزگەرتىشتىكى بەش پرىنسىپ» نى ئېلان قىلدى . بۇ پرىنسىپلار بويىچە جۇڭگودىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر يېزىق ئىجاد قىلماقچى ياكى يېزىق ئۆزگەرتمەكچى بولسا ، خەنزۇتىلى پىنيىن لايىھىسى (لاتىن يېزىق ئاساسىدىكى) ئاساسىدا ئىسلاھ قىلىش كېرەكلىكى كۆرسىتىلدى . شىنجاڭدىكى موڭغۇللار ۋە شىبەلەر يېزىق ئۆزگەرتمەسلىك يولىنى تاللىدى . ئۇيغۇر ، قازاق ، قىرغىزلار بولسا خەنزۇ تىلى پىنيىن لايىھىسى ئاساسىدىكى ئۇيغۇر يېڭى يېزىقىنىڭ لايىھىسىنى ئىشلەشكە كىرىشتى . شۇنداق قىلىپ ئالدىراپ - تېنەپ ئوتتۇرىغا چىقىرىلغان ، ئىلمىي بولمىغان بۇ ئېلىپبە 1960 - يىلى يورۇقلۇققا چىقتى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ بۇيرۇقى بىلەن 1965 - يىل 1 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن باشلاپ ئومۇميۈزلۈك قوللىنىشقا باشلىدى .

بۇ يېزىق ئۆزىدىكى تىلشۇناسلىق ئىلمىگە زىت بەزى نۇقسانلىرى (مەسىلەن : ئۇيغۇر تىلىدا يوق تاۋۇشلار ئۈچۈن كىرمە سۆزلەرنى يېزىشتا قوللىنىلىدىغان c ، v ، zh ، ch ، sh قاتارلىق ھەرپلەر) ۋە «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» جەريانىدىكى مىللىي خورلۇقلارغا ۋە كەمسىتىشلەرگە قارىتا ھېساب ئېلىش ۋە باشقا سەۋەبلەر تۈپەيلى 1982 - يىلى ئىشلىتىلىشتىن توختىتىلدى . 17 يىل قوللىنىلغان ، نىسبەتەن ئىلغار يېزىق ھېسابلانغان لاتىن يېزىقى ئاساسىدىكى ئۇيغۇر يېڭى يېزىقى شۇنداق قىلىپ تارىخ سەھنىسىدىن چۈشۈرۈۋېتىلدى .

## 13 . سلاۋيان ئېلىپبەسى ئاساسىدىكى ئۇيغۇر يېزىقى

سلاۋيان ئېلىپبەسى ئاساسىدىكى ئۇيغۇر يېزىقى سوۋېت ئىتتىپاقى تەۋەسىدىكى ۋە بۈگۈنكى ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرىدىكى ئۇيغۇر قېرىنداشلىرىمىز ئىزچىل قوللىنىپ كەلگەن يېزىقلارنىڭ بىرى .

ئېلىمىز 1950 - يىللاردىن كېيىن سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن

بولغان «ئالتۇن دەۋر» نى باشتىن كەچۈرۈۋاتاتتى . ستالىن ئۆز مەمل-
كىتىدىكى ئازسانلىق مىللەتلەر ، ھەتتا ئاشقى موڭغۇلىيىدە يېزىقنى
بىرلىككە كەلتۈرۈشتىن ئىبارەت زور سىياسىي ۋەزىپىنى ئورۇنلاپ
بولغاندىن كېيىن جۇڭگوغا كۆز تىكتى . ستالىن ھۆكۈمىتى رۇس تىل-
شۇناسلىرىنى بېيجىڭغا ئەۋەتىپ ، خەنزۇتىلى پىنيىننى سلاۋيانلاشتۇ-
رۇش خىزمىتىنى مۇزاكىرە قىلدى . خەنزۇ تىلشۇناسلار ئىلمىي مۇددى-
ئادىن كۆرە سىياسىي غەرەز يوشۇرۇنغان بۇ ئويۇننىڭ ئاقىۋىتىنى تە-
سەۋۋۇر قىلىپ يەتكەچكە ، سىلىق سۆزلەر بىلەن بۇ لايىھەنى رەت
قىلدى . لېكىن ، ئۇيغۇر زىيالىيلىرى ئەرەب ئېلىپبەسىنىڭ «جىنايى
پاكىتلىرى» نى ئوتتۇرىغا قويۇپ ، سلاۋيان ئېلىپبەسىنىڭ ئىلغارلىقى
ۋە ئارتۇقچىلىقلىرىنى مەدھىيىلەپ ، يېپيېڭى بىر لايىھەنى ئىشلەپ
چىقىپ ، 1956 - يىل 2 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىكى «شىنجاڭ گېزىتى»
دە ئېلان قىلدى . بىراق ، كۆپ ئۆتمەي جۇڭگو - سوۋېت مۇناسىۋىتى
بۇزۇلۇپ ، بۇ لايىھەلەر بىر چەتكە تاشلاپ قويۇلدى .

【خۇلاسە】

ئۇيغۇر خەلقى ئۆز تارىخىدا يېزىق جەھەتتە زور مۇقىمسىزلىقنى
بېشىدىن كەچۈردى . دۇنيادا ئۇيغۇرلاردەك كۆپ يېزىق قوللانغان ، دىن
يەڭگۈشلىگەن مىللەت ئاز ئۇچرايدۇ . يېزىق جەھەتتىكى بۇنداق مۇقىم-
سىزلىق بىر مىللەتنىڭ مەدەنىي ھاياتىدا ، مەدەنىيەتنىڭ ئىزچىللىقى
نۇقتىسىدىن ، تەرەققىيات نۇقتىسىدىن پايدىسىز .

【مۇھاكىمە سوئاللىرى】

1 . ئۇيغۇرلار ئۆز تارىخىدا قانداق يېزىقلارنى ئىشلەتكەن ؟
2 . ئۇيغۇرلار ئۆز تارىخىدا ئومۇمىيۈزلۈك ، كەڭ قوللانغان يېزىق-
لارنى تەپسىلىي تونۇشتۇرۇڭ .

# §3. ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ ئىملا قائىدىسى

يېزىق سىستېمىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، تاۋۇشلۇق تىلنى توغرا خاتىرىلەپ، ئۇنىڭ ئالاقىلىشىش ئۈنۈمىنى ئاشۇرۇشقا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، يېزىقنى مەلۇم بىر ئۆلچەمگە ئاساسەن قېلىپلاشتۇرۇشقا، يېزىش قائىدىلىرىنى بىرلىككە كەلتۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ. يېزىقنى قېلىپلاشتۇرۇش ۋە يېزىش قائىدىلىرىنى بىر سىستېمىغا سېلىش خىزمىتى مەلۇم پرىنسىپقا ئاساسەن تۈزۈپ چىقىلغان ھەم پۈتكۈل تىل ئىجتىمائىي كوللېكتىپى ئېتىراپ قىلغان ئىملا قائىدىسى ئارقىلىقلا ئەمەلگە ئاشىدۇ.

## 1. ئىملا قائىدىسى ۋە ئۇنىڭ رولى

مەلۇم بىر ئەدەبىي تىل ئارقىلىق ئالاقە قىلىدىغان ئىجتىمائىي كوللېكتىپنىڭ يېزىقنى توغرا يېزىشنى تەمىن ئېتىدىغان ۋە ئۇلارنىڭ يېزىق تىلىدا ئورتاق ئەمەل قىلىشى زۆرۈر بولغان قائىدىلەر سىستېمىسى ئىملا قائىدىسى، دېيىلىدۇ. ئىملا قائىدىسى ئادەتتە توغرا يېزىش قائىدىسى، دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

ئىملا قائىدىسى مەلۇم بىر يېزىقنى قوللانغۇچى ئىجتىمائىي كوللېكتىپ (مىللەت) نىڭ مەدەنىيەت تەرەققىياتىدا مۇكەممەللەشكەن يېزىقى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، شۇ مىللەتنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىدا، مەدەنىيەت، مائارىپ، پەن - تېخنىكا، ئاخبارات، نەشرىيات ئىشلىرىدا يېزىق تىلىنىڭ توغرا قوللىنىلىشىغا يېتەكچىلىك قىلىدىغان، شۇنداقلا ئەدەبىي تىلنىڭ قېلىپلىشىشى ۋە ئومۇملىشىشىدا تۈرتكىلىك رول ئوينايدىغان مۇھىم ۋاسىتىدۇر.

ئىملا قائىدىسى مەلۇم بىر تىلنىڭ يېزىق شەكلىنى قېلىپلاشتۇ-

سىدا نازارەتچىلىك رولىنى ئويناپ، ئۇلار ئارىسىدىكى پەرقلەرنى كېچىكلىتىدۇ. شۇ تىلنى قوللانغۇچى ئىجتىمائىي كوللېكتىپ دائىرىسىدە ئومۇمىيۈزلۈك يولغا قويۇلغان ۋە بىردەك ئېتىراپ قىلىنغان ئىملا قائىدىسى بولمىغان ئەھۋالدا، بىرلىككە كەلگەن، قېلىپلاشتۇرۇلغان ۋە مۇكەممەل بولغان ئەدەبىي تىلنىڭ بولۇشىدىن ئېغىز ئېچىش تەس. چۈنكى، جەمئىيەت تەرەققىياتى ھامان تىل تەرەققىياتىغا تەسىر كۆرسىتىدۇ، لېكىن تىلنىڭ ھەرقايسى تەركىبىي قىسىملىرىنىڭ تەرەققىياتى تەكشى بولمايدۇ. بۇ خىل تەكشىسىزلىكنىڭ تەڭپۇڭلۇقتا ئېرىشىش جەريانىدىكى زىددىيەتلەر ۋە جۇغراپىيىلىك شارائىتلار تۈپەيلىدىن تىلدا مەلۇم پەرقلەرگە ئىگە بولغان دىئالېكت ۋە شېۋىلەر پەيدا بولىدۇ. ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى پەرقنى پەقەت ئىملا قائىدىسى ئارقىلىق ئازايتقىلى ۋە بىرلىككە كەلتۈرگىلى بولىدۇ. دېمەك، يېزىق تىلى ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلىدىغان ئالاقىنى قولايلىقلاشتۇرۇش ۋە ئۇنىڭ ئۈنۈمىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئۈچۈن، يېزىق مەلۇم بىر ئۆلچەمگە چۈشكەن بولۇشى، يېزىش قائىدىلىرىمۇ قېلىپلاشقان بولۇشى كېرەك. شۇنداق بولغاندىلا، كىشىلەر شۇ بىرلىككە كەلگەن قائىدىنىڭ، يەنى ئىملا قائىدىسىنىڭ ياردىمى ئارقىلىق ئۆز ئوي - پىكىرلىرىنى، ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش تەجرىبىلىرىنى توغرا، چۈشىنىشلىك خاتىرلەپ، جانلىق تىلنىڭ ماكان ۋە زامان جەھەتتىكى يېتەرسىزلىكىنى تولۇقلاپ، پەن - تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇپ، جەمئىيەتنى ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلدۇرالايدۇ.

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ بۇ قېتىمقى ئىملا قائىدىسى، يەنى ھازىر ئۇيغۇر يېزىق تىلىدا قوللىنىلىۋاتقان ئىملا قائىدىسى 1985 - يىلى ئېلان قىلىنغان. ئۇ ئىملا قائىدىسى قوللىنىلغان ئون نەچچە يىل جەريانىدا كۆرۈلگەن مەسىلىلەر يەنىمۇ تۈزىتىلگەن ۋە يەنىمۇ تولۇقلانغان ھالدا 1997 - يىلى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ تەلەپپۇز قائىدىسى بىلەن بىرلەشتۈرۈلۈپ قايتا ئېلان قىلىنغان.

لەرنىڭ ئەسلىنى ساقلاپ يېزىش دېگەن بىرلا قائىدە بىلەن بۇ مەسىلىنى ھەل قىلالايدۇ. ئىگىلىك كېلىش قوشۇمچىسى «-نىڭ»مۇ جانلىق تىلدا «-نۇڭ»، «-نوڭ» دېگەن تۈرلىرى بىلەن ئۈچ ۋارىيانتقا ئىگە. لېكىن، بۇ مورفولوگىيىلىك پرىنسىپ بويىچە بولغاندا «-نىڭ» دەپ بەلگىلە-نىپ، قوشۇمچىلارنىڭ ئىخچاملىنىشىغا ئىمكانىيەت تۇغدۇرۇلىدۇ، شۇنىڭدەك قوشۇمچىلارنىڭ سوزۇق ۋە ئۈزۈك تاۋۇشلارنىڭ ماسلىشىشى تۈپەيلىدىن بولىدىغان ۋارىيانتلىرى، ئۈزۈك تاۋۇشلارنىڭ ئاسسىمىلياتسىيىسى ۋە ئاجىزلىشىشى قاتارلىق بىرمۇنچە مۇرەككەپ فونېتىكىلىق مەسىلىلەرنى بىر تەرەپ قىلىش پەقەت مورفولوگىيىلىك پرىنسىپنى قوللىنىش ئارقىلىقلا مۇمكىن بولىدۇ. مۇشۇنداق مۇھىم سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر يېزىق ئەدەبىي تىلىنىڭ ئىملا قائىدىلىرىنى تۈزۈشتە مورفولوگىيىلىك پرىنسىپ ئاساس قىلىندى.

سۆزلەر گراماتىكىلىق تۈرلىنىشكە كىرگەندە، سۆز يىلتىزى ۋە ئۇزەكلەر ئارىسىدا كۆرۈلىدىغان فونېتىكىلىق ئۆزگىرىشلەردىن ئۈزۈك تاۋۇشلارنىڭ ئۆزگىرىشلىرى يېزىقتا ساقلانمىدى. سۆزلەرنىڭ ئىككىنچى، ئۈچىنچى بوغۇملىرىدىكى سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئاجىزلىشىشى چەكلەنگەن فونېتىكىلىق پرىنسىپ بويىچە بىر تەرەپ قىلىندى.

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر يېزىق ئەدەبىي تىلىنىڭ ئىملا قائىدىلىرى بىلەن ئىملا لۇغىتىنى تۈزۈشتە نوقۇل مورفولوگىيىلىك پرىنسىپنى قوللىنىش بىلەنلا ھەممە ئىملا مەسىلىلىرىنى ھەل قىلىپ كەتكىلى بولمايدۇ. جانلىق تىل بىلەن يېزىق تىل ئوتتۇرىسىدىكى ئۇيغۇر تىلى-نىڭ تارىخىي ئەمەلىيىتى بىلەن ھازىرقى ھالىتى ئوتتۇرىسىدىكى تەڭ-پۇڭلۇقنى ساقلاش يۈزىسىدىن باشقا پرىنسىپلارغىمۇ مۇۋاپىق ئېتىبار بېرىش ئىملا پرىنسىپلىرىمىزنىڭ يەنە بىر قوشۇمچە تەرىپى ھېسابلىنى-دۇ.

2) تارىخىي (ئەنئەنىۋى) پرىنسىپ

بۇ ئەمەلىيەتتە سۆزلەرنىڭ فونېتىكىلىق پرىنسىپ بويىچە تارىخىي جەھەتتىن قېلىپلىشىپ قالغان شەكلىنى يېزىقتا ئىپادىلەش پرىنسىپى-

تىكىلىق ئۆزگىرىشلەرنى كەچۈرگەن بىر قىسىم تۈپ سۆز ۋە سىنتېتىك ئۇسۇل بىلەن ياسالغان ياسالما سۆزلەر بار؛ شۇنىڭدەك گەرچە ئىككى مۇستەقىل تەركىبتىن قۇرۇلغان بولسىمۇ، ئۆزئارا زىچ بىرىكىپ كەتكەنلىكتىن، ئۇلارنى مورفولوگىيىلىك قىسىملارغا ئايرىشنىڭ ھازىرقى ئىملايىمىز ئۈچۈن زۆرۈرىيىتى بولمىغان ۋە تىلىمىزدا بىر تۈپ سۆز تەرىقىسىدە قارىلىدىغان سۆزلەر بار. تارىخىي پرىنسىپ مانا مۇشۇ رېئاللىقنى يېزىقتا ئىپادىلەش پرىنسىپىدۇر.

بۇ قېتىم ۋە ئالدىنقى قېتىم تارىخىي پرىنسىپ قوللىنىلغان نۇقتىلار تۆۋەندىكىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ:

(1) ئەسلىدە ئىككى مۇستەقىل سۆزدىن قوشۇلۇپ ھاسىل بولغان بولسىمۇ، ھازىر بوغۇملىرى قىسقىرىپ، بىرگەۋدىلىشىپ كەتكەن سۆزلەر:

سەككىز+ ئون= سەكسەن      بۇ+ كۈن= بۈگۈن

بىلەك+ ئۈزۈك= بىلەزۈك      تۈنە+ كۈن= تۈنۈگۈن

كۆك+ ئوت= كوكات      ئاغا+ ئىنى= ئاغىنە

(2) بىر مۇستەقىل سۆز ۋە بىر ياكى ئىككى - ئۈچ ياسىغۇچى قوشۇمچە ئارقىلىق ياسالغان بولسىمۇ، تارىخىي فونېتىكىلىق ئۆزگىرىشلەر نەتىجىسىدە بوغۇملىرى قىسقىرىپ، قېلىپلىشىپ قالغان سۆزلەر:

ئۆر+ مە+ چۈك= ئۆمۈچۈك      يىغى+ لا= يىغلا- (يىغلىماق)

بىلە+ گۈ= بىلەي      قۇرۇ+ غ+ سا+ ق= قورساق

(3) تارىخىي فونېتىكىلىق ئۆزگىرىشلەر سەۋەبىدىن تاۋۇشلىرى ئۆزگەرگەن ياكى قىسقارغان ۋە ئۇزاق زامان شۇنداق قېلىپلىشىپ قالغان سۆزلەر:

ئاۋسىغان=يوسغان

تاقاغۇ=توخۇ

يوغۇرقان=يوتقان

(4) قائىدىگە خىلاپ بولسىمۇ، ئەنئەنە بويىچە قوشۇلۇۋاتقان بەزى قوشۇمچىلار، بەزى ئومۇمىي بولىغان فونېتىكىلىق ئۆزگىرىشلەر:

كەل-+تۇر=كەلتۇر.

ئۆل-+تۇر=ئۆلتۇر.

(بۇلارغا قائىدە بويىچە «-دۇر» قوشۇمچىسى قوشۇلۇشى لازىم ئىدى)

سىڭىل+سى=سىڭلىسى

بىر+سى=بىرسى

(بۇلارغا قائىدە بويىچە «ى» قوشۇمچىسى قوشۇلۇشى لازىم ئىدى)

(5) چەت تىلىدىن كىرگەن سۆزلەرنىڭ جانلىق تىلىمىزغا ئۆزلىشىپ، ئەسلىدىن پەرقلىنىپ كەتكەنلىرى:

| | |
|---|---|
| چەيدو (خەنزۇچىدا cəydaw) | كالاش (رۇسچىدا galoʃ) |
| لازا (خەنزۇچىدا lazi) | پەتنۇس (رۇسچىدا podnos) |
| مىجەز (پارسچىدا mizadʒ) | هويلا (پارسچىدا hawli) |

هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا ئىملاسى تارىخىي پرىنسىپ بىلەن بىر تەرەپ قىلىنغان مۇنداق سۆزلەرنىڭ سانى خېلى بار. شۇڭا، تىلىمىزدىكى تۈپ سۆزلەرنىڭ تۇرغۇن ھالىتىكى ئىملاسى ئاساسەن مورفولوگىيىلىك پرىنسىپ بىلەن تارىخىي پرىنسىپنى ئاساس قىلغان، دېيىشكە بولىدۇ.

3) فونېتىكىلىق پرىنسىپ

بۇ پرىنسىپ تىلىنىڭ هازىرقى هالىتىدىكى يىلتىز ياكى ئۆزەكلەرنىڭ يەككە تەلەپپۇز هالىتىدە ياكى ئۇلارنىڭ مورفولوگىيىلىك ئۆزگىرىشلەرگە كىرگىنىدە، كۆرۈلىدىغان، شۇنىڭدەك سۆزلەرنىڭ ئۆزئارا قوشۇلۇشىدىن ھاسىل بولىدىغان فونېتىكىلىق ئۆزگىرىشلەرنى يېزىقتا

ئىپادىلەش پرىنسىپىدۇر.
ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى ئىملاسىدا بۇ پرىنسىپ كۆپىنچە پېئىللارغا ياردەمچى پېئىللارنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ھاسىل بولغان بىر قىسىم ئانالىتىك شەكىللەرنىڭ سىنتېتىك شەكىللەرگە ئايلىنىشى پاكى يۈزلىنىشىدىن پەيدا بولىدىغان بىر قىسىم بىرىككەن سۆزلەردە، قوشۇمچىلار ئارقىلىق ياسالغان بىر قىسىم ياسالما سۆزلەردە سۆزنىڭ ئوچۇق بوغۇمىدا ئۇرغۇسىنى يوقاتقان «ئا، ئە» تاۋۇشلىرىنىڭ ئاجىزلىنىشىدىن ئىبارەت فونېتىكىلىق ئۆزگىرىشلەرنى ئىپادىلەشتە قوللىنىلىدى.
سۆزنىڭ ئىككىنچى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى بوغۇملىرىدىكى سوزۇق تاۋۇشلارنى ئاجىزلاشتۇرۇش مەسىلىسىدە فونېتىكىلىق پرىنسىپ مۇتلەقلەشتۇرۇلمىدى.
سۆز تۈرلىگۈچى ۋە سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچىلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى ئۇيغۇر تىلىنىڭ تارىختىن بۇيان داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان فونېتىكىلىق ئالاھىدىلىكى بولغان تاۋۇشلارنىڭ ئۆزئارا ماسلىشىش قانۇنىغا ئاساسەن چەكلىك فونېتىكىلىق پرىنسىپ بويىچە مۇقىملاشتۇرۇلدى.
4) ئايرىش (پەرقلەندۈرۈش) پرىنسىپى
بۇ پرىنسىپ كۆپىنچە بىر يېزىلىشى ياكى ئۆزەكتە مەلۇم فونېتىكىلىق ئۆزگىرىش ھاسىل قىلىش ئارقىلىق ئۇ سۆزنى ئىككىگە ئايرىش ۋە يېزىقتا ئىككى خىل قوللىنىشقا قارىتىلغان.
مۇنداق ئىككىگە ئايرىش بەزەن سېمانتىكىلىق مەنىنىڭ تەلەپ قىلىشى سەۋەبىدىن تىلنىڭ ئۆز تەرەققىياتىدا يۈز بەرسە، بەزەن جانلىق تىل بىلەن يېزىق تىل ئوتتۇرىسىدىكى پەرقتىن ۋە كېيىنچە ھەر ئىككىسىنىڭ يېزىقتا ئوخشاش ئىپادە قىلىنىشىدىن كېلىپ چىقىدۇ.
ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا بۇ پرىنسىپ بويىچە بىر تەرەپ قىلىنغان سۆزلەرنىڭ سانى كۆپ ئەمەس، ئەمما مۇنداق قىلىش ئۇيغۇر تىلى سۆز بايلىقىنىڭ ئېشىشىغا مەلۇم ئىجابىي تەسىر كۆرسەتكەن.
بۇ پرىنسىپ بويىچە بىر تەرەپ قىلىنغان سۆزلەر ئەسلى ئۇيغۇر تىلى سۆزلىرىدىمۇ، سىرتتىن قوبۇل قىلىنغان سۆزلەر (مەسىلەن:

دىمۇ ئوخشاش كۆرۈلىدۇ . شۇنىڭدەك ، ئۇ ئوخشاش بىر مەنىنى بىلدۈرە-
دىغان قوشۇمچىلارنىڭ قوشۇلۇش شارائىتى ئوخشاش بولغان ئورۇنلىرى-
دىمۇ كۆرۈلىدۇ . مەسىلەن :

تارتۇق (سوۋغا) ← تا (ر) تۇق (يارا ئىزى)
تىنچىق (دىمىق) ← تۇنجۇق- (ھاۋا يېتىشمەسلىك)
ئاغدۇر- (ئەتۇر ئۆرۈمەك) ← ئاختۇر- (ئىزلىمەك)
ئېچىق (ئېچىلغانلىق) ← ئاچچىق (سۈپەت)
قېتىق (ئىسىم) ← قاتتىق (سۈپەت)
تۇلۇغ (ئالىي مەرتىۋىلىك) ← ئۇلۇق (چوڭ)
ئاۋۇش (ئاۋاز) ← تىۋىش (بىلىنەر - بىلىنمەس ئاۋاز)
قورۇ (ھويلا) ← قورۇ
ئۆتتۈرا ← ئوتتۇرا
دالا ← تالا (ئۆينىڭ سىرتى)
خەلق ← خەق (باشقىلار ، كىشىلەر)
دوكتور (ئۇنۋان) ← دوختۇر (كېسەل داۋالىغۇچى)
مېھنەت (ئەمگەك ، جاپا) ← مەينەت (پاسكىنا)
ۋاقىت ← ۋاخ (ۋاخ قالماق)
ئېتىبار (ئېتىبار بەرمەك) ← ئەتىۋار (سۈپەت)
قارار ← قەرەل
ئۇستاز ← ئۇستا
ئۇلاغ ← (ئات - ئۇلاغ) ← ئۇلاق
ئىششىق ← ئۇششۇق (مۇتتەھەم)
ئوچۇق ← ئېچىق (ئېتىزنىڭ ئېچىقى)
يوپۇق (ئاتنىڭ يوپۇقى) ← يېپىق (سۈپەت)
ئىزدە- (ئىزنى ئىزدىمەك) ← ئىزلە ، ئىستە -
باشقۇر- (باشقۇرۇش) ← باشقارما

كېمەك ← كېمىك (سۆيەت)

كېزەك (نۆۋەت) ← كېزىك (كېسەل)

توغرىلىق (ئىسىم) ← توغرۇلۇق (تىركەلمە)

دۆلەت (مەملىكەت) ← دەۋلەت (بايلىق)

زېھىن (پاراسەت) ← زەن (زەن سالماق)

تەيىن (تەيىنلىمەك) ← تايىن (تايىنى يوق)

شان (شان ـ شەرەپ) ← شەن (شانىگە ···)

شەرەم (شەرمۇھايا) ← شەم (بىشەم)

### 3 . ئىملا قائىدىسىنىڭ مەزمۇنى

هازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ ئىملا قائىدىسى فونېتىكىلىق پرىنسىپ بىلەن مورفولوگىيىلىك پرىنسىپنى مۇۋاپىق بىرلەشتۈرۈش ئاساسىدا ئىشلەنگەن . هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىملا قائىدىسى ھەرپ شەكىللىرى ۋە ئۇلارنىڭ يېزىلىش ئۇسۇللىرى ؛ سۆزلەرنىڭ يېزىلىش قائىدىلىرى ؛ قوشۇمچىلارنىڭ ئۇلىنىش قائىدىلىرى ؛ باش قۇردىن يېزىش ۋە بوغۇم كۆچۈرۈش قائىدىلىرى ؛ تىنىش بەلگىلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئىشلىتىلىش قائىدىلىرى ؛ نەشرىياتچىلىقتا ئەمەل قىلىنىشقا تېگىشلىك تىزىش ، يېزىشقا دائىر قائىدىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ . ھەرپ شەكىللىرى دېگەندە ، ئۇيغۇر تىلىدىكى 32 فونېما ئۈچۈن بەلگىلەنگەن 32 ھەرپنىڭ ھەربىرسىنىڭ يەككە شەكلى ، باشتىن قوشۇلىدىغان شەكلى ، ئوتتۇرىدىن قوشۇلىدىغان شەكلىدىن ئىبارەت كونكرېت شەكىللىرى كۆزدە تۇتۇلىدۇ ؛ ھەرپلەرنىڭ يېزىلىش ئۇسۇللىرى دېگەندە ، بۇ ھەرپلەرنىڭ كونكرېت شەكىللىرىنىڭ قوللىنىلىشى كۆزدە تۇتۇلىدۇ ؛ سۆزلەرنىڭ يېزىلىش قائىدىلىرى دېگەندە ، جۈپ سۆزلەرنىڭ ئىملاسى ، بىرىككەن سۆزلەرنىڭ ئىملاسى ، سانلارنىڭ ئىملاسى ، ياردەمچى سۆزلەرنىڭ سۆزلەرگە بىرىكىش قائىدىسى قاتارلىقلار كۆزدە تۇتۇلىدۇ .

## 1 . سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئىملاسى

### 1) سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئاھاڭداشلىقى

(1) سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئورۇن ئاھاڭداشلىقى

ئۇيغۇر تىلىدا سۆزنىڭ ئاخىرقى بوغۇمىدىكى سوزۇق تاۋۇشنىڭ تىل ئالدى ياكى تىل ئارقا سوزۇق تاۋۇش بولۇشىغا قاراپ، قوشۇمچىلارنىڭ شۇنىڭغا ماس كېلىدىغان ۋارىيانتى قوشۇلىدۇ. لېكىن، ئارا سوزۇق تاۋۇش «ئى، ئې»لارنىڭ باشقا سوزۇق تاۋۇشلار بىلەن ماسلىشىش خۇسۇسىيىتىدە ئىككى خىللىق بولغانلىقى ئۈچۈن، بۇ سوزۇق تاۋۇشلار بىلەن تۈزۈلگەن سۆزلەرگە قوشۇمچىلار تۆۋەندىكى قائىدىلەر بويىچە قوشۇلىدۇ:

① «ئى» ياكى «ئې» تاۋۇشلىرى بىلەن تۈزۈلگەن بىر بوغۇملۇق ۋە كۆپ بوغۇملۇق سۆزلەر، شۇنىڭدەك بۇ تاۋۇشلارنىڭ ھەر ئىككىسىنىڭ قاتنىشىشى بىلەن تۈزۈلگەن كۆپ بوغۇملۇق سۆزلەرنىڭ تەركىبىدە «ك، گ» تاۋۇشلىرى بولسا، مۇنداق سۆزلەردىكى «ئې» ياكى «ئى» تاۋۇشلىرى تىل ئالدى تەلەپپۇز قىلىنىدۇ ۋە قوشۇمچىلارنىڭ تىل ئالدى سوزۇق تاۋۇشلۇق ۋارىيانتلىرى قوشۇلىدۇ. مەسىلەن:

| | |
|---|---|
| يىك + لەر = يىكلەر | ئىلگىرى + لە = ئىلگىرىلە-، |
| يىك + كە = يىككە | ئىلگىرىلىمەك |
| چىگ- + كەن = چىگكەن | گېن + گە = گېنگە |
| چىگ- + مەك = چىگمەك | سىرك + چىلىك = سىركچىلىك |
| پىلىك + لەر = پىلىكلەر | ئېلېكتىر + لىك = ئېلېكتىرلىك |
| پىلىك + كە = پىلىككە | ئېففېكت + كە = ئېففېكتكە |
| ئىچىك- + كەن = ئىچىككەن | تېكىست + كە = تېكىستكە |
| ئىچىك- + مەك = ئىچىكمەك | گېزىت + چىلىك = گېزىتچىلىك |

لېكىن، تەقلىد سۆزلەر بۇ قائىدىگە بېقىنمايدۇ. مەسىلەن:

چىك + ئىلدا = چىكىلدا-، گىژ + ئىلدا = گىژىلدا-.

تىك + ئىلدا = تىكىلدا.　　　　تىرىك + لا = تىرىكلا.

② تەركىبىدە «ك ،گ» تاۋۇشلىرى بولمىغان سۆزلەردىكى «ئې ، ئى» تاۋۇشلىرى تىل ئارقا سوزۇق تاۋۇش تەلەپپۇز قىلىنىدۇ ، قوشۇمچىلارنىڭ تىل ئارقا سوزۇق تاۋۇشلۇق ۋارىيانتى قوشۇلىدۇ . مەسىلەن :

| | |
|---|---|
| زىق + قا = زىققا | تىل- + غان = تىلغان |
| چىغ + قا = چىغقا | سىنىپى + لىق = سىنىپىلىق |
| سىر + لىق = سىرلىق | رېتسىپ + قا = رېتسىپقا |
| تىز + غا = تىزغا | ئېلېمېنت + قا = ئېلېمېنتقا |
| ئىت + قا = ئىتقا | ئىنژېنېر + غا = ئىنژېنېرغا |
| بېنت + لار = بېنتلار | بېنزىن + غا = بېنزىنغا |
| ھېس + قا = ھېسقا | بېھىش + قا = بېھىشقا |
| تىن- + دۇر = تىندۇرماق | قىل- + دۇر = قىلدۇرماق |

لېكىن ، تۆۋەندىكى سۆزلەرنىڭ تەركىبىدە «ك ، گ» تاۋۇشلىرى يەنىلا تىل ئالدى سوزۇق تاۋۇش تەلەپپۇز قىلىنىدۇ ۋە قوشۇمچىلارنىڭ تىل ئالدى سوزۇق تاۋۇشلۇق ۋارىيانتى قوشۇلىدۇ . مەسىلەن :

| | |
|---|---|
| بىز | بىزگە ، بىزلەر |
| سىز | سىزگە ، سىزلەر |
| بىر | بىرگە ، بىرلەر ، بىرلەمچى |
| ھىم | ھىملىمەك |
| بىل- | بىلگەن ، بىلمەك |
| مىن- | مىنگەن ، مىنمەك |
| سىڭ- | سىڭگەن ، سىڭمەك |
| ئىچ- | ئىچكەن ، ئىچمەك |
| تېز | تېزلىك ، تېزلەشمەك |
| ئىلىم | ئىلىملىك ، ئىلىمگە ، ئىلىملەر |

| | |
|---|---|
| بىلىم | بىلىملىك ، بىلىمگە ، بىلىملەر |
| سىلى | سىلىگە |
| ئۆتە- | ئۆتكەن ، ئۆتمەك |
| يىمىر- | يىمىرگەن ، يىمىرمەك |
| ئىنتىل- | ئىنتىلگەن ، ئىنتىلمەك ، ئىنتىلگۈچى ، ئىنتىلمە |
| چىرى- | چىرىگەن ، چىرىمەك ، چىرىك ، چىرىتكۈچى |
| جىددىي | جىددىيلىك ، جىددىيلەشمەك |
| نىسپىي | نىسپىيلىك ، نىسپىيلەشتۈرۈش |
| بىھى | بىھىگە ، بىھىلىك ، بىھىلەر |
| سىھىر | سىھىرلىك ، سىھىرگەرلىك |
| ئىگىش- | ئىگىشكەن ، ئىگىشمەك ، ئىگىشەڭگۈ |

③ «ئى» بىلەن تۈزۈلگەن تۆۋەندىكى سۆزلەرگە ئورنىغا قاراپ تىل ئالدى سوزۇق تاۋۇشلۇق ياكى تىل ئارقا سوزۇق تاۋۇشلۇق قوشۇمچىلار قوشۇلىدۇ . مەسىلەن :

ئىل - ئىلمەك (ئىسىم) ، ئىلماق (ئىسىمداش) ، ئىلغۇ ، ئىلغان ، ئىلسا

تىز - تىزماق (ئىسىمداش) ، تىزغان ، تىزسا ، تىزىق ، تىزىملىك

ئىز ئىزلار ، ئىزغا ، ئىزدە- ، ئىزدەك .

ئىش ئىشلار ، ئىشقا ، ئىشلە- ، ئىشلىق

چىش چىشلار ، چىشقا ، چىشلە- ، چىشلىق

④ سوزۇق تاۋۇشلىرى قۇرۇلمىسى «ئە ، ئى» ، «ئۇ. ئە. ئى» ، «ئە.ئى.ئى» شەكلىدە كەلگەن ئىككى ياكى ئۈچ بوغۇملۇق سۆزلەرگە قوشۇمچە قوشۇشتا ئالدىنقى بوغۇملاردىكى «ئە» تاۋۇشى ئاساس قىلىنىدۇ . مەسىلەن :

| | | |
|---|---|---|
| سەلبىي | سەلبىيلىك | سەلبىيلەشتۈرۈش |
| تەنقىد | تەنقىدكە | تەنقىدتە |

| | | | |
|---|---|---|---|
| تەقدىر | تەقدىرلە- | تەقدىردە | |
| قەبىھ | قەبىھلىك | قەبىھلەشمەك | |
| ھەقىقىي | ھەقىقىيلەشتۈرۈش | | |
| مۇستەقىل | مۇستەقىللەشتۈرۈش | | |
| مۇئەللىم | مۇئەللىملىك | مۇئەللىملەر | مۇئەللىمگە |

ئەگەر مۇنداق سۆزلەرنىڭ ئاخىرقى بوغۇمىدا «ق، غ»غا ئوخشاش تىل ئورنى ئارقىدىراق بولغان تاۋۇشلار كەلسە، «لىك، لىق» قوشۇمچىلىرىنىڭ تىل ئارقا سوزۇق تاۋۇشلۇق ۋارىيانتى قوشۇلىدۇ. مەسىلەن:

ھەقىقىيلىق مۇستەقىللىق ئەقىللىق مەنتىقىلىق مەشرىقلىق

⑤ ئاخىرقى بوغۇمىدا «ئى، ئې» تاۋۇشلىرى كەلسىمۇ، ئالدىنقى بوغۇمىدا ئارقا سوزۇق تاۋۇشلار كەلگەن سۆزلەرگە قوشۇمچىلارنىڭ ئارقا سوزۇق تاۋۇشلاردىن تۈزۈلگەن ۋارىيانتلىرى قوشۇلىدۇ. مەسىلەن:

| | | | |
|---|---|---|---|
| قازى | قازىلىق | قازىلار | قازىغا |
| ئالىي | ئالىيلىق | | |
| روزى | | روزىلار | روزىغا |
| ئوغرى | ئوغرىلىق | ئوغرىلار | ئوغرىغا |
| بالېت | بالېتقا | | |
| پارلامېنت | پارلامېنتقا | | |
| دۇئېل | دۇئېلغا | | |
| كۇپلېت | كۇپلېتلىق | كۇپلېتقا | |
| بولشېۋىك | بولشېۋىكلىق | بولشېۋىكلار | |
| دوتسېنت | دوتسېنتلىق | دوتسېنتلار | دوتسېنتقا |

⑥ «ئا، ئە» تاۋۇشلىرى بىلەن تۈزۈلگەن بىر بوغۇملۇق ۋە كۆپ بوغۇملۇق سۆزلەرگە «ئى» تاۋۇشى بىلەن تۈزۈلگەن قوشۇمچىلار قوشۇلۇپ، مەزكۇر سۆزلەرنىڭ تەركىبىدىكى «ئا، ئە» تاۋۇشلىرى «ئې»

ياكى «ئى»غا ئۆزگەرگەندىن كېيىن يەنە قوشۇمچە قوشۇشقا توغرا كەل-
سە، شۇ سۆزلەرنىڭ ئەسلىدىكى ھالىتى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. مەسىلەن:

بار-+ئىش= بېرىش، بېرىشقا

بەر-+ئىش=بېرىش، بېرىشكە

ئالما+سى=ئالمىسى، ئالمىسىغا

ئائىلە+سى=ئائىلىسى، ئائىلىسىگە

بۇ قائىدە مۇنداق فونېتىكىلىق ئۆزگىرىشكە كىرىپ، تارىخىي
جەھەتتىن تۇراقلىشىپ كەتكەن سۆزلەرگىمۇ ئۇيغۇن. مەسىلەن:

پات-+ىق=پېتىق، پېتىققا، پېتىقلاپ

چەك-+ىت= چېكىت، چېكىتكە، چېكىتلىك

چېقىر<چاقىر چېقىرغا

بېجىر<بەجىر-بېجىرمەك

سېمىز<سەمىز سېمىزلىك

ئېرى-<ئەرۈ-ئېرىمەك، ئېرىگەن

⑦ «ئە» بىلەن تۈزۈلگەن بىر بوغۇملۇق سۆزلەرگە ياكى ئاخىرقى
بوغۇمى «ئە» بىلەن تۈزۈلگەن ئىككى، ئۈچ بوغۇملۇق سۆزلەرگە قو-
شۇمچە قوشۇشتا ئاخىرقى بوغۇمدا «ق» تاۋۇشى كەلگەنلىرىگە «لىق»
قوشۇمچىسىنى قوشقاندىن باشقا، ھەممە ئەھۋالدا مۇشۇ ئاخىرقى بوغۇ-
مىدىكى «ئە» ئىناۋەتكە ئېلىنىپ، قوشۇمچىلارنىڭ تىل ئالدى سوزۇق
تاۋۇشلۇق ۋاريانتى قوشۇلىدۇ. مەسىلەن:

| | | | |
|---|---|---|---|
| ئائىلە | ئائىلىلىك | ئائىلىلەر | ئائىلىگە |
| ئاھالە | ئاھالىلىك | ئاھالىلەر | ئاھالىگە |
| پارتىيە | پارتىيىلىك | پارتىيىلەر | پارتىيىگە |
| ئاۋارە | ئاۋارىچىلىك | ئاۋارىلەر | |
| مۇتلەق | مۇتلەقلىق | مۇتلەقچىلىق | |
| ئەخمەق | ئەخمەقلىق | ئەخمەقلەرگە | ئەخمەققە |

⑧ ئىسىملارنىڭ كىچىكلىتىش قوشۇمچىسى «چە»، تۇرغۇن سۆز-

كەرەك سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچە «چە» قوشۇلغان سۆزلەرگە ۋە «چە»
بىلەن ئاخىرلاشقان تۈپ سۆزلەرگە تۈرلىگۈچى قوشۇمچىلار قوشۇلغاندا ،
«چە» بوغۇمىنىڭ ئالدىدىكى بوغۇمدا قانداق سوزۇق تاۋۇش كەلگەنلىكى
ئىناۋەتكە ئېلىنىدۇ ، يەنى «چە» بوغۇمىنىڭ ئالدىدا تىل ئالدى سوزۇق
تاۋۇشلۇق بوغۇم بولسا ، قوشۇمچىلارنىڭ تىل ئالدى سوزۇق تاۋۇشتىن
تۈزۈلگەن ۋارىيانتى ، تىل ئارقا سوزۇق تاۋۇشلۇق بوغۇم بولسا ، تىل
ئارقا سوزۇق تاۋۇشلۇق ۋارىيانتى قوشۇلىدۇ . مەسىلەن :

كىچىكلىتىش قوشۇمچىسى «چە» بىلەن كەلگەن سۆزلەر

| | | | |
|---|---|---|---|
| باغچە | باغچىلار | باغچىغا | باغچىدا |
| كىتابچە | كىتابچىلار | كىتابچىغا | كىتابچىدا |
| زىخچە | زىخچىلار | زىخچىغا | زىخچىدا |
| ياماقچە | ياماقچىلار | ياماقچىغا | ياماقچىدا |
| تۇلۇمچە | تۇلۇمچىلار | تۇلۇمچىغا | تۇلۇمچىدا |
| نەيچە | نەيچىلەر | نەيچىگە | نەيچىدە |
| كۆپۈكچە | كۆپۈكچىلەر | كۆپۈكچىگە | كۆپۈكچىدە |
| كاتەكچە | كاتەكچىلەر | كاتەكچىگە | كاتەكچىدە |
| قەلەمچە | قەلەمچىلەر | قەلەمچىگە | قەلەمچىدە |

«چە» بىلەن ياسالغان رەۋىشلەر ۋە ئىسىملار

| | | | |
|---|---|---|---|
| يانچە | يانچىلاپ | | |
| ئايالچە | ئايالچىلاپ | | |
| ئارقىچە | ئاقىچىلاپ | | |
| ئوغۇلچە | ئوغۇلچىلاپ | | |
| ئېغىزچە | ئېغىزچىلاپ | | |
| ئۇيغۇرچە | ئۇيغۇرچىلاپ | ئۇيغۇرچىغا | ئۇيغۇرچىدا |
| كونىچە | كونىچىراق | | |

باشقچە　　باشقچىراق

كىيىنچە　　كىيىنچىرەك

ئادەتتىكچە　　ئادەتتىكىرەك

قوشۇمچە　　قوشۇمچىلار　　قوشۇمچىغا　　قوشۇمچىدا

«چە» بىلەن ئاياغلاشقان سۆزلەر

ئۆنچە　　ئۆنچىگە　　ئۆنچىلەر　　ئۆنچىدە

غۇنچە　　غۇنچىغا　　غۇنچىلار　　غۇنچىدا　　غۇنچىلاپ

لېكىن، «چە» بىلەن ئاياغلاشقان بارلىق ئالماشلارغا قوشۇمچە قوشۇشتا ئاخىرقى بوغۇم ئۆلچەم قىلىنىپ، قوشۇمچىلارنىڭ تىل ئالدى سوزۇق تاۋۇشتىن تۈزۈلگەن ۋارىيانتلىرى قوشۇلىدۇ. مەسىلەن:

ئانچە　　ئانچىلىك　　ئانچىگە

قانچە　　قانچىلىك　　قانچىگە　　قانچىلىكەن

ئۆنچە　　ئۆنچىلىك　　ئۆنچىگە

شۇنچە　　شۇنچىلىك　　شۇنچىگە　　شۇنچىلىكەن

مۇنچە　　مۇنچىلىك　　مۇنچىگە　　مۇنچىلىكەن

(2) سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئاھاڭداشلىقى

① لەۋلەشكەن سوزۇق تاۋۇش بىلەن تۈزۈلگەن بىر بوغۇملۇق سۆزلەرگە ۋە ئاخىرقى بوغۇملىرىدا لەۋلەشكەن سوزۇق تاۋۇش كەلگەن كۆپ بوغۇملۇق سۆزلەرگە قوشۇمچىلارنىڭ لەۋلەشكەن سوزۇق تاۋۇشتىن تۈزۈلگەن ۋارىيانتى قوشۇلىدۇ. مەسىلەن:

قول　　قولۇم　　قولۇڭ　　قوللۇق

سۆز　　سۆزۈم　　سۆزۈڭ　　سۆزلۈك

يۈز　　يۈزۈم　　يۈزۈڭ　　يۈزلۈك

يولۇق-　　يولۇقۇپ　　يولۇقۇش

② لەۋلەشمىگەن سوزۇق تاۋۇش بىلەن تۈزۈلگەن بىر بوغۇملۇق سۆزلەرگە ياكى ئاخىرقى بوغۇمىدا لەۋلەشمىگەن سوزۇق تاۋۇش كەلگەن كۆپ بوغۇملۇق سۆزلەرگە قوشۇمچىلارنىڭ لەۋلەشمىگەن سوزۇق تاۋۇشتىن تۈزۈلگەن ۋارىيانتى قوشۇلىدۇ. مەسىلەن:

باغ+ىم= بېغىم

قوللار+ىم= قوللىرىم (قوللۇرۇم ئەمەس)

ئال+ىپ= ئېلىپ

ئەن+لىك= ئەنلىك

تولا+سى= تولىسى (تولۇسى ئەمەس)

تۆگە+دى= تۆگىدى (تۆگۈدى ئەمەس)

ئۆگەن+ىش= ئۆگىنىش (ئۆگۈنۈش ئەمەس)

## 2) سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئاجىزلىشىشى

(1) «ئا» تاۋۇشى بىلەن تۈزۈلگەن بىر بوغۇملۇق سۆزلەرگە «ئى» بىلەن باشلانغان قوشۇمچىلار قوشۇلغاندا، مەزكۇر بوغۇم ئوچۇق بوغۇم ھالىتىدە قېلىپ، بوغۇمنىڭ ئۇرغۇسى ئاياغدىكى بوغۇملارغا يۆتكەلسە، «ئا» تاۋۇشى ئاجىزلىشىپ «ئې» تاۋۇشىغا ئۆزگىرىدۇ ۋە ئاجىزلاشقىنى بويىچە يېزىلىدۇ. مەسىلەن:

ئال+ىپ= ئېلىپ          جان+ىم= جېنىم

لېكىن، كۆپىنچە ئاھاڭدار تاۋۇشلار (مەسىلەن، ر، ل، ي، ن) بىلەن ئاياغلاشقانلىرىدا گەرچە قوشۇمچە قوشۇلغاندىن كېيىن مەزكۇر بوغۇم ئوچۇق بوغۇم ھالىتىدە قالسىمۇ، بۇ بوغۇمدىكى «ئا» تاۋۇشى نىسبەتەن سوزۇلۇپ ئېيتىلغانلىقى ئۈچۈن، ئۆزىنىڭ ئۇرغۇسىنى يوقاتمايدۇ ۋە ئاجىزلاشمايدۇ، يېزىقتا ئاجىزلاشتۇرماي يېزىلىدۇ. مەسىلەن:

سان+ى= سانى          كار+ى= كارى          يال+ى= يالى

تار+ى=تارى　　يار+ى=يارى　　جاي+ى=جايى

مۇنداق سۆزلەرنىڭ بەزىلىرى ئۇيغۇر تىلى دىئالېكتلىرىنىڭ بەزىلىرىدە «ئا» سوزۇق تاۋۇشىنى ئاجىزلاشتۇرۇش بىلەن، بەزىلىرىدە ئاجىزلاشتۇرماي ئىيتىلىسىمۇ، لېكىن يېزىقتا يۇقىرىدىكى قائىدە بىلەن بىرلىك كۆزدە تۇتۇلۇپ، ئاجىزلاشتۇرۇلماي يېزىلىدۇ. مەسىلەن:

قار+ى=قارى~قېرى، يېزىلىشى: قارى
چار+ى=چارى~چېرى، يېزىلىشى: چارى
بار+ى=بارى~بېرى، يېزىلىشى: بارى
ياز+ىچە=يازىچە~يېزىچە، يېزىلىشى: يازىچە

(2) «ئە» تاۋۇشى بىلەن تۈزۈلگەن بىر بوغۇملۇق سۆزلەرگە قوشۇمچىلار قوشۇلغاندا، مەزكۇر بوغۇم ئوچۇق بوغۇم ھالىتىدە قالسا، بوغۇمدىكى ئۇرغۇ كۆپىنچە ئاياغدىكى بوغۇمغا يۆتكىلىدۇ ھەم «ئە» تاۋۇشى ئاجىزلىشىپ «ئې»غا ئۆزگىرىدۇ ۋە ئاجىزلاشقىنى بويىچە يېزىلىدۇ. مەسىلەن:

كەل+ەر=كېلەر　دە-+مەك=دېمەك
ئەن+ى=ئېنى　بەر-+سەپ=بېرسەپ

لېكىن، «ر» بىلەن ئاياغلاشقان بىر قىسىم سۆزلەردە ۋە ئەرەب-پارس تىلىدىن كىرگەن بولسىمۇ، ئەسلىدىكى تاۋۇشلىرىدىن بەزىلىرى چۈشۈپ قالغان بىر قىسىم سۆزلەردە مۇنداق ھادىسە كۆرۈلمەيدۇ، شۇڭا مۇنداق سۆزلەردىكى «ئە» تاۋۇشى ئاجىزلاشتۇرماي يېزىلىدۇ. مەسىلەن:

تەر+ى=تەرى　　زەر+ى=زەرى　　تەم+ى=تەمى
پەم+ى=پەمى　　چەم+ى=چەمى　　سەر+ى=سەرى

(3) سۆزلەرنىڭ ئىككىنچى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى بوغۇملىرىدىكى «ئا، ئە» تاۋۇشلىرى مەزكۇر سۆزلەرگە قوشۇمچە قوشۇلۇش بىلەن ئۆز ئۇرغۇسىنى يوقاتسا (يەنى بوغۇملاردىكى ئۇرغۇ ئاياغدىكى بوغۇملارغا

يۆتكەلسە ) ، ئاجىزلىشىدۇ ۋە «ئى»غا ئۆزگىرىدۇ ، ئاجىزلاشقىنى بويىچە يېزىلىدۇ . مەسىلەن :

| | |
|---|---|
| ياسا.+ غان= ياسىغان | ئاسان — ئاسىنى |
| بالا+ لار= بالىلار | ئاياغ — ئايىغى |
| ئاھالە+ سى= ئاھالىسى | مەسلىھەت — مەسلىھىتى |
| سۆزلە.+ مەك= سۆزلىمەك | ياساز.— ياسىنىپ |
| تىلە.+ گەن= تىلىگەن | ئاتاق.— ئاتىقى |

لېكىن ، ئەرەب ـ پارس تىلىدىن ، رۇس تىلىدىن كىرگەن بىر قىسىم كۆپ بوغۇملۇق سۆزلەرنىڭ ئاخىرقى بوغۇملىرىدىكى (مەيلى ئوچۇق بوغۇم بولسۇن ، مەيلى يېپىق بوغۇم بولسۇن ) «ئا ، ئە» تاۋۇشلىرى ، شۇنىڭدەك خەنزۇ تىلىدىن كىرگەن سۆزلەردىكى قوشما يۈنمۇ « ue، uan، ia، iaŋ» قاتارلىقلار ئۆزلىرىنىڭ ئەسلىدىكى ئۆزۈن سوزۇق تاۋۇشلۇق خاراكتېرىنى يوقاتمىغانلىقى ئۈچۈن ئاجىزلاشمايدۇ ۋە ئاجىزلاشتۇرماي يېزىلىدۇ . مەسىلەن :

| | |
|---|---|
| سىماب+ ى= سىمابى | تەلەت+ ى= تەلەتى |
| سىياق+ ى= سىياقى | جەمەت+ ى= جەمەتى |
| كىلاتا+ سى= كىلاتاسى | ئەسەب+مى= ئەسەبى |
| سېسترا+ لىق= سېستىرالىق | شائجىيالا+ ى= شائجىياڭى |
| ئىمزا+ لا= ئىمزالا. | سىلىڭگۇەن+ ى= سىلىڭگۇەنى |
| ئەشيا+ لار= ئەشيالار | سىلىڭيۈەن+ ى= سىلىڭيۈەنى |

3) سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ چۈشۈپ قېلىشى

(1) بىر قىسىم ئىككى بوغۇملۇق سۆزلەرنىڭ ئىككىنچى بوغۇمىدىكى ئېگىز سوزۇق تاۋۇشلار شۇ سۆزلەرگە قوشۇمچە قوشۇلغاندا ، ئۆز ئۇرغۇسىنى يوقاتقانلىقتىن ، تەلەپپۇزدا چۈشۈپ قالىدۇ ۋە شۇنداق يېزىلىدۇ . مەسىلەن :

| | |
|---|---|
| كۆڭۈل+ى=كۆڭلى | سىڭىل+ىم=سىڭلىم |
| ئورۇن+ا=ئورنا | ئوغۇل +ۇم=ئوغلۇم |
| ھۆكۈم+ى=ھۆكمى | نەسىل+ى=نەسلى |
| پەسىل+ى=پەسلى | جىسىم+ى=جىسمى |
| قىسىم+ى=قىسمى | |

## 2 . ئۈزۈك تاۋۇشلارنىڭ ئىملاسى

1) ئۈزۈك تاۋۇشلار بىلەن ئاياغلاشقان سۆزلەرگە قوشۇمچىلار قوشۇلغاندا، تۆپ سۆزنىڭ ئاخىرىدىكى ئۈزۈك تاۋۇشتا پەيدا بولغان فونېتىكىلىق ئۆزگىرىشلەر يېزىقتا ئىپادىلەنمەيدۇ. مەسىلەن:

ئاتاق+لىق=ئاتاقلىق (ئاتاغلىق ئەمەس)
كېرەك+لىك=كېرەكلىك (كېرەگلىك ئەمەس)
چىرايلىق+راق=چىرايلىقراق (چىرايلىغراق ئەمەس)
ساق+لا=ساقلا (ساغلا ئەمەس)
ئاچ+قان=ئاچقان (ئاشقان ئەمەس)

2) «ق، ك، پ» تاۋۇشلىرى بىلەن ئاياغلاشقان بىر بوغۇملۇق ۋە كۆپ بوغۇملۇق سۆزلەر (جۈملىدىن، رۇس تىلى ۋە رۇس تىلى ئارقىلىق قوبۇل قىلىنغان «پ» بىلەن ئاياغلاشقان سۆزلەر)گە شەخس قوشۇمچىلىرى قوشۇلغاندا، مەزكۇر تاۋۇشلار «غ، گ، ۋ» تاۋۇشلىرىغا ئۆزگىرەلمەي، «ق، ك، پ» ھالىتىدە يېزىلىدۇ. مەسىلەن:

ياتاق+ى=ياتىقى (ياتىغى ئەمەس)
تىلەك+ىم=تىلىكىم (تىلىگىم ئەمەس)
تەكلىپ+ىڭ=تەكلىپىڭ (تەكلىۋىڭ ئەمەس)
ئارخىپ+ى=ئارخىپى (ئارخىۋى ئەمەس)
كوللېكتىپ+ى=كوللېكتىپى (كوللېكتىۋى ئەمەس)

3) «د، ب، ھ»دىن باشقا جاراڭلىق ئۈزۈك تاۋۇشلار بىلەن ئاياغلاشقان سۆزلەرگە قوشۇمچىلارنىڭ جاراڭلىق ئۈزۈك تاۋۇشلار بىلەن باشلانغان ۋارىيانتى ھەمدە جاراڭسىز ئۈزۈك تاۋۇشلار بىلەن ئاياغلاشقان سۆزلەرگە قوشۇمچىلارنىڭ جاراڭسىز ئۈزۈك تاۋۇشلار بىلەن باشلانغان ۋارىيانتى قوشۇلىدۇ. مۇنداق قوشۇمچىلارغا كېلىشلەردىن چىقىش كېلىش، يۆنىلىش كېلىش، ئورۇن كېلىش قوشۇمچىلىرى، پېئىللارنىڭ ئۆتكەن سۈپەتداش قوشۇمچىلىرى، ۋاستىسىز بايان رايى (ئۆتكەن زامان) قوشۇمچىلىرى، ئىسىمداش قوشۇمچىلىرى قاتارلىقلار كىرىدۇ. مەسىلەن:

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| باج | باجدىن | باجغا | باجدا | |
| كۆك | كۆكتىن | كۆككە | كۆكتە | |
| ئال- | ئالغان | ئالدىم | ئالغۇچە | ئالغىن |
| ئاچ- | ئاچقان | ئاچتىم | ئاچقۇچە | ئاچقىن |

لېكىن، ئاخىرى «غ، گ» تاۋۇشلىرى بىلەن ئاياغلاشقان سۆزلەرگە «غ، گ» بىلەن باشلانغان قوشۇمچىلارنى قوشۇش مەزكۇر سۆزلەرنى ئېيتىشتا قىيىنلىق تۇغدۇرغاچقا، «ق، ك» بىلەن باشلانغان قوشۇمچىلار قوشۇلىدۇ. بۇ ھالدا سۆز ئاخىرىدىكى «غ، گ» تاۋۇشلىرى «ق، ك» تەلەپپۇز قىلىنىسىمۇ يېزىقتا ئىپادىلەنمەيدۇ. مەسىلەن:

باغ + قا = باغقا (باققا ئەمەس)
تۇغ- + قان = تۇغقان (تۇققان ئەمەس)
ئەگ- + كەن = ئەگكەن (ئەككەن ئەمەس)
بەگ + كە = بەگكە (بەككە ئەمەس)

4) بىر قىسىم تۇرغۇن سۆزلەرنىڭ ئاخىرىدىكى «د، ب» تاۋۇشلىرى (جۇملىدىن، رۇس تىلى ۋە رۇس تىلى ئارقىلىق قوبۇل قىلىنغان سۆزلەرنىڭ ئاخىرىدىكى «د، ب» تاۋۇشلىرى) جانلىق تىلىمىزدا «ت، پ» ئېيتىلىدۇ. مۇنداق سۆزلەرگە قوشۇمچىلارنىڭ جاراڭسىز ئۈزۈك تاۋۇشتىن باشلانغان ۋارىيانتلىرى قوشۇلىدۇ. مەسىلەن:

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| ئىقتىساد | ئىقتىسادقا | ئىقتىسادتىن | ئىقتىسادى | ئىقتىسادىي |
| مۇراد | مۇرادقا | مۇرادتىن | مۇرادىم | |
| ھېساب | ھېسابقا | ھېسابتىن | ھېسابى | |
| كىتاب | كىتابقا | كىتابى | كىتابىي | |
| ئۆكسىد | ئۆكسىدقا | ئۆكسىدتىن | ئۆكسىدى | |
| مىكروب | مىكروبقا | مىكروبتىن | مىكروبى | |

5) ئاخىرى ئوچۇق بوغۇم بولغان بەزى سۆزلەرگە بىرىنچى، ئىككىنچى شەخس قوشۇمچىلىرى قوشۇلغاندا، قوشۇمچىنىڭ ئالدىدا «يى، يۇ» بوغۇملىرى كۆپىيىدۇ ۋە شۇنداق يېزىلىدۇ. ئۈچىنچى شەخس قوشۇمچىسى ئۈچۈن ئوخشاشلا «سى» قوشۇلىدۇ. مەسىلەن:

| | | | |
|---|---|---|---|
| ئىملا | ئىملايىم | ئىملايىڭ | ئىملاسى |
| پولۇ | پولۇيۇم | پولۇيۇڭ | پولۇسى |
| توخۇ | توخۇيۇم | توخۇيۇڭ | توخۇسى |
| چەيدو | چەيدويۇم | چەيدويۇڭ | چەيدوسى |
| سۇ | سۇيۇم | سۇيۇڭ | |

پەقەت «سۇ» سۆزىگىلا ئۈچىنچى شەخستە «سى» قوشۇلماي «يى» قوشۇلىدۇ. مەسىلەن:

سۇيى

## 3. مۇستەقىل سۆزلەرنىڭ ئىملاسى

### 1) تۈپ سۆز ۋە ياسالما سۆزلەرنىڭ ئىملاسى

تۈپ سۆزلەر ۋە ياسالما سۆزلەر بىر - بىرىدىن ئايرىپ يېزىلىدۇ. مەسىلەن:

دۆلىتىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشى كۈندىن - كۈنگە جۇش

ئۆرۈپ راۋاجلانماقتا .

2) بىرىككەن سۆزلەرنىڭ ئىملاسى

(1) بىرىككەن سۆزلەر فونېتىكىلىق پرىنسىپ بويىچە قوشۇپ يېزىلىدۇ . بىرىككەن سۆزلەرنىڭ تەركىبىي قىسىملىرى ئوتتۇرىسىدىكى فونېتىكىلىق ئۆزگىرىش ئاساسەن ساقلىنىپ يېزىلىدۇ . مەسىلەن :

ئاشتاختا ئاتپاقا ئاشكۆكى كۆزەينەك ئاشقازان قارىسۆج

گۈلقەنت ئەتىياز پەردىشەپ تەرجىمىھال بالىياتقۇ يىڭناسقۇ

ئىككىنچى تەركىبى «ب» بىلەن باشلانغان بىر قىسىم سۆزلەردە «ب» ئاۋۇشى «ۋ» تەلەپپۇز قىلىنىدۇ ۋە يېزىقتا ئىپادە قىلىنىدۇ . مەسىلەن :

بەگۋاش موزايۋىشى يېڭىۋاشتىن بەلۋاغ

(2) ئىككى سۆزنى بىرىكتۈرۈش يولى بىلەن قويۇلغان كىشى ئىسىملىرى قوشۇپ يېزىلىدۇ . ئىككى تەركىبىي قىسىم ئوتتۇرىسىدىكى سوزۇق ، ئۈزۈك ئاۋۇشلارنىڭ فونېتىكىلىق ئۆزگىرىشى ساقلانمايدۇ . مەسىلەن :

ئەمەتباقى تۇرسۇنمەھەممەت مەھەممەتئىمىدىق

قادىرئاخۇن ئەركىنباي توختىنقارى

(3) ئۈچ ياكى تۆت سۆزدىن تەركىب تاپقان بىرىككەن سۆزلەردە بىرىكىش مۇناسىۋىتىگە قاراپ ئالدىنقى ياكى كېيىنكى ئىككى تەركىبلا قوشۇپ يېزىلىدۇ . ئۈچ ياكى تۆت سۆزنى بىر قىلىپ قوشۇپ يېزىشقا بولمايدۇ . مەسىلەن :

غازقانات ئوت دېرىلىق ئەگىلىكئوت

ئېدىر غازقانات ئوت ياۋا قامچىگۈل

ئاقۋاش ئوت كۆزەينەكلىك يىلان

3) **جۈپ سۆزلەرنىڭ ئىملاسى**

(1) جۈپ سۆزلەر ۋە جۈپلەنمە بىرىكمىلەرنىڭ ئارىسىغا سىزىقچە قويۇپ يېزىلىدۇ. مەسىلەن:

ئاتا ـ ئانا      پارتىيە ـ گۇرۇھ      بالا ـ قازا
توي ـ تۆكۈن      خۇشال ـ خۇرام      دەككە ـ دۈككە
ئىسسىق ـ سوغۇق      پال ـ پۇل      ھايت ـ ھۇيت
كاژ ـ كۇژ      ئاچ ـ توق      ئۇزۇن ـ قىسقا
كەلسە ـ كەلمەس      ئارىلاپ ـ ئارىلاپ      لەختە ـ لەختە

(2) ئىككىنچى تەركىبى «پ» ياكى «م» ھەرپلىرى بىلەن باشلىنىپ، بىرىنچى تەركىبىگە قاپىيىداش بولۇپ كەلگەن بىرىكمىلەر گەرچە جۈپ سۆز ھېسابلانمىسىمۇ، ئارىسىغا سىزىقچە قويۇپ يېزىلىدۇ. مەسىلەن:

ئاش ـ پاش  نان ـ پان  سەل ـ پەل  ئاز ـ پاز  ئاز ـ ماز

(3) ئىككىنچى تەركىبى كېلىشلەر بىلەن تۈرلەنگەن تەكرارلانغان جۈپ سۆزلەرمۇ ئوتتۇرىسىغا سىزىقچە قويۇپ يېزىلىدۇ. مەسىلەن:

ئارقا ـ ئارقىدىن      ئۆز ـ ئۆزىنى      زامان ـ زاماندىن
جاي ـ جايىدا      بىر ـ بىرىنىڭ      دوقمۇش ـ دوقمۇشتا
جاي ـ جايىغا      تۆپە ـ تۆپىسىگە

(4) بىرىگە ياكى ھەر ئىككىسىگە «لاپ، لەپ» قوشۇمچىسى ئۇلىنىپ كەلگەن جۈپ سۆزلەرنىڭ ئوتتۇرىسىغا سىزىقچە قويۇپ يېزىلىدۇ. مەسىلەن:

ئاي ـ ئايلاپ      كېچە ـ كېچىلەپ      قوشلاپ ـ قوشلاپ
ئايلاپ ـ ئايلاپ      كېچىلەپ ـ كېچىلەپ      يۈزلەپ ـ يۈزلەپ

(5) بىرىنچى تەركىبى چىقىش كېلىش بىلەن كېلىپ تەكرارلانغان سۈپەت ياكى رەۋىشلەردىن ئالدىنقى تەركىب ئاشۇرۇش رەۋىشىنىڭ رولىدا

كەلمىگەنلىرى جۈپ سۆز ھېسابلىنىپ، ئارىسىغا سىزىقچە قويۇپ يېزىلىدۇ. مەسىلەن:

كۈندىن ـ كۈنگە          ھېلىدىن ـ ھېلىغا

بىرىنچى تەركىبى چىقىش كېلىش بىلەن كېلىپ تەكرارلانغان ئىسىملاردىن ھاسىل بولغان بىرىكمىلەر جۈپ سۆز ھېسابلانمايدۇ ۋە ئارىسىغا سىزىقچە قويماي يېزىلىدۇ. مەسىلەن:

شاختىن شاخقا (بىر شاختىن ئىككىنچى شاخقا)

ئۆيدىن ئۆيگە (بىر ئۆيدىن ئىككىنچى ئۆيگە)

ئەۋلادتىن ئەۋلادقا (بىر ئەۋلادتىن ئىككىنچى ئەۋلادقا)

مەكتەپتىن مەكتەپكە (بىر مەكتەپتىن ئىككىنچى مەكتەپكە)

(6) بىرىنچى تەركىبى ئىككىنچى تەركىبكە «مۇ» باغلىغۇچىسى ياكى «ۋە» باغلىغۇچىسىنىڭ ئۆزگەرگەن شەكلى «ئۇ» ئارقىلىق قوشۇلغان بىرىكمىلەرنىڭ ئارىسىغا سىزىقچە قويۇلماي يېقىن يېزىلىدۇ. مەسىلەن:

| | | |
|---|---|---|
| باغۇبوستان | قولمۇقول | ئەيشۇ ئىشرەت |
| تۇشمۇتۇشتىن | خىلمۇخىل | دادۇپەرياد |
| ئۈستمۇئۈست | قاتمۇقات | |

(7) ھەر ئىككى تەركىبى ئۈچىنچى شەخس بىلەن تۈرلىنىپ، ئاخىرقى تەركىبى باش كېلىشتىن باشقا كېلىشلەردە تەكرارلىنىپ كەلگەن جۈپ سۆزلەرنىڭ ئارىسىغا سىزىقچە قويۇپ يېزىلىدۇ. مەسىلەن:

جايى ـ جايىدا          ئورنى ـ ئورنىدا          ۋاقتى ـ ۋاقتىدا

جايى ـ جايىغا          ئورنى ـ ئورنىغا          ئىچى ـ ئىچىدىن

مۇنداق ھاللاردا، ئەگەر بىر تەركىبى جۈملىدە ئىگە رولىدا كەلسە، جۈپ سۆز ھېسابلانمايدۇ ۋە ئايرىپ يېزىلىدۇ. مەسىلەن:

ئۇنىڭ ئۆزى ئۆزىنى قامدايدۇ

ئۇنىڭ ئىنىسى ئىنىسىگە يەتمەيدۇ

توەرسنڭ بىرى بىرىنى يۆلىدى
ئۆلارنىڭ بىرىگە بىرى ئىنتىزار
ئۆلارنىڭ بىرى بىرىگە ياردەم قىلدى

4) **سانلارنىڭ ئىملاسى**

تېكىست ئىچىدە سانلار تۆۋەندىكىدەك يېزىلىدۇ.

(1) دەرىجە سانلار رەقەم بىلەن يېزىلسا، كەينىدىن دەرىجە سان بەلگىسى «-» قويۇلىدۇ. مەسىلەن:

12 - قىسىم «30 - سېنتەبىر» ۋەقەسى مىلادىيە 480 - يىلى

(2) ئەگەر بىرقانچە دەرىجە سان قاتار كېلىدىغان بولۇپ قالسا، مەيلى ھەرپلىك ئىپادىسى بولسۇن، مەيلى رەقەملىك ئىپادىسى بولسۇن، ئارىسىغا پەش قويۇلىدۇ. مەسىلەن:

ئىككىنچى، ئۈچىنچى سىنىپلار

نويابىرنىڭ 21 - ، 22 - كۈنلىرى

(3) سانلىق مەلۇماتلاردىكى كۆپ خانىلىك ساناق سانلار ئارىلاش يېزىلىشمۇ بولىدۇ. مەسىلەن:

| | |
|---|---|
| 154 مىڭ 630 سەر كۈمۈش | 154,630 سەر كۈمۈش |
| 10,783 جىڭ ئاشلىق | ئون مىڭ 783 جىڭ ئاشلىق |

(4) ئاددىي كەسىر ۋە ئونلۇق كەسىرلىك سانلارنى ھەرپلىك ئىپادە بىلەن يازغاندا، تۆۋەندىكىدەك يېزىلىدۇ. مەسىلەن:

| | |
|---|---|
| سەككىزدىن بەش ($\frac{5}{8}$) | تۆتتىن بىر ($\frac{1}{4}$) |
| ئوندىن يەتتە ($\frac{7}{10}$) | بىر پۈتۈن ئوندىن ئالتە (1.6) |

(5) بىر ئىش ياكى ۋەقەنىڭ باشلىنىش ۋاقتى بىلەن تاماملىنىش ۋاقتىنى بىلدۈرىدىغان سانلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت سۆز بىلەن ئىپادە قىلىنمىسا، ئوتتۇرىغا سىزىق قويۇلۇپ، ئۇنىڭدىن سولغا

يېزىلىدۇ. ئەگەر مىلادىيە يىللىرى ھېسابى بولۇپ قالسا، كىچىك سان ئالدىغا، چوڭ سان كەينىگە يېزىلىدۇ. مىلادىيەدىن بۇرۇنقىلىرىدا چوڭ سان ئالدىغا، كىچىك سان كەينىگە يېزىلىدۇ. مەسىلەن:

لى بەي (701 — 762)   ئارىستوتېل (مىلادىيەدىن ئىلگىرى 384 — 324)

تاڭ سۇلالىسى (618 — 907)   پلاتون (مىلادىيەدىن ئىلگىرى 427 — 347)

(6) رىم رەقەملىرىنى ئەسەرلەر، سۇلالىلەر، كىتاب بابلىرى ۋە توملىرىنى ئىپادىلەشتە، دەرىجە سانلار ئورنىدا خىمىيە فورمۇلىلىرىدا ئىشلىتىشكە بولىدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا رىم رەقەملىرىدىن كېيىن ھېچقانداق بەلگە قويۇلمايدۇ. مەسىلەن:

I باب   XX ئەسىر   III ئېلېكساندىر   V توم   كاربون (IV) ئوكسىدى

رىم رەقەملىرى بىلەن ئەرەب رەقەملىرىنىڭ سېلىشتۇرمىسى تۆۋەندىكىچە:

| | | | | | | | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| رىم رەقىمى | I | II | III | IV | V | VI | VII | VIII | IX | X | XI | XII | XIII | XIV | XV |
| ئەرەب رەقىمى | 1 | 2 | 3 | 4 | 5 | 6 | 7 | 8 | 9 | 10 | 11 | 12 | 13 | 14 | 15 |
| رىم رەقىمى | XVI | XVII | XVIII | XIX | XX | XXX | XL | L | LX | XC | C | XD | D | M | MD |
| ئەرەب رەقىمى | 16 | 17 | 18 | 19 | 20 | 30 | 40 | 50 | 60 | 90 | 100 | 490 | 500 | 1000 | 1500 |

(7) مەلۇم بىر مۇددەت ئىچىدە ئۆتكۈزۈلۈپ تۇرىدىغان كۆرگەزمە ياكى يەرمەنكىلەردىكى يىلغا ۋەكىللىك قىلىدىغان سانلاردىن كېيىن «-يىللىق» دېگەن سۆزنى قوشماي، خەلقئارا قائىدە بويىچە تۈگىگەن ئەسىرنىڭ بەلگىسى شۇ يىلنى بىلدۈرىدىغان ساننىڭ باش تەرىپىگە يېزىپ قويۇلىدۇ. مەسىلەن:

'94 ئۈرۈمچى چېگرا سودا يەرمەنكىسى

'94 ئاپتوموبىللارنى كۆرگەزمە قىلىپ سېتىش يىغىنى (تەلەپپۇزدا «-يىللىق» دەپ ئوقۇلىدۇ)

(8) رەقەم بىلەن يېزىلغان سانلار، جۈملىدىن پىرسەنت بەلگىسى بىلەن يېزىلغان سانلاردىن كېيىن ئەگەر شەخس قوشۇمچىسى قوشۇشقا

توغرا كەلسە ، شەخس قوشۇمچىسى سانلارغا بىۋاستە ئۇلاپ يېزىلىدۇ . مەسىلەن :

بۇ دەپتەرنىڭ 14ى تۆرسۇننىڭ ، 16 سى سەمەتنىڭ .

ۋەزىپىنىڭ 90% ى ئورۇنلاندى ، 10%ى تېخى ئورۇنلانمىدى .

(9) فورمۇلىلار سولدىن ئوڭغا يېزىلىدۇ . مەسىلەن :

(نيۇتوننىڭ ئىككىنچى قانۇنى ) $F=ma$

(ھەرىكەت ئېنېرگىيىسى قانۇنى ) $E=\frac{1}{2}mr^2$

(10) ئۆلچەم بىرلىكلىرى ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ يېزىلىش يۆنىلىشىگە ئۇيغۇنلاشتۇرۇپ يېزىلىدۇ . مەسىلەن :

سۇنىڭ ئېقىش مىقدارى : سېكۇنتىغا 20 لىتىر .

شىنجاڭنىڭ باج نىسبىتى : كىرسىن : بىر توننىسىغا 12 يۈەن

تەبىئىي گاز : مىڭ كۇب مېتىرىغا تۆت يۈەن .

(11) كۆپ خانىلىك سانلارنى ئىپادىلەشتە سانلارنىڭ ھەر ئۈچ خانىسىدىن كېيىن بىر ئوڭ پەش «,» قويۇلىدۇ . ئونلۇق كەسىردە پۈتۈن سان بىلەن پارچە سان ئارىسىغا چېكىت ( . ) قويۇلىدۇ . مەسىلەن :

10.22 7.5 1,899,374 146,897

(12) پاراگراف بەلگىسى ساندىن كېيىن يېزىلىدۇ ، پاراگراف بەلگىسىدىن كېيىن چېكىت قويۇلىدۇ .

§1 . §2 . §3 . §4 . §5 .

## 4 . ياردەمچى سۆزلەرنىڭ ئىملاسى

1) «ئال- ، قال- ، چال- ، بول- ، كەل-» پېئىللىرى ئۆتكەن زامان ۋاستىلىك بايان رايى فورمىسىدا كەلسە ياكى ئۆتكەن زامان ۋاستىلىك بايان رايى فورمىسىدا كېلىپ تۇسنى بىلدۈرسە ، مەزكۇر پېئىللارنىڭ

ئاخىرىدىكى «ل» تاۋۇشى جانلىق تىلدا چۈشۈپ قالىدۇ ۋە تۆۋەندىكىدەك يېزىلىدۇ. مەسىلەن:

ئاپتۇ، قاپتۇ، چاپتۇ، ساپتۇ، بوپتۇ، كەپتۇ، ئېلىۋاپتۇ، ئېلىپ قاپتۇ، ئېلىپ ساپتۇ، ئېلىپ بوپتۇ، ئېلىپ كەپتۇ، قىلىپ قاپتۇ، چېلىپ قاپتۇ، چېلىپ ساپتۇ، چېچىلىپ بوپتۇ، چېلىپ كەپتۇ، بولۇۋاپتۇ، بولۇپ قاپتۇ، بولۇپ بوپتۇ، بولۇپ كەپتۇ ...

ئەگەر بۇ پېئىللار ئۆتكەن زامان ۋاستىسىز بايان رايى فورمىسىدا كەلسە ۋە مۇشۇ فورمىدا كېلىپ مۇشۇ پېئىللارغا تۇسلۇك مەنە ئارتتۇرسا، ھەر ئىككى فورمىدىكى ئەھۋالدا «ل» تاۋۇشى چۈشۈرۈلمەي يېزىلىدۇ. مەسىلەن:

ئېلىۋالدى، ئېلىپ قالدى، ئېلىپ سالدى، ئېلىپ بولدى، ئېلىپ كەلدى، قىلىپ قالدى، قىلىپ بولدى، چېلىۋالدى، چېلىپ قالدى، چېلىپ سالدى، چېلىپ بولدى، چېلىپ كەلدى، سېلىۋالدى، سېلىپ قالدى، سېلىپ بولدى، سېلىپ سالدى، بولۇۋالدى، بولۇپ قالدى، بولۇپ بولدى، بولۇپ سالدى، بولۇپ كەلدى، كېلىۋالدى، كېلىپ قالدى، كېلىپ بولدى، كېلىپ سالدى ...

بۇ پېئىللاردىن پەقەت «ئال-» پېئىلى ھەر ئىككى خىل ئەھۋالدا تۇسلۇك فورمىدا كەلسە، ئالدىدىكى پېئىلغا قوشۇپ يېزىلىدۇ. مەسىلەن:

ئېلىۋالدى، ئېلىۋاپتۇ، كېلىۋالدى، كېلىۋاپتۇ، قويۇۋالدى، قويۇۋاپتۇ، كۆرۈۋالدى، كۆرۈۋاپتۇ

2) «ئال-» پېئىلى سوزۇق تاۋۇشلار بىلەن ئاياغلاشقان پېئىللارنىڭ ئاخىرىغا «ئا، ئە، ي» قوشۇمچىلىرى قوشۇلۇش بىلەن ياسالغان رەۋىشداشلاردىن كېيىن كېلىپ ئىمكانىيەت تۇسىنى بىلدۈرسە، مەزكۇر «ي» تاۋۇشى چۈشۈپ قالمايدۇ ۋە شۇنداق يېزىلىدۇ. مەسىلەن:

ئىشلەي+ ئالا+ مەن= ئىشلىيەلەيمەن

ياساي+ ئالا+ مەن= ياسىيالايمەن

ئوقۇي+ ئالا+ مەن= ئوقۇيالايمەن

3) «ئات-» پېئىلى «پ» لىق رەۋىشداشلاردىن كېيىن كېلىپ، تۈسلۈك مەنە بىلدۈرسە، جانلىق تىلدا «ئەت-» كە ئايلىنىپ كېتىدۇ ۋە ئالدىنقى پېئىلغا قوشۇپ يېزىلىدۇ، رەۋىشداشتىكى «پ» تاۋۇشى «ۋ» غا ئايلىنىدۇ. ئىملادا شۇنداق يېزىلىدۇ. مەسىلەن:

تاشلا-+ پ+ ئات= تاشلىۋەت-　　　ئوقۇ-+ پ+ ئات= ئوقۇۋەت-

4) «بەر-» پېئىلى «ئا، ئە» بىلەن ياسالغان رەۋىشداشلاردىن كېيىن كېلىپ، تۈس مەنىسىنى بىلدۈرسە، مەزكۇر «ئا، ئە» تاۋۇشلىرى «ئى» غا ئاجىزلىشىدۇ، «بەر-» پېئىلىدىكى «ب» تاۋۇشى «ۋ» غا ئۆزگىرىدۇ، ھەر ئىككى خىل فونېتىكىلىق ئۆزگىرىش ئىملادا ساقلىنىدۇ. مەسىلەن:

ياز-+ ا+ بەر= يازىۋەر　　　كۆر+ ە+ بەر= كۆرىۋەر

سوزۇق تاۋۇشلار بىلەن ئاياغلاشقان پېئىللارنىڭ رەۋىشداش فورمىسى «ي» بىلەن ياسىلىپ، تەلەپپۇزدا ۋە يېزىقتا چۈشۈپ قالىدىغانلىقى ئۈچۈن، مۇنداق پېئىللاردا مەزكۇر «ئا، ئە» تاۋۇشلىرى ئاجىزلاشمايدۇ ۋە ئاجىزلاشمىغىنى بويىچە يېزىلىدۇ. مەسىلەن:

ئىشلە-+ (ي)+ بەر= ئىشلەۋەر　　　ياسا-+ (ي)+ بەر= ياساۋەر

5) «ئىكەن، ئىدى، ئىمىش» ياردەمچى پېئىللىرى تۇرغۇن سۆزلەر بىلەن كەلسە، ئالدىدىكى سۆزلەردىن ئايرىپ يېزىلىدۇ. مەسىلەن:

| | | | |
|---|---|---|---|
| كىتاب | كىتاب ئىدى | كىتاب ئىكەن | كىتاب ئىمىش |
| قىزىل | قىزىل ئىدى | قىزىل ئىكەن | قىزىل ئىمىش |
| ئالتە | ئالتە ئىدى | ئالتە ئىكەن | ئالتە ئىمىش |
| شۇنداق | شۇنداق ئىدى | شۇنداق ئىكەن | شۇنداق ئىمىش |

بۇ پېئىللار سۈپەتداشلار، رەۋىشداشلار ۋە پېئىللارنىڭ شەرت-پەرەز رايى، ئۆتكەن زامان ۋاستىلىك بايان رايىدىن كېيىن كەلسە، ئالدىدىكى تەركىبلەرگە قوشۇپ يېزىلىدۇ. مەسىلەن:

ئوقۇغان　ئوقۇغانىدى　ئوقۇغانىكەن　ئوقۇغانىمىش
بارماقچى　بارماقچىدى　بارماقچىكەن　بارماقچىمىش
يېزىپ　يېزىۋىدى　يېزىۋىكەن
يېزىپتۇ　يېزىپتىكەن　يېزىپتىمىش
يازار　يازارىدى　يازماسىدى
يازسا　يازسىدى　يازمىسىدى
يازمىسىڭىزىدى　يازمىسىڭىزىكەن

6) «مۇ، ما، چۇ، غۇ/قۇ، يۇ، ئا، ئە، زە، لا» ئۆلانمىلىرى سۆز يىلتىزلىرىغا قوشۇپ يېزىلىدۇ، «دە، ھە» ئۆلانمىلىرى ئالدىدىكى سۆزلەردىن سىزىقچە ئارقىلىق ئايرىپ يېزىلىدۇ. مەسىلەن:

ئالدىڭىزمۇ؟ مەنما؟
سىزچۇ؟ مەنغۇ كېلەرمەن. شۇنداققۇ دەيمەن.
كەلدىيۇ كەتتى. ئېيتىپ بېقىڭئا؟ شۇنداق دېگىنە
سەنزە... كېلىپلا شۇنداق ئويلاپسەن - دە　باردۇق - ھە؟

7) «بىلەن، ۋە، ھەم، ھەمدە، ئۈچۈن، ياكى، يا، بەلكى، چۈنكى، يەنى، ئارقىلىق، ئارقىسىدا، توغرىسىدا، توغرۇلۇق، ئەمما، بىراق...» قاتارلىق ياردەمچى سۆزلەرنىڭ ھەممىسى ئالدى ۋە ئارقىسىدىكى سۆزلەردىن ئايرىپ يېزىلىدۇ. مەسىلەن:

مەن بىلەن سەن　مەن ۋە سەن　مەن ھەم سەن
سېنىڭ ئۈچۈن　سەن توغرۇلۇق　مەن ياكى سەن

8) سۈپەتلەرنىڭ ئالدىدا كېلىپ، سۈپەتلەرنىڭ ئاشۇرۇش دەرىجىسىنى بىلدۈرىدىغان «پ» بىلەن ئاياغلاشقان تەركىبلەر سۈپەتكە قوشۇپ يېزىلىدۇ. مەسىلەن:

ئاپئاق　ئاپئاشكارا　كۆپكۆك　سىپسىلىق
قىپقىزىل　دۇپدۈملاق　قاپقارا　ياپيېشىل

## 5 . باشقا تىللاردىن قوبۇل قىلىنغان سۆزلەرنىڭ ئىملاسى

### 1) خەنزۇ تىلىدىن قوبۇل قىلىنغان سۆزلەرنىڭ ئىملاسى

(1) خەنزۇ تىلىدىن قوبۇل قىلىنغان سۆزلەردىكى تاق يۈنمۇ a ، o ، i ، e ، u ھەم قوش يۈنمۇ ia ، ie ، iu ، ang ، un ، un ، eng ، en ، ing ، in لار پۇتۇڭخۇا تەلەپپۇزى بويىچە ئەينەن يېزىلىدۇ . مەسىلەن :

| | | | |
|---|---|---|---|
| لۇيجاڭ | ( luzhang) | بوخەي | ( Bohai) |
| ليۇجۇ | ( Liu zhou) | سەنمېنشيا | ( Sanmenxia) |
| شېڭمۇ | ( shengmu) | يۈننەن | ( Yunnan) |
| زاۋېن | ( zawen) | شىڭشىڭشيا | ( Xingxingxia) |
| جېجياڭ | ( Zhejizng) | لىشى | ( lishi) |
| جۇڭخۇا | ( Zhonghuf) | ۋۇخەن | ( Wuhan) |
| كۇنمىڭ | ( Kunming) | خاڭجۇ | ( Hangzhou) |
| جياڭشى | ( Jiangxi) | شېنجېن | ( Shenzhen) |

(2) خەنزۇ تىلى پۇتۇڭخۇاسىدا an ، ian ، iang ، uan ، uang ، uan ، ai ، ei ، uai ، ui يۈنمۇلىرىدىكى «a» تاۋۇشى ئۇيغۇرچىدىكى «ئە» تاۋۇشىغا يېقىن تەلەپپۇز قىلىنغىنى ئۈچۈن ، يېزىقىمىزدا «ئە» يېزىلىدۇ . بۇلاردىكى ئاخىرقى تاۋۇش ياكى ئۆتكۈنچى تاۋۇش بولۇپ كېلىدىغان «i» تاۋۇشى ئۈزۈك تاۋۇش «ي»غا يېقىن تەلەپپۇز قىلىنغىنى ئۈچۈن ، ئۇيغۇرچىدا «ي» يېزىلىدۇ . مەسىلەن :

| | | | |
|---|---|---|---|
| تيەنجىن | TianJin | يەنئەن | Yanan |
| بىڭتۇەن | bingtuan | چاڭجياڭ | Changjiang |

| | | | |
|---|---|---|---|
| Guangzhou | گۇاڭجۇ | guowuyuan | گوۋۇيۈەن |
| Shanghay | شاڭخەي | Beijing | بېيجىڭ |
| Huaihe | خۇەيخې | Guizhou | گۈيجۇ |

(3) خەنزۇ تىلى پۇتۇڭخۇاسىنىڭ «ao، iao» قوشما يۈنمۇسىدىكى «o» تاۋۇشى ئۇيغۇرچىدا «ۋ» ھەرپى بىلەن يېزىلىدۇ. مەسىلەن:

| | | | |
|---|---|---|---|
| Liaoning | لياۋنىڭ | Shaoshan | شاۋشەن |
| Mao Zedong | ماۋزېدوڭ | Jiao yulu | جياۋيۈلۇ |

(4) خەنزۇ تىلى پۇتۇڭخۇاسىدىكى «ue، uo، ou» قوشما يۈنمۇلىرى ئۇيغۇرچىدا «ئۈ، ئو، ئۆ» ھەرپلىرى بىلەن يېزىلىدۇ. مەسىلەن:

| | | | |
|---|---|---|---|
| (guowuyuan) | گوۋۇيۈەن | (Yue Fei) | يۆفېي |
| (Zhou Enlay) | جۇ ئېنلەي | (Zhang xueliang) | جاڭ شۆلياڭ |

(5) خەنزۇ تىلى پۇتۇڭخۇاسىدىكى «ong، iong» يۈنمۇلىرى ئۇيغۇرچىدا «يۇڭ، ئۇڭ» قىلىپ يېزىلىدۇ. مەسىلەن:

| | | | |
|---|---|---|---|
| (gongshe) | گۇڭشې | (qiongzhou) | چيۇڭجۇ |
| (zongli) | زۇڭلى | (zhong yi) | جۇڭيى |

(6) خەنزۇ تىلى پۇتۇڭخۇاسىدىكى «zh، ch، sh، c» تاۋۇشلىرى ئۇيغۇرچىدا «ج، چ، ش، س» ھەرپلىرى بىلەن يېزىلىدۇ. مەسىلەن:

| | | | |
|---|---|---|---|
| (Shanghai) | شاڭخەي | (Zhongguo) | جۇڭگو |
| (Lyu shaoqi) | ليۇ شاۋچى | (Zhejiang) | جېجياڭ |
| (Canmou) | سەنمۇ | (Chongqing) | چۇڭچىڭ |
| (Cai Chang) | سەي چاڭ | (Changjiang) | چاڭجياڭ |

(7) خەنزۇ تىلىدىن بۇرۇن قوبۇل قىلىنغان سۆزلەر جانلىق تىلغا ئۆزلەشكىنى بويىچە يېزىلىدۇ. مەسىلەن:

جوزا چەيدو خوشاڭ خاساڭ بەسەي پىنتوزا

ساڭ

**2) رۇس تىلى ۋە رۇس تىلى ئارقىلىق باشقا ياۋروپا تىللىرىدىن قوبۇل قىلىنغان سۆزلەرنىڭ ئىملاسى**

فامىلىلەردىكى «وۋ، ېۋ، يېۋ» قوشۇمچىلىرىدىكى «ۋ» تاۋۇشى «ف» بىلەن يېزىلىدۇ. مەسىلەن:

تۇرگېنېف   لېف   نىكولايېۋىچ   تولستوي   ھەيدەروف
نېكراسوف

## 6. قىسقارتىلما سۆزلەرنىڭ ئىملاسى

1) ھەرپ بويىچە قىسقارتىلغان سۆزلەر ھەرپلەرنىڭ يەككە شەكلى بىلەن يېزىلىدۇ، ئارىسىغا چېكىت قويۇلمايدۇ. مەسىلەن:

| | |
|---|---|
| س م — سانتىمېتىر | ب د ت — بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى |
| ك م — كىلومېتىر | ئا ق ش — ئامېرىكا قوشما شتاتلىرى |
| ك ل — كىلولىتىر | ج خ ج — جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى |
| ك ۋ — كىلوۋات | ج ك پ — جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى |
| م م — مىللىمېتىر | ج خ ئى — جامائەت خەۋپسىزلىك ئىدارىسى |
| م گ — مىللىگرام | ش ئۇ ئا ر — شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى |

2) بوغۇم بويىچە قىسقارتىلغان سۆزلەر قوشۇپ يېزىلىدۇ. مەسىلەن:

پارتكوم — پارتىيە كومىتېتى
ئوبكوم — ئوبلاستلىق كومىتېت

3) كىشى ئىسىم فامىلىلىرىنىڭ قىسقارتىلغان ھەرپىدىن كېيىن چېكىت قويۇلىدۇ. مەسىلەن:

ك. ماركس (كارل ماركس) ۋ. ئى. لېنىن (ۋىلادىمىر ئىلىئىچ لېنىن)

1) قوشۇمچىلار سۆز يىلتىزىغا قوشۇلۇپ يېزىلىدۇ. مەسىلەن: چىرايلىق ئۆيدىن مەكتەپكە كىتابخانا ئۇيغۇرچە باشلا

2) ئەرەب تىلىدىن قوبۇل قىلىنىپ، ھازىرچە «ئى» بىلەن ئاخىر-لاشتۇرۇپ يېزىپ كېلىنگەن بىر قىسىم تۈپ سۈپەتلەر تىلىمىزدا «ئىي» قوشۇمچىسى ئارقىلىق ياسالغان ياسالما سۈپەتلەرگە ئوخشاش فورمىدا بولۇشىنى كۆزدە تۇتۇپ، «ئىي» بىلەن ئاخىرلاشتۇرۇپ يېزىلىدۇ. مۇنداق سۈپەتلەر ئۈچىنچى شەخسكە تەۋە بولۇپ كەلسە، سوزۇق تاۋۇش بىلەن ئاياغلاشقان سۆزلەرگە ئوخشاشلا ئاخىرىغا «سى» قوشۇلىدۇ. مەسىلەن:

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| ئىجابىي | ئىجابىيسى | سەلبىي | سەلبىيسى | ئاددىي |
| تەبىئىي | بەدىئىي | مەنپىي | ئالىي | مەخپىي |
| ئەقەددىي | تەپسىلىي | سەمىمىي | ھەربىي | ئىجتىمائىي |

3) پېئىللارنىڭ مەجبۇرىي دەرىجە قوشۇمچىلىرى تۆۋەندىكىچە قو-شۇلىدۇ.

(1) «ل، م، ن، ز، گ، غ، ڭ، ي» بىلەن ئاياغلاشقان پېئىللارغا «دۇر، دۈر» قوشۇمچىلىرى قوشۇلىدۇ. مەسىلەن:

| | | | |
|---|---|---|---|
| چاپ- | چاندۇر- | قون- | قوندۇر- |
| بۇز- | بۇزدۇر- | ئەز- | ئەزدۈر |
| چىڭ- | چىڭدۇر- | ئەم- | ئەمدۈر |
| بوغ- | بوغدۇر- | تۈغ- | تۈغدۈر- |
| ماڭ- | ماڭدۇر | توڭ- | توڭدۇر- |
| كۆي- | كۆيدۈر- | قوي- | قويدۇر- |
| قىرچىل- | قىرچىلدۇر- | سۇن- | سۇندۇر- (ياغاچ) |

ئەسكەرتىش:

① تۆۋەندىكى سۆزلەر بۇ قائىدىگە بويسۇنمايدۇ:

كەل- كەلتۈر- ئۆل- ئۆلتۈر- سۇن- سۇنغۇز- (قوشنىغا تاماق سۇنغۇزماق)

② تۆۋەندىكى سۆزلەرگە ئورنىغا قاراپ ئىككى خىل قوشۇمچە قوشۇلىدۇ:

| | | |
|---|---|---|
| تام- | تېمىت- | تامدۇر- |
| ئەم- | ئېمىت- | ئەمدۈر- |

(2) «س، ش، ق، ك، پ» بىلەن ئاخىرلاشقان پېئىللارغا «تۇر، تۈر» قوشۇمچىلىرى قوشۇلىدۇ. مەسىلەن:

| | | | |
|---|---|---|---|
| ئالماش- | ئالماشتۇر- | قوش- | قوشتۇر |
| باس- | باستۇر- | كەس- | كەستۈر- |
| باق- | باقتۇر- | سوق- | سوقتۇر- |
| چەك- | چەكتۈر- | بىرىك- | بىرىكتۈر- |
| ياپ- | ياپتۇر- | كۆپ- | كۆپتۈر- |
| تاش- | تاشتۇر- | قوپ- | قوپتۇر (ئورنىدىن) |

تۆۋەندىكى پېئىللار بۇ قائىدىگە بېقىنمايدۇ، بەزىلىرىگە ئورنىغا قاراپ ئىككى خىل قوشۇمچە قوشۇلىدۇ. مەسىلەن:

قوپ- قوپۇر- (تام قوپۇرماق، ئاددىي دەرىجە) چىق- چىقار- قورق- قورقۇت- قىس- قىسقۇز- (بىر نەرسىنى بىر نەرسىنىڭ ئارىسىغا قىستۇ- رۇش مەنىسىدىكى «قىستۇر-» دىن پەرقلەندۈرۈلىدۇ)

پۈش- پۈشۈر- (ئىچىمنى پۈشۈرما) پىش- پىشۇر-

ئاش- ئاشۇر- چۈش- چۈشۈر- ئېقىت-~ ئاقتۇر

(3) «ر» بىلەن ئاياغلاشقان بىر بوغۇملۇق پېئىللارنى ھەم «ت» بىلەن ئاياغلاشقان توپ ۋە ياسالما پېئىللارنىڭ ھەممىسىنى مەجبۇرىي دەرىجىگە ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن، شۇنىڭدەك «ت، دۇر، تۇر، دۈر، تۈر»

بىلەن ئىپادىلەنگەن مەجبۇرىي دەرىجىلەرنى ئىككى ۋاستە ئارقىلىق ئىجرا قىلىنىدىغان مەجبۇرىي دەرىجىگە ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن ، «غۇز ، قۇز ، گۇز ، كۇز» قوشۇمچىلىرى قوشۇلىدۇ . مەسىلەن :

ئات- ئاتقۇز-　　تارت- تارتقۇز-

ئارت- ئارتقۇز- (يۈك ئارتقۇزماق )

ئەۋەت- ئەۋەتكۈز-　　قات- قاتقۇز- (ئارغامچا قاتقۇزۇش )

يۇت- يۇتقۇز-　　يەت-يەتكۈز-　　يۈت-يۈتكۈز-

هار- هارغۇز-　　تەر- تەرگۈز-

ئىشلەت- ئىشلەتكۈز-　　ئۆچۈر- ئۆچۈرگۈز-

ئايلاندۇر- ئايلاندۇرغۇز-　　كەلتۈر- كەلتۈرگۈز-

كۆيدۈر- كۆيدۈرگۈز-

تۆۋەندىكى پېئىللار بۇ قائىدىگە بېقىنمايدۇ . مەسىلەن :

ئارت- ئارتتۇر (بىرنى ئىككىگە ئارتتۇرماق ) قات- قاتتۇر- (مۇز قاتتۇرماق )

يات- ياتتۇر- (ياتتۇرۇپ قويماق ) قايت- قايتتۇر-

(4) بارلىق سوزۇق تاۋۇش بىلەن ئاياغلاشقان پېئىللارغا ھەم «ي ، ر» بىلەن ئاياغلاشقان ئىككى بوغۇملۇق پېئىللارغا «ت» قوشۇلىدۇ . مەسىلەن :

| | | | |
|---|---|---|---|
| ياسا- | ياسات- | جابدۇ- | جابدۇت- |
| دەلدەڭشە- | دەلدەڭشەت- | قىزى- | قىزىت- |
| ئازاي- | ئازايت- | ماكچاي- | ماكچايت- |
| قاپار- | قاپارت- | كۆكەر- | كۆكەرت- |
| چاقىر- | چاقىرت- | ئاختۇر- | ئاختۇرت- |

تۆۋەندىكى سۆزلەر بۇ قائىدىگە بېقىنمايدۇ :

دە- دېگۈز　　يۇ- يۇغۇز　　يە- يېگۈز-　　ئولتۇر- ئولتۇرغۇز

ئاپار- (بىرىككەن پېئىل ) ئاپارغۇز-

ئەكىر- (بىرىككەن پېئىل ) ئەكىرگۈز-

(5) «چ» بىلەن ئاياغلاشقان پېئىللارغا «ئار ، ئۇر ، ئۈر» قوشۇم- چىلىرى قوشۇلىدۇ . مەسىلەن :

قاچ- قاچۇر- ئاچ- ئاچۇر-

كەچ- كەچۈر- ئۆچ- ئۆچۈر-

كۆچ- كۆچۈر- ئۇچ- ئۇچۇر-

«چاچ-» پېئىلى بۇ قائىدىگە بىقىنماي «چاچتۇر-» شەكلىدە كېلىدۇ .

## 8 . بوغۇم كۆچۈرۈش قائىدىسى

1) قۇر ئاخىرىغا كېلىپ قالغان كۆپ بوغۇملۇق سۆزنىڭ شۇ قۇرغا سىغماي قالغان قىسمى كېيىنكى قۇرغا بوغۇم بويىچە كۆچۈرۈلىدۇ . بۆلۈنگەن بوغۇمنىڭ ئاخىرىغا سىزىقچە قويۇلىدۇ . مەسىلەن :

ئىشلەپچىقى- تىرىش- ئوقۇ- تەرەققى-

رىش چانلىق غۇچىلار يات

2) رەقەم بىلەن يېزىلغان ساناق سانلار قۇرنىڭ ئاخىرىغا كېلىپ قالسا ، ئۇلارنى پارچىلاپ ئىككىنچى قۇرغا بۆلۈپ كۆچۈرۈشكە بولمايدۇ . مەسىلەن :

336. ......... ......... – 19. ........ ........

1983 – يىلى 83 – يىلى ئەمەس 336,520 جىڭ 520 جىڭ ئەمەس

3) ھەربىر سۆزنىڭ بىرىنچى ھەرپى ئېلىنىپ قىسقارتىلغان سۆز- لەرنى ئىككىنچى قۇرغا بۆلۈپ يېزىشقا بولمايدۇ . مەسىلەن :

خاتاسى توغرىسى

ش ئۇ- ش ئۇ ئا ر-

ئارنىڭ ھاۋا رايى نىڭ ھاۋا رايى

【مۇھاكىمە سوئاللىرى】

1. ئىملا قائىدىسى دېگەن نېمە؟
2. ئىملا قائىدىسى قانداق پرىنسىپلار ئاساسىدا تۈزۈلىدۇ؟
3. ھازىرقى زامان ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ ئىملا قائىدىسى قانداق مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ؟

## §4. تىنىش بەلگىلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئىشلىتىلىشى

يېزىق تىلىدا ئوي - پىكىرنى توغرا ۋە ئېنىق ئىپادىلەش ئۈچۈن يېزىقنىڭ قوشۇمچە ۋاستىسى سۈپىتىدە ئىشلىتىلىدىغان شەرتلىك بەلگىلەر تىنىش بەلگىلىرى، دەپ ئاتىلىدۇ.

تىنىش بەلگىلىرى يېزىق تەرەققىياتىنىڭ مۇئەييەن باسقۇچىدا بارلىققا كېلىدۇ. ئۇ تەپەككۇرنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ تەرەققىي قىلىدۇ، مۇكەممەللىشىدۇ.

مەلۇم بىر تىلنىڭ تىنىش بەلگىلىرىنى ۋە ئۇلارنىڭ ئىشلىتىلىشىنى بېكىتىشتە مۇئەييەن ئۆلچەم بولۇشى كېرەك. تىنىش بەلگىلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئىشلىتىلىشىنى بېكىتىشتىكى مۇشۇ ئۆلچەم تىنىش بەلگىلىرىنى بەلگىلەش پرىنسىپى، دەپ ئاتىلىدۇ. ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى تىنىش بەلگىلىرىنى بەلگىلەشتە تۆۋەندىكى ئىككى پرىنسىپ ئاساس قىلىنغان:

1. قۇرۇلما پرىنسىپى. بۇ پرىنسىپ مەلۇم بىر تىنىش بەلگىسىنىڭ قويۇلۇش - قويۇلماسلىقىنى سىنتاكسىلىق قۇرۇلمىنىڭ ئالاھىدىلىكىگە قاراپ بەلگىلەشنى كۆرسىتىدۇ، يەنى جانلىق تىلدىكى تىنىشنىڭ قۇرۇلما بىلەن مەنە جەھەتتە مۇناسىۋىتى بار ياكى يوقلۇقىغا قاراپ

بەلگىلەشنى كۆرسىتىدۇ ، شۇڭا بۇ پرىنسىپ سىنتاكسىسلىق پرىنسىپ ، دەپمۇ ئاتىلىدۇ . مەسىلەن : جۈملىنىڭ ھەرقايسى قاتلاملىرىغا تەۋە بولغان تەڭداش تەركىبلەرنىڭ ئارىلىشىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن ، ئەڭ ئۈستۈنكى قاتلامدىكى تەڭداش تەركىبلەرنىڭ ئارىسىغا چېكىتلىك پەش (؛) قويۇش ؛ ئۇنىڭدىن تۆۋەن قاتلامدىكى تەڭداش تەركىبلەر ئارىسىغا پەش (،) قويۇش مۇشۇ پرىنسىپقا ئاساسەن بەلگىلەنگەن .

2 . مەنە پرىنسىپى . بۇ پرىنسىپ مەلۇم سىنتاكسىسلىق قۇرۇلمىنىڭ ياكى مەلۇم سىنتاكسىسلىق قۇرۇلمىدا ئىشلىتىلگەن ئايرىم سۆز-ئىبارىلەرنىڭ مەنە ۋە رولى جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكلىرىنى كۆزدە تۇتۇشقا قارىتىلغان . مەسىلەن : بايان جۈملىدىن كېيىن چېكىت (.) قويۇش ؛ سوئال جۈملىدىن كېيىن سوئال (؟) بەلگىسى قويۇش ؛ ئۈندەش جۈملىدىن كېيىن ئۈندەش (!) بەلگىسى قويۇش ؛ ئايرىم سۆزلەرنىڭ ئەسلى مەنىدە ئەمەس ، ئالاھىدە قوللىنىلىشىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن قوش تىرناق (« ») ئىچىگە ئېلىش مۇشۇ پرىنسىپقا ئاساسەن بەلگىلەنگەن .

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى تىنىش بەلگىلىرى يۇقىرىقى ئىككى پرىنسىپ ئاساسىدا ، شۇنىڭدەك ئۇلارنىڭ بىر - بىرىنى تولۇقلاش پرىنسىپى ئاساسىدا بەلگىلەنگەن .

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى تىنىش بەلگىلەر ۋە ئۇلارنىڭ ئىشلىتىلىشى تۆۋەندىكىدەك :

## چېكىت (.)

1 . بايان جۈملىدىن كېيىن قويۇلىدۇ . مەسىلەن :

① بىر يېزىدا بىر بەگ ئۆتكەنىكەن .

② سىرلىق كېچە .

2 . بايان ئىنتوناتسىيىسىدە ئېيتىلغان ئۈندەش جۈملە ۋە بۇيرۇق جۈملىلەردىن كېيىن قويۇلىدۇ . مەسىلەن :

① بۈگۈنكى ئىشنى ئەتىگە قويما .

② ۋاي ئېسىت … بىر ۋىژۋود ئاتلىق ئەسكىرىم بولسا ، قويماي

قىرىپ تاشلايتتىم ـ دە .

3 . رەت ـ تەرتىپنى بىلدۈرىدىغان سانلار ياكى ماۋزۇ بىلەن تارماق ماۋزۇغا ۋەكىللىك قىلىدىغان سانلار رەقەم بىلەن يېزىلسا ، چېكىت قويۇلىدۇ . مەسىلەن :

1 . ئالماش ۋە ئۇنىڭ خۇسۇسىيىتى

2 . ئالماشنىڭ تۈرلىرى

4 . قىسقارتىپ يېزىلغان ئىسىم بىلەن فامىلە ئوتتۇرىسىغا قويۇلىدۇ . مەسىلەن :

ل . مۇتەللىپ    ئا . ئۆتكۈر

5 . يىل ، ئاي ، كۈنلەر رەقەم بىلەن ئىپادىلەنسە ، ئۇلارنىڭ ئارىسىغا چېكىت قويۇلىدۇ . مەسىلەن :

1994. 10. 18

6 . ئونلۇق كەسىردىكى پۈتۈن سان بىلەن كەسىر سان ئارىسىغا ، سائەت بىلەن مىنۇت تەڭ كۆرسىتىلگەندە ، سائەت بىلەن مىنۇت ئارىسىغا چېكىت قويۇلىدۇ . مەسىلەن :

4. 3    سائەت 7. 20 دە

## سوئال ( ؟ ) بەلگىسى

1 . سوئال جۈملىلەردىن كېيىن قويۇلىدۇ . مەسىلەن :

① سەن بۇ ئۆيدە نېمە قىلىپ يۈرىسەن ؟

② ماڭا خىزمەت قىلامسەن ؟

2 . كەينى ـ كەينىدىن ئۇلىنىپ كەلگەن سوئاللارنىڭ پەقەت كەينىدىكىسىگە سوئال بەلگىسى قويۇلىدۇ ، ئالدىنقىسىغا پەش قويۇلىدۇ . مەسىلەن :

① بۇ ئىشتىن ئۇنىڭ خەۋىرى بارمۇ ، يوقمۇ ؟

② بايا ئېتىڭىز بارلىقىنى دېگەندەك قىلىۋىدىڭىز ، باغلاقتىمۇ ، قويۇقلۇقمۇ ؟

3 . جۈملىدە ئاپتورغا نامەلۇم بولغان ياكى ئاپتور گۇمان بىلەن

قارىغان تەركىبلەردىن كېيىن سوئال بەلگىسى قويۇلىدۇ . مەسىلەن :

① سەلەي چاققان ( ؟ — 1905 ) ئۇيغۇر خەلقىنىڭ داڭلىق لەتىپە-
چىلىرىدىن بىرى .

ئەگەر جۈملىدە ھەم سوئال ، ھەم ئۈندەش مەنىلىرى بىرلىكتە كېلىپ قالسا ، ئاۋۋال سوئال بەلگىسى ، ئاندىن ئۈندەش بەلگىسى قويۇ-لىدۇ . مەسىلەن :

① نېمە قىلىق بۇ ؟ !

② بۇنداق بولۇشنى كىم ئويلىغان ؟ !

## ئۈندەش ( ! ) بەلگىسى

1 . ئۈندەش جۈملىلەر ۋە مۇتلەق بۇيرۇق جۈملىلەردىن كېيىن قويۇلىدۇ . مەسىلەن :

① پاھ ، نېمىدېگەن كەلگ كوچا بۇ !

② يىراق تۇر ، يېقىن كەلگۈچى بولما !

2 . ئۈندەش ئاھاڭىدا ئېيتىلغان ئۈندەش سۆزلەر ۋە قاراتما سۆز-لەردىن كېيىن قويۇلىدۇ . مەسىلەن :

① توۋا ! بۇلارنىڭ سېتىۋالغان قولىمىدىڭ .

② بالام ! خۇداغا ئامانەت .

## چېكىتلىك پەش ( ؛ )

كۆپ قاتلاملىق تەڭداش تەركىبلەردىن ھاسىل بولغان قۇرۇلمىلاردا ئەڭ ئۈستۈنكى تەڭداش تەركىبلەر ئارىسىغا قويۇلىدۇ . مەسىلەن :

① ئەنە شۇلارنىڭ بەدىلىگە توپلانغان تاغ - تاغ ئالتۇن ، كۈمۈش ، ئۈنچە - مارجان ، ياقۇتلار ؛ ئامبارلاردا چىرىپ ياتقان توپ - توپ ئېسىل موي ۋە مۇڭگۈزلەر ؛ تاغ - جىرالارغا پاتماي ياتقان سان - ساناقسىز پادا ۋە يىلقىلار ...

② كىمكى مېنى چېلىشىپ يېڭەلىسە ، شۇ كىشىگە قىزىمنى بېرىمەن ؛ ئەگەر يېڭەلمىسە ، جېنىنى تېنىدىن جۇدا قىلىمەن .

پەش ( ، )

1 . ئاددىي جۈملە تەركىبىدىكى تەڭداش بۆلەكلەر ئارىسىغا ، قوشما جۈملە تەركىبىدىكى باغلىغۇچىسىز باغلانغان تەڭداش تارماق جۈملىلەر ئارىسىغا قويۇلىدۇ . مەسىلەن :

① شەھەرنىڭ ئانچە راۋۇرۇس بولمىغان تۈز چاسا سېپىلى ، ئې-گىز- ئېگىز پەشتاق مۇنارلىرى ، توغرىسىغا ۋە ئۇزۇنىسىغا ئۆز ئارا گىرەلەشمە ھالەتتە سوزۇلغان كوچىلىرى ئېنىق كۆرۈنۈشكە باشلىدى .

② نادىرە خېلى ئۇزاق ئويلاندى ، ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا ئاكىسى كەلدى .

2 . بېقىندىلىق قوشما جۈملىلەرنىڭ تارماق جۈملىلىرى ئارىسىغا پەش قويۇلىدۇ . مەسىلەن :

① سېلىمجان شۇنچىلىك خۇشال بولدىكى ، مەن ئۇنىڭ كۆزلىرى-دىن ياش ئەگىگەنلىكىنى بايقىدىم .

② ئۆلۈپ كەتسەك ، كۆكسىمىزدىكى ئوردېنلار قالىدۇ .

3 . «پ»لىق رەۋىشداشتىن تۈزۈلگەن بىرىكمىلەر ۋە «ماس - // مەس»لىك سۈپەتداشتىن تۈزۈلگەن بىرىكمىلەرنىڭ ئۆز ئالدىغا ئىگىسى بولغاندا ياكى ئارقا - ئارقىدىن پەيدا بولغان ھەرىكەتنى ئىپادىلىگەندە ياكى شۇ بىرىكمىلەردىن كېيىن باغلىغۇچىلار ئىشلىتىلگەندە ، شۇ بى-رىكمىلەردىن كېيىن پەش قويۇلىدۇ . مەسىلەن :

① شىمالدىكى قۇرۇق تاغ تەرەپتىن سوققان غۇر - غۇر شامال ئەينەكتەك سۈزۈك كۆل سۈيىنى تىنىمسىز چايقاپ ، شەھەرگە ئارام-بەخش نەم ھاۋانى ئۇچۇرۇپ كېلەتتى .

② تىنىق ئاسمان بارغانسېرى روشەنلىشىپ ، يۇلتۇزلار جىمىرلاشقا باشلىدى .

③ دىجورنى گايىت قاراۋۇللىرىنى ئارىلاپ كېلىپ ، ئاكوپقا چۈ-شۈپ ، ئۇنىڭ قىرىغا يۆلىنىپ خىيال سۈرۈپ تۇرۇپ قالدى .

④ جەڭچىلەر ئېتىلىۋاتقان ئوققا قارىماستىن ، ئالغا ئىلگىرىلەپ

كېتىۋەردى .

⑤ زىبۇزىننەت بۇيۇملىرى تىجارىتى بىلەن شۇغۇللىنىپلا قالماي ، بەلكى ھەر خىل كىيىم - كېچەكلەرنى كۆرگەزمە قىلىپ ساتىدۇ .

«-ۇپ» بىلەن تۈرلەنگەن «بول-» ياردەمچى پېئىلى تۈرغۇن سۆزلەر بىلەن بىرىكىپ كېيىنكى بىرىكمە بىلەن باغلانغاندا ، «بولۇپ» سۆزىدىن كېيىن پەش قويۇلىدۇ . مەسىلەن :

① بۇ يەردە بىر كۆتەرمە ئېرىق بولۇپ ، ئۇنىڭ ئىككى ياقىسىنى ئۈسكىلەڭ ئوت - چۆپلەر ، قومۇشلار قاپلاپ تۇرىدۇ .

4 . «-غاچقا// -قاچقا// -گەچكە// -كەچكە» ، «-غۇچە// -قۇچە// -گۈچە// -كۈچە» قاتارلىق مورفېمىلارنىڭ بىرىكىشى بىلەن ھاسىل بولغان بىرىكمىلەرنىڭ ئۆز ئالدىغا ھەرىكەت بېجىرگۈچىسى بولغاندا ، بۇ بىرىكمىلەردىن كېيىن پەش قويۇلىدۇ . مەسىلەن :

① ئۇ قول ئىلكىدە خېلى بىر نەرسىلىرى بولغاچقا ، ھاللىق تۇرمۇش كەچۈرىدىكەن .

② مەلىكىنىڭ بېشىدىن ئىلگىرى بۇنداق ئېغىر كۈنلەر ئۆتمىگەچكە ، ھېرىپ - چارچاشتىن غۇنچىدەك چىرايى سولىشىپ كېتىپتۇ .

③ يەنە ئېلىپ ساتىمەن دەپ يۈرگۈچە ، ياغنىڭ ئۆزىنىلا تەرمەيمەنمۇ .

④ پالتا چۈشكۈچە ، كۆتەك دەم ئاپتۇ .

5 . «-غان»لىق سۈپەتداشلار «بىلەن» ، «بويان» ، «بېرى» ، «ھامان» ، «ئەھۋال» قاتارلىق سۆزلەر بىلەن بىرىكىپ كەلگەندە ياكى «چاغ» ، «ۋاقىت» ، «ئەھۋال» قاتارلىق سۆزلەر بىلەن بىرىكىپ ئورۇن كېلىش بىلەن تۈرلەنگەندە ، ياكى بۇ خىل سۈپەتداش چىقىش كېلىش بىلەن تۈرلەنگەندە ياكى بۇ خىل سۈپەتداشلار «-لىق// -لىك// -لۇق// -لۈك» قوشۇمچىلىرىنىڭ ئۇلىنىشى بىلەن ئىسىملىشىپ ، ئاندىن «ئۈچۈن» ، «سەۋەبلىك» ، «تۈپەيلى» قاتارلىق سۆزلەر بىلەن بىرىكىپ كەلگەندە ، بۇ بىرىكمىلەردىن كېيىن پەش قويۇلىدۇ . مەسىلەن :

① غۇلجىغا يېقىنلاپ قالغان چاغدا ، ئۇدۇرمۇ سوغداق دېگەنىدى .

② بىز شەھەرگە كىرگەندىن كېيىن ، بۇنداقلارغا قارشى ئوق چىقاردۇق .

③ ناگان ـ ناگاندا ئېتىلىپ قالىدىغان ئوقلارنى ھېسابقا ئالمىغاندا ، تىنچ ، جىمجىت جەڭچىلىك ھايات يەنە باشلاندى .

④ ئەختەر بوۋى ئاتا ـ ئانىسى قاتتىق ئويقۇغا كەتكەن چاغدا ، ئاستا باغقا چىقىدۇ .

⑤ كۆيۈمچانلىقى ۋە ھېچنەرسىدىن ئېرىنمىگەنلىكى ئۈچۈن ، جەڭچىلەر ئۇنى ئەڭ شەپقەتلىك ، مېھرىبان ھەمشىرىمىز دەپ ھۆرمەت قىلاتتى .

6 . مۇستەقىل تەركىبلەر جۈملىنىڭ بېشىدا بولسا ، ئاخىرىدىن ، ئوتتۇرىسىدىن بولسا ، ئىككى چېتىدىن ، ئاخىرىدا بولسا ، ئالدىدىن پەش قويۇلىدۇ . مەسىلەن :

① ھە ، بىرىمىز ھامال ، بىرىمىز باققال بولدۇق .

② قېنى ، ئاغىنىلەر ، بۇ گەپلەرنى ئەمدى قويايلى .

③ ئېيتىپ بەرسىڭىزا ، ئەستەت ئاكا !

7 . «بىراق» ، «ئەمما» ، «لېكىن» ، «ئەكسىچە» ، «ۋەھالەنكى» ، «شۇنداقتىمۇ» ، «شۇڭا» ، «شۇنىڭ ئۈچۈن» ، «شۇڭلاشقا» ، «چۈنكى» ، «يەنى» قاتارلىق باغلىغۇچىلار چېكىت بىلەن ئاياغلاشقان جۈملىدىن كېيىن كەلسە ياكى ئابزاسنىڭ بېشىدا كەلسە ، بۇ باغلىغۇچىلاردىن كېيىن پەش قويۇلىدۇ . مەسىلەن :

① ئاتا دېگەن بالا غېمى بىلەن ئۆلىدىغان گەپ . لېكىنزە ، زەرىپەخاننى خورلىغىنىغا چىدىمىدىم .

② بىز پىئونېرلار قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلار ناھايىتى كۆپ . مەسىلەن : تام گېزىتى ، قىزىلگۈل باھالاش سەھنىسى لايىھىلەش دېگەندەك . شۇڭا ، ۋاقتىدا كېلەيلى !

③ ئادىلمۇ ، ھېلىقى تازىلىق ئىشچىسىنىڭ قىزىمۇ ئۆزىگە بولغان كۆز قارىشىنى بىردىنلا ئۆزگەرتىپ ، ئۆزىنى ھۆرمەتلەيدىغان ، ئىززەت-

لەيدىغان بولاتتى .

④ شۇنداق قىلىپ ، ئەسقەر كۆتكەن تاڭمۇ ئاخىر يورۇدى .

8 . بىر تۇتاش ئېلىنماي ، بۆلۈپ ئېلىنغان دىئالوگلاردا بۆلۈنگەن قىسىم بىلەن ئاپتور سۆزىنىڭ ئارىسىغا پەش ، سىزىق ( ،— ) قويۇلىدۇ . مەسىلەن :

① — ھەي يولداش ، — دېدى ھېلىم دېھقانغا قاراپ ، — ئاكوجالڭ مۇشۇ مەھەللىلىكمۇ ؟

② — بىلمىمىز ! — دېگىنى يىغىۋېلىش پونكىتىنىڭ باش خادىمى قولىنى سىلكىپ ، — سەندەك سەيگۈيۈەن تولۇپ يېتىپتۇ .

9 . كۆپ خانىلىك سانلار تۆركۈمگە ئايرىلغاندا ، ھەرقايسى تۆركۈملەر ئارىسىغا پەش قويۇلىدۇ . مەسىلەن :

9,640,000          8,720,000          17,600

10 . تەكرار كەلگەن سوئال خەۋەرلەرنىڭ ئارىسىغا پەش قويۇلىدۇ . مەسىلەن :

— ھەي كۆسەي ! — روسۇل ئاچچىقلاندى ، — قىلامسەن ، قىلمامسەن ؟

## قوش تىرناق ( « » )

كۆچۈرمە تەركىبلەرنى ئاپتور سۆزىدىن ئايرىپ كۆرسىتىدىغان بەلگە . جۈملە تەركىبىدىكى كۆچۈرمە تەركىبلەر (كىتاب ، گېزىت ، ژۇرنال ناملىرى ، ماۋزۇ قاتارلىقلار ) قوش تىرناق ئىچىگە ئېلىنىدۇ . مەسىلەن :

① «ئوقۇتقۇچىلار بايرىمى» مۇناسىۋىتى بىلەن ئۆتكۈزۈلگەن «مۇنەۋۋەر ئوقۇتقۇچى»لارنى تەقدىرلەش يىغىنىدا شەھەرلىك مىيىپلار مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى رازىيەنىڭ ئىسمى ئوقۇلۇۋىدى ، ھەيران قالدىم : «رازىيە ! شۇ چاقىدىكى رازىيە شۇمىدۇ ؟»

② ئاياللار «ۋاپاغا جاپا قىلغان يۈزسىز !» دەپ تىللايدۇ ، ھەتتا

ياشلار، بالىلىرىمىز «ئاتا بولماي قالسۇن، قەدىرسىز!» دەپ تىللايدۇ.

## يالاڭ تىرناق ( ‹ › )

قوش تىرناققا نىسبەتەن رولى كىچىكرەك بولغان تىنىش بەلگىسى. جۈملىدە قوش تىرناق تەركىبىگە كىرگەن كۆچۈرمە تەركىبلەر يالاڭ تىرناق ئىچىگە ئېلىنىدۇ. مەسىلەن:

① «تۇۋا، — دەپ ئويلىدى زەرىپىخان سۇغا قاراپ ئولتۇرۇپ، — جاھاننىڭ ھەممە غېمىنى مەنلا يىغىۋالغان ئوخشايمەن. ئانام رەھمىتى: ‹بايلارنىڭ خوتۇنلىرى يالغان كۈلىدۇ›، دەيدىغان، راست ئوخشايدۇ. ئىچىملاي دېسەم، يىغا يامىشىپلا تۇرىدۇ. كۈلۈمسىرەي دېسەم، كۆزلىرىمدىن ياش ئەگىيدۇ...»

② «ئەسسەت ئاكا، ...سىزنىڭ كېرەكسىز دېيىلگەن سۈپەتلىرىڭىز ئاخىرىدا خىسلىتىڭىز بولۇپ چىقتى: سىزنى ‹ئەخمەق› دېگۈچىلەر ئەمدى ‹تالانت ئىگىسى› دېيىشتى؛ ‹كاج› دېگۈچىلەر ‹ئادىل› دېيىشتى؛ ‹كۆك قۇرت› دېگۈچىلەر ‹بۈركۈت› دېيىشتى...»

## تىرناق (  )

تىرناق ئىزاھ بەلگىسى.

1. مەلۇم جۈملە بۆلىكىنى تولۇقلاش، ئىزاھلاش ياكى شەرھلەش مەنىسىدە كەلگەن تەركىبلەر تىرناق ئىچىگە ئېلىنىدۇ. مەسىلەن:

قىزنىڭ سەپرا مىجەز ئاتىسى (كېيىن بىلدىم، ئۆگەي ئاتىسى ئىكەن) مېنى كۆرۈپلا قولىدىكى تېۋىلغا سۆپۈرگىنىڭ سېپى بىلەن دولامغا بىرنى ئۇردى.

2. سەھنە ئەسەرلىرىدە ئاپتورنىڭ پېرسوناژلار ھەرىكىتى، كەيپىياتى ھەققىدە بەرگەن ئىلاۋىلىرى تىرناق ئىچىگە ئېلىنىدۇ. مەسىلەن:

نارزىگۈل: (يالقۇننىڭ ئالدىغا كېلىپ) ۋاي — ۋۇي، بۇ يەردىن پۈتۈن ئۈرۈمچىنى كۆرگىلى بولىدىكەنتە! ...ئەنە قىزىلتاغ! ... ئاۋۇ

بافچە ! … تېلېۋىزىيە ئۈنئۈپرىستېتى ! … (خۇشاللىقىدا ئاغزى – ئاغزىغا تەگمەي سۆزلەپ كېتىدۇ )

3 . نەقىل ئېلىنغان مىسالنىڭ ئورنى كۆرسىتىلگەندە ، ئاپتور ۋە كىتاب نامى تىرناق ئىچىگە ئېلىنىدۇ . مەسىلەن :

شېئىر — مارجان ئەمەس ، يىپقا تىزىپ قويسا تۇرۇۋېرىدىغان ياكى ئەزان ئەمەس ، قۇلاقنى تۇتۇپ ئېيتسا بولۇۋېرىدىغان .

(ئا . ئۆتكۈر : «ئۆمۈر مەنزىللىرى » )

## سىزىقچە ( ـ )

ئاساسەن ، بىرىم قوشۇپ يېزىش بەلگىسى ، جۈپ سۆزلەرنىڭ ئارىسىغا ۋە بىر قىسىم ئۆلچەملەرنىڭ ئالدىغا قويۇلىدۇ . مەسىلەن :

① قىزنى ئۆگەي ئانىسى دەھشەتلىك تىل ـ ئاھانەت بىلەن كۆتۈۋالدى .

② پاھ ، نېمىدېگەن قۇرۇق ـ ھە !

2 . سۆزلەرنى قۇر كۆچۈرۈشكە توغرا كەلگەندە ، ئايرىلغان بوغۇمدىن كېيىن سىزىقچە قويۇلىدۇ . مەسىلەن :

ئۇنىڭ چىرايىدىكى بۇ تويۇقسىز ئۆزگىرىش ئەسئەتنىمۇ ، ئاۋامىنىمۇ ھەيران قالدۇردى .

3 . رەقەم بىلەن ئىپادىلەنگەن دەرىجە سانلاردىن كېيىن سىزىقچە قويۇلىدۇ . مەسىلەن :

1980 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى

4 . پېئىلنىڭ يىلتىز ياكى ئۆزەك شەكلىدىن كېيىن ، قوشۇمچىلار ئايرىپ كۆرسىتىلگەندە ، ئۇلاردىن بۇرۇن سىزىقچە قويۇلىدۇ . مەسىلەن :

ئال ـ ئالدۇر ـ ـخانا ـلە ـقىرا

## سىزىق (—)

سىزىق رولى جەھەتتىن تىرناققا ئوخشاپ كېتىدىغان بىر خىل

ئىزاھ بەلگىسى .

1 . ئىزاھلانغۇچى بىلەن ئىزاھلىغۇچى بۆلەكنىڭ ئارىسىغا قويۇلىدۇ . مەسىلەن :

① مەن ھەممىنى — قىرىق نەچچە يىلدىن بېرىقى تارتقان ئازابلىرىمنىڭ ھەممىسىنى ئۇنتۇشقا ، پۈتۈنلەي يېڭىچە ھايات باشلاشقا تىرىشىمەن .

② سىز يەنە پەزىلىتىڭىز ۋە روھىڭىزنىڭ ۋارىسى — سۆيۈملۈك قىزىڭىز سۆيھنى تاپتىڭىز .

2 . زامان ۋە ماكان مەنىلىرىنى ئىپادىلەيدىغان ئىككى سۆز ئارىسىغا سىزىق قويۇلىدۇ . مەسىلەن :

① 1811 - — 1816 - يىللىرى بۇ جاي ئەنگلىيىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىغا چۈشۈپ قالغان .

② ئۈرۈمچى — كورلا تۆمۈريولى

3 . ئەدەبىي ئەسەرلەردە دىئالوگلارنىڭ ئالدىغا سىزىق قويۇلىدۇ . مەسىلەن :

— بالام ، نەچچە تونۇر نان ياقتىلا ؟

— ئۈچ تونۇر ، ئاتا ، — كېلىن تەر قۇيۇلۇۋاتقان يۈزىنى لۆڭگە بىلەن سۈرتۈپ تۇرۇپ ، كۈلۈمسىرەپ جاۋاب بەردى .

## قوش چېكىت ( : )

ئاساسەن بايان بەلگىسى .

1 . ئومۇملاشتۇرغۇچى تەركىبتىن كېيىن قويۇلىدۇ . بۇ خىل ئەھۋالدا ، كېيىنكى بۆلەك ئالدىنقى بۆلەكنى مەزمۇن جەھەتتىن تولۇقلاپ ، شەرھلەپ كېلىدۇ . مەسىلەن :

ئۇنىڭ ئالدىدا ئىككىلا يول قالغانىدى : بىرى ، ئۆلۈش ؛ بىرى ، ھېلىقى شەھەرلىك تەمبۇرچى يىگىتنى ئىزدەپ - سوراپ تېپىش .

2 . خەت - ئالاقىلەردە ھۆرمەت تەرىقىسىدە ئىشلىتىلگەن قاراتما سۆزدىن كېيىن قويۇلىدۇ . مەسىلەن :

سىزنى ئەتە كەچتە بىزنىڭ ئۆيگە چايغا تەكلىپ قىلىمىز .
هۆرمەت بىلەن :
ئادالەت

3 . سەھنە ئەسەرلىرىدە پېرسوناژلارنىڭ ئىسمىدىن كېيىن قوش چېكىت قويۇلىدۇ . مەسىلەن :

خانقىز : بۇ ئېسىل خاتىرىنى نەدىن ئالدىڭ ؟
بالقۇن : (ماختىنىپ) بازاردىن ئالمايچۇ !
خانقىز : (گۇمانلىنىپ) قايسى پۇلغا ئالدىڭ ؟
بالقۇن : ئۆزۈمنىڭ پۇلىغا ئالدىم .

4 . مىسال كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئىشلىتىلگەن «مەسىلەن» سۆزىدىن كېيىن قوش چېكىت قويۇلىدۇ . مەسىلەن :

5 . ئاپتورنىڭ ئىسىم فامىلىسى بىلەن ئەسەر نامى بىللە كۆرسىتىلگەندە ، ئاپتورنىڭ ئىسىم فامىلىسىدىن كېيىن قوش چېكىت قويۇلىدۇ . مەسىلەن :

زوردۇن سابىر : «ئارچا ياپرىقى»

6 . ئاپتورنىڭ پېرسوناژ ھەرىكىتى توغرىسىدىكى تەسۋىرىدىن كېيىن ئىشلىتىلگەن دىئالوگدا ، ئاپتور سۆزىدىن كېيىن قوش چېكىت قويۇلىدۇ . مەسىلەن :

ئۇ سول ئالىقىنى بىلەن يالاڭئاياغ تاشقا بېشىنى سىلاپ قويدى ـ دە ، كۈلۈمسىرەپ :
— ئېلى ، ئاغىنەڭ نېمە قىلىپ يۈرۈۋاتىدۇ ؟ — دەپ سورىدى .

## كۆپ چېكىت (...)

قىسقارتىش بەلگىسى . ئۈچ چېكىت بىلەن چەكلىنىدۇ .

1 . قىسقارتىلغان تەركىبلەر ئورنىغا ، ئۈزۈلۈپ قالغان سۆزلەر ئىپادىلىنىدىغان ئورۇنغا كۆپ چېكىت قويۇلىدۇ . مەسىلەن :

① مانا بۈگۈن شۇ ئۈچكەن غېرىپ ئوتلىرى بىردىنلا قايتا ياندى ...

2 . سۆزنىڭ ئۆزۈلۈپ - ئۆزۈلۈپ تەلەپپۇز قىلىنغانلىقىنى ئىپادىلىگەندە كۆپ چېكىت قويۇلىدۇ . مەسىلەن :

① — يا ··· ياق ···

② — كەلدىلىمۇ زە ···زەربىھەم ···

【مۇھاكىمە سوئاللىرى】

1 . تىنىش بەلگىسى دېگەن نېمە؟ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى تىنىش بەلگىلىرى قايسى پرىنسىپلار ئاساسىدا بەلگىلەنگەن؟

2 . ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى تىنىش بەلگىلىرى قانچە خىل؟ قايسىلار؟

# 3 ـ باب لېكسىكولوگىيە

## § 1. لېكسىكولوگىيە ھەققىدە قىسقىچە چۈشەنچە

«لېكسىكولوگىيە» دېگەن بۇ ئاتالغۇ گرېك تىلىدىكى «lexikos» (سۆز) ۋە «logos» (تەلىمات، ئىلىم ـ پەن) دېگەن ئىككى سۆزدىن تەركىب تاپقان تىلشۇناسلىق ئاتالغۇسى بولۇپ، «سۆز ھەققىدىكى تەلىمات»، «لۇغەت تەركىبى ھەققىدىكى پەن» دېگەن مەنىلەردە قوللىنىلىدۇ. دېمەك، لېكسىكولوگىيە تىلنىڭ مۇھىم بىر تەركىبىي قىسمى بولغان سۆز ۋە لۇغەت تەركىبىي سىستېمىسىنى تەتقىق قىلىدىغان پەن.

كونكرېت قىلىپ ئېيتقاندا، لېكسىكولوگىيە سۆز ۋە ئۇنىڭ قۇرۇلما ئالاھىدىلىكلىرى، سۆز مەنىسى ۋە ئۇنىڭ خاراكتېرى، سۆز مەنىسىنىڭ تۈزۈلۈشى (ئىدراكىي مەنە، تۈس مەنىسى، لېكسىكىلىق مەنە)، سۆز مەنىلىرىنىڭ تۈرى، سۆز مەنىلىرىنىڭ ھەرخىل تۈركۈملىنىشى (سۆزلەرنىڭ مەنە جەھەتتىن تۈركۈملىنىشى بىلەن سۆزلەرنىڭ ئاھاڭ ۋە شەكىل جەھەتتىن تۈركۈملىنىشى)، سۆز مەنىلىرىنىڭ ئۆزگىرىش قانۇنىيەتلىرى، ئىدىئوملار ۋە ئۇلارنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى، سۆزلۈك، ئۇنىڭ ئىچكى قۇرۇلمىسى ۋە تەرەققىيات قانۇنىيەتلىرى، لۇغەت تۈزۈش نەزەرىيىسى ۋە ئەمەلىيىتىگە ئالاقىدار مەسىلىلەر قاتارلىق مەزمۇنلارنى ئۆزىنىڭ تەتقىقات ئوبيېكتى قىلىدۇ.

لېكسىكولوگىيە سۆزلەرنى تەتقىق قىلغاندا، ئاساسلىقى تىلدىكى مۇستەقىل سۆزلەرنى تەتقىق قىلىدۇ.

لېكسىكولوگىيە تەتقىقات ئوبيېكتىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا ئاساسەن، ئومۇمىي لېكسىكولوگىيە ۋە كونكرېت تىللار لېكسىكولوگىيىسى (مەخ-

سۆس لېكسىكولوگىيە ياكى ئايرىم تىللار لېكسىكولوگىيىسى ، دەپمۇ ئاتىلىدۇ ) دېگەن ئىككى چوڭ تۈرگە بۆلۈنىدۇ . ئىنسانلار تىلىنىڭ سۆزلۈكىگە دائىر ئومۇمىي نەزەرىيە ھەققىدىكى پەن ئومۇمىي لېكسىكولوگىيە ، دەپ ئاتىلىدۇ . ئۇ كونكرېت تىللار لېكسىكولوگىيىسى ئاساسىدا ئىنسان تىلىدىكى سۆز ۋە سۆزلۈككە دائىر ئومۇمىي ئالاھىدىلىكلەر ۋە ئاساسىي قانۇنىيەتلەرنى ئۇنىۋېرسال تەتقىق قىلىدىغان بولغاچقا ، ئادەتتە ئومۇمىي تىلشۇناسلىق كاتېگورىيىسىگە كىرىدۇ . كونكرېت بىر تىلدىكى سۆز ۋە سۆزلۈكنى تەتقىق قىلىدىغان پەن كونكرېت تىللار لېكسىكولوگىيىسى ، دەپ ئاتىلىدۇ . ئۇ ئومۇمىي نەزەرىيىنىڭ يېتەكچىلىكىدە ، مەلۇم بىر تىلدىكى سۆز ۋە سۆزلۈكنىڭ ئالاھىدىلىكى ، قانۇنىيىتى قاتارلىقلارنى كونكرېت تەتقىق قىلىدىغان بولغاچقا ، ئادەتتە كونكرېت تىلشۇناسلىق كاتېگورىيىسىگە كىرىدۇ .

ئومۇمىي لېكسىكولوگىيە بىلەن كونكرېت تىللار لېكسىكولوگىيىسى ئۆزئارا زىچ باغلىنىشلىق بولۇپ ، ئۇلار بىر ـ بىرىگە تايانغان ھالدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ ، ئومۇمىي لېكسىكولوگىيە كونكرېت تىللار لېكسىكولوگىيىسى ئاساسىدا بارلىققا كېلىدۇ ھەم تەرەققىي قىلىدۇ . لېكىن ، ئۇ ئۆزىنىڭ نەزەرىيىۋى سىستېمىسىنى تۇرغۇزۇپ بولغاندىن كېيىن ، يەنە كونكرېت تىللار لېكسىكولوگىيىسىگە يېتەكچىلىك قىلىش رولىنى ئوينايدۇ .

كونكرېت تىللار لېكسىكولوگىيىسى يەنە ئۆز ئىچىدىن تارىخىي لېكسىكولوگىيە ۋە تەسۋىرىي لېكسىكولوگىيە دېگەن ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ .

سۆز ۋە سۆزلۈك سىستېمىسىنىڭ تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدىكى ئۆزگىرىش قانۇنىيەتلىرى ۋە ئالاھىدىلىكلىرى تەتقىق قىلىنسا ، بۇنداق لېكسىكولوگىيە تارىخىي لېكسىكولوگىيە ، دەپ ئاتىلىدۇ . كونكرېت بىر تىلدىكى سۆز ۋە سۆزلۈك سىستېمىسىنىڭ مەلۇم بىر دەۋردىكى (ئاساسەن ھازىرقى دەۋردىكى ) تۈرلۈك قانۇنىيەتلىرى ۋە ئالاھىدىلىكلىرى تەتقىق قىلىنسا ، بۇنداق لېكسىكولوگىيە تەسۋىرىي لېكسىكولوگىيە ، دەپ

ئاتىلىدۇ .

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى لېكسىكولوگىيىسى ئۆز نۆۋىتىدە ھەم كونكرېت تىللار لېكسىكولوگىيىسىگە ، ھەم تەسۋىرىي لېكسىكولوگىيىگە كىرىدۇ .

سۆز ۋە سۆزلۈك تىلنىڭ باشقا تەركىبىي قىسىملىرى بولغان تىل تاۋۇشلىرى ۋە گىرامماتىكىلىق قانۇنىيەتلەر بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولغاچقا ، لېكسىكولوگىيە ئالدى بىلەن فونېتىكا ۋە گىرامماتىكا بىلەن زىچ باغلىنىشلىق بولىدۇ . ئۇ يەنە تىلنى قېلىپلاشتۇرۇشتىمۇ مۇھىم رول ئوينايدۇ . ئۇنىڭدىن باشقا لېكسىكولوگىيە تىل ئوقۇتۇشى ، ئەدەبىيات ، ئىستىلىستىكا ، جەمئىيەت تىلشۇناسلىقى ، لوگىكا ، مىللەتشۇناسلىق ، تارىخشۇناسلىق ، جۇغراپىيە ، مەدەنىيەتشۇناسلىق قاتارلىق پەنلەر بىلەنمۇ ئالاقىدار بولىدۇ . شۇڭا ، تىلشۇناسلىقنىڭ مۇھىم بىر تارمىقى بولغان لېكسىكولوگىيىنى ياخشى ئۆگىنىش ۋە ئۇنى ئەتراپلىق تەتقىق قىلىش ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە .

【مۇھاكىمە سوئاللىرى】

1 . لېكسىكولوگىيە دېگەن نېمە ؟ ئۇ قانداق تارماقلارغا بۆلۈنىدۇ ؟

2 . ئومۇمىي لېكسىكولوگىيە دېگەن نېمە ؟ كونكرېت تىللار لېكسىكولوگىيىسى دېگەنچۇ ؟

3 . تارىخىي لېكسىكولوگىيە دېگەن نېمە ؟ تەسۋىرىي لېكسىكولوگىيە دېگەنچۇ ؟

## §2. سۆز ۋە ئۇنىڭ ياسىلىشى

### 1 . سۆز ئۇقۇمى توغرىسىدا

سۆز ئەڭ ئاساسلىق لېكسىكىلىق بىرلىك ، دېمەك ، سۆز تىلنى تەشكىل قىلغۇچى ئاساسىي بىرلىك ، شۇنداقلا لېكسىكولوگىيىدىكى ئا-

قان، مۇقىم قۇرۇلمىغا ئىگە بولغان، جۈملىدە ئەركىن قوللىنىشتا بولىدىغان ئەڭ كىچىك بىرلىك.

سۆز تىلنى تەشكىل قىلغۇچى ئاساسىي بىرلىك دېگەندە، سۆزنىڭ تىلنىڭ قۇرۇلۇش ماتېرىيال بىرلىكى ئىكەنلىكى، سۆز بولمىسا، تىلنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىنى قىياس قىلغىلى بولمايدىغانلىقى نەزەرگە ئېلىنىدۇ. سۆز بولمىسا، ئادەتتە جۈملە تۈزگىلى بولمايدۇ، ئوي - پىكىرنى قارشى تەرەپكە ئىپادىلەپ بەرگىلى بولمايدۇ، ئالاقىلىشىش مەقسىتىگە يەتكىلى بولمايدۇ، سۆز تىلدا قۇرۇلۇش ماتېرىياللىق رول ئوينايدۇ.

سۆز ئاساسلىق لېكسىكىلىق بىرلىك دېگەندە، سۆزنىڭ لېكسىكولوگىيىنىڭ ئەڭ ئاساسلىق تەتقىقات ئوبيېكتى ئىكەنلىكى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

سۆز تاۋۇش بىلەن مەنىنىڭ بىرلىكى دېگەندە، تاۋۇش سۆزنىڭ تاشقى پوستى ئىكەنلىكى، مەنە بولسا سۆزنىڭ ماددىي ئاساسى ئىكەنلىكى، تاۋۇشسىز سۆز بولمايدىغانلىقى، شۇنداقلا مۇئەييەن مەنىگە ئىگە بولمىغان تاۋۇش تۈپىنىڭمۇ سۆز بولالمايدىغانلىقى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. مەسىلەن: «ۋەتەن» دېگەن سۆزنى مىسالغا ئالساق، بۇ سۆزدىكى «ۋ»، «ئە»، «ت»، «ئە»، «ن» لار شۇ سۆزنىڭ تاۋۇشى ھېسابلانسا، «ئۆزى تۇغۇلۇپ ئۆسكەن، كىندىك قېنى تۆكۈلگەن جاي، يۇرت، دىيار» دېگىنى شۇ سۆزنىڭ مەنىسى ھېسابلىنىدۇ. «شاما» دېگەن سۆزدە «ش»، «ئا»، «م»، «ئا» لار ئۇ سۆزنىڭ تاۋۇشى ھېسابلانسا، «قايناق سۇغا سېلىنغان چاينىڭ تەمى چىقىپ بولۇپ، قېلىپ قالغان قالدۇقى» دېگىنى ئۇ سۆزنىڭ مەنىسى ھېسابلىنىدۇ. خۇددى شۇنىڭدەك، «ياكى» دېگەن سۆزدە «ي»، «ئا»، «ك»، «ئى» دېگەنلەر ئۇ سۆزنىڭ تاۋۇشى ھېسابلىنىدۇ. ئەمدى «تاللانما مۇناسىۋەت» نىڭ ئىپادىلىنىشى ئۇ سۆزنىڭ مەنىسى بولىدۇ. «دائىر» دېگەن سۆزدە «د»، «ئا»، «ئى»، «ر» لار ئۇ سۆزنىڭ تاۋۇشى ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن

ئىككى يۈزىگە ئوخشىتىلىدۇ .

سۆز مۇقىم قۇرۇلمىغا ئىگە دېگەندە ، سۆز تاۋۇش بىلەن مەنىنىڭ بىرلىكى بولغاچقا ، ئەينى بىر تىل شارائىتىدا پارچىلاپ قوللىنىشقا بولمايدىغان ، تەركىبىي قىسىملىرى ئوتتۇرىسىغا باشقا تىل تەركىبلىرىنى قوشۇشقا بولمايدىغان بىر پۈتۈن لېكسىكىلىق بىرلىك ئىكەنلىكى نەزەرگە ئېلىنىدۇ . ئەگەر سۆزنى پارچىلايدىغان بولساق ، مەنە جەھەتتىكى بىر پۈتۈنلۈكىگە تەسىر يېتىپ سۆز بولماي قالىدۇ ، ياكى ئەسلىدىكى بىر پۈتۈن مەنىسى يوقايدۇ . مەسىلەن : «كىتاب» ، «ئوتتۇز» ، «ناھايىتى» ، «ئوقۇ ـ» ، «توغرۇلۇق» ، «چۈنكى» دېگەن سۆزلەرنى پارچىلايدىغان بولساق ، ئۇلار سۆز بولماي قالىدۇ . ئەمدى «خىزمەتداش» ، «ئىشچى» ، «سۇلۇق» ، «سانا ـ» دېگەندەك سۆزلەرنى گەرچە سۆزنىڭ قۇرۇلمىسى نۇقتىسىدىن پارچىلاشقا بولسىمۇ ھەمدە پارچىلانغاندىن كېيىن ئالدىنقى تەركىبلەر («خىزمەت» ، «ئىش» ، «سۇ» ، «سان» ) نى يەككە ئىشلىتىشكە بولسىمۇ ، لېكىن «خىزمەتداش» ، «ئىشچى» ، «سۇلۇق» ، «سانا ـ» دېگەن سۆزلەرنىڭ مەنە جەھەتتىكى بىر پۈتۈنلۈكىگە تەسىر يېتىپ ، ئۇلاردىن ئەسلىدە ئىپادىلىنىدىغان مەنە ئىپادىلەنمەي قالىدۇ ، مۇنداقچە ئېيتقاندا ، «خىزمەت ، ئىش ، سۇ ، سان» دېگەن سۆزلەردىن «خىزمەتداش ، ئىشچى ، سۇلۇق ، سانا ـ» دېگەن سۆزلەردە ئىپادىلىنىدىغان مەنە ئىپادىلەنمەيدۇ .

ئەمدى «ئەتىياز» ، «ئاشكۆكى» ، «ئاشتاختا» دېگەندەك سۆزلەرنى پارچىلاشقا بولسىمۇ ھەمدە پارچىلانغاندىن كېيىن كېلىپ چىققان تەركىبلەرنى يەككە ئىشلىتىشكە ياكى باشقا سۆزلەر بىلەن بىرىكتۈرۈپ سۆز بىرىكمىسى ۋە جۈملە ھاسىل قىلىشقا بولسىمۇ ، لېكىن پارچىلاشتىن كېلىپ چىققان تەركىبلەردىن «ئەتىياز ، ئاشكۆكى ، ئاشتاختا» دېگەن سۆزلەردە ئىپادىلىنىدىغان مەنىلەر ئىپادىلەنمەيدۇ . ئۇ تۈردىكى سۆزلەرمۇ ئادەتتە لېكسىكولوگىيە نۇقتىسىدىن يەنىلا بىر پۈتۈن لېكسىكىلىق بىرلىك ، دەپ قارىلىدۇ . چۈنكى :

بىرىنچىدىن، ئۇ تۈردىكى سۆزلەرنىڭ مەنىسى شۇ سۆزلەرنى تەشكىل قىلغۇچى تەركىبلەر (مۇستەقىل مورفېمىلار) نىڭ مەنىلىرىنىڭ ئاددىي يىغىندىسى بولماستىن، بەلكى ئۇلار مەنە جەھەتتىن ناھايىتى زىچ بىرىككەن بىر پۈتۈنلۈك ھېسابلىنىدۇ. مەسىلەن: «ئەتىياز» دېگەن سۆز قانداقتۇر «ئەتىلا ياز» ياكى «ئەتە ۋە ياز» بولماستىن، بەلكى «تۆت پەسىلنىڭ بىرىنچىسى، قىشتىن كېيىنكى، يازنىڭ ئالدىدىكى پەسىل» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. «ئاشكۆكى» دېگەن سۆز قانداقتۇر «ئاشنىڭ كۆكى» ياكى «ئاش ۋە كۆك» بولماستىن، بەلكى «كۆنلۈكسىمان گۈللۈكلەر ئائىلىسىگە كىرىدىغان بىر يىللىق، سامان غوللۇق بىر خىل ئۆسۈملۈك» نى بىلدۈرىدۇ. «ئاشتاختا» سۆزى قانداقتۇر «ئاش ۋە تاختا» ياكى «ئاشتىن ياسالغان تاختا» بولماستىن، بەلكى «خېمىر يۇغۇرۇش، يېيىش ۋە تۈرلۈك ئۇن تاماقلىرىنى ئېتىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان مەخسۇس تاختا» نى بىلدۈرىدۇ.

ئىككىنچىدىن، ئۇ تۈردىكى سۆزلەرنىڭ تەركىبلىرى ئوتتۇرىسىغا باشقا تىل تەركىبلىرىنى قوشۇشقا بولمايدۇ. ئۇلار بىر پۈتۈن لېكسىكىلىق بىرلىك سۈپىتىدىلا باشقا سۆزلەر بىلەن تۈرلۈك سىنتاكسىسلىق مۇناسىۋەتلەردە بىرىكىپ، جۈملىدە بىرلا جۈملە بۆلىكى بولۇپ كېلىدۇ. شۇڭا، ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق مۇستەقىل مورفېمىنىڭ بىرىكىشىدىن ھاسىل بولغان بۇنداق سۆزلەرمۇ لېكسىكىلىق بىرلىك نۇقتىسىدىن بىر پۈتۈنلۈككە ئىگە بولۇپ، ئۇلارنى پارچىلاشقا بولمايدۇ.

سۆزنى ئەركىن قوللىنىشقا بولىدۇ دېگەندە، ھەرگىزمۇ سۆزنى تىل ئادىتىگە، گىراماتىكىلىق قائىدىلەرگە خىلاپ ھالدا قالايمىقان قوللىنىشقا بولىدۇ، دېگەنلىك بولماستىن، بەلكى ئۇنى مۇستەقىل، ئەڭ كىچىك بىرلىك سۈپىتىدە خالىغان ئورۇن ياكى خالىغان ۋاقىتتا، ئېھتىياجغا قاراپ، ئايرىم (يەككە) ھالدا جۈملە قىلىپ ئىشلىتىشكىمۇ ياكى باشقا سۆزلەر بىلەن بىرىكتۈرۈپ سۆز بىرىكمىسى ۋە جۈملە ھاسىل قىلىپ ئىشلىتىشكىمۇ بولىدىغانلىقى كۆزدە تۇتۇلغان.

سۆزلەر مۇقىم قۇرۇلمىغا ئىگە بولىدۇ دېگەندە، يەنە سۆزنىڭ

بوغۇملىرى ئوتتۇرىسىدا تىنىشقا بولمايدىغانلىقىمۇ نەزەرگە ئېلىنىدۇ .

## 2 . سۆزنىڭ قۇرۇلمىسى

سۆز مورفېمىدىن تۈزۈلىدۇ . سۆزنىڭ قۇرۇلمىسى دېگەندە ، سۆزنىڭ قانداق مورفېمىلاردىن تۈزۈلگەنلىكى كۆزدە تۇتۇلىدۇ . بەزى سۆزلەر بىرلا مۇستەقىل مورفېمىدىن تەشكىل تاپسا ، بەزى سۆزلەر بىر مۇستەقىل مورفېما ۋە بىر ياسىغۇچى مورفېمىدىن تۈزۈلىدۇ . يەنە بەزى سۆزلەر ئىككى مۇستەقىل مورفېمىنىڭ ئۆزئارا بىرىكىشىدىن تەركىب تاپسا ، يەنە بەزىلىرى بىر مۇستەقىل مورفېما بىلەن بىر يانداش مورفېمىنىڭ بىرىكىشىدىن تۈزۈلىدۇ . سۆزلەر تەركىبىدىكى مورفېمىلارنىڭ بىرىكىش ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن ئاۋۋال تۈپ سۆز ۋە ياسالما سۆز ، دەپ ئىككى چوڭ تۈرگە ئايرىلىدۇ .

1) تۈپ سۆز

بىرلا مۇستەقىل مورفېمىدىن تۈزۈلگەن سۆزلەر تۈپ سۆز ، دەپ ئاتىلىدۇ . تۈپ سۆز دېگەندە ، ئۇنىڭ ياسىغۇچى مورفېمىلار ياكى تۈرلەنگۈچى مورفېمىلار ۋە ياكى باشقا مۇستەقىل مورفېمىلار بىلەن بىرىكمىگەن شەكلى كۆزدە تۇتۇلىدۇ . مەسىلەن :

باش ، كىشى ، ئالتە ، يەتمىش ، ئىنتايىن ، سەكرە - ،
ئوقۇ - ، دانە ، توننا ، ۋار ، مۇ ، قىزىل ، ئاق ...

تۈپ سۆز ئادەتتە «سۆز يىلتىزى» ياكى قىسقارتىلىپ «يىلتىز» ، دەپمۇ ئاتىلىدۇ .

2) ياسالما سۆز

پەقەت ئىككىلا مورفېمىنىڭ ئۆزئارا بىرىكىشىدىن ھاسىل بولغان لېكسىكىلىق بىرلىك ياسالما سۆز ، دەپ ئاتىلىدۇ . چۈنكى ، ياسالما سۆز مەيلى قانچە مورفېمىدىن تەركىب تېپىشىدىن قەتئىينەزەر ئۇ پەقەت ئىككىلا بىۋاستە تەركىبتىن تۈزۈلىدۇ . مەسىلەن : «كۆزەينەك» دېگەن ياسالما سۆز «كۆز» ۋە «ئەينەك» تىن ئىبارەت ئىككى بىۋاستە تەركىب (ئىككى مۇستەقىل مورفېما ) تىن تۈزۈلگەن . ئەمدى «كۆزەينەكلىك»

دېگەن سۆز گەرچە ئۈچ مورفېمىدىن تۈزۈلگەن بولسىمۇ ، لېكىن ئۇنىڭ بىۋاسىتە تەركىبى پەقەت «كۆزەينەك» (مۇستەقىل مورفېما ) بىلەن «لىك» (ياسىغۇچى مورفېما ) تۇر . خۇددى شۇنىڭدەك «سانا ـ» دېگەن سۆز «سان» ۋە «ـا» دىن ئىبارەت ئىككى بىۋاسىتە تەركىب (بىرى مۇستەقىل مورفېما ، يەنە بىرى ياسىغۇچى مورفېما ) تىن تەركىب تاپقان . «ساناق» دېگەن سۆز گەرچە ئۈچ مورفېمىدىن تەركىب تاپقان بولسىمۇ ، لېكىن ئۇنىڭ بىۋاسىتە تەركىبلىرى يەنىلا ئىككى . ئۇ بولسىمۇ ، «سانا ـ» بىلەن « ـ ق» دۇر . ئەمدى «ساناقسىز» دېگەن سۆز گەرچە تۆت مورفېمىدىن تەركىب تاپقان بولسىمۇ ، لېكىن ئۇ سۆز ئوخشاشلا پەقەت «ساناق» بىلەن « ـ سىز» دىن ئىبارەت ئىككىلا بىۋاسىتە تەركىبتىن تۈزۈلگەن .

ياسالما سۆزلەر ، بىرىنچىدىن ، بىر مۇستەقىل مورفېما بىلەن بىر ياسىغۇچى مورفېمىنى بىرىكتۈرۈش يولى بىلەن ياسىلىدۇ ؛ ئىككىنچىدىن ، بىر مۇستەقىل مورفېما بىلەن بىر يانداش مورفېمىنى بىرىكتۈرۈش يولى بىلەن ياسىلىدۇ ؛ ئۈچىنچىدىن ، ئىككى مۇستەقىل مورفېمىنى بىرىكتۈرۈش يولى بىلەن ياسىلىدۇ .

ئۇيغۇر تىلىدا سۆز ياساش ئۇسۇلى ئاساسەن ئىككى خىل بولۇپ ، بىرى ، قوشۇمچە قوشۇش ئۇسۇلى (بۇ ئۇسۇل مورفولوگىيىلىك ئۇسۇل ياكى سىنتېتىك ئۇسۇل دەپمۇ ئاتىلىدۇ ) . قوشۇمچە قوشۇش ئۇسۇلى دېگىنىمىز ، بىر مۇستەقىل مورفېمىغا بىر ياسىغۇچى مورفېمىنى قوشۇش ئارقىلىق يېڭى سۆز ھاسىل قىلىش ئۇسۇلىغا قارىتىلىدۇ . يەنە بىرى ، بىرىكتۈرۈش ئۇسۇلى (بۇ ئۇسۇل سىنتاكسىسلىق ئۇسۇل ياكى ئانالىتىك ئۇسۇل دەپمۇ ئاتىلىدۇ ) . بىرىكتۈرۈش ئۇسۇلى دېگىنىمىز ، مۇستەقىل مورفېما بىلەن مۇستەقىل مورفېمىنى ئۆزئارا بىرىكتۈرۈش ئارقىلىق يېڭى سۆز ياساش ئۇسۇلىغا قارىتىلىدۇ . شۇڭا ، ئۇيغۇر تىلىدىكى ياسالما سۆزلەر ياسىلىش ئۇسۇلىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا ئاساسەن يەنە ئۆز ئىچىدىن قوشۇمچە قوشۇش ئۇسۇلى بىلەن ياسالغان ياسالما سۆز ۋە بىرىكتۈرۈش ئۇسۇلى بىلەن ياسالغان ياسالما سۆز دەپ ، ئىككى تۈرگە

بولىدۇ .

بىر مۇستەقىل مورفېمىغا بىر ياسىغۇچى مورفېمىنى قوشۇش ئار- قىلىق ياسالغان ياسالما سۆزلەر ئادەتتە قوشۇمچە قوشۇش ئۇسۇلى بىلەن ياسالغان ياسالما سۆز ، دەپ ئاتىلىدۇ . بۇ خىل ياسالما سۆزلەر مۇستە- قىل مورفېمىنىڭ خاراكتېرى ۋە ياسىغۇچى مورفېمىنىڭ مەنىسىگە ئاسا- سەن بىرىكىشى ئارقىلىق ياسىلىدىغان بولغاچقا ، ياسىغۇچى مورفېمىلار تۆۋەندىكىدەك ياسىغۇچى مورفېمىلار تۈركۈمىنى ھاسىل قىلىدۇ :

(1) تۈرلۈك سۆزلەردىن تۈرلۈك سۆز ياسىغۇچى مورفېمىلار :

ۋەتەن-پەرۋەر ، ئاش-پەز ، قىل - تاق ، شور-تاڭ ،

قۇلاق-چا ، ئۆيغۇر-چە ، ئىش-چان ، ئەينەك-چى ،

كەم - چىل ، ئاش - خانا ، قاز - خور ، ئەمەل - دار ، ئاھاڭ - داش ،

چاي - دان ، ئەقىل - سىز ، نۇر - سىمان ،

تىل - شۇناس ، كۆز - گى ، تەخسە-كەش ، ئاچ - لىق ،

باياز - نامە ، گۈل - مدە ، تۈرك - مىيە ، ياز - مچە ،

(2) تۈرلۈك سۆزلەردىن پېئىل ياسىغۇچى مورفېمىلار :

بوش - ا ، تۈز - ە ، ئاق - ار ، ھاڭ - را ، كەم - سىت - ، ،

قاز - سىرا ، خۇدۇك - سىت ، كاي - شى ، ۋار - قىرا ،

سۆز-لە ، تىڭ - شا ، پاراڭ - لاش ، قورال - لان ، يول - ۇق ،

تاقە - لدا ، ئاز - لى ، چۆش - ەكە ، سۇ - غار ، باش - قۇر- .

(3) پېئىللاردىن تۈرلۈك سۆز ياسىغۇچى مورفېمىلار

سارغ - ت ، تۆن - ۈت ، چۆشەن - چە ، بوغ - چا ، قون - داق

قال - دۇق ، ئاسرا - مىدى ، ئۆگەن - مش ، سۈپۈر - گە ،

سەز - گۈ ، تۆن - قان ، ئوتا - غۇچ ، ئوقۇ - غۇچى ،

ئۆت - كۈر ، كەل - كۈن ، ئاقسا - ق ، سۈن - ۇق ، كەس - مەك ،

يات - قاق ، ئۆت - ەك ، بۇلا - ڭ ، ئالدىرا - ڭغۇ ، قون - الغۇ ،

باغلا - م ، ئۆل - ۈم ، ئۆيۈش - ما ، ئەگ - مەچ ، تۆن - ماس ،

ياس - ماق ، تۆر - مۈش ، ئۆت - مۈش ، تۆگ - ۈن .

(4) پېئىل ۋە تۈرلۈك سۆزلەردىن تۈرلۈك سۆز ياسىغۇچى مورفې-

مىلار :

قال ـ دۇق ، ھار ـ دۇق ، كەم ـ تۈك ، ئۈيۈ ـ ل ، ئوي ـ مان ، دەرد ـ مەن ، باق ـ اۋۇل ، قارا ـ ۋۇل ، تارتىن ـ چاق .

(5) پېئىلدىن پېئىل ياسىغۇچى مورفېمىلار :

ئاتىلا ـ شتۇر ، تۈزەش ـ تۈر ، قىمىر ـ ق ، كۆز ـ لۈك ،

بىر مۇستەقىل مورفېما بىلەن بىر يانداش مورفېمىنى بىرىكتۈرۈش ئارقىلىق ياسالغان ياسالما سۆزلەر پېئىل خاراكتېرىگە ئىگە بولىدۇ . بۇ خىل ياسالما سۆزلەردە مۇستەقىل مورفېما ئاساسەن ئەرەب ـ پارس تىللىرىدىن كىرىپ ئۆزلەشكەن سۆزلەر بولۇپ ، بۇ خىل سۆزلەر (مورفېمىلار ) يانداش مورفېمىلارنىڭ ياردىمى ئارقىلىق پېئىللىشىدۇ . بۇنداق سۆزلەرنىڭ ئوتتۇرىسىغا باشقا تەركىبلەرنى قىستۇرۇشقا بولمايدۇ ، جۈملىدە بىر سۆز ئورنىدا ئىشلىتىلىدۇ . پېئىلغا خاس گراماتىكىلىق كاتېگورىيىلەر بىلەن تولۇق تۈرلىنىدۇ . مەسىلەن :

يۈز بەرمەك ، يول قويماق ، كەچ بولماق ، ئازار بەرمەك ، ئارام ئالماق ، ئەپۇ قىلماق ، ئايان بولماق ، ئاني تاپماق ، ئەل بولماق ، ئەسىر بولماق ، ئارام تاپماق ، ئەۋج ئالماق ، ئەن سالماق ، ئەي بولماق ، بەخش ئەتمەك ، بەرداشلىق بەرمەك ، تىن تارتماق ، بەخشەندە قىلماق ، ياخشى كۆرمەك ...

ئىككى مۇستەقىل مورفېمىنى ئۆزئارا بىرىكتۈرۈش ئارقىلىق ياسالغان ياسالما سۆزلەر ئادەتتە بىرىكتۈرۈش ئۇسۇلى بىلەن ياسالغان ياسالما سۆز ، دەپ ئاتىلىدۇ . بۇ خىل ئۇسۇل بىلەن ياسالغان ياسالما سۆزلەر تەركىبىدىكى مۇستەقىل مورفېمىلارنىڭ بىرىكىش ئۇسۇلىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا ئاساسەن ئۇز ئىچىدىن يەنە جۈپ سۆز ۋە بىرىككەن سۆز ، دەپ ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ .

(1) جۈپ سۆز

ئىككى مۇستەقىل مورفېمىنىڭ تەڭ دەرىجىدە بىرىكىشىدىن ھاسىل بولغان لېكسىكىلىق بىرلىك جۈپ سۆز ، دەپ ئاتىلىدۇ . جۈپ سۆزلەر تۆۋەندىكى يوللار ئارقىلىق بارلىققا كېلىدۇ :

① مەنىلىرى ئوخشاش ياكى ئوخشاپراق كېتىدىغان ئىككى مۇستەقىل مورفېمىنىڭ بىرىكىشىدىن ھاسىل بولىدۇ. مەسىلەن:

نام — ئاتاق، ئوت — چۆپ، دوست — بۇرادەر، قايغۇ — ئەلەم، ئويۇن — تاماشا، جاپا — مۇشەققەت

② مەنىلىرى ئۆزئارا ئالاقىدار بولغان ئىككى مۇستەقىل مورفېمىنىڭ ئۆزئارا بىرىكىشىدىن ھاسىل بولىدۇ. مەسىلەن:

ئورۇن — كۆرپە، يوتقان — كۆرپە، دەپتەر — قەلەم، ئوق — دورا، قوغۇن — تاۋۇز، ئاچ — يالىڭاچ.

③ مەنىلىرى ئۆزئارا قارىمۇقارشى بولغان ئىككى مۇستەقىل مورفېمىنىڭ ئۆزئارا بىرىكىشىدىن ھاسىل بولىدۇ. مەسىلەن:

ئاستىن — ئۈستۈن، ئاق — قارا، ئېگىز — پەس، ئەر — ئايال، ياش — قېرى، ئېلىم — بېرىم، ئالدى — ئارقا.

④ ئەينى بىر مۇستەقىل مورفېمىنىڭ تەكرارلىنىشىدىن ھاسىل بولىدۇ. بۇ تۈردىكى جۈپ سۆزلەر تەقلىد سۆزلەردە كۆپ كۆرۈلىدۇ. باشقا سۆز تۈركۈملىرىگە خاس سۆزلەردە ئاز كۆرۈلىدۇ. مەسىلەن:

تەقلىد سۆزلەر: دىر — دىر، گۈپ — گۈپ، مىس — مىس، لۈم-لۈم، مىش — مىش، ۋىچىر — ۋىچىر، غۇر — غۇر

باشقا سۆز تۈركۈملىرىگە خاس سۆزلەردە: يول — يول، چېكىم-چېكىم، قاچ — قاچ، كۆچ — كۆچ، باس — باس، ئۆر — ئۆر ...

⑤ ئالدىنقى تەركىبى ھازىرقى ئىستېمالدا بار بىر مۇستەقىل مورفېما بىلەن كېيىنكى تەركىبى ئىستېمالدىن قالغان ياكى كۆپ ئىشلىتىلمەيدىغان بىر مورفېمىنىڭ (مەنىسىز تەركىبنىڭ) ئۆزئارا بىرىكىشىدىن ھاسىل بولىدۇ. مەسىلەن:

تەڭ — تۇش، ئامان — ئېسەن، بالا — چاقا، توي — تۆكۈن، ئاغرىق- سىلاق، ئەگرى — بۈگرى، ئوزۇق — تۈلۈك ...

⑥ كېيىنكى تەركىبى ھازىرقى ئىستېمالدا بار بىر مۇستەقىل مورفېما بىلەن ئالدىنقى تەركىبى ھازىر ئىستېمالدىن قالغان ياكى كۆپ ئىشلىتىلمەيدىغان بىر مورفېمىنىڭ ئۆزئارا بىرىكىشىدىن ھاسىل بول-

...دۇ . مەسىلەن :

ئىنس ـ جىن ، ئىما ـ ئىشارەت ، قولۇم ـ قوشنا ، داقا ـ دۇمباق

⑦ ھەر ئىككى تەركىبى ھازىرقى ئىستېمالدىن قالغان ياكى كۆپ قوللىنىلمايدىغان ئىككى مورفېمىنىڭ ئۆزئارا بىرىكىشىدىن ھاسىل بولىدۇ . مەسىلەن :

ئۇجۇر ـ بۇجۇر ، ھاپىلا ـ شاپىلا ، ھەشەم ـ دەرەم ، ئوڭغۇل ـ دوڭغۇل ، ئوڭتەي ـ توڭتەي ، ئاقتا ـ تۇقتا ، ئالمان ـ تالمان ، ئاپاق ـ چاپاق ، ئەلەڭ ـ سەلەڭ ...

⑧ ئومۇمەن ، ئىسىم خاراكتېرلىك مۇستەقىل مورفېمىلارغا كۆپ ھاللاردا «پ» ، ئايرىم ھاللاردا «م» تاۋۇشى بىلەن باشلانغان بىر قاپىيەداش بۆلەكنىڭ ئۆزئارا جۈپلىشىشى ئارقىلىق ھاسىل بولىدۇ . بۇ تۈردىكى جۈپ سۆزلەرنىڭ تەركىبىدىكى قاپىيەداش بۆلەك ئالدىنقى بۆلەك بىلەن بىرىكىپ ، ئۇ بۆلەكتە ئىپادىلەنگەن مەنىنىڭ دائىرىسىنى كېڭەيتىش ، سۆزلىگۈچىنىڭ سۆزىگە غەيرىي رەسمىيلىك ياكى ياقتۇرماسلىق تۈسىنى كىرگۈزۈش رولىنى ئوينايدۇ . مەسىلەن : نان ـ پان ، ئۆي ـ پۆي ، سۇ ـ پۇ ، ئادەم ـ پادەم ، قەغەز ـ پەغەز ، پارتا ـ مارتا ، پالتا ـ مالتا ...

بۇ يەردە شۇنى ئەسكەرتىپ ئۆتۈش كېرەككى ، ①②③ تۈردىكى جۈپ سۆزلەردە ، ئەگەر ئىككى تەركىب ئوتتۇرىسىغا جانلىق تىلدا باغلىغۇچىلار ئىشلىتىلسە ياكى ھەر ئىككى تەركىبكە ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا ئەينى بىر تۈرلىگۈچى قوشۇمچە ئۇلىنىپ كەلسە ۋە ياكى ئۇ ئىككى تەركىب ئوتتۇرىسىدا تىنىش (توختاش ) كۆرۈلسە ، يېزىق تىلىدا بولسا پەش ياكى باغلىغۇچىلار ئىشلىتىلسە ، ئۇ ھالدا ئۇ خىل بىرلىك جۈپ سۆز ئەمەس ، بەلكى تەڭداش باغلىنىشتىكى سۆز بىرىكمىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ . ئەگەر ئۇ ئىككى تەركىب ئوتتۇرىسىغا جانلىق تىلدا باغلىغۇچىلار ئىشلىتىلمەي ياكى ئەينى بىر تۈرلىگۈچى قوشۇمچە ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا ئۇلانماي ۋە ياكى ئىككى تەركىب ئوتتۇرىسىدا تىنىش (توختاش ) بولماي ، بەلكى بىر ئۇتاش ئىنتوناتسىيىدە ئېيتىلسا ، ياكى

ئېغىز تىلى بىلەن يېزىق تىلىدا ئوخشاشلا «ۋە» نىڭ ئورنىدىكى سەۋەبى «ئۇ» ئارقىلىق ئۇلىنىپ ئىپادىلەنسە، ئۇ ھالدا ئۇ جۈپ سۆز ھېسابلىنىدۇ.

(2) بىرىككەن سۆز

ئىككى مۇستەقىل مورفېمىنىڭ ئۆزئارا بېقىندىلىق مۇناسىۋەتتە بىرىكىشىدىن ھاسىل بولغان لېكسىكىلىق بىرلىك بىرىككەن سۆز، دەپ ئاتىلىدۇ. بىرىككەن سۆزلەر تۆۋەندىكىدەك ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە:

① بىرىككەن سۆزنىڭ مەنىسى ئۇنىڭ تەركىبىدىكى مورفېمىلارنىڭ مەنىلىرىنىڭ ئاددىي يىغىندىسى بولماستىن، بەلكى بىر پۈتۈن بىرلىك سۈپىتىدە بىر ئۇقۇمغا ۋەكىللىك قىلىدۇ. مەسىلەن: «تەلۋتال» دېگەن بىرىككەن سۆز بىر خىل ئۆسۈملۈكنى، «ئاشقازان» دېگەن بىرىككەن سۆز بەزى جانلىقلار ئورگانىزمىنىڭ بىرىنى، «ئاشمانتا» دېگەن بىرىككەن سۆز ئۇيغۇر ئاماق تۈرىنىڭ بىرىنى بىلدۈرىدۇ.

② بىرىككەن سۆز تەركىبىدىكى مۇستەقىل مورفېمىلار ئەسلىي مۇئەييەن گراماتىكىلىق باغلىنىشتا بولىسىمۇ، لېكىن بۇ خىل گراماتىكىلىق باغلىنىش ھازىرقى دەۋردە پۈتۈنلەي يوقالغان بولىدۇ. شۇڭا، ئۇلارنى لېكسىكا نۇقتىسىدىن پارچىلاشقا، تەركىبلىرى ئوتتۇرىسىغا باشقا تەركىبلەرنى قوشۇشقا بولمايدۇ. مەسىلەن: «سۈيۈقئاش»، «ئاچقىسۇ»، «تۇگىتاپان» دېگەندەك بىرىككەن سۆزلەر پارچىلانسا ياكى تەركىبلەر ئوتتۇرىسىغا باشقا تەركىبلەر قوشۇلسا، ئۇ سۆزلەر ئەسلىدىكى بىر پۈتۈن لېكسىكىلىق بىرلىك سالاھىيىتىدىن ئايرىلىپ قالىدۇ.

③ بىرىككەن سۆزلەر تىلدا بىر سۆز سۈپىتىدە تونۇلىدۇ. جۈملىدە بىرلا جۈملە بۆلىكى بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن: «ئاشقازىنىنىڭ ئاغرىقى بارلار ئاشمانتىنى ئازراق يېيىشى كېرەك» دېگەن جۈملىدە «ئاشقازان»، «ئاشمانتا» دېگەن سۆزلەر بىر سۆز سۈپىتىدە تونۇلغان ھەم ئالدىنقىسى جۈملىدە ئىنىقلىغۇچى، كېيىنكىسى تولدۇرغۇچى بولۇپ كەلگەن.

بەزىدە ئەينى بىر مۇستەقىل مورفېمغا ئوخشىمىغان ياسىغۇچى

مورفېملارنى قوشۇش ياكى باشقا مۇستەقىل مورفېملارنى بىرىكتۈرۈش ئارقىلىق ئۇلاردىن تۈرگۈن سۆز ياسىلىدۇ . بۇ خىل ياسالما سۆزلەر ئادەتتە يىلتىزداش سۆزلەر ، دەپ ئاتىلىدۇ . مەسىلەن : «باشچى ، باشقارما ، باشلا ، باشقۇر ، باشلام ، باشلامچى ، باشلانما ، باشلىق ، باشلىقسىز ، باشاق ، باساقسىز ، باشاقسىمان ، باشاقلا ، باشاقلىق ، باشقۇرغۇچى ، باشلانغۇچ ، باش ـ ئاخىر ، باش ـ ئاياغ ، باش ـ بۇرۇن ، باش ـ كۆز ، باش ـ ئۇچ ، باشپاناھ ، باشكىيىم ، باشپىياز ، باشۋاغ (باشباغ) ، باشپياغلىق كۆكۋاش (كۆكباش) ، ئونبېشى» دېگەندەك سۆزلەر بىر ـ بىرىگە نىسبەتەن يىلتىزداش سۆزلەر ھېسابلىنىدۇ .

يۇقىرىقىلاردىن باشقا بەزى دەرسلىكلەردە قاتما سۆز ۋە قىسقارتىلما سۆزلەرمۇ ئايرىم تۈر قىلىپ كۆرسىتىلىدۇ .

قاتما سۆز : بىر قىسىم مورفېملارنىڭ ئۆزئارا بىرىكىپ ، مۇئەييەن گرامماتىكىلىق شەكىلدە تۇراقلىشىپ قېلىشىدىن ھاسىل بولغان بىرلىك قاتما سۆز ، دەپ ئاتىلىدۇ . مەسىلەن : دېگەنبىلەن ، ئىشقىلىپ ، توغرىسىدا ، ھەققىدە ، قارىتا ، شۇنىڭ ئۈچۈن ، ئىشلەپچىقىرىش ، كۆزساناپ ، تۇرسۇن ، تىلىۋالدى ، خۇدابەردى ، ئۇستام ، ئاخۇنۇم ، بىردىن ، ئارتىپ ...

قاتما سۆزلەر كۆپىنچە بىر قىسىم مۇستەقىل مورفېملار بىلەن بىر قىسىم تۈرلىگۈچى مورفېملارنىڭ ئۆزئارا بىرىكىشىدىن ھاسىل بولىدۇ ۋە ئۇزاق مۇددەت ئەينى بىر گرامماتىكىلىق شەكىلدە ئىشلىتىلىش جەريانىدا تۇراقلىشىپ بىر سۆز شەكلىگە كىرىدۇ . شۇڭا ، بۇ تۈردىكى سۆزلەرنى مورفېملارغا پارچىلاشقا بولمايدۇ . يەنە بىر جەھەتتىن ، قاتما سۆزلەر ياردەمچى سۆزلەردە كۆپرەك كۆرۈلىدۇ .

قىسقارتىلما سۆز : ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق مۇستەقىل مورفېملاردىن تەركىب تاپقان خاس ئىسىملاردا ھەربىر مۇستەقىل مورفېمىنىڭ بىرىنچى تاۋۇشىنى (بەزىقتا ھەرپىنى) ، ياكى بوغۇمىنى ئېلىش يولى بىلەن ياسالغان سۆزلەر قىسقارتىلما سۆز ، دەپ ئاتىلىدۇ . مەسىلەن :

ب د ت (بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى)
ش ئۇ ئا ر (شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى)
ج خ ئى (جامائەت خەۋپسىزلىك ئىدارىسى)
ز . قادىر (زۇنۇن قادىر)
ئا . ئۆتكۈر (ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر)
پارتكوم (پارتىيە كومىتېتى)
رايكوم (رايونلۇق كومىتېت)

【مۇھاكىمە سوئاللىرى】

1 . سۆز دېگەن نېمە؟
2 . تۈپ سۆز دېگەن نېمە؟ ياسالما سۆز دېگەنچۇ؟
3 . ئۇيغۇر تىلىدىكى ياسالما سۆزلەرنىڭ ئاساسلىق تىپلىرى نەچچە خىل؟ ئۇلار قايسىلار؟
4 . ئۇيغۇر تىلىدىكى ئاساسلىق سۆز ياساش ئۇسۇللىرى قايسىلار؟
5 . بىرىكتۈرۈش ئۇسۇلى ئارقىلىق ياسالغان ياسالما سۆزلەر ئۆز ئىچىدىن قانداق تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ؟
6 . جۈپ سۆز دېگەن نېمە؟ ئۇ قانداق يوللار ئارقىلىق بارلىققا كېلىدۇ؟
7 . بىرىككەن سۆز دېگەن نېمە؟ ئۇ قانداق ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە؟

## 3 §. سۆز مەنىسى ۋە ئۇنىڭ خاراكتېرى

### 1 . سۆز مەنىسىنىڭ خاراكتېرى

سۆز مەنىسىنىڭ خاراكتېرى ئىنتايىن مۇرەككەپ بولىدۇ . سۆز مەنىسىنىڭ تۈرلۈك خاراكتېرلىرى يەنە ئۆزئارا باغلىنىشلىق بولۇپ، ئۇلار دائىم قارىمۇ قارشىلىقنىڭ بىرلىكى مۇناسىۋىتىدە ئۆز ئىپادىسىنى تاپىدۇ . تۆۋەندە ئاساسلىق سۆز مەنىسىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە رولى،

سۆز مەنىسىنىڭ ئىپادىلىنىشى ۋە چۈشىنىلىشى قاتارلىق جەھەتلەردىن سۆز مەنىسىنىڭ بىر قانچە خىل ئاساسلىق خاراكتېرى ئۈستىدە توختىلىپ ئۆتىمىز.

(1) سۆز مەنىسىنىڭ ئوبيېكتىپلىقى ۋە سۇبيېكتىپلىقى

سۆز مەنىسىنىڭ شەكىللىنىشى (كېلىش مەنبەسى) دىن قارىغاندا، سۆز مەنىسى ئوبيېكتىپ شەيئى ۋە ھادىسىلەرنىڭ ئادەم ئېڭىدىكى ئىنكاسىدىن ئىبارەت. شۇڭا، ئۇ ئوبيېكتىپلىققا ئىگە. ئوبيېكتىپ دۇنيادىكى شەيئى ۋە ھادىسىلەرنىڭ كىشىلەرنىڭ ئېڭىدا ئەكس ئېتىشى نەتىجىسىدە، كىشىلەردە شۇ شەيئى ۋە ھادىسىلەرگە نىسبەتەن بىلىش شەكىللىنىدۇ. بۇ خىل بىلىش نەتىجىلىرى مۇئەييەن تاۋۇشلار بىلەن بىرىكىپ سۆز مەنىسىگە ئايلىنىدۇ. مەسىلەن: كىشىلەر ئوبيېكتىپ دۇنيادىكى قۇشلارغا نىسبەتەن «قانىتى بار، پەي ـ تۈكلىرى بار، ئومۇمەن ئۇچالايدىغان بىر خىل ئومۇرتقىلىق ھايۋان» دېگەندەك مۇئەييەن بىلىشكە ئىگە بولىدۇ. بۇ خىل بىلىش نەتىجىسى مۇئەييەن تاۋۇشلار بىلەن، يەنى «ق»، «ئۇ»، «ش» تاۋۇشلىرى بىلەن بىرىككەندە، «قۇش» دېگەن بۇ سۆزنىڭ مەنىسىگە ئايلىنىدۇ.

ئويدۇرما ئۇقۇملارنى بىلدۈرىدىغان سۆز مەنىلىرىمۇ ئوبيېكتىپ شەيئى ۋە ھادىسىلەرنىڭ ئادەم ئېڭىدا بۇرمىلانغان ھالدا ئەكس ئېتىشى بولۇپ، ئۇلارمۇ مۇئەييەن ئوبيېكتىپلىققا ئىگە بولىدۇ. يەنى، ئۇلارمۇ بەزىبىر ھەقىقىي تەركىبلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، مۇئەييەن ئوبيېكتىپ ئاساسقا ئىگە بولغان بولىدۇ. مەسىلەن: «ئەجدىھا»، «تەڭرى»، «جىن»، «پەرىشتە» دېگەندەك سۆزلەردىن ئىپادىلىنىدىغان ئوبيېكت ئوبيېكتىپ دۇنيادا مەۋجۇت ئەمەس. لېكىن، ئۇلار يەنىلا ئوبيېكتىپ شەيئى ۋە ھادىسىلەرنىڭ كىشىلەر ئېڭىدا بۇرمىلانغان، يوق نەرسىنى بار قىلغان ھالدا ئەكس ئېتىشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئالايلۇق، «ئەجدىھا» سۆزى «چوڭ يىلانغا ئوخشايدىغان، قاسراقلىق، مۈڭگۈزى ۋە پۇتلىرى بار، ماڭالايدىغان، ئۇچالايدىغان، سۇغا كىرەلەيدىغان، بۇلۇت پەيدا قىلىپ، يامغۇر ياغدۇرالايدىغان، گەپ قىلالايدى-

غان ، بالايىئاپەت كەلتۈرىدىغان غەلىتە مەخلۇق » نى بىلدۈرىدۇ . «ئەجـ
دىھا » دىن ئىبارەت بۇ ئويدۇرما مەخلۇق ئوبيېكتىپ دۇنيادىكى تۈرلۈك
جانلىقلار ۋە ھادىسىلەرنىڭ ئوبرازلىق ئالاھىدىلىكلىرى ئاساسىدا توقۇپ
چىقىلغان . ئەگەر ئوبيېكتىپ دۇنيادا يىلان ، مۈڭگۈزلۈك ھايۋانلار ،
پۇتلىرى بار ھايۋانلار ، ئۇچالايدىغان ھايۋانلار ، سۇ ۋە سۇدا ياشايدىغان
ھايۋانلار ، بۇلۇت ، يامغۇر ۋە بۇلۇتنىڭ پەيدا بولۇشى ، يامغۇرنىڭ يېغىـ
شى ، گەپ قىلالايدىغان جانلىق دېگەندەك ئوبيېكتىپ شەيئى ۋە ھادىسىـ
لەر ھەم ئۇلارنىڭ تۈرلۈك ئالاھىدىلىكلىرى بولمىغان بولسا ، «ئەجدىـ
ھا » دېگەن بۇ ھايۋان ۋە ئۇنى ئىپادىلەيدىغان «ئەجدىھا » دېگەن سۆز
ھەم ئۇ سۆزدىن ئىپادىلىنىدىغان يۇقىرىدىكى مەنە بولمىغان بولاتتى .

لېكىن ، يەنە بىر جەھەتتىن ، سۆز مەنىسى شۇ سۆز كۆرسەتكەن
ئوبيېكتنىڭ دەل ئۆزى بولماستىن ، بەلكى پەقەت كىشىلەرنىڭ شۇ
ئوبيېكتنى ئومۇملاشتۇرغان ھالدا ئەكس ئېتىشىدىن ھاسىل بولغان
بىلىشىدىن ئىبارەت . كىشىلەرنىڭ بىلىشى ئەسلى سۇبيېكتىپ دۇنياغا
مەنسۇپ بولۇپ ، ئۇنىڭدا ھامان مۇئەييەن سۇبيېكتىپلىق بولىدۇ . شۇـ
ڭا ، سۆز مەنىسى يەنە سۇبيېكتىپلىققا ئىگە بولىدۇ . سۆز مەنىسىنىڭ
سۇبيېكتىپلىقى كىشىلەرنىڭ ئوبيېكتىپ شەيئىلەرگە بولغان تونۇشىنىڭ
پەرقلىق بولىدىغانلىقىدا گەۋدىلىك ئىپادىلىنىدۇ . ئوخشىمىغان تارىخىي
دەۋرلەردىكى كىشىلەرنىڭ بىلىش ئىقتىدارى ، بىلىش نۇقتىسى ، بىلىشـ
نىڭ چوڭقۇرلۇق دەرىجىسى ئوخشاش بولمىغاچقا ، ئوبيېكتىپ شەيئىـ
لەرگە بولغان تونۇشىمۇ ئوخشاش بولمايدۇ . مەسىلەن : «قۇياش (كۈن ) » ،
«ئاي » ، «يۇلتۇز » ، «كۈن تۇتۇلۇش » ، «يەر تەۋرەش » دېگەندەك شەيـ
ئى ۋە ھادىسىلەرگە نىسبەتەن قەدىمكى كىشىلەر بىلەن ھازىرقى كىشىـ
لەرنىڭ ، ئوقۇغانلار بىلەن ئوقۇمىغانلارنىڭ ، ھەتتا تەبىئىي پەندىكىلەر
بىلەن ئىجتىمائىي پەندە ئوقۇغانلارنىڭ بىلىشى ئوخشاشمايدۇ . خىمىيە
تەتقىقاتچىلىرى بىلەن ئادەتتىكى كىشىلەرنىڭ «سۇ » ، «تۇز » ، «كەمـ
چۈت » ، «ھاراق » قاتارلىقلارغا بولغان بىلىشىمۇ ئوخشاشمايدۇ . تېـ
ئىزىمچىلار بىلەن ئاتېئىزىمچىلارنىڭ «خۇدا » ، «جىن » ، «جەننەت » ،

«دوزاخ» دېگەنلەرگە بولغان بىلىشىمىز روشەن پەرقلىنىدۇ.

(2) سۆز مەنىسىنىڭ ئومۇمىيلىقى ۋە كونكرېتلىقى

ھەرقانداق بىر سۆز مەنىسى ئومۇمىيلىققا ۋە كونكرېتلىققا ئىگە بولىدۇ. كىشىلەرنىڭ ئېڭىدىكى ياكى لۇغەتلەردىكى سۆز مەنىسى ئومۇمىيلىققا ئىگە بولىدۇ. مەسىلەن: «ئوقۇغۇچى» دېگەن سۆزنىڭ لۇغەتلەردىكى مەنىسى «ھەرخىل مەكتەپلەردە ئىلىم تەھسىل قىلىدىغان كىشى، ئۆگەنگۈچى» دېگەندىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇنىڭدا تۈرلۈك ئوقۇغۇچىلار (تۈرلۈك دەۋر، تۈرلۈك دۆلەت، تۈرلۈك مەكتەپ، تۈرلۈك جىنس، تۈرلۈك ياش ۋە تۈرلۈك مىللەت تەۋەلىكىدىكى ئوقۇغۇچىلار) نىڭ ئورتاق ئالاھىدىلىكلىرى ئومۇملاشتۇرۇلغان. ئوخشىمىغان تۈردىكى ئوقۇغۇچىلار ئوتتۇرىسىدىكى پەرقلەر نەزەردىن ساقىت قىلىنغان. خاس ئۇقۇمنى ئىپادىلەيدىغان سۆزلەرنىڭ مەنىلىرىمۇ ئومۇمىيلىققا ئىگە بولىدۇ. مەسىلەن: «ئۈرۈمچى» دېگەن بۇ سۆز ھازىرقى ئۈرۈمچىنىلا ئەمەس، بەلكى بۇنىڭدىن 50 يىل ھەتتا ئۇنىڭدىنمۇ بۇرۇنقى ئۈرۈمچىنى كۆرسىتىدۇ. تۈرلۈك دەۋردىكى ئۈرۈمچى تۈرلۈك ئالاھىدىلىكلىرى ئارقىلىق بىر - بىرىدىن زور پەرقلىنىشىمۇ، لېكىن ئۇ يەنىلا مەلۇم ئورتاقلىققا ئىگە. دېمەك، «ئۈرۈمچى» دېگەن بۇ سۆزدە ئۈرۈمچىنىڭ ھەرقايسى دەۋرلەردىكى ئورتاقلىقى ئومۇملاشتۇرۇلۇپ، پەرقلىرى نەزەردىن ساقىت قىلىنغان.

لېكىن، يەنە بىر جەھەتتىن، كونكرېت نۇتۇقتا مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغان سۆز يەنە كونكرېتلىققا ئىگە بولىدۇ. مەسىلەن: «بۇ ئادەم ھەقىقەتەن ئادەم ئەمەس ئىكەن» دېگەن جۈملىدىكى ئىككى «ئادەم» سۆزىنىڭ مەنىلىرى ئوخشاشمايدۇ. ئەگەر ئۇنداق بولمىغان بولسا، ئۇ جۈملە لوگىكىغا ئۇيغۇن بولمىغان بولاتتى. «ئوقۇغۇچىلار ئىنتىزامىغا رىئايە قىلىشى كېرەك. سىزمۇ ئوقۇغۇچى - دە!» دېگەن جۈملىدىكى ئىككى «ئوقۇغۇچى» نىڭ مەنىلىرىمۇ ئوخشاشمايدۇ. ئالدىنقى «ئوقۇغۇچى» لۇغەتلەردە ئىزاھلانغان، يەنى ئومۇملاشتۇرۇلغان ئوقۇغۇچىنى كۆرسەتسە، كېيىنكى ئوقۇغۇچى كونكرېت بىر ئوقۇغۇچىنى كۆرسىتە-

دۇ. يۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، سۆزلەر كونكرېت ئىشلىتىلگەندە، ئۇلارنىڭ مەنىسى بىلەن مەنە دائىرىسى لۇغەتلەردىكى مەنىسى ۋە دائىرىسىدىن پەرقلىق بولىدۇ.

سۆز مەنىسىدىكى ئومۇمىيلىق بىلەن كونكرېتلىق ئۆزئارا بېقىنىدۇ، بىر - بىرىنى شەرت قىلىدۇ. سۆزنىڭ كونكرېت مەنىسى سۆزنىڭ ئومۇملاشتۇرۇلغان مەنىسىنى ئۆزىگە مەنبە ۋە ئاساس قىلىدۇ. سۆزنىڭ ئومۇملاشتۇرۇلغان مەنىسى (لۇغەتلەردىكى مەنىسى) كونكرېت نۇتۇقتىدىكى كونكرېت سۆز مەنىلىرىدىن ئومۇملاشتۇرۇپ ئېلىنغان بولىدۇ.

(3) سۆز مەنىسىنىڭ مۇقىملىقى ۋە ئۆزگىرىشچانلىقى

سۆزنىڭ مەنىسى بىلەن تاۋۇش شەكلى ئوتتۇرىسىدا ھېچقانداق تەبئىي ياكى مۇقەررەر باغلىنىش بولمايدۇ. مەنە بىلەن تاۋۇشنىڭ مۇناسىۋىتى شۇ ئىجتىمائىي كوللېكتىپ ئەزالىرىنىڭ ئۆزئارا كېلىشىۋېلىشىدىن بەلگىلىنىدۇ. كېلىشىۋېلىنغان ھامان ئۇ ئىجتىمائىي ئادەتكە ئايلىنىدۇ - دە، سۆز مەنىسى نىسبىي مۇقىملىققا ئىگە بولىدۇ. شەخسلەر خالىغانچە ئۆزگەرتەلمەيدۇ. سۆز مەنىسى نىسبىي مۇقىم بولمىسا، ئۆزئارا ئالاقىلىشىشتا قالايمىقانچىلىق كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، سۆز مەنىسى مۇئەييەن بىر دەۋرگە نىسبەتەن مۇقىملىققا ئىگە بولىدۇ.

لېكىن، يەنە بىر جەھەتتىن، سۆز مەنىسى يەنە ئۆزگىرىشچانلىققا ئىگە بولىدۇ. بەزى سۆزلەرنىڭ قەدىمكى مەنىسى بىلەن ھازىرقى مەنىسىنى ئۆزئارا سېلىشتۇرساق، كۆپلىگەن سۆزلەرنىڭ مەنىلىرىدە ئۆزگىرىش بولغانلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز.

سۆز مەنىسىنىڭ ئۆزگىرىشچانلىقى سۆز مەنىسىنىڭ كېڭىيىشى، تارىيىشى ۋە كۆچۈشى قاتارلىق جەھەتلەردە گەۋدىلىك ئىپادىلىنىدۇ.

سۆز مەنىسىدە تارىخىي ئۆزگىرىشمۇ ۋە ۋاقىتلىق ئۆزگىرىشمۇ بولىدۇ. سۆز مەنىسىنىڭ تارىخىي ئۆزگىرىشى سۆز مەنىسىنىڭ ۋاقىتلىق ئۆزگىرىشىنىڭ بارا - بارا تۇراقلىشىپ قېلىشىنىڭ مەھسۇلىدۇر.

(4) سۆز مەنىسىنىڭ ئېنىقلىقى ۋە تۇتۇقلۇقى

سۆز مەنىسىنىڭ ئېنىقلىقى سۆز مەنىسىدە ئەكس ئەتتۈرۈلگەن ئوبيېكتنىڭ چېگرىسىنىڭ ئېنىق بولۇشىغا قارىتىلغان بولسا، سۆز مەنىسىنىڭ تۇتۇقلۇقى سۆز مەنىسىدە ئەكس ئەتتۈرۈلگەن ئوبيېكتنىڭ چېگرىسىنىڭ ئېنىق بولماسلىقىغا قارىتىلىدۇ. بەزى سۆزلەرنىڭ مەنىسىدە كۆرسىتىلگەن ئوبيېكتنىڭ دائىرىسى بىر قەدەر ئېنىق بولىدۇ. مەسىلەن: «ئادەم»، «كالا»، «كىتاب»، «سۇ»، «نان» دېگەندەك. چۈنكى، ئادەتتىكى ئەھۋالدا بۇ سۆزلەردە كۆرسىتىلگەن ئوبيېكتلار باشقا تۈردىكى ئوبيېكتلاردىن ئاسان پەرقلىنىدۇ. يەنە بەزى سۆزلەردىن ئىپادىلىنىدىغان ئوبيېكتنىڭ دائىرىسى بىرقەدەر تۇتۇق بولىدۇ. مەسىلەن: «ئۆسمۈر، ياش، قېرى»، «سوغۇق، ئىلمان، ئىسسىق، قىزىق»، «ئېگىز، پاكار»، «يىراق، يېقىن»، «سېمىز، ئورۇق» دېگەن بەش گۇرۇپپا سۆزنى ئالساق، ھەربىر گۇرۇپپا ئىچىدىكى سۆزلەرنىڭ مەنىلىرى ئوتتۇرىسىغا ئېنىق بىر چېگرا بېكىتىش قىيىنغا چۈشىدۇ.

سۆز مەنىسىنىڭ ئېنىقلىقى بىلەن تۇتۇقلۇقى تىلدا ئوخشاشلا مۇھىم رول ئوينايدۇ. ئۇلارنىڭ ئۆزىگە خاس ئىشلىتىلىش ئورۇنلىرى بار. ئۇلارنى قانداق قوللىنىش ئالاقە ئېھتىياجى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ. پەن - تېخنىكىدا، قانۇن - ئىنتىزاملاردا سۆز مەنىسىنىڭ ئېنىقلىقى مۇھىم رول ئوينايدۇ. كۈندىلىك تۇرمۇشتا ۋە ئەدەبىي ئەسەرلەردە بولسا سۆز مەنىسىنىڭ تۇتۇقلۇقى مۇھىم رول ئوينايدۇ.

## 2. بىر مەنىلىك سۆز ۋە كۆپ مەنىلىك سۆز

تىلدىكى بەزى سۆزلەر بىرلا مەنە ئۈزىكىدىن تەركىب تاپسا، يەنە بەزى سۆزلەر ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق مەنە ئۈزىكىدىن تەركىب تاپىدۇ.

سۆزنىڭ مەنە ئۈزىكى دېگىنىمىز، مۇئەييەن سۆز شەكلى ئارقىلىق ئىپادىلىنىدىغان، مۇستەقىل قوللىنىشقا بولىدىغان، ئابستراكتلاشتۇرۇلغان، تۇراقلىق بولغان سېمانتىكىلىق بىرلىككە قارىتىلىدۇ.

سۆزنىڭ مەنە ئۈزىكى تۆۋەندىكىدەك ئاساسلىق خاراكتېرگە ئىگە:

(1) سۆزنىڭ مەنە ئۆزىكى مۇئەييەن سۆز شەكلى ئارقىلىق ئىپادىلىنىدىغان سېمانتىكىلىق بىرلىك. بىر خىل مەنە بىر سۆزنىڭ شەكلى ئارقىلىق ئىپادىلەنسە، ئۇ خىل مەنە بىر مەنە ئۆزىكى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. مەسىلەن: «ئازگال» دېگەن سۆز «ئويۇلۇپ ئورا بولۇپ قالغان جاي؛ ئويمان» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. «ئازگال» دېگەن بۇ سۆز شەكلىدىن ئىپادىلەنگەن ئۇ خىل مەنە «ئازگال» دېگەن بۇ سۆزنىڭ بىر مەنە ئۆزىكى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

(2) سۆزنىڭ مەنە ئۆزىكى مۇستەقىل (يەككە) قوللىنىشقا بولىدىغان سېمانتىكىلىق بىرلىك. بەزى سۆزلەر پەقەت بىرلا خىل مەنىگە ئىگە بولسا، يەنە بەزى سۆزلەر كۆپ مەنىگە ئىگە بولىدۇ. لېكىن، كۆپ مەنىگە ئىگە سۆزلەر ئەمەلىي قوللىنىلغاندا، ئۇ مەنىلەر ئىچىدىكى پەقەت بىرىلا قوللىنىلىدۇ. مۇستەقىل قوللىنىشقا بولىدىغان بىر خىل مەنەنىڭ ئۆزى بىر مەنە ئۆزىكى بولىدۇ. مەسىلەن: «پەشۋا» دېگەن بۇ سۆز ئۈچ خىل مەنىگە ئىگە: ① پۇت پەنجىسىنىڭ دۈمبىسى، ئالدى تەرىپى (مەسىلەن: پەشۋا ئاتماق، پەشۋا بىلەن تەپمەك)؛ ② تېپمەك (مەسىلەن: ئۇ بىر پەشۋاغا يارىماي موللاق ئېتىپ چۈشتى)؛ ③ زەربە، دەشنەم؛ دەككە (مەسىلەن: ئۆزۈمنى چاغلىماي گەپ قىستۇرۇپ، ئۇنىڭدىن پەشۋا يېدىم). بۇ ئۈچ خىل مەنىنىڭ ھەممىسىنى مۇستەقىل قوللىنىشقا بولىدۇ. شۇڭا، «پەشۋا» دېگەن بۇ سۆز ئۈچ خىل مەنە ئۆزىكىگە ئىگە.

(3) سۆزنىڭ مەنە ئۆزىكى ئابستراكتلاشتۇرۇلغان، تۇراقلاشقان سېمانتىكىلىق بىرلىك. بىر سۆز ئوخشاش بولمىغان كونتېكستتا تۈرلۈك كونكرېت مەنە، ۋاقىتلىق مەنە ياكى ئالاھىدە مەنىگە ئىگە قىلىنىشى مۇمكىن. سۆزنىڭ مەنە ئۆزىكى بولسا پەقەت ھەرخىل مەنىلەردىن ئابستراكتلاشتۇرۇپ ئېلىنغان ئومۇمىي ۋە تۇراقلىق مەنە بولۇپ، ئۇ ھەرگىزمۇ مۇئەييەن كونتېكستتا بارلىققا كەلگەن ۋاقىتلىق مەنە ياكى ئالاھىدە مەنىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ.

سۆزلەر مەنە ئۆزىكىنىڭ بىر ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق بولۇشىغا

ئاساسەن بىر مەنىلىك سۆز ۋە كۆپ مەنىلىك سۆز دەپ ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ .

1) بىر مەنىلىك سۆز

پەقەت بىرلا مەنە ئۆزىكىگە ئىگە سۆز بىر مەنىلىك سۆز ، دەپ ئاتىلىدۇ . مەسىلەن : «قونالغۇ» دېگەن سۆز «يولۇچىلار ، سەپەرگە چىققانلار قونۇپ ئۆتىدىغان جاي» دېگەن مەنىدىن باشقا مەنىگە ئىگە ئەمەس ؛ «ئاشپەز» دېگەن سۆز «ئاش ئېتىدىغان ئۇستا» دېگەن مەنىدىن باشقا مەنىگە ئىگە ئەمەس . «قوليازما» دېگەن سۆز «بىرەر ئەسەرنىڭ قول بىلەن يېزىلغان ئەسلىي نۇسخىسى» دېگەن مەنىدىن باشقا مەنىگە ئىگە ئەمەس . دېمەك ، بۇ ئۈچ سۆز بىر مەنىلىك سۆز . ئومۇمەن ، پەن-تېخنىكا ئاتالغۇلىرى ، خاس ئىسىملار ، باشقا تىللاردىن يېڭى كىرىپ ئۆزلەشكەن سۆزلەر بىر مەنىلىك بولىدۇ . مەسىلەن :

ئاتوم ، مولېكۇلا ، تەڭلىمە ، قەشقەر ، زوردۇن سابىر ، پارتىيە ، سوتسىيالىزم ، زۆڭلى …

2) كۆپ مەنىلىك سۆزلەر

ئەگەر بىر سۆز ئۆزئارا مۇناسىۋەتلىك ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق مەنە ئۆزىكىگە ئىگە بولسا ، بۇنداق سۆز كۆپ مەنىلىك سۆز ، دەپ ئاتىلىدۇ .

كۆپ مەنىلىك سۆزلەر بىر مەنىلىك سۆزلەرنىڭ تەرەققىي قىلىشىنىڭ مەھسۇلى بولۇپ ، ئۇ تەدرىجىي شەكىللىنىدۇ . بىر سۆز تىلدا يېڭى پەيدا بولغاندا ، ئۇ بىرلا مەنە ئۆزىكىگە ئىگە بولىدۇ . كىشىلەر ئۇ سۆزنىڭ شۇ ئەسلىي مەنە ئۆزىكىنى قوللىنىش جەريانىدا ، شۇ مەنە ئۆزىكىگە تەقلىد قىلىش ، ماسلاشتۇرۇش ئاساسىدا ئۇ مەنە ئۆزىكىگە مۇناسىۋەتلىك باشقا مەنە ئۆزەكلىرىنىمۇ شەكىللەندۈرىدۇ . كېيىن ، شەكىللەنگەن بۇنداق مەنە ئۆزەكلىرى ئەسلىدىكى مەنە ئۆزىكى بىلەن ئۇزاق مۇددەت تەڭ قوللىنىش ۋە كەڭ ئومۇملىشىش نەتىجىسىدە كۆپ مەنىلىك سۆزلەر بارلىققا كېلىدۇ . مەسىلەن : «يالىڭاچ» دېگەن سۆز

① ئۈستىۋېشىغا كىيىم كىيمىگەن ، كىيىمسىز (ياغ يەپ يالىڭاچ يات) ؛

② يوپۇرماقسىز ، قاقشال (گۈللەرمۇ شۇ چاغ بولۇپ يالىڭاچ ، تومۇس- چان قىزدەك تۈپۈلۈپ قالدى ) ؛ ③ گىياھسىز ، گىياھ ئۈنمىگەن (يالىڭاچ يەر ) ؛ ④ كەمبەغەل ، يوقسۇل (بۇ ئوردا بىزدەك يالىڭاچلارنىڭ قان ـ تەرى بىلەن پۈتكەن ) ؛ ⑤ ئوچۇق ـ ئاشكارا ، ئېنىق ؛ روشەن (گەپنى ئەجەب يالىڭاچلا قىلىۋەتتىڭغۇ ؟ ) ؛ ⑥ قىن ، غىلاپلاردىن سۇ- غۇرۇۋېلىنغان ، غىلاپقا سېلىنمىغان (ئىشىك ئەمەس ) ؛ ئېچىلغاندىن كېيىن مەنسۇر بىلەن يىگىرمە كىشى قىلىچلىرىنى يالىڭاچ ھالدا تۇتۇپ كىرىپ ، شەمسۇنناھارغا سالام بېرىپتۇ ) ⑦ قۇپقۇرۇق ، ھېچ نەرسە يوق (ئۆي ئىچى يايپالىڭاچ ئىدى ) دېگەندەك يەتتە خىل مەنە ئۆزىگە ئىگە بولۇپ ، كېيىنكى ئالتە خىل مەنە ئۆزىكى بىرىنچى خىل مەنە ئۆزىكى ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن .

كۆپ مەنىلىك سۆزلەر كونتېكستتا ئومۇمەن بىر مەنىلىك بولۇپ ئىپادىلىنىدۇ . يەنى ، بىرلا مەنە ئۆزىكى رول ئوينايدۇ . چۈنكى ، كونـ- تېكست بىر قانچە مەنىدىن پەقەت بىرىنى ئاشكارا ئورۇنغا ئۆتكۈزۈپ ، قالغان مەنىلەرنى چەتكە قاقىدۇ . شۇڭا ، كۆپ مەنىلىك سۆزلەر ئۆزئارا ئالاھىدە قالايمىقانچىلىق پەيدا قىلمايدۇ .

كۆپ مەنىلىك سۆزلەرنىڭ ھەرقايسى مەنە ئۆزەكلىرى ئوتتۇرىسىدا چوقۇم بىرى يەنە بىرى ئاساسىدا بارلىققا كەلگەنلىكىدىن ئىبارەت ئىچكى باغلىنىش بولۇشى كېرەك . ئەگەر بىر خىل سۆز شەكلى ئارقىلىق ئىپادىلىنىدىغان بىر قانچە خىل مەنە ئۆزەكلىرى ئوتتۇرىسىدا ئۇ خىل ئىچكى باغلىنىش بولمايدىكەن ، ئۇ كۆپ مەنىلىك سۆز ئەمەس ، بەلكى ئايرىم ـ ئايرىم بىرقانچە سۆز بولۇپ قالىدۇ .

### 3 . سۆز مەنىسىنىڭ تۈزۈلۈشى

ھەرقانداق بىر تىلدىكى سۆز مەنىسى تۈرلۈك ئامىللاردىن تەركىب تاپقان مۇرەككەپ بىر سىستېما . مەلۇم بىر سۆز ئۇ مۇستەقىل سۆزلا بولىدىكەن ، ئۇ ئادەتتە ئۇقۇم بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان يادرولۇق مەنە— ئىدراكىي مەنىگە ئىگە بولغاندىن سىرت يەنە بەزىبىر قوشۇمچە مەنىلەر ،

ئوبيېكتىپ شەيئى ، ھادىسە ۋە ئۇلارنىڭ تۈرلۈك مۇناسىۋەتلىرىنىڭ كىشىلەر ئېڭىدا ئومۇملاشتۇرۇلغان ھالدا ئەكس ئېتىشىدىن ھاسىل بولغان مەنە سۆزنىڭ ئىدراكىي مەنىسى ، دەپ ئاتىلىدۇ . مۇنداقچە ئېيتقاندا ، سۆز مەنىسىنىڭ ئۇقۇم بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان قىسمى سۆزنىڭ ئىدراكىي مەنىسى ھېسابلىنىدۇ . سۆزنىڭ ئىدراكىي مەنىسى سۆز مەنىسىنىڭ يادرو قىسمى بولۇپ ، ئادەتتە لۇغەتلەردە سۆز ئۈچۈن بېرىلگەن ئىزاھ ئومۇمەن سۆزنىڭ ئىدراكىي مەنىسىنى ئەكس ئەتتۇرىدۇ . مەسىلەن : «قاش» سۆزىنىڭ «كۆز قاپىقىنىڭ ئۈستۈنكى قىسمىدىكى تۈكلەردىن تەركىب تاپقان يايسىمان سىزىق» دېگەن مەنىسى ؛ «قازى» سۆزىنىڭ «دەۋا ئىشلىرىنى سورايدىغان ئەمەلدار» دېگەن مەنىسى ؛ «كەمتەر» سۆزىنىڭ «ماختىنىشنى خالىمايدىغان ، ئۆزىنى باشقىلاردىن تۆۋەن تۇتىدىغان ، تەكەببۇر ئەمەس» دېگەن مەنىسى ؛ «كوتۇلدىماق» ، «تەرىپلىمەك» سۆزلىرىنىڭ ئوخشاشلا «سۆزلىمەك ، گەپ قىلماق» دېگەن مەنىسى ئەنە شۇ سۆزلەرنىڭ ئىدراكىي مەنىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ .

بىر سۆز قانچە خىل مەنە ئۆزىكىگە ئىگە بولسا ، ئۇ سۆز شۇنچە خىل ئىدراكىي مەنىگە ئىگە بولىدۇ . ئەگەر سۆزنىڭ مەنە ئۆزەكلىرىدە ئۆزگىرىش بولسا ، ئۇ سۆزنىڭ ئىدراكىي مەنىلىرىدىمۇ ئۆزگىرىش بولىدۇ .

سۆزنىڭ ئىدراكىي مەنىسى ئۇقۇمنى ئۆزىگە ئاساس قىلىدىغان بولغاچقا ، ئۇ بەزىدە سۆزنىڭ ئۇقۇم مەنىسى ، سۆزنىڭ لوگىكىلىق مەنىسى دەپمۇ ئاتىلىدۇ .

2) سۆزنىڭ تۈس مەنىسى

سۆزنىڭ ئىدراكىي مەنىسىنىڭ ئۈستىگە يۈكلەنگەن تۈرلۈك قوشۇمچە مەنىلەر ، يەنى سۆز مەنىسىنىڭ غەيرىي ئىدراكىي قىسمى سۆزنىڭ تۈس مەنىسى ، دەپ ئاتىلىدۇ . سۆزنىڭ تۈس مەنىسى تۆۋەندىكىدەك ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە :

(1) سۆزنىڭ تۈس مەنىسى سۆزنىڭ ئىدراكىي مەنىسى ئاساسىدىلا مەۋجۇت بولۇپ تۇرالايدۇ. ئۇ سۆزنىڭ ئىدراكىي مەنىسىدىن ئايرىلسا، ئۆزىنىڭ مەۋجۇدىيەت شەكلىنى يوقىتىدۇ.

(2) سۆزنىڭ تۈس مەنىسى سۆزنىڭ گىرامماتىكىلىق مەنىسىگە ئوخشاش ئابستراكتلىققا ئىگە بولىدۇ.

(3) سۆزنىڭ تۈس مەنىسى ئومۇمەن شۇ جەمئىيەت ئەزالىرى تەرىپىدىن ئورتاق ئېتىراپ قىلىنغان بولىدۇ.

سۆزنىڭ تۈس مەنىسى تۆۋەندىكىدەك تۈرلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ:

(1) ھېسسىي تۈس

سۆزنىڭ ھېسسىي تۈس مەنىسى دېگەندە، سۆزنىڭ ئىدراكىي مەنىسى ئۈستىگە يۈكلەنگەن ياكى سىڭدۈرۈلگەن تۈرلۈك ھېسسىياتلار، يەنى كىشىلەرنىڭ ئوبيېكتىپ شەيئىلەرگە بولغان تۈرلۈك سۇبيېكتىپ باھالىرى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. چۈنكى، سۆزلەردە ئوبيېكتىپ شەيئى، ھادىسە ۋە ئۇلارنىڭ تۈرلۈك مۇناسىۋەتلىرى ئىپادىلىنىش جەريانىدا ئۇلارغا كىشىلەرنىڭ شۇ شەيئى، ھادىسە ۋە ئۇلارنىڭ مۇناسىۋەتلىرىگە بولغان تۈرلۈك سۇبيېكتىپ باھالىرىمۇ سىڭگەن بولىدۇ. بۇنىڭ بىلەن كۆپلىگەن سۆزلەر كىشىلەرنىڭ ماختاش، ياقتۇرۇش، مۇئەييەنلەشتۈرۈش، قايىل بولۇش قاتارلىق ھېس - تۇيغۇلىرىنى ئىپادىلەپ، ئىجابىي مەنىلىك سۆزلەرنى شەكىللەندۈرسە، يەنە بىر قىسىم سۆزلەر كىشىلەرنىڭ كەمسىتىش، يىرگىنىش، ئىنكار قىلىش، بىزار بولۇش، ئۆچ كۆرۈش، ئازابلىنىش، قورقۇش قاتارلىق ھېس - تۇيغۇلىرىنى ئىپادىلەپ سەلبىي مەنىلىك سۆز بولۇپ شەكىللىنىدۇ. مەسىلەن: «قەھرىمان» دېگەن سۆزدىن «باتۇر، يۈرەكلىك، قورقماس» دېگەن ئىدراكىي مەنە ئىپادىلىنىش بىلەن بىللە، يەنە سۆزلىگۈچىنىڭ قايىل بولۇش، ئاپىرىن ئوقۇشتەك ھېس - تۇيغۇسىمۇ قوشۇمچە ئىپادىلەنگەن. «ئانا» سۆزىدىن ئۆزىگە خاس ئىدراكىي مەنە ئىپادىلىنىش بىلەن بىللە، يەنە سۆيۈنۈش ھېس - تۇيغۇسىمۇ قوشۇمچە ئىپادىلىنىدۇ. «داپشاق» دېگەن سۆزدىن بولسا «يۈزى قېلىن، ھاياسىز، بىزەڭ، بىشەم» دېگەن ئىدراكىي مەنە

ئىپادىلىنىدۇ . «خائىن» دېگەن سۆزدىن ئۆزىگە خاس ئىدراكىي مەنە ئىپادىلىنىش بىلەن بىللە ، كىشىلەرنىڭ شۇ سۆزدىن ئىپادىلەنگەن شەيئىنى ئۆچ كۆرۈش ، ئۇنىڭدىن يىرگىنىش ھېس - تۇيغۇسىنى قوشۇمچە ئىپادىلىنىدۇ .

(2) ئوبراز تۇسى

سۆزنىڭ ئوبراز تۇسى دېگەندە ، كىشىلەردە مەلۇم سۆزدىن قوزغىلىلغان مۇئەييەن ئوبرازلىق تەسەۋۋۇر كۆزدە تۇتۇلىدۇ . ئۇ كونكرېت شەيئىلەرنىڭ شەكلى ، رەڭگى ، ئاۋازى ، پۇرىقى ، تەمى ، مىجەز - خۇلقى ، سۈپىتى ، خاراكتېرى ، رولى قاتارلىق ئالاھىدىلىكلەرنىڭ كىشىلەر ئېڭىدا قايتا ئەكس ئېتىشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ . سۆزنىڭ ئىدراكىي مەنىسىگە بېقىنغان ھالدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغان بۇ خىل ئوبراز تۇيغۇسى ، سۆزنىڭ ئوبراز تۇسى بولۇپ ، ئۇ ئاساسەن ئوخشىتىش ، تەقلىد قىلىش ، كۆچۈرۈپ ئېلىش قاتارلىق ئىستىلىستىكىلىق ۋاسىتىلەر ئاساسىدا ھاسىل بولىدۇ . مەسىلەن : «دېڭىز بوغۇزى» دېگەن بىرىكمىدىكى «بوغۇز» دىن ئىپادىلىنىدىغان «ئىككى قۇرۇقلۇق ئارىسىدىكى ئىككى دېڭىزنى تۇتاشتۇرىدىغان دېڭىز يولى» دېگەن ئىدراكىي مەنە ئادەم ياكى ھايۋانلارنىڭ «ئېغىز بوشلۇقىنىڭ قىزىلئۆڭگەچ ۋە كېكىرتەك باشلانغان يېرى ؛ بوغقۇنچاق ، گال» دېگەن ئىدراكىي مەنە ئاساسىدا كۆچۈرۈپ ئېلىنغان بولغاچقا ، ئۇ سۆزدە يەنە ئادەم ياكى ھايۋانلارنىڭ بوغۇزىدىن ئىبارەت بۇ ئەزانىڭ كونكرېت ئوبرازى توغرىسىدىكى تۇيغۇنى قوشۇمچە ئىپادىلىنىدۇ . «دېڭىز قولتۇقى» دېگەن بىرىكمىدىكى «قولتۇق» سۆزىدىن ئىپادىلىنىدىغان «دېڭىزنىڭ قۇرۇقلۇققا سوزۇلۇپ كىرگەن قىسمى» دېگەن ئىدراكىي مەنە ئادەمنىڭ «قول بىلەن مۈرە تۇتاشقان جاينىڭ ئاستىنقى ئويمان قىسمى» دىن كۆچۈرۈپ كېلىنگەن بولغاچقا ، ئۇ سۆزدە يەنە ئادەمنىڭ قولتۇقىدىن ئىبارەت بۇ ئورۇننىڭ كونكرېت ئوبرازىنى قوشۇمچە ئىپادىلىنىدۇ .

(3) ژانىر تۈسى

سۆزنىڭ ژانىر تۈسى دېگەندە، سۆزنىڭ ئىشلىتىلىش دائىرىسى، يەنى تۈرلۈك ژانىر، تۈرلۈك شارائىت ياكى ئوبيېكتقا ماسلىشىشى نەزەردە تۇتۇلىدۇ. سۆزنىڭ ژانىر تۈسى سۆزنىڭ ئىشلىتىلىش جەھەتتە مەلۇم ژانىر بىلەن چەكلىنىپ، مۇئەييەن دائىرىدە كۆپ قوللىنىلىپ، ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن شەكىللىنىدىغان بىر خىل تۈستۇر. سۆزنىڭ ژانىر تۈسى ئاۋۋال ئېغىز تىلى ژانىرى ۋە يېزىق تىلى ژانىرى، دەپ ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ. ئېغىز تىلى ژانىرى ئادەتتىكى دىئالوگ ۋە خەلق ئېغىز ئەدەبىيات - سەنئىتىنى ئاساس قىلغان بىر خىل ژانىر بولسا، يېزىق تىلى ژانىرى ئادەتتە يازما شەكلىنى ئاساس قىلغان بىر خىل ژانىر شەكلىدۇر.

ئادەتتە ئېغىز تىلى ژانىرىغا خاس سۆزلەر يېزىق تىلى ژانىرىدا ئاز ئىشلىتىلىدۇ ياكى ئىشلىتىلمەيدۇ. يېزىق تىلى ژانىرىغا خاس سۆزلەر ئېغىز تىلى ژانىرىدا ئاز ئىشلىتىلىدۇ ياكى پەقەت ئىشلىتىلمەيدۇ. مەسىلەن: «ئۇچماق، خۇشال بولماق، يېمەك، ئەتىياز، چاغان» دېگەندەك سۆزلەر ئېغىز تىلى ژانىرىدا كۆپرەك ئىشلىتىلسە، «پەرۋاز قىلماق، خۇرسەن بولماق، ئىستېمال قىلماق، باھار، باھار بايرىمى» دېگەندەك سۆزلەر يېزىق تىلى ژانىرىدا كۆپرەك قوللىنىلىدۇ. «ئابا (سۇ)، «ئاشپىتە (ئاشىق)»، «يەتكەرە (كېرەكسىز)»، «باد (شامال)» دېگەندەك بىر قىسىم سۆزلەر بولسا پەقەت يېزىق تىلى ژانىرىغىلا خاس سۆزلەر بولۇپ، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئېغىز تىلى ژانىرىدا پەقەت قوللىنىلمايدۇ.

(4) دەۋر تۈسى

سۆزنىڭ دەۋر تۈسى يەنە زامان تۈسى، دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئۇ مەلۇم بىر سۆزنىڭ ئىدراكىي مەنىسى ئاساسىدا ئىپادىلىنىدىغان مۇئەييەن بىر تارىخىي دەۋرگە خاس تۈيغۇغا قارىتىلىدۇ. سۆزنىڭ دەۋر تۈسى جەمئىيەت تارىخى تەرەققىياتىدىكى ئۆزگىرىشلەرنىڭ سۆزلۈكتە قالدۇرغان تامغىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. مەسىلەن: «بودۇن، بالىق، تېكىن،

يافى ، قۇد» دېگەندەك سۆزلەردىن ئۆزلىرىگە خاس ئىدراكىي مەنە ئىپادىلىنىش بىلەن بىللە ، يەنە ئۇيغۇرلارنىڭ ئىسلامىيەتتىن بۇرۇنقى ئىجتىمائىي مۇھىتىغا خاس بىر خىل تۇيغۇ ياكى پۇراق ئىپادىلەنسە ، «چېرىك ، ئامبال ، دورغا ، سەركەردە ، تۆگچى ، ئالىپ» دېگەندەك سۆزلەردىن ئۆزلىرىگە خاس ئىدراكىي مەنە ئىپادىلىنىش بىلەن بىللە ، يەنە ئۇيغۇر تىلىنىڭ 10 - ئەسىرلەردىن كېيىنكى دەۋرلەردىن 20 - ئەسىرنىڭ 30 - — 40 - يىللىرىغىچە بولغان ئارىلىقتىكى سۆزلۈكىگە خاس سۆزلەر ئىكەنلىكى ھەققىدىكى تۇيغۇمۇ قوشۇمچە ئىپادىلىنىدۇ . «كوپېراتسىيە ، كوپېراتسىيىلىشىش ، پومېشچىك ، باي دېھقان ، كەمبەغەل دېھقان» دېگەندەك سۆزلەردىن ئۆزلىرىگە خاس ئىدراكىي مەنە ئىپادىلىنىش بىلەن بىللە ، ئۇيغۇر تىلىنىڭ 20 - ئەسىرنىڭ 60 - يىللىرىدىن 70 - يىللارنىڭ ئاخىرىغىچە بولغان ئارىلىقتىكى سۆزلۈكىگە خاس سۆزلەر ئىكەنلىكى ھەققىدىكى تۇيغۇمۇ ئىپادىلەنسە ، «كىملىك ، تىزگىنەك ، يانفون ، چاقىرغۇ ، كەلگۈسىشۇناسلىق ، قويمىچى» دېگەندەك سۆزلەردىن ئۆزلىرىگە خاس ئىدراكىي مەنە ئىپادىلىنىش بىلەن بىللە ، يەنە ئۇيغۇر تىلىنىڭ 20 - ئەسىرنىڭ 80 - يىللىرىدىن بۇيانقى دەۋرىگە خاس تۇيغۇمۇ قوشۇمچە ئىپادىلىنىدۇ .

(5) يەرلىك تۈس

سۆزنىڭ يەرلىك تۈسى يەنە ماكان تۈسى ، دەپمۇ ئاتىلىدۇ . ئۇ مەلۇم بىر تىلنىڭ ھەرقايسى يەرلىك دىئالېكت ۋە شېۋىلىرىگە خاس سۆزلەردىن ئىپادىلىنىدىغان يەرلىك پۇراققا قارىتىلىدۇ . مەسىلەن : «خارەت» ، «سەگ» ، «لاپخۇ» ، «ئازما» دېگەندەك سۆزلەردىن ئايرىم - ئايرىم «ياغاچچى» ، «ئىت» ، «پوچى» ، «شارقىراتما» دېگەندەك ئىدراكىي مەنە ئىپادىلىنىش بىلەن بىللە ، يەنە ئۇلاردىن خوتەن دىئالېكتىكىغا خاس بىر خىل تۇيغۇ ياكى پۇراقمۇ قوشۇمچە ئىپادىلەنگەن . «جارا (كىرپە) ، گۆكۈ (بېلىق تۇتىدىغان قارماق)» ، گۆن (چوڭقۇر) ، گۆلمە (بىلىق تورى) ، سات (بەيت ، باغش. بەيت) ، تۈگۈل - (ئاريا ، ئۇمىد

سۆزلەردىن ئۆزلىرىگە خاس ئىدراكىي مەنە ئىپادىلىنىش بىلەن بىللە، ئۇلاردىن يەنە لوپنۇر دىئالېكتىكىغا خاس تۈپخۇ ياكى يۇراقمۇ قوشۇمچە ئىپادىلىنىدۇ. «كانتۇ (ئوغرى)، تېپىنە، (ئالدىرا)، چامچا (ئەرلەر كۆڭلىكى)، ياياق (پىيادە)، ئەپلە (ئاچا، ھەدە)» دېگەندەك سۆزلەردىن ئۆزلىرىگە خاس ئىدراكىي مەنە ئىپادىلىنىش بىلەن بىللە، يەنە ئۇلاردىن مەركىزىي دىئالېكتنىڭ تۇرپان شېۋىسىگە خاس تۈپخۇ ياكى يۇراقمۇ قوشۇمچە ئىپادىلىنىدۇ.

(6) دىنىي تۈس

سۆزنىڭ دىنىي تۈسى دېگەندە، سۆزنىڭ ئىدراكىي مەنىسى ئۈستىگە سىڭدۈرۈلگەن تۈرلۈك دىنىي تۈپخۇ ياكى يۇراققا قارىتىلىدۇ. مەسىلەن: «باخشى (① دۇرت ئوقۇپ، دەم سېلىپ كېسەل داۋالىغۇچى. ② تۇغ باغلاپ پېرە ئويناتقۇچى)»، «داخان (دۇئا ئوقۇش، ئىسىق ئۈچكۈرۈش يولى بىلەن كېسەل داۋالاشنى كەسىپ قىلغان كىشى)»، «پېرىخون (باخشى)» دېگەندەك سۆزلەر يۇقىرىقىدەك ئىدراكىي مەنە ئىپادىلەش بىلەن بىللە، يەنە ئۇلاردىن ئىپتىدائىي دىن (شامان دىنى) غا ئائىت بىر خىل تۈپخۇ ئىپادىلىنىدۇ. «تالىپ (مەدرىسىلەردە ئوقۇيدىغان كىشى)، تەرەت (ئىبادەت قىلىش، ناماز ئوقۇش، قۇرئان ئوقۇش ئالدىدىكى يۈز ـ كۆز، پۇت ـ قول ۋە باشقا ئەزالارنى يۇيۇپ پاكلىنىش)، روزا ـ رامىزان (روزا تۇتىدىغان ئاي ـ كۈنلەر، رامىزان مەزگىلى)، ناماز (مۇسۇلمانلارنىڭ ئاللاغا سېغىنىپ كۈندە بەش قېتىم بېجىرىشى زۆرۈر بولغان ئىبادىتىنىڭ نامى)» دېگەندەك سۆزلەردىن يۇقىرىقىدەك ئىدراكىي مەنە ئىپادىلىنىش بىلەن بىللە، يەنە ئىسلام دىنىغا خاس بىر خىل تۈپخۇمۇ قوشۇمچە ئىپادىلىنىدۇ. «بۇت (بۇددا دىنى مۇرىتلىرىنىڭ خۇدا دەپ بىلىپ، سەجدە قىلىش ئۈچۈن تاش، ياغاچ، لاي، گەج، مېتال قاتارلىقلاردىن ئادەم شەكلىدە ياسىۋالغان ھەيكىلى)، راھىب (بۇددا دىنىدا تەركىدۇنيا بولۇپ، ئۆمرىنى ئىبادەتخانىلاردا ئىبادەت قىلىش بىلەن ئۆتكۈزىدىغان كىشى)، بۇتخانا (ئىبادەتخانا)» دېگەندەك سۆزلەردىن ئۆزلىرىگە خاس ئىدراكىي مەنە ئىپادىلىنىش بىلەن بىللە،

يەنە ئۇلاردىن بۇددا دىنىغا خاس بىر خىل تۇيغۇمۇ قوشۇمچە ئىپادىلىنىدۇ.

دىنىي ئاتالغۇلارنىڭ تۈس مەنىلىرىدە پەرق بولغاچقا، ئەينى بىر ئىدراكىي مەنە ئەينى بىر تىلدا ئوخشىمىغان سۆزلەر ئارقىلىق ئىپادىلىنىدىغان ئەھۋاللارمۇ بار. مەسىلەن: «دىنىي پائالىيەت بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئورۇن» دېگەن ئىدراكىي مەنە ئىسلام دىنىغا قارىتىلغاندا، «مەسچىت» سۆزى بىلەن، بۇددا دىنىغا قارىتىلغاندا، «بۇتخانا» سۆزى بىلەن، خرىستىئان دىنىغا قارىتىلغاندا «چېركاۋ» سۆزى بىلەن، كاتولىك دىنى ياكى پراۋۇسلاۋىيە دىنىغا قارىتىلغاندا بولسا، «مۇناستىر» سۆزى بىلەن ئىپادىلىنىدىغانلىقىغا ئوخشاش.

(7) چەت تىل تۈسى

سۆزنىڭ چەت تىل تۈسى ئومۇمەن، سۆزنىڭ فونېتىكىلىق شەكلى ئارقىلىق ئىپادىلىنىدىغان تۈس بولۇپ، ئۇ مەلۇم بىر تىلغا باشقا تىللاردىن قوبۇل قىلىنغان سۆزلەردىن ئىپادىلىنىدىغان يات تىللارغا خاس پۇراق ياكى تۇيغۇغا قارىتىلىدۇ. چۈنكى، ھەرقانداق بىر تىلنىڭ ئۆزىگە خاس تاۋۇش سىستېمىسى بولىدۇ، تاۋۇشلارنىڭ بىرىكىش ئۇسۇللىرىدىمۇ ئۆزگىچىلىكلەر بولىدۇ. مەلۇم بىر تىلدىكى سۆزلەر شۇ تىلدىكى تاۋۇشلار ۋە ئۇلارنىڭ بىرىكىش ئالاھىدىلىكى ئارقىلىق باشقا تىلدىكى سۆزلەردىن پەرقلىنىپ تۇرىدۇ. باشقا تىللاردىن كىرگەن سۆزلەر ئاڭلىنىش ھامان كىشىلەرگە يات تىلغا خاس بىر خىل تۇيغۇ بېرىدۇ. مەسىلەن: «ئاكادېمىيە، رومانتىك، رېستوران، مېتافىزىكا، دىئالېكت» دېگەندەك سۆزلەردىن ئۆزلىرىگە خاس ئىدراكىي مەنە ئىپادىلىنىش بىلەن بىللە، يەنە ئۇلاردىن ياۋروپا تىللىرىغا خاس بىر خىل پۇراق، بىر خىل تۇيغۇمۇ قوشۇمچە ئىپادىلەنسە، «زۇڭلى، شۇجى، لۇشيەن، ۋېييۈەنجاڭ، زۇڭتۇڭ» دېگەندەك سۆزلەردىن ئۆزلىرىگە خاس ئىدراكىي مەنە ئىپادىلىنىش بىلەن بىللە، يەنە خەنزۇ تىلىغا خاس پۇراق ياكى تۇيغۇمۇ قوشۇمچە ئىپادىلىنىدۇ.

(8)

سۆزنىڭ مىللىي تۈسى كەڭ مەنىدە قوللىنىلغاندا، سۆزنىڭ تاشقى پوستى بولغان تىل ئاۋۇشلىرى ئارقىلىق ئىپادىلىنىدىغان تۈسكە قارىتىلىدۇ. تار مەنىدە قوللىنىلغاندا، ھەربىر مىللەتنىڭ ئۆزلىرىگە خاس مەدەنىيىتى، ئۆرپ ـ ئادىتى، تارىخى، جۇغراپىيىلىك مۇھىتى، مەنىۋى ھاياتى قاتارلىقلاردىن شەكىللەنگەن ئالاھىدىلىكىنىڭ سۆزنىڭ ئىدراكىي مەنىسىدە قوشۇمچە ئەكس ئېتىلىشىگە قارىتىلىدۇ. ئادەتتە ھەربىر مىللەتنىڭ ئۆزىدىلا بولىدىغان شەيئى ۋە ھادىسىلەرنى ئىپادىلەيدىغان سۆزلەر تار مەنىدىكى مىللىي تۈسكە ئىگە بولىدۇ[1]. مەسىلەن: «مۇقام، ساما، سەنەم، كارىز، كېمىر ئۆي، سوقماق، كەتمەن، بادامدوپپا، چىمەندوپپا» دېگەندەك سۆزلەردىن ئۆزلىرىگە خاس ئىدراكىي مەنە ئىپادىلىنىش بىلەن بىللە، يەنە ئۇلاردىن ئۇيغۇرلارغا خاس ماددىي ۋە مەنىۋى مەدەنىيەت ھەققىدىكى پۇراق ياكى تۇيغۇمۇ قوشۇمچە ئىپادىلىنىدۇ.

(9) جىنسىي تۈس

سۆزنىڭ جىنسىي تۈس مەنىسى دېگەندە، سۆزلەرنىڭ ئىدراكىي مەنىسى ئۈستىگە سىڭدۈرۈلگەن تۈرلۈك جىنسقا خاس پۇراق ياكى تۇيغۇ كۆزدە تۇتۇلىدۇ. تىلدىكى بىر قىسىم سۆزلەر بىر خىل جىنستىكىلەر تىلىدا كۆپ قوللىنىلىش نەتىجىسىدە، شۇ جىنستىكىلەرگە خاس بىر خىل پۇراققا ئىگە بولۇپ قالسا، يەنە بىر قىسىم سۆزلەر يەنە بىر جىنستىكىلەر تىلىدا كۆپ قوللىنىلىپ، شۇ جىنستىكىلەرگە خاس پۇراققا ئىگە بولۇپ قالىدۇ. مانا مۇشۇ تۈردىكى سۆزلەر جىنسىي تۈسكە ئىگە سۆزلەر بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. مەسىلەن: «ۋۇيبەي، دوست، ئاداش، ياتلىق بولماق، تۇرمۇشقا چىقماق» دېگەندەك سۆزلەر ئۆزلىرىگە خاس ئىدراكىي مەنە ئىپادىلەش بىلەن بىللە، يەنە ئۇلاردىن ئاياللار تىلىدا كۆپ قوللىنىلىشتەك بىر خىل تۇيغۇ ياكى پۇراقمۇ قوشۇمچە ئىپادىلىنىدۇ. «ئۆيلەنمەك، ئاغىنە، ئۆلگۈر، گۇي» دېگەندەك سۆزلەردىن ئۆزلىرىگە خاس ئىدراكىي مەنە ئىپادىلىنىش بىلەن بىللە، يەنە ئۇلاردىن ئەرلەر تىلىغا خاس بىر خىل پۇراقمۇ قوشۇمچە ئىپادىلىنىدۇ.

ھەرقانداق بىر مۇستەقىل سۆز ئىدراكىي مەنىگە ئىگە بولىدۇ.

لېكىن، بىر قىسىم مۇستەقىل سۆزلەر تۈس مەنىسىگە ئىگە بولمايدۇ. دېمەك، ئىدراكىي مەنىگىلا ئىگە بولۇپ، ھېچقانداق تۈس مەنىسىگە ئىگە بولمىغان سۆزلەر بىتەرەپ سۆزلەر ياكى نېيترال سۆزلەر، دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن: «سۇ، ياساش، يازماق، ساندۇق، ئىشتان، يېشىل، ئوتتۇز، بۈگۈن» دېگەندەك.

تۈس مەنىسىگە ئىگە سۆزلەر پەقەت بىرلا خىل تۈس بىلەن چەكلەنمەيدۇ. ئۇلاردىن بىر نەچچە خىل تۈس مەنىلىرىنى ئىپادىلەيدىغانلىرىمۇ بولىدۇ. مەسىلەن: «شىلىڭ شىسەي دېگەن توڭگۇز، ھارۋىكەشنى ‹خو› دەيدۇ، ئاغزىدا دېگەنبىلەن، ئۈچ كۈن تۇرسا ‹زو› دەيدۇ» دېگەن مىسرالاردىكى «توڭگۇز» سۆزى ھەم ئوبراز تۈسىگە، ھەم ھېسسىي تۈسكە ئىگە بولسا، «ئارخائىزم» دېگەن سۆز ھەم ژانىر تۈسى، ھەم چەت ئەل تۈسىگە ئىگە. «قازى» سۆزى ھەم دىنىي تۈسكە، ھەم دەۋر تۈسىگە ئىگە.

سۆزنىڭ ئىدراكىي مەنىسى بىلەن تۈس مەنىلىرىنىڭ يىغىندىسى سۆزنىڭ لېكسىكىلىق مەنىسى، دەپ ئاتىلىدۇ. بەزى سۆزلەرنىڭ لېكسىكىلىق مەنىسى پەقەت ئۇ سۆزنىڭ ئىدراكىي مەنىسىدىنلا ھاسىل بولسا، يەنە بىر قىسىم سۆزلەرنىڭ لېكسىكىلىق مەنىسى سۆزنىڭ ئىدراكىي مەنىسى بىلەن تۈس مەنىلىرىدىن ھاسىل بولىدۇ.

### 4. سۆز مەنىسىنىڭ تۈرى

سۆز مەنىسى سۆزنىڭ مەنە ئۆزەكلىرىنىڭ پەيدا بولۇش ۋاقتىنىڭ ئىلگىرى-كېيىنلىكىگە ئاساسەن ئەسلىي مەنە ۋە كۆچمە مەنە دەپ ئىككى تۈرگە ئايرىلىدۇ.

#### 1) سۆزنىڭ ئەسلىي مەنىسى

كۆپ مەنىلىك سۆزلەرنىڭ ئەڭ دەسلەپكى مەنە ئۆزىكى سۆزنىڭ ئەسلىي مەنىسى، دەپ ئاتىلىدۇ. سۆزنىڭ ئەسلىي مەنىسى ئۇنىڭ باشقا مەنە ئۆزەكلىرىنىڭ بارلىققا كېلىشىنىڭ ئاساسى. شۇڭا، ئۇ ئادەتتە سۆزنىڭ تۈپ مەنىسى، دەپمۇ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن: «باش» سۆزىنىڭ

«ئادەم بەدىنىنىڭ بويۇنىدىن يۇقىرى، ھايۋان بەدىنىنىڭ بويۇنىدىن ئالدى-
نقى قىسمى، يەنى كۆز، قۇلاق، ئېغىز، بۇرۇن قاتارلىق ئەزالار ئورۇن-
لاشقان قىسمى» دېگەن مەنىسى، «ئاچقۇچ» سۆزىنىڭ «قۇلۇپنى ئېچىش
ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان مېتال ئەسۋاب» دېگەن مەنىسى شۇ سۆزلەرنىڭ
ئەسلىي مەنىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

2) سۆزنىڭ كۆچمە مەنىسى

سۆزنىڭ ئەسلىي مەنىسى ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن كېيىنكى مەنە
تۈزەكلىرى سۆزنىڭ كۆچمە مەنىسى، دەپ ئاتىلىدۇ. سۆزنىڭ كۆچمە
مەنىسى شۇ سۆزنىڭ ئەسلىي مەنىسى ئىپادىلىگەن شەيئىنىڭ (ئۇقۇم-
نىڭ) بەلگىلىك ئالاھىدىلىكلىرىنى ئۆزىگە ئاساس قىلغان ھالدا شەكىل-
لىنىدۇ. مەسىلەن: «باش» سۆزىنىڭ «تېنىڭ، ئۆزە نەرسىلەرنىڭ يۇقى-
رى تەرىپى؛ چوققىسى (تونۇر بېشى، تاغ بېشى)»، «باشلىق، رەھبەر
(سىزنى ئۇلارغا باش قىلىپ ماڭدۇرىمىز)»، «بىرەر ساھە ياكى كە-
سىپتە باشقىلارغا رەھبەرلىك قىلىدىغان، ئورنى باشقىلاردىن يۇقىرى
(باش كاتىپ)»، «ئەڭ مۇھىم، ئاساسىي (باش ۋەزىپە)»، «مېڭە،
ئەقىل، ھوش (ئۇنىڭ بېشى جايىدا ئەمەس، بولمىسا ئاشۇنداق گەپ
قىلامدۇ)»، «كىشى، ئادەم، جان، ئۆز (بېشىڭنى ئېلىپ بۇ يەردىن
چىقىپ كەت)»، «ئاۋۋال، بۇرۇن، دەسلەپ، ئىلگىرى (ئۇنداق بول-
سا، باشتا نېمىشقا شۇنداق دېمىدىڭ؟)»، «بىرىنچى (باش كۈزۈرۈك)»،
«تال (بىر باش چامغۇر)»، «ئەسىر، يىل، پەسىل، ئاي، كۈن،
گەپ- سۆز قاتارلىقلار ياكى ئۇزۇنلۇق ئۆلچىمى بىلەن ئۆلچىنىدىغان
نەرسىلەرنىڭ باشلانغان جايى، قىسمى؛ يۇقىرى تەرىپى (يىلنىڭ بېشى،
گەپنىڭ بېشى، دەريانىڭ بېشى)»، «بەزى زىرائەت ۋە كۆكتاتلارنىڭ
كاللەك بولىدىغان مېۋىسى، ھوسۇلى، باشاق (باش تەرمەك، باش
پىياز)»، «چاچ (باش ئاقارماق)» دېگەندەك مەنىلىرى؛ «ئاچقۇچ»
سۆزىنىڭ «بىرەر مېخانىزمنى بۇراپ يۈرگۈزۈش، ھەرىكەتلەندۈرۈش،
ئىشقا چۈشۈرۈش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان مېتال ئەسۋاب (ئاپتوموبىل-
نىڭ ئاچقۇچى، تام سائىتىنىڭ ئاچقۇچى)»، «بىرەر ئىشنى بىر تەرەپ

قىلىشتا، ھەل قىلغۇچ رول ئوينايدىغان ئىجابىي ئامىل؛ چارە، تەدبىر (تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇشنىڭ ئاچقۇچى — پەن - تېخنىكىنى زامانىۋىلاشتۇرۇشتا)»، «لۇغەتلەردە زۆرۈر تېپىلغان سۆزلەرنى ئىزدەشتە قوللىنىلىدىغان جەدۋەل، گرافا (لۇغەتنىڭ ئاچقۇچى)» دېگەندەك مەنىلىرى «باش»، «ئاچقۇچ» سۆزلىرىنىڭ كۆچمە مەنىلىرى ھېسابلىنىدۇ.

سۆزنىڭ كۆچمە مەنىسى ئاساسەن ئىككى خىل ئۇسۇل ئارقىلىق شەكىللىنىدۇ.

بىرى، كېڭەيتىش. كېڭەيتىش دېگەندە، سۆزنىڭ ئەسلىي مەنىسىنى كېڭەيتىپ، سۆزنىڭ ئەسلىي مەنىسىدە ئىپادىلەنگەن شەيئى ۋە ھادىسىلەرگە مۇناسىۋەتلىك باشقا بىر شەيئى ۋە ھادىسىلەرنىمۇ شۇ سۆز ئارقىلىق ئىپادىلەش نەتىجىسىدە بارلىققا كەلگەن باشقا مەنىلەرگە قارىتىلىدۇ. مەسىلەن: «كىر» دېگەن سۆز ئەسلىي «نەرسىلەرنىڭ ئۈستىگە، بەدەنگە قونغان، چاپلاشقان، يۇققان چاڭ - توزان قاتارلىق مەينەت، پاسكىنا نەرسىلەر (ئۇ خۇددى ياش يىگىتلەردەك ئاق كۆڭلىكىنىڭ ياقىسىغا كىر يۇقتۇرماي يۇرۇشنى ياخشى كۆرىدۇ)» دېگەن مەنىدە ئىدى. ئۇ سۆزنىڭ «يۇيۇلىدىغان ياكى يۇيۇلغان، كىرلەشكەن كىيىم-كېچەك قاتارلىق نەرسىلەر (ئەتىسى سائادەت كېلىپ كىرلىرىمنى ئېلىپ كەتتى)»، «يامانلىق، ئاداۋەت، غۇم (كۆڭلۈڭدە كىر ساقلاپ نېمە قىلىمىز؟ ھەممىمىز ئۆز ئادەم)» دېگەن مەنىلىرى بولسا «كىر» سۆزىنىڭ ئالدىنقى مەنە ئۆزىكى (ئەسلىي مەنىسى) دە ئىپادىلەنگەن شەيئىنىڭ خاراكتېرى نەزەرگە ئېلىنغان ئاساستا كېڭەيتىلىپ بارلىققا كەلگەن.

«چاي» سۆزى ئەسلىي «چاي ئائىلىسىدىكى دائىم كۆكىرىپ تۇرىدىغان چاتقال» دېگەن مەنىدە ئىدى. كېيىن، ئۇ سۆزنىڭ مەنىسى كېڭىيىپ «شۇ ئۆسۈملۈكنىڭ يوپۇرمىقىدىن پىششىقلاپ ئىشلەنگەن مەھسۇلات (بىر سېلىم چاي)» دېگەن مەنە ۋە بۇ مەنە يەنە كېڭەيتىلىپ [illegible]

ئىچىملىك (بىر پىيالە چاي)» دېگەن مەنە، بۇ مەنە يەنە كېڭەيتىلىپ
«بىرەر سەۋەب بىلەن باشقىلارنى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن بېرىلىدىغان زىيا-
پەت (ئۇ بۈگۈنكى چاينى ئۆزىنىڭ ئاجايىپ ناخشىلىرى بىلەن قىزىتىپ
بەردى)» دېگەن مەنە، بۇ مەنە يەنىمۇ كېڭەيتىلىپ «قۇدا بولغان ئىككى
تەرەپتىن ئوغۇل تەرەپنىڭ قىز تەرەپكە تويلۇق سوۋغىلىرىنى ئاپىرىش
مۇناسىۋىتى بىلەن ئۆتكۈزۈلىدىغان زىياپەت (چوڭ چاي)» دېگەن مەنە
بارلىققا كەلگەن.

يەنە بىرى، ئوخشىتىش. ئوخشىتىش دېگەندە، تەقلىد قىلىش،
كۆچۈرۈپ كېلىش، مىسالغا ئېلىش قاتارلىق ئىستىلىستىكىلىق ۋاسى-
تىلەرنىڭ ياردىمى ئارقىلىق سۆزنىڭ ئەسلىي مەنە ئۆزىكى ئاساسىدا
يېڭى مەنىلەرنى ھاسىل قىلىش نەزەردە تۇتۇلىدۇ. بۇنىڭدا شەيئىلەر
ئوتتۇرىسىدىكى ئوخشاشلىقتىن ئىبارەت باغلىنىش ئاساس قىلىنىدۇ.
مەسىلەن: «قانات» دېگەن سۆز ئەسلىي «قۇش ۋە ھاشاراتلارنىڭ ئۇچۇش
ئورگىنى» دېگەن مەنىدە ئىدى. كېيىنكى دەۋرلەردە ئۇنىڭ ئالاھىدىلە-
كى ياكى شەكلى ئاساس قىلىنىپ «ئايروپىلاننىڭ يەردىن كۆتۈرۈلۈپ،
ھاۋادا مۇئەللەق تۇرۇشى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان قاناتسىمان بېيىق
قىسمى (ئايروپىلاننىڭ قانىتى)» مۇ قانات سۆزى بىلەن؛ «چاقپىلەك،
شامالدۇرغۇچقا ئوخشاش نەرسىلەرنىڭ ئايلىنىشىغا ياكى شامال چىقىرىشقا
ياردەم بېرىدىغان قىسمى (چاقپىلەكنىڭ قانىتى، شامالدۇرغۇچنىڭ قا-
نىتى)» مۇ «قانات» سۆزى بىلەن؛ «ئاپتوموبىل، ۋېلىسىپىت قاتارلىق-
لارنىڭ چاقلىرى ئۈستىگە لايدىن ھىمايە قىلىش مەقسىتىدە ئورنىتىلغان
قىسمى (ئالدى چاقىنىڭ قانىتى)» مۇ «قانات» سۆزى بىلەن؛ «ئى-
شىك، دېرىزە ۋە شۇ قاتارلىقلارنىڭ ئېچىلىپ - يېپىلىدىغان ھەربىر
بۆلىكى (ئىشىكنىڭ ئوڭ قانىتى)» مۇ «قانات» سۆزى بىلەن؛ «مەلۇم
نۇقتا ياكى لىنىيىنى بويلاپ ئورۇنلاشقان نەرسىلەرنىڭ بىر تەرىپى،
يېنى (بىنانىڭ سول قانىتى)» مۇ «قانات» سۆزى بىلەن؛ «قوشۇن
ياكى سەپنىڭ ئوڭ ياكى سول تەرىپى (قۇتلۇق سىڭبېشى مىڭ چېرىكنى

دەريا كېچىكىدىن ئىككى قانات قىلىپ ئورۇنلاشتۇردى )» مۇ «قانات» سۆزى بىلەن ؛ «بىرەر تەشكىلات ، گۇرۇھ قاتارلىقلار ئىچىدىكى ئەڭ ئىنقىلابىي ، ئەڭ ئەكسىلئىنقىلابىي غايىلەرنى ئالغا سۈرگۈچى گۇرۇپپا (سول قانات يازغۇچىلار )» مۇ «قانات» سۆزى بىلەن ؛ «ياردەمچى (ئات ئەركىشىگە قانات )» مۇ «قانات» سۆزى بىلەن ئىپادىلىنىدىغان بولغان .

سۆزنىڭ ئوخشىتىشتىن ھاسىل بولغان كۆچمە مەنىسى ئادەتتە ئوخشاتما مەنە ، دەپمۇ ئاتىلىدۇ . سۆزنىڭ ئوخشاتما مەنىسى بىلەن سۆز-نىڭ ۋاقىتلىق ئوخشىتىپ ئىشلىتىلىشىدىن ھاسىل بولغان مەنىسى بىر نەرسە ئەمەس . سۆزنىڭ ئوخشاتما مەنىسى سۆزنىڭ تۇراقلىق مەزمۇنى ، يەنى ئومۇمەن تۇراقلاشقان مەنىسى بولۇپ ، بۇ خىل مەنە شۇ جەمئىيەت-نىڭ بارلىق ئەزالىرىغا ئومۇملاشقان ، ھەممە ئېتىراپ قىلغان مەنە بولۇپ ھېسابلىنىدۇ . سۆزنىڭ ۋاقىتلىق ئوخشىتىپ ئىشلىتىلىشى نەتى-جىسىدە ھاسىل بولغان مەنىسى بولسا مەلۇم بىر سۆزنىڭ مۇئەييەن كونتېكىست ياكى تىل مۇھىتىدا ئوينىغان ۋاقىتلىق رولىدىنلا ئىبارەت بولۇپ ، ئۇ خىل مەنە شۇ جەمئىيەت ئەزالىرىنىڭ ھەممىسىگە ئورتاق بولمايدۇ . ئۇ سۆز شۇ كونتېكىستتىن ئايرىلسا ، ئۇ خىل مەنىگە ئىگە بولالمايدۇ . مەسىلەن : «ماتېماتىكا — پەنلەرنىڭ خانىشىدۇر» دېگەن مىسالدا «ماتېماتىكا» سۆزى ۋاقىتلىق مەنىگە ئىگە قىلىنغان . ئۇ سۆز شۇ كونتېكىستتىن ئايرىلسا «پەنلەرنىڭ خانىشى» دىن ئىبارەت بۇنداق مەنىگە ئىگە بولالمايدۇ .

سۆزنىڭ كۆچمە مەنە ئېلىشى تىلدا كۆپ مەنىلىك سۆزلەرنى شە-كىللەندۈرىدۇ .

## 5 . سۆز مەنىسىدىكى ئۆزگىرىشلەر

تىل تەرەققىياتى جەريانىدا سۆزلۈكتىكى كۆپلىگەن سۆزلەرنىڭ مەنىلىرىدە ئۆزگىرىش بولىدۇ . چۈنكى ، جەمئىيەت تەرەققىياتى داۋامىدا بەزى يېڭى شەيئى ۋە يېڭى ئۇقۇملار ئۈزلۈكسىز مەيدانغا كېلىپ تۇرىدۇ .

بۇ يېڭى شەيئى ۋە يېڭى ئۇقۇملار تىلدا بەزىدە يېڭى سۆزلەر بىلەن ئىپادىلەنسە ، يەنە بەزىدە يېڭى سۆزلەر بىلەن ئىپادىلەنمەي ، تىلدا ئەسلىدە بار سۆزلەرگە يېڭى مەنە يۈكلەش يولى بىلەن ئىپادىلىنىدۇ . يەنە بەزى سۆزلەر ئىلگىرىكى دەۋرلەردە بىر تۈردىكى بىرقانچە شەيئىنى ئىپادىلىگەن بولسا ، دەۋرلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن شۇلار ئىچىدىكى بىرىنىلا بىلدۈرىدىغان بولۇپ قالىدۇ . يەنە بەزى سۆزلەر قەدىمكى دەۋرلەردە مەلۇم بىر خىل مەنە بىلدۈرگەن بولسا ، كېيىنكى دەۋرلەردە باشقا بىر خىل مەنىگە ئىگە بولۇپ قالىدۇ . سۆز مەنىسىدە يۈز بېرىدىغان مۇشۇ خىل ئۆزگىرىشلەر سۆز مەنىسىدىكى ئۆزگىرىش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ . دېمەك ، تىل تەرەققىياتى جەريانىدا سۆز مەنىلىرىنىڭ كۆپىيىشى ، ئازىيىشى ، كۆچۈشى قاتارلىق ھادىسىلەر ئومۇملاشتۇرۇلۇپ سۆز مەنىسىدىكى ئۆزگىرىشلەر ، دەپ ئاتىلىدۇ . سۆز مەنىسىدىكى ئۆزگىرىشلەر ئومۇمەن تۆۋەندىكى جەھەتلەردە كۆرۈلىدۇ .

1) سۆز مەنىسىنىڭ كېڭىيىشى

سۆز مەنىسىنىڭ كېڭىيىشى دېگىنىمىز ، تىل تەرەققىياتى جەريانىدا ، سۆزنىڭ مەنە ئۆزىكىنىڭ كۆپىيىشىگە قارىتىلغان . تىلدا ئەسلىدە بىر سۆز بىرلا شەيئى ياكى ھادىسە ھەققىدىكى ئۇقۇمنى ئىپادىلىگەن بولسا ، كېيىنكى دەۋرلەردە ئۇ شۇ شەيئى ياكى ھادىسە بىلەن خاراكتېرى ياكى رولى ئوخشىشىپ كېتىدىغان باشقا شەيئى ياكى ھادىسە ھەققىدىكى ئۇقۇمنىمۇ ئىپادىلەيدىغان بولۇپ قالىدۇ . مانا بۇ خىل ھادىسە سۆز مەنىسىنىڭ كېڭىيىشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ .

سۆز مەنىسىنىڭ كېڭىيىشىدە ، ئاز بىر قىسىم سۆزلەرنىڭ مەنە دائىرىسى (ھەجمى) كېڭەيسە ، كۆپ قىسىم سۆزلەرنىڭ مەنە ئۆزەكلىرىدە كۆپىيىش يۈز بېرىدۇ . مەسىلەن :

«ئۇلاغ» دېگەن سۆز ئىلگىرىكى دەۋرلەردە «خاننىڭ بۇيرۇقىنى توشۇغۇچى پوچتىكەشلەرنىڭ مەنزىللەردە يەڭگۈشلەپ مىنىدىغان ئېتى» نىلا بىلدۈرگەن بولسا ، ھازىر «ماشىنىكە ۋە ئىشلەپچىقىرىش ئۈچۈن

ئائىلە ھايۋانلىرى» نى بىلدۈرىدۇ . دېمەك ، بۇ سۆزنىڭ مەنە دائىرىسى (ھەجمى) كېڭەيگەن .

«ئوق» سۆزى ئەسلىي «يايغا قويۇپ ئېتىلىدىغان ، ئۇچى نەيزە شەكىللىك ، ئۇزۇن ، ئىنچىكە تاياقچە» نى بىلدۈرگەن بولسا ، ھازىر «مىلتىق ، تاپانچا ، پىلىموت ، زەمبىرەك قاتارلىقلارغا جايلاشتۇرۇپ ئېتىلىدىغان ، ئېتىلغاندىن كېيىن ئۇچۇپ بېرىپ نىشانغا تېگىدىغان ۋەيران قىلىش ، ئۆلتۈرۈش كۈچىگە ئىگە نەرسە» نىمۇ بىلدۈرىدۇ .

ئەسلىدە «ئىسىم» سۆزى «نام ، ئات» دېگەن مەنىنى ، «سۆيەت» دېگەن سۆز «سايا» دېگەن مەنىنى ، «سان» دېگەن سۆز مەلۇم بىر نەرسىنىڭ سانىنى ، «ئالماش» دېگەن سۆز «بىرى بىرىنىڭ ئورنىنى ئالماق» دېگەن مەنىنى بىلدۈرگەن بولسا ، ھازىر ئۇيغۇر تىلى گراممات- كىسى تەتقىقاتىنىڭ نەتىجىسىدە ، سۆز تۈركۈملىرىنىڭ نامىنىمۇ بىلدۈ- رىدىغان بولدى . دېمەك ، «ئوق ، ئىسىم ، سۆيەت ، سان ، ئالماش» دېگەن سۆزلەرنىڭ مەنە ئۆزگىرىشى كۆپەيگەن .

2) سۆز مەنىسىنىڭ تارىيىشى

سۆز مەنىسىنىڭ تارىيىشى دېگىنىمىز ، تىل تەرەققىياتى جەريانىدا ، سۆزنىڭ مەنە ئۆزگىرىشىنىڭ ئازىيىشىغا قارىتىلغان . تىلدا ئەسلىدە بىر سۆز خاراكتېرى ياكى رولى ئوخشىشىپ كېتىدىغان بىر قانچە شەيئى ياكى ھادىسە ھەققىدىكى ئۇقۇملارنى ئىپادىلىگەن بولسا ، كېيىنكى دەۋر- لەردە ئۇ شەيئى ياكى ھادىسىلەرنىڭ ئۆزئارا پەرقى ئىنچىكە تونۇلغاندىن كېيىن ، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى پەقەت بىرلا شەيئى ياكى ھادىسە ھەققىدىكى ئۇقۇمنى بىلدۈرىدىغان بولۇپ قالىدۇ . يەنى ، سۆز مەنىلىرىدە يەككىلە- نىش ھادىسىسى يۈز بېرىدۇ . مانا بۇ خىل ئۆزگىرىش سۆز مەنىسىنىڭ تارىيىشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ . مەسىلەن :

«ساقلىق (ساق - لىق)» سۆزى قەدىمكى دەۋرلەردە «سېغىشقا بولىدىغان بارلىق ھايۋان» نى بىلدۈرگەن بولسا ، ھازىر «ئىككى چىش-

لىقتىن ئاشقان چىشى قوي» نىلا بىلدۈرىدۇ.

«بېغىش (باغىش)» سۆزى قەدىمكى دەۋرلەردە «بارماق ۋە باشقا ئەزالارنىڭ بوغۇمى، قومۇش قاتارلىق زىرائەتلەرنىڭمۇ بوغۇمى» نى بىلدۈرەتتى. ھازىر بولسا پەقەت «ئالىقان بىلەن بىلەكنىڭ تۇتاشقان ئورنى» نىلا بىلدۈرىدۇ.

تىلىمىزدىكى «ئۆرۈك، كەنت، تېرىق، تۆمۈر» دېگەندەك سۆزلەرنىڭ مەنىلىرىدىمۇ تارىيىش ھادىسىسى يۈز بەرگەن.

3) سۆز مەنىسىنىڭ كۆچۈشى

تىل تەرەققىياتى جەريانىدا بەزى سۆزلەرنىڭ ئەڭ دەسلەپكى مەنە ئۆزىكى بارا - بارا ئىستېمالدىن قېلىپ، ئۇنىڭ ئورنىنى شۇ سۆزنىڭ كېيىنكى مەنە ئۆزەكلىرى ئىگىلەيدۇ. تىل تەرەققىياتىدا سۆز مەنىلىرىدە يۈز بېرىدىغان بۇ خىل ئۆزگىرىش سۆز مەنىسىنىڭ كۆچۈشى، دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن:

«سۆپرا» دېگەن سۆز «دىۋان» دا «يېمەكلىكلەرنىڭ ئاستىغا سېلىنىدىغان داستىخان» دەپ ئىزاھلانغان بولسا (مەسىلەن: تامى ئۆلۈغ، سۆپرىسى قۇرۇق)، ھازىر «خېمىر يايغاندا ئاستىغا سالىدىغان رەخت ياكى باشقا نەرسە» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدىغان بولۇپ قالغان.

«ئېشىك» سۆزى «دىۋان»دا «بوسۇغا» دەپ چۈشەندۈرۈلگەن بولسا، ھازىر «ئۆي، خانا، بىنا، ھويلىلارنىڭ كىرىپ چىقىدىغان يېرىگە ئورنىتىلغان، ئېچىپ - يېپىپ تۇرۇشقا ماسلاشقان قۇرۇلمىسى» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

تىلىمىزدىكى «يولداش، ئەمگەك، خوتۇن (خاتۇن)، قاقاچ، چىم» دېگەندەك سۆزلەرنىڭ مەنىلىرىدىمۇ كۆچۈش ھادىسىسى يۈز بەرگەن.

سۆز مەنىسىنىڭ كېڭىيىشى، تارىيىشى، كۆچۈشىدىن ئىبارەت بۇ ئۈچ خىل ھادىسە ئىچىدە سۆز مەنىسىنىڭ كېڭىيىشى ئومۇمىيۈزلۈك ھادىسىدۇر.

سۆزنىڭ مەنە ئۆزىكىنى ھاسىل قىلىپ تۇرغۇچى سېمانتىكىلىق بىرلىك، ئۆزئارا مۇناسىۋەتلىك بىر گۇرۇپپا سۆزدىن ئابستراكتلاشتۇرۇپ ئېلىنغان پەرقلەندۈرگۈچ سېمانتىكىلىق ئالاھىدىلىك مەنە مۇچىلىرى، دەپ ئاتىلىدۇ. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، مەنە مۇچىلىرى دېگىنىمىز، مەنە ئۆزەكلىرىنىڭ تەركىبىي قىسمى، مەنە ئۆزەكلىرىنى پارچىلاپ تەھلىل قىلىشتىن كېلىپ چىققان، مەنە ئۆزىكىدىن بىر قاتلام تۆۋەن تۇرىدىغان سېمانتىكىلىق بىرلىككە قارىتىلىدۇ. مەسىلەن: «ئەر» دېگەن سۆزنىڭ مەنە ئۆزىكىنى «ئادەم + بالاغەتكە يەتكەن + ئەركەك» تىن ئىبارەت ئۈچ مەنە مۇچىلىرىگە پارچىلاشقا بولىدۇ.

مەنە مۇچىلىرى تۆۋەندىكىدەك بىر قانچە خىل ئاساسلىق ئالاھىدىلىككە ئىگە:

(1) مەنە مۇچىلىرى مەنە ئۆزىكىنىڭ تەركىبىي قىسىملىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بىر مەنە ئۆزىكى بىر قانچە مەنە مۇچىلىرىدىن تەركىب تاپقان بولىدۇ. مەسىلەن: «ئۆتۈك» دېگەن سۆزنىڭ مەنە ئۆزىكى «كىيىم + پۇتقا كىيىدىغان + قونچلۇق + يەر بىلەن ئۇچرىشىپ تۇرىدىغان» دېگەندىن ئىبارەت تۆت مەنە مۇچىسىدىن تەركىب تاپقان.

(2) مەنە مۇچىلىرى مۇئەييەن تاۋۇش شەكلىگە ئىگە بولمىغان سېمانتىكىلىق بىرلىك. مەنە مۇچىسى دېگەنلىك «مورفېمىنىڭ مەنىسى» دېگەنلىك ئەمەس. يەنى، ئۇلار بىر نەرسە ئەمەس. مورفېمىنىڭ مەنىسى ئۇنىڭ مۇئەييەن تاۋۇش شەكلى بىلەن بىرىكىشىدىن ھاسىل بولىدۇ. يەنى، ئۇ مۇئەييەن تاۋۇش شەكلىگە ئىگە بولىدۇ. مەنە مۇچىسى بولسا ئۆزىگە ماس تاۋۇش شەكلىگە ئىگە بولمايدۇ. مەسىلەن: يۇقىرىدا كۆرسىتىلگەن «ئۆتۈك» دېگەن سۆزنىڭ مەنە مۇچىلىرىنىڭ ھېچقايسىسى ئۆزىگە خاس تاۋۇش شەكلىگە ئىگە ئەمەس. يەنە بىر جەھەتتىن، مەنە مۇچىسى مەنە ئۆزىكىنى تەشكىل قىلغۇچى تەركىب بولسا، مورفېما سۆزنى تەشكىل قىلغۇچى تەركىب.

(3) مەنە مۆچىسى ئۆزئارا مۇناسىۋەتلىك بىر گۇرۇپپا سۆزنى ئۆزئارا سېلىشتۇرۇپ تەھلىل قىلىش نەتىجىسىدە كېلىپ چىققان، بىر-بىرىدىن پەرقلىنىپ تۇرىدىغان سېمانتىكىلىق ئالاھىدىلىك. مەسىلەن: «ئەر» بىلەن «ئايال» ئۆزئارا سېلىشتۇرۇلۇپ «ئەركەك»، «ئەركەك ئەمەس (ئايال)» دېگەن بۇ بىر-بىرىگە قارىمۇقارشى بىر گۇرۇپپا سېمانتىكىلىق ئالاھىدىلىك، يەنى مەنە مۆچىسى كېلىپ چىققان.

مەنە مۆچىلىرى مەنە جەھەتتىن قوشنا كېلىدىغان سۆزلەرنىڭ مەنە ئۆزەكلىرىنى ئۆزئارا سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق ئاشكارىلىنىدۇ ياكى ئېنىقلىنىدۇ. مەسىلەن:

| | | |
|---|---|---|
| ئەر | ئايال | بالا |
| ئايغىر | بايتال | تاي |
| قوشقار | ساغلىق | قوزا |
| بۇقا | ئىنەك | موزاي |
| خوراز | مېكىيان | چۈجە |

بىرىنچى قۇردىكىلەرنى توغرىسىغا سېلىشتۇرساق، ئۇلاردا ئىپادىلەنگىنىنىڭ ھەممىسى «ئادەم»؛ بىرىنچى تىك قۇردىكىلەرنى ئىككىنچى تىك قۇردىكىلەر بىلەن سېلىشتۇرساق، ئۇلاردا ئىپادىلەنگىنىنىڭ ھەممىسى «ئەركەك»؛ بىرىنچى تىك قۇردىكىلەرنى ئۈچىنچى تىك قۇردىكىلەر بىلەن سېلىشتۇرساق، بىرىنچى قۇردىكىلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ «بالاغەتكە يەتكەن» ئىكەنلىكىنى بايقايمىز. بىز ھەربىر مەنە مۆچىسىنى تىرناق (  ) ئىچىگە ئېلىپ، «+»، «−» بىلەن ئايرىم-ئايرىم ھالدا مۇئەييەنلەشتۈرۈش ۋە ئىنكار قىلىشنى ئىپادىلىسەك (مەسىلەن: (+ بالاغەتكە يەتكەن) فورمىسى بالاغەتكە يەتكەننى، (− بالاغەتكە يەتكەن) فورمىسى بالاغەتكە يەتمىگەننى بىلدۈرىدۇ)، ئۇ چاغدا، «ئەر، ئايال، بالا» دېگەن سۆزلەرنى تۆۋەندىكىدەك كۆرسىتىشكە بولىدۇ:

| | «ئادەم» | «بالاغەتكە يەتكەن» | «ئەركەك» |
|---|---|---|---|
| ئەر | + | + | + |
| ئايال | + | + | − |
| بالا | + | − | ± |

يەنە مەسىلەن: «ئاكا، ئاچا، ئۇكا، ئىنى، سىڭىل» دېگەن بەش سۆزنى تۆۋەندىكىدەك فورمىدا كۆرسىتىش مۇمكىن:

| | «قېرىنداش» | «يېشى چوڭ» * | «ئەركەك» |
|---|---|---|---|
| ئاكا | + | + | + |
| ئاچا | + | + | − |
| ئۇكا | + | − | ± |
| ئىنى | + | − | + |
| سىڭىل | + | − | − |

مەنە مۇچىلىرىنى تەھلىل قىلىش سۆزلەرنىڭ مەنە جەھەتتىكى ئوخشاشلىقى ۋە پەرقىنى ئېنىقلاشتا، سۆزلەرنىڭ مەنىلىرىنى ئىزاھلاشتا ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينايدۇ.

## 【مۇھاكىمە سوئاللىرى】

1. سۆز مەنىسىنىڭ خاراكتېرى دېگەندە نېمىلەرگە قارىتىلىدۇ؟ مىسال ئارقىلىق چۈشەندۈرۈڭ.
2. سۆزنىڭ مەنە ئۆزىكى دېگەن نېمە؟ ئۇ قايسى جەھەتلەردىن خاراكتېرلىنىدۇ؟ مىسال ئارقىلىق چۈشەندۈرۈڭ.
3. بىر مەنىلىك سۆز دېگەن نېمە؟ كۆپ مەنىلىك سۆز دېگەنچۇ؟ مىسال ئارقىلىق چۈشەندۈرۈڭ.
4. سۆزنىڭ ئىدراكىي مەنىسى دېگەن نېمە؟
5. سۆزنىڭ تۈس مەنىسى دېگەن نېمە؟ ئۇ قانداق تۈسلەرنى ئۆز

ئىچىگە ئالىدۇ؟ مىسال ئارقىلىق چۈشەندۈرۈڭ.

6. سۆزنىڭ لېكسىكىلىق مەنىسى دېگەن نېمە؟

7. سۆزنىڭ ئەسلىي مەنىسى دېگەن نېمە؟ كۆچمە مەنىسى دېگەنچۇ؟ مىسال بىلەن چۈشەندۈرۈڭ.

8. سۆزنىڭ كۆچمە مەنىسى قايسى خىل ئۇسۇللار ئارقىلىق بارلىققا كېلىدۇ؟ ھەربىر ئۇسۇلنى مىسال ئارقىلىق چۈشەندۈرۈڭ.

9. سۆز مەنىسىنىڭ ئۆزگىرىشى دېگەن نېمە؟ سۆز مەنىسىنىڭ ئۆزگىرىشى قايسى جەھەتلەردە ئىپادىلىنىدۇ؟

10. سۆز مەنىسىنىڭ كېڭىيىشى دېگەن نېمە؟ مىسال بىلەن چۈشەندۈرۈڭ.

11. سۆز مەنىسىنىڭ تارىيىشى دېگەن نېمە؟ مىسال بىلەن چۈشەندۈرۈڭ.

12. سۆز مەنىسىنىڭ كۆچۈشى دېگەن نېمە؟ مىسال بىلەن چۈشەندۈرۈڭ.

13. مەنە مۆچەلىرى (سېمېم) دېگەن نېمە؟

14. مەنە مۆچەلىرى قانداق ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە؟ مىسال بىلەن چۈشەندۈرۈڭ.

## §4. سۆزلەرنىڭ مەنە جەھەتتىن تۈركۈملىنىشى

### 1. مەنىداش سۆزلەر

ئىدراكىي مەنىلىرى ئوخشاش ياكى ئوخشاپ كېتىدىغان بىر گۇرۇپپا سۆز مەنىداش سۆزلەر، دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن:

ئەما، قارىغۇ، كور؛ كۈچ، قۇۋۋەت، ماغدۇر، مادار، قۇدرەت؛ ئوقۇتقۇچى، مۇئەللىم؛ دە-، ئېيت-، سۆزلە-، گەپ قىل-؛ سەن، سىز، سىلى؛ جۈپ، قوش؛ ئەتەي، قەستەن...

مەنىداش سۆزلەر بولۇش ئۈچۈن، سۆزلەرنىڭ ئىدراكىي مەنىلىرى

ئوخشاش ياكى يېقىن بولغاندىن باشقا يەنە ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئەينى بىر سۆز تۈركۈمىگە تەۋە بولۇش كېرەك. مەسىلەن: «ئەل، ۋەتەن، دۆلەت، مەملىكەت» دېگەن سۆزلەر ئۆزئارا مەنداش بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئىسىم تۈركۈمىگە كىرىدۇ، «قەھرىمان، باتۇر، جەسۇر، قەيسەر، پالۋان» دېگەن سۆزلەر ئۆزئارا مەنداش بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى سۈپەت تۈركۈمىگە كىرىدۇ. «سولىماق، قامىماق» دېگەن سۆزلەر ئۆزئارا مەنداش بولۇپ، ئۇلار پېئىل سۆز تۈركۈمىگە تەۋە بولسا، «سەن، سىز، سىلى، ئۆزلىرى» دېگەن سۆزلەرمۇ ئۆزئارا مەنداش بولۇپ، ئۇلار ئالماش تۈركۈمىگە كىرىدۇ.

مەنداش سۆزلەر گۇرۇپپىسىدىكى سۆزلەر شۇ گۇرۇپپا (مەنداش سۆزلەر قاتارى) ئىچىدىكى مەلۇم بىر سۆزنىڭ ئىدراكىي مەنىسىنى ئۆزلىرىگە يادرو ياكى مەركەز قىلغان ھالدا شەكىللىنىدۇ. شۇڭا، مەنداش سۆزلەرنىڭ شەكىللىنىشى ئۈچۈن مەركەز قىلىنغان سۆز ئادەتتە شۇ مەنداش سۆزلەر گۇرۇپپىسىدىكى سۆزلەرگە نىسبەتەن يادرو سۆزى ھېسابلىنىدۇ. مەنداش سۆزلەر گۇرۇپپىسىدىكى سۆزلەرنىڭ يادرو سۆزى ئومۇمەن تۆۋەندىكى ئالاھىدىلىكلەرگە ئاساسەن بېكىتىلىدۇ:

(1) تۈرلۈك تۈس مەنىلىرىگە ئىگە سۆزلەرگە نىسبەتەن تۈس مەنىسىگە ئىگە بولمىغان سۆزلەر يادرو سۆزى بولىدۇ. مەسىلەن: «ۋاپات بولماق، ئالەمدىن ئۆتمەك، قازا قىلماق، قۇربان بولماق، تۈگەپ كەتمەك» دېگەندەك مەنداش سۆزلەرگە نىسبەتەن «ئۆلمەك» سۆزى يادرو سۆزى بولىدۇ.

(2) بىر تۈردىكى شەيئىلەرنى ئومۇملاشتۇرۇش دەرىجىسى ئارراق بولغان مەنداش سۆزلەرگە نىسبەتەن بىر تۈردىكى شەيئىلەرنى ئومۇملاشتۇرۇش دەرىجىسى كەڭرەك بولغان سۆز يادرو سۆزى بولىدۇ. مەسىلەن: «جەسەت، مۇردا، مېيىت، تاپ» سۆزلىرىگە نىسبەتەن «ئۆلۈك» دېگەن سۆز يادرو سۆزى بولىدۇ.

(3) باشقا سۆزلەر بىلەن بىرىكىش ئىقتىدارى ئاجىز بولغان مەنە-

داتى سۆزلەرگە نىسبەتەن باشقا سۆزلەر بىلەن بىرىكىش ئىقتىدارى كۆچلۈك بولغان سۆز يادرو سۆزى بولىدۇ. مەسىلەن: «ھۆسن، جامال، چىراي» سۆزلىرىگە نىسبەتەن «يۈز» دېگەن سۆز يادرو سۆزى بولىدۇ.

(4) كۆچمە مەنىسى بىلەن شۇ مەنىداش سۆزلەر گۇرۇپپىسىغا كىرگەن سۆزلەرگە نىسبەتەن ئەسلىي مەنىسى بىلەن كىرگەن سۆزلەر يادرو سۆزى بولىدۇ. مەسىلەن: «دۇنيا» سۆزىگە نىسبەتەن «بايلىق» سۆزى، «تۈلكە» سۆزىگە نىسبەتەن «قۇۋ» سۆزى يادرو سۆزى بولىدۇ.

(5)•باشقا تىللاردىن كىرىپ ئۆزلەشكەن سۆزلەرگە نىسبەتەن ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئۆزىگە خاس سۆزى يادرو سۆزى بولىدۇ. مەسىلەن: «قۇۋۋەت، مادار، ماغدۇر، قۇدرەت، ماجال» دېگەندەك ئەرەب تىلىدىن كىرگەن سۆزلەرگە نىسبەتەن ئۇيغۇر تىلىغا خاس بولغان «كۈچ» دېگەن سۆز يادرو سۆزى بولىدۇ.

(6) ئۇيغۇر تىلىنىڭ دىئالېكت ـ شېۋىلىرىگە خاس سۆزلەرگە نىسبەتەن ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىغا خاس سۆز يادرو سۆزى بولىدۇ. مەسىلەن: «ھەدە، ئاپلا» سۆزلىرىگە نىسبەتەن «ئاچا» سۆزى، «بەلەن» سۆزىگە نىسبەتەن «ياخشى» سۆزى يادرو سۆزى بولىدۇ.

(7) ئاز قوللىنىلىدىغان سۆزلەرگە نىسبەتەن كۆپ قوللىنىلىدىغان سۆز يادرو سۆزى بولىدۇ. مەسىلەن: «كىلىت» سۆزىگە نىسبەتەن «ئاچقۇچ» سۆزى، «تېرىسىن» سۆزىگە نىسبەتەن «ئاتالغۇ» سۆزى يادرو سۆزى بولىدۇ.

(8) قوللىنىلىش دائىرىسى تارراق بولغان سۆزلەرگە نىسبەتەن قوللىنىلىش دائىرىسى كەڭرەك بولغان سۆز يادرو سۆزى قىلىنىدۇ. مەسىلەن: «ئارىيەت ئالماق» سۆزىگە نىسبەتەن «ئۆتنە ئالماق» سۆزى يادرو سۆزى بولىدۇ.

(9) ئايرىم ژانىردا يەككە قوللىنىلىدىغان سۆزلەرگە نىسبەتەن ھەرقايسى ژانىرلاردا ئورتاق قوللىنىلىدىغان سۆز يادرو سۆزى بولىدۇ. مەسىلەن: «سائادەت» سۆزىگە نىسبەتەن «بەخت» سۆزى، «شاد» سۆزىگە نىسبەتەن «خۇشال» سۆزى يادرو سۆزى بولىدۇ.

مەنداش سۆزلەرنىڭ ئىدراكىي مەنىلىرى ئوخشاش ياكى ئاساسەن ئوخشاش بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ تۈرلۈك قوشۇمچە مەنىلىرى، يەنى ئىدراكىي مەنىلىرىنىڭ چوڭقۇر ـ تېيىزلىكى، مەنە دائىرىسىنىڭ كەڭ ـ تارلىقى، تۈس مەنىلىرىنىڭ بار ـ يوقلۇقى ياكى تۈس مەنىلىرىنىڭ ئوخشاشماسلىقى، باشقا سۆزلەر بىلەن بىرىكىش ئىقتىدارىنىڭ ئوخشاشماسلىقى، كېلىش مەنبەسىنىڭ ئوخشاشماسلىقى قاتارلىق جەھەتلەردە يەنىلا بىر ـ بىرىدىن پەرقلىنىپ تۇرىدۇ. ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، مەنداش سۆزلەر تۆۋەندىكى جەھەتلەردە بىر ـ بىرىدىن پەرقلىنىپ تۇرىدۇ:

1) ئىدراكىي مەنىلىرىدىكى پەرق

(1) بەزى مەنداش سۆزلەر ئىدراكىي مەنىلىرىنىڭ چوڭقۇر ـ تېيىزلىكى جەھەتتىن پەرقلىنىدۇ. مەسىلەن: «ئۇرماق، دۇمبالىماق، توقماقلىماق» دېگەن سۆزلەر ئوخشاشلا «قول ياكى باشقا ۋاستە بىلەن تەنگە زەربە بەرمەك» دېگەن ئاساسىي مەنىنى بىلدۈرسىمۇ، لېكىن ئۇلاردىن «توقماقلىماق، دۇمبالىماق» دېگەن سۆزلەرنىڭ مەنىسى چوڭقۇرراق، خۇددى شۇنىڭدەك، «قورۇق، قاقشال» دېگەن مەنداش سۆزلەر ئوخشاشلا «نەملىكى يوق، نەملىكى تۈگىگەن» دېگەن ئاساسىي مەنىنى بىلدۈرسىمۇ، لېكىن ئۇلاردىن «قاقشال» سۆزىنىڭ مەنىسى چوڭقۇرراق.

(2) بەزى مەنداش سۆزلەر ئىدراكىي مەنىسىنىڭ دائىرىسىنىڭ كەڭ ـ تارلىقى جەھەتتە پەرقلىنىدۇ. مەسىلەن: «بالا، پەرزەنت» دېگەن سۆزلەر ئوخشاشلا «ئاتا ـ ئانىغا نىسبەتەن ئوغۇل ياكى قىز بالا؛ ئەۋلاد» دېگەن ئاساسىي مەنىنى بىلدۈرسىمۇ، لېكىن ئۇلاردىن «بالا» سۆزىنىڭ ئىشلىتىلىش دائىرىسى كەڭ، چۈنكى «پەرزەنت» سۆزى پەقەت «ئادەمدىن تۆرەلگەن ئەۋلاد»قا قارىتىلسا، «بالا» سۆزى ئۇنىڭدىن باشقا يەنە باشقا جانلىقلاردىن تۆرەلگەن ئەۋلادقىمۇ قارىتىلىدۇ.

(3) بەزى مەنداش سۆزلەرنىڭ ئىدراكىي مەنىسى ئۆزى قارىتىلغان ئوبيېكت جەھەتتە پەرقلىنىدۇ. مەسىلەن: «بايان قىلماق، ئىزھار

قىلماق» دېگەن سۆزلەر ئوخشاشلا «شەرھلىمەك، چۈشەندۈرمەك» دې-
گەن ئاساسىي مەنىنى بىلدۈرسىمۇ، لېكىن ئۇلاردىن «بايان قىلماق»
دېگەن سۆز ئومۇمەن ۋەقە، ھادىسە، كۆزقاراش، پىكىر، مەيدانى قاتار-
لىقلارنى شەرھلەشكە قارىتىلىدۇ. «ئىزھار قىلىش» دېگەن سۆز بولسا
ئومۇمەن تىلەك، ئارزۇ ـ ئۈمىد قاتارلىقلارنى شەرھلەشكە قارىتىلىدۇ.

2) تۈس مەنىلىرىدىكى پەرق

(1) بەزى مەنداش سۆزلەر ھېسسىي تۈس جەھەتتىن پەرقلىنىدۇ.
مەسىلەن: «مەدھىيىلىمەك، مەدھىيە ئوقۇماق، ماختىماق، كۆككە
كۆتۈرمەك» دېگەن سۆزلەر ئوخشاشلا «بىرەر ئىش ياكى نەرسىنى ياخشى
قىلىپ كۆرسەتمەك» دېگەن مەنىنى بىلدۈرسىمۇ، لېكىن ئۇلاردىن
«مەدھىيىلىمەك، مەدھىيە ئوقۇماق» دېگەن سۆزلەر ئىجابىي تۈسكە،
«كۆككە كۆتۈرمەك» دېگەن سۆز سەلبىي تۈسكە ئىگە. «نەتىجە، ئاقى-
ۋەت» دېگەن سۆزلەر ئوخشاشلا «ئاخىرقى يەكۈن، ھاسىلات» دېگەن
مەنىنى بىلدۈرسىمۇ، لېكىن ئۇلاردىن «نەتىجە» سۆزى ئىجابىي تۈسكە،
«ئاقىۋەت» دېگەن سۆز سەلبىي تۈسكە ئىگە.

(2) بەزى مەنداش سۆزلەر ئوبراز تۈسى جەھەتتە پەرقلىنىدۇ.
مەسىلەن: «قۇۋ، ھىيلىگەر، تۈلكە» دېگەن سۆزلەر ئوخشاشلا «ھىيلە-
نەيرەڭگە تولا، باشقىلارنى گوللاشقا ئۇستا» دېگەن مەنىگە ئىگە بولسىمۇ،
لېكىن ئۇلاردىن «تۈلكە» سۆزى ئوبراز تۈسىگە ئىگە. «دەپسەندە قىل-
ماق، ئاياغ ئاستى قىلماق» دېگەن سۆزلەر ئوخشاشلا «زورلۇق كۈچ
ئىشلىتىپ باشقىلارنى خارلىماق، زىيانكەشلىك قىلماق» دېگەن مەنىنى
بىلدۈرسىمۇ، لېكىن ئۇلاردىن «ئاياغ ئاستى قىلماق» دېگەن سۆز ئوبراز
تۈسىگە ئىگە. «شەرق، كۈنچىقىش» دېگەن سۆزلەر ئوخشاشلا «دۇنيا-
نىڭ تۆت تەرىپىنىڭ بىرى، يەنى غەربنىڭ قارشىسىدىكى تەرەپ» نى
بىلدۈرسىمۇ، لېكىن ئۇلاردىن «كۈنچىقىش» دېگەن سۆز ئوبراز تۈسىگە
ئىگە.

(3) بەزى مەنداش سۆزلەر ژانىر تۈسى جەھەتتىن پەرقلىنىدۇ.

...ن، «تالاش - تارتىش، بەس - مۇنازىرە» دېگەن سۆزلەر ئوخشاشلا «ھەركىم ئۆز پىكرىدە چىڭ تۇرۇۋېلىپ دەتالاش» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىسىمۇ، لېكىن ئۇلاردىن «تالاش - تارتىش» دېگەن سۆز كۆپرەك ئېغىز تىلى ژانىرىدا، «بەس - مۇنازىرە» دېگەن سۆز كۆپرەك يېزىق تىلى ژانىرىدا قوللىنىلىدۇ. «تەھلىل قىلماق، ئانالىز قىلماق» دېگەن سۆزلەر ئوخشاشلا «بىرەر مەسىلىنى ئايدىڭلاشتۇرۇش ئۈچۈن ھەر تەرەپلىمە پىكىر يۈرگۈزمەك» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىسىمۇ، لېكىن ئۇلاردىن ئالدىنقىسى ئېغىز تىلى ژانىرى بىلەن يېزىق تىلى ژانىرىدا ئورتاق قوللىنىلىدۇ. كېيىنكىسى بولسا ئومۇمەن يېزىق تىلى ژانىرى، يەنە كېلىپ پەن - تېخنىكا ژانىرىدا كۆپ قوللىنىلىدۇ.

(4) بەزى مەنداش سۆزلەر دەۋر تۈسى جەھەتتە پەرقلىنىدۇ. مەسىلەن: «تۆكچى، تىلماچ، تەرجىمان» دېگەن سۆزلەر ئوخشاشلا «بىر تىلدا ئىپادىلەنگەن ئوي - پىكىرنى يەنە بىر تىلغا ئاغدۇرۇپ بەرگۈچى» دېگەن مەنىنى ئىپادىلىسىمۇ، لېكىن ئۇلاردىن ئالدىنقى ئىككىسى ئۆتكەن دەۋر تۈسىگە ئىگە. كېيىنكىسى ھازىرقى زامان تۈسىگە ئىگە. «چېرىك، لەشكەر، ئەسكەر، ھەربىي» سۆزلىرى ئوخشاشلا «ھەربىي خىزمەت ئۆتەۋاتقان كىشى» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىسىمۇ، لېكىن ئۇلاردىن ئالدىنقى ئىككىسى ئۆتكەن دەۋر تۈسىگە ئىگە بولسا، كېيىنكى ئىككىسى ھازىرقى زامان تۈسىگە ئىگە.

(5) بەزى مەنداش سۆزلەر يەرلىك تۈس جەھەتتىن پەرقلىنىدۇ. مەسىلەن: «ئاچا، ھەدە، ئاپلا» سۆزلىرى ئوخشاشلا «بىر تۇغقان قېرىنداشلار ئىچىدىكى ئۆزىدىن چوڭ ئايال» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىسىمۇ، لېكىن ئۇلاردىن «ھەدە» دېگەن سۆز ئىلى شېۋىسى تۈسىگە، «ئاپلا» دېگەن سۆز تۇرپان شېۋىسى تۈسىگە ئىگە. «ماتا، شالڭ، بۆز» دېگەن سۆزلەر ئوخشاشلا «پاختا يىپتىن يەرلىك توقۇش دۇكىنىدا توقۇلغان رەخت» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىسىمۇ، لېكىن ئۇلاردىن «شالڭ» دېگەن سۆز خوتەن دىئالېكتى تۈسىگە، «بۆز» دېگەن سۆز لوپنۇر دىئالېكتى تۈسىگە ئىگە.

(6) بەزى مەنىداش سۆزلەر دىنىي تۈس جەھەتتىن پەرقلىنىدۇ. مەسىلەن : «قۇربان بولماق ، شېھىت بولماق» دېگەن سۆزلەر ئوخشاشلا «ئۆمۈمىنىڭ ئىشى ئۈچۈن ئۆلمەك» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىسىمۇ ، لېكىن ئۇلاردىن «شېھىت بولماق» دېگەن سۆز قويۇق دىنىي تۈسكە ئىگە . «بايرام ، ھېيت ، ئايەم» دېگەن سۆزلەر ئوخشاشلا «مۇھىم تارىخىي ۋەقە ؛ ھادىسە قاتارلىقلارنى تەنتەنىلىك خاتىرىلەش ئۈچۈن بېكىتىلگەن كۈن» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىسىمۇ ، لېكىن ئۇلاردىن «ھېيت ، ئايەم» دېگەن سۆزلەر دىنىي تۈسكە ئىگە .

(7) بەزى مەنىداش سۆزلەر چەت تىل تۈسى جەھەتتىن پەرقلىنىدۇ . مەسىلەن : «چايدان ، تېرموس» دېگەن سۆزلەر ئوخشاشلا «قايناق سۇنى مەلۇم ۋاقىتقىچە ئىسسىق ساقلاپ بېرىدىغان شىشە قاچا» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىسىمۇ ، لېكىن ئۇلاردىن «تېرموس» دېگەن سۆز يەرلىك تۈسكە ئىگە بولۇش بىلەن بىللە ، يەنە چەت تىل تۈسىگىمۇ ئىگە . «تامىمەش ، خوچالڭ» دېگەن سۆزلەر ئوخشاشلا «تامنىڭ قېتىغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان ، خىش ، كېسەك ياكى قاشالتىردىن ياسالغان مەش» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىسىمۇ ، لېكىن ئۇلاردىن «خوچالڭ» دېگەن سۆز چەت تىل تۈسىگە ئىگە .

(8) بەزى مەنىداش سۆزلەر جىنسىي تۈس جەھەتتىن پەرقلىنىدۇ . مەسىلەن : «توي قىلماق ، ئۆيلەنمەك ، ياتلىق بولماق» دېگەن سۆزلەر ئوخشاشلا «تۇرمۇش قۇرماق ، ئۆيلۈك - ئوچاقلىق بولماق» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىسىمۇ ، لېكىن ئۇلاردىن «ئۆيلەنمەك» دېگەن سۆز ئوغۇللارغا ، «ياتلىق بولماق» دېگەن سۆز قىزلارغا قارىتىلىدۇ . «ئاغىنە ، دوست ، ئاداش» دېگەن سۆزلەر ئوخشاشلا «بىر - بىرى بىلەن ئىناق ئۆتىدىغان ، ئۆزئارا كۆڭلى يېقىن ، قېرىنداشلاردەك ئۆتىدىغان ئادەم» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىسىمۇ ، لېكىن ئۇلاردىن «ئاغىنە» دېگەن سۆز پەقەت ئەرلەر ياكى ئوغۇللارغىلا خاس بولۇپ ، ئادەتتە قىزلار تىلىدا كۆرۈلمەيدۇ .

3) بىرىكىش ئىقتىدارى جەھەتتىكى پەرق

دارىنىڭ ئوخشىماسلىقى جەھەتتىن ئۆزئارا پەرقلىنىدۇ. مەنىداش سۆزلەرنىڭ باشقا سۆزلەر بىلەن بىرىكىش ئىقتىدارى ئۇلاردا ئىپادىلەنگەن ئىدراكىي مەنىنىڭ چوڭقۇر - تېيىزلىكى، كەڭ - تارلىقى، شۇ سۆز قارىتىلغان ئوبيېكتنىڭ ئوخشاشماسلىقى، تۈس مەنىلىرىنىڭ ئوخشاشماسلىقى، بىرىكىشنىڭ تىل ئادىتىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان - كەلمەيدىغانلىقى قاتارلىق جەھەتلەر بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغاچقا، مەلۇم بىر گۇرۇپپىدىكى مەنىداش سۆزلەرنىڭ باشقا سۆزلەر بىلەن بىرىكىشى كۆپ ھاللاردا پەرقلىق بولىدۇ. مەسىلەن: «يۈز، چىراي، ھۆسن، جامال، رۇخسار» دېگەن سۆزلەر ئۆزئارا مەنىداش بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار ئىچىدىكى «يۈز» دېگەن سۆز «ئادەم، يەر، قەغەز، سۇ، جوزا» دېگەندەك سۆزلەر بىلەن بىرىكىپ كېلەلىسە، قالغانلىرى پەقەت «ئادەم، قىز» دېگەندەك سۆزلەر بىلەنلا بىرىكىپ كېلىدۇ. «تۇغماق، بوشانماق، كۆززى يورۇماق، يەڭگىمەك» دېگەن سۆزلەر ئۆزئارا مەنىداش بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار ئىچىدىكى «تۇغماق» دېگەن سۆز «ئايال، قىز، قوي، كالا، توخۇم، ئاي» دېگەندەك سۆزلەر بىلەن بىرىكىپ كېلەلىسە، قالغانلىرى پەقەت «قىز، ئايال» دېگەندەك سۆزلەر بىلەنلا بىرىكىپ كېلىدۇ. «ئانا، ئاپا» دېگەن سۆزلەر مەنىداش سۆزلەر بولسىمۇ، ئۇلاردىن «ئانا» سۆزى «ۋەتەن، تىل، يۇرت» دېگەن سۆزلەر بىلەن بىرىكىپ كېلىدۇ. «ئاپا» دېگەن سۆز ئۇ سۆزلەر بىلەن بىرىكىپ كېلەلمەيدۇ.

مەنىداش سۆزلەر يەنە باشقا جەھەتلەردىنمۇ ئۆزئارا پەرقلىنىشى مۇمكىن.

مەنىداش سۆزلەر ئاساسەن تۆۋەندىكىدەك يوللار ئارقىلىق بارلىققا كېلىدۇ.

(1) ئىنسانلار ئۆز ئەمەلىيىتىدە ئوبيېكتىپ شەيئىلەرنى ۋە ئۇلارنىڭ تۈرلۈك ئالاھىدىلىكلىرىنى چوڭقۇرلاپ تونۇش ئارقىلىق، ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى ئىنچىكە پەرقلەرنى تېپىپ چىقىدۇ ۋە شۇ ئىنچىكە پەرقلەرنى يېڭى - يېڭى سۆزلەر بىلەن ئىپادىلەيدۇ. نەتىجىدە، بۇ يېڭى

سۆزلەر ئەسلىدە بار سۆزلەر بىلەن قوشۇلۇپ، بىر قىسىم مەنىداش سۆزلەرنى شەكىللەندۈرىدۇ. مۇنداقچە ئېيتقاندا، ئومۇمىي خەلق تىلىدا بىر خىل چۈشەنچە، بىر خىل ئۇقۇمنى ئىپادىلىگۈچى سۆزلەر ئوتتۇرىسىدا مەنە جەھەتتىن ئىنچىكە ۋە نازۇك پەرقلەرنىڭ بارلىققا كېلىشى نەتىجىسىدە، بەزى مەنىداش سۆزلەر بارلىققا كېلىدۇ. مەسىلەن: «ئەتىياز، كۆكلەم، باھار»، «يۇڭ، موي، تۈك، تىۋىت»، «ئۆلمەك، قۇربان بولماق، ۋاپات بولماق، ئالەمدىن ئۆتمەك، تۈگەپ كەتمەك، قازا قىلماق، شېھىت بولماق»…

(2) دىئالېكت ـ شېۋە سۆزلىرىنىڭ ئەدەبىي تىلدىكى سۆزلەر بىلەن تەڭ قوللىنىلىشى ۋە ئەدەبىي تىلدا ئومۇملىشىشى نەتىجىسىدە، بىر قىسىم مەنىداش سۆزلەر بارلىققا كېلىدۇ. مەسىلەن: «ئاپا (ئەدەبىي تىلدا)، ھەدە (ئىلى شېۋىسىدە)، ئايلا (تۇرپان شېۋىسىدە)»، «ماتا (ئەدەبىي تىلدا)، شالڭ (خوتەن دىئالېكتىدا)، بۆز (لوپنۇر دىئالېكتىدا)»، «ياخشى، ئوبدان، بەلەن (قەشقەر شېۋىسىدە)»، «جىمجىت، تىمتاس (قەشقەر شېۋىسىدە)»…

(3) كىرمە سۆزلەرنىڭ ئۇيغۇر تىلىغا خاس سۆزلەر بىلەن مەنە جەھەتتە يېقىن ياكى ئوخشاش بولۇپ قېلىشى نەتىجىسىدە، بىر قىسىم مەنىداش سۆزلەر بارلىققا كېلىدۇ. مەسىلەن: «كىشى (ئۇيغۇرچە)، ئادەم (ئەرەبچە)، ئىنسان (پارسچە)»، «كۈچ (ئۇيغۇرچە)، قۇۋۋەت (ئەرەبچە)، ماغدۇر (ئەرەبچە)، مادار (ئەرەبچە)، قۇدرەت (ئەرەبچە)، ماجال (ئەرەبچە)»، «ئوقۇتقۇچى (ئۇيغۇرچە)، مۇئەللىم (ئەرەبچە)»، «بۇيرۇق (ئۇيغۇرچە)، پەرمان (پارسچە)»…

(4) سۆزلەرنىڭ كۆچمە مەنىدە ئىشلىتىلىشى ۋە بۇ كۆچمە مەنىنىڭ تۇراقلىشىپ قېلىشى نەتىجىسىدە بىر قىسىم مەنىداش سۆزلەر بارلىققا كېلىدۇ. مەسىلەن:

دۇنيا — جاھان، ئالەم، يەر يۈزى

دۇنيا — بايلىق، مال ـ مۈلۈك

ئاياغ — پۇت

ئاپاغ — ئاخىر ، كېيىن

ئەسكى — كونا

ئەسكى — ناچار ، يامان

مەنىداش سۆزلەر نۇتۇقتا مەزمۇننى توغرا ، ئەينەن ئىپادىلەشكە ، پىكىر - ھېسسىياتتىكى تۈرلۈك ئىنچىكە ، نازۇك پەرقلەرنى ئېنىق ئىپادىلەشكە ، نۇتۇقنىڭ جانلىقلىقىنى ئاشۇرۇشقا ، ئىنتوناتسىيىنى كۈچەيتىپ ، مەزمۇننى گەۋدىلەندۈرۈشكە ياردەم بېرىدۇ .

## 2 . قارشى مەنىلىك سۆزلەر

ئاساسىي سېمانتىكىلىق ئېلېمېنتلىرى پۈتۈنلەي ئوخشاش ، پەرقلەنگۈچى سېمانتىكىلىق ئېلېمېنتلىرى ئۆزئارا قارىمۇقارشى بولغان سۆزلەر قارشى مەنىلىك سۆزلەر ، دەپ ئاتىلىدۇ . ئاساسىي سېمانتىكىلىق ئېلېمېنتلار دېگىنىمىز ، ئوبيېكتىپ شەيئىلەرنىڭ مەزمۇن دائىرىسىنى (مەنە كاتېگورىيىسىنى ) كۆرسىتىدۇ . پەرقلەنگۈچى سېمانتىكىلىق ئېلېمېنتلار دېگىنىمىز ، مەلۇم بىر شەيئىنىڭ باشقا شەيئىلەردىن پەرقلىنىپ تۇرىدىغان ئۆزىگە خاس بەلگىسىنى كۆرسىتىدۇ . مەسىلەن : «چوڭ» ۋە «كىچىك» دېگەن سۆزلەرنى ئالساق ، ئۇلار تۆۋەندىكىدەك ئىزاھلىنىدۇ :

چوڭ : ھەجمى ، يۈزى ، سان - مىقدارى ، كۈچ - قۇۋۋىتى قاتارلىق تەرەپلىرى ئادەتتىكى ياكى ئۆزىگە سېلىشتۇرۇلغان شەيئىلەرنىڭكىدىن ئارتۇق .

كىچىك : ھەجمى ، يۈزى ، سان - مىقدارى ، كۈچ - قۇۋۋىتى قاتارلىق تەرەپلىرى ئادەتتىكى ياكى ئۆزىگە سېلىشتۇرۇلغان شەيئىلەرنىڭكىدىن كەم .

بۇ ئىزاھلارغا ئاساسەن ، بۇ سۆزلەرنىڭ مەنىلىرىنى تەھلىل قىلىش ئارقىلىق ، بىز ئۇلارنىڭ ئاساسىي سېمانتىكىلىق ئېلېمېنتلىرى ئوخشاشلا شەيئىلەرنىڭ ھەجمى ، يۈزى ، سان - مىقدارى ، كۈچ - قۇۋۋىتى قاتارلىق جەھەتلەردىكى ئەھۋالىنى بىلدۈرۈۋاتقانلىقىنى ، «چوڭ» سۆز-

نىڭ پەرقلىگۈچى سېمانتىكىلىق ئېلېمېنتى ئادەتتىكى ياكى ئۆزگە
سېلىشتۇرۇلغان شەيئىلەرنىڭكىدىن ئارتۇق ئىكەنلىكى، «كىچىك» سۆ-
زىنىڭ پەرقلىگۈچى سېمانتىكىلىق ئېلېمېنتى ئادەتتىكى ياكى ئۆزگە
سېلىشتۇرۇلغان شەيئىلەرنىڭكىدىن كەم ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز.
ئېنىقكى، ئۇ ئىككى سۆزنىڭ ئاساسىي سېمانتىكىلىق ئېلېمېنتلىرى
پۈتۈنلەي ئوخشاش بولۇپ، پەرقلىگۈچى سېمانتىكىلىق ئېلېمېنتلىرى
«ئارتۇق» ۋە «كەم» لىك جەھەتتە ناھايىتى ئېنىق قارشىلىق مۇناسىۋەت
ھاسىل قىلغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلار قارشى مەنىلىك سۆز ھېسابلىنىدۇ.
شۇڭا، سۆزلەرنىڭ ئۆزئارا قارشى مەنىلىك سۆز بولۇش - بولماسلىقى
ئاۋۋال سۆزلەرنىڭ مەزمۇن دائىرىسىنى كۆرسىتىدىغان ئاساسىي سېما-
نتىكىلىق ئېلېمېنتلارنىڭ ئوخشاش بولۇش - بولماسلىقى، ئاندىن پەرق-
لىگۈچى سېمانتىكىلىق ئېلېمېنتلارنىڭ ئۆزئارا قارىمۇقارشىلىق مۇنا-
سىۋەت ھاسىل قىلىش - قىلالماسلىقى تەرىپىدىن بەلگىلىنىشى كېرەك.

ھەرقانداق بىر تىلنىڭ سۆزلۈكىدە قارشى مەنىلىك سۆزلەر بولى-
دۇ. لېكىن، مەلۇم بىر تىلدىكى ھەرقانداق بىر سۆزنىڭ قارشى مەنى-
لىك سۆزى بولۇۋەرمەيدۇ.

قارشى مەنىلىك سۆزلەر پەقەت ئىككى سۆز بىلەنلا چەكلىنىپ
قالمايدۇ. مەسىلەن: «ئاستا» دېگەن سۆز بىلەن «تېز، ئىتتىك،
ئىلدام، چاپسان» دېگەن سۆزلەر ئۆزئارا قارشى مەنىلىك سۆزلەر بولالاي-
دۇ. «ياخشى، ئوبدان» سۆزلىرى بىلەن «ئوسال، ئەسكى، ناچار»
دېگەندەك سۆزلەرمۇ ئۆزئارا قارشى مەنىلىك سۆزلەر بولالايدۇ.

ئۇيغۇر تىلىدا بىر قىسىم قارشى مەنىلىك سۆزلەر دائىم جۈپ
قوللىنىلىش نەتىجىسىدە، جۈپ سۆزلەرنى شەكىللەندۈرگەن. مەسى-
لەن:

ئاز - تولا، باش - ئاياغ، ئىسسىق - سوغۇق، ئاق - قارا،
قىش - ياز، ئېگىز - پەس، بېرىش - كېلىش..

شۇنى ئەسكەرتىپ ئۆتۈش كېرەككى، ئۇيغۇر تىلىدا يەنە ئاساسىي
سېمانتىكىلىق ئېلېمېنتلىرى قىلچىمۇ ئوخشىمايدىغان ھەم پەرقلىگۈچى

سېمانتىكىلىق ئېلېمېنتلىرى ئۆزئارا قارىمۇقارشىلىق مۇناسىۋەتتى ھا-
سىل قىلالمايدىغان بىر قىسىم سۆزلەر ئايرىم كونتېكستلاردا بىر -
بىرىگە قارىمۇقارشى قويۇلۇپ، قارشى مەنىلىك سۆزلەر رولىدا كېلەلەي-
دۇ. مەسىلەن:

① مېۋىلىك دەرەخ ئېگىلىپ تۇرىدۇ، كىشىلەر ئۇنىڭغا تىرەك قويىدۇ؛ مېۋىسىز دەرەخ غادىيىپ تۇرىدۇ، كىشىلەر ئۇنى يۇتاپ تۇرىدۇ.

② ياخشى بىلەن دوست بولسالىڭ، ئېچىلار چېچەكلىرىڭ؛ يامان بىلەن دوست بولسالىڭ، يېرىلار يۈرەكلىرىڭ.

بۇلاردىن مىسال ① دە «تىرەك قويماق» بىلەن «يۇتاپ تۇرماق»، مىسال ② دە «ئېچىلماق» بىلەن «يېرىلماق» دېگەن سۆزلەر بىر-بىرىگە قارىمۇقارشى قويۇلغان. لېكىن، ئۇلار شۇ كونتېكستىن ئايرىل-سا، قارىمۇقارشى مۇناسىۋەتتە بولالمايدۇ. شۇڭا، ئۇلار ئادەتتە لېكسىكا نۇقتىسىدىن سۆزلىنىدىغان قارشى مەنىلىك سۆزلەر ھېسابلانمايدۇ. پە-قەت ئىستىلىستىكىلىق قارشى مەنىلىك سۆزلەر ھېسابلىنىدۇ.

قارشى مەنىلىك سۆزلەر تۆۋەندىكىدەك سەۋەبلەردىن بارلىققا كېلىدۇ:

(1) ئوبيېكتىپ شەيئى ۋە ھادىسىلەر ئوتتۇرىسىدىكى قارىمۇ قارشى-لىق مۇناسىۋەت تىلدا قارشى مەنىلىك سۆزلەرنى شەكىللەندۈرىدۇ. مەسىلەن: يەر شارىنىڭ ئۆز ئوقى ئەتراپىدا توختىماي ئايلىنىشىدىن ئىبارەت بۇ تەبىئىي ھادىسە بولغاچقا، تىلدا «كېچە - كۈندۈز»، «كۈن-تۈن» دېگەندەك قارشى مەنىلىك سۆزلەر بارلىققا كەلگەن. دۇنيادا تۇغۇ-لۇش ۋە ئۆلۈش ھادىسىسى بولغاچقا، تىلدا «ئۆلۈك - تىرىك»، «ئۆ-لۈش - تىرىلىش» دېگەندەك قارشى مەنىلىك سۆزلەر شەكىللەنگەن. ئوبيېكتىپ شەيئىلەردە ئېغىرلىق ۋە يېنىكلىكتىن ئىبارەت بۇ ئالاھىدە-لىك بولغاچقا، تىلدا «ئېغىر - يېنىك» دېگەندەك قارشى مەنىلىك سۆزلەر بارلىققا كەلگەن.

(2) تىل ئادىتىمۇ قارشى مەنىلىك سۆزلەرنى شەكىللەندۈرۈشنىڭ مۇھىم بىر ئاساسى. بۇ، بىر قىسىم ئوبيېكتىپ شەيئى ۋە ھادىسىلەر ئوتتۇرىسىدىكى قارىمۇ قارشىلىق مۇناسىۋىتىنىڭ تىلدا قارشى مەنىلىك سۆز بولۇپ شەكىللىنەلمەيدىغانلىقى، ئەكسىچە، ئەسلىدە قارىمۇ قارشىلىق

مۇناسىۋەتتى بولىدىغان شەيئى ۋە ھادىسىلەرنى ئىپادىلەيدىغان سۆزلەرنىڭ تىلدا قارشى مەنىلىك سۆز بولۇپ شەكىللىنىدىغانلىقىغا قارىتىلغان. مەسىلەن: «ئوت» بىلەن «سۇ»، «مۇشۇك» بىلەن «چاشقان»، «قوي» بىلەن «بۆرە» دېگەن سۆزلەردىن ئىپادىلەنگەن شەيئىلەر ئەسلىدە قارىمۇقارشىلىق مۇناسىۋەتتە ئىگە بولىسىمۇ، لېكىن ئۇلار تىلدا قارشى مەنىلىك سۆزلەرنى شەكىللەندۈرەلمىگەن. سەۋەبى ئۇلار كىشىلەرنىڭ تىل ئادىتى ئاساسىغا ئىگە بولالمىغان. «ئاق» بىلەن «قارا»، «قىش» بىلەن «ياز» دېگەن سۆزلەردىن ئىپادىلىنىدىغان شەيئى ياكى ئالاھىدىلىك تېگى - تەكتىدىن ئالغاندا، ئۇ دەرىجىدە قارىمۇ قارشىلىق مۇناسىۋەتتىگە ئىگە ئەمەس. لېكىن، ئۇلار ئۇزاق مۇددەت ئۇزئارا سېلىشتۇرۇلۇپ قوللىنىلىش نەتىجىسىدە، ئىجتىمائىي تىل ئادىتى تەرىپىدىن ئېتىراپ قىلىنىپ، تىل ئادىتى ئاساسىنى تۇرغۇزغان. شۇڭا، ئۇلار تىلدا قارشى مەنىلىك سۆز بولۇپ شەكىللەنگەن.

(3) سۆز مەنىسىنىڭ ئۆزگىرىشى سەۋەبىدىنمۇ بەزى قارشى مەنىلىك سۆزلەر شەكىللىنىدۇ. مەسىلەن: «ئىتتىك» دېگەن سۆز ئەسلىي مەنىسى ئارقىلىق «ئاستا» دېگەن سۆز بىلەن قارشى مەنىلىك سۆزنى شەكىللەندۈرسە، كېڭەيگەن (كۆچمە) مەنىسى ئارقىلىق «گال» سۆزى بىلەن قارشى مەنىلىك سۆزنى شەكىللەندۈرگەن. «قېلىن» دېگەن سۆز ئەسلىي مەنىسى بىلەن «نېپىز» دېگەن سۆزگە قارشى مەنىلىك سۆز بولالىسا، كېڭەيگەن (كۆچمە) مەنىسى بىلەن «شالاڭ» دېگەن سۆزگە، يەنە بىر كېڭەيگەن مەنىسى بىلەن «تارتىنچاق» دېگەن سۆزگە، يەنە بىر كېڭەيگەن مەنىسى بىلەن «ئىنچىكە» دېگەن سۆزگە قارشى مەنىلىك سۆز بولالايدۇ. (4) باشقا تىللاردىن سۆز قوبۇل قىلىش نەتىجىسىدىمۇ بىر قىسىم قارشى مەنىلىك سۆزلەر بارلىققا كېلىدۇ. مەسىلەن:

ئاكتىپ (رۇسچە) - پاسسىپ (رۇسچە < لاتىنچە)

كونكرېت (رۇسچە < لاتىنچە) - ئابستراكت (رۇسچە)

ئوبيېكتىپ (رۇسچە < لاتىنچە) - سۇبيېكتىپ (رۇسچە < لاتىنچە)

چىلاق (خەنزۇچە) - جا (خەنزۇچە)

قارشى مەنىلىك سۆزلەرنىڭ چېگرىسى توۋەندىكى ئۆلچەملەرگە ئاساسەن بېكىتىلىدۇ:

(1) قارشى مەنىلىك سۆزلەر مەنە جەھەتتىن چوقۇم بىر ئورتاق مەنە كاتېگورىيىسىگە تەۋە بولۇشى كېرەك. بۇ — ئورتاق مەنە كاتېگورىيىسى قارشى مەنىلىك سۆزلەرنى شەكىللەندۈرۈشنىڭ ئاساسى. ئورتاق مەنە كاتېگورىيىسىز قارشى مەنىلىك سۆزلەر شەكىللەنمەيدۇ، دېگەنلىك تۇر. چۈنكى، قارشى مەنىلىك سۆزلەرنىڭ مەنە جەھەتتىكى قارىمۇقارشىلىقى بىر ئورتاق مەنە كاتېگورىيىسىنىڭ قارىمۇقارشى ئىككى تەرىپى بولۇپ، مۇناسىۋەت جەھەتتىن تەكشۈرگەندە، ئورتاق مەنە كاتېگورىيىسى بىلەن ئۇنىڭغا تەۋە بولغان قارىمۇقارشى سۆزلەرنىڭ مەنىلىرى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت ئىچىگە ئېلىش - ئېلىنىش مۇناسىۋىتى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. مەسىلەن: «تېز» بىلەن «ئاستا» دېگەن سۆزلەر «سۈرئەت» تىن ئىبارەت مەنە كاتېگورىيىسىگە تەۋە. «سۈرئەت» دېگەن سۆزدە ئىپادىلەنگەن مەنە «تېز» بىلەن «ئاستا» دېگەن سۆزلەرنىڭ مەنىلىرىنى تولۇق ئىچىگە ئالىدۇ. يەنە بىر جەھەتتىن، «سۈرئەت» دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى ئىچىگە ئېلىنىدىغان «تېز» بىلەن «ئاستا» دېگەن سۆزلەر مەنە جەھەتتە بىر - بىرىنى چەتكە قاقىدۇ.

(2) قارشى مەنىلىك سۆزلەر خاراكتېر جەھەتتىن ئەينى بىر سۆز تۈركۈمىگە مەنسۇپ بولۇشى كېرەك. مەسىلەن: «دوزاخ - جەننەت، ئەر - ئايال، مۇھەببەت - نەپرەت» دېگەن قارشى مەنىلىك سۆزلەر ئىسىم ھېسابلانسا، «قاتتىق - يۇمشاق، ئورۇق - سېمىز، ئوچۇق - يېپىق» دېگەن قارشى مەنىلىك سۆزلەر سۈپەت ھېسابلىنىدۇ. «بارماق - كەلمەك، ئولتۇرماق - قوپماق، يەڭمەك - يېڭىلمەك» دېگەن قارشى مەنىلىك سۆزلەر پېئىل ھېسابلانسا، «ئىلگىرى - كېيىن» دېگەن قارشى مەنىلىك سۆزلەر رەۋىش ھېسابلىنىدۇ. «ئۆز - يات» دېگەن قارشى مەنىلىك سۆزلەر ئالماش ھېسابلىنىدۇ.

(3) قارشى مەنىلىك سۆزلەر ھەجىم جەھەتتىن باراۋەر بولۇشى كېرەك. بۇ قائىدە مۇنداق ئىككى مەزمۇننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ:

بىرى ، قارشى [illegible]
سۆزلەردىن تەركىب تېپىش ، ياكى بىراقلا سۆز بىرىكمىسىدىن تەركىب تېپىشى كېرەك (گەرچە سۆز بىرىكمىلىرىدىن تەركىب تاپقانلىرى ئىنكارسىكا ئۇقتىسىدىن سۆزلىنىدىغان قارشى مەنىلىك سۆز ھېسابلانمىسىمۇ) . ئەگەر بۇنداق بولماي سۆز بىلەن سۆز بىرىكمىسى بىر ـ بىرىگە قارىمۇقارشى قىلىپ قويۇلسا ، ئۇلارنىڭ ھەجمى تولۇق ماس بولماي ، بىرى چوڭ ، يەنە بىرى كىچىك بولۇپ قېلىشتەك تەڭپۇڭسىزلىق ھالەت شەكىللىنىدۇ ھەم ئۇلارنىڭ ئورتاق مەنە كاتېگورىيىسىنى بېكىتىشمۇ قىيىنغا چۈشىدۇ . مەسىلەن : «خۇش پۇراق» دېگەن بىرىكمە بىلەن «سېسىق پۇراق» دېگەن بىرىكمە ئۆزئارا قارشى مەنىلىك بىرىكمە بولالايدۇكى ، ھەرگىزمۇ «خۇش پۇراق» بىلەن «سېسىق» ياكى «سېسىق پۇراق» بىلەن «خۇش» ئۆزئارا قارشى مەنىلىك سۆزلەرنى ھاسىل قىلالمايدۇ . شۇڭا ، قارشى مەنىلىك سۆزلەر چوقۇم سۆز بىلەن سۆزدىن تەركىب تېپىشى كېرەك .

يەنە بىرى ، قارشى مەنىلىك سۆزلەر ياكى ساپ تۈپ سۆزلەردىن ، ياكى ساپ ياسالما سۆزلەردىن تەركىب تېپىشى كېرەك . بىرى تۈپ سۆز ، يەنە بىرى ياسالما سۆز بولۇپ قالسا بولمايدۇ . مەسىلەن :

ياخشى ـ يامان √ ياخشىلىق ـ يامانلىق √
ياخشىلىق ـ يامان × ياخشى ـ يامانلىق ×
قاتتىق ـ يۇمشاق √ قاتتىق ـ يۇمشاق √
قاتتىق ـ يۇمشاق × قاتتىق ـ يۇمشاق ×
ئىلغار ـ قالاق √ ئىلغارلىق ـ قالاقلىق √
ئىلغارلىق ـ قالاق × ئىلغار ـ قالاقلىق ×
قاتتىقلىق ـ يۇمشاقلىق √ قاتتىق ـ يۇمشاقلىق ×

(4) قارشى مەنىلىك سۆزلەر بىرى بولۇشلۇق ، يەنە بىرى شۇ سۆزنىڭ بولۇشسىز ياكى ئىنكار شەكلى بولۇپ قالماسلىقى كېرەك . بۇ ، قارشى مەنىلىك سۆزلەر تەبىئىي ھالدا قارىمۇقارشىلىقتا ئىگە بولۇشى ، قارىمۇقارشى يۆنىلىشتە بولۇشى كېرەككى ، ھەرگىزمۇ خالىغان بىر

سۆزنى ئىككى قىلىش ئارقىلىق ئۇلارنى ئوتتۇرا قارىمۇقارشى قويۇپ ، سۆزنى ھالدا قۇراشتۇرۇلماسلىقى كېرەك ، دېگەنلىكتۇر . چۈنكى ، قارشى مەنىلىك سۆزلەر قارىمۇقارشىلىق مۇناسىۋەتنى ئەكس ئەتتۇرىدۇ ، زىت مۇناسىۋەتنى ئەكس ئەتتۈرمەيدۇ . مەسىلەن :

ئەتىگەن ـ كەچ √ ئەتىگەن ـ ئەتىگەن ئەمەس ×

ياخشى ـ يامان √ ياخشى ـ يامان ئەمەس ×

تۈزلۈق ـ تۈزسىز √ تۈزلۈق ـ تۈزى يوق ×

توغرا ـ ناتوغرا ، √ توغرا ـ توغرا ئەمەس ×

باردى ـ كەلدى √ باردى ـ بارمىدى ×

بۇ مىساللاردىن «×» بەلگىسى قويۇلغان تەركىبلەر ئۆزىنىڭ ئالدىدىكى سۆزلەرگە قارشى مەنىلىك سۆز بولالمايدۇ . چۈنكى ، ئۇلار ئالدىدىكى سۆزلەرنىڭ ئىنكار شەكلى بولۇپ ، ئۇلار ئادەتتە مۇئەييەن بەلگىگە ئىگە ئۇقۇمغا ۋەكىللىك قىلالمايدۇ .

لوگىكا نۇقتىسىدىن كۆزەتكەندە ، قارشى مەنىلىك سۆزلەرنىڭ مەنىلىرى بىر جىنس ئۇقۇم ئىچىدىكى بىر ـ بىرىگە قارىمۇقارشى بولغان ئىككى تۈر ئۇقۇمغا ۋەكىللىك قىلىدۇ . مەسىلەن : «ئاق» بىلەن «قارا» دېگەن سۆزلەر «رەڭ» دىن ئىبارەت بۇ جىنس ئۇقۇم ئىچىدىكى بىر ـ بىرىگە قارىمۇقارشى بولغان ئىككى تۈر ئۇقۇمغا ۋەكىللىك قىلىدۇ ، چۈنكى «رەڭ» سۆزىدىن ئىپادىلەنگەن ئۇقۇمنىڭ ھەجمى «ئاق» ۋە «قارا» سۆزلىرىدىن ئىپادىلەنگەن ئۇقۇملارنىڭ ھەجمىنى پۈتۈنلەي ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ . يەنە بىر جەھەتتىن ، «رەڭ» دېگەن سۆزدىن ئىپادىلەنگەن ئۇقۇمنىڭ ھەجمىنىڭ ئىچىگە ئېلىنغان «ئاق» بىلەن «قارا» سۆزلىرىدىن ئىپادىلەنگەن ئۇقۇملارنىڭ ھەجىملىرى ئۆزئارا سىغىشمايدۇ ، بىر ـ بىرىنى چەتكە قاقىدۇ .

قارشى مەنىلىك سۆزلەر مەنە جەھەتتىن بىر ـ بىرىگە قارىمۇقارشى بولۇش بىلەن بىللە ، يەنە بىر ـ بىرىگە باغلىنىشلىق بولىدۇ . بىر ـ بىرىگە بېقىنىدۇ ، بىر ـ بىرىنى شەرت قىلىدۇ . مەسىلەن : «توغرا» بىلەن «خاتا» سۆزلىرىنى مىسالغا ئالساق ، بىرىنچىدىن ، ئۇلار مەنە

بىرىنى شەرت قىلغان. يەنى، «خاتا» دېگەن سۆز بولمىسا، «توغرا» دېگەن سۆز ئۆز مەۋجۇتلۇقىنى يوقىتىدۇ، ئوخشاشلا «توغرا» دېگەن سۆز بولمىسا «خاتا» دېگەن سۆزنىڭ بولۇشىدىن ئېغىز ئاچقىلى بولمايدۇ.

قارشى مەنىلىك سۆزلەرنى لوگىكىدىكى ئۇقۇملارنىڭ ھەجىملىرى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت نۇقتىسىدىن مۇتلەق قارشى مەنىلىك سۆزلەر ۋە نىسپىي قارشى مەنىلىك سۆزلەر دېگەن ئىككى تۈرگە بۆلۈشكە بولىدۇ.

(1) مۇتلەق قارشى مەنىلىك سۆزلەر

بىر جىنس ئۇقۇمنىڭ ھەجمى ئىچىدىكى بىر ــ بىرىگە قارىمۇقارشى ئىككىلا تۈر ئۇقۇمنى ئىپادىلەيدىغان قارشى مەنىلىك سۆزلەر مۇتلەق قارشى مەنىلىك سۆزلەر، دەپ ئاتىلىدۇ. مۇنداقچە ئېيتقاندا، قارشى مەنىلىك سۆزلەردىكى ئىككى پەرقلىگۈچى سېمانتىكىلىق ئېلېمېنتنىڭ يىغىندىسى ئاساسىي سېمانتىكىلىق ئېلېمېنتلاردا ئىپادىلەنگەن مەنىنىڭ دائىرىسى بىلەن باباراۋەر بولسا، يەنى پەرقلىگۈچى سېمانتىكىلىق ئېلېمېنت + پەرقلىگۈچى سېمانتىكىلىق ئېلېمېنت = ئاساسىي سېمانتىكىلىق ئېلېمېنت بولسا، بۇ خىلدىكى قارشى مەنىلىك سۆزلەر مۇتلەق قارشى مەنىلىك سۆزلەر ھېسابلىنىدۇ. مۇتلەق قارشى مەنىلىك سۆزلەر مۇنداق ئىككى تۈرلۈك ئالاھىدىلىككە ئىگە:

① مۇتلەق قارشى مەنىلىك سۆزلەر بىر جىنس ئۇقۇمنىڭ ھەجمى ئىچىدىكى ئۆزئارا قارىمۇقارشى بولغان ئىككىلا تۈر ئۇقۇمنى ئىپادىلەيدىغان قارشى مەنىلىك سۆزلەر بولغاچقا، ئۇ خىل قارشى مەنىلىك سۆزلەردىن ئىپادىلىنىدىغان ئۇقۇملارنىڭ ھەجىملىرىنىڭ يىغىندىسى (مەنە دائىرىسى) ئۆزى مەنسۇپ بولغان شۇ جىنس ئۇقۇمنىڭ ھەجمىگە (مەنە دائىرىسىگە) باباراۋەر بولىدۇ. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئۈچىنچى بىر ئۇقۇم (ئارىلىق ئۇقۇم) نى ئىپادىلەيدىغان باشقا بىر سۆز بولمايدۇ. مەسىلەن: «ئەر» بىلەن «ئايال» دېگەن سۆزلەردىن ئىپادىلەنگەن مەنىنىڭ دائىرىسى (ئۇقۇمنىڭ ھەجىملىرى) نىڭ يىغىندىسى «جىنس» دېگەن سۆزدىن

ئىپادىلەنگەن مەنىسىنىڭ دائىرىسىگە (ھەجمىگە) تەڭ بولىدۇ.

② مۇتلەق قارشى مەنىلىك سۆزلەردە ئىپادىلەنگەن مەنە ئەگەر ئۇ a بولسا، جەزمەن b بولمايدۇ؛ ئەگەر ئۇ a بولمىسا، جەزمەن b بولىدۇ. ئوخشاشلا ئەگەر ئۇ b بولسا، جەزمەن a بولمايدۇ؛ ئەگەر ئۇ b بولمىسا، چوقۇم a بولىدۇ. ئىشقىلىپ ئىككىسىدىن بىرى بولىدۇ، ھەم a، ھەم b بولىدىغان ياكى a مۇ ئەمەس، b مۇ ئەمەس، بەلكى ئۈچىنچى بىر خىل ئەھۋال مەۋجۇت بولۇشتەك ھادىسە بولمايدۇ. مەسىلەن: «ئەر» بىلەن «ئايال» سۆزلىرىنى مىسالغا ئالساق، مەلۇم بىر كىشى ئەگەر ئۇ «ئەر» بولسا، ئۇ چوقۇم «ئايال» بولمايدۇ؛ ئۇ كىشى ئەگەر «ئەر» بولمىسا، جەزمەن «ئايال» بولىدۇ. ئوخشاشلا ئەگەر ئۇ كىشى «ئايال» بولسا، ئۇ چوقۇم «ئەر» بولمايدۇ؛ ئەگەر ئۇ كىشى «ئايال» بولمىسا، چوقۇم «ئەر» بولىدۇ. ئىشقىلىپ ئۇ كىشى يا «ئەر»، يا «ئايال». ئۇ كىشىنىڭ ھەم «ئەر»، ھەم «ئايال» بولۇشى ياكى «ئەر» مۇ ئەمەس، «ئايال» مۇ ئەمەس، بەلكى ئۈچىنچى بىر خىل جىنسلىق ئادەم بولۇشى مۇمكىن ئەمەس.

(2) نىسپىي قارشى مەنىلىك سۆزلەر

بىر جىنس ئۇقۇم ئىچىدىكى بىر قانچە (ئاز بولغاندا ئۈچ ياكى ئۈنىڭدىن ئارتۇق) تۈر ئۇقۇمنى ئىپادىلەيدىغان سۆزلەردىن پەقەت ئىككىسىنىڭلا مەنە جەھەتتە بىر - بىرىگە قارىمۇقارشى قويۇلۇشى نىسپىي قارشى مەنىلىك سۆزلەر، دەپ ئاتىلىدۇ. مۇنداقچە ئېيتقاندا، قارشى مەنىلىك سۆزلەردىكى ئىككى پەرقلەنگۈچى سېمانتىكىلىق ئېلېمېنتنىڭ يىغىندىسى ئاساسىي سېمانتىكىلىق ئېلېمېنتلاردا ئىپادىلەنگەن مەنىنىڭ دائىرىسىدىن كىچىك بولسا، يەنى «پەرقلەنگۈچى سېمانتىكىلىق ئېلېمېنت + پەرقلەنگۈچى سېمانتىكىلىق ئېلېمېنت < ئاساسىي سېمانتىكىلىق ئېلېمېنت» بولسا، بۇ خىلدىكى قارشى مەنىلىك سۆزلەر نىسپىي قارشى مەنىلىك سۆزلەر ھېسابلىنىدۇ. نىسپىي قارشى مەنىلىك سۆزلەر مۇنداق ئىككى خىل ئالاھىدىلىككە ئىگە:

دىكى ئۈچ ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق تۈر ئۇقۇمنى ئىپادىلەيدىغان شۇ سۆزلەردىن پەقەت ئىككىسىلا مەنە جەھەتتىن قارىمۇقارشى قويۇلغاچقا، ئۇلاردا ئىپادىلەنگەن ئۇقۇملارنىڭ ھەجىملىرىنىڭ يىغىندىسى ئۆزى مەنسۇپ بولغان جىنس ئۇقۇمىنىڭ ھەجىمىدىن كىچىك بولىدۇ. ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئارىلىق ئۇقۇمنى ئىپادىلەيدىغان سۆزلەرمۇ بولىدۇ. مەسىلەن: «ئاق» بىلەن «قارا» نى مىسالغا ئالساق، ئۇ ئىككى سۆزدە ئىپادىلەنگەن ئۇقۇملارنىڭ ھەجىملىرىنىڭ يىغىندىسى «رەڭ» دېگەن سۆزدىن ئىپادىلەنگەن ئۇقۇمنىڭ ھەجىمىدىن كىچىك بولىدۇ. چۈنكى، «رەڭ» نىڭ ھەممىسى «ئاق» بىلەن «قارا» نىڭ يىغىندىسى ئەمەس، ئۇلاردىن باشقا يەنە نۇرغۇن رەڭ تۈرلىرى بار.

② نىسپىي قارشى مەنىلىك سۆزلەردە، ئەگەر a بولسا، جەزمەن b بولمايدۇ، لېكىن a بولمىسا، b جەزمەن بولىدۇ، دەپ مۇئەييەنلەشتۈرگىلى بولمايدۇ، چۈنكى a بولمىسا، b بولۇشىمۇ مۇمكىن، بولماسلىقىمۇ مۇمكىن. شۇڭا، a بولمىسا، b نىڭ بولۇش - بولماسلىقى ناتايىن بولىدۇ. ئوخشاشلا ئەگەر b بولسا، ئۇ چوقۇم a بولمايدۇ، لېكىن b بولمىسا، ئۇنى جەزمەن a بولىدۇ، دەپ مۇئەييەنلەشتۈرگىلى بولمايدۇ. چۈنكى، ئۇ b بولمىسا، a بولۇشىمۇ مۇمكىن، بولماسلىقىمۇ مۇمكىن. شۇڭا، b بولمىسا، a نىڭ بولۇش - بولماسلىقى ناتايىن بولىدۇ. مەسىلەن: «قىش» بىلەن «ياز» دېگەن سۆزلەرنى ئالساق، بۇ پەسىل «قىش» بولسا، ئۇ جەزمەن «ياز» بولمايدۇ، لېكىن ئۇ پەسىل «قىش» بولمىسا، ئۇ پەسىلنى جەزمەن «ياز» دەپ مۇئەييەنلەشتۈرگىلى بولمايدۇ. چۈنكى، ئۇ پەسىل «ياز» بولۇشىمۇ مۇمكىن، «ياز» بولماي، بەلكى «كۈز» ياكى «ئەتىياز» بولۇشىمۇ مۇمكىن. ئوخشاشلا، ئۇ پەسىل «ياز» بولسا، ئۇ چوقۇم «قىش» بولمايدۇ. لېكىن، ئۇ پەسىل «ياز» بولمىسا، ئۇ پەسىلنى چوقۇم «قىش» دەپ مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە بولمايدۇ. چۈنكى، ئۇ پەسىل ئېھتىمال «قىش»

بولۇشىمۇ مۇمكىن، «قىش» بولماي، بەلكى «كۆز» ياكى «ئەتىياز» بولۇشىمۇ مۇمكىن.

قارشى مەنىلىك سۆزلەرنىڭ تىلدىكى رولى جەھەتتىن ئالغاندا، ئۇلار جايىدا قوللىنىلسا، شەيئى ۋە ھادىسىلەر ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتلەرنى ئېچىپ بەرگىلى، قارىمۇقارشىلىقنى گەۋدىلەندۈرگىلى بولىدۇ. ئۇلار تىلدا روشەن سېلىشتۇرما ھاسىل قىلىپ، پىكىرنىڭ جانلىق، ئېنىق، تەسىرلىك بولۇشىغا ياردەم بېرىدۇ، نۇتۇقنى ئاھاڭدارلىققا ئىگە قىلىدۇ.

## 【مۇھاكىمە سوئاللىرى】

1. مەنىداش سۆزلەر دېگەن نېمە؟
2. مەنىداش سۆزلەر گۇرۇپپىسىدىكى سۆزلەرنىڭ يادرو سۆزى قانداق ئالاھىدىلىكلەرگە ئاساسەن بېكىتىلىدۇ؟ مىسال بىلەن چۈشەندۈرۈڭ.
3. مەنىداش سۆزلەر گۇرۇپپىسى ئىچىدىكى سۆزلەر قايسى جەھەتلەردە بىر - بىرىدىن پەرقلىنىدۇ؟ مىسال بىلەن چۈشەندۈرۈڭ.
4. مەنىداش سۆزلەرنىڭ بارلىققا كېلىش يوللىرىنى مىسال ئارقىلىق چۈشەندۈرۈڭ.
5. قارشى مەنىلىك سۆز دېگەن نېمە؟
6. قارشى مەنىلىك سۆزلەر قانداق سەۋەبلەردىن بارلىققا كېلىدۇ؟ مىسال بىلەن چۈشەندۈرۈڭ.
7. قارشى مەنىلىك سۆزلەرنى بېكىتىشنىڭ ئۆلچىمى نېمە؟ مىسال بىلەن چۈشەندۈرۈڭ.
8. قارشى مەنىلىك سۆزلەر قانداق تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ؟ مىسال بىلەن چۈشەندۈرۈڭ.

# § 5. سۆزلەرنىڭ ئاھاڭ ۋە شەكىل جەھەتتىن تۈركۈملىنىشى

## 1. ئاھاڭداش سۆزلەر

تەلەپپۇز قىلىنىشى ۋە يېزىلىشى پۈتۈنلەي ئوخشايدىغان، ئەمما ئىپادىلىگەن مەنىلىرى ئۆزئارا باغلىنىشقا ئىگە بولمىغان ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق سۆز ئاھاڭداش سۆزلەر، دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن:

ئات I. بىر تۈرلۈك ئۆي ھايۋىنى (ئاتقا مىنمەك).

ئات II. نام، ئىسىم (ئات قويماق).

ئات III. تاشلا، (سوغا تاش ئات).

يان I. تەرەپ (ئوڭ يان).

يان II. قايت (ئارقاڭغا يان).

يان III. ئوتاش، كۆيۈشكە باشلا (ئوت ياندى)

ئاھاڭداش سۆزلەر تۆۋەندىكى ئۆلچەملەرگە ئاساسەن بېكىتىلىشى كېرەك:

1) ئاھاڭداش سۆزلەرنىڭ قۇرۇلما جەھەتتىكى ئۆلچىمىنى بېكىتىشتە، سۆزلەرنىڭ لېكسىكىلىق شەكلى ئۆلچەم قىلىنىشى كېرەككى، ھەرگىزمۇ لېكسىكىلىق شەكلى بىلەن گراماتىكىلىق شەكلى ياكى بىر نەچچە خىل گراماتىكىلىق شەكىللەر بىرلا ۋاقىتتا ئۆلچەم قىلىنماسلىقى كېرەك. بۇ قائىدە تۆۋەندىكى مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ:

(1) مەلۇم بىر تۈپ سۆز بىلەن يەنە بىر تۈپ سۆزنىڭ تۈرلەنگەن شەكلى تەلەپپۇز ۋە يېزىلىش جەھەتتە ئۆزئارا ئوخشاپ قالسا، ئۇلار ئۆزئارا ئاھاڭداش سۆزلەر ھېسابلانمايدۇ. مەسىلەن: «پۇت، قول پەنجىلىرىنىڭ ھەربىرى» نى بىلدۈرىدىغان «بارماق» دېگەن تۈپ سۆز بىلەن «بار» پېئىلىنىڭ ئىسىمداش شەكلى بولغان «بارماق» دېگەن گراماتىكىلىق شەكىل؛ مېۋىنىڭ بىر تۈرىنى بىلدۈرىدىغان «ئالما» دېگەن تۈپ سۆز بىلەن «ئال» پېئىلىنىڭ بولۇشسىزلىق شەكلى بولغان

«ئالما» دېگەن گرامماتىكىلىق شەكىل ئۆزئارا ئاھاڭداش سۆزلەر بولالمايدۇ. چۈنكى، ئۇلارنىڭ بىرى لېكسىكىلىق شەكىل، يەنە بىرى گرامماتىكىلىق شەكىل.

(2) ئاھاڭداش مۇستەقىل مورفېمىلارغا ئاھاڭداش قوشۇمچىلار ئۇلانغاندىن كېيىن، ئۇلار تەلەپپۇز ۋە يېزىلىش جەھەتتە ئۆزئارا ئوخشاپ قالسا، ئۇلار ئاھاڭداش سۆزلەر ھېسابلانمايدۇ. مەسىلەن: «ئاق» دېگەن سۈپەت خاراكتېرلىك مۇستەقىل مورفېمىغا پېئىل ياسىغۇچى قوشۇمچە «-ار» نىڭ ئۇلىنىشىدىن ھاسىل بولغان «ئاقار- (چاچ ئاقارماق)» دېگەن ياسالما پېئىل بىلەن «ئاق-» دېگەن پېئىل خاركتېرلىك مۇستەقىل مورفېمىغا سۈپەتداش قوشۇمچىسى «-ار» نىڭ ئۇلىنىشىدىن ھاسىل بولغان «ئاقار (ئاقار يۇلتۇز)» دېگەن گرامماتىكىلىق شەكىل؛ «مەلۇم بىر خىل كۈچ، ئۇسۇل، چارە ياكى ئامال، سەۋەب پەيدا قىلغان ئىجابىي نەتىجە» دېگەن مەنىدىكى «ئۈنۈم» دېگەن ياسالما سۆز بىلەن ئاۋاز مەنىسىدىكى «ئۈن» سۆزىنىڭ I شەخس، بىرلىك شەكلى بولغان «ئۈنۈم» دېگەن گرامماتىكىلىق شەكىل ئۆزئارا ئاھاڭداش سۆزلەر بولالمايدۇ. چۈنكى، ئۇلارنىڭ بىرى لېكسىكىلىق شەكىل، يەنە بىرى گرامماتىكىلىق شەكىل.

(3) ئەينى بىر مۇستەقىل مورفېمىغا ئاھاڭداش قوشۇمچىلار ئۇلانغاندىن كېيىن، ئۇلار تەلەپپۇز ۋە يېزىلىش جەھەتتە ئۆزئارا ئوخشاپ قالسا، ئۇلار ئاھاڭداش سۆزلەر ھېسابلانمايدۇ. مەسىلەن: «يازما يادىكارلىقلارنى رەتلىمەك، قۇيماقنى كۆپ يېمەك، تاماكىنى چاقماقتا تۇتاشتۇرماق» دېگەن بىرىكمىلەر تەركىبىدىكى «يازما، قۇيماق، چاقماق» دېگەن سۆزلەر بىلەن «تامغا خەت يازما، گۈلگە سۇ قۇيماق، ياڭاق چاقماق» دېگەن بىرىكمىلەر تەركىبىدىكى «يازما، قۇيماق، چاقماق» دېگەن گرامماتىكىلىق شەكىللەر ئۆزئارا ئاھاڭداش سۆزلەر بولالمايدۇ. چۈنكى، ئۇلاردىن ئالدىنقىلىرى لېكسىكىلىق شەكىل بولسا، كېيىنكىلىرى گرامماتىكىلىق شەكىل.

(4) باشقا - باشقا مۇستەقىل مورفېمىلارغا ئەينى بىر تۈرلەنگۈچى

لەن: ئىسىمداش قوشۇمچىسى «-ش» نىڭ «بار-، تاپ-، يات-» دېگەن مۇستەقىل مورفېمىلارغا ئۇلىنىشىدىن ھاسىل بولغان «بېرىش، تېپىش، يېتىش» دېگەن شەكىللەر بىلەن «بەر-، تەپ-، يەت-» دېگەن مۇستەقىل مورفېمىلارغا ئۇلىنىشىدىن ھاسىل بولغان «بېرىش، تېپىش، يېتىش» دېگەن شەكىللەر ئاھاڭداش سۆزلەر بولالمايدۇ. چۈنكى، بىرىنچىدىن، ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىسى گراماتىكىلىق شەكىل، شۇڭا ئۇلار گراماتىكىلىق تەركىبلەردىكى ئاھاڭداشلىق بولۇپ ھېسابلىنىدۇ، ئىككىنچىدىن، ئۇلارنىڭ لېكسىكىلىق شەكىللىرى بىر-بىرىگە تۈپتىن ئوخشاشمايدۇ.

2) دەۋر نۇقتىسىدىن ئالغاندا، پەقەت ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىغا خاس سۆزلەر تەلەپپۇز ۋە يېزىلىش جەھەتتە ئۆزئارا ئوخشاش بولسا ئۇلار ئاھاڭداش سۆزلەر بولالايدۇكى، ھەرگىزمۇ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىغا خاس سۆزلەر بىلەن قەدىمكى سۆزلەر، يەنى ھازىر پۈتۈنلەي ئىستېمالدىن قالغان سۆزلەر تەلەپپۇز ۋە يېزىلىش جەھەتتە ئۆزئارا ئوخشاپ قالسا، ئۇلار ئاھاڭداش سۆزلەر ھېسابلانمايدۇ. مەسىلەن: قەدىمكى ياكى يېقىنقى دەۋرلەردە «داۋان، بەل» دېگەن مەنىلەردە قوللىنىلىدىغان «ئارت» دېگەن سۆز بىلەن ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى «ئارت- (يۈك ئارتماق)» دېگەن سۆز؛ قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا «ئېغىل، قوتان» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدىغان «ئاران» دېگەن سۆز بىلەن ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا «تەستە» دېگەندەك مەنىلەردە قوللىنىلىدىغان «ئاران» دېگەن سۆز ئاھاڭداش سۆزلەر بولالمايدۇ. چۈنكى، ئاھاڭداش سۆزلەر دېگەندە، مەلۇم بىر تىلنىڭ پۈتكۈل دەۋرىدىكى سۆزلەرگە ئەمەس، بەلكى مۇئەييەن بىر دەۋردىكى سۆزلەرگە نىسبەتەن ئېيتىلىدۇ.

3) ئەدەبىي تىل نورمىسىدىن قارىغاندا، پەقەت ئەدەبىي تىلغا خاس سۆزلەر ۋە ئۇلارنىڭ نۇتۇق ئېقىمىدىكى فونېتىكىلىق ئۆزگىرىشلەرگە

مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ :

(1) ئەدەبىي تىلغا خاس سۆزلەر بىلەن دىئالېكت ـ شېۋە سۆزلىرى تەلەپپۇز ۋە يېزىلىش جەھەتتە ئۆزئارا ئوخشاپ قالسا، ئۇلار ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىغا نىسبەتەن ئاھاڭداش سۆزلەر بولالمايدۇ. مەسىلەن : ئەدەبىي تىلدا سۈت ئەمگۈچى ھايۋانلارنىڭ بىر تۈرىنى بىلدۈرىدىغان «بۆكەن» دېگەن سۆز بىلەن دىئالېكت ـ شېۋىلەردە ئەدەبىي تىلدىكى «لوكا» نى بىلدۈرىدىغان «بۆكەن» دېگەن سۆز ؛ ئەدەبىي تىلدىكى تېخى ئېچىلمىغان گۈلنى بىلدۈرىدىغان «پورەك» دېگەن سۆز بىلەن دىئالېكت ـ شېۋىلەردە ئەدەبىي تىلدىكى «زاغرا» نى بىلدۈرىدىغان «پورەك» دېگەن سۆز ؛ ئەدەبىي تىلدا پەلەمپەينىڭ ھەربىر پەللىسىنى بىلدۈرىدىغان «باسقۇچ» دېگەن سۆز بىلەن دىئالېكت ـ شېۋىلەردە ئەدەبىي تىلدىكى «شوتا» نى بىلدۈرىدىغان «باسقۇچ» دېگەن سۆز ئۆزئارا ئاھاڭداش سۆزلەر ھېسابلانمايدۇ. چۈنكى، بىرىنچىدىن، ئۇ تۈردىكى دىئالېكت ـ شېۋە سۆزلىرىنىڭ ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىدا ئۆزلىرىگە مۇناسىپ تەڭداش سۆزلىرى بار. ئىككىنچىدىن، ئۇ تۈردىكى سۆزلەر رايون چەكلىمىلىكىگە ئىگە، يەنى تولىمۇ تار دائىرىدە قوللىنىلىدۇ. شۇڭا، ئۇلار ئەدەبىي تىلغا نىسبەتەن ئاھاڭداش سۆزلەر بولالمايدۇ. ئەگەر ئۇلارنى ئاھاڭداش سۆزلەر دېيىشكە توغرا كەلسە، ئۇلار پەقەت شۇ دىئالېكت ياكى شۇ شېۋە رايونىغا نىسبەتەنلا ئاھاڭداش بولالايدۇ.

(2) ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق سۆزنىڭ بىرى ياكى ھەممىسى نۇتۇقتا فونېتىكىلىق ئۆزگىرىشكە ئۇچرىشى نەتىجىسىدە، تەلەپپۇزىلا ئۆزئارا ئوخشاپ قالسا، ئۇلار ئاھاڭداش سۆزلەر بولالمايدۇ. مەسىلەن : «ئازادلىقتىن بۇرۇن ئىشلىتىلگەن، ئوتتۇرىسى تۆشۈك، مىس ياكى تۆچتىن ياسالغان، قىممىتى تۆۋەن بولغان پۇل» نى بىلدۈرىدىغان «يا:ماق<يارماق» بىلەن «بىرەر نەرسىنىڭ يىرتىلغان، تېشىلگەن ياكى ئۈزۈلگەن جايىنى ياماش ئۈچۈن تەييارلانغان بۇيۇم» نى بىلدۈرىدىغان «ياماق» دېگەن سۆز ئۆزئارا ئاھاڭ-

خاس سۆزلەر بولالمايدۇ . چۈنكى ، ئۇيغۇر تىلىدىكى سۆز تەركىبىدىكى «ر» تاۋۇشى تەلەپپۇزدا چۈشۈپ قالغىنى بىلەن (ئەمەلىيەتتە ، «ر» تاۋۇشى چۈشۈپ قالغان ھالەتتىمۇ ، ئۇلار ئاھاڭداش سۆزلەر بولالمايدۇ . پەقەت شەكىلداشلا بولالايدۇ . چۈنكى ، «ر» تاۋۇشى چۈشۈپ قالغاندىن كېيىن ، ئۇ سۆزنىڭ ئالدىنقى بوغۇمىدىكى «ئا» تاۋۇشى ئۇزۇن سوزۇق تاۋۇشقا ئايلىنىدۇ ) ئىملادا «يارماق» دەپ بېكىتىلگەن .

(3) سۆزلەرنىڭ يەرلىك شېۋىلەردە ئۆلچەمسىز تەلەپپۇز قىلىنىشىدىن تۇراقلىشىپ قالغان شەكىللىرى ئۆزئارا ئوخشاپ قالسا ياكى ئۇلاردىن بىرى ئەدەبىي تىلدىكى بەزى سۆزلەر بىلەن ئوخشاپ قالسا ، ئۇلارنى ئاھاڭداش سۆزلەر دەپ قاراشقا بولمايدۇ . مەسىلەن : ئەدەبىي تىلدىكى «بوسۇغا» دېگەن سۆزنىڭ يەرلىك شېۋىلەردە خاتا تەلەپپۇز قىلىنىشىدىن تۇراقلىشىپ قالغان «بوسۇق» دېگەن سۆز بىلەن ئەدەبىي تىلدىكى «بوغۇرساق» دېگەن سۆزنىڭ يەرلىك شېۋىلەردە خاتا تەلەپپۇز قىلىنىشىدىن تۇراقلىشىپ قالغان «بوسۇق» دېگەن سۆز ؛ ئەدەبىي تىلدىكى كۆرسىتىش ئالمىشى «ئەنە» نىڭ بەزى جايلاردا «ئانا» دەپ تەلەپپۇز قىلىنىشىدىن قىسقىرىپ شەكىللەنگەن «ئانا» بىلەن ئەدەبىي تىلدىكى «پەرزەنتلىك ئايال كىشى» نى بىلدۈرىدىغان «ئانا» دېگەن سۆز ئۆزئارا ئاھاڭداش سۆزلەر بولالمايدۇ . چۈنكى ، ناھايىتى ئاز بىر قىسىم رايونلاردىكى بۇ خىل خاتا تەلەپپۇز بىر پۈتۈن ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىغا ۋەكىللىك قىلالمايدۇ . ئەڭ مۇھىمى ، ئۇلار خاتا تەلەپپۇز قىلىنىشتىن تۇراقلىشىپ قالغان شەكىللەردۇر .

(4) باشقا تىللاردىن تىلىمىزغا قوبۇل قىلىنغان خاس سۆزلەر بىلەن ئەدەبىي تىلدىكى بىر قىسىم سۆزلەر تەلەپپۇز ۋە يېزىلىش جەھەتتە ئۆزئارا ئوخشاپ قالسا ، ئۇلارمۇ ئاھاڭداش سۆزلەر ھېسابلانمايدۇ .

مەسىلەن : ئەدەبىي تىلدا ئاچچىق بىلەن تاتلىق ئوتتۇرىسىدىكى بىر خىل تەمنى بىلدۈرىدىغان «چۈچۈك» دېگەن سۆز بىلەن باللار تىلىغا خاس بولغان ۋە يېشى كىچىك ئوغۇل باللارنىڭ تاناسىل ئەزاسىنى بىلدۈرىدىغان «چۈچۈك (چۈچاق)» دېگەن سۆز ئۆزئارا ئاھاڭداش سۆزلەر بولالمايدۇ . چۈنكى ، باللار تىل ئۆگىنىش باسقۇچىدا تۇرۇۋاتقان بولغاچقا ، ئۇلارنىڭ تىلىنى ئۆلچەملىك تەلەپپۇز بىلەن تەڭ ئورۇنغا قويغىلى بولمايدۇ .

4) سۆزلەرنىڭ قوللىنىلىش دائىرىسىدىن قارىغاندا ، ئىپتىدائىي تىلى ۋە يېزىق تىلىغا ئوخشاشلا ئورتاق بولغان سۆزلەر تەلەپپۇز ۋە يېزىلىش جەھەتتە ئۆزئارا ئوخشاش بولسا ، ئۇلار ئاھاڭداش سۆزلەر بولالايدۇكى ، ئىپتىدائىي تىلى ۋە يېزىق تىلىغا ئورتاق بولغان سۆزلەر بىلەن پەقەت يېزىق تىلىغىلا خاس سۆزلەر تەلەپپۇز ۋە يېزىلىش جەھەتتە ئۆزئارا ئوخشاپ قالسا ، ئۇلارنى ئاھاڭداش سۆزلەر دەپ قاراشقا بولمايدۇ . مەسىلەن : ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ ھەر ئىككى ژانىرىدا ئورتاق قوللىنىلىدىغان «يېگەن تاماق ھەزىم بولماي ، قورساقنى كۆپتۈرمەك» دېگەن مەنىدىكى «ئەس ـ» دېگەن سۆز بىلەن «ئۇر . ، ئۇت ، چىق . ، يەلپۈ .» دېگەندەك مەنىلەردىكى پەقەت يېزىق تىلىغىلا خاس بولغان «ئەس .» دېگەن سۆز ؛ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ ھەر ئىككى ژانىرىدا ئورتاق قوللىنىلىدىغان «كۆڭلىنى ئايىماق» تىكى «ئايا ـ» دېگەن سۆز بىلەن پەقەت يېزىق تىلى ژانىرىدا «ھەي» دېگەن مەنىدە قوللىنىلىدىغان «ئايا» دېگەن سۆز ئاھاڭداش سۆزلەر بولالمايدۇ . چۈنكى ، بىرىنچىدىن ، ئۇلارنىڭ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا تۇتقان ئورنى ئوخشاشمايدۇ . بىرى ھەر ئىككى ژانىردا كەڭ قوللىنىلسا ، يەنە بىرى پەقەت يېزىق تىلىدا ، يەنە كېلىپ ، شېئىرىي ئەسەرلەردىلا قوللىنىلىدۇ . ئىككىنچىدىن ، پەقەت يېزىق تىلىغا خاسلىرىنىڭ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا ئۆزلىرىگە مۇناسىپ تەڭداش

سۆزلىرى بار . ئەڭ مۇھىمى ، ئۇلارنىڭ بىرى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر
تىلىغا نىسبەتەن ئىستېمالدىن قېلىشقا يۈزلەنگەن (توغرىسى ، ئاساسەن
ئىستېمالدىن قالغان ) سۆزلەر ھېسابلىنىدۇ .

5) تەلەپپۇزى ۋە يېزىلىشى ئوخشاش ، ئەمما مەنىلىرى ئۆزئارا
باغلىنىشقا ئىگە بولمىغان سۆزلەردىلا ئۆزئارا ئاھاڭداش سۆزلەر بولالايدۇ-
كى ، پەقەت يېزىلىشىلا ئوخشاش ، لېكىن تەلەپپۇزى ئوخشىمايدىغان
سۆزلەر ئۆزئارا ئاھاڭداش سۆزلەر بولالمايدۇ . مەسىلەن : «ئارىغا چۈش-
مەك» تىكى «ئارا [ara]» بىلەن «ياغاچ ئارا» دىكى «ئارا [a:ra]»
نى ؛ «ئاچا يول» دىكى «ئاچا [atʃa]» بىلەن «ئاچا - سىڭىل» دىكى
«ئاچا [a:tra]» دېگەن سۆزنى ؛ «بولاق مانتا» دىكى «بولاق [bolaq]»
بىلەن «بىر بولاق دورا» دىكى «بولاق [bo:laq]» دېگەن سۆزنى ئاھاڭ-
داش سۆزلەر دەپ قاراشقا بولمايدۇ . چۈنكى ، ئۇلاردىن ئالدىنقى سۆزلەر
تەركىبىدىكى سوزۇق تاۋۇشلار بىردەك قىسقا سوزۇق تاۋۇش بولسا ،
كېيىنكى سۆزلەر تەركىبىدىكى سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ بىرى ئۇزۇن سو-
زۇق تاۋۇش ھېسابلىنىدۇ . ئەمەلىيەتتە ، ئۇلار ئاھاڭداش سۆزلەر ئە-
مەس ، بەلكى شەكىلداش سۆزلەر ھېسابلىنىدۇ .

6) مەنىلىرى بىر ئاساسىي مەنىدىن كېلىپ چىققانلىقتىن ئىبارەت
ئىچكى باغلىنىشقا ئىگە بولمىغان ياكى قەدىمكى دەۋرلەردە ئىچكى باغلى-
نىشقا ئىگە بولسىمۇ ، لېكىن ھازىرقى دەۋردە بۇ خىل باغلىنىش سۇس-
لىشىپ ياكى ئاجىزلىشىپ كەتكەن سۆزلەردىلا تەلەپپۇز ۋە يېزىلىش
جەھەتتە ئۆزئارا ئوخشاش بولسا ، ئۇلار ئاھاڭداش سۆزلەر بولالايدۇكى ،
ھازىرقى دەۋردىمۇ ئىچكى باغلىنىشقا ئېنىق ئىگە بولغان سۆزلەر ئۆزئارا
ئاھاڭداش سۆزلەر ھېسابلانمايدۇ . بۇ قائىدە تۆۋەندىكى مەزمۇنلارنى ئۆز
ئىچىگە ئالىدۇ :

(1) ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا لېكسىكىلىق مەنىلىرى ئۆزئارا
باغلىنىشقا ئىگە بولغان سۆزلەر ئاھاڭداش سۆزلەر ھېسابلانمايدۇ . مە-
سىلەن : «نەرسىلەرنىڭ ھەرقايسى بۆلەكلىرىنىڭ ئۆزئارا تۇتاشقان جا-
يى» نى بىلدۈرىدىغان «بوغۇم» سۆزى بىلەن «ئوچۇق بوغۇم» دىكى

«بوغۇم» سۆزى ؛ «يۇتقۇنچاق ، گال» دېگەن مەنىدىكى «بوغۇز» سۆزى بىلەن «تەيۈەن بوغۇزى» دىكى «بوغۇز» سۆزى ؛ «قىز تەرەپكە ئەلچى ئەۋەتمەك» تىكى «ئەلچى» سۆزى بىلەن «جۇڭگونىڭ كانادادا تۇرۇشلۇق ئەلچىسى» دىكى «ئەلچى» سۆزى ئاھاڭداش سۆزلەر ھېسابلانمايدۇ . چۈنكى ، ئۇلار ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىغا نىسبەتەن ئېنىق ئىچكى باغلىنىشقا ئىگە بولغان كۆپ مەنىلىك سۆزلەر بولۇپ ھېسابلىنىدۇ .

(2) مەلۇم بىر سۆزنىڭ مەنىلىرىنىڭ كېڭىيىشى نەتىجىسىدە ، ئۇ سۆز ھەم لېكسىكىلىق مەنە ، ھەم گرامماتىكىلىق مەنە ئىپادىلىسە ، ئۇنىڭ لېكسىكىلىق مەنە ئىپادىلىگەن شەكلى بىلەن گرامماتىكىلىق مەنە ئىپادىلىگەن شەكلى ئۆزئارا ئاھاڭداش سۆزلەر ھېسابلانمايدۇ . مەسىلەن : «ئال -» دېگەن مۇستەقىل پېئىل بىلەن ئۇنىڭدىن بۆلۈنۈپ چىققان ۋە مۇستەقىل مورفېمىلارغا بىرىكىپ كېلىپ ئۇلارنى پېئىللاشتۇرىدىغان «ئال -» (ئەۋج ئال - ، نەپەس ئال -) دېگەن ياردەمچى پېئىل ؛ «ئەت -» دېگەن مۇستەقىل پېئىل بىلەن ئۇنىڭدىن بۆلۈنۈپ چىققان ۋە مۇستەقىل مورفېمىلارغا بىرىكىپ كېلىپ ئۇلارنى پېئىللاشتۇرىدىغان «ئەت -» (داۋام ئەت - ، بەخش ئەت -) دېگەن ياردەمچى پېئىل ؛ «تاشقى ، سىرتقى تەرەپكە ئورۇنلاشقان ، سىرتتىكى» دېگەن مەنىلەردىكى «تاشقىرى» (ئالمىخانىغا سەپ سېلىشقلار ، ئوتتۇر چىشى تاشقىرى) دېگەن مۇستەقىل سۆز بىلەن ئۇنىڭدىن بۆلۈنۈپ چىققان ۋە «باشقا ، سىرت» دېگەن مەنىدە قوللىنىلىدىغان «تاشقىرى» (سەپەرقۇل «سېغىزخان» نىڭ ھەربىر قەدىمىنى ئۆزى كۆزىتىپ تۇرغاندىن تاشقىرى ، ئەھۋالنى شەرىللا بوۋايغىمۇ ئۇقتۇرۇپ قويغاندى) دېگەن تىركەلمە ؛ «ئاساسى جەھەتتىن» دېگەن مەنىدىكى «ئاساسەن» (تەييارلىقلار ئاساسەن پۈتۈپ بولدى) دېگەن مۇستەقىل سۆز بىلەن «بىنائەن ، بويىچە» دېگەن گرامماتىكىلىق مەنىدە قوللىنىلىدىغان «ئاساسەن» (ئۇنىڭ دېگىنىگە ئاساسەن قىلايلى) دېگەن تىركەلمە ئۆزئارا ئاھاڭداش سۆزلەر ھېسابلانمايدۇ . چۈنكى ، بىرىنچىدىن ، ئۇ مۇستەقىل سۆزلەر بىلەن ياردەمچى سۆزلەر ئوتتۇرىسىدا مۇستەقىل سۆز ئۆزىدىن بۆلۈنۈپ چىققان ياردەمچى سۆز-

باغلىنىش ھازىرقى دەۋردىمۇ ناھايىتى ئېنىق. ئىككىنچىدىن، ئاھاڭداش سۆزلەر لېكسىكا نۇقتىسىدىن ئايرىغان بىر تۈر بولغاچقا، ئۇلاردا لېكسىكىلىق مەنە ئۆلچەم قىلىنىدۇ. ئۈچىنچىدىن، ئۇ گىراماتىكىلىق مەنىلەر شۇ سۆزنىڭ لېكسىكىلىق مەنىلىرى ئاساسىدا ئابستراكتلاشتۇرۇلغان بىر خىل مەنە ھېسابلىنىدۇ.

(3) مەلۇم بىر سۆزنىڭ مەنىلىرىنىڭ كېڭىيىشى نەتىجىسىدە، ئۇ سۆز باشقا ـ باشقا سۆز تۈركۈملىرىگە خاس خاراكتېردىكى لېكسىكىلىق مەنىلەرنى بىلدۈرسە، ئۇلار ئۆزئارا ئاھاڭداش سۆزلەر ھېسابلانمايدۇ. مەسىلەن: «بىرى بىرىنىڭ ئورنىنى ئالماق، ئىگىلىمەك» دېگەن مەنىدىكى «ئالماش ـ» دېگەن پېئىل بىلەن سۆز تۈركۈملىرىنىڭ بىرى بولغان «ئالماش» دېگەن ئىسىم؛ «نەپەس يولىنىڭ غىدىقلىنىشى، قىچىشى ياكى كېسەللىنىشى تۈپەيلىدىن خىرىلداق ۋە شاۋقۇن ئارىلاش قېقىلىپ ـ قېقىلىپ كۈچلۈك زەرب بىلەن نەپەس چىقارماق» دېگەن مەنىدىكى «يۆتەل ـ» دېگەن پېئىل بىلەن «كاناي ۋە كانايچىلار ياللۇغلانغاندا، يات نەرسىلەر، فىزىكىلىق ياكى خىمىيىلىك نەرسىلەر غىدىقلىغاندا پەيدا بولىدىغان مۇداپىئە رېفلېكسى» دېگەن مەنىدىكى «يۆتەل» دېگەن ئىسىم؛ «ھېچ نەرسىگە موھتاجلىقى يوق؛ تۈرلۈك مال ـ دۇنياسى بار» دېگەن مەنىدىكى «باي» دېگەن سۈپەت بىلەن «مال ـ دۇنيا يىغقۇچى، دۆلەتمەن كىشى» دېگەن مەنىدىكى «باي» دېگەن ئىسىم؛ «ئادەم بەدىنىنىڭ بويۇندىن يۇقىرى، ھايۋان بەدىنىنىڭ بويۇندىن ئالدىقى، يەنى كۆز، قۇلاق، ئېغىز، بۇرۇن قاتارلىق ئەزالار ئورۇنلاشقان قىسمى؛ «كاللا» دېگەن مەنىدىكى «باش» دېگەن ئىسىم بىلەن «بىرىنچى» دېگەن مەنىدىكى «باش» (باش بارماق، باش كۆۋرۈك) دېگەن سۈپەت ۋە «ئاۋۋال، بۇرۇن، دەسلەپ، ئىلگىرى» دېگەن مەنىدىكى «باش» (ئۇنداق بولسا، باشتا نېمىشقا دېمەيسەن؟) دېگەن رەۋىش ئۆزئارا ئاھاڭداش سۆزلەر ھېسابلانمايدۇ. چۈنكى، ئۇلار ھەرقايسى لېكسىكىلىق مەنىلىرىدە باشقا ـ باشقا سۆز تۈركۈملىرىنىڭ خاراكتېر-

نى ئالغان بولسىمۇ ، لېكىن ئۇ سۆزلەرنىڭ مەنىلىرى يەنىلا بىرى يەنە بىرى ئاساسىدا كېڭەيگەنلىكتىن ئىبارەت ئىچكى باغلىنىشقا ئىگە . شۇڭا ، ئۇلار ئاھاڭداش سۆزلەر ئەمەس ، بەلكى كۆپ مەنىلىك سۆزلەر ھېسابلىنىدۇ .

ئاھاڭداش سۆزلەرنى ئوخشىمىغان ئۆلچەملەرگە ئاساسەن ئوخشىمىغان تۈرلەرگە بۆلۈشكە بولىدۇ .

بىرى ، ئاھاڭداش سۆزلەرنى بىرلا سۆز تۈركۈمىگە تەۋە بولۇش ياكى باشقا ـ باشقا سۆز تۈركۈملىرىگە تەۋە بولۇشقا ئاساسەن ، تار مەنىدىكى ئاھاڭداش سۆزلەر ۋە كەڭ مەنىدىكى ئاھاڭداش ، سۆزلەر دەپ ئىككى تۈرگە ئايرىشقا بولىدۇ .

بىرلا سۆز تۈركۈمىگە تەۋە بولغان ئاھاڭداش سۆزلەر تار مەنىدىكى ئاھاڭداش سۆزلەر ، دەپ ئاتىلىدۇ . مەسىلەن :

تاماق I ئىسىم — ئېغىز بوشلۇقىنىڭ ئۈستۈنكى چىشتىن تارتىپ بوغۇزغىچە بولغان قىسمى ، قاتتىق تاڭلاي .

تاماق II ئىسىم — غىزا ، تائام ، يېمەكلىك .

ئارت . I پېئىل — كۆپەي . ، ئاش .

ئارت . II پېئىل — يۈكلە.

بىر قانچە سۆز تۈركۈمىگە تەۋە بولغان ئاھاڭداش سۆزلەر كەڭ مەنىدىكى ئاھاڭداش سۆزلەر ، دەپ ئاتىلىدۇ . مەسىلەن :

تاڭ I ئىسىم — كۈن چىقىشنىڭ ئالدىدىكى پەيت ، سۈبھى ، سەھەر .

تاڭ II يۈكلىمە — بىلمەسلىك .

تاڭ III پېئىل — ئوراپ ، يۆگەپ چىگ . ، باغلا .

تاڭ IV رەۋىش — ھەيران .

تاڭ V تەقلىد سۆز — قاتتىق جىسىملارنىڭ ئۈزۈلۈشىدىن چىققان ئاۋاز .

ئال I ئىسىم — ئادەم ياكى يۇقىرى دەرىجىلىك ھايۋانلارنىڭ ئىچكى ئەزالىرىنىڭ بىرى .

تال Ⅱ ئىسىم — تال ـ تېرەكلەر ئائىلىسىدىكى يوپۇرماق تاشلايدى. غان دەرەخ ياكى چاتقال
تال Ⅲ مىقدار سۆز — دانە .
تال Ⅳ پېئىل — ھار ـ ، چارچا ـ .
ئاھاڭداش سۆزلەرنى قۇرۇلمىسىغا ئاساسەن تۈپ سۆزلۈك ئاھاڭداش سۆزلەر ، ياسالما سۆزلۈك ئاھاڭداش سۆزلەر ۋە تۈپ سۆز ـ ياسالما سۆزلۈك ئاھاڭداش سۆزلەر دېگەندەك ئۈچ تۈرگە بۆلۈشكە بولىدۇ .

(1) تۈپ سۆزلۈك ئاھاڭداش سۆزلەر : بىرلا مۇستەقىل مورفېمىدىن تۈزۈلگەن ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق ئاھاڭداش سۆزلەر تۈپ سۆزلۈك ئاھاڭداش سۆزلەر ، دەپ ئاتىلىدۇ . مەسىلەن :

ماددا I قانۇن ، نىزام ، بەلگىلىمە ، توختام ، رەسمىي ھۆججەت قاتارلىقلارنىڭ رەقەم ياكى ھەرپ بىلەن ئايرىلغان مۇستەقىل بۆلىكى ؛ تارماق .

ماددا Ⅱ جىسىملارنى تەشكىل قىلغۇچى نەرسە .

پالاق I دىنىي مەكتەپلەردە ئوقۇغۇچىلارنى ئۇرىدىغان ياكى سوراق. خانىلاردا گۇناھكارنى ئۇرىدىغان جازا قورالى ؛ يېپى تاياق .

پالاق Ⅱ بىخىشغان ، بۇزۇلغان ، سېسىپ قالغان (تۇخۇم ھەققىدە)
.

پالاق Ⅲ يىقىلىش ، ئۇرۇلۇش ۋە تېز ھەم تاسادىپىي ھەرىكەتتىن چىقىدىغان ئاۋاز .

(2) ياسالما سۆزلۈك ئاھاڭداش سۆزلەر : ئومۇمەن ، ئاھاڭداش مۇستەقىل مورفېمىلارغا ئەينى بىر سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچىنىڭ ئۇلىنىشىدىن ھاسىل بولغان ئاھاڭداش سۆزلەر ياسالما سۆزلۈك ئاھاڭداش سۆزلەر ، دەپ ئاتىلىدۇ . مەسىلەن :

سازلىق I «ساز» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى (ئاۋازىنىڭ سازلىقى) .
سازلىق Ⅱ سۈيى ، ئوت ـ چۆپلىرى بار بولغان پاتقاق جاي .
توپچى I داۋاملىق توپ ئويناشقا بېرىلگەن ياكى مەلۇم توپ كوماندىسىغا قاتناشقان كىشى .

توپچى II توپ ئاتقۇچى ، توپ بىلەن قوراللانغان قىسىمدا ئىشلىگۈ‑چى .

(3) تۇپ سۆز ـ ياسالما سۆزلۈك ئاھاڭداش سۆزلەر : مەلۇم بىر مۇستەقىل مورفېمغا سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچىنىڭ ئۇلىنىشى بىلەن ئۇ سۆز باشقا بىر تۈپ سۆزگە ئاھاڭداش بولۇپ كەلسە ، بۇ خىل ئاھاڭداش سۆزلەر تۈپ سۆز ـ ياسالما سۆزلۈك ئاھاڭداش سۆزلەر ، دەپ ئاتىلىدۇ . مەسىلەن :

تاشلا I بەرگە قارىتىپ ئات .

تاش + لا II مۇقاۋىلا ـ

قاشلا I تاتىلا .

قاش + لا II قىرلا ـ ، ئېگىزلە ـ .

ئوتلا I ئېچ‑

ئوت+لا II ئوت ـ چۆپ ، يە ـ .

ئۇيغۇر تىلىدىكى ئاھاڭداش سۆزلەر ئاساسەن تۆۋەندىكىدەك يوللار ئارقىلىق بارلىققا كەلگەن :

1) تاسادىپىي ئاھاڭداش بولۇپ قېلىش ھادىسىسىدىن بىر قىسىم ئاھاڭداش سۆزلەر پەيدا بولىدۇ . ئوبيېكتىپ دۇنيادىكى شەيئىلەر چەك‑سىز بولىدۇ . تىل تاۋۇشلىرىنىڭ سانى بولسا تولىمۇ چەكلىك بولىدۇ . يەنە كېلىپ ، ئۇلار ئوتتۇرىسىدا مۇقەررەر باغلىنىش بولمايدۇ . ئەنە شۇ سەۋەبلىك ، تىلىمىزدىكى چەكلىك تىل تاۋۇشلىرى بىلەن چەكسىز شەي‑ئىلەرنى ئىپادىلەش زۆرۈرىيىتىدىن بەزى ئاھاڭداش سۆزلەر تەبىئىي ھالدا تاسادىپىي پەيدا بولىدۇ . مەسىلەن :

پەش I مۇشۇكنى قوغلاش ـ ھەيدەشتە ئىشلىتىلىدىغان سۆز .

پەش II جۈملىدىكى تەڭداش تەركىبلەر ۋە قوشما جۈملىدىكى تارماق جۈملىلەرنى ئايرىش ئۈچۈن قوللىنىلىدىغان تىنىش بەلگىسى .

پەش III پەش قىلماق

پەش IV چاپان ، كۆڭلەك قاتارلىق كىيىملەرنىڭ ئالدى تەرىپى ؛ ئېتەك قىسمى .

ياق . I  تۇتاشتۇر . .

ياق . II  دىلغا ، خاھىشقا ماس كەل . ، ماقۇل كۆر ، كۆڭۈلگە يارا . .

ياق III  بىر نەرسىنى يەنە بىر نەرسىگە تەگكۈز . ، چاپلا . .

ياق IV  تەرەپ .

ياق V  بولماسلىق ، رەت قىلىش ئىماسىنى بىلدۈرىدۇ .

2) كۆپ مەنىلىك سۆزلەرنىڭ مەنىلىرىنىڭ بۆلۈنۈشى نەتىجىسىدە ، بىر قىسىم ئاھاڭداش سۆزلەر بارلىققا كېلىدۇ . كۆپ مەنىلىك سۆزلەرنىڭ مەنىلىرى ئوتتۇرىسىدا ئىچكى باغلىنىش بولىدۇ . لېكىن ، زامانلارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بەزى كۆپ مەنىلىك سۆزلەرنىڭ مەنىلىرى ئوتتۇرىسىدىكى بۇ خىل ئىچكى باغلىنىش كىشىلەر پەرق ئېتەلمىگۈدەك دەرىجىدە سۇسلىشىپ كېتىدۇ ياكى ئۈزۈلۈپ قالىدۇ . لېكىن ، ئۇ سۆزنىڭ فونېتىكىلىق شەكلىدە ئۆزگىرىش بولمايدۇ . نەتىجىدە ، بىر قىسىم ئاھاڭداش سۆزلەر بارلىققا كېلىدۇ . مەسىلەن :

ئاي I  يەر شارىنى ئايلىنىدىغان سەييارە .

ئاي II  يىلنىڭ ئون ئىككىدىن بىرى .

كۆك I  ئاسمان .

كۆك II  رەڭنىڭ بىر تۈرى .

كۆك III  يوغان ئاتلاپ تىكىلگەن تىكىچ .

3) سۆزلەردە تارىخىي فونېتىكىلىق ئۆزگىرىش يۈز بېرىش نەتىجىسىدە ، بىر قىسىم ئاھاڭداش سۆزلەر بارلىققا كېلىدۇ . مەسىلەن : قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى «ئايت .» (سۆزلە . ، گەپ قىل .) دېگەن سۆزنىڭ تەركىبىدىكى «ئا» تاۋۇشى كېيىنكى دەۋرلەردە «ئې» تاۋۇشىغا ئاجىزلىشىپ ، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا «ئېيت .» شەكلىدە تۇراقلاشقان . قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى «ئارت .» (پاكىزلا . ، تازىلا .) دېگەن سۆز تەركىبىدىكى «ئا» تاۋۇشىمۇ «ئې» تاۋۇشىغا ئاجىزلاشقان ۋە «ر» تاۋۇشى «ي» تاۋۇشى بىلەن نۆۋەتلىشىپ ، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا «ئېيت .» شەكلىدە تۇراقلاشقان . نەتىجىدە ، ئۇلار ئاھاڭ-

داش سۆزلەر بولۇپ شەكىللەنگەن .

قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى «ئۆرت» (يالقۇن) دېگەن سۆزنىڭ تەركىبىدىكى «ئۆ» تاۋۇشى «ئو» تاۋۇشىغا ئۆزگىرىپ ، «ر» تاۋۇشى چۈشۈپ قېلىپ ، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا «ئوت» شەكلىدە تۇراقلاشقان . نەتىجىدە ، ئۇ سۆز «گىياھ ، چۆپ» دېگەن مەنىدىكى «ئوت» دېگەن سۆز بىلەن ئاھاڭداش سۆزلەر بولۇپ شەكىللەنگەن .

4) يېڭى سۆزلەرنىڭ ياسىلىشى نەتىجىسىدە بىر قىسىم ئاھاڭداش سۆزلەر بارلىققا كېلىدۇ . بۇنىڭدا مۇنداق ئىككى خىل ئەھۋال مەۋجۇت :

بىرى ، يېڭى ياسالغان ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق سۆزنىڭ تەركىبىدىكى مۇستەقىل مورفېمىلار ئەسلىدىن ئاھاڭداش بولۇپ ، ئۇلارغا ئەينى بىر ياسىغۇچى قوشۇمچە ئۇلانغاندىن كېيىن ، ئۇلاردىن يېڭى ئاھاڭداش سۆزلەر بارلىققا كېلىدۇ . مەسىلەن :

ئاتلىق I ئېتى بار ، ئاتقا ئىگە ، ئات قوشۇلغان .

ئاتلىق II ئىسىملىك ، ناملىق .

بوغۇزلۇق I ھايۋانلارغا يەم - خەشەك قىلىشقا مۇۋاپىق ئاشلىق ، ئوزۇقلۇق .

بوغۇزلۇق II چارۋا ماللارنىڭ پىچاق سۈرىدىغان ، بوغۇزلىنىدىغان جايى .

يەنە بىرى ، يېڭى ياسالغان مەلۇم بىر سۆز بىلەن بەزى تۈپ سۆزلەرنىڭ ئۆزئارا ئاھاڭداش بولۇپ قېلىشىدىن بىر قىسىم ئاھاڭداش سۆزلەر بارلىققا كېلىدۇ . مەسىلەن :

سانا I بىر خىل دورا ئۆسۈملۈكى .

ساناً + ا II بىر - بىرىدىن ، دانىمۇ دانە ئۆتكۈزۈپ ساننى ئېلىپ چىق . .

توقلا I چىشىدىن ئۆتۈپ ئىككى ياشقا تولۇش ئارىلىقىدىكى بارقا .

توق + لا II تويدۇر . . توق قىل . .

تىللا I ساپ ئالتۇندىن سوقۇلغان پۇل ، ئالتۇن تەڭگە .

تىل + لا Ⅱ قوپال، سەت گەپ ــ سۆزلەر بىلەن ھاقارەتلە ـ .

5) چەت تىللاردىن سۆز قوبۇل قىلىش نەتىجىسىدە بىر قىسىم ئاھاڭداش سۆزلەر بارلىققا كېلىدۇ. بۇنىڭدا مۇنداق ئۈچ خىل ئەھۋال مەۋجۇت:

(1) چەت تىلدىن كىرگەن مەلۇم بىر سۆز ئەسلى شەكلىدە تۇرۇپ ئۇيغۇر تىلىغا خاس بەزى سۆزلەر بىلەن ئۆزئارا ئاھاڭداش بولۇپ قالىدۇ. مەسىلەن:

باغ Ⅰ (ئۇيغۇرچە)، باغلاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان نەرسە.

باغ Ⅱ (پارسچە)، مېۋىزارلىق.

ماي Ⅰ (ئۇيغۇرچە)، ھايۋان ۋە ئادەملەرنىڭ تېرە ئاستىدىكى توقۇلمىلىرى ھەمدە ئۇسۇملۇكلەر تېنىدە بولىدىغان ئورگانىك ماددا.

ماي Ⅱ (رۇسچە < لاتىنچە). مىلادىيە يىل ھېسابى بويىچە بەشىنچى ئاي.

(2) چەت تىلدىن كىرگەن سۆزلەر ئۇيغۇر تىلىنىڭ فونېتىكىلىق قانۇنىيەتلىرىگە بويسۇندۇرۇلۇشى نەتىجىسىدە، ئۇيغۇر تىلىغا خاس سۆزلەر بىلەن ئاھاڭداش بولۇپ قالىدۇ. مەسىلەن:

چەك Ⅰ (ئۇيغۇرچە)، داۋاملىشىۋاتقان نەرسە ياكى ھادىسىلەرنىڭ ئەڭ ئاخىرى، توختاش نۇقتىسى؛ چېگرىسى، بەلگىسى.

چەك ـ Ⅱ (ئۇيغۇرچە)، بارماق، زەخمەك قاتارلىقلار بىلەن ئۇر-.

چەك ـ Ⅲ (ئۇيغۇرچە) تارت ـ ، سۈمۈر ـ .

چەك Ⅳ (رۇسچە، ئەسلىسى: [tʃlek]. بانكىنىڭ پۇل ئېلىش، پۇل بېرىش مۇئامىلىسىدە ئىشلىتىلىدىغان ھۆججەت.

خالاڭ Ⅰ (ئۇيغۇرچە)، ئۆلنى چىڭداش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان سايمان.

خالاڭ Ⅱ (خەنزۇچە، ئەسلىسى [kuang]. كۆمۈر قېزىلىدىغان، كۆمۈر قېزىش ئۈچۈن مەخسۇس تەييارلانغان ئورۇن؛ كان.

(3) باشقا ـ باشقا تىللاردىن كىرگەن سۆزلەر ئەسلى شەكلىدە تۇرۇپ ياكى ئۇيغۇر تىلىنىڭ فونېتىكىلىق قانۇنىيەتلىرىگە بويسۇندۇرۇ-

لۇشى نەتىجىسىدە ئۆزئارا ئاھاڭداش بولۇپ قالىدۇ . مەسىلەن :

پەي I (پارسچە) . قۇش تېنىنى قاپلاپ تۇرىدىغان مۇڭگۈزسىمان نەيچىلەر ۋە شۇ نەيچىلەرنىڭ ئىككى يېنىدىن ئۆسۈپ چىقىدىغان يۇمشاق تۈك ؛ سوي .

پەي II (پارسچە) . بەدەندىكى مۇسكۇللارنى سۆڭەككە بىرلەشتۇرۇپ تۇرىدىغان ئاق رەڭلىك مۇستەھكەم ، ئەۋرىشىم توقۇلما ؛ سىڭىر .

پەي III (خەنزۇچە) . ليەندىن تۆۋەن ، بەندىن يۇقىرى بولغان ، ئارىسىيە قۇرۇلمىسىنىڭ شتات بىرلىكى .

پۇت I (پارسچە) . ئادەم ، ھايۋان ۋە باشقا جانلىقلارنىڭ گەۋدىسىنىڭ يەرنى تايىنىپ تۇرۇشى ، يۈرۈشى ياكى ئۆمىلىشى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان قىسمى ؛ ئاياغ .

پۇت (رۇسچە ، ئەسلىسى : [fud] . ئېغىرلىق ئۆلچەم بىرلىكى . بىر پۇت 16.38 كىلوگرامغا تەڭ بولىدۇ .

پەن I (ئەرەبچە ، ئەسلىسى : [fɛn] . تەبىئەت ۋە جەمئىيەتنىڭ تەرەققىيات قانۇنىيەتلىرىنى ئېچىپ بېرىدىغان ھەمدە ئەتراپلىق مۇھىتقا تەسىر كۆرسىتىدىغان بىلىملەر سىستېمىسى .

پەن II (خەنزۇچە ، ئەسلىسى : [ban] . تاختاي .

6) سۆز ئىخچاملىنىش ۋاستە قىلىنغان مەنە كۆچۈش ھادىسىسى سەۋەبىدىن بىر قىسىم ئاھاڭداش سۆزلەر بارلىققا كېلىدۇ . بۇنىڭدا ئەسلى بىر سۆز بىرىكمىسى تەركىبىدىكى بىر سۆز قىسقارتىلىدۇ ۋە شۇ قىسقارتىلغان سۆزگە خاس مەنە يەنە بىر سۆز ئۈستىگە كۆچۈپ تۇراقلىشىپ قالىدۇ . نەتىجىدە ، ئۇ سۆز باشقا سۆزلەر بىلەن ئاھاڭداش سۆز بولۇپ شەكىللىنىدۇ . مەسىلەن :

ساپلىق (ساپلىق + قازان) I سېپى بار كىچىك قازان .

ساپلىق II سېپى بار ، ساپ بېكىتىلگەن .

ساپلىق III پاكىزلىق ، ئارىلاشمىلاردىن خالىيلىق ، پاكلىق .

تاماق (تاماق + يولى) I گال .

تاماق II ئىزا ، تائام .

## 2 . شەكىلداش سۆزلەر

يېزىلىشىلا ئوخشايدىغان ، ئەمما تەلەپپۇز قىلىنىشى ئوخشىمايدىغان ھەم مەنىلىرى ئۆزئارا باغلىنىشقا ئىگە بولمىغان ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق سۆز شەكىلداش سۆزلەر ، دەپ ئاتىلىدۇ . مەسىلەن :

ئاچا [atʃa] I بىر گەۋدىدىن ئاجرىلىپ چىققان ، بۆلۈنگەن .

ئاچا [aːtʃa] II بىر تۇغقان قېرىنداشلار ئىچىدىكى ئۆزىدىن چوڭ ئايال تۇغقان ؛ ھەدە .

ئارا [ara] I ئىككى نەرسە ياكى ئىككى نۇقتا ئوتتۇرىسىدىكى مۇساپە ، ئارىلىق .

ئارا [aːra] II دېھقانچىلىقتا ئىشلىتىلىدىغان ، تۆمۈر ياكى ياغاچتىن ياسالغان چىشلىق سايمان .

تۆشۈك [tøʃyk] I تېشىلگەن جاي ، يېرىق ؛ كامار ، ئويۇقچە .

تۆشۈك [tøːʃyk] II ① ئۆينىڭ تاماق سايمانلىرى ئورۇنلاشقان جايى ② ئاش - تاماق ئېتىش ئىشى ۋە ماھىرى .

يېزىلىشى ئوخشاش بولغان سۆزلەرنىڭ شەكىلداش سۆزلەر ياكى ئاھاڭداش سۆزلەر ئىكەنلىكى مەزكۇر سۆزلەر تەركىبىدىكى سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئۇزۇن سوزۇق تاۋۇش ياكى قىسقا سوزۇق تاۋۇش ئىكەنلىكى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ . ئەگەر يېزىلىشى ئوخشاش بولغان سۆزلەرنىڭ تەركىبىدىكى سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ھەممىسى بىردەك قىسقا سوزۇق تاۋۇش ياكى ھەممىسى بىردەك ئۇزۇن سوزۇق تاۋۇشلاردىن بولسا ، بۇنداق سۆزلەر ئۆزئارا ئاھاڭداش سۆزلەر بولۇپ ھېسابلىنىدۇ . مەسىلەن :

چۆچەك [tʃøːtʃɛk] I ئىنسانلارنىڭ تەبىئەت ھادىسىلىرى توغرىسىدىكى تەسەۋۋۇرلىرىنى ، كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتلەرنى ۋە ھەرخىل ئىجتىمائىي ھادىسىلەرنى فانتازىيىلىك ئاساستا كۆلكىلىك ۋە قىزىقارلىق ھالدا ئەكس ئەتتۈرىدىغان ئاغزاكى ھېكايە .

چۆچەك [tʃøːtʃɛk] II ياغاچتىن ئويۇپ ياسالغان چىنە .

توپىلاڭ [topilaŋ] I قالايمىقان ۋاراڭ ــ چۇرۇڭ ، ئۇرۇش ــ ماجىرا .

توپىلاڭ [topilaŋ] II يۇمشاق توپا بىلەن قاپلانغان ھالەت ۋە ئاشۇنداق جاي .

مانا بۇلار ئاھاڭداش سۆزلەر ھېسابلىنىدۇ . چۈنكى ، ئۇلارنىڭ تەركىبىدىكى سوزۇق تاۋۇشلار بىر خىل ، يەنى ئالدىنقى ئىككى سۆزنىڭ باش بوغۇمىدا بىردىن ئۇزۇن سوزۇق تاۋۇش ، ئاخىرقى بوغۇمىدا بىر - دىن قىسقا سوزۇق تاۋۇش بار . كېيىنكى ئىككى سۆز تەركىبىدىكى سوزۇق تاۋۇشلار بىردەك قىسقا سوزۇق تاۋۇشلاردۇر .

ئەگەر يېزىلىشى ئوخشاش بولغان سۆزلەر تەركىبىدىكى سوزۇق تاۋۇشلار ئىككى خىل بولسا ، يەنى بىرى ئۇزۇن سوزۇق تاۋۇشلۇق سۆز ، يەنە بىرى قىسقا سوزۇق تاۋۇشلۇق سۆز بولسا ، بۇنداق سۆزلەر شەكىلداش سۆزلەر ھېسابلىنىدۇ . مەسىلەن :

چاتاق [tʃa:taq] I دەرەخ غولىدىن ئايرىلىپ چىققان شاخ ؛ پۇتاق .

چاتاق [tʃa:taq] II بىرەر ئىش ــ ھەرىكەت توپەيلىدىن يۈز بەرگەن ئوڭۇشسىزلىق ؛ يامان ئاقىۋەت ، پىشكەللىك .

پاچاق [pa:tʃaq] I پۇتنىڭ تىزدىن تۆۋەنكى قىسمى ؛ شىراق .

پاچاق [patʃaq] II ئېزىلىپ ، پۇكۇلۇپ سۇنغان ، پارچىلانغان .

مانا بۇلار شەكىلداش سۆزلەر ھېسابلىنىدۇ . چۈنكى ، «چاتاق I » ، «پاچاق I » لەرنىڭ ئالدىنقى بوغۇمىدىكى سوزۇق تاۋۇش ئۇزۇن سو- زۇق تاۋۇش بولسا ، «چاتاق II » ، «پاچاق II » لەرنىڭ ئالدىنقى بوغۇمىدىكى سوزۇق تاۋۇش قىسقا سوزۇق تاۋۇشتۇر .

جازا [dʒa:za] I ياغاچ ۋە تۈرلۈك مېتاللارنىڭ بىر ــ بىرىگە چېتىلىشىدىن ھاسىل بولغان قۇرۇلما .

جازا [dʒaza:] II ئەيىب ياكى جىنايىتى ئۈچۈن كۆرۈلىدىغان چارە .

بۇنىڭدا «جازا I » نىڭ ئالدىنقى بوغۇمىدىكى سوزۇق تاۋۇش

ئۇزۇن سوزۇق تاۋۇش بولسا، «چازا II» نىڭ كېيىنكى بوغۇمىدىكى سوزۇق تاۋۇش ئۇزۇن سوزۇق تاۋۇشتۇر. شۇڭا، ئۇلارمۇ شەكىلداش سۆزلەر ھېسابلىنىدۇ.

ئاتا [ata] I بالىلىق ياكى بالىسى بار ئەر كىشى.

ئاتا [ata:] II («ئاتا قىل.» دىكى ئاتا).

ئاتا [ata] III ئات قوي.، نام بەر..

ئاتا [ata] IV بېغىشلا.، تەقدىم قىل..

چازا [tʃa:za] I چېگرىدىكى تەكشۈرۈش ئورنى، قاراۋۇلخانا؛ توسۇق.

چازا [tʃa:za] II چاچ قاتارلىقلارنى قىسىپ قويىدىغان تۆمۈر ياكى سۆلياۋ بۇيۇم، قىسقۇچ.

چازا [tʃaza:] III باداشقان.

بالا [bala] I يېڭى تۇغۇلغان بوۋاق.

بالا [bala:] II باشقا كەلگەن ئاپەت، پالاكەت، خەۋپ – خەتەر.

بالا [bala:] III ئۆينىڭ ئۈستىنى يېپىشقا سىنجى ياغاچ ئۈستىگە توغرىسىغا قويۇلىدىغان ۋە ئۈستىگە ۋاسا ئورنىتىلىدىغان ياغاچ؛ جەگە.

بۇ مىساللاردا «ئاتا I»، «ئاتا III»، «ئاتا IV» لەر ئۆزئارا ئاھاڭداش سۆزلەر بولسا، «ئاتا II» گە نىسبەتەن شەكىلداش سۆزلەر بولىدۇ. «چازا I» ۋە «چازا II» لەر ئۆزئارا ئاھاڭداش سۆزلەر ھېسابلانسا، ئۇلار «چازا III» كە نىسبەتەن شەكىلداش سۆزلەر ھېسابلىنىدۇ. «بالا II» ۋە «بالا III» لەر ئۆزئارا ئاھاڭداش سۆزلەر ھېسابلانسا، ئۇ ئىككىسى «بالا I» گە نىسبەتەن شەكىلداش سۆزلەر ھېسابلىنىدۇ.

شەكىلداش سۆزلەرنىڭ بارلىققا كېلىش يوللىرى ئاھاڭداش سۆزلەرنىڭ بارلىققا كېلىش يوللىرى بىلەن ئوخشىشىپ كېتىدۇ.

شۇنى ئەسكەرتىپ ئۆتىمىزكى، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىغا نىسبەتەن شەكىلداش سۆزلەرنىڭ سانى ئاھاڭداش سۆزلەرنىڭ سانىدىن تولىمۇ ئاز.

## 3. كۆپ مەنىلىك سۆزلەر بىلەن ئاھاڭداش سۆزلەرنى پەرقلەندۈرۈش ئۇسۇلى

كۆپ مەنىلىك سۆزلەر بىلەن ئاھاڭداش سۆزلەرنى پەرقلەندۈرۈشنىڭ ئەڭ ئۇنۇملۇك ئۇسۇلى ئۇلارنى مەنە مۇناسىۋىتى جەھەتتىن تەھلىل قىلىشتىن ئىبارەتتۇر. مەنە مۇناسىۋىتى جەھەتتىن تەھلىل قىلىش دېگىنىمىز، تاۋۇشى ئوخشاش سۆزلەر ئىپادىلىگەن لېكسىكىلىق مەنىلەر ئوتتۇرىسىدا ئىچكى باغلىنىشنىڭ بار ـ يوقلۇقىغا، يەنى بىر ئاساسىي مەنىدىن كېلىپ چىققانلىقتىن ئىبارەت مۇناسىۋەتنىڭ بار ـ يوقلۇقىغا، ئەگەر ئىچكى باغلىنىش بولسا، شۇ ئىچكى باغلىنىشنىڭ تىلىمىزنىڭ ھازىرقى تەرەققىيات باسقۇچىدىكى ئېنىقلىق دەرىجىسىنىڭ قانچىلىك دەرىجىدە ئىكەنلىكىگە قاراش، دېمەكتۇر.

ئەگەر تاۋۇشى ئوخشاش سۆزدىن ئىپادىلەنگەن ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق مەنىلەر ئوتتۇرىسىدا ئىچكى باغلىنىش بولسا، يەنى ئۇ مەنىلەر بىر ئاساسىي مەنىدىن كېلىپ چىققان بولسا، يەنە كېلىپ، بۇ مەنىلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئىچكى باغلىنىش ھازىرقى ۋاقىتتىمۇ ئېنىق بولۇپ، كىشىلەر تەرىپىدىن ئاسان بايقىۋېلىنسا، بۇنداق سۆزلەر كۆپ مەنىلىك سۆز ھېسابلىنىدۇ. مەسىلەن: «بۇلاق» دېگەن سۆز ① يەر ئاستىدىن چىققان سۇ مەنبەسى ۋە ئۇنىڭ ئېغىزى (سۇ ئانىسى— بۇلاق، سۆز ئانىسى — قۇلاق، ② باي، پۇتمەس ـ تۈگىمەس مەنبە (كىتابنى سۆي، ئۇ ئىلىم بۇلىقى) دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ. بۇ مەنىلەر گەرچە پەرقلىق بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار ئوتتۇرىسىدا بىر ئاساسىي مەنىدىن كېلىپ چىققانلىقتىن ئىبارەت ئىچكى باغلىنىش مەۋجۇت ۋە بۇ خىل ئىچكى باغلىنىش ئۇيغۇر تىلىنىڭ ھازىرقى تەرەققىيات باسقۇچىدىمۇ ئېنىق بولۇپ، كىشىلەر تەرىپىدىن ئۇ سۆزنىڭ كېيىنكى مەنىسى ئۇنىڭ ئالدىنقى مەنىسى ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن دەپ بايقىلىدۇ. شۇڭا، «بۇلاق» دېگەن سۆز بىر ـ بىرىگە مۇناسىۋەتلىك ئىككى خىل مەنىگە

يەنە كۆپ مەنىلىك سۆزدۇر .

«تۈۋەنلىمەك» دېگەن سۆزنى ئالساق ، ئۇ سۆز ① پەس تەرەپكە قاراپ چۈشمەك ، پەسلىمەك (سۇ تۈۋەنلەۋاتىدۇ) ، ② پەس ، تۈۋەن تەرەپكە قاراپ ئىلگىرىلىمەك ، يۈرۈش قىلماق (بىز بوۋايغا ئەگىشىپ ، بىر دەم يۇقىرىلاپ ، بىردەم تۈۋەنلەپ دېگۈدەك مېڭىپ ، قاراڭغۇ چۈشكەندە داۋانغا چىقىپ بولدۇق) . ③ يول ، دەريانىڭ ئاخىرلىشىش تەرىپىگە ، ئايىغىغا قاراپ ماڭماق (ئۇ ئات بىلەن قوغان يېزىسىدىن تۆۋەن دەرياسىنى بويلاپ تۈۋەنلىمەكتە) ، ④ نەتىجىسى ، مىقدارى ئازايماق ، كېمىيمەك (ئىمتىھان نەتىجىسى تۈۋەنلەپ كەتمەك) ، ⑤ خىزمەت ، ئىش ئورنى ، ئەمەل دەرىجىسى كىچىكلىمەك ، پەسلىمەك (ئۇنىڭدەك ئادەملەرنىڭ ئورنى تۈۋەنلەپ كەتتى ، ئەملى تۈۋەنلىمەك) ، ⑥ سۈپىتى ، ئۇنۇمى يامان تەرەپكە قاراپ يۈزلەنمەك ، ناچارلاشماق (ئۆگىنىش ئۇنۇمى تۈۋەنلىمەك ، مالنىڭ سۈپىتى تۈۋەنلىمەك) ، ⑦ ئاجىزلاشماق ، كۈچسىزلەنمەك ، پەسلىمەك (ئاۋازى تۈۋەنلىمەك) دېگەندەك مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ ، ئۇ مەنىلەر ئوتتۇرىسىدا بىر خىل ئىچكى باغلىنىش بار . ئۇ بولسىمۇ ، كېيىنكى ئالتە خىل مەنە ئۆزلىرىنىڭ ئاساسىي مەنىسى بولغان «پەس تەرەپكە قاراپ چۈشمەك ، پەسلىمەك» دېگەن بىرىنچى مەنىنىڭ كېڭەيتىلىشى ئاساسىدا بارلىققا كەلگەنلىكىدۇر .

ئەگەر تاۋۇشى ئوخشاش سۆزدىن ئىپادىلەنگەن مەنىلەر ئوتتۇرىسىدا ئىچكى باغلىنىش بولمىسا ، يەنى بىر ئاساسىي مەنىدىن كېلىپ چىقمىغان بولسا ، بۇنداق سۆزلەر ئاھاڭداش سۆزلەر ھېسابلىنىدۇ . مەسىلەن :

تۈپ I ئاساسىي ؛ نېگىزلىك .

تۈپ II ئۆسۈملۈك ياكى دەرەخلەرنىڭ ھەربىر دانىسى .

ياز I تۆت پەسىلنىڭ ئىككىنچىسى ، ئەتىيازدىن كېيىنكى ، كۈزنىڭ ئالدىدىكى پەسىل .

ياز II قەغەز ياكى باشقا نەرسە يۈزىگە ھەرپ ، رەقەم قاتارلىق

بۇ ئىككى گۇرۇپپا سۆزلەردىن ئىپادىلەنگەن مەنىلەر ئوتتۇرىسىدا بىرى يەنە بىرىدىن كېلىپ چىققانلىقتىن ئىبارەت ئىچكى باغلىنىش يوق . شۇڭا ، ئۇلار ئىككى گۇرۇپپا ئاھاڭداش سۆزلەر ھېسابلىنىدۇ .

ئەگەر تاۋۇشى ئوخشاش سۆزدىن ئىپادىلەنگەن مەنىلەر ئوتتۇرىسىدا قەدىمكى ياكى يېقىنقى دەۋرلەردە ئىچكى باغلىنىش بار بولسىمۇ ، لېكىن ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى باسقۇچىدا ئۇ خىل ئىچكى باغلىنىش ئاسا- سەن ئۈزۈلۈپ قېلىپ ، كىشىلەر تەرىپىدىن بايقىيالمىغۇدەك دەرىجىگە يەتكەن بولسا ، بۇنداق سۆزلەر ئاھاڭداش سۆزلەر دەپ قارىلىشى كېرەك . مەسىلەن : «ئاي I ، ئاي II » ، «كۆك I ، كۆك II » ، «بۇرۇن I ، بۇرۇن II » لەر مانا مۇشۇ تۈردىكى ئاھاڭداش سۆزلەر تۈرىگە كىرىدۇ .

## 【مۇھاكىمە سوئاللىرى】

1 . ئاھاڭداش سۆزلەر دېگەن نېمە ؟

2 . ئاھاڭداش سۆزلەر قانداق ئۆلچەملەرگە ئاساسەن بېكىتىلىدۇ ؟ ھەربىر ئۆلچەمنى مىسال بىلەن چۈشەندۈرۈڭ .

3 . ئاھاڭداش سۆزلەر نېمىلەرگە ئاساسەن قانداق تۈرلەرگە بۆلۈنى- دۇ ؟ مىسال بىلەن چۈشەندۈرۈڭ .

4 . ئاھاڭداش سۆزلەر قانداق يوللار ئارقىلىق بارلىققا كېلىدۇ ؟ مىسال بىلەن چۈشەندۈرۈڭ .

5 . شەكىلداش سۆز دېگەن نېمە ؟

6 . ئاھاڭداش سۆزلەر بىلەن شەكىلداش سۆزلەرنىڭ پەرقى نېمە ؟ مىسال بىلەن چۈشەندۈرۈڭ .

7 . ئاھاڭداش سۆزلەر بىلەن كۆپ مەنىلىك سۆزلەرنىڭ پەرقى نېمە ؟ مىسال بىلەن چۈشەندۈرۈڭ .

## § 6. سۆزلۈكنىڭ تۈزۈلۈشى

تىلدىكى بارلىق سۆزلەر بىلەن مەنىسى ۋە رولى سۆزگە باراۋەر بولغان ئىدىئوملارنىڭ يىغىندىسى سۆزلۈك، دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇ تىلنىڭ قۇرۇلۇش ماتېرىيالىدۇر. شۇ جۈملىدىن، ئۇيغۇر تىلىدىكى بارلىق سۆزلەر بىلەن ئىدىئوملارنىڭ يىغىندىسى ئۇيغۇر تىلى سۆزلۈكى، دەپ ئاتىلىدۇ.

ھەرقانداق بىر تىلدا كونكرېت سۆز ۋە ئىدىئوملارنىڭ سانى ئىنتايىن كۆپ بولىدۇ. ئەمما، ھەرقانداق بىر تىلدا سۆزلۈك پەقەت بىرلا بولىدۇ. مۇشۇ نۇقتىدىن ئېيتقاندا، تىلدىكى سۆز ۋە ئىدىئوملار بىلەن سۆزلۈكنىڭ مۇناسىۋىتىنى ئايرىملىق بىلەن ئومۇمىيلىقنىڭ مۇناسىۋىتى دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ. ئەنە شۇ ئايرىملىققا ئىگە بولغان، تىلنىڭ سۆزلۈكىنى ھاسىل قىلغۇچى بىرلىك سۆز بىلەن ئىدىئوملار ئۆزلىرىنىڭ تۈرلۈك ئالاھىدىلىكلىرى ۋە بىر - بىرى بىلەن بولغان تۈرلۈك مۇناسىۋەتلىرى ئارقىلىق تىلنىڭ سۆزلۈك سىستېمىسىنى ھاسىل قىلىپ تۇرىدۇ.

سۆزلۈك تىلدا تۇتقان ئورنىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا ئاساسەن، ئاساسىي سۆزلۈك ۋە ئادەتتىكى سۆزلۈك دەپ ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

### 1. ئاساسىي سۆزلۈك

سۆزلۈكتىكى ئومۇمىي خەلققە بىردەك چۈشىنىشلىك بولغان، دائىم قوللىنىلىدىغان سۆزلەرنىڭ يىغىندىسى ئاساسىي سۆزلۈك، دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇ سۆزلۈكنىڭ يادروسى ۋە ئەڭ مۇھىم قىسمى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. شۇنداقلا تىل ئالاھىدىلىكىنىڭ ماھىيىتىنى گەۋدىلەندۈرۈپ بېرىدىغان ئاساسىي ئامىللارنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ. ئاساسىي سۆزلۈككە كىرىدىغان سۆزلەرنىڭ ئىشلىتىلىش قېتىم سانى كۆپ،

هاياتى كۈچى زور بولىدۇ.

ئاساسى سۆزلۈك ئادەتتىكى سۆزلۈككە نىسبەتەن تۆۋەندىكىدەك روشەن ئالاھىدىلىككە ئىگە:

1) زور دەرىجىدە تۇراقلىق بولىدۇ. ئاساسى سۆزلۈككە كىرىدىغان سۆزلەر ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ئۆز هاياتىدىكى ئەڭ ئاساسى، ئەڭ مۇھىم، ئەڭ كۆپ قوللىنىلىدىغان شەيئى ۋە ئۇلارنىڭ تۈرلۈك مۇناسىۋەتلىرىگە مۇناسىۋەتلىك ئۇقۇملارنى ئىپادىلەيدىغان سۆزلەر بولغاچقا، ئۇلار زور دەرىجىدە تۇراقلىققا ئىگە بولىدۇ. ئەۋلادتىن ئەۋلادقا قوللىنىلىدۇ، ئۆزگىرىش ئىنتايىن ئاستا بولىدۇ. ئۇلارنىڭ هاياتى كۈچى زور بولىدۇ. مەسىلەن: 7 — 8 ـ ئەسىرلەردىكى مانى دىنىغا ئائىت ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرىدا «كۈن، كىشى، ئاي، پۇت، تەڭرى، ئىككى، ئالتە، تۆرت، ئاداق، بىز، بۇ، بول..، بىل..، قورقۇ..» دېگەندەك سۆزلەر، 10 ـ ئەسىرلەردە يېزىلغان «ئالتۇن يارۇق»تا «ئات، ئاش، بەگ، ئەرتە، ئىچ..، كەل..، قىز، قوي، ئۆل..، تۆردەك، توڭگۇز» دېگەندەك سۆزلەر؛ «قۇتادغۇبىلىك»تە «ئادەم، كىتاب، ئاي، كۈن، ئالىم، بار، باش، كەل..، كۆپ، پادىشاھ، ئوغۇل، ئۆز، بىلەن، يۇلتۇز» دېگەندەك سۆزلەر؛ «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا «ئاغىز> ئېغىز، ئۇرۇش، ئاداش، ئوچۇق، ئۇزاق، ئاشۇق، ئوشۇق، ئەتۈك> ئۆتۈك، ئوغۇل، ئۆلۈم، ئۆچۈن، ئۇزۇن، ئاچ، بوغ، كىر..، قوي..» دېگەندەك سۆزلەر ئۇچرايدۇ. مانا بۇ سۆزلەر تا بۈگۈنكى كۈنگە قەدەر ئۇيغۇر تىلىدا كەڭ قوللىنىلماقتا.

«تۇراقلىق بولىدۇ» دېگەنلىك هەرگىزمۇ ئاساسى سۆزلۈككە كىرىدىغان سۆزلەر مۇتلەق ئۆزگەرمەيدۇ، دېگەنلىك ئەمەس. ئۇمۇ ئۆزگىرىدۇ، تەرەققىي قىلىدۇ، ئەمما بۇ خىل ئۆزگىرىش ئادەتتىكى سۆزلۈككە نىسبەتەن تولىمۇ ئاستا، بەكمۇ ئاز بولىدۇ.

2) ئومۇمىي خەلققە چۈشىنىشلىك بولىدۇ. ئاساسى سۆزلۈككە كىرىدىغان سۆزلەرنى كىشىلەر ياش، كەسىپ، رايون، مەدەنىيەت سەۋىـ

يىسى قاتارلىق جەھەتلەردىكى پەرقلەرنىڭ قانداق بولۇشىغا قارىماي، ئومۇمىيۈزلۈك قوللىنىدۇ. ھەممىگە چۈشىنىشلىك بولىدۇ. ئاساسىي سۆزلۈككە كىرىدىغان سۆزلەر كىشىلەر تەپەككۇرىدىكى ئەڭ ئاساسلىق ئۇقۇملارنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان بولغاچقا، ھەرقانداق بىر ئادەم مەيلى ئۇ قايسى سىنىپ، قايسى قاتلام، قانداق كەسىپ، قانداق ياشتا بولسۇن ياكى مەدەنىيەت سەۋىيىسىنىڭ قانداق بولۇشى ۋە قايسى دىئالېكت – شېۋىگە تەۋە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، پەقەت ئالاقىلەشمەكچى، پىكىر ئالماشتۇرماقچىلا بولىدىكەن، مەيلى ئېغىز تىلىدا بولسۇن ياكى يېزىق تىلىدا بولسۇن، ئاساسىي سۆزلۈكتىكى سۆزلەرگە تايانماي قالمايدۇ.

3) سۆز ياساش ئىقتىدارى كۈچلۈك بولىدۇ. بۇ، ئاساسىي سۆزلۈككە كىرىدىغان سۆزلەر دائىم يېڭى سۆزلەرنىڭ ياسىلىشىغا ئاساس بولىدۇ، دېگەنلىكتۇر.

جەمئىيەت تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، بارلىققا كەلگەن يېڭى شەيئى، يېڭى ھادىسە ۋە يېڭى مۇناسىۋەتلەرنى يېڭى سۆز – ئاتالغۇلار بىلەن ئاتاشقا توغرا كېلىدۇ. بۇنى ھەل قىلىشنىڭ ئەڭ ئاساسلىق ئۇسۇللىرىدىن بىرى سۆز ياساش بولۇپ، ئۆز تىلىمىزدىكى تىل ماتېرىياللىرى، جۈملىدىن ئاساسىي سۆزلۈكتىكى سۆزلەر ماتېرىيال قىلىنىپ يېڭى ئۇقۇملار ئىپادىلەنسە، ئۇنى ھەممە كىشى چۈشىنەلەيدۇ. ئاسان قوبۇل قىلالايدۇ ۋە ئاسان ئۆزلەشتۈرۈۋالالايدۇ. مەسىلەن: «تىلەك، تىلەكداش، تىلەكداشلىق، تىلەم، تىلەمچى، تىلەمچىلىك» دېگەندەك سۆزلەرنىڭ ياسىلىشىغا «تىلە-» دېگەن سۆز؛ «تىلچى، تىلشۇناس، تىلشۇناسلىق، تىلداش، تىللا-، تىللىق، تىلتۇمار، تىلخەت، تىل – ئەدەبىيات، تىل – يېزىق، تىل – ئاياق، تىل – ھاقارەت، تىل ئۇزارماق، تىل قىسقا، تىلى ئۇزۇن» دېگەندەك سۆز ۋە ئىدىئوملارنىڭ ياسىلىشىغا «تىل» دېگەن سۆز ئاساس بولغان.

«سۆز ياساش ئىقتىدارى كۈچلۈك بولىدۇ» دېگەنلىك، ھەرگىزمۇ [illegible] ئاساسىي سۆزلۈكتىكى بارلىق سۆزلەرنىڭ سۆز ياساش

ئىقتىدارى كۈچلۈك بولىدۇ، دېگەنلىك ئەمەس، ئومۇمىي جەھەتتىن
شۇنداق بولىسىمۇ، لېكىن كونكرېت سۆزلەردە ئوخشاش ئەمەس. يەنى،
بەزىلىرىنىڭ كۈچلۈكرەك، يەنە بەزىلىرىنىڭ ئاجىزراق بولىدۇ، ھەتتا
بەزىلىرىدىن بىرمۇ يېڭى سۆز ياسالماسلىقى مۇمكىن.

شۇنى ئەسكەرتىپ ئۆتۈش كېرەككى، ئاساسىي سۆزلۈكنىڭ تۇراق-
لىق بولۇش، ئومۇمىي خەلققە ئورتاق بولۇش، سۆز ياساش ئىقتىدارى
كۈچلۈك بولۇشتىن ئىبارەت بۇ ئۈچ خىل ئالاھىدىلىكى ئاساسىي سۆز-
لۈكنىڭ بىر پۈتۈنلۈكىگە قارىتىپ ئېيتىلغان؛ ئاساسىي سۆزلۈككە
كىرىدىغان ھەممە سۆزنىڭ يۇقىرىدىكى ئۈچ خىل ئالاھىدىلىكنى بىرلا
ۋاقىتتا ھازىرلىشى ناتايىن.

ئاساسىي سۆزلۈكتىكى سۆزلەرنىڭ سانى ئادەتتىكى سۆزلۈككە كى-
رىدىغان سۆزلەرنىڭ سانىدىن ھامان ئاز بولىدۇ.

## 2. ئادەتتىكى سۆزلۈك

ئومۇمىي خەلق بىردەك چۈشىنىپ كېتەلمەيدىغان، قوللىنىش دا-
ئىرىسى تارراق بولغان سۆزلەرنىڭ يىغىندىسى ئادەتتىكى سۆزلۈك، دەپ
ئاتىلىدۇ. ئادەتتىكى سۆزلۈك تۆۋەندىكىدەك ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە:

1) ئۆزگىرىشچان بولىدۇ. ئادەتتىكى سۆزلۈك ئۆزگىرىش ھالىتى-
دە تۇرىدۇ. چۈنكى، ئۇ جەمئىيەتتىكى ئۆزگىرىشلەر بىلەن بىۋاستە
باغلىنىشلىق بولىدۇ. جەمئىيەتتىكى بارلىق ئۆزگىرىشلەرنى دەل ۋاقتى-
دا ئىپادىلەش بىلەن جەمئىيەتنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت،
پەن - تېخنىكا، تۇرمۇش قاتارلىق ساھەلىرىنىڭ ئۆزگىرىشلىرىگە ئەگە-
شىپ ئۆزگىرىپ بارىدۇ.

2) ئومۇمىي خەلققە ئورتاق بولمايدۇ. ئادەتتىكى سۆزلۈككە كىرى-
دىغان سۆزلەرنى ئومۇمىي خەلق بىردەك چۈشىنىپ كېتەلمەيدۇ. چۈن-
كى، بىرىنچىدىن، ئادەتتىكى سۆزلۈك ئۆزگىرىشچان، تۇراقسىز بولى-
دۇ. ئىككىنچىدىن، ئادەتتىكى سۆزلۈككە كىرىدىغان سۆزلەرنى قوللى-

سى ، مەدەنىيەت سەۋىيىسى قاتارلىق جەھەتلەردە پەرق بولىدۇ . شۇڭا ، ئادەتتىكى سۆزلۈك ئومۇمىي خەلققە ئورتاق بولمايدۇ .

3) سۆز ياساش ئىقتىدارى ئاجىز بولىدۇ . ئادەتتىكى سۆزلۈككە كىرىدىغان سۆزلەرنىڭ يېڭى سۆزلەرنى ياساش ئىقتىدارى ئاجىز بولىدۇ . يەنى ، يېڭى سۆزلەرنىڭ ياسىلىشىغا ئاساس بولالمايدۇ . بۇنىڭ ئۇنداق بولۇشىنى ئادەتتىكى سۆزلۈكنىڭ ئۆزگىرىشچان بولۇشى ، ئومۇمىي خەلققە ئورتاق بولماسلىقى بەلگىلىگەن .

4) ئادەتتىكى سۆزلۈكتىكى سۆزلەرنىڭ سانى ئاساسىي سۆزلۈكتىكى سۆزلەرنىڭ سانىدىن هامان كۆپ بولىدۇ . تەركىبىمۇ ئىنتايىن مۇرەككەپ بولىدۇ .

ئادەتتىكى سۆزلۈككە تۆۋەندىكىدەك بىر قانچە تۈرلۈك سۆزلەر كىرىدۇ :

1) كونا سۆزلەر

كونا سۆزلەر ئۆز ئىچىدىن قەدىمكى سۆزلەر ۋە تارىخىي سۆزلەر دەپ ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ .

(1) قەدىمكى سۆزلەر : قەدىمكى دەۋرلەردە كەڭ قوللىنىلغان ، ئەمما هازىرقى دەۋردە ئىستېمالدىن قالغان سۆزلەر قەدىمكى سۆزلەر دەپ ئاتىلىدۇ . مەسىلەن :

| قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا | هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا |
|---|---|
| بودۇن | خەلق |
| بالىق | شەھەر |
| تېكىن | شاهزادە |
| ياغى | دۈشمەن |
| ساب | سۆز |
| پەچقۇچ | قايچا |

| | |
|---|---|
| ئۆگۈز | دەريا ، ئېقىن |
| ساران | پىخسىق ، بېخىل |

(2) تارىخىي سۆزلەر : قەدىمكى ۋە يېقىنقى دەۋرلەردە كەڭ قوللىنىلغان ، ھازىرمۇ ئايرىم ژانىرلاردا قىسمەن قوللىنىلىدىغان سۆزلەر تارىخىي سۆزلەر ، دەپ ئاتىلىدۇ . مەسىلەن :

ئامبال ، بەگ ، باخشى ، ئالىپ ، دورغا ، مەپە ، قازى ، چېرىك، لەشكەر ، تۆگچى ، تىلماچ ، ئونبېشى ، مەشقاۋۇل ، ياساۋۇل ، باقاۋۇل ، شاڭيۇ ، ئوتقاش ، يارماق ، دوتەي ، گۆرزە ، يايى...

2) يېڭى سۆزلەر : ئىجتىمائىي ئالاقىنىڭ ئېھتىياجىغا ماسلىشىش ئۈچۈن بارلىققا كەلگەن ، يېڭى شەيئى ۋە ھادىسىلەر ھەققىدىكى ئۇقۇملارنى ئىپادىلەيدىغان سۆزلەر يېڭى سۆزلەر ، دەپ ئاتىلىدۇ . مەسىلەن : كىملىك ، يانفون ، كۆزنەك ، يېتۈك ، كۆرەك ، سېلىنما ، بۆلغانما ، قارالما ، قويمىچى ، ئاققۇن ، ئالەمقاراش ، تەبىئەتقاراش ، جەمئىيەتشۇناسلىق ، كەلگۈسىشۇناس ، ئارخىپشۇناسلىق ، لىفت

3) دىئالېكت ـ شېۋە سۆزلىرى :

مەلۇم رايوندا قوللىنىلىدىغان ، باشقا رايوندىكى كىشىلەر ئانچە چۈشىنىپ كېتەلمەيدىغان سۆزلەر دىئالېكت ـ شېۋە سۆزلىرى ، دەپ ئاتىلىدۇ . مەسىلەن :

| خوتەن دىئالېكتىدا | ئەدەبىي تىلدا |
|---|---|
| سەگ | ئىت |
| دۈەك | ئەقىلسىز |
| خارەت | ياغاچچى |
| زىرىپ | ئەستايىدىل |
| كاتو | كارۋات |

| | |
|---|---|
| دوسمو | بېسىق تورى |
| ساقاق | ئېڭەك |
| قاراشقۇ | بۆرە |
| جارا | كسربه |
| سونۆن | بىغ |
| چايقاق | دولقۇن |

| | |
|---|---|
| تۇرپان شېۋىسىدە | ئەدەبىي تىلدا |
| زور | چېلىشچى |
| چامچا | كۆڭلەك |
| جوجەم | ئۆجمە |
| ئايلا | ئاچا ، هەدە |
| كانتۇ | ئوغرى |

| | |
|---|---|
| قومۇل شېۋىسىدە | ئەدەبىي تىلدا |
| سۇمال | تاغار |
| يامداغ | سۇپۇرگە |
| ئالۇۋن | ئېزىتقۇ |
| قىقۇ - ماچۇ | ئۇلاش - چولاش |
| سىرتىق | خەۋەر |

| | |
|---|---|
| ئىلى شېۋىسىدە | ئەدەبىي تىلدا |
| گاجالق | ماڭقا |
| پاڭقۇش | دۆت ، هاڭۋاقتى |
| پىتىراڭغۇ | تارقاق |

| چۈجىل | ئەپچىل |
|---|---|
| قەشقەر شىۋىسىدە | ئەدەبىي تىلدا |
| يوزنەك | دۈۋە |
| يوملاق | يۇمىلاق |
| يىژغىرىم | قاتتىق ئىسسىق |
| تاراڭگا | تاياق ، توقماق |
| چارسۇ | تۆت كوچا ئېغىزى |

4) كىرمە سۆزلەر :

مەلۇم بىر تىلغا باشقا تىلدىن كىرىپ ئۆزلەشكەن سۆزلەر كىرمە سۆزلەر ، دەپ ئاتىلىدۇ . تىل تەرەققىياتى جەريانىدا بىر ـ بىرىدىن سۆز قوبۇل قىلىش بىر خىل نورمال ھادىسە ھېسابلىنىدۇ .

ئۇيغۇر تىلىغا نىسبەتەن كىرمە سۆزلەر دېگەندە ، ئاساسەن ئەرەب تىلى ، پارس تىلى ، خەنزۇ تىلى ، رۇس تىلى ۋە رۇس تىلى ئارقىلىق ياۋروپادىكى باشقا تىللاردىن قوبۇل قىلىنغان سۆزلەر كۆزدە تۇتۇلىدۇ .

كىرمە سۆزلەر ئىچىدە ئەرەب تىلىدىن كىرىپ ئۆزلەشكەن سۆزلەر ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلەيدۇ . بۇنىڭ ئۇنداق بولۇشى ئىسلام دىنى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىكتۇر . ئەرەب تىلىدىن كىرىپ ئۆزلەشكەن سۆزلەر ئىچىدە ئابستراكت مەنە بىلدۈرىدىغان ئىسىملار كۆپ ، ئاندىن قالسا ، سۈپەت ، رەۋىش ھەتتا بەزى باغلىغۇچى ۋە سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچىلارمۇ بار . مەسىلەن : «ئادەم ، ئاساس ، ئاخىر ، ئەدەبىيات ، ئەرباب ، ئەسۋاب ، ئەتراپ ، دەرىجە ، ئابىدە ، جەمئىيەت ، جازا ، جۈملە ، غەيرەت ، ئىما- رەت ، دىققەت ، داۋام ، ئېھتىياج ، ئېھتىيات ، قابىلىيەت ، ئاپەت ، ئاب- دال ، ئەبەد ، ئايال ، ئاھالە ، پىكىر ، پۇراق ، پېتىل» دېگەندەك نۇرغۇن- لىغان ئىسىملار ؛ «پىدائى ، ئاساسىي ، ئەدەبىي ، ئەمەلىي ، ئالىي ، ئىلمىي ، ئاددىي ، تارىخىي» دېگەندەك سۈپەتلەر ؛ «ئاۋۋال ، ئەينەن ،

ئاساسەن ، بەزەن ، شەخسەن ، ئاتايىن» دېگەندەك رەۋىشلەر ؛ «ئەمما ، ۋە ، يەنى ، لېكىن» دېگەندەك باغلىغۇچىلار ؛ «ئائىت ، نىسبەتەن ، قەدەر ، ئىبارەت» دېگەندەك تىركەلمىلەر ؛ «- ئىي // -ۋي // -يى» (ئەسكەرىي ، ئاممىۋىي ، باۋايى) دېگەندەك سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچىلار ئەرەب تىلىدىن ئۇيغۇر تىلىغا كىرىپ ئۆزلەشكەن .

ئۇيغۇرلار تارىختا قەدىمكى يىپەك يولىنىڭ ۋاسىتىسى ئارقىلىق پارسلار بىلەنمۇ تۈرلۈك مۇناسىۋەتتە بولغان ھەم ئىسلام دىنىنى پارسلار ئارقىلىق قوبۇل قىلغان . ئەنە شۇ جەرياندا پارس تىلىدىنمۇ نۇرغۇنلىغان سۆزلەر ئۇيغۇر تىلىغا كىرىپ ئۆزلەشكەن . پارس تىلىدىن كىرىپ ئۆزلەشكەن سۆزلەر ئىچىدە ئابستراكت چۈشەنچىلەرنى بىلدۈرىدىغان سۆزلەرلا بولۇپ قالماستىن ، يەنە تۇرمۇشقا ئائىت سۆزلەرمۇ كۆپ ئۇچرايدۇ . مەسىلەن : «گەدەن ، پېشانە ، ساتىراش ، موزدۇز ، نان ، مېۋە ، تەشپۇت ، نامرات ، خۇدا ، گۇناھ ، كاناي ، نەي ، چىنە ، زەدەك ، گۈل ، گۆش ، پادىشاھ ، پادا ، ئانار ، ئاشخانا ، ئاسمان ، مېھمان ، باھار ، بازار ، شەھەر ، دەريا ، سەۋزە ، بەختىيار ، پىنھان ، بىچارە ، نامرات» دېگەندەك ئىسىم ۋە سۈپەتلەر ؛ «بى - ، نا - ، بەد - ، - داش ، - كەش ، - پەرۋەر ، - پەز ، نامە ، - ۋەن (بان) ، - سىمان ، - خانا < خانە ، - خور> » دېگەندەك ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا ئۈنۈملۈك قوشۇمچىلار دەپ قارىلىۋاتقان سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچىلارمۇ پارس تىلىدىن كىرىپ ئۆزلەشكەن . ئەسلىي گرېك تىلىغا خاس بولغان «پىيالە ، پۇل» دېگەندەك سۆزلەرمۇ پارس تىلى ئارقىلىق كىرىپ ئۆزلەشكەن .

ئۇيغۇرلار قەدىمكى دەۋرلەردىن تارتىپلا خەنزۇ خەلقى بىلەن تۈرلۈك مۇناسىۋەتلەردە بولغان ۋە بولۇپ كەلمەكتە . مانا بۇنىڭ بىلەن ئۇيغۇر تىلىغا خەنزۇ تىلىدىنمۇ خېلى كۆپ سۆزلەر كىرىپ ئۆزلەشكەن . مەسىلەن : «گاڭپەن ، گاڭزا ، گازىر ، لازا ، لەڭپۇڭ ، لوبى ، لۇشيەن ، ماجاڭ ، گوبى ، گوجەي ، گۈمپا ، سەي ، چەيزە ، دادۇر ، جوزا ، چەيدو ، بەندىڭ ، ۋاڭ ، يامۇل ، لىم ، ياڭزا ، ساڭ ، خەي ، خاسىڭ ، چاي ، چەنزە ، پىنتوزا ، پىنتاڭ ، مەنپەر ، پىنتاڭ ، موما ، مو ،

كوي ، ياڭيۇ ، موگو ، موچەن ، كويزا ، سوگوزا ، پەي ، پەيجاڭ ، بەن ، بەنجاڭ ، تۇەن ، تۇەنجاڭ ، زۇڭلى ، زۇڭتۇڭ ، شۇجى ، گوۋۇيۈەن» دېگەندەك سۆزلەر خەنزۇ تىلىدىن كىرىپ ئۆزلەشكەن .

ئۇيغۇر تىلى سۆزلۈكىدە يەنە رۇس تىلى ۋە رۇس تىلى ئارقىلىق ياۋروپادىكى باشقا تىللار (ئاساسەن يۇنان ، لاتىن ، نېمىس ، فىرانسۇز ، ئىنگلىز ، ئىتالىيان تىللىرى ) دىن كىرىپ ئۆزلەشكەن سۆزلەرمۇ خېلى كۆپ ، بۇ تۈردىكى سۆزلەرنىڭ ئاز بىر قىسمى بۇرۇن ئۇيغۇرلارنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرى بىلەن بولغان تۈرلۈك مۇناسىۋەتلىرى ئارقىلىق ئۇيغۇر تىلىغا كىرىپ ئۆزلەشكەن بولۇپ ، ئۇلار ئىچىدە پەن - تېخنىكا ئاتالغۇلىرى ئاز ياكى يوق دېيەرلىك . مەسىلەن : «ساماۋەر ، سەرەڭگە ، كالاچ ، لامپا ، پەتنۇس ، بەتىنكە ، چەينەك» قاتارلىقلار . كۆپ قىسمى 20 - ئەسىرنىڭ 30 - — 40 - يىللىرى ، بولۇپمۇ ئازادلىقتىن كېيىن ، تۈرلۈك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن تۈرلۈك ساھەلەر بويىچە تۈركۈم - تۈركۈملەپ كىرىپ ئۆزلەشكەن . مەسىلەن : «پىيما ، پىۋا ، پىلەموت ، پىراۋا ، پىشكا ، پېچەت ، پوۋېست ، پومېشچىك ، پولېك ، پوسۇلكا ، پورتوچكا ، پوچېركا ، پوپايكا ، پلاستىنكا ، پىرىستان ، پەيتۇن ، بالىنىست ، باسنۇشكا ، تاموژنا ، تانسا ، توك ، توچكا ، تومپۇچكا ، داچا ، چوتكا» دېگەندەك سۆزلەر رۇس تىلىدىن كىرىپ ئۆزلەشكەن .

رۇس تىلى ئارقىلىق ياۋروپادىكى باشقا تىللاردىن كىرىپ ئۆزلەشكەن سۆزلەر ئىچىدە پەن - تېخنىكا ئاتالغۇلىرى كۆپ ئۇچرايدۇ . مەسىلەن : يۇنان (قەدىمكى گرېك ) تىلىدىكى «پىراميدا ، پېداگوگىكا ، پلانېتا ، پسىخولوگىيە ، لوگىكا ، پراكتىكا ، فونېتىكا ، باكتېرىيە ، تاكتىكا ، تراگېدىيە ، تروپىك ، پوپ ، توم ( I توم ) ، تالانت» دېگەندەك سۆزلەر : لاتىن تىلىدىكى «پىلان ، پوزىتسىيە ، پرىنسىپ ، پروفېسسور ، ئانگېنىس ، ترانسپورت ، ترانسكرىپسىيە ، ئاپتور ، كانىكول ، فورمۇلا ، مىنۇس ، مىنىستىر ، دىكتاتورا» دېگەندەك سۆزلەر ؛ نېمىس تىلىدىكى «تاكىت ، شتاب ، ئوفېتسېر ، كونۇپكا ، بوغالتىر ، كاسسىر ، لاگېر ، كىران ، گالىستۇك» دېگەندەك سۆزلەر ؛ فىرانسۇز تىلىدىكى :

«پىئونېر ، پىستان ، پېدال ، پورت ، بانكا ، بامبۇك ، بالون ، باللادا ، بال (3 بال شامال) ، باتارېيە ، تاكسى ، تالون ، پەلتو ، كاستيۇم ، پارتىزان ، بالت ، ئاۋانگارت ، رېژىسسور ، بيۇروكرات» دېگەندەك سۆزلەر ؛ ئىنگلىز تىلىدىكى : «كومبايىن ، تراكتور ، ترامۋاي ، بايقوت ، تانكا ، رېلس ، ۋوگزال ، ئىمپورت ، چېمپىيون ، پۇتبول ، كۇلۇب» دېگەندەك سۆزلەر ؛ ئىتالىيان تىلىدىكى : «تورت ، پەمىدۇر ، بالكون ، گورۇپپا ، ئوپېرا» دېگەندەك سۆزلەر ؛ پولەك تىلىدىكى : «كوپتا ، يوپكا» ؛ ئىسپان تىلىدىكى «گىتار ، كاراپ ، لىمون» دېگەندەك سۆزلەر رۇس تىلى ئارقىلىق كىرىپ ئۆزلەشكەن سۆزلەر ھېسابلىنىدۇ . بۇ تۈردىكى سۆزلەر ياۋروپا تىللىرىدا ئومۇمەن ئورتاق قوللىنىلىدىغان بولغاچقا ، ئىنتېرناتسىئونال سۆزلەر ، دەپمۇ ئېلىنىۋاتىدۇ .

شۇنى ئەسكەرتىپ ئۆتۈش كېرەككى ، تىلشۇناسلىق نەزەرىيىسىدە كىرمە سۆزلەر ئادەتتىكى سۆزلۈككە كىرىدۇ ، دەپ قارالسىمۇ ، لېكىن ئۇيغۇر تىلىغا نىسبەتەن خېلى كۆپ بىر بۆلەك سۆزلەر كىرگەن ۋاقتىنىڭ ئۇزاقلىقى ياكى ئومۇملىشىش دەرىجىسىنىڭ كەڭلىكى نۇقتىسىدىن قارىغاندا ، ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئاساسىي سۆزلۈكىدىن ئورۇن ئېلىپ بولغان . مەسىلەن : «ئادەم ، ئاخىر ، ئايال ، ئاپتاپ ، ئەتراپ ، جازا ، غەيرەت ، دىققەت ، ئاددىي ، ئاۋۋال ، ئاتايىن ، گەدەن ، پېشانە ، ساتىراش ، نان ، گۆش ، گۈل ، مېۋە ، خۇدا ، گۇناھ ، چىنە ، ئاسمان ، مېھمان ، بازار ، دەريا ، سەۋزە ، لازا ، چەيزە ، چاي ، گازىر ، دادۇر ، جوزا ، مەنتاڭ ، موما ، كوي ، ياڭيۇ ، موچەن ، سەرەڭگە ، كالاچ ، پىيالە ، پۇل ، تېلېفون ، تېلېۋىزور» دېگەندەك سۆزلەر ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىغا نىسبەتەن ئاساسىي سۆزلۈككە خاس سۆزلەر ھېسابلىنىدۇ .

5 . كەسپىي سۆزلەر : تۈرلۈك كەسىپ ، تۈرلۈك ساھەلەرنىڭ ئۆز دائىرىسىدە قوللىنىلىدىغان ، ئومۇمىي خەلق بىردەك چۈشىنىپ كېتەلمەيدىغان سۆز ـ ئاتالغۇلار كەسپىي سۆزلەر ، دەپ ئاتىلىدۇ . ئۇيغۇر تىلىدىكى كەسپىي سۆزلەرنى چوڭ جەھەتتىن پەن ـ تېخنىكا ئاتالغۇلىرى ، قول ھۈنەرۋەنچىلىك ئاتالغۇلىرى دېگەن ئىككى چوڭ تۈرگە ئاي-

رىش مۇمكىن .
(1) پەن ـ تېخنىكا ئاتالغۇلىرى : ھەرقايسى پەنلەرنىڭ ئۆز دائىرى-
سىدە كۆپ قوللىنىلىدىغان سۆزلەر پەن ـ تېخنىكا ئاتالغۇلىرى ، دەپ
ئاتىلىدۇ . مەسىلەن : «فونېتىكا ، فونېما ، بوغۇم ، ئىنتوناتسىيە ،
ئاسسىمىلياتسىيە ، سوزۇق تاۋۇش ، ئۈزۈك تاۋۇش ، سۆز ، سۆزلۈك ،
لېكسىكا ، فرازېئولوگىيە ، ئىدىئوم ، لۇغەت ، گىرامماتىكا ، مورفولوگى-
يە ، سىنتاكسىس ، ئىسىم ، پېئىل ، رەۋىش ، باغلىغۇچى ، ئىركەلمە
جۈملە ، ئاددىي جۈملە ، قوشما جۈملە» دېگەندەك سۆزلەر تىلشۇناسلىق
ئاتالغۇلىرى ھېسابلانسا ، «دىئالېكتىكا ، مېتافىزىكا ، ماددا ، ئاڭ ، ما-
كان ، زامان ، كاتېگورىيە» دېگەندەك سۆزلەر پەلسەپە ئاتالغۇلىرى ھې-
سابلىنىدۇ . «تەپەككۇر ، ئۇقۇم ، ھۆكۈم ، خۇلاسە ، ئېنىقلىما ، ئىس-
پات ، رەددىيە ، سەپسەتە ، ھۆكۈملەنگۈچى ، ھۆكۈملىگۈچى ، ئۈچ ھۆ-
كۈملۈك ، يەشمە خۇلاسە ، يىغما خۇلاسە» دېگەندەك سۆزلەر لوگىكىغا
ئائىت ئاتالغۇلار ھېسابلانسا ، «يۇقىرا ، ئاساسىي قانۇن ، جىنايەتچى ،
ئاقلىغۇچى ، قارىلىغۇچى ، سوتچى ، سوت ، ئوچۇق سوت ، گۇماندار ،
ئادۋوكات ، ئاقلىماق ، قارىلىماق ، دەۋاگەر ، مىراسخور» دېگەندەك
سۆزلەر قانۇنشۇناسلىققا ئائىت ئاتالغۇلار ھېسابلىنىدۇ .
ماتېماتىكا ، خىمىيە ، فىزىكا ، بىئولوگىيە ، دوختۇرلۇق ، جۇغرا-
پىيە ۋە باشقا تەبىئىي پەن ھەم سانائەت پەنلىرىنىڭ ئۆز دائىرىسىدە كۆپ
قوللىنىلىدىغان سۆزلىرىمۇ پەن ـ تېخنىكا ئاتالغۇلىرى ھېسابلىنىدۇ .
(2) قول ھۈنەرۋەنچىلىك ئاتالغۇلىرى : ئۇيغۇرلارنىڭ تۈرلۈك قول
ھۈنەرۋەنچىلىكىنىڭ ئۆز دائىرىسىدە كۆپ قوللىنىلىدىغان سۆزلەر قول
ھۈنەرۋەنچىلىك ئاتالغۇلىرى ، دەپ ئاتىلىدۇ . ئۇيغۇرلاردا كىگىزچى-
لىك ، ناۋايچىلىق ، تۆگمەنچىلىك ، كۆنچىلىك ، جۇۋازچىلىق ، بىناكار-
لىق ، باپكارچىلىق ، تىككۈچىلىك ، موزدۇزلۇق ، دوپپىچىلىق ، بوياق-
چىلىق ، زەرگەرلىك ، مىسكەرلىك ، تۆمۈرچىلىك ، ياغاچچىلىق ، پە-
چاقچىلىق ، كەشتىچىلىك ، گىلەمچىلىك قاتارلىق قول ھۈنەرۋەنچىلىك
كەسپى خېلى تەرەققىي قىلغان بولۇپ ، بۇ كەسىپلەرنىڭ ھەر قايسىنىڭ

ئۆز دائىرىسىدە ئىشلىتىلىدىغان نۇرغۇن سۆزلىرى بار. مەسىلەن، «ئويماق، موكا، قېلىپ، چىۋىق، پەشمەت، تونچە، يەكتەك، ياقا، يۇچقاق، يۇرمە، قاتلاق، قاتلاق يوپكا» دېگەندەك سۆزلەر تىككۈچىلىككە خاس سۆزلەر ھېسابلانسا، «ھەرە، ئىسكىنە، ئۆشكە، رەندە، چوت، كەكە، شىنا، يۇزەك، رەندىلە-، قول ھەرىسى، جادۇ، ھەرە، ھەرىدە-» قاتارلىق سۆزلەر ياغاچچىلىققا خاس ئاتالغۇلار ھېسابلىنىدۇ. «دەرەج، بىرەندە، بەلچە، دۇفى، بىگىز، باشلىق، ئاپىئوت، رۇيچالا، سىرەج، موم، شاۋرۇن، بۇرەندە» دېگەندەك سۆزلەر موزدۇزلۇققا خاس ئاتالغۇلار ھېسابلانسا، «سەندەل، بازغان، بولقا، قىسقۇچ، قەلەم، قەلەمقىسقۇچ، چاتمابولقا، چاسابولقا، بىس، تىغ، بازغانلا-، بولقىلا-» دېگەندەك سۆزلەر تۆمۈرچىلىككە ئائىت سۆزلەر ھېسابلىنىدۇ.

6) ئىدىئوملار: تەركىبىي قىسىملىرىنىڭ يەككە لېكسىكىلىق مەنىلىرى ئاساسىدا شەكىللىنىپ، بىر پۈتۈن گەۋدە سۈپىتىدە مۇئەييەن بىر كۆچمە مەنە ئىپادىلەيدىغان، سىنتاكسىسلىق قۇرۇلمىسى تۇراقلاشقان لېكسىكىلىق بىرلىك ئىدىئوم، دەپ ئاتىلىدۇ. ئىدىئوملار تۆۋەندىكىدەك ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە بولىدۇ:

(1) ئىدىئوملار مەنە جەھەتتە بىر پۈتۈنلۈككە، تۇراقلىققا، مۇقىملىققا ئىگە بولىدۇ. ئىدىئوملارنىڭ مەنىسى شۇ ئىدىئومنى ھاسىل قىلىشقا قاتناشقان ھەربىر تەركىبىي قىسىمنىڭ يەككە تۇرغاندىكى مەنىلىرىنىڭ ئاددىي يىغىندىسى بولماستىن، بەلكى شۇ ھەربىر تەركىبىي قىسىمنىڭ يەككە مەنىلىرى ئاساسىدا ھاسىل قىلىنغان ۋە بىر پۈتۈنلۈككە ئىگە بولغان كۆچمە مەنىدۇر. مەسىلەن: «ئاغزىنى بۇزماق» دېگەن ئىدىئوم «تىللىماق» دېگەن مەنىنى، «تومۇرىنى تۇتۇپ باقماق» دېگەن ئىدىئوم «سىنىماق» دېگەن مەنىنى، «تۇلۇمدىن توقماق چىققاندەك» دېگەن ئىدىئوم «تۇيۇقسىز، ئۇشتۇمتۇت» دېگەن مەنىنى بىلدۈرگىنىگە ئوخشاش.

(2) ئىدىئوملار قۇرۇلما جەھەتتە تۇراقلىققا، مۇقىملىققا ئىگە بولىدۇ. بۇ تۆۋەندىكى نۇقتىلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

1 ئىدىئوم تەركىبىدىكى سۆزلەرنىڭ ئورنىنى ئاساسەن خالىغانچە ئالماشتۇرۇشقا بولمايدۇ . مەسىلەن : «دوپپىسىغا جىگدە سالماق» نى «جىگدىنى دوپپىسىغا سالماق» دەپ ، «پۇتى كۆيگەن توخۇدەك» نى «توخۇنىڭ پۇتى كۆيگەندەك» دەپ ، «قورسىقىغا جىن كىرىۋالماق» نى «جىن قورسىقىغا كىرىۋالماق» دەپ ئېيتىشقا بولمايدۇ . ئەگەر ئالماشتۇرۇلسا ، ئىدىئوملۇق سالاھىيىتىدىن ئايرىلىپ قېلىپ ، ئادەتتىكى سۆز بىرىكمىسى بولۇپ قالىدۇ .

② ئىدىئوم تەركىبىدىكى مەلۇم بىر سۆزنى شۇ ئىدىئوم تەركىبىدە بولمىغان باشقا بىر سۆزگە ئالماشتۇرۇشقا بولمايدۇ . ئەگەر ئالماشتۇرۇلسا ، يەنىلا ئىدىئوملۇق سالاھىيىتىدىن ئايرىلىپ قالىدۇ . مەسىلەن : «ئارپىسىنى خام ئورماق» نى «بۇغدىيىنى خام ئورماق» ياكى «ئارپىسىنى پىششىق ئورماق» دەپ ، «بىر چالمىدا ئىككى پاختەكنى سوقماق» نى «بىر چالمىدا ئىككى قاغىنى سوقماق» دەپ ، «چۈچۈرىنى خام سانىماق»نى «جۇۋاۋىنى خام سانىماق» دەپ ئالماشتۇرۇپ ئىشلىتىشكە بولمايدۇ .

③ ئىدىئوملار تەركىبىدىكى بەزى سۆزلەرنى شۇ سۆزنىڭ مەنىداشلىرى بىلەن ئالماشتۇرۇپ ئىشلىتىشكە بولمايدۇ . ئەگەر ئالماشتۇرۇلسا ئوخشاشلا ئىدىئوملۇق ئالاھىدىلىكىنى يوقىتىپ قويىدۇ . مەسىلەن : «تۆخۈمدىن تۈك ئۈندۈرمەك» نى «تۆخۈمدىن موي ئۈندۈرمەك» دەپ ، «قولى ئەگرى» نى «قولى مايماق» دەپ ، «قولى قىسقا» نى «قولى كالتە» دەپ ئىشلىتىشكە بولمايدۇ .

(3) ئىدىئوملارنىڭ بىر پۈتۈنلۈككە ئىگە بولغان مەنىسى پەقەت مۇئەييەن كونتېكستتا روشەنلىشىدۇ . كونتېكست ئىدىئوملارنى ئىدىئوملۇق سالاھىيىتىگە ئىگە قىلىدىغان ئەڭ مۇھىم ئامىل ھېسابلىنىدۇ . مەسىلەن : «تومۇرنى تۇتۇپ باقماق» دېگەن بىرىكمىنى ئالساق ، ئۇ بىرىكمە «تېۋىپ نىمەتنىڭ تومۇرىنى تۇتۇپ كۆرۈپ ··· ئۇنىڭ يۈزىگە قاراپ كۈلۈپتۇ ـ دە ، — بۇ ئوغلىنىڭ كېسىلى ئىچىدە ، — دەپتۇ» دېگەن كونتېكستتا ئەركىن (تۇراقسىز ) سۆز بىرىكمىسى سالاھىيىتى

بىلەن «تومۇرلىرىغا بارماقلىرىنى تەككۈزۈپ، يۈرەك ۋە قان ھەرىكىتىنى ئېنىقلىماق» دېگەن مەنىنى ئىپادىلىسە، ئۇ «ئۇ ئاخىر بۇنىڭ تېگىگىمۇ يەتتى، بىر كۈنى ئاخشىمى ئىككىسى يالغۇز قالغان چاغدا، ئۇ يەر، بۇ يەردىن گەپ ئېلىپ، خۇماخانىنىڭ تومۇرىنى تۇتۇپ بېقىپ، كىچىك ئاخۇنغا مەيلى بارلىقىنى بىلىۋالدى» دېگەن كونتېكستتا «پوزىتسىيىسىنى، رايىنى سىناپ كۆرمەك» دېگەن مەنىنى ئىپادىلەپ، ئىدىئوملۇق سالاھىيىتىگە ئىگە بولغان.

(4) ئىدىئوملار سۆزگە ئوخشاش مۇئەييەن بىر ئۇقۇمنى ئىپادىلەيدۇ. مەسىلەن: «قورساق كۆپمەك» دېگەن ئىدىئوم «رەنجىمەك» دېگەن مەنىنى، «شور پېشانە» دېگەن ئىدىئوم «تەلەيسىز، بەختسىز» دېگەن مەنىنى، «ئورا كولىماق» دېگەن ئىدىئوم «زىيانكەشلىك قىلماق، قەست قىلماق» دېگەن مەنىنى، «كۆزى كىچىك» دېگەن ئىدىئوم «پىخسىق» دېگەن مەنىنى بىلدۈرگەنگە ئوخشاش.

(5) ئىدىئوملار سۆزگە ئوخشاش مۇئەييەن بىر ئۇقۇمنى ئىپادىلەيدىغان بولغاچقا، جۈملىدە پەقەت سۆزگە ئوخشاش جۈملىنىڭ بىرلا بۆلىكى بولۇپ كېلىدۇ. سۆزگە ئوخشاش ياسىلىش، تۈرلىنىش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە بولىدۇ.

(6) ئىدىئوملار تۈرلۈك تۈس مەنىلىرىگە ئىگە بولىدۇ. ئىدىئوملارنىڭ تۈس مەنىلىرى سۆزنىڭ تۈس مەنىلىرىگە نىسبەتەن تېخىمۇ روشەن بولىدۇ.

(7) ئىدىئوملار قويۇق مىللىي ئالاھىدىلىككە، مىللىي مەدەنىيەت ئاساسىغا ئىگە بولىدۇ. شۇڭا، ئىدىئوملارنى باشقا بىر تىلغا، بولۇپمۇ باشقا بىر تىل سىستېمىسىدىكى تىلغا سۆزمۇسۆز تەرجىمە قىلىشقا بولمايدۇ.

7) يېزىق تىلى سۆزلىرى: پەقەت ئۇيغۇر كلاسسىك يېزىق تىلىغا خاس سۆزلەر يېزىق تىلى سۆزلىرى، دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ تۈردىكى سۆزلەر پەقەت كلاسسىك ئەدەبىياتتا كۆپ قوللىنىلىدۇ، باشقا ژانىرلاردا قوللىنىلمايدۇ. مەسىلەن: «ئابىچەشمە، ئابىراۋان، ئابىكەۋسەر، ئابىزەم-

ئافۇ ، ئاھۇ پەرياد ، ئاھۇ پىغان ، ئاھۇ زار ، ئاھۇ نادامەت ، ئايا ، ئەبەد ، ئەبەدىلئەبەد ، ئەبەدىيەت ، ئەبەدىلەش ـ ، ئەبجەت ، ئەپغان ، ئەپكار ، ئەتتار ، ئەجىن ، ئەختەر ، ئەجەم ، ئەردەم ، ئەرسات ، ئەركان ، ئەزەم ، ئەشئار ، ئاقرىبا ، ئەكابىر ، ئەلەمزادە ، ئەللامە ، ئەلھاسىل ، ئەلھال ، ئەلھايا ، ئەلھەزەل ، ئەلھەق ، ئەلۋىدا ، ئەمرىمەرۇپ ، ئەمرىمەھەل ، ئەمبىيا ، ئەنجام ، ئەندۇ ، ئەنقا ، ئەھكام ، ئەھيا ، ئەھيان » دېگەندەك سۆزلەر پەقەت ئۇيغۇر يېزىق تىلى ژانىرىنىڭ كلاسسىك ئەدەبىيات تۈرىدىلا قوللىنىلىدۇ . باشقا ژانىرلاردا قوللىنىلمايدۇ .

## 3 . ئاساسىي سۆزلۈك بىلەن ئادەتتىكى سۆزلۈكنىڭ مۇناسىۋىتى

ئاساسىي سۆزلۈك بىلەن ئادەتتىكى سۆزلۈك گەرچە ئومۇمىي سۆزلۈكتىكى ئوخشاش بولمىغان ئىككى تۈر بولسىمۇ ، لېكىن ئۇلار بىر-بىرىنى شەرت قىلىپ تۇرۇشتىن ئىبارەت زىچ باغلىنىشقا ئىگە بولىدۇ . چۈنكى ، ئاساسىي سۆزلۈك ئومۇمىي سۆزلۈكنىڭ يادروسى ، ئەڭ مۇھىم قىسمى ، نېگىزى بولۇپ ، ئۇ ئاسان ئۆزگەرمەيدۇ . ئاساسىي سۆزلۈك تىلنى ئەۋلادمۇئەۋلاد قالدۇرۇشقا كاپالەتلىك قىلىدىغان مۇھىم ئامىللارنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ . ئادەتتىكى سۆزلۈك بولسا تىلنىڭ ئۆزگىرىشچان قىسمى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ . شۇڭا ، ئۇ جەمئىيەت تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ ئومۇمىي سۆزلۈكنى داۋاملىق تۈردە تولۇقلاپ ، بېيىتىپ تۇرىدۇ . بۇ ئارقىلىق تىلدا جەمئىيەت تەرەققىياتىنى تېزدىن ئەكس ئەتتۈرۈشكە شارائىت يارىتىلىدۇ . ئادەتتىكى سۆزلۈك ئاساسىي سۆزلۈكنى ھەرقايسى جەھەتلەردىن تولۇقلاش رولىنى ئوينايدۇ . ئاساسىي سۆزلۈك بىلەن ئادەتتىكى سۆزلۈكنىڭ ئومۇمىي سۆزلۈكتىكى ئورنىنى تۆۋەندىكى سخېما ئارقىلىق كۆرستىشكە بولىدۇ :

گەرچە ئاساسىي سۆزلۈك ئومۇمىي سۆزلۈكنىڭ يادرو قىسمى ، ئادەتتىكى سۆزلۈك ئاساسىي سۆزلۈكنى ھەرقايسى جەھەتلەردىن تولۇق-




لايدىغان قىسمى بولىسمۇ، لېكىن ئاساسىي سۆزلۈك بىلەن ئادەتتىكى
سۆزلۈك مۇتلەق بولمايدۇ، ئۇلار ئوتتۇرىسىدا ئېنىق چېگرا يوق. يەنى،
ئاساسىي سۆزلۈككە كىرىدىغان سۆزلەر مەڭگۈ ئاساسىي سۆزلۈكتە تۇرۇ-
ۋېرىدىغان، ئادەتتىكى سۆزلۈككە تەۋە سۆزلەر مەڭگۈ ئادەتتىكى سۆز-
لۈكتە تۇرۇۋېرىدىغان ئىش يوق. چۈنكى، سۆزنىڭ ئومۇمىي سۆزلۈكتە-
كى ئورنى مۇتلەق بولمايدۇ. تىل تەرەققىياتى جەريانىدا ئاساسىي سۆز-
لۈكتىكى بەزى سۆزلەر تۈرلۈك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئادەتتىكى سۆزلۈك-
كە ئۆتۈپ قېلىشى مۇمكىن، خۇددى شۇنىڭدەك ئادەتتىكى سۆزلۈكتىكى
بەزى سۆزلەر كۆپ قوللىنىش ۋە ئومۇملىشىش نەتىجىسىدە، ئاساسىي
سۆزلۈكتىن ئورۇن ئېلىشىمۇ مۇمكىن. مەسىلەن: 20 ـ ئەسىرنىڭ
30 ـ، 40 ـ يىللىرىدا ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئاساسىي سۆزلۈكىگە خاس
دەپ قارالغان «دورغا، ۋالى، بەگ، دوتەي، يارماق، ئامبال، يامۇل،
يايى، مەدرىس، تالىپ، قازى» دېگەندەك سۆزلەر ھازىرقى زاماندا
ئادەتتىكى سۆزلۈككە ئۆتكەن سۆزلەر ھېسابلانسا، دەسلەپ بارلىققا كەل-
گەندە ئادەتتىكى سۆزلۈككە تەۋە بولغان «كىرئالغۇ، ئۈنئالغۇ، سىنئال-
غۇ، توڭلاتقۇ، تېلېفون، يانفون، چاقىرغۇ، تېلېۋىزور» قاتارلىق سۆز-
لەر ھازىر ئاساسىي سۆزلۈكتىن ئورۇن ئالغان سۆزلەر ھېسابلىنىدۇ.
شۇڭا، ئاساسىي سۆزلۈكتىكى سۆزلەر بىلەن ئادەتتىكى سۆزلۈكتىكى
سۆزلەر ئۆزئارا ئۆتۈشۈپ تۇرىدۇ، بىر ـ بىرىنى تولۇقلاپ تۇرىدۇ.

سوقا، ئاساسىي سۆزلۈك بىلەن ئادەتتىكى سۆزلۈكنىڭ مۇناسىۋىتىنى ئۆزئارا ئۆتۈشۈش، بىر - بىرىنى تولۇقلاش مۇناسىۋىتى دەپ قاراشقا بولىدۇ.

**【مۇھاكىمە سوئاللىرى】**

1. سۆزلۈك دېگەن نېمە؟
2. ئاساسىي سۆزلۈك دېگەن نېمە؟ ئۇ قانداق ئالاھىدىلىككە ئىگە؟
3. ئادەتتىكى سۆزلۈك دېگەن نېمە؟ ئادەتتىكى سۆزلۈككە قانداق سۆزلەر كىرىدۇ؟
4. ئاساسىي سۆزلۈك بىلەن ئادەتتىكى سۆزلۈكنىڭ پەرقى نېمە؟
5. ئىدىئوم دېگەن نېمە؟ ئۇ قانداق ئالاھىدىلىككە ئىگە؟
6. ئاساسىي سۆزلۈك بىلەن ئادەتتىكى سۆزلۈكنىڭ مۇناسىۋىتى قانداق؟ مىسال بىلەن چۈشەندۈرۈڭ.

## 7 §. سۆزلۈكنى بېيىتىش يوللىرى

سۆزلۈكنى بېيىتىش يوللىرى دېگەندە، ئومۇمەن ياساش، قېزىش ۋە قوبۇل قىلىش قاتارلىق ئۇسۇللار ئارقىلىق سۆزلۈكنى بېيىتىشنى كۆرسىتىدۇ.

### 1. ياساش

ياساش دېگەندە، جەمئىيەت تەرەققىياتى جەريانىدا بارلىققا كەلگەن يېڭى شەيئى، ھادىسە ۋە ئۇلارنىڭ تۈرلۈك مۇناسىۋەتلىرىنى ئۇيغۇر تىلىغا خاس تەييار تىل ماتېرىيالىدىن پايدىلىنىپ يېڭى سۆزلەرنى ياساش ئارقىلىق ئىپادىلەشكە قارىتىلىدۇ. ئۇيغۇر تىلىغا نىسبەتەن يېڭى سۆز-لەرنى ياساش ئاساسەن قوشۇش قوشۇمچە ئۇسۇلى (مورفولوگىيىلىك ئۇسۇل ياكى سېنتېتىك ئۇسۇل) ۋە بىرىكتۈرۈش ئۇسۇلى (سىنتاك-

ـىسلىق ئۇسۇل ياكى ئانالىتىك ئۇسۇل )دىن ئىبارەت ئىككى خىل ئۇسۇل ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلىدۇ .

1) قوشۇمچە قوشۇش ئۇسۇلى

مۇستەقىل مورفېمىلارغا تۈرلۈك سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچىلارنى قوشۇش ئارقىلىق يېڭى سۆزلەرنى ياساش ئۇسۇلى قوشۇمچە قوشۇش ئۇسۇلى دەپ ئاتىلىدۇ . بۇ خىل ئۇسۇل قەدىمدىن تارتىپ ئۇيغۇر تىلىدا ئىنتايىن مۇھىم ئورۇندا تۇرۇپ كەلگەن ، ئۇيغۇر تىلى سۆزلۈكىنى بېيىتىشتا مۇھىم رول ئويناپ كەلگەن ئۇسۇل ھېسابلىنىدۇ . ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا قارىماققا تۈپ سۆزدەك كۆرۈنىدىغان بىر قىسىم سۆزلەرگە ئىنچىكىلەپ قارايدىغان بولساق ، ئۇلارنىڭ ئەسلي تۈپ سۆز بولماستىن ، بەلكى قوشۇمچە قوشۇش ئارقىلىق ياسالغان ياسالما سۆز ئىكەنلىكىنى بىلىۋالالايمىز . مەسىلەن : «كۆمەچ ، پىچاق ، سوراق ، ئېقىن ، سوزۇق ، بېزەك ، سۆيۈرگە < سۆيۈرگۇ ، ئورۇندۇق ، تۇرگە < تۇرگۇ ، ئوتۇن ، توزان ، يۈلۈن ، باغاق < بارغاق ، ئورغاق ، توزغاق < توزۇغاق ، يامغۇر < ياغمۇر ، قوماچ < قورۇماچ ، ئېمىزگە < ئېمىزگۇ ، سۈرگە < سۈرگۇ ، يىغىن ، ئۆتەڭ ۋە باشقىلار» . قوشۇمچە قوشۇش ئۇسۇلى ئۇيغۇر تىلىغا نىسبەتەن ئەڭ ئۈنۈملۈك ئۇسۇل بولغاچقا ، ھازىرقى دەۋردىمۇ بۇ ئۇسۇل ئارقىلىق نۇرغۇنلىغان يېڭى سۆزلەر ياسالغان ھەم ياسىلىۋاتىدۇ . مەسىلەن : «توڭلاتقۇ ، تېتىتقۇ ، چاقىرغۇ ، ئوقۇرمەن ، كۆرۈرمەن ، ئاققۇن ، شامىلىق ، كىملىك ، خىزمەتچى ، باشقارما ، كۆرسەتكۈچ ، ئۆيۈشما ، كۆرگەزمە ، كۆرەك ، تەرمە ، بىرىكمە ، توقۇلما ، كېسىم ، ئۆقۇم ، ئۆچۈرگۈچ ، ئەمگەكچان ، شامالدۇرغۇچ ، ئوقچىل ، خەلقچىل ، كىنوخانا ، بايراقدار ، چايدان ، زامانىۋىلاش ، ئادەمسىمان ، ئىنسانشۇناس ، ئىنسانشۇناسلىق ، شەرتنامە» ۋە باشقىلار .

2) بىرىكتۈرۈش ئۇسۇلى

مۇستەقىل مورفېمىغا مۇستەقىل مورفېمىنى بىرىكتۈرۈش ئارقىلىق يېڭى سۆز ياساش ئۇسۇلى بىرىكتۈرۈش ئۇسۇلى ، دەپ ئاتىلىدۇ .

بۇ ئۇسۇلمۇ ئۇيغۇر تىلىغا نىسبەتەن يېڭى سۆزلەرنى ياساشتىكى تارىخى ئۇزاق ۋە ئۈنۈملۈك ئۇسۇل ھېسابلىنىدۇ . ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا تۈپ سۆزلۈك شەكلىنى ئالغان بىر قىسىم سۆزلەر ئەسلىي بىرىكتۈرۈش ئۇسۇلى ئارقىلىق ياسالغان ياسالما سۆزلەردۇر . مەسىلەن : «بۈگۈن > بۇ+ كۈن ، چېگرا > چەك+ ئارا ، ئاغىنە > ئاغا+ ئىنى ، توقسان> توققۇز+ ئون ، سەكسەن > سەككىز — ئون ، غۇلاچ > قول + ئاچ ، كۆكتات > كۆك+ ئوت ، ئاراچ > ئارا+ ئاچ ، بويتاق > بوي+ تاق ، ئەتىياز > ئەتە+ ياز » دېگەندەك ، بىرىكتۈرۈش ئۇسۇلى ھازىرقى دەۋر-دىمۇ ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرۇپ ، ئۇيغۇر تىلىدا يېڭى سۆزلەرنىڭ ياسىلىشى ئۈچۈن ئاكتىپ خىزمەت قىلماقتا . مەسىلەن : «ئۈنئالغۇ ، سىنئالغۇ ، كىرئالغۇ ، چاپئالغۇ ، ساقالئالغۇ ، بىرلىك سەپ ، تۆمۈر-يول ، تاشيول ، ئەمگەكقاراش ، ئالەمقاراش ، تارىخقاراش ، تەبىئەتقاراش ، دۇنياقاراش ، كۆزقاراش ، ئۇستقۇرۇلما ، ئومۇمىي يىغىن ، ئاساسىي قانۇن ، قالدۇرۇق يەر ، ئومۇميۈزلۈك ، ئىشلەپچىقىرىش ، تاشكۆمۈر ، تاشپاختا ، كۆزەينەك ، كۆزەينەكلىك يىلان » قاتارلىقلار .

ھەرقانداق بىر تىلغا نىسبەتەن ئۆز تىلىدىكى تىل ماتېرىياللىرىدىن پايدىلىنىپ يېڭى سۆزلەر ياساش ، بىرىنچىدىن ، چۈشىنىشلىك بولىدۇ ، سىڭىشلىك بولىدۇ ، كەڭ خەلق ئاممىسى ئاسان قوبۇل قىلالايدۇ ؛ ئىككىنچىدىن ، تىلنىڭ ساپلىقىنى كاپالەتكە ئىگە قىلغىلى بولىدۇ . شۇڭا ، ياساش سۆزلۈكنى بېيىتىشتىكى ئاساسلىق ۋە مۇھىم ئۇسۇللار-نىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ .

## 2 . قېزىش

قېزىش دېگەندە ، جەمئىيەت تەرەققىياتى جەريانىدا بارلىققا كەلگەن يېڭى شەيئى ۋە يېڭى ھادىسىلەر ھەققىدىكى ئۇقۇملارنى يېڭى سۆزلەرنى ياساش ئارقىلىق ئەمەس ، بەلكى تىلدا ئەسلىدە بار بولغان سۆزلەرگە تايىنىپلا ئىپادىلەشنى كۆرسىتىدۇ . بۇ خىل ئۇسۇل تۆۋەندىكى ئىككى تەرەپنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ :

1) سۆزلەرگە يېڭى مەنە يۈكلەش . سۆزلەرگە يېڭى مەنە يۈكلەش دېگىنىمىز ، تىلدا ئەسلىدە بار بولغان سۆزلەرنىڭ مەنىسى ئۈستىگە يېڭى مەنىلەرنى يۈكلەش ئارقىلىق يېڭى شەيئى ۋە يېڭى ھادىسىلەر ھەققىدىكى ئۇقۇملارنى ئىپادىلەشكە قارىتىلىدۇ . مۇنداقچە ئېيتقاندا ، يېڭى شەيئى ۋە يېڭى ھادىسىلەرنى تىلدا ئەسلىدە بار سۆزلەر ئارقىلىق ئىپادىلەش ئۇسۇلى سۆزلەرگە يېڭى مەنە يۈكلەش ، دەپ ئاتىلىدۇ . ھەرقانداق بىر تىلدىكى كۆپ مەنىلىك سۆزلەر مانا مۇشۇ ئۇسۇل ئارقىلىق شەكىللەنگەن دېيىشكە بولىدۇ .

2) كونا سۆزلەرنى يېڭى مەنىدە قوللىنىش . كونا سۆزلەرنى يېڭى مەنىدە قوللىنىش دېگىنىمىز ، ئىستېمالدىن قالغان ياكى قېلىش ئېھتىمالى بولغان سۆزگە يېڭى مەنە بېرىپ ، يېڭى شەيئى ۋە يېڭى ھادىسىلەر ھەققىدىكى ئۇقۇملارنى ئىپادىلەشكە قارىتىلىدۇ . مەسىلەن : «ئوغۇت» دېگەن سۆز «دىۋان» دەۋرىدە «بوزا تەييارلاشتىكى ئېچىتقۇ» دېگەن مەنىدە قوللىنىلغان ، ھازىر بولسا «تېرىلغۇ يەرلەرنىڭ قۇۋۋىتىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن يەرلەرگە چېچىلىدىغان مال - ۋارانلارنىڭ قىغى ۋە خىمىيىلىك ئۇسۇلدا ياسالغان شۇنداق رولغا ئىگە نەرسىلەرنىڭ ئومۇمىي نامى» دېگەن مەنىدە قوللىنىلىدۇ . «قۇرۇلتاي (موڭغۇل تىلىدىن كىرگەن )» دېگەن سۆز ئەسلىي «مەلۇم قەبىلە ياكى ئۇرۇقنىڭ كېڭەشمىسى» دېگەن مەنىدە ئىدى . ھازىر بولسا «دۆلەتنىڭ ئالىي دەرىجىلىك ئورگانلىرى تەرىپىدىن نەچچە يىلدا بىر قېتىم ئۆتكۈزۈلۈپ تۇرىدىغان ئومۇمىي چوڭ يىغىن» نى بىلدۈرىدۇ . «ئەمگەك» سۆزى ئەسلىي «جاپا- مۇشەققەت ، قىيىنچىلىق ، ئېغىرچىلىق» دېگەن مەنىدە ئىشلىتىلگەن بولسا (بۇ سۆزنىڭ بۇ خىل مەنىسى قۇمۇل شېۋىسىدە ھازىرمۇ ساقلانغان ) ، ھازىر «ئەقلىي ۋە جىسمانىي جەھەتتە قىلىنىغان ئىش ، پائالىيەت ؛ سىڭدۈرگەن ئەجىر ، مېھنەت» دېگەن مەنىدە ئىشلىتىلمەكتە . «خوتۇن < خاتۇن» دېگەن سۆز ئەسلىي «خان ياكى يۇقىرى تەبىقىدىكىلەرنىڭ رەپىقىسى» دېگەن مەنىدە بولسا ، ھازىر «جىنسىي جەھەتتىن ئەرلەرنىڭ ئەكسى بولغان ، تۇغۇش ، ئېمىتىش قابىلىيىتىگە ئىگە ئادەم ؛

ئايال . ② بىرەر ئەرنىڭ نىكاھلىنىدىكى ئايال . ③ تۇرمۇشقا چىققان ، توي قىلغان قىز ، جۇۋان » دېگەندەك مەنىلەردە قوللىنىلىدۇ . «ناھىيە» سۆزى بۇرۇن «ئورۇن ، جاي» دېگەن مەنىدە قوللىنىلغان بولسا ، ھازىر «ۋىلايەتتىن كىچىك ، يېزىدىن چوڭ مەمۇرىي رايون» دېگەن مەنىدە قوللىنىلىدۇ . مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى كونا سۆزلەرنى يېڭى مەنىدە قوللىنىش ؛ يەنى ، قەدىمكى سۆزلەرگە يېڭى مەنە يۈكلەشكە تىپىك مىسال بولالايدۇ .

سۆزلەرگە يېڭى مەنە يۈكلەش ياكى كونا سۆزلەرنى يېڭى مەنىدە قوللىنىش ئارقىلىق يېڭى شەيئى ۋە يېڭى ھادىسىلەر ھەققىدىكى ئۇقۇملار ئىپادىلەنگەندە ، تىلنىڭ تېجەشلىك ۋە ئىخچام بولۇشىنى ئىشقا ئاشۇرغىلى بولىدۇ . سۆزلەرنىڭ سانىنى كۆپەيتمەي تۇرۇپلا ، يېڭى ئۇقۇملارنى ئىپادىلىگىلى بولىدۇ . تېجەشلىك بولۇش يېڭى سۆز - ئاتالغۇلارنى يارىتىشتىكى مۇھىم بىر پرىنسىپ . تىلىمىزدىكى نۇرغۇنلىغان كۆپ مەنىلىك سۆزلەر مۇشۇ زۆرۈرىيەتتىن بارلىققا كەلگەن ، كونا سۆزلەرگە يېڭى مەنە بېرىپ ئىشلىتىشمۇ مۇشۇ زۆرۈرىيەتتىن شەكىللەنگەن ، ئىخچام بولۇشمۇ يېڭى سۆز - ئاتالغۇلارنى يارىتىشتىكى يەنە بىر مۇھىم ئۇسۇل . چۈنكى ، تىلنى قوللانغۇچىلار ھامان سۆز - ئاتالغۇلارنىڭ ئىخچام بولۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ .

## 3 .قوبۇل قىلىش

جەمئىيەت تەرەققىياتى جەريانىدا بارلىققا كەلگەن يېڭى شەيئى ۋە يېڭى ھادىسە ھەققىدىكى ئۇقۇملارنى ياساش ۋە قېزىش ئۇسۇللىرى ئارقىلىق توغرا ئىپادىلەپ بېرىش مۇمكىنچىلىكى بولمىغان ئەھۋالدا ، باشقا تىللاردىن سۆز قوبۇل قىلىش ئارقىلىقمۇ ئىپادىلەشكە توغرا كېلىدۇ ، قايسى تىلدىن سۆز قوبۇل قىلىش مەسىلىسگە كەلسەك ، ئۇ پۈتۈنلەي ئىجتىمائىي شەرت - شارائىت تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ . ئومۇمەن ، ياكى ئۆزى بىلەن مۇناسىۋىتى قويۇق بولغان مىللەتلەرنىڭ تىلىدىن ، ياكى ئېيتى بىر زاماندا بىرقەدەر تەسىرلىك ، يەنى - مەدەنىيەتتە تەرەققىي

قىلغان مىللەتلەرنىڭ تىللىرىدىن سۆز قوبۇل قىلىنىدۇ. مەسىلەن: قەدىمكى ياكى يېقىنقى دەۋرلەردە ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنى ۋە يىپەك يولى ۋاستىسى ئارقىلىق ئەرەبلەر ۋە پارسلار بىلەن قويۇق مۇناسىۋەتتە بولغان. بۇنىڭ بىلەن ئۇيغۇرلار ئەرەب - پارس تىللىرىدىن سۆز قوبۇل قىلىش ئارقىلىق ئۇيغۇر تىلى سۆزلۈكىنى بېيىتقان. ھازىرقى دەۋرلەردە بولسا، ئاساسەن ئىنگلىز تىلىدىن سۆز قوبۇل قىلىش ئارقىلىق ئۇيغۇر تىلى سۆزلۈكى بېيىتىلىۋاتىدۇ.

دېمەك، ئۇيغۇر تىلىنىڭ سۆزلۈكىنى بېيىتىشتا ئەڭ مۇھىمى ئۇيغۇر تىلىدىكى تەييار تىل ماتېرىياللىرىدىن پايدىلىنىپ يېڭى سۆزلەرنى ياساش ئۇسۇلىنى، ئاندىن قالسا، سۆزلەرگە يېڭى مەنە يۈكلەش ۋە كونا سۆزلەرنى يېڭى مەنىدە قوللىنىش ئۇسۇلىنى ئىشلىتىش كېرەك. بۇ ئىككى مۇمكىنچىلىك ئاقمىغان ئەھۋالدا ئاندىن سۆز قوبۇل قىلىش ئۇسۇلىنى قوللىنىش كېرەك. مانا مۇشۇنداق قىلغاندىلا، ئاندىن ئۇيغۇر تىلى سۆزلۈكىنى ھەقىقىي رەۋىشتە بېيىتقىلى بولىدۇ.

### 【مۇھاكىمە سوئاللىرى】

1. سۆزلۈكنى بېيىتىشنىڭ ئاساسىي يوللىرى قايسىلار؟ مىسال بىلەن چۈشەندۈرۈڭ.

2. ياساش نېمىگە قارىتىلىدۇ؟ ياساش قانچە تۈرلۈك بولىدۇ؟ ھەربىر تۈرنى مىسال بىلەن چۈشەندۈرۈڭ.

## §8. لۇغەتچىلىك

لۇغەت قورال سۈپىتىدە قوللىنىلىدىغان كىتاب. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، كىشىلەرنىڭ ئۆگىنىشى ۋە پايدىلىنىشى ئۈچۈن مەلۇم تىل، مەلۇم دىئالېكت ياكى مەلۇم پەندىكى سۆز - ئىبارىلەرنى يىغىپ، رەتلەپ، ئىزاھلاپ ياكى تەرجىمە قىلىپ تۈزۈپ چىقىلغان قوللانما

نى ، يەنى تۈزمەكچى بولغان لۇغەتنىڭ مەزمۇنى ، تۈرى ۋە ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن قايسى دائىرىدىكى (قايسى كەسىپ ، قايسى تىلدىكى )سۆزلەرنى تاللاش ، سۆزلەرنى قايسى پرىنسىپلارغا ئاساسەن ئىزاھلاش ، لۇغەتنى قانداق مەقسەت ، قانداق مۇددەتتا تۈزۈش ، قايسى ئۇسۇلدا تۈزۈش قاتارلىق مەسىلىلەرنى تەتقىق قىلىدىغان پەن لۇغەتشۇناسلىق ، دەپ ئاتىلىدۇ .

لۇغەت كىشىلەرنى مول بىلىملەر بىلەن تەمىنلەيدۇ . كىشىلەرنىڭ تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئۆگىنىشىگە شارائىت يارىتىپ بېرىدۇ . مەلۇم نۇقتىدىن ئېيتقاندا ، لۇغەتنىڭ تۈرى ، سانى ، ھەجمى ۋە سەۋىيىسى بىر دۆلەت ياكى مىللەتنىڭ پەن - مەدەنىيەت سەۋىيىسىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدىغان ئەينەك ، دەپ قاراشقا بولىدۇ .

### 1 .لۇغەتنىڭ مەزمۇنى

لۇغەت ئاساسەن تۆۋەندىكى مەزمۇنلاردىن تەركىب تاپىدۇ :

(1) تۈزگۈچى . تۈزگۈچى دېگەندە ، لۇغەتنىڭ شەخس تەرىپىدىن تۈزۈلىدىغانلىقى ياكى كوللېكتىپ تەرىپىدىن تۈزۈلىدىغانلىقى كۆزدە تۇتۇلىدۇ . ئادەتتە ، ئوتتۇرا ياكى كىچىك تىپتىكى لۇغەتلەر شەخسلەر تەرىپىدىن ، چوڭ تىپلىق لۇغەتلەر كوللېكتىپ تەرىپىدىن تۈزۈلىدۇ .

(2) نۇسخىسى . بۇ ، قەدىمكى لۇغەتلەرگە نىسبەتەن ئەسلىي نۇسخىسى ياكى كۆچۈرۈلگەن نۇسخىسى ، ھازىرقى لۇغەتلەرگە نىسبەتەن سىناق نۇسخىسى ياكى رەسمىي نۇسخىسى دېگەنلەرگە قارىتىلىدۇ .

(3) كىرىش سۆز ياكى مۇقەددىمە . بۇنىڭدا ئاساسەن لۇغەتنىڭ تۈزۈلۈش مەقسىتى ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ .

(4) ئىشلىتىش ئۇسۇلى . بۇنىڭدا ئاساسەن لۇغەتكە تاللانغان سۆزلەرنىڭ دائىرىسى ، سانى ، تىزىلىش ئۇسۇلى ، پايدىلىنىش ئۇسۇللىرى ، قىسقارتىلغان سۆزلەرنىڭ مەنىلىرى ، ئاھاڭداش سۆزلەر ، كۆپ مەنىلىك سۆزلەر قاتارلىقلارنىڭ بىر تەرەپ قىلىنىش ئۇسۇللىرى قاتارلىقلار

(5) لۇغەتنىڭ تېكستى. بۇنىڭدا لۇغەتكە تاللاپ ئېلىنغان سۆزلەرنىڭ مەنىسى ئىزاھلىنىدۇ ياكى تەرجىمىسى بېرىلىدۇ ۋە ياكى ئىملا، تەلەپپۇز نورمىلىرى كۆرسىتىلىدۇ. لۇغەت تېكستى لۇغەتنىڭ ئاساسىي گەۋدىسى بولۇپ، لۇغەتنىڭ سۈپىتى، قىممىتى مانا مۇشۇ قىسىمدا ئىپادىلىنىدۇ.

(6) تولۇقلانما تېكست. بۇ، لۇغەت تۈزۈلۈپ، نەشر قىلىنىپ بولغاندىن كېيىن تولۇقلانغان مەزمۇن بولۇپ، كۆپ ھاللاردا ئايرىم نەشر قىلىنىدۇ.

(7) قوشۇمچە. بۇ، لۇغەتنىڭ ئالدى - كەينىگە بېرىلىدىغان بىر قىسىم جەدۋەللەرگە قارىتىلىدۇ. مەسىلەن: ئېلىپبە تەرتىپى، سۆز تېپىش ئاچقۇچى، تۈرلۈك ئۆلچەم بىرلىكلىرى، يىلنامىلەر، خىمىيۋى ئېلېمېنتلار جەدۋىلى، مەۋسۇملار جەدۋىلى قاتارلىقلار. بۇلارمۇ ئۆز نۆۋىتىدە كىشىلەرنى نۇرغۇن قىممەتلىك بىلىم بىلەن تەمىن ئېتىدۇ.

## 2. لۇغەت تۈزۈشتىكى باسقۇچلار

لۇغەتنىڭ تۈرى ئىنتايىن كۆپ بولغاچقا، لۇغەت تۈزۈشتىكى باسقۇچلارمۇ ھەرخىل بولىدۇ. تۆۋەندە تۈرلۈك لۇغەتلەردە كۆپ ئۇچرايدىغان بىر قانچە باسقۇچنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمىز.

(1) سۆزنىڭ تېمىلىكىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىش. بۇ، لۇغەت تۈزۈشتىكى ھالقىلىق مەسىلە ھېسابلىنىدۇ. بۇنىڭدا ئەڭ مۇھىم مەسىلە بىرىككەن سۆزلەر بىلەن سۆز بىرىكمىسىنىڭ پەرقى ۋە چېگرىسىنى ئېنىق ئايرىش مەسىلىسى بولۇپ، ئەگەر بۇ مەسىلە ئىلمىي بىر تەرەپ قىلىنسا، لۇغەتنىڭ سۈپىتىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈلىدۇ ھەمدە سۆز دەپ مۇقىملاشتۇرۇلغانلىرى بىرىنچى سۆزلەم قاتارىدا ئىزاھلىنىدۇ، سۆز بىرىكمىسىگە مايىللىرى تاللانمايدۇ ياكى ئىككىنچى سۆزلەم قاتارىغا قويۇپ ئىزاھلىنىدۇ.

(2) سۆز تاللاش. بۇ، لۇغەتنىڭ مەقسىتى تەرىپىدىن تاللىنىدۇ.

مەسىلەن : ئىزاھلىق لۇغەت ياكى ئىملا لۇغىتى تۈزۈلمەكچى بولسا ، شۇ
تىلدىكى بارلىق سۆزلەر كىرگۈزۈلۈپ ئىزاھلىنىدۇ ياكى ئىملا نورمىلى-
رى بەلگىلىنىدۇ . ئەگەر يېڭى سۆزلەر لۇغىتى تۈزۈلمەكچى بولسا ، شۇ
تىلدىكى يېڭى سۆزلەر ؛ ئەگەر كىرمە سۆزلەر لۇغىتى تۈزۈلمەكچى
بولسا ، شۇ تىلغا باشقا تىللاردىن كىرىپ ئۆزلەشكەن سۆزلەر ؛ ئەگەر
دىئالېكت - شېۋە سۆزلىرى لۇغىتى تۈزۈلمەكچى بولسا ، شۇ تىلنىڭ
ھەرقايسى دىئالېكت ۋە شېۋىلىرىدىكى سۆزلەر تاللاپ ئېلىنىپ ئىزاھلى-
نىدۇ .

(3) سۆز شەكلىنى مۇقىملاشتۇرۇش . بۇ ، ئاساسەن مورفولوگىيە-
لىك تۈرلىنىشكە ئىگە تىللاردىكى سۆزلەرگە قارىتىلىدۇ . مورفولوگى-
يىلىك تۈرلىنىشكە ئىگە تىللاردا بىر سۆزنىڭ تۈرلۈك مورفولوگىيىلىك
شەكىللىرى بولىدۇ . بۇلارنىڭ ھەممىسىنى لۇغەتكە كىرگۈزۈش ھاجەت-
سىز . شۇڭا ، مورفولوگىيىلىك تۈرلىنىشكە ئىگە تىللاردا لۇغەتكە سۆز-
لەرنىڭ ئايرىم ئېيتىشقا بولىدىغان ، گرامماتىكىلىق شەكىللىرىنىڭ ھا-
سىل بولۇشىغا ئاساس بولىدىغان شەكلىلا ئېلىنىدۇ .

(4) كۆپ مەنىلىك سۆزلەر بىلەن ئاھاڭداش سۆزلەرنى مۇقىملاش-
تۇرۇش مەسىلىسى . لۇغەت تۈزۈشتە بۇمۇ مۇھىم ھالقا ھېسابلىنىدۇ .
چۈنكى ، مۇئەييەن بىر فونېتىكىلىق شەكىلدىن ئىپادىلەنگەن مەنىلەر
كۆپ بولۇپ ، ئەگەر ئۇ مەنىلەر ئۆزئارا باغلىنىشقا ئىگە بولسا ، ئۇ خىل
فونېتىكىلىق شەكىل كۆپ مەنىلىك بىر سۆز دەپ مۇقىملاشتۇرۇلىدۇ-
دە ، ئىزاھلانغاندا ياكى تەرجىمىسى بېرىلگەندە ، ئاۋۋال ئۇ سۆزنىڭ
ئاساسىي مەنىسى ، ئاندىن شۇ ئاساسىي مەنە ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن
كېيىنكى مەنىلىرى ئىزاھلىنىدۇ ياكى تەرجىمىسى بېرىلىدۇ . ئەگەر
ئەينى بىر فونېتىكىلىق شەكىلدىن ئىپادىلەنگەن ھەرقايسى مەنىلەر ئوت-
تۇرىسىدا ھېچقانداق باغلىنىش يوق دەپ قارالسا ، ئۇ ھالدا ئۇلار ئاھاڭ-
داش سۆزلەر دەپ مۇقىملاشتۇرۇلىدۇ - دە ، ئىزاھلانغاندا ياكى تەرجى-
مىسى بېرىلگەندە ، ئايرىم - ئايرىم سۆزلەم قاتارىدا ئىزاھلىنىدۇ ياكى
تەرجىمىسى بېرىلىدۇ .

(5) ترانسكرىپسىيە بېرىش . ترانسكرىپسىيە لۇغەتكە تاللانغان سۆزلەرنىڭ قانداق تەلەپپۇز قىلىنىدىغانلىقىنى توغرا كۆرسىتىپ بېرىدۇ . فونېمىلىق يېزىق سىستېمىسىغا ئىگە تىللارغا خاس لۇغەتلەردە ترانسكرىپسىيە بېرىش ئانچە قىيىن ئەمەس . چۈنكى ، بۇنداق تىللاردا ھەرپلەر ئىپادىلىگەن تاۋۇش بىلەن ئەمەلىيەتتىكى تەلەپپۇزدا ئانچە چوڭ پەرق بولمايدۇ . يېزىلىشى بىلەن تەلەپپۇز قىلىنىشىدا پەرق بار تىللار (مەسىلەن : ئىنگلىز تىلى ) دا ياكى يېزىق شەكلى سۆزنىڭ ئوقۇلۇشىنى بىۋاسىتە كۆرسىتىپ بېرەلمەيدىغان يېزىقلار (مەسىلەن : خەنزۇ يېزىقى ) دا سۆزلەرگە ترانسكرىپسىيە بېرىش ئاسان ئەمەس ، لېكىن ئۇنى بەرمەيمۇ بولمايدۇ .

(6) ئىزاھلاش (تەرجىمىسىنى بېرىش ) . بۇ باسقۇچتا لۇغەتكە تاللاپ ئېلىنغان سۆزلەرنىڭ مەنىلىرى ئىزاھلىنىدۇ ياكى تەرجىمىسى بېرىلىدۇ . سۆز مەنىسى ئىزاھلانغاندا ، چۈشىنىشلىك بولۇش ، ئىلمىي بولۇش ، ئىخچام بولۇش ، ئىدىيىۋىلىككە دىققەت قىلىش تەلەپ قىلىنىدۇ . ئۇنىڭدىن باشقا سۆز مەنىسى ئىزاھلانغاندا ، مىسال كەلتۈرۈش ، كەلتۈرۈلگەن مىساللار شۇ سۆزنىڭ مەنىسىنى روشەن گەۋدىلەندۈرۈپ بېرەلەيدىغان بولۇش ، ئىككى بىسلىق بولۇپ قالماسلىق ، زۆرۈر تېپىلسا ، سىزما رەسىملەر ياكى فوتو سۈرەتلەر بېرىلىش تەلەپ قىلىنىدۇ .

(7) تىزىش . تىزىش لۇغەتكە تاللانغان سۆزلەرنى مۇئەييەن رەت-تەرتىپتە ئورۇنلاشتۇرۇش دېگەنلىكتۇر . لۇغەتلەردە سۆزلەرنىڭ تىزىلىشى ھەرخىل بولىدۇ . ئادەتتە ، ئېلىپبەلىك يېزىققا ئىگە تىللاردا ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە تىزىش ئۇسۇلى قوللىنىلىدۇ . بۇ خىل ئۇسۇل بىرقەدەر ئىلمىي ۋە ئومۇمىراق ئۇسۇل ھېسابلىنىدۇ . ئۇنىڭدىن قالسا ، بەزى تىللاردا ، مەسىلەن : خەنزۇ تىلىدا سۆزلەر خەت سىزىقىنىڭ ئاز - كۆپلۈكى بويىچىمۇ تىزىلىدۇ .

### 3 . لۇغەت تۈرى

1) لۇغەت ئاۋۋال بىلىم لۇغىتى ۋە تىل لۇغىتى دەپ ئىككى چوڭ

تۈرگە ئايرىلىدۇ.

بىلىم لۇغىتىدە سۆز ۋەكىللىك قىلغان شەيئى ۋە ئۇقۇملار ئىزاھلىنىپ، ئالاقىدار پەننى بىلىملەر چۈشەندۈرۈلىدۇ. بىلىم لۇغىتى يەنە ئۆز ئىچىدىن ئېنسىكلوپېدىيە ۋە كەسپىي لۇغەتلەر، دەپ ئىككى تۈرگە ئايرىلىدۇ. كەسپىي لۇغەتلەر كەسىپ ئايرىمىسىغا ئاساسەن كىشى ئىسىملىرى لۇغىتى، يەر - جاي ناملىرى لۇغىتى، مىللەت لۇغىتى، ماتېماتىكا لۇغىتى، پەلسەپە لۇغىتى، ئەسەرلەر لۇغىتى دېگەندەك نۇرغۇن تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ.

تىل لۇغىتىدە بولسا، سۆزنىڭ لېكسىكىلىق مەنىلىرى ۋە ئۇنىڭ فونېتىكىلىق، گرامماتىكىلىق، ئىستىلىستىكىلىق ئالاھىدىلىكلىرى شەرھلىنىدۇ.

تىل لۇغىتىنى ئوخشىمىغان ئۆلچەملەرگە ئاساسەن ئوخشىمىغان تۈرلەرگە بۆلۈشكە بولىدۇ:

(1) تىل لۇغىتى ئىزاھلىنىش ئۇسۇلىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا ئاساسەن ئىزاھلىق لۇغەت، مىسال بىلەن ئىزاھلانغان لۇغەت، رەسىم بىلەن ئىزاھلانغان لۇغەت (رەسىملىك ئىزاھلىق لۇغەت) دېگەندەك تۈرلەرگە ئايرىلىدۇ.

(2) سۆزلەرنىڭ تاللىنىش دائىرىسىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا ئاساسەن تىل لۇغىتى يەنە ئېتىمولوگىيىلىك لۇغەت، دىئالېكت - شېۋە سۆزلىرى لۇغىتى، ئادەت سۆزلىرى لۇغىتى، كىرمە سۆزلەر لۇغىتى، قەدىمكى سۆزلەر لۇغىتى، يېڭى سۆزلەر لۇغىتى، مەنىداش سۆزلەر لۇغىتى، ئاھاڭداش سۆزلەر لۇغىتى، قارشى مەنىلىك سۆزلەر لۇغىتى، ئىدىئوملار لۇغىتى، ماقال - تەمسىللەر لۇغىتى دېگەندەك نۇرغۇن تۈرلەرگە ئايرىشقا بولىدۇ.

(3) قېلىپلاشتۇرۇش ئۆلچىمىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا ئاساسەن تىل لۇغىتىنى يەنە ئىملا لۇغىتى، تەلەپپۇز لۇغىتى، قېلىپلاشتۇرۇلغان سۆزلەر لۇغىتى دېگەندەك تۈرلەرگە بۆلۈشكە بولىدۇ.

2) لۇغەت ئۆز ئىچىگە ئالغان سۆزلەرنىڭ ئاز - كۆپلۈكىگە ئاسا-

سەن چولڭ تىپلىق لۇغەت، ئوتتۇرا تىپلىق لۇغەت ۋە قىسقىچە لۇغەت دەپ ئۈچ تۈرگە بۆلۈنىدۇ. ئادەتتە چولڭ تىپلىق لۇغەتلەرگە 100 مىڭدىن ئارتۇق سۆز، ئوتتۇرا تىپلىق لۇغەتلەرگە 70 ـ 80 مىڭ سۆز، كىچىك تىپلىق لۇغەتلەرگە 30 ـ 40 مىڭ سۆز تاللىنىدۇ.

3) لۇغەت لۇغەتتە قانچە خىل تىل قوللىنىلىدىغانلىقىغا ئاساسەن يەنە بىر تىللىق لۇغەت، قوش تىللىق لۇغەت ۋە كۆپ تىللىق لۇغەت دەپ ئۈچ تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

## 4. ئۇيغۇر لۇغەتچىلىكى

ئۇيغۇرلارنىڭ لۇغەتچىلىكى 1000 يىلدىن ئارتۇق تارىخقا ئىگە. بۇنىڭغا خاقانىيە دەۋرىدە ئۆتكەن ئۇلۇغ تىلشۇناس، دۇنيا سېلىشتۇرما تىلشۇناسلىقىنىڭ پىرى مەھمۇت قەشقەرىنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى» تىپىك مىسال بولالايدۇ. بۇ لۇغەت مىلادىيە 1075 ـ يىلى تۈزۈلگەن بولۇپ، ئۇنىڭدا 300 گە يېقىن ماقال ـ تەمسىل، 242 كۇپلېت شېئىرىي پارچە كىرگۈزۈلگەن. 8000 گە يېقىن سۆزلەم ئىزاھلانغان. بۇ لۇغەت تارىختىن بۇيان ئۇيغۇر قاتارلىق تۈركىي مىللەتلەرنىڭ قەدىمكى تىلىنى، قەدىمكى تارىخىنى، جۇغراپىيىسىنى ئۆگىنىش، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ ئۆز زامانىسىدىكى يېمەك ـ ئىچمەك، كىيىم ـ كېچەك مەدەنىيىتىدىن تارتىپ تاكى يېزا ئىگىلىك، قول ھۈنەرۋەنچىلىك، دورىگەرلىك، مېتالچىلىق، بىناكارلىق، ھەربىي ئىشلار تېخنىكىسى ۋە ئەدەبىيات ـ سەنئەتنى قاتارلىقلارغىچە بولغان ماددىي ۋە مەنىۋى تۇرمۇشلىرىنى چۈشىنىش ۋە تەتقىق قىلىشتا تەڭداشسىز ئەسەر بولۇپ كەلمەكتە.

ئۇنىڭدىن قالسا، چاغاتاي خانلىقى دەۋرىنىڭ دەسلەپكى دەۋرلىرىدە ياشاپ ئۆتكەن ئاتاقلىق تىلشۇناس جەمال قارشىنىڭ مىلادىيە 1282 ـ يىلى تۈزگەن «سۇراھ لۇغىتى» مۇ ئۇيغۇر كلاسسىك لۇغەتچىلىكىدىكى مۇھىم ئەسەردىن بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

14 ـ ئەسىردە تۈزۈلگەن «ئىدىقۇت مەھكىمىسى سۆزلۈكى» تۇرپان، قۇمۇل ئۇيغۇرلىرىنىڭ تېخى ئومۇمىيۈزلۈك مۇسۇلمان بولمىغان

نۇسخىسى تولۇق بولۇپ ھېسابلىنىدۇ . پۈتۈن كىتابتىكى سۆز ـ ئىبارىلەر
مەزمۇن ئورامىغا قاراپ ، «ئاسمان قىسمى ، يەر قىسمى ، ۋاقىت قىسـ
مى ، جاندارلار قىسمى ، كىشىلەر قىسمى ، ئوردا قىسمى ...» دېگەندەك
17 قىسىمغا بۆلۈنگەن . «ئىدىقۇت مەھكىمىسى سۆزلۈكى» جۇڭگونىڭ
مىڭ سۇلالىسى (1368 — 1644ـ يىللار ) دەۋرىدە تۈزۈلگەن سېلىشـ
تۇرما لۇغەت ، ئۇنىڭدا ئۇيغۇرچە سۆزلەر قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدا
يېزىلغان . 716 سۆز ۋە سۆز بىرىكمىسى ئىزاھلانغان . بۇ لۇغەت 14ـ
ئەسىردىكى ئۇيغۇر تىلىنى ، خۇسۇسەن ئەينى زاماندىكى تۇرپان ۋە قۇمـ
ۇل شېۋىسىنى تەتقىق قىلىشتا ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ۋە يۇقىرى
قىممەتكە ئىگە لۇغەتتۇر .

15 ـ ئەسىردە ، يەنى 1438 ـ يىلى تالىي ئىمانى (بەزى مەنبەلەردە
تالىي ھىراتى دەپمۇ ئۇچرايدۇ ) تەرىپىدىن تۈزۈلگەن «بەدائىي ئۇل
لۇغەت» (تىلنىڭ بەدىئىيلىكى ) ناملىق بىر لۇغەت دۇنياغا كەلگەن .
بۇ لۇغەت چاغاتاي تىلى ئاساسىدا تۈزۈلگەن بولۇپ ، لۇغەتتە ئەلىشىر
نەۋائى شېئىرلىرىدىكى سۆزلەرگە ئىزاھ بېرىلگەن .

16 ـ ئەسىردە ئوتتۇرا ئاسىيادا نامەلۇم بىر كىشى تەرىپىدىن
«ئابۇشقە» ناملىق چاغاتايچە ـ تۈركچە لۇغەت تۈزۈلگەن .

17 ـ ئەسىردە «لەتئىفۇل لۇغەت» (تىللاردىكى گۈزەللىكلەر )
ناملىق لۇغەت دۇنياغا كەلگەن . لۇغەتتە پارسچە سۆزلەر تۈركچە ئىزاھـ
لاپ چۈشەندۈرۈلگەن . بۇ لۇغەتنىڭ ئاپتورى نامەلۇم ، ھەجمى 552
بەتلىك بولۇپ ، ئۇ مىلادىيە 1695 ـ يىل 12 ـ ئايدا ئۆز زامانىسىدىكى
ئەردەۋىل (يۈگۈنكى ئاقسۇ ) دە تۈزۈلگەن .

18 ـ ئەسىردە دۇنياغا كەلگەن «بەش تىللىق لۇغەت» ئۇيغۇر تىلى
تارىخى ۋە لۇغەتچىلىكىدە مۇھىم ئورۇن تۇتىدىغان نادىر ئەسەر ھېسابلىـ
نىدۇ . بۇ لۇغەت 18 ـ ئەسىرنىڭ ئىككىنچى يېرىمىدا بېيجىڭدا تۈزۈلـ
گەن . لۇغەتنىڭ قوليازمىسى ئالتە جىلد ، 36 دەپتەر ، جەمئىي 4973
بەتلىك بولۇپ ، 18 مىڭ 600 سۆز ، سۆز بىرىكمىسى ۋە ماقالنى ئۆز

بويىچە ئىشلەنگەن سېلىشتۇرما لۇغەت بولۇپ ، مانجۇ تىلى سۆزلىرى قالغان تۆت تىلغا تەرجىمە قىلىنغان . بۇ لۇغەت چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى دەۋرىدە ، خۇسۇسەن 17 ـ ، 18 ـ ئەسىرلەردىكى ئۇيغۇر تىلىنىڭ سۆزلۈك بايلىقىنى ، ئۇنىڭ قاراخانىلار دەۋرىدىكى ئۇيغۇر تىلىغا نىسبەتەن ئۆزگىچىلىكلىرىنى ، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى سۆزلۈكىگە نىسبەتەن ئالاھىدىلىكلىرىنى بىلىش ، ئۆگىنىش ، تەتقىق قىلىش ۋە پايدىلىنىشتا تېپىلغۇسىز مۇھىم مەنبە ھېسابلىنىدۇ .

19 ـ ئەسىرگە كەلگەندە ، تۈركىي تىللىق خەلقلەر ، جۈملىدىن ئۇيغۇر تىلى لۇغەتچىلىكى سان جەھەتتىن بۇرۇنقىغا قارىغاندا يەنە بىرقەدەم تەرەققىي قىلغان ، دېيىشكە بولىدۇ . بۇ مەزگىلدە تۈزۈلگەن لۇغەتلەرنىڭ مۇھىملىرى دەپ ، 1825 ـ يىلى خەيرۇللاخان تەرىپىدىن تۈزۈلۈپ كالكۇتتا شەھىرىدە نەشر قىلىنغان «چاغاتايچە ـ پارسچە لۇغەت» ، 1870ـ يىلى ئاۋست كۈرتىيلى تەرىپىدىن تۈزۈلگەن «چاغاتايچە ـ پارسچە لۇغەت» ، 1881 ـ يىلى شەيخ سۇلەيمان بۇخارى تەرىپىدىن تۈزۈپ نەشر قىلدۇرغان «چاغاتايچە ـ تۈركچە لۇغەت» قاتارلىقلارنى كۆرسىتىشكە بولىدۇ . بۇ لۇغەتلەردە چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئەينى زاماندىكى سۆزلۈك بايلىقى ، مورفولوگىيىلىك ئۆزگىچىلىكلىرى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن .

ئۇيغۇر لۇغەتچىلىكى 1949 ـ يىلىدىن باشلاپ ، بولۇپمۇ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قۇرۇلغاندىن باشلاپ زور تەرەققىياتلارغا ئېرىشتى . تولۇقسىز مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا ، 1949 ـ يىللاردىن 2000ـ يىللارغىچە بولغان ئارىلىقتا ھەرخىل تىپتىكى لۇغەتلەر بولۇپ 150 خىلدىن ئارتۇق لۇغەت نەشر قىلىنغان .

20 ـ ئەسىر كىرگەندىن بۇيان ، چەت ئەللەردىمۇ ئۇيغۇر تىلىغا ئائىت لۇغەتلەر خېلى كۆپ نەشر قىلىنغان . مەسىلەن : 1939 ـ يىلى رۇس تىلشۇناسلىرىدىن ن . ئا . باسكاكوف ،ىلەن ۋ . م . ناسىلوف تەرىپىدىن تۈزۈلگەن 12 مىڭ سۆزلۈك «ئۇيغۇرچە ـ رۇسچە لۇغەت» نەشر

قىلدۇرۇلغان. قازاقىستان پەنلەر ئاكادېمىيىسى تەرىپىدىن تۈزۈلگەن 21 مىڭ سۆزلۈك «رۇسچە ـ ئۇيغۇرچە لۇغەت» 1955 ـ يىلى نەشر قىلىنغان؛ ئەمىر نەجىپ تۈزگەن 33 مىڭ سۆزلۈك «ئۇيغۇرچە ـ رۇسچە لۇغەت» 1960 ـ يىلى نەشر قىلىنغان؛ 1961 ـ يىلى قازاقىستاندىكى كېبىروف قاتارلىقلار تەھرىرلىكىدە تۈزۈلگەن 16 مىڭ سۆزلۈك «ئۇيغۇرچە ـ رۇسچە لۇغەت» نەشر قىلىنغان ۋە باشقىلار.

20 ـ ئەسىرنىڭ 50 ـ يىللىرىدىن 20 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىغىچە بولغان ئارىلىقتا شىنجاڭدا نەشر قىلىنغان ئۇيغۇر تىلىغا ئائىت لۇغەتلەرنىڭ مۇھىملىرى دەپ تۆۋەندىكىلەرنى كۆرسىتىشكە بولىدۇ:

«ئۇيغۇرچە ـ خەنزۇچە ـ رۇسچە لۇغەت» بۇرھان شەھىدى تۈزگەن، مىللەتلەر نەشرىياتى 1953 ـ يىلى نەشر قىلغان، 12 مىڭ سۆزلۈك كىرگۈزۈلگەن.

«خەنزۇچە ـ ئۇيغۇرچە قىسقىچە لۇغەت»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى لۇغەت تۈزۈش گۇرۇپپىسى تۈزۈپ 1963 ـ يىلى نەشر قىلغان، 12 مىڭ سۆزلەم كىرگۈزۈلگەن.

«خەنزۇچە ـ ئۇيغۇرچە لۇغەت» (سىناق نۇسخا)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1974 ـ يىلى نەشر قىلغان، 47 مىڭدەك سۆز كىرگۈزۈلگەن.

«ئۇيغۇر تىلى ئىملا سۆزلۈكى» (سىناق لايىھىسى)، سابىق ش ئۇ ئا ر يېزىق ئۆزگەرتىش كومىتېتى تۈزگەن، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1976 ـ يىلى نەشر قىلغان، 8000 دەك سۆز كىرگۈزۈلگەن.

«تۈركىي تىللار دىۋانى»، مەھمۇت قەشقەرى تۈزگەن. ئۈچ توم، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1980 ـ، 1983 ـ ۋە 1984 ـ يىللىرى نەشر قىلغان.

«ئۇيغۇرچە ـ خەنزۇچە لۇغەت» شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى جۇڭگو تىللىرى فاكۇلتېتى تۈزگەن، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1982 ـ يىلى نەشر قىلغان، 30 مىڭدىن ئارتۇق سۆز كىرگۈزۈلگەن.

«خەنزۇچە ـ ئىنگلىزچە ـ ئۇيغۇرچە تېببىي لۇغەت» (سىناق نۇسخا)، ئىنايىتۇللا قاتارلىقلار تۈزگەن، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1983 ـ يىلى نەشر قىلغان، 45 مىڭدەك سۆز كىرگۈزۈلگەن.

«ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق فرازېئولوگىيىلىك بىرىكمىلەر سۆزلۈكى» رەۋىيەدۇللا ھەمدۇللا تۈزگەن، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1984 ـ يىلى نەشر قىلغان، 1700 دەك سۆزلەم كىرگۈزۈلگەن.

«ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ ئىملا لۇغىتى» مىرسۇلتان ئوسمانوف باشچىلىقىدا تۈزۈلگەن، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1985 ـ يىلى نەشر قىلغان، 30 مىڭدەك سۆزلەم كىرگۈزۈلگەن.

«ئۇيغۇر شېۋىلىرى سۆزلۈكى»، غۇلام غوپۇر تۈزگەن، مىللەتلەر نەشرىياتى 1986 ـ يىلى نەشر قىلغان، 4000 دەك سۆز كىرگۈزۈلگەن.

«ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدىن قىسقىچە سۆزلۈك» غۇلام غوپۇر قاتارلىقلار تۈزگەن، مىللەتلەر نەشرىياتى 1986 ـ يىلى نەشر قىلغان، 15 مىڭدەك سۆز كىرگۈزۈلگەن.

«خەنزۇچە ـ ئۇيغۇرچە پەن ـ تېخنىكا لۇغىتى» ش ئۇ ئا ر تىل ـ يېزىق كومىتېتى لۇغەتچىلىك باشقارمىسى تۈزگەن، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1987 ـ يىلى نەشر قىلغان، 18 مىڭدەك سۆز كىرگۈزۈلگەن.

«ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ تەلەپپۇز لۇغىتى» ئامىنە غاپپار، مىرسۇلتان ئوسمانوف قاتارلىقلار تۈزگەن، مىللەتلەر نەشرىياتى 1988 ـ يىلى نەشر قىلغان، 25 مىڭدەك سۆز كىرگۈزۈلگەن.

«قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى لۇغىتى»، ئابلىمىت ئەھەت، دىلدار مەمتىمىنلار تۈزگەن، شىنجاڭ ياش ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، 1989 ـ يىلى نەشر قىلغان، 12 مىڭدىن ئارتۇق سۆز كىرگۈزۈلگەن.

«خەنزۇچە ـ ئۇيغۇرچە لۇغەت» (2 توم)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1989 ـ يىل نەشر قىلغان، 70 مىڭغا يېقىن سۆز كىرگۈزۈلگەن.

«تۈركچە - ئۇيغۇرچە لۇغەت» مۆمىن ئابدۇللا تۈزگەن، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1989 - يىلى نەشر قىلغان، 30 مىڭدىن ئارتۇق سۆز كىرگۈزۈلگەن.

«ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى» (6 توم)، مىللەتلەر نەشرىياتى 1990 -، 1991 -، 1992 -، 1994 -، 1996 -، 1999 - يىللار نەشر قىلغان، 60 مىڭدىن ئارتۇق سۆز كىرگۈزۈلگەن.

«خەنزۇچە - ئىنگلىزچە - ئۇيغۇرچە تۇراقلىق ئىبارىلەر لۇغىتى» قادىر قاۋۇز تۈزگەن، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1990 - يىلى نەشر قىلغان، 10 مىڭ 600 دەك تۇراقلىق ئىبارە كىرگۈزۈلگەن.

«قىسقىچە تىلشۇناسلىق لۇغىتى»، مىرسۇلتان ئوسمانوف، مۇھەممەترېھىم سايىت تۈزگەن، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1991 - يىلى نەشر قىلغان، 335 ئاتالغۇ كىرگۈزۈلگەن.

«ئۇيغۇر تىلى فرازېئولوگىيىسىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى» ئابدۇسالام ئاباس تۈزگەن، شىنجاڭ ياش - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى 1991 - يىلى نەشر قىلغان، 6000 دەك فرازېئولوگىيىلىك بىرىكمە كىرگۈزۈلگەن.

«ئۇيغۇرچە - ئىنگلىزچە لۇغەت»، دانىيېل سىنجون تۈزگەن، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1993 - يىلى نەشر قىلغان، 12 مىڭ 500 دەك سۆز كىرگۈزۈلگەن.

«ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ ئىملا ۋە تەلەپپۇز لۇغىتى»، مىرسۇلتان ئوسمانوف باشچىلىقىدا تۈزۈلگەن، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1997 - يىلى نەشر قىلغان، 57 مىڭدەك سۆز كىرگۈزۈلگەن.

«ئۇيغۇرچە - خەنزۇچە لۇغەت»، لياۋزېيۇ، ماجۇنىمىن تۈزگەن، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2000 - يىلى نەشر قىلغان، 30 مىڭدىن ئارتۇق باش سۆزلەم، 27 مىڭدىن ئارتۇق يېقىندى سۆزلەم كىرگۈزۈلگەن.

2000 - يىلدىن كېيىن نەشر قىلىنغان مۇھىم لۇغەتلەردىن «خەنزۇچە - ئۇيغۇرچە چوڭ لۇغەت» (شىنجاڭ ياش - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى 2001 - يىلى نەشر قىلغان، 14 مىڭدەك تاق خەت، 300 مىڭدەك

[illegible]
تى» (شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2002 ـ يىلى نەشرى، 21 ـ بەتتىن
ئارتۇق سۆزلەم كىرگۈزۈلگەن) نى كۆرسىتىشكە بولىدۇ.

## 【مۇھاكىمە سوئاللىرى】

1. لۇغەت دېگەن نېمە؟ لۇغەتشۇناسلىق دېگەنچۇ؟
2. لۇغەت قانداق مەزمۇنلاردىن تەركىب تاپىدۇ؟
3. لۇغەت قانداق باسقۇچلار بويىچە تۈزۈلىدۇ؟
4. لۇغەت قانداق ئۆلچەملەرگە ئاساسەن قانداق تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ؟
5. ئۇيغۇرلارنىڭ لۇغەتچىلىك تارىخىنى قىسقىچە بايان قىلىڭ.

# 4 ـ باب گراماتىكا

## 1 §. گراماتىكا ھەققىدە قىسقىچە چۈشەنچە

### 1. گراماتىكا ۋە ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكى

گراماتىكا دېگىنىمىز، سۆزلەرنىڭ ياسىلىش، تۈرلىنىش قائىدىلىرى ۋە سۆزلەرنىڭ بىرىكىش قائىدىلىرىنىڭ يىغىندىسىدىن ئىبارەت.

ئۇيغۇر تىلىدا سۆزلەرنىڭ ياسىلىشى بەلگىلىك قائىدە بويىچە بولىدۇ. مەسىلەن: «-چى، -داش، -دان» دېگەن قوشۇمچىلار ئىسىملارغا قوشۇلۇپ، «تۆمۈرچى، تراكتورچى، بوياقچى، ماركسىزمچى، يولداش، مەسلەكداش، قېرىنداش، كۆلدان، كاۋاپدان» دېگەندەك يېڭى ئىسىملارنى ياسىسا؛ «-سىز، -چان، -چىل» دېگەن قوشۇمچىلار ئىسىملاردىن «سۇسىز، ساۋاتسىز، كۈچسىز، ئەمگەكچان، خىيالچان، ئىشچان، خەلقچىل، ئەپچىل...» دېگەندەك سۈپەتلەرنى ياسايدۇ. «-لا // -لە، -سىرا // -سىرە» قوشۇمچىلىرى ئىسىملارغا قوشۇلۇپ، «ئىشلە، غۇلاچلا، قانسىرا، ھالسىرا» پېئىللىرىنى ياسايدۇ. دېمەك، قايسى خىلدىكى قوشۇمچىلارنىڭ قايسى خىلدىكى يىلتىزلارغا قوشۇلۇپ سۆز ياسىشى مەلۇم قائىدە ئاساسىدا بولىدۇ. يالغۇز يىلتىزلارغا قوشۇمچە قوشۇپ سۆز ھاسىل قىلىشتىلا ئەمەس، بەلكى ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق باش مورفېمىلارنى بىرىكتۈرۈش ئارقىلىق سۆز ياساشمۇ مەلۇم قائىدە بويىچە بولىدۇ. مەسىلەن: بەشتاتار، قۇشباش ئېگەر، ئاشتاختا، تۆگىتاپان ...

سۆزنىڭ جۈملىگە كىرگەن ۋاقىتتىكى ئۆزگىرىشى سۆزنىڭ تۈرلىنىشى دەپ ئاتىلىدۇ. سۆزنىڭ ياسىلىشىلا قانۇنىيەتلىك بولۇپ قالما-

مەسىلەن . ئۇيغۇر [illegible]
قوشۇمچىلىرى مۇنداق قائىدە بويىچە قوشۇلىدۇ : ① سوزۇق تاۋۇش
بىلەن ئاياغلاشقان ، لەۋلەشمىگەن سوزۇق تاۋۇشلاردىن تۈزۈلگەن ئى-
سىملارغا I شەخس ، بىرلىك ئۈچۈن «- م» ، كۆپلۈك ئۈچۈن «- مىز» ؛
II شەخس ، بىرلىك ئۈچۈن «- ڭ ، ڭىز» ، كۆپلۈك ئۈچۈن «- ڭلار»
قوشۇلىدۇ ؛ III شەخس ، بىرلىك ۋە كۆپلۈك ئۈچۈن بىردەك «- سى» ،
قوشۇمچىسى قوشۇلىدۇ . ② ئۈزۈك تاۋۇش بىلەن ئاياغلاشقان ، لەۋلەش-
مىگەن سوزۇق تاۋۇشلاردىن تۈزۈلگەن بىر بوغۇملۇق ياكى كۆپ بوغۇم-
لۇق ئىسىملارغا I شەخس بىرلىك ئۈچۈن «- ىم» ، كۆپلۈك ئۈچۈن
«- ىمىز» ؛ II شەخس بىرلىك ئۈچۈن «- ىڭ ، - ىڭىز» ، كۆپلۈك
ئۈچۈن «- ىڭلار» قوشۇلىدۇ ؛ ھۆرمەت تۈرىنىڭ بىرلىك شەكلىلا بو-
لۇپ ، «- لىرى» قوشۇلىدۇ ؛ III شەخس بىرلىك ۋە كۆپلۈك ئۈچۈن
بىردەك «- ى» قوشۇمچىسى قوشۇلىدۇ . ③ ئۈزۈك تاۋۇش بىلەن
ئاياغلاشقان ، لەۋلەشكەن سوزۇق تاۋۇشلاردىن تۈزۈلگەن بىر بوغۇملۇق
ياكى كۆپ بوغۇملۇق ئىسىملارغا I شەخس بىرلىك ئۈچۈن «- ۇم//
- ۈم» ، كۆپلۈك ئۈچۈن «- ىمىز» قوشۇلسا ؛ II شەخس بىرلىك ئۈچۈن
«- ۇڭ// - ۈڭ// - ىڭىز» ، كۆپلۈك ئۈچۈن «- ۇڭلار// - ۈڭلار»
قوشۇلىدۇ ؛ ھۆرمەت تۈرىنىڭ بىرلىك شەكلىلا بولۇپ ، «- لىرى»
قوشۇلىدۇ ؛ III شەخس بىرلىك ۋە كۆپلۈك ئۈچۈن بىردەك «- ى»
قوشۇمچىسى قوشۇلىدۇ .

يۇقىرىقىلاردىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى ، سۆزنىڭ ياسىلىشى
بولسۇن ، تۈرلىنىشى بولسۇن ، ئۇ مەلۇم قائىدە ئاساسىدا ئېلىپ بېرىلى-
دۇ . بۇنىڭدىن باشقا ، ئۇيغۇر تىلىدا سۆزلەر ئۆزئارا بىرىككەندە ، ئېنىق-
لىغۇچى ۋەزىپىسىدە كەلگەن سۆز ئېنىقلانغۇچى سۆزنىڭ ئالدىدا كېلى-
دۇ . مەسىلەن : ئەقىللىق بالا ، بىزنىڭ مەكتەپ ، يېزا بازىرى ، ئوقۇغۇ-
چىلاردىن بىرى ... ؛ بايان قىلغۇچىنى بىلدۈرىدىغان سۆز بايان قىلغۇچى
ۋەزىپىسىدە كەلگەن سۆزنى شەخس ، سان جەھەتتىن ئۆزىگە قارىتىپ ،

ئومۇمەن ئۇنىڭ ئالدىدا كېلىدۇ. مەسىلەن: بىز بارىمىز. ئوقۇش باشلاندى. ئۇلار كەلدى. سەن يازىسەن. مانا بۇلار ئۇيغۇر تىلىدىكى سۆزلەرنىڭ بىرىكىشىمۇ مەلۇم قائىدە ئاساسىدا ئېلىپ بېرىلىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

ئۇيغۇر تىلى گىرامماتىكىسى مانا شۇنداق سۆزلەرنىڭ ياسىلىش، تۈرلىنىش قائىدىسى بىلەن سۆزلەرنىڭ بىرىكىش قائىدىسىدىن ئىبارەت ئىككى يۈرۈش قائىدىدىن تەركىب تاپقان.

گىرامماتىكا تىلنىڭ كەم بولسا بولمايدىغان بىر ئامىلى. تىل — تىل تاۋۇشى، سۆزلۈك ۋە گىرامماتىكىدىن ئىبارەت ئۈچ ئامىلدىن تەركىب تاپقان، بۇ ئۈچ ئامىل بىر - بىرىنى شەرت قىلغان ھالدا چەمبەرچاس باغلانغان بولۇپ، بىر - بىرىدىن ئايرىلالمايدۇ. تىل تاۋۇشى تىلنىڭ ماددىي پوستى. سۆزلۈك بىلەن گىرامماتىكا پەقەت تىل تاۋۇشى ئارقىلىقلا مەۋجۇت بولۇپ تۇرالايدۇ. تىل تاۋۇشىمۇ ئۆز نۆۋىتىدە پەقەت سۆزلۈك ۋە گىرامماتىكا ئاساسىدىلا تىل تاۋۇشى بولۇپ، باشقا تاۋۇشلاردىن پەرقلىنىدۇ. سۆزلۈك تىلنىڭ قۇرۇلۇش ماتېرىيالى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ، خۇددى قۇرۇلۇش ماتېرىيالى بولمىسا، ئىمارەت سېلىش مۇمكىن بولمىغاندەك، سۆزلۈك بولمىسا تىلنىڭ بولۇشىمۇ مۇمكىن ئەمەس. لېكىن، سۆزلۈكنىڭ ئۆزىلا تىل بولالمايدۇ. چۈنكى، يەككە سۆزلەر بىلەن ياكى سۆزلەرنىڭ تەرتىپسىز ھالدا بىر يەرگە يىغىپ قويۇلۇشى بىلەن ئېنىق بىر پىكىرنى ئىپادىلەپ، ئالاقىلىشىش مەقسىتىگە يەتكىلى بولمايدۇ. پەقەت سۆزلەر گىرامماتىكىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۇيۇپ، جۈملە بولۇپ تەشكىللەنگەندىلا، ئاندىن مەلۇم بىر ئوي - پىكىرنى ئىپادىلەيدۇ. دېمەك، گىرامماتىكا تىلنى تەرتىپلىك، چۈشىنىشلىك خاراكتېرگە ئىگە قىلىدۇ.

گىرامماتىكا دېگەن ئاتالغۇ يەنە سۆزلەرنىڭ ياسىلىش، تۈرلىنىش قائىدىلىرى ۋە سۆزلەرنىڭ بىرىكىش قائىدىلىرىنىڭ يىغىندىسىنى تەتقىق قىلىدىغان ئىلىم — گىرامماتىكا ئىلمى دېگەن مەنىدىمۇ قوللىنىلىدۇ.

گىرامماتىكا بىر خىل ئوبيېكتىپ قانۇنىيەت، ئۇنى ھېچكىم ئىجاد

قىلالمايدۇ، ئۆزگەرتەلمەيدۇ، يوقىتالمايدۇ. بۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، بىر تىلنىڭ بىرلا گرامماتىكىسى بولىدۇ. تىلشۇناسلار ئاشۇ ئوبيېكتىپ گرامماتىكىلىق قانۇنىيەتلەرنى تۈرلۈك نۇقتىدىن رەتلەپ، تۈرلۈك ئۇسۇل بىلەن چۈشەندۈرۈشى مۇمكىن. شۇڭلاشقا، تۈرلۈك گرامماتىكا تەلىماتلىرى، تۈرلۈك گرامماتىكا نەزەرىيىلىرى ۋە ئەسەرلىرى بارلىققا كېلىدۇ. ھەرخىل گرامماتىكا ئەسەرلىرى گرامماتىكا ئىلمى كاتېگورىيىسىگە كىرىدۇ. دېمەك، گرامماتىكا ئىلمى ئۆزىنىڭ تەتقىقات نۇقتىسىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا قاراپ، تەسۋىرىي گرامماتىكا، تارىخىي گرامماتىكا، سېلىشتۇرما گرامماتىكا دېگەن تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ. ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى گرامماتىكىسى تەسۋىرىي گرامماتىكىدۇر. مەلۇم بىر نۇقتىدا تۇرۇپ يېزىلغان گرامماتىكا ئەسەرلىرى ئۆزى ئوبيېكت قىلغان تىلنىڭ ئوبيېكتىپ مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان گرامماتىكىلىق سىستېمىسىنى قانچىلىك دەرىجىدە توغرا ئەكس ئەتتۈرگەنلىكى بىلەن بىر - بىرىدىن پەرقلىنىدۇ. شۇڭا، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى ھەققىدىكى كىتابلاردىن بىرنەچچىسى بار.

گرامماتىكا تۆۋەندىكىدەك ئالاھىدىلىككە ئىگە:

1) گرامماتىكا ئابستراكتلىقىقا ئىگە بولىدۇ. ھەرقانداق گرامماتىكىلىق قائىدە مەلۇم كونكرېت سۆزنىڭ ياسىلىشى ياكى مەلۇم كونكرېت سۆزنىڭ تۈرلىنىشى ۋەياكى مەلۇم كونكرېت سۆزنىڭ بىرىكىشىگە قارىتىلغان بولماستىن، بەلكى مەلۇم بىر تىپقا كىرىدىغان ھەرقانداق سۆزنىڭ ياسىلىشى ياكى مەلۇم بىر تىپقا كىرىدىغان ھەرقانداق سۆزنىڭ تۈرلىنىشى، مەلۇم بىر تىپقا كىرىدىغان ھەرقانداق سۆزنىڭ بىرىكىشىگە قارىتىلغان بولغاچقا، گرامماتىكىدىكى مەلۇم بىر قائىدە بىلەن بىرمۇنچە، ھەتتا چەكسىز بولغان تىل پاكىتلىرىنى چۈشەندۈرگىلى بولىدۇ. مەسىلەن: تىلىمىزدىكى ھەرقانداق بىر ئىسىم ئومۇمەن كېلىش كاتېگورىيىسىنىڭ ئون خىل گرامماتىكىلىق شەكلى بىلەن تولۇق تۈرلىنەلەيدۇ (ئۆي، ئۆينىڭ، ئۆينى، ئۆيگە، ئۆيدىن، ئۆيدىكى، ئۆيگىچە، ئۆيدەك، ئۆيچىلىك). ئېنىقلىغۇچى ئېنىقلانغۇچىنىڭ ئالدىدا كېلىدۇ دېگەن قا-

ئىدە مەلۇم بىر كونكرېت سۆز بىلەن يەنە بىر كونكرېت سۆزنىڭ بىرىكىش ئۇسۇلىغا قارىتىلغان بولماستىن، بەلكى ئىسىم تىپىغا كىرىدىغان ھەرقانداق سۆز بىلەن ئۇنىڭغا ئېنىقلىغۇچى بولۇپ كەلگەن ھەرقانداق سۆزنىڭ بىرىكىش ئۇسۇلىغا قارىتىلغان (ئەلا ئوقۇغۇچى، ئوقۇغان بالا). ئۇيغۇر تىلىدا يەنە «ئىگە – تولدۇرغۇچى – خەۋەر» دېگەن بىرخىل جۈملە تۈزۈش قائىدىسى بار بولۇپ، بۇ، ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئاساسىي جۈملە تىپلىرىنىڭ بىرى. ئۇيغۇر تىلىدا مانا مۇشۇنداق جۈملە تۈزۈش قائىدىسى بويىچە سان – ساناقسىز مۇشۇ تىپتىكى جۈملىلەرنى تۈزگىلى ۋە ئۇلار بىلەن ھەرخىل ئوي – پىكىرنى ئىپادىلىگىلى بولىدۇ.

دېمەك، گرامماتىكا قائىدىلىرى كونكرېت سۆزلەر، كونكرېت جۈملىلەردىن ئومۇملاشتۇرۇلغان ئابستراكت قائىدىلەردۇر. ئەگەر تىلدىكى ھەربىر سۆز ھەربىر جۈملىنىڭ ئۆزىنىڭ ئىشلىتىلىش، ياسىلىش قائىدىسى بولىدىغان بولسا، كىشىلەر تىلنى ئىگىلىيەلمىگەن، ئالاقىلىشەلمىگەن بولاتتى. گرامماتىكىنىڭ ئابستراكتلىقى ئارقىسىدا، تۈمەنلىگەن سۆز ۋە سانسىز جۈملىلەر سىستېمىلاشتۇرۇلۇپ، تەرتىپكە سېلىنىپ چىقىلغاچقا، كىشىلەر خېلى چەكلىك گرامماتىكا قائىدىلىرى بويىچە سۆزلەردىن جۈملە تۈزۈپ ئالاقىلىشەلەيدۇ.

2) گرامماتىكىنىڭ يەنە بىر ئالاھىدىلىكى شۇكى، ئۇ تۇراقلىق خاراكتېرگە ئىگە بولىدۇ. گرامماتىكىلىق قۇرۇلما نۇرغۇن دەۋرلەر ئىچىدە ۋۇجۇدقا كەلگەن بولۇپ، تىلدا چوڭقۇر يىلتىز تارتقان، شۇڭا ئۇنىڭ ئۆزگىرىشى ئاساسىي لۇغەت تەركىبىنىڭ ئۆزگىرىشىدىنمۇ ئاستا بولىدۇ. ئەلۋەتتە، زاماننىڭ ئۆتۈشى بىلەن گرامماتىكىلىق قۇرۇلمىدىمۇ ئۆزگىرىش بولىدۇ. ئۇ تەدرىجىي ياخشىلىنىپ بارىدۇ، ئۆز قائىدىلىرىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ ۋە تۈزىتىپ بارىدۇ، يېڭى قائىدىلەر بىلەن تولۇقلىنىپ تۇرىدۇ، لېكىن گرامماتىكىلىق قۇرۇلمىنىڭ ئاساسلىرى ناھايىتى ئۇزاق زامان ئىچىدە ساقلىنىپ تۇرىدۇ. مەسىلەن: ئورخۇن – يېنسەي يادىكارلىقلىرىدىكى، «تۈركىي تىللار دىۋانى»دىكى ۋە «قۇتادغۇبىلىك»تىكى نۇرغۇنلىغان جۈملىلەرنىڭ ئايرىم سۆزلىرىگە ئىزاھات

[illegible]

تىلىدىكى ئاساسىي گىراماتىكىلىق قائىدىلەرنىڭ شۇ دەۋردىلا شەكىللىنىپ بولغانلىقى، ئۇلارنىڭ ھازىرغىچە ئاساسەن ئۆزگەرمەستىن، ئۈنۈملۈك خىزمەت قىلىپ كېلىۋاتقانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. دېمەك، گىراماتىكا تۇراقلىق بولىدۇ دېگىنىمىز، گىراماتىكا مەڭگۈ ئۆزگەرمەيدۇ، دېگەنلىك ئەمەس، بەلكى ئۆزگىرىش ئاستا بولىدۇ، ئۇنىڭ ئاساسىي قىسمى ئۇزاققىچە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ، دېگەنلىكتۇر.

3) گىراماتىكىلىق قائىدىلەر سىستېمىلىق بولىدۇ. گىراماتىكىدا سۆزلەرنىڭ ياسىلىش، تۈرلىنىش قائىدىلىرى ۋە سۆزلەرنىڭ بىرىكىش قائىدىلىرىنىڭ ئاددىي يىغىندىسى بولماستىن، بەلكى شۇ قائىدىلەرنىڭ ئوخشاش بولمىغان قاتلاملار بويىچە بەلگىلىك مۇناسىۋەتتە بىرلىشىشىدىن ھاسىل بولغان مۇكەممەل بىر سىستېمىدۇر. مەسىلەن: ئۇيغۇر تىلىدىكى سۆزلەرنىڭ ياسىلىش، تۈرلىنىش قائىدىلىرى ئۆزئارا مۇناسىۋەتلىرى بويىچە تۈر ۋە قاتلاملارغا ئايرىلىپ، تۈرلۈك ياسىلىش ۋە تۈرلىنىش خۇسۇسىيەتلىرىگە ئىگە بولغان سۆز تۈركۈملىرى سىستېمىسىنى ھاسىل قىلىدۇ، بۇ سۆز تۈركۈملىرى يەنە ياسىلىش ۋە تۈرلىنىش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە بولمىغان سۆز تۈركۈملىرى، ھەم مۇستەقىل ئىشلەنمەيدىغان سۆز تۈركۈملىرى بىلەن قوشۇلۇپ، ئۇيغۇر تىلىنىڭ مورفولوگىيە سىستېمىسىنى ھاسىل قىلىدۇ؛ يەنە بىر تەرەپتىن، سۆزلەرنىڭ بىرىكىش قائىدىلىرى بىر - بىرىنى شەرت قىلغان بىرمۇنچە تۈرلەرگە ئايرىلىپ، ئۇيغۇر تىلىنىڭ سىنتاكسىسلىق سىستېمىسىنى ھاسىل قىلىدۇ. كېيىن، مورفولوگىيە سىستېمىسى بىلەن سىنتاكسىس سىستېمىسىنىڭ بىر - بىرىنى شەرت قىلغان ھالدا زىچ بىرىكىشى بىلەن ئۇيغۇر تىلىنىڭ مۇكەممەل گىراماتىكىلىق سىستېمىسى ھاسىل بولىدۇ.

### 2. گىراماتىكىنىڭ مەزمۇنى

گىراماتىكا مورفولوگىيە ۋە سىنتاكسىستىن ئىبارەت ئىككى چوڭ مەزمۇننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

سۆزلەرنىڭ ياسىلىش، تۈرلىنىش قائىدىسىنى تەتقىق قىلىدىغان
پەن مورفولوگىيە، دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇ گراماتىكىنىڭ مۇھىم بىر تەر-
كىبىي قىسمى بولۇپ، سۆز تۈركۈملىرى، سۆزلەرنىڭ تۈرلىنىش قائى-
دىلىرى ۋە سۆزلەرنىڭ ھەرخىل گراماتىكىلىق شەكىللىرى ھەم شۇلار
ئارقىلىق ئىپادىلەنگەن گراماتىكىلىق مەنىلىرى، ئۇلارنىڭ ھەرخىل
قاتلام مۇناسىۋەتلىرىنى تەتقىق قىلىدۇ؛ شۇنىڭدەك، ئۇيغۇر تىلىدا يېڭى
سۆزلەرنىڭ ياسىلىشىمۇ خۇددى سۆزنىڭ گراماتىكىلىق شەكىللىرىنىڭ
ياسىلىشىغا ئوخشاش، ئاساسەن سۆزلەرگە قوشۇمچىلارنىڭ قوشۇلۇشى
بىلەن ئەمەلگە ئاشىدىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭ ئۈستىگە يېڭىدىن ياسالغان
ھەرقانداق سۆز سۆز تۈركۈمى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولغىنى ئۈچۈن
سۆز ياساش قائىدىسىمۇ مورفولوگىيىنىڭ تەكشۈرۈش ئوبيېكتى قىلىنىدۇ.
سۆزلەرنىڭ بىرىكىش قائىدىلىرىنى تەتقىق قىلىدىغان پەن تىلشۇ-
ناسلىقتا سىنتاكسىس، دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇ گراماتىكىنىڭ بىر تەركىبىي
قىسمى بولۇپ، سۆزلەرنى تەشكىللەپ ئۇلاردىن سۆز بىرىكمىسى ۋە
جۈملىلەرنى ھاسىل قىلىش ئۇسۇللىرى ۋە جۈملە تىپلىرىنى تەكشۈرۈپ
تەتقىق قىلىدۇ. كونكرېتراق قىلىپ ئېيتقاندا، سىنتاكسىس سۆز بى-
رىكمىسى تەركىبىدىكى سۆزلەرنىڭ بىرىكىش مۇناسىۋىتى، سۆز بىرىك-
مىلىرىنىڭ تۈرى؛ جۈملە بۆلەكلىرى، جۈملە بۆلەكلىرىنىڭ مۇناسىۋى-
تى؛ ئاددىي جۈملىنىڭ تىپلىرى؛ قوشما جۈملە تەركىبىدىكى تارماق
جۈملىلەرنىڭ بىرىكىش مۇناسىۋىتى، قوشما جۈملىنىڭ تىپلىرى قاتار-
لىقلارنى تەتقىق قىلىدۇ.
مورفولوگىيە بىلەن سىنتاكسىس بىر- بىرىگە مۇناسىۋەتسىز بول-
غان تەركىبىي قىسىملار بولماستىن، ئۇلار - بىر - بىرىنى شەرت
قىلغان ھالدا چەمبەرچاس باغلانغان بولىدۇ، چۈنكى سۆزلەر گراماتىكا
قائىدىلىرىنىڭ تەلىپى بويىچە مەلۇم گراماتىكىلىق شەكىلگە كىرىپ،
سۆز بىرىكمىسى ياكى جۈملە ھاسىل قىلىدىغان بولغاچقا، ئۇلارنى بىر-
بىرىدىن ئايرىپ تەتقىق قىلىشقا بولمايدۇ. بۇ ئىككىسى قوشۇلۇپ تى-
لنىڭ مۇكەممەل گراماتىكىلىق سىستېمىسىنى ھاسىل قىلىدۇ. پەقەت

گراماتىكا تەتقىقاتىدا ئۇلارنىڭ تەتقىقات ئوبيېكتلىرىنىڭ پەرقلىق بولۇشى ھەم تەتقىقاتقا ئاسانلىق تۇغدۇرۇش ئۈچۈن ئۇلار نىسپىي تۇراقلىق ھالەتتە تەتقىق قىلىنىدۇ.

## 3 . گراماتىكىدىكى ئاساسىي ئۇقۇملار

### 1) گراماتىكىلىق شەكىل ۋە مەنە

بەلگىلىك گراماتىكىلىق مەنىگە ۋەكىللىك قىلغۇچى تاشقى بەلگە گراماتىكىلىق شەكىل، دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن: «ئوقۇغۇچىلار كەلدى» دېگەن جۈملىدىكى «ئوقۇغۇچى» دېگەن سۆزگە «-لار» قوشۇمچىسى قوشۇلۇپ كۆپلۈك مەنىسى ئىپادىلەنگەن. ئۇنىڭغا باشقا كېلىش قوشۇمچىلىرىنىڭ قوشۇلمىغانلىقى (نۆل بەلگە) بىلەن باش كېلىش مەنىسى ئىپادىلەنگەن، ئۇنىڭ باش كېلىشتە كېلىپ، بايان قىلغۇچى سۆزنى شەخس جەھەتتىن ئۆزىگە قارىتىپ، ئۇنىڭ ئالدىدا كەلگەنلىكى شۇ سۆزنىڭ جۈملىدە ئىگە بولغانلىقىنى بەلگىلىگەن. «كەلدى» دېگەن سۆزنىڭ «ئەسلىي دەرىجە» مەنىسى ئۇنىڭغا باشقا دەرىجە قوشۇمچىلىرىنىڭ قوشۇلمىغانلىقى (نۆل بەلگە) بىلەن ئىپادىلەنگەن، بولۇشسىز قوشۇمچىسىنىڭ قوشۇلمىغانلىقى (نۆل بەلگە) بىلەن بولۇشلۇق مەنىسى ئىپادىلەنگەن، ئۇنىڭ «بايان رايى»، «ئېنىق ئۆتكەن زامان» مەنىلىرى ئۇنىڭغا «-دى» قوشۇمچىسىنىڭ قوشۇلغانلىقى بىلەن ئىپادىلەنگەن، ئۇنىڭ خەۋەر مەنىسى ئۇنىڭ شەخس جەھەتتىن بايان قىلىنغۇچىغا ماسلىشىپ، ئۇنىڭ كەينىدە كەلگەنلىكى بىلەن ئىپادىلەنگەن. مانا مۇشۇ تاشقى بەلگىلەر گراماتىكىلىق شەكىل ھېسابلىنىدۇ. يەنە شۇنى ئېيتىپ ئۆتۈش زۆرۈركى، سۆزگە مەلۇم بىر قوشۇمچىنى قوشۇش بىرخىل تاشقى بەلگە (گراماتىكىلىق شەكىل) ھېسابلانسا، ئۇنىڭغا ھېچقانداق بەلگىنىڭ قوشۇلماسلىقى (نۆل بەلگە)مۇ بىرخىل تاشقى بەلگە (گراماتىكىلىق شەكىل) ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى، سۆزلەرنىڭ تۈرلىنىش قائىدىسىدە مەلۇم بىر قوشۇمچىنىڭ قوشۇلۇشى بىرخىل تۈرلىنىش قائىدىسى بولسا، ئۇنىڭغا نىسپىي ھالدا، ھېچقانداق قوشۇمچىنىڭ قوشۇلماس-

لىقىمۇ بىرخىل تۈرلىنىش قائىدىسى بولىدۇ. مەسىلەن: تىلىمىزدا ئىسىملارغا «-لار//-لەر» قوشۇمچىسىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ئىسىمنىڭ كۆپلۈك مەنىسى ئىپادىلىنىدۇ؛ ئۇنىڭغا نىسپىي ھالدا «-لار//-لەر» قوشۇمچىسىنىڭ قوشۇلماسلىقى بىلەن ئىسىمنىڭ بىرلىك مەنىسى ئىپادىلىنىدۇ.

گراماتىكىلىق شەكىللەر (تەركىبلەر) ئارقىلىق ئىپادىلەنگەن مەنە گراماتىكىلىق مەنە، دەپ ئاتىلىدۇ. يەنى، ھەربىر سۆزنىڭ شۇ تىلدىكى بىر تۈركۈم سۆزلەر ئۈچۈن ئورتاق بولغان مۇئەييەن تۈرلىنىش قائىدىسى ياكى بىرىكىش قائىدىسى ئارقىلىق ئېرىشكەن ئابستراكت مەنىسىدۇر. مەسىلەن: «ئوقۇغۇچىلار كەلدى» دېگەن جۈملىدىكى ئىككى سۆز بىر تەرەپتىن، ھەربىرى ئۆزىگە خاس لېكسىكىلىق مەنە ئىپادىلىسە؛ يەنە بىر تەرەپتىن، «ئوقۇغۇچىلار» دېگەن سۆز «كۆپلۈك»، «باش كېلىش»، «ئىگە» قاتارلىق ئابستراكتلاشقان گراماتىكىلىق مەنىنى ئىپادىلەيدۇ. بۇ سۆزنىڭ يۇقىرىقى گراماتىكىلىق مەنىلىرى ئۇيغۇر تىلىدىكى ئىسىملار ئۈچۈن ئورتاق بولغان سان بىلەن تۈرلىنىش، كېلىش بىلەن تۈرلىنىش، بايان قىلىنغۇچى سۆزنى شەخس جەھەتتىن ئۆزىگە بېقىندۇرۇپ، ئومۇمەن ئۇنىڭ ئالدىدا كېلىش قائىدىلىرى ئارقىلىق ئېرىشكەن. «كەلدى» دېگەن سۆز «ئەسلىي دەرىجە»، «بولۇشلۇق»، «بىۋاستە بايان مەيلى»، «ئاددىي ئۆتكەن زامان»، «ئۈچىنچى شەخس»، «خەۋەر» قاتارلىق گراماتىكىلىق مەنىنى ئىپادىلەيدۇ. بۇ مەنىلەر تىلىمىزدىكى پېئىللار ئۈچۈن ئورتاق بولغان دەرىجە بىلەن تۈرلىنىش، شەخس بىلەن تۈرلىنىش، بولۇشلۇق - بولۇشسىزلىق بىلەن تۈرلىنىش، مەيىل بىلەن تۈرلىنىش، زامان بىلەن تۈرلىنىش، بايان قىلغۇچى سۆز شەخس جەھەتتىن بايان قىلىنغۇچى سۆزگە ماسلىشىپ، ئومۇمەن ئۇنىڭ كەينىدە كېلىش قائىدىسى بويىچە ئېرىشكەن. مانا بۇلار يۇقىرىقى جۈملىدىكى ئىككى سۆزنىڭ گراماتىكىلىق مەنىسىدۇر. گراماتىكىلىق مەنە بەلگىلىك بىر قائىدە بويىچە تۈرلەنگەن ياكى بىرىككەن ھەرقانداق سۆز ئۈچۈن ئورتاق بولىدۇ. مەسىلەن:

«قەلەمنىڭ ، مەكتەپنىڭ ، ئالىمنىڭ ، دەريانىڭ ...» دېگەن سۆزلەرنىڭ لېكسىكىلىق مەنىسى بىر - بىرىگە ئوخشىمىسىمۇ ، لېكىن ئۇلارنىڭ گراماتىكىلىق مەنىسى ئوخشاش . چۈنكى ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى بىرخىل قائىدە بويىچە تۈرلەنگەن .

گراماتىكىلىق مەنە ھەرگىز ئۆز ئالدىغا مەۋجۇت بولۇپ تۇرالمايدۇ . ئۇ سۆزنىڭ لېكسىكىلىق مەنىسى بىلەن ئۆزئارا بېقىندىلىق مۇناسىۋەتتە بولىدۇ . ئۇلار (لېكسىكىلىق مەنە بىلەن گراماتىكىلىق مەنە ) ھەربىر مۇستەقىل سۆزدە كەم بولسا بولمايدىغان ئىككى تەشكىلىي قىسىم . ياردەمچى سۆزلەر ئومۇمەن گراماتىكىلىق مەنىگىلا ئىگە بولۇپ ، ئۇنى يالغۇز ئىشلەتكىلى بولمايدۇ ، پەقەت جۈملىدە مۇستەقىل سۆزلەر بىلەن قوشۇپ ئىشلەتكىلى بولىدۇ . گراماتىكىلىق مەنە سۆزلەردىن ھەم سۆزلەرنىڭ لېكسىكىلىق مەنىسىدىن ئايرىلالمايدۇ . چۈنكى ، گراماتىكىلىق مەنىنىڭ كۆپ قىسمى لېكسىكىلىق مەنىنىڭ ئابستراكتىلىنىشى ۋە ئومۇملاشتۇرۇلۇشى نەتىجىسىدە ھاسىل بولغان . لېكسىكىلىق مەنە گراماتىكىلىق مەنىنىڭ ئاساسى .

شۇنى ئېيتىپ ئۆتۈش لازىمكى ، گراماتىكىلىق مەنە بىلەن گراماتىكىلىق شەكىل بىر - بىرىدىن ئايرىلالمايدۇ . ئۇلار ئۆزئارا بىر - بىرىنى تولۇقلايدۇ . يەنى ، گراماتىكىلىق شەكىلسىز گراماتىكىلىق مەنە ئىپادىلەنمەيدۇ . گراماتىكىلىق شەكىل گراماتىكىلىق مەنىنى ئىپادىلىگۈچى تاشقى بەلگە بولسا ، گراماتىكىلىق مەنە گراماتىكىلىق شەكىل ئارقىلىق ئىپادىلەنگەن مەزمۇندۇر . دېمەك ، بۇ ئىككىسى بىر-بىرىنى شەرت قىلىدۇ .

2) گراماتىكىلىق كاتېگورىيە

سۆزنىڭ گراماتىكىلىق شەكلى ئارقىلىق ئىپادىلەنگەن گراماتىكىلىق مەنىنىڭ يىغىنچاقلىنىشى گراماتىكىلىق كاتېگورىيە ، دەپ ئاتىلىدۇ . مەسىلەن :

ئادەم — ئادەملەر　　　　قول — قوللار
ئىشىك — ئىشىكلەر　　　　ئورۇندۇق — ئورۇندۇقلار
چېلەك — چېلەكلەر　　　　دەريا — دەريالار

يۇقىرىدىكى ھەربىر گۇرۇپپا سۆز «نۆل» شەكىل ئارقىلىق بىرلىك مەنىسى، «-لار // -لەر» قوشۇمچىسى بىلەن تۈرلەنگەن شەكىل ئارقىلىق كۆپلۈك مەنىسىنى ئىپادىلىگەن. مەنە جەھەتتىن بىر - بىرىگە قارىمۇقارشى قويۇلغان بىرلىك ۋە كۆپلۈك مەنىلىرى يىغىنچاقلىنىش ئارقىلىق ئىسىمنىڭ سان كاتېگورىيىسى ھاسىل بولغان.

«چىراغ، چىراغنىڭ، چىراغنى، چىراغتىن، چىراغتا، چىراغقا، چىراغتىكى، چىراغقىچە، چىراغتەك، چىراغچىلىق» دېگەن سۆزلەر «چىراغ» سۆزىنىڭ كېلىش قوشۇمچىلىرى بىلەن تۈرلىنىشى بولۇپ، مۇشۇ قوشۇمچىلار بىلەن تۈرلىنىپ كەلگەن ئىسىملار ئۆزىنىڭ جۈملىدىكى باشقا سۆزلەر بىلەن بولغان تۈرلۈك مۇناسىۋىتىنى ئىپادىلەيدۇ. مانا بۇلاردا ئىپادىلەنگەن مەنىلەر يىغىنچاقلىنىش ئارقىلىق ئىسىمنىڭ كېلىش كاتېگورىيىسى ھاسىل بولغان.

3) گراماتىكىلىق ۋاستە

گراماتىكىلىق شەكىللەرنىڭ ئورتاق خۇسۇسىيىتىگە قاراپ ئايرىلغان تىپ بىرلىكى، يەنى گراماتىكىلىق شەكىللەرنى ھاسىل قىلغۇچى ئۇسۇل ۋە ۋاستىلەر گراماتىكىلىق ۋاستە، دەپ ئاتىلىدۇ.

ئۇيغۇر تىلىدىكى گراماتىكىلىق ۋاستىلەر تۆۋەندىكىچە:

(1) سۆز تۈرلىگۈچى قوشۇمچە

سۆز يىلتىزى ياكى ئۆزەككە ئۇلىنىپ، ھەرخىل گراماتىكىلىق مەنە ئىپادىلەيدىغان مورفېمىلار سۆز تۈرلىگۈچى مورفېما ياكى سۆز تۈرلىگۈچى قوشۇمچە، دەپ ئاتىلىدۇ. سۆزلەرگە تۈرلىگۈچى قوشۇمچىلارنى ئۇلاش ئارقىلىق ھەرخىل گراماتىكىلىق مەنىلەرنى ۋە سۆز بىلەن سۆز ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى ئىپادىلەش ئۇيغۇر تىلىدا كەڭ كۆپ كۆرۈلىدىغان ھادىسە. تىلىمىزدىكى ئىسىملارنىڭ تەۋەلىك، كېلىش

كاتېگورىيىلىرىنىڭ قوشۇمچىلىرى ھەم پېئىللارنىڭ شەخس - سان كاتېگورىيىلىرىنىڭ قوشۇمچىلىرى گىراماتىكىلىق ۋاستە سۈپىتىدە رول ئوينايدىغان تۈرلەنگۈچى قوشۇمچىلاردۇر.

تەۋەلىك قوشۇمچىلىرى بېقىندۇرغۇچى سۆزگە ئۇلىنىپ، بېقىندى سۆز بىلەن شەخس ۋە سان جەھەتتىن ماسلىشىپ كېلىدۇ. مەسىلەن: مېنىڭ جېنىم، بىزنىڭ بەختىمىز، سېنىڭ سۆزۈڭ، ئىدارە باشلىقى…

كېلىش قوشۇمچىلىرى ئاساسەن ئىسىمنىڭ پېئىل بىلەن بولغان سىنتاكسىلىق مۇناسىۋىتىنى ئىپادىلەيدۇ. مەسىلەن: سىنىپنى تازىلىماق، ئوقۇشقا بارماق، شەھەردە تۇرماق، قەشقەردىن كەلمەك …

پېئىلنىڭ شەخس - سان قوشۇمچىلىرى جۈملىدە ئىگە بىلەن خەۋەرنىڭ باغلىنىشىنى ئىپادىلەيدىغان گىراماتىكىلىق ۋاستىدۇر. مەسىلەن: مەن كەلدىم. ئۇ باردى. سىلەر كۆردۈڭلار. بىز بارىمىز. ئەمەت سۆزلىدى.

(2) ياردەمچى سۆزلەر (ئىركىلىمىلەر ۋە باغلىغۇچىلار)

ئىركىلىمىلەر ئىسىمنىڭ باشقا سۆزلەر بىلەن، بولۇپمۇ پېئىل بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى ئىپادىلەيدىغان بىرخىل گىراماتىكىلىق ۋاستىدۇر. مەسىلەن: ئوقۇش ئۈچۈن كەلمەك، ۋېلىسىپىت بىلەن كەلمەك، تىلغا ئائىت ماقالىلارنى توپلىماق، خەلق ئۈچۈن ئىشلىمەك، ئوقۇ- ئوقۇتۇش ھەققىدە سۆزلىمەك … ئۇيغۇر تىلىدىكى بەزى باغلىغۇچىلار سۆز بىلەن سۆزنىڭ، جۈملە بىلەن جۈملىنىڭ ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتنى ئىپادىلەيدىغان ۋاستىدۇر. مەسىلەن: ئالما ۋە ئۆرۈك، پاكىز ۋە رەتلىك ئەمما ئاددى، كۆردى ۋە ئالدى، ئۇ ئوقۇدى ھەم يازدى.

(3) سۆز تەرتىپى

نۇتۇقتا سۆزلەرنىڭ ئىلگىرى - كېيىن تىزىلىش تەرتىپى سۆز تەرتىپى، دەپ ئاتىلىدۇ. سۆزلەرنىڭ بىر - بىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى كۆرسىتىشتە سۆز تەرتىپىمۇ بىرخىل گىراماتىكىلىق ۋاستە

سۈپىتىدە رول ئوينايدۇ. سۆزلەر تۈرلىگۈچى قوشۇمچە ۋە ياردەمچى سۆزلەرسىز بىر - بىرى بىلەن باغلانغان چاغدا سۆز تەرتىپى سىنتاكسىسلىق مۇناسىۋەتنى ئىپادىلەيدىغان مۇھىم ۋاستە سۈپىتىدە خىزمەت قىلىدۇ. شۇڭا، سۆزلەرنىڭ ئورۇن- تەرتىپى ئۆزگەرتىلسە، سۆزلەرنىڭ سىنتاكسىسلىق مۇناسىۋىتى ئۆزگىرىپلا قالماي، بەلكى جۈملىدە ئىپادىلەنگەن مەزمۇنمۇ ئۆزگىرىدۇ. مەسىلەن: «چىرايلىق گۈل» بىلەن «گۈل چىرايلىق» دېگەن بىرىكمىلەرنى تەشكىل قىلغۇچى تەركىبلەر ئوخشاش بولۇپ، ئىككىلىسىلا «گۈل»، «چىرايلىق»لارنىڭ بىرىكىشىدىن تۈزۈلگەن، ئەمما بىرىكىش تەرتىپىنىڭ ئوخشىماسلىقى تۈپەيلىدىن، ئوخشىمىغان گرامماتىكىلىق مەنە ۋە گرامماتىكىلىق قۇرۇلما ئىپادىلەنگەن، ئالدىنقىسى ئېنىقلىغۇچىلىق مۇناسىۋەتتىكى سۆز بىرىكمىسى، كېيىنكىسى ئىگە - خەۋەرلىك مۇناسىۋەتتىكى جۈملە بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

(4) ئىنتوناتسىيە

ئىنتوناتسىيە دېگىنىمىز، جۈملە ئاھاڭىنىڭ ئېگىز - پەس ئۆزگىرىشى ھەم جۈملىنىڭ تەركىبىي قىسىملىرى ئارىسىدىكى تىنىش - توختاشتىن ئىبارەت.

يۇقىرىقى تەبىردىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئىنتوناتسىيە ئىككى مەزمۇننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇنىڭ بىرى، بىر پۈتۈن جۈملىنىڭ ئاھاڭ جەھەتتىكى ئېگىز - پەس ئۆزگىرىشى؛ يەنە بىرى، جۈملە بۆلەكلىرى ئارىسىدىكى تىنىش بولۇپ، ئۇ، ئادەتتە پائۇزا، دەپ ئاتىلىدۇ. جۈملە بۆلەكلىرى ئارىسىدىكى پائۇزا ئوخشىمىغانلىقتىن، بۇ جۈملىلەردىكى سۆزلەرنىڭ ئۆتەيدىغان ۋەزىپىسىمۇ ئوخشىمايدۇ. مەسىلەن:

ئادىل، مۇئەللىم سىزنى چاقىرىۋاتىدۇ.

ئادىل مۇئەللىم سىزنى چاقىرىۋاتىدۇ.

گەرچە بۇ ئىككى جۈملىنىڭ تۈزۈلۈشى ئوخشاش بولسىمۇ، لېكىن جۈملە بۆلەكلىرى ئارىسىدىكى ئىنتوناتسىيە (پائۇزا) ئوخشىمىغانلىقتىن، 1 - جۈملىدىكى «ئادىل» دېگەن سۆز قاراتما بۆلەك (جۈملە

بىلەن گراммاتىكىلىق ياغلىنىشى يوق بۆلەكلەرنىڭ بىر تۈرى) بولۇپ كەلگەن بولسا، 2 ـ جۈملىدىكى «ئادىل» سۆزى ئېنىقلىغۇچى بولۇپ كەلگەن.

«قايىللىك، ئەخلاقلىق، مەدەنىيەتلىك، ئىنتىزامچان» دېگەن سۆز بىرىكمىسىنىڭ تەركىبىدىكى سۆزلەرمۇ ئىنتوناتسىيە (پائۇزا)نىڭ ۋاسىتىسىدە تەڭداش مۇناسىۋەتتە باغلانغان.

4) گراммاتىكىلىق بىرلىك

مورفېما، سۆز، سۆز بىرىكمىسى، جۈملە قاتارلىق بىرلىكلەر گراммاتىكىلىق بىرلىك ھېسابلىنىدۇ.

(1) مورفېما

مورفېما دېگىنىمىز، تىلدىكى ئەڭ كىچىك مەنىلىك بىرلىك بولۇپ، سۆزنىڭ قۇرۇلۇش ماتېرىيالىدۇر. مەسىلەن: «قاراماي» دېگەن سۆز «قارا» ۋە «ماي» دېگەن ئىككى مورفېمىدىن تۈزۈلگەن. «ئاشخانا» دېگەن سۆز بولسا، «ئاش» ۋە «-خانا» دېگەن ئىككى مورفېمىدىن تۈزۈلگەن. «-خانا» دېگەن مورفېمىنى يالغۇز ئىشلىتىشكە بولمىسىمۇ، ئۇ باشقا مورفېمىلارغا قوشۇلۇپ كەلگەندە ئوخشاشلا مەنە ئاڭلىتىدۇ. مەسىلەن: «ئىشخانا، چايخانا، مېھمانخانا، دوختۇرخانا، كىنوخانا …» قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىدە «ئۆي» دېگەن مەنىنى ئىپادىلىگەن. مەلۇم بىرلىكنىڭ مورفېما ياكى ئەمەسلىكىنى ئېنىقلاش ئۈچۈن نۇرغۇن مىساللارنى ئالماشتۇرۇپ بېقىش كېرەك. مەسىلەن: «بوياق، پۇراق، تاقاق» دېگەن سۆزلەرنى «بويا+ق»، «تاقا+ق»، «پۇرا+ق» دېگەنگە ئوخشاش ئىككىدىن مورفېمىغا پارچىلاشقا بولىدۇ. ئەمما، «ھاراق، تاماق» دېگەن سۆزلەرنى مورفېمىلارغا پارچىلاشقا بولمايدۇ. ئۇلارنىڭ ھەربىرى بىرلا مورفېمىدىن تۈزۈلگەن.

مورفېمىنى سۆزدىكى رولىغا ئاساسەن باش مورفېما ۋە ئەگەشمە مورفېما دېگەن ئىككى چوڭ تۈرگە بۆلۈشكە بولىدۇ.

مۇستەقىل قوللىنىشقا بولىدىغان ۋە باشقا مورفېمىلارنىڭ بىرىكىشى ئۈچۈن ئاساس بولىدىغان مورفېما باش مورفېما ياكى مۇستەقىل

مورفېما ، دەپ ئاتىلىدۇ . مەسىلەن : «يازغۇچى ، ئاشپەز ، سودىگەر» دېگەن سۆزلەردىكى «ياز- ، ئاش ، سودا» دېگەن مورفېمىلار باش مورفې- مىلاردۇر .

ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل قوللىنىشقا بولمايدىغان ، باش مورفېمىلار بىلەن بىرىكىپ مەلۇم مەنە ئىپادىلەيدىغان مورفېما ئەگەشمە مورفېما ياكى ياردەمچى مورفېما ، دەپ ئاتىلىدۇ . ئەگەشمە مورفېمىلار رولىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا ئاساسەن سۆز ياسىغۇچى مورفېما ۋە سۆز تۈرلىگۈچى مورفېما دەپ ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ . سۆز ياسىغۇچى مورفېما دېگە- نىمىز ، باش مورفېمىلار بىلەن بىرىكىپ ، ئۇنىڭغا يېڭى لېكسىكىلىق مەنە قوشىدىغان مورفېمىلار . سۆز ياسىغۇچى مورفېمىلار ئادەتتە سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچە دەپ ئاتىلىدۇ . مەسىلەن : «ئەقىللىق ، ۋاپادار ، تىلشۇناس» دېگەن سۆزلەردىكى «- لىق ، - دار ، - شۇناس» دېگەن مورفېمىلار سۆز ياسىغۇچى مورفېما ياكى سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچىلار- دۇر . سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچىلار يەنە باش مورفېمىغا ئۇلىنىش ئورنىغا ئاساسەن ئالدى قوشۇمچە ۋە ئارقا قوشۇمچە دەپ ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ . ياسىغۇچى قوشۇمچە باش مورفېمىنىڭ ئالدىغا قوشۇلسا ئالدى قوشۇمچە دېيىلىدۇ . بۇخىل قوشۇمچىلار ئەرەب ۋە پارس تىللىرىدىن كىرىپ ئۆزلەشكەن . مەسىلەن : «بىتەلەي ، نامۇۋاپىق ، بەتقىلىق ، بەقۇۋۋەت» دېگەن سۆزلەردىكى «بى- ، نا- ، بەت- ، بە-» قاتارلىقلار . ياسىغۇچى مورفېما باش مورفېمىنىڭ ئارقىسىغا قوشۇلسا ئارقا قوشۇمچە دەپ ئاتىلىدۇ . بۇخىل قوشۇمچىلارنىڭ كۆپ قىسمى ئۇيغۇر تىلىغا خاس قوشۇمچىلاردۇر . مەسىلەن : «سوراق ، ئىشچى ، گۈللۈك ، ياخشىلا-» دېگەن سۆزلەردىكى «- ق ، - چى ، - لۈك ، - لا» قاتارلىقلار .

ئەگەشمە مورفېمىنىڭ يەنە بىر تۈرى سۆز تۈرلىگۈچى مورفېما بو- لۇپ ، باش مورفېما بىلەن بىرىكىپ ، مۇئەييەن گرامماتىكىلىق مەنە ئىپادىلەيدىغان مورفېمىلاردۇر . ئۇ ئادەتتە سۆز تۈرلىگۈچى قوشۇمچە دەپ ئاتىلىدۇ . مەسىلەن : «ئۇلار ئىشلىدى» دېگەن جۈملىنىڭ تەركىبى- دىكى ئىككى سۆزنى تۆۋەندىكىدەك مورفېمىلارغا پارچىلاش مۇمكىن :

بولسا «نىس» دېگەن باش مورفېمىدىن ۋە «- لا» دېگەن يانداشقۇچى مورفېمىدىن تۈزۈلگەن سۆز . «- لار» ، «- دى»لار بولسا ، گراماتىكىلىق مەنە ئىپادىلەيدىغان تۈرلىگۈچى مورفېمىلاردۇر ، يەنى «- لار» ئىسىمنىڭ كۆپلۈك مەنىسىنى ، «- دى» پېئىلنىڭ ئۆتكەن زامان Ⅲ شەخس ، خەۋەر رايى مەنىسىنى ئىپادىلەيدۇ .

سۆز تۈرلىگۈچى مورفېمىلار باش مورفېمىدىن (سۆز يىلتىزى) كېيىنلا ئۇلىنىپ كېلىشىمۇ مۇمكىن . مەسىلەن : «بالا + م» ، ياكى سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچىلاردىن كېيىن ئۇلىنىپ كېلىشىمۇ مۇمكىن . مەسىلەن : «ياز + غۇچى + نىڭ» .

سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچە بىلەن سۆز تۈرلىگۈچى قوشۇمچىنىڭ ئۇنۇمدارلىقى پەرقلىق بولىدۇ . سۆز تۈرلىگۈچى قوشۇمچىلار يۈكسەك ئابستىراكتىلىققا ئىگە بولۇپ ، سۆزنىڭ گراماتىكىلىق شەكلىنى ھاسىل قىلغۇچى ۋاستە سۈپىتىدە بىر تۈركۈمدىكى سۆزلەرنىڭ ھەممىسىگە دېگۈدەك ئۇلىنىپ كېلەلەيدۇ . مەسىلەن : ئىسىملارنىڭ كۆپلۈك قوشۇمچىسى ، تەۋەلىك ۋە كېلىش قوشۇمچىلىرى ئىسىملارنىڭ ھەممىسىگە دېگۈدەك ئۇلىنالايدۇ . پېئىللارنىڭ شەخس - سان ، زامان ، بولۇشلۇق-بولۇشسىزلىق قوشۇمچىلىرىمۇ پېئىللارنىڭ ھەممىسىگە دېگۈدەك ئۇلىنالايدۇ . ياسىغۇچى قوشۇمچىلار بولسا ، ئۇنداق ئۇنۇملۈك ئەمەس . بۇنداق قوشۇمچىلار ئۆزىدىن ئىپادىلىنىدىغان مەنە ۋە باش مورفېمىدىن ئاڭلىنىدىغان مەنە چەكلىمىسى تۈپەيلىدىن ئۇنۇمدارلىقى مەلۇم دائىرىدىلا چەكلىنىدۇ . مەسىلەن : تىلىمىزدا ئەڭ ئۇنۇملۈك ھېسابلىنىدىغان «- لىق // - لىك // - لۇق // - لۇك // - چى» قوشۇمچىلىرىمۇ نەچچە ئون سۆز ياساش بىلەنلا چەكلىنىدۇ .

ئەينى بىر مورفېمىنىڭ ھەرخىل ۋارىيانتى بولۇشى مۇمكىن . ئەگەر بىر مورفېمىنىڭ بىرقانچە خىل تەلەپپۇزى بولسا ، ئاشۇ تەلەپپۇز مورفېما ۋارىيانتى دەپ ئاتىلىدۇ . مەسىلەن : تىلىمىزدا مەيلى سۆز

ياسىغۇچى ، مەيلى سۆز تۈرلىگۈچى مورفېمىلا بولسۇن ، تاۋۇشلارنىڭ ئاھاڭداشلىق قانۇنىيىتىنىڭ تەقەززاسى تۈپەيلىدىن بەزىلىرى ئىككى ، بەزىلىرى تۆت ۋە بەزىلىرى ئۇنىڭدىنمۇ كۆپ ۋارىيانتقا ئىگە . مەسىلەن : ئورۇن كېلىشىنى بىلدۈرگۈچى مورفېما «ـ دا// ـ تا// ـ دە// ـ تە» دېگەن تۆت خىل ۋارىيانتقا ئىگە .

(2) سۆز

سۆز دېگىنىمىز ، تىلنىڭ قۇرۇلۇش ماتېرىيالى سۈپىتىدە قوللىنىلىدىغان ، جۈملە تۈزگەندە ، ئەركىن ئىشلىتىشكە بولىدىغان ئەڭ كىچىك بىرلىك .

سۆزنى «ئەركىن ئىشلىتىشكە بولىدۇ» دېگەنلىك ، ھەرگىز سۆزنى تىل ئادىتىگە قارىماي ، گىرامماتىكا قائىدىلىرىدىن ئايرىلغان ھالدا قالايمىقان قوللىنىشقا بولىدۇ ، دېگەنلىك ئەمەس . بۇنىڭدا سۆزنىڭ مۇستەقىل ، ئەڭ كىچىك قۇرۇلۇش ماتېرىيالى بىرلىكى سۈپىتىدە ئايرىم ھالدا ياكى باشقا قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى بىلەن بىرىكىپ جۈملە تۈزەلەيدىغانلىقى كۆزدە تۇتۇلغان .

سۆز تۆۋەندىكىدەك ئالاھىدىلىككە ئىگە :

① فونېتىكا جەھەتتە . سۆز مۇئەييەن بىر فونېتىكىلىق قۇرۇلمىغا ئىگە (مۇئەييەن بوغۇم ياكى بوغۇملارنىڭ بىرىكىشى ) بولغاندىن تاشقىرى ، يەنە مەلۇم ئۇرغۇغا ئىگە بولغان بولىدۇ . بوغۇملار ئوتتۇرىسىدا توختاشقا بولمايدۇ . بوغۇملار ئارىسىدا تولا چاغلاردا تاۋۇش جەھەتتە ھەرخىل ئۆزگىرىشلەر يۈز بېرىدۇ .

② مەنە جەھەتتە . سۆز چوقۇم مەلۇم مەنىگە ئىگە بولىدۇ . ئوبيېكتىپ رېئاللىقتىكى مەلۇم شەيئى ، خۇسۇسىيەت ، خاراكتېر ، ھەرىكەت ياكى مۇناسىۋەت قاتارلىقلارنى بىلدۈرىدۇ . قىسقىسى ، مەنىسى يوق سۆز بولمايدۇ . سۆزدە خاراكتېرى ئوخشىمايدىغان ئىككى خىل مەنە ، يەنى لېكسىكىلىق ۋە گىرامماتىكىلىق مەنە بولىدۇ .

③ قۇرۇلما جەھەتتە . سۆز پارچىلاشقا بولمايدىغان پۈتۈنلۈككە ئىگە . شۇڭا ، ئەركىن قوللىنىشقا بولىدىغان ئەڭ كىچىك قۇرۇلۇش

ماتېرىيالى، دېيىلىدۇ. مەسىلەن: «ئوقۇغۇچى» دېگەن سۆز «ئوقۇ» ، «غۇچى» دەپ پارچىلىنىۋېتىلسە، پارچىلانغان بۆلەكلەر ئەركىن قوللىنىشقا بولىدىغان ئەڭ كىچىك قۇرۇلما ماتېرىياللىق سالاھىيىتىنى يوقىتىدۇ ـ دە، باشقا سۆزلەر بىلەن بىرىكىپ سۆز بىرىكمىسى ياكى جۈملە ھاسىل قىلالمايدۇ.

(3) سۆز بىرىكمىسى

ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق مۇستەقىل سۆزنىڭ مەلۇم سىنتاكسىسلىق يول بىلەن بىرىكىشىدىن ھاسىل بولغان، جۈملىدە بىر سۆزگە ئوخشاش رول ئوينايدىغان گراماتىكىلىق بىرلىك سۆز بىرىكمىسى، دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن: ناخشا ئېيتماق، بىزنىڭ باشلىق، تىرىشچان ئوقۇغۇچى، بازارغا بارماق دېگەن سۆز بىرىكمىلىرى ئىككى سۆزنىڭ سىنتاكسىسلىق يول بىلەن بىرىكىشىدىن ھاسىل بولغان بولۇپ، ھەممىسى بەلگىلىك ئاياغلاشقان ئوي ـ پىكىرنى ئەمەس، بەلكى سۆزگە قارىغاندا مۇرەككەپ بىر ئۇقۇمنى ئىپادىلەيدۇ.

سۆز بىرىكمىلىرى سۆز بىلەن سۆز بىرىكمىلىرىنىڭ ياكى سۆز بىرىكمىلىرى بىلەن سۆز بىرىكمىلىرىنىڭ بىرىكىشى ئارقىلىق مۇرەككەپلىشىدۇ. سۆز بىرىكمىلىرى مۇرەككەپلەشكەنسېرى، ئۇلار بىلدۈرىدىغان ئۇقۇممۇ مۇرەككەپلىشىدۇ.

(4) جۈملە

جۈملە دېگىنىمىز، تولۇق ئاياغلاشقان ئوي ـ پىكىرنى بىلدۈرىدىغان، مۇئەييەن ئىنتوناتسىيىگە ئىگە بولغان ئەڭ كىچىك نۇتۇق بىرلىكى.

مەزمۇن جەھەتتىن قارىغاندا، كىشىلەر جۈملىنى بىرلىك قىلىپ، يا بىر ئىشنى بايان قىلىدۇ، يا بىر ئىش توغرىسىدا ھۆكۈم چىقىرىدۇ، يا سوئال قويىدۇ، يا جاۋاب بېرىدۇ، يا بىرەر ئارزۇ ـ تىلەكنى ئىپادىلەيدۇ، يا بىرەر ئىشقا ھەيرانلىقنى ئىپادىلەيدۇ، يا بىرەر بۇيرۇق بېرىدۇ، ئىلتىماس قىلىدۇ، ... بۇلارنىڭ ھەممىسىدە تولۇق ئاياغلاشقان بىر ئوي ـ پىكىر ئىپادىلەنگەن.

بىرگە ئىگە بولىدۇ . كىشىلەر ھەمىشە باشقىلار گەپ قىلغان چاغدىكى ئىنتوناتسىيىدىن قارشى تەرەپنىڭ بىر جۈملە گەپنى قىلىپ بولغانلىقى ياكى گەپنىڭ بىرىمىدا توختاپ قالغانلىقىنى پەرەز قىلالايدۇ . شۇڭا ، مەلۇم ئۇزۇندىنىڭ جۈملە ياكى ئەمەسلىكىنى پەرق ئېتىشتە ، ئىنتوناتسىيە مۇھىم ئاساس بولىدۇ . جۈملە مۇئەييەن ئىنتوناتسىيىگە ئىگە بولغاندىن تاشقىرى ، يەنە شۇ تىلنىڭ گرامماتىكا قائىدىسى بويىچە تۈزۈلىدۇ . جۈملىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ھەرخىل قۇرۇلما مۇناسىۋەتلىرى ۋە بۇ قۇرۇلما مۇناسىۋەتلىرىنىڭ ئىپادىلىنىش شەكلىمۇ جۈملىنىڭ مۇھىم گرامماتىكىلىق ئالاھىدىلىكى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ .

جۈملىنى تولۇق بىرلىكى دېيىشىمىزدىكى سەۋەب شۇكى ، جۈملە ئوي - پىكىر ۋە ھېسسىيات ئالماشتۇرۇش زۆرۈرىيىتىدىن ئالاقە جەريانىدا ۋاقىتلىق قۇراشتۇرۇلىدىغان بىرلىك . تولۇق بىرلىكى يالغۇز جۈملىلا ئەمەس ، جۈملە بىرىكمىسى (توپى) ، بىر مەيدان دوكلات ، بىر پارچە ماقالە قاتارلىقلارمۇ تولۇق بىرلىكى بولالايدۇ . لېكىن ، جۈملە تولۇق بىرلىكى ئىچىدىكى ئەڭ كىچىكى ، ھەرقانداق تولۇق بىرلىكى جۈملىدىن تەشكىل تاپىدۇ .

دېمەك ، تىلدا مورفېما ، سۆز ، سۆز بىرىكمىسى ۋە جۈملىدىن ئىبارەت تۆت خىل گرامماتىكىلىق بىرلىك بار بولۇپ ، مورفېما سۆزنى ھاسىل قىلغۇچى ئامىل ، سۆز بولسا سۆز بىرىكمىسىنى ياكى جۈملىنى ھاسىل قىلغۇچى ئامىل ، سۆز بىرىكمىسى بولسا جۈملىنى ھاسىل قىلغۇچى ئامىل ، جۈملە بولسا ، بىر پۈتۈن ئوي - پىكىرنى تەشكىللىگۈچى ئامىل ھېسابلىنىدۇ .

5) سىنتاكسىسلىق مۇناسىۋەت

سۆزلەرنىڭ بىرىكىشىدىن ھاسىل بولغان بىرىكمىنىڭ تەركىبلىرى (ئاساسەن بىۋاسىتە تەركىبلىرى) ئوتتۇرىسىدىكى گرامماتىكا جەھەتتىكى مۇناسىۋەت سىنتاكسىسلىق مۇناسىۋەت دەپ ئاتىلىدۇ :

## 【مۇھاكىمە سوئاللىرى】

1 . گرامماتىكا دېگەن نېمە؟ ئۇ قانداق ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە؟

2 . گرامماتىكا قانداق مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ؟

3 . گرامماتىكىلىق شەكىل ۋە گرامماتىكىلىق مەنە دېگەن نېمە؟

4 . گرامماتىكىلىق كاتېگورىيە دېگەن نېمە؟

5 . گرامماتىكىلىق ۋاستە دېگەن نېمە؟ ئۇيغۇر تىلىدىكى گرامماتىكىلىق ۋاستىلەر قايسى؟

6 . مورفېما دېگەن نېمە؟ مىسال كەلتۈرۈڭ .

7 . باش مورفېما ، ياسىغۇچى مورفېما ، تۈرلىگۈچى مورفېما دېگەن نېمە؟ مىسال بىلەن چۈشەندۈرۈڭ .

8 . سۆز دېگەن نېمە؟ ئۇ قانداق ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە؟

9 . سۆز بىرىكمىسى دېگەن نېمە؟

10 . جۈملە دېگەن نېمە؟

11 . سىنتاكسىلىق مۇناسىۋەت دېگەن نېمە؟

# 2 §. سۆز تۈركۈمى

### 1 . سۆز تۈركۈمى ۋە ئۇلارنى ئايرىشنىڭ ئۆلچىمى

تىلدىكى سۆزلەرنىڭ مەنە ۋە گرامماتىكىلىق خۇسۇسىيەتلىرى بويىچە تۈرگە بۆلۈنۈشى سۆز تۈركۈمى ، دەپ ئاتىلىدۇ . مەسىلەن : شەيئىلەرنى بىلدۈرۈپ ، سان ، تەۋەلىك ۋە كېلىش كاتېگورىيىلىرى بىلەن تۈرلىنىدىغان سۆزلەر بىر تۈركۈمگە ئاجرىتىلىپ ، «ئىسىم» دەپ ئاتالسا ؛ شەيئىلەرنىڭ ھەرىكىتىنى بىلدۈرۈپ ، بولۇشلۇق ـ بولۇشسىز ، دەرىجە ، مەيىل ، شەخس ـ سان ، زامان ، تۈس كاتېگورىيىلىرى بىلەن تۈرلىنىدىغان سۆزلەر يەنە بىر تۈركۈمگە ئاجرىتىلىپ ، «پېئىل» دەپ ئاتىلىدۇ .

ئۇيغۇر تىلىدىكى سۆزلەرنى تۈركۈملەرگە ئايرىشنىڭ ئۆلچىمى تۆ-

ۋەندىكىلەردىن ئىبارەت :

سېمانتىكىلىق ئۆلچەم — سۆزلەرنىڭ شەيئى ، بەلگە ، ھەرىكەت ئوخشاش مەنىلەرنى ئىپادىلەپ كېلىشىدۇر . مەسىلەن : سۆز شەيئىنى ئىپادىلىسە ئىسىم ، شەيئىنىڭ بەلگە ـ خۇسۇسىيىتىنى بىلدۈرسە سۈپەت ، ھەرىكەتنى بىلدۈرسە پېئىل بولىدۇ ۋە باشقىلار .

مورفولوگىيىلىك ئۆلچەم — سۆزلەرنىڭ قانداق گىراماتىكىلىق كاتېگورىيىلەردە تۈرلىنىدىغان ياكى تۈرلەنمەيدىغانلىقى ، قانداق گىراماتىكىلىق شەكىللەرگە ئىگە ئىكەنلىكى ، قانداق قوشۇمچىلار ئارقىلىق يېڭى سۆزلەرنى ياسايدىغانلىقىدىن ئىبارەت . مەسىلەن : ئىسىملار سان ، تەۋەلىك ، كېلىش كاتېگورىيىلىرىدە تۈرلىنىدۇ ۋە بۇ كاتېگورىيىلەرنى ئىپادىلەيدىغان گىراماتىكىلىق شەكىللەرگە ئىگە . «ـ چى ، ـ خانا ، ـ دان» قاتارلىق قوشۇمچىسى بار ياسالما سۆزلەرنىڭ ھەممىسى ئىسىم ، مانا بۇلار ئىسىمنىڭ مورفولوگىيىلىك ئالاھىدىلىكى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ .

سىنتاكسىلىق ئۆلچەم — سۆزنىڭ جۈملىدە تۇتقان ئورنى ۋە باشقا سۆزلەر بىلەن بىرىكىش ئىقتىدارىغا قارىتىلغان . كونكرېتراق ئېيتقاندا ، سۆزنىڭ جۈملىدە مۇھىم ئورۇن تۇتىدىغانلىقى ياكى بېقىندى ئورۇندا تۇرىدىغانلىقى ، قانداق سۆزلەر تەرىپىدىن ئېنىقلىنىپ كېلىدىغانلىقى ياكى ئېنىقلانمايدىغانلىقى ، جۈملىنىڭ قانداق بۆلىكى بولالايدىغانلىقى ياكى بولالمايدىغانلىقى قاتارلىقلار . مەسىلەن : ئىسىم بىلەن پېئىل جۈملىدە مۇھىم ئورۇن تۇتىدىغان سۆز تۈركۈملىرى بولۇپ ، ئۇلار جۈملىدە باش بۆلەك ھېسابلانغان ئىگە ۋە خەۋەر ۋەزىپىسىدە كەلسە ، رەۋىش ئەگەشمە بۆلەكلەرنىڭ بىرى بولغان ھالەت ۋەزىپىسىدە كېلىدۇ ، ئىسىم بىلەن بىرىكمەيدۇ ۋە باشقىلار .

دېمەك ، ئۇيغۇر تىلىدىكى سۆزلەرنى يۇقىرىقى ئۈچ ئۆلچەمنى بىرلەشتۈرۈش ئاساسىدا تۈركۈملەرگە ئايرىغاندا ، ئىلمىي ئاساستا تۈركۈملەرگە ئايرىپ چىققىلى بولىدۇ . تىلىمىزدىكى سۆزلەر مانا مۇشۇ ئۆلچەملەرگە ئاساسەن ئىسىم ، سۈپەت ، سان ، مىقدار ، رەۋىش ، تەقلىد ،

ئالماش، پېئىل، تىركەلمە، باغلىغۇچى، يۈكلىمە ۋە ئىملىق سۆزدىن ئىبارەت 12 سۆز تۈركۈمىگە بۆلۈنىدۇ. بۇلاردىن ئالدىنقى سەككىزى ئۆز ئالدىغا جۈملە بۆلىكى بولۇپ كېلەلەيدىغانلىقى ئۈچۈن، «مۇستەقىل سۆزلەر» دەپ ئاتالسا، كېيىنكى تىركەلمە، باغلىغۇچى، يۈكلىمە دېگەنلەر باشقا مۇستەقىل سۆزلەرگە ياكى جۈملىلەرگە قوشۇلۇپ گرامماتىكىلىق مەنە ياكى قوشۇمچە مەنە ئىپادىلەيدىغانلىقى ۋەياكى سۆز، جۈملىلەرنى باغلاش رولىنى ئوينايدىغانلىقى ئۈچۈن، «ياردەمچى سۆزلەر» دەپ ئاتىلىدۇ. ئىملىق سۆزلەر مۇستەقىل سۆزلەردىنمۇ ۋە ياردەمچى سۆزلەردىنمۇ پەرقلىنىپ تۇرىدىغان ئالاھىدە سۆز تۈركۈمىدۇر. پېئىلدىن باشقا مۇستەقىل سۆزلەر يەنە ئورتاق بىرمۇنچە خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولغانلىقى ئۈچۈن، «تۇرغۇن سۆزلەر» دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇيغۇر تىلىدىكى سۆز تۈركۈملىرىنى تۆۋەندىكى جەدۋەلدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ.

| سۆز تۈركۈملىرى | | | مىساللار |
|---|---|---|---|
| مۇستەقىل سۆزلەر | تۇرغۇن سۆزلەر | ئىسىم | كىتاب، سىزغۇچ، قىزىللىق، مۇھەببەت |
| | | سۈپەت | ياخشى، بەختلىك، تەبىئىي، سېمىز |
| | | سان | بەش، ئىككىنچى، ئوندەك، بەشىلەن |
| | | مىقدار | چىمدىم، تۇتام، جىلىك، يۇتۇم |
| | | رەۋىش | دەرھال، ئەتەي، قەستەن، ئاساسەن |
| | | تەقلىد | يالت ـ يالت، جاراڭ ـ جۇرۇڭ، زىڭ ـ زىڭ |
| | | ئالماش | مەن، بىز، ئاۋۇ، ئۇ، ئاللىقاچان، ھېچكىم |
| | پېئىل | | ئال…، سال…، ماڭ…، يۈر… |
| ياردەمچى سۆزلەر | | تىركەلمە | ئۈچۈن، توغرۇلۇق، ھەققىدە، ئائىت |
| | | باغلىغۇچى | ۋە، لېكىن، شۇڭلاشقا، ھەتتا |
| | | يۈكلىمە | مۇ، غۇ، دە، زە، لا، ئېھتىمال |
| ئىملىق سۆز | | | پاھ، ئىست، ۋايجان، ئەستاغپۇرۇللا |

### 1) ئىسىم

#### (1) ئىسىم ۋە ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكى

شەيئىلەرنىڭ نامىنى بىلدۈرىدىغان سۆز تۈركۈمى ئىسىم، دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن: ئادەم، سۇ، تاغ، خۇشاللىق، سەزگۈ، نەزەرىيە، تاشقىن، ئۈزۈمچى، ...

ئىسىملار تۆۋەندىكىدەك گراماتىكىلىق ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە:

① ئىسىملار ئۆزىگە خاس سان، تەۋەلىك ۋە كېلىش كاتېگورىيىلىرىگە ئىگە بولۇپ، جۈملىدە مۇشۇ گراماتىكىلىق كاتېگورىيىلەرنىڭ گراماتىكىلىق شەكىللىرى بىلەن تۈرلىنىپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

تۇغقانلىرىمىزنىڭ ئۆيلىرى يېزىدا.

② ئىسىملار ئۆزىگە خاس سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچىلارغا ئىگە بولۇپ، بۇ قوشۇمچىلارنىڭ بىر قىسمى ئىسىمدىن ئىسىم ياسىسا، يەنە بىر قىسمى سۈپەت، سان، پېئىل قاتارلىق سۆز تۈركۈملىرىدىن ئىسىم ياسايدۇ. مەسىلەن:

تۆمۈر + چى = تۆمۈرچى، ئاش + پەز = ئاشپەز، باتۇر + لۇق = باتۇرلۇق، قىزىل + لىق = قىزىللىق، بىرىنچى + لىك = بىرىنچىلىك، ئوقۇ + غۇچى = ئوقۇغۇچى، يىغ + ىن = يىغىن، ...

③ ئىسىملار جۈملىدە كۆپرەك ئىگە بولۇپ كېلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە تولدۇرغۇچى، خەۋەر، ئېنىقلىغۇچى، ھالەت قاتارلىق جۈملە بۆلەكلىرى بولۇپ كېلەلەيدۇ. مەسىلەن:

ئىنساننىڭ قەدرى بىلىم بىلەن ئاشۇر.

بۇ ماشىنىنى سېتىۋالدىم.

بۇ ئۆي سەردارنىڭ.

#### (2) خاس ئىسىم ۋە تۈردەش ئىسىم

ئىسىملار مەنە جەھەتتىكى خۇسۇسىيىتىگە قاراپ خاس ئىسىم ۋە تۈردەش (ئومۇمىي) ئىسىم دېگەن ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

بىر تىپتىكى شەيئىلەرنى بىر — بىرىدىن پەرقلەندۈرۈش رولىنى ئوينايدىغان مەخسۇس ناملار خاس ئىسىم، دېيىلىدۇ. مەسىلەن: قەشقەر، تەڭرىتاغ، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى، بىرلەشكەن دۆلەتلەر

تەشكىلاتى ، ئاقسۇ كوناشەھەر ، ...
بىر تىپتىكى شەيئى ئۈچۈن ئورتاق نامنى ياكى بىرخىل ئابستراكت چۈشەنچىنى بىلدۈرىدىغان ئىسىملار تۈردەش (ئومۇمىي) ئىسىم ، دېيىلىدۇ . مەسىلەن : ئادەم ، تاغ ، شەھەر ، ئۇنىۋېرسىتېت ، تەشكىلات ، بايراق ، دۆلەت ، ...

تۈرغۇتلىغان خاس ئىسىملار تۈردەش (ئومۇمىي) ئىسىملارنىڭ ياكى باشقا سۆز تۈركۈمىدىكى سۆزلەرنىڭ خاسلاشتۇرۇپ قوللىنىلىشى ئارقىلىق ھاسىل بولىدۇ . مەسىلەن : خاس ئىسىم ھېسابلىنىدىغان «باھار» ، «پولات» دېگەن ئادەم ئىسىملىرى «باھار» ، «پولات» دېگەن تۈردەش (ئومۇمىي) ئىسىملارنىڭ خاسلاشتۇرۇلۇپ قوللىنىلىشى ئارقىلىق ھاسىل بولغان .

(3) ئىسىملارنىڭ گرامماتىكىلىق كاتېگورىيىلىرى

① ئىسىمنىڭ سان كاتېگورىيىسى ۋە ئۇنىڭ قوللىنىلىشى

ئىسىم ئىپادىلىگەن شەيئىنىڭ سان بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى بىلدۈرىدىغان گرامماتىكىلىق كاتېگورىيە ئىسىمنىڭ سان كاتېگورىيىسى ، دېيىلىدۇ . بۇ گرامماتىكىلىق كاتېگورىيە بىرلىك ۋە كۆپلۈكتىن ئىبارەت ئىككى خىل شەكىلدە كېلىدۇ . ئىسىمنىڭ بىرلىك ۋە كۆپلۈك شەكلى شۇ ئىسىمغا «-لار// -لەر» قوشۇمچىسىنىڭ قوشۇلۇش - قوشۇلماسلىقى بىلەن ئىپادىلىنىدۇ . بىرلىك شەكلى ئىسىمنىڭ نۆل شەكلى ئارقىلىق ئىپادىلەنسە ، كۆپلۈك شەكلى «-لار// -لەر» قوشۇمچىسى ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ . مەسىلەن :

| بىرلىك شەكلى | كۆپلۈك شەكلى |
|---|---|
| ئادەم | ئادەملەر |
| ئۆي | ئۆيلەر |
| چاچ | چاچلار |
| ساندۇق | ساندۇقلار |

ھەرقانداق بىر ئىسىم ياكى بىرلىك ياكى كۆپلۈك شەكىلدە ئىپادىلەنمەيدۇ ، لېكىن تۆۋەندىكىدەك ئەھۋاللاردا ئىسىملارغا كۆپلۈك قوشۇ-

A . ئىسىملار ساناق سان ، مۆلچەر سان ۋە سان ـ مىقدار بىرىكمە.
لىرى تەرىپىدىن ئېنىقلانغاندا كۆپلۈك قوشۇمچىسى قوشۇلمايدۇ . مەسە.
لەن : ئەللىك ماشىنا (ئەللىك ماشىنىلار ئەمەس ) ، ئوندەك ئادەم
(ئوندەك ئادەملەر ئەمەس ) ، بىر دەستە گۈل (بىر دەستە گۈللەر
ئەمەس ) ...

B . بەزى ئابستراكت ئىسىملارنىڭ ئاخىرىغا كۆپلۈك قوشۇمچىسى
قوشۇلمايدۇ . مەسىلەن : ئالڭ (ئاڭلار ئەمەس ) ، ھاياتىمىز (ھاياتلىرى.
مىز ئەمەس ) ، سوتسىيالىزم (سوتسىيالىزملار ئەمەس ) ، تىنچلىق
(تىنچلىقلار ئەمەس ) ...

C . بەزى تۈردەش ئىسىملارغا ئادەتتە كۆپلۈك قوشۇمچىسى قوشۇل.
مايدۇ . قوشۇلغان ھالەتتىمۇ كۆپلۈكنى ئەمەس ، پەقەت بىر تۈردىكى
شەيئىنىلا بىلدۈرىدۇ . بۇخىل ئىسىملار كۆپىنچە سانىغىلى بولمايدىغان
ئىسىملاردۇر . مەسىلەن : سۈت ـ سۈتلەر ، ئۇن ـ ئۇنلار ، ماي ـ مايلار...

D . ئادەتتە خاس ئىسىملارغا كۆپلۈك قوشۇمچىسى قوشۇلمايدۇ .
ئەگەر قوشۇلسا ، شۇ ئىسىم ئىپادىلىگەن شەيئى بىلەن مۇناسىۋەتلىك
ئادەم ياكى شەيئىلەر توپىنى ۋە ياكى ئۇنىڭ مەلۇم ۋەكىللىك خاراكتېرگە
ئىگە ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ . مەسىلەن :

بىز قەشقەرلەرگە باردۇق .

ئادىللار كەتتىمۇ ؟

E . «كۆپ ، جىق ، نۇرغۇن ، تولا ، بىرنەچچە ، بىرقانچە» دېگەنگە
ئوخشاش سۆزلەردىن كېيىن كۆپلۈك قوشۇمچىسى قوشۇلمايدۇ . مەسە.
لەن : كۆپ ئادەم (كۆپ ئادەملەر ئەمەس ) ، جىق كىتاب (جىق
كىتابلار ئەمەس ) ، نۇرغۇن ئادەم (نۇرغۇن ئادەملەر ئەمەس ) ،
تولا گەپ (تولا گەپلەر ئەمەس ) ، بىرنەچچە ئورۇندۇق (بىرنەچچە ئورۇن.
دۇقلار ئەمەس ) ...

② ئىسىمنىڭ تەۋەلىك كاتېگورىيىسى

ئىسىم ئىپادىلىگەن شەيئىنىڭ مەلۇم شەيئىگە تەۋە ئىكەنلىكىنى
بىلدۈرىدىغان گراماتىكىلىق كاتېگورىيە ئىسىمنىڭ تەۋەلىك كاتېگورى.
يىسى ، دېيىلىدۇ .

ئۇيغۇر تىلىدا بۇ كاتېگورىيە ئىسىمنىڭ تەۋەلىك قوشۇمچىلىرى قوشۇلغان شەكىللەر ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. تەۋەلىك شەكىللىرى تەۋەلەنگۈچىنىڭ شەخسكە مۇۋاپىق ھالدا I شەخس، II شەخس، III شەخستىن ئىبارەت ئۈچ شەخسكە بۆلۈنىدۇ. I شەخس سان جەھەتتىن پەرقلىنىپ، بىرلىك ۋە كۆپلۈككە بۆلۈنىدۇ؛ II شەخس ئالدى بىلەن ئاتاش تۈرى جەھەتتىن پەرقلىنىپ ئاددىي تۈر، سىپايە تۈر ۋە ھۆرمەت تۈرى دېگەن ئۈچ تۈرگە بۆلۈنىدۇ، ئۇلاردىن ئاددىي تۈرى يەنە بىرلىك ۋە كۆپلۈككە بۆلۈنىدۇ، سىپايە تۈرى بىرلىك بويىچىلا قوللىنىلىدۇ. ھۆرمەت تۈرى سان جەھەتتىن پەرقلەنمەيدۇ؛ III شەخسمۇ سان جەھەتتىن پەرقلەنمەيدۇ. ئىسىمنىڭ تەۋەلىك شەكىللىرىنىڭ بۇ تۈرلىرىنى تۆۋەندىكى جەدۋەلدىن كۆرۈۋشكە بولىدۇ.

| | تۈرى | تەۋەلىك قوشۇمچىلىرى | مىساللار |
|---|---|---|---|
| I شەخس | بىرلىك تۈرى | -م // -ىم // -ۇم // -ۈم | ئاتام، كىتابىم، پۇتۇم، ئۈزۈم |
| | كۆپلۈك تۈرى | -مىز // -ىمىز | ئاتىمىز، كىتابىمىز |
| II شەخس | بىرلىك ئاددىي تۈرى | -ڭ // -ىڭ // -ۇڭ // -ۈڭ | ئاتاڭ، كىتابىڭ، پۇتۇڭ، ئۈزۈڭ |
| | كۆپلۈك ئاددىي تۈرى | -ڭلار // -ىڭلار // -ۇڭلار // -ۈڭلار | ئاتاڭلار، كىتابىڭلار، پۇتۇڭلار، ئۈزۈڭلار |
| | بىرلىك سىپايە تۈرى | -ڭىز // -ىڭىز | ئاتىڭىز، كىتابىڭىز |
| | كۆپلۈك ھۆرمەت تۈرى | -لىرى | ئاتىلىرى، كىتابلىرى |
| III شەخس | تۈرى | -سى // -ى | ئاتىسى، كىتابى |

③ ئىسىمنىڭ كېلىش كاتېگورىيىسى

ئىسىمنىڭ باشقا سۆزلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى بىلدۈرۈپ، ئىسىمنىڭ سىنتاكسىسلىق قۇرۇلمىدىكى ۋەزىپىسىنى بەلگىلەيدىغان

دۇ .

بۇ گرامماتىكىلىق كاتېگورىيە تۆۋەندىكى جەدۋەلدىكىدەك ئون خىل كېلىش شەكىللىرىنىڭ يىغىندىسى ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ :

| كېلىش نامى | كېلىش قوشۇمچىلىرى | مىساللار |
|---|---|---|
| باش كېلىش | — | بازار ، پاتاق ، ئۆي ، مەكتەپ |
| ئىگىلىك كېلىش | -نىڭ | بازارنىڭ ، پاتاقنىڭ ، ئۆينىڭ ، مەكتەپنىڭ |
| چۈشۈم كېلىش | -نى | بازارنى ، پاتاقنى ، ئۆينى ، مەكتەپنى |
| يۆنىلىش كېلىش | -غا// -قا// -گە// -كە | بازارغا ، پاتاققا ، ئۆيگە ، مەكتەپكە |
| ئورۇن كېلىش | -دا// -تا// -دە// -تە | بازاردا ، پاتاقتا ، ئۆيدە ، مەكتەپتە |
| چىقىش كېلىش | -دىن// -تىن | بازاردىن ، پاتاقتىن ، ئۆيدىن ، مەكتەپتىن |
| ئورۇن - بەلگە كېلىش | -دىكى// -تىكى | بازاردىكى ، پاتاقتىكى ، ئۆيدىكى ، مەكتەپ-تىكى |
| چەك كېلىش | -غىچە// -قىچە// -گىچە// -كىچە | بازارغىچە ، پاتاققىچە ، ئۆيگىچە ، مەكتەپ-كىچە |
| ئوخشاتما كېلىش | -دەك// -تەك | بازاردەك ، پاتاقتەك ، ئۆيدەك ، مەكتەپتەك |
| تەقلەشتۇرمە كېلىش | -چىلىك// (-چە) | بازارچىلىك ، پاتاقچىلىك ، ئۆيچىلىك ، مەكتەپچىلىك |

ئىگىلىك كېلىش كاتېگورىيىسى ھەر دائىم ئىگىلىك سان كاتې-گورىيىسى ئاساسىدا ياكى سان بىلەن تەۋەلىك كاتېگورىيىسى ئاساسىدا ئىپادىلىنىدۇ . مەسىلەن : قەلەم — قەلەملەر ، قەلىمىم —

قەلەملىرىم، قەلەمنىڭ — قەلەملەرنىڭ، قەلىمىمنىڭ — قەلەملىرىمنىڭ، قەلەمگە— قەلەملەرگە، قەلىمىگە — قەلەملىرىگە، ...

ئۇيغۇر تىلىدىكى كېلىشلەرنىڭ مەنىسى ۋە قوللىنىلىشى توۋەندىكىچە:

باش كېلىش جۈملىدە بايان قىلىنغۇچىنى ئىپادىلەيدىغان كېلىش شەكلىدۇر. بۇخىل كېلىشتە كەلگەن ئىسىملار جۈملىدە ئىگە، خەۋەر، ئېنىقلىغۇچى ۋە قاراتما بۆلەك بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

رەنا ناخشا ئېيتتى.

مەن ئوقۇتقۇچى.

ئايال دوختۇر ئالدىراش كىرىپ كەلدى.

قىزچاق، داۋۇت ئاكامنىڭ ئۆيى مۇشۇمۇ؟ (قاراتما بۆلەك)

ئىگىلىك كېلىش جۈملىدە تەۋەلىكچى شەيئىنى كۆرسىتىدىغان كېلىش شەكلىدۇر. بۇخىل كېلىش شەكلى ئىسىمغا «-نىڭ» قوشۇمچىسىنىڭ قوشۇلۇشى ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. بۇنداق ئىسىملار جۈملىدە كۆپىرەك ئېنىقلىغۇچى بولۇپ كېلىدۇ، بەزىدە خەۋەر بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

ئەخمەتنىڭ دادىسى ھازىرلا كەلدى.

بۇ مال - مۈلۈك ھۆكۈمەتنىڭ.

ئىگىلىگۈچى شەيئى بىلەن ئىگىلەنگۈچى شەيئى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت ئابستراكتلاشقاندا، ئىگىلىك كېلىش قوشۇمچىسى چۈشۈپ قالىدۇ، ئەمما ئۇ يەنىلا ئىگىلىك كېلىش خاراكتېرىدىكى ئىسىم ھېسابلىنىدۇ. مەسىلەن: خوتەن گىلىمى، سۇ ئامبىرى، ئۇيغۇر خەلقى...

چۈشۈم كېلىش جۈملىدە ھەرىكەتنى قوبۇل قىلغۇچى شەيئىنى كۆرسىتىدىغان كېلىش شەكلىدۇر. بۇخىل كېلىش شەكلى ئىسىمغا «-نى» قوشۇمچىسىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. بۇنداق ئىسىملار جۈملىدە تولدۇرغۇچى بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

مەن ئاتا - ئانامنى ھۆرمەتلەيمەن.

تولدۇرغۇچى بولۇپ كەلگەن ئىسىم بىلەن ئۇنى بېقىندۇرغۇچى پېئىلنىڭ مۇناسىۋىتى ئابستراكتلاشقاندا چۈشۈم كېلىش قوشۇمچىسى چۈشۈپ قالىدۇ، ئەمما ئۇ يەنىلا چۈشۈم كېلىش خاراكتېرىدىكى ئىسىم ھېسابلىنىدۇ. مەسىلەن: ناخشا ئېيتماق، ئۇسسۇل ئوينىماق، خەت يازماق، دوكلات ئاڭلىماق …

يۆنىلىش كېلىش ھەرىكەتنىڭ يۆنىلىشى ۋە نىشانىنى بىلدۈرىدىغان كېلىش شەكلىدۇر. بۇخىل كېلىش شەكلى ئىسىمغا «-غا// -قا// -گە// -كە» قوشۇمچىسىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. بۇنداق ئىسىملار جۈملىدە ھالەت بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

ئۇلار بازارغا ماڭدى.

مەن ئۈرۈمچىگە قايتىپ كەلدىم.

ئورۇن كېلىش ھەرىكەتنىڭ ئورنى ۋە ۋاقتىنى بىلدۈرىدىغان كېلىش شەكلىدۇر. بۇخىل كېلىش شەكلى ئىسىمغا «-دا// -تا// -دە// -تە» قوشۇمچىسىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. بۇنداق ئىسىملار جۈملىدە ئومۇمەن ھالەت بولۇپ كېلىدۇ، بەزىدە خەۋەر بولۇپمۇ كېلىدۇ. مەسىلەن:

ئۇ ئاقسۇدا چوڭ بولغان.

ئۇنىڭ ئۆيى ئۈرۈمچىدە.

چىقىش كېلىش ھەرىكەتنىڭ پەيدا بولۇش مەنبەسىنى بىلدۈرىدىغان كېلىش شەكلىدۇر. بۇخىل كېلىش شەكلى ئىسىمغا «-دىن// -تىن» قوشۇمچىسىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. بۇنداق ئىسىملار جۈملىدە ھالەت بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

ئەنۋەر سەھرادىن كەلگەن.

ئۇ پۇرسەتتىن پايدىلاندى.

ئورۇن - بەلگە كېلىش جۈملىدە ئېنىقلانغۇچىنىڭ ئورنى، ۋاقتى جەھەتتىكى بەلگىسىنى بىلدۈرىدىغان كېلىش شەكلىدۇر. بۇخىل كېلىش شەكلى ئىسىمغا «-دىكى// -تىكى» قوشۇمچىسىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. بۇنداق ئىسىملار ئېنىقلىغۇچىلىق ۋەزىپىدە كېلە-

دۇ . مەسىلەن :

باغدىكى گۈللەردىن ئۈزۈۋالدىم .

يۇرتتىكى دوستلاردىن خەت كەلدى .

چەك كېلىش جۈملىدە ھەرىكەتنىڭ ۋە ئۇنىڭ ھالىتىنىڭ داۋاملىشىشىدىكى ئورۇن چېكى ياكى ۋاقىت چېكىنى بىلدۈرىدىغان كېلىش شەكلىدۇر . بۇخىل كېلىش شەكلى ئىسىمغا « - غىچە // - قىچە // - گىچە // - كىچە » قوشۇمچىسىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ئىپادىلىنىدۇ . بۇ خىل ئىسىملار جۈملىدە بەزىدە ھالەت ۋە بەزىدە خەۋەر بولۇپ كېلىدۇ . مەسىلەن :

بىز چۈشكىچە يولغىچە يۈگۈردۇق .

ئۇلارنىڭ نىشانى خوتەنگىچە .

ئوخشاتما كېلىش بىر شەيئىنىڭ يەنە بىر شەيئى بىلەن بولغان خاراكتېر ، شەكىل ، ئالامەت جەھەتتىكى ئوخشاشلىقىنى ياكى مەلۇم بىر ئورتاقلىقى بارلىقىنى بىلدۈرىدىغان كېلىش شەكلىدۇر . بۇخىل كېلىش شەكلى ئىسىمغا « - دەك // - تەك » قوشۇمچىسىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ئىپادىلىنىدۇ . بۇنداق ئىسىملار جۈملىدە ئېنىقلىغۇچى ياكى ھالەت بولۇپ كېلىدۇ . مەسىلەن :

ئايدۇشۇكۇردەك بىلىملىك ئادەمنى تاپماق تەس .

ئۇنىڭ ئىرادىسى پولاتتەك مۇستەھكەم .

تەڭلەشتۈرمە كېلىش بىر شەيئىنىڭ يەنە بىر شەيئى بىلەن بولغان مىقدار ياكى دەرىجە جەھەتتىكى مەلۇم ئورتاقلىقىنى بىلدۈرىدىغان كېلىش شەكلىدۇر . بۇخىل كېلىش شەكلى ئىسىمغا « - چە // - چىلىك » قوشۇمچىسىنى قوشۇش ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ . بۇنداق ئىسىملار جۈملىدە ئېنىقلىغۇچى ياكى ھالەت بولۇپ كېلىدۇ . مەسىلەن :

سەردارچىلىك چېغىمدىلا ئات مىنەلەيتتىم .

مۈشتۈمى توخۇمچىلىك بار .

ئۇ سۇغا ئارقىسىچە سەكرىدى .

## 2) سۈپەت

### (1) سۈپەت ۋە ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكى

شەيئىلەرنىڭ بەلگىسىنى بىلدۈرىدىغان سۆز تۈركۈمى سۈپەت، دېيىلىدۇ. مەسىلەن: ئاق، باتۇر، يېنىك، ئېگىز، ياخشى، كۆڭۈللۈك، قاتتىق، يالغانچى، ئامراق، زامانىۋى، بار، كېرەك …

سۈپەتلەر تۆۋەندىكىدەك گراماتىكىلىق ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە:

① سۈپەتلەر ئۆزىگە خاس دەرىجە كاتېگورىيىسىگە ئىگە بولۇپ، جۈملىدە مۇشۇ گراماتىكىلىق كاتېگورىيىنىڭ گراماتىكىلىق شەكىللەرى بىلەن تۈرلىنىپ، شەيئىلەرنىڭ بەلگىسىنى ھەرخىل دەرىجىدە ئىپادىلەيدۇ. مەسىلەن:

گۈلزار قىپقىزىل رەختتىن كىيىم كىيىشكە ئامراق.

سۈپسۈزۈك، كۆكۈچ ۋە تىنىق ئاسماندا ساناقسىز يۇلتۇزلار چاقناپ تۇراتتى.

② سۈپەتلەر ئۆزىگە خاس سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچىلارغا ئىگە بولۇپ، بۇ قوشۇمچىلارنىڭ كۆپرەكى ئىسىم ۋە پېئىلدىن سۈپەت ياسىسا، ئاز بىر قىسمى رەۋىش، سۈپەت قاتارلىق سۆزلەردىن سۈپەت ياسايدۇ. مەسىلەن:

كۈچ+لۈك=كۈچلۈك، خىيال+چان=خىيالچان، كۆل+گەك= كۆلگەك، ئالدىرا+ڭغۇ= ئالدىراڭغۇ، تولۇق+سىز=تولۇقسىز، نا+توغرا=ناتوغرا، كەم+چىل=كەمچىل …

③ سۈپەتلەر جۈملىدە ئاساسەن ئېنىقلىغۇچى، خەۋەر بولۇپ كېلەدۇ، بەزىدە ھالەت بولۇپمۇ كېلىدۇ. مەسىلەن:

قىزىل گۈللەر پورەكلەپ ئېچىلىپ كەتتى.

ئۇلار بىر - بىرىگە شۇنداق ئامراق.

دىلدار خەتنى چىرايلىق يازىدۇ.

### (2) دەرىجىلىك ۋە دەرىجىسىز سۈپەتلەر

ئۇيغۇر تىلىدىكى سۈپەتلەر مەنە ۋە گراماتىكىلىق خۇسۇسىيىتىگە قاراپ دەرىجىلىك سۈپەت ۋە دەرىجىسىز سۈپەت دەپ ئىككى تۈرگە

بولىدۇ .

مەنە جەھەتتىن نىسپىيلىك خۇسۇسىيىتىگە ئىگە بولغان سۈپەتلەر دەرىجىلىك سۈپەت دەپ ئاتىلىدۇ . مەسىلەن : «ئاق» دېگەن سۈپەت «ئاقىراق ، ئاپئاق ، ئاقۇش (ئېقىش) ، ئاققىنە» دېگەندەك دەرىجە ئۆزگىرىشلىرىگە ئىگە . مانا مۇشۇنداق دەرىجە ئۆزگىرىشلىرىگە ئىگە بولغان «چىرايلىق ، كىچىك ، ئېگىز ، ئاۋات ، يېڭى» دېگەنگە ئوخشاش سۈپەتلەر دەرىجىلىك سۈپەتلەردۇر . بۇنداق سۈپەتلەر دەرىجە رەۋىشلىرى تەرىپىدىن ئېنىقلىنىدۇ (مەسىلەن : ناھايىتى چىرايلىق ، ئەڭ يېڭى ···) ھەم دەرىجە كاتېگورىيىسىنىڭ قوشۇمچىلىرى بىلەن تۈرلىنىدۇ (مەسىلەن : يېپيېڭى ، كىچىككىنە ، ئاۋاتراق ···) ، شۇنىڭدەك تەكرارلىنىدۇ (مەسىلەن : ئېگىز - ئېگىز ، كىچىك - كىچىك ···) . دەرىجىلىك سۈپەتلەرنىڭ يۇقىرىقى ئالاھىدىلىكلەرنىڭ ھەممىسىگە ئىگە بولۇشى ناتايىن ، ئەمما دەرىجىلىك سۈپەت بولىدىكەن كەم دېگەندىمۇ يۇقىرىقى ئالاھىدىلىكلەرنىڭ بىرىگە ئىگە بولىدۇ . «كۈچلۈك ، كۆڭۈللۈك» دېگەن سۈپەتلەرنى گەرچە تەكرارلاشقا بولمىسىمۇ ، لېكىن ئۇلار دەرىجە رەۋىشلىرى تەرىپىدىن ئېنىقلىنىدۇ ھەم دەرىجە قوشۇمچىلىرى بىلەن تۈرلىنىدۇ .

مەنە جەھەتتىن مۇتلەقلىق خۇسۇسىيىتىگە ئىگە بولغان سۈپەتلەر دەرىجىسىز سۈپەت ، دەپ ئاتىلىدۇ . مەسىلەن : «ماددىي ، ئەركەك ، چىشى ، ئىقتىسادىي ، گرامماتىكىلىق ···» دېگەن سۈپەتلەر دەرىجىسىز سۈپەت بولۇپ ، بۇنداق سۈپەتلەر دەرىجىدە رەۋىشلىرى تەرىپىدىن ئېنىقلانمايدۇ ھەم دەرىجە كاتېگورىيىسىنىڭ قوشۇمچىلىرى بىلەن تۈرلەنمەيدۇ ، شۇنىڭدەك تەكرارلانمايدۇ .

شۇنى ئەسكەرتىش كېرەككى ، نوقۇل ھالدا تۈپ سۈپەتلەر دەرىجە ئۆزگىرىشلىرىگە ئىگە بولىدۇ ، شۇڭا تۈپ سۈپەتلەرلا دەرىجىلىك سۈپەت بولالايدۇ ، دەپ قارىماسلىق كېرەك . چۈنكى ، يۇقىرىدا كۆرسىتىپ ئۆتكەن دەرىجىلىك سۈپەتلەر ئىچىدە ياسالما سۈپەتلەرمۇ بار .

### (3) سۈپەتنىڭ دەرىجە كاتېگورىيىسى

سۈپەت ئىپادىلىگەن بەلگىنىڭ دەرىجە جەھەتتىكى پەرقىنى ياكى

[illegible]
غان گراماتىكىلىق كاتېگورىيە سۈپەتنىڭ دەرىجە كاتېگورىيىسى ، دەپ ئاتىلىدۇ .

بۇ گراماتىكىلىق كاتېگورىيە دەرىجىلىك سۈپەتلەرگە خاس بولۇپ ، تۆۋەندىكىدەك تۆت خىل دەرىجە شەكىللىرىنىڭ يىغىندىسى ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ :

① ئەسلىي دەرىجە سۈپەت ئىپادىلىگەن بەلگىنىڭ نورمال دەرىجە-سىنى ئىپادىلەيدىغان دەرىجە شەكلىدۇر . بۇخىل دەرىجە شەكلى دەرىجە-لىك سۈپەتلەرنىڭ ئەسلىي شەكلى ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ . مورفولوگى-يىلىك قوشۇمچىسى بولمايدۇ . مەسىلەن : ساختىپەز ، ئاۋات ، سېمىز ، چىدامىلىق ، ياخشى ، قىزىل ، يىراق ...

② كېمەيتمە دەرىجە سۈپەت ئىپادىلىگەن بەلگىنى ئادەتتىكىدىن سەل كېمەيتىپ كۆرسىتىدىغان دەرىجە شەكلىدۇر . بۇخىل دەرىجە شەك-لى ئەسلىي دەرىجىدىكى بىر قىسىم سۈپەتلەرنىڭ ئاخىرىغا « - راق// - رەك» ياكى « - ش// - ۇش ، //ۈش ، - مىتول» قوشۇمچىلىرىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ئىپادىلىنىدۇ . مەسىلەن : چوڭ - چوڭراق ، ئېگىز - ئېگىزرەك ، ئاق - ئاقۇش ، ئېقىش ، كۆك - كۆكۈش ، قارا - قارامتۇل

③ ئاشۇرما دەرىجە سۈپەت ئىپادىلىگەن بەلگىنى ئادەتتىكىدىن ئا-شۇرۇپ كۆرسىتىدىغان دەرىجە شەكلىدۇر . بۇخىل دەرىجە بىر قىسىم سۈپەتلەرنىڭ بىرىنچى بوغۇمىنى تەشكىل قىلغان سوزۇق تاۋۇشنىڭ ئاخىرىغا «پ»نى قوشۇپ ، ئاندىن سۈپەتنى تولۇق ئېيتىش يولى بىلەن ئىپادىلىنىدۇ . مەسىلەن : كۆك - كۆپكۆك ، قىزىل - قىپقىزىل ، باراۋەر - باپباراۋەر ، تەكشى - تەپتەكشى ، يېڭى - يېپيېڭى ...

④ ئەركىلەتمە دەرىجە سۈپەت ئىپادىلىگەن بەلگىنى سۆزلىگۈچىنىڭ ئامراقلىق ھېسسىياتى بىلەن ئىپادىلەيدىغان دەرىجە شەكلىدۇر . بۇخىل دەرىجە شەكلى ئەسلىي دەرىجىدىكى سۈپەتلەرگە « - غىنا// - قىنا// - گىنە// - كىنە» قوشۇمچىسىنى قوشۇش ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ .

مەسىلەن : ئاتلىق ـ ئاتلىققىنا ، چىرايلىق ـ چىرايلىقىقىنا ، چاققان ـ چاققانغىنا ، ئېگىز ـ ئېگىزگىنە ، كىچىك ـ كىچىككىنە ، …

شۇنى ئەسكەرتىش كېرەككى ، دەرىجە كاتېگورىيىسىنىڭ يۇقىرىقى شەكىللىرى دەرىجىلىك سۈپەتلەرنىڭ ھەممىسىدىلا ئىزچىل ئۆزگەرتىلىشىپ كېتەلمەيدۇ . بىر قىسىم دەرىجىلىك سۈپەتلەر بولسا ئىككى ـ ئۈچ تۈرىدىلا كېلەلەيدۇ .

(4) سۈپەتنىڭ ئىسىملىشىشى

جۈملىدە ئىسىم رولىدا كېلىپ ، ئىسىمنىڭ سان ، تەۋەلىك ۋە كېلىش كاتېگورىيىلىرى بىلەن تۈرلىنىدىغان سۈپەتلەر ئىسىملاشقان سۈپەتلەر ، دېيىلىدۇ . بۇنداق سۈپەتلەر بىۋاستە ئىسىم تۈركۈمىگە كۆچۈپ ، ئۆزى ئىپادىلىگەن بەلگىلىنىڭ نامىنى ياكى شۇ بەلگىگە ئىگە بولغان مەلۇم بىر شەيئىنى ئىپادىلەپ كېلىدۇ . سۈپەتلەر ئىسىملاشقاندا ئىسىملارغا ئوخشاش سىنتاكسىلىق ۋەزىپە ئۆتەيدۇ . مەسىلەن :

كىچىكلەر چوڭلارنى ھۆرمەتلىشى ، چوڭلار كىچىكلەرنى ئىززەتلىشى لازىم .

كەمبەغەل كەمبەغەلنىڭ قاپاشى .

سۈپەتنىڭ ئىسىملىشىشى پەقەت جۈملە ئىچىدىلا يۈز بېرىدۇ . ئەگەر ئىسىملاشقان مەلۇم بىر سۈپەتنى جۈملىدىن ئېلىپ قارايدىغان بولساق ، ئۇ ئۆزىنىڭ لېكسىكىلىق مەنىسى جەھەتتىن سۈپەت پېتى قېلىۋېرىدۇ . دېمەك ، جۈملە ئىچىدە ئىسىملاشقان سۈپەتلەرنىڭ مەنىسى تۇراقلىق ئەمەس .

3) سان

(1) سان ۋە ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكى

شەيئىلەرنىڭ سانى ۋە تەرتىپىنى بىلدۈرىدىغان سۆز تۈركۈمى سان دەپ ئاتىلىدۇ . مەسىلەن : بەش (5) ، ئون ئۈچ (13) ، بىر يۈز ئەللىك (150) ، بەشتىن ئىككى ($\frac{2}{5}$) ، ئۈچىنچى (3 ـ ) ، بەشەيلەن ،

يۈزدەك ...

سانلار تۆۋەندىكىدەك ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە:

① سانلارنىڭ ئۆزىگە خاس گىرامماتىكىلىق كاتېگورىيىلىرى يوق، لېكىن ئۇلار ئىسىملارنىڭ گىرامماتىكىلىق كاتېگورىيىلىرىنىڭ قوشۇمچىلىرى بىلەن تۈرلىنىدۇ. مەسىلەن:

ھازىر ئىككىمىزنىڭلا كۆڭلى غەمكىن، كۆزى ياشلىق.

مىڭنىڭ تۆتتىن بىرى 250 بولىدۇ.

② سانلارنىڭ باشقا سۆز تۈركۈملىرىدىن سان ياسايدىغان قوشۇمچىلىرى يوق. لېكىن، ساناق سانلارغا «ـ ىنچى// ـ نچى، ـ چە، ـ دەك// ـ تەك، ـ يلەن// ـ ىلەن» قاتارلىق قوشۇمچىلارنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن باشقا سانلارنى ياساش مۇمكىن. مەسىلەن: بەش+ىنچى =بەشىنچى، ئىككى+يلەن=ئىككىيلەن، ئون+ دەك= ئوندەك ...

③ سانلار جۈملىدە مۇستەقىل ھالدىمۇ ياكى مىقدارلار بىلەن بىرىكىپمۇ ئىسىملارنى ئېنىقلاپ كۆپرەك ئېنىقلىغۇچى بولۇپ كېلىدۇ، ئۇنىڭدىن باشقا ئىگە، خەۋەر، تولدۇرغۇچى، ھالەت بولۇپمۇ كېلەلەيدۇ. مەسىلەن:

ئۈچ ئوقۇغۇچى دەرسكە كەلمىدى.

ئون بەشكە قالدۇقسىز بۆلۈنىدۇ.

بىزنىڭ ماشىنىنىڭ نومۇرى 1088.

بۇ تېرەكلەردىن بەش تالنى كېسىڭلار.

يىغىن سائەت 10دا ئاياغلاشتى.

(2) ساننىڭ تۈرلىرى

سانلار ئىپادىلىگەن مەنىسىگە ئاساسەن تۆۋەندىكىدەك تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ:

① ساناق سان شەيئىلەر سانىنى ئېنىق ئىپادىلەيدىغان سانلاردۇر. بۇخىل سانلار كۆپ ھاللاردا مىقدارلار بىلەن بىرىكىپ سان ـ مىقدار بىرىكمىسى شەكلىدە قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن: بەش تال ياغاچ، بىر يۇتۇم سۇ، ئون تۇياق قوي، ئىككى ھارۋا ئوتۇن، بىركىلو گۆش...

ساناق سانلار تۈزۈلۈشىگە ئاساسەن ئاددىي ساناق سان ۋە مۇرەككەپ ساناق سان دېگەن ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

بىرلا سۆز بىلەن ئىپادىلىنىدىغان سانلار ئاددىي ساناق سان، دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن: بىر (1)، ئىككى (2)، ئۈچ (3)، تۆت (4)، بەش (5)، ئالتە (6)، يەتتە (7)، سەككىز (8)، توققۇز (9)، ئون (10)، يىگىرمە (20)، ئوتتۇز (30)، قىرىق (40)، ئەللىك (50)، ئاتمىش (60)، يەتمىش (70)، سەكسەن (80)، توقسەن (90)، يۈز (100)، مىڭ (1000)، مىليون (1000000)، مىليارد (1000000000)، تىرىليون (1000000000000).

ئاددىي سانلارنىڭ ياكى مۇرەككەپ سانلارنىڭ مەلۇم مۇناسىۋەتتە بىرىكىشىدىن ھاسىل بولغان سانلار مۇرەككەپ ساناق سان، دېيىلىدۇ. بۇخىل سانلار تۆۋەندىكىدەك مۇناسىۋەتلەردە بىرىكىدۇ:

قوشۇلۇش مۇناسىۋىتى. بۇنىڭدا كىچىك خانىلىق سان چوڭ خانىلىق ساننىڭ كەينىدە كېلىپ ئۇنىڭغا قوشۇلىدۇ. مەسىلەن: ئون بەش (15)، ئەللىك ئىككى (52)، بىر يۈز ئاتمىش ئۈچ (163)، بىرمىڭ بەش يۈز سەكسەن تۆت (1584)⋯

ھەسسىلەش ـ ھەسسىلىنىش مۇناسىۋىتى. بۇنىڭدا كىچىك خانىلىق سان چوڭ خانىلىق ساننىڭ ئالدىدا كېلىپ، ئۇنى ھەسسىلەيدۇ. مەسىلەن: ئىككى يۈز (200)، ئون بەش مىڭ (15000)، يىگىرمە مىليون (20000000)⋯

ئۇيغۇر تىلىدىكى مۇرەككەپ سانلار ئاز بولغاندا ئىككى، كۆپ بولغاندا ئون ئۈچ، ھەتتا ئۇنىڭدىنمۇ كۆپ ئاددىي سانلارنىڭ يۇقىرىقى مۇناسىۋەتلەر بويىچە بىرىكىشىدىن ھاسىل بولىدۇ. مەسىلەن: ئاتمىش بەش (65)، بىر تىرىليون بىر يۈز ئەللىك مىليارد ئىككى يۈز يىگىرمە بەش مىليون ئالتە يۈز ئەللىك تۆت مىڭ ئۈچ يۈز ئون بەش (1150، 225، 654، 315)⋯

[illegible]

قوشۇمچىسىنىڭ قوشۇلۇشى ئارقىلىق ياسىلىدۇ. مەسىلەن: ئالتىنچى، ئىككىنچى، بەشىنچى…

③ مۆلچەر سان شەيئىلەرنىڭ تەخمىنىي سانىنى بىلدۈرىدىغان سانلاردۇر. بۇخىل سانلار تۆۋەندىكىدەك ياسىلىدۇ:

a . ساناق سانلارغا «-چە، -دەك// -تەك» قوشۇمچىلىرىنى قوشۇش ئارقىلىق ياسىلىدۇ. مەسىلەن: يىگىرمىچە، ئوتتۇزدەك، بەشتەك…

b . ساناق سانلارغا «-لار// -لەر» قوشۇمچىسىنىڭ قوشۇلۇشى ياكى «-لار// -لەر»گە «-دا// -دە» قوشۇمچىسىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ياسىلىدۇ. مەسىلەن:

سائەت ئونلار بولۇشىدى قاتتىق يەر تەۋرىدى.

ئۇنىڭ يېشى ئەللىكلەردە بار.

c . ئىككى ساناق سانىنى جۈپلەش ئارقىلىق مۆلچەر سان ياسىلىدۇ. بۇخىل مۆلچەر سانلار شۇ ئىككى ساناق سان ئارىلىقىدىكى مۆلچەر سانىنى ئىپادىلەيدۇ. مەسىلەن:

بۇ سىنىپقا قىرىق - ئەللىك ئوقۇغۇچى سىغىدۇ.

d . ئونلار خانىسىدىن يۇقىرى خانىدىكى ساناق سانلارنىڭ يۇنىلىش كېلىش شەكلىدە «يېقىن» سۆزى بىلەن بىرىكىپ كېلىشى ياكى چىقىش كېلىش شەكلىدە «ئارتۇق» ياكى «كۆپ» سۆزى بىلەن بىرىكىشى ئارقىلىق مۆلچەر سانلار ياسىلىدۇ. «يېقىن» سۆزى بىلەن ياسالغىنى شۇ ساندىن سەل كەم بولغان مۆلچەر سانىنى بىلدۈرىدۇ؛ «ئارتۇق» ياكى «كۆپ» سۆزى بىلەن بىرىكىپ ياسالغىنى ساناق ساندىن ئارتۇق بولغان مۆلچەر سانىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

بۇ قېتىمقى مەشرەپكە مىڭغا يېقىن ئادەم قاتناشتى.

ئۇنىڭ ئەللىكتىن ئارتۇق كەپتىرى بار.

e . يۈزلەر خانىسىدىن يۇقىرى خانىدىكى ساناق سانلارغا ياكى «قانچە، نەچچە» سۆزلىرى بىلەن ھەمسىلەشتۈرۈلگەن چوڭ مۆلچەر سانلارغا «-لىغان// -لىگەن» قوشۇمچىسىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن

ياسىلىدۇ. مەسىلەن:

بۇ يولنى ياساشقا ھەريىلى مىڭلىغان ئادەم قاتنىشىدۇ.

بۇ ئۇرۇشتا يۈزلىگەن ئەسكەر جېنىدىن ئايرىلدى.

بۇ نەچچە مىڭ ئوقۇغۇچىنىڭ تەقدىرىگە مۇناسىۋەتلىك ئىش.

④ كەسىر سان بىر پۈتۈنلۈكنى تەشكىل قىلغان شەيئىلەرنىڭ مەلۇم قىسمىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن قوللىنىلىدىغان سانلاردۇر. بۇخىل سانلار مەخرەجنى ۋە سۈرەتنى ئىپادىلەيدىغان ئىككى ساناق ساندىن تۈزۈلىدۇ. مەخرەجنى ئىپادىلەيدىغان ساناق سان چىقىش كېلىش قوشۇمچىسى «-دىن // -تىن» بىلەن بىرىكىپ ئالدىدا كېلىدۇ، ئاندىن سۈرەتنى ئىپادىلەيدىغان ساناق سان كېلىدۇ. مەسىلەن:

بەشتىن بىر ($\frac{1}{5}$)، ئوندىن ئىككى ($\frac{2}{10}$) ...

⑤ كىشىلىك سان مەلۇم سان كۆپلۈكىدىكى ئادەمنى بىلدۈرىدىغان سانلاردۇر. بۇخىل سانلار ساناق سانلارغا ۋە بەزى مۆلچەر سانلارغا «-يلەن // -ئىلەن» قوشۇمچىسىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ياسىلىدۇ. مەسىلەن: ئىككىيلەن، بەشەيلەن، بەش - ئالتەيلەن ...

⑥ تۈركۈم سان شەيئىلەر تۈركۈمىنى بىلدۈرىدىغان سانلاردۇر. بۇخىل سانلار ئاساسەن پېئىللارغا بېقىنىپ، كۆپ سانلىق ئادەملەرنىڭ مەلۇم ھەرىكەت بىلەن تەخمىنەن شۇ سان كۆپلۈكىدىكى تۈركۈم بويىچە مۇناسىۋەتلەشكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. بۇخىل سانلار تۆۋەندىكىدەك ياسىلىدۇ:

a. ئەينى بىر ساناق سانغا ۋە بەزى مۆلچەر سانغا «-لاپ // -لەپ» قوشۇمچىسىنى ئۇلاپ تەكرارلاش ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن:

ئونلاپ - ئونلاپ، يۈزلەپ - يۈزلەپ، بىرلەپ - ئىككىللەپ ...

b. ئەينى بىر ساناق ساننى چىقىش كېلىش قوشۇمچىسى «-دىن // -تىن» بىلەن تۈرلەپ تەكرارلاش ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن:

بىز بەشتىن - بەشتىن بىر گۇرۇپ بولۇپ بۆلۈندۇق .

(3) «بىر» سانىنىڭ ئالاھىدە قوللىنىلىشى

ئۇيغۇر تىلىدا «بىر» سانى سان ئۇقۇمىنى ئىپادىلىگەندىن تاشقى-رى ، يەنە تۆۋەندىكىدەك ئالاھىدە مەنىلەردە قوللىنىلىدۇ :

① ئېنىقلىغۇچى بولۇپ ، ئېنىقلانغۇچىنى گەۋدىلەندۈرۈش رولىنى ئوينايدۇ . مەسىلەن :

ئۇ مېنىڭ ھاياتىمدىكى ئۇنتۇلماس بىر كۈن بولدى .

② ئېنىقلىغۇچى بولۇپ ، ئېنىقلانغۇچى ئىپادىلىگەن بىر تىپتىكى شەيئىنىڭ مەلۇم بىرىنى كۆرسىتىش رولىنى ئوينايدۇ . مەسىلەن :

بىر چاغلاردا سۈپۈرگىنىڭمۇ يىگىتلىك مەزگىللىرى ئۆتكەندى .

③ ئوخشاشلىقنى ياكى بىللىلىكنى بىلدۈرىدۇ . مۇنداق مەنىدە كەلگەندە ، جۈملىدە ئېنىقلىغۇچى ، خەۋەر ، ھالەت ۋەزىپىلىرىدە كېلىشى مۇمكىن . مەسىلەن :

ئىككىمىزنىڭ يولى بىر ئىكەن .

بەلكىم ئۇ بىر چۈشتۇر .

ئۇلار بىر مەھەللىدىن ئىكەن .

④ سۈپەت ۋە پېئىللارنىڭ ئالدىدا ھالەت بولۇپ كېلىپ ، ئۇلارنىڭ مەنىسىنى كۈچەيتىش رولىنى ئوينايدۇ . مەسىلەن :

ئۇنى بىر گۈزەلنىڭ قۇچىقىغا تاشلاپتۇ .

ئۇ بىر ۋارقىرىۋىدى ، ھەممەيلەن جىملا بولۇپ قالدى .

⑤ تەكرارلىنىپ باغلىغۇچىلىق رول ئوينايدۇ . مەسىلەن :

ئاي بۇلۇتلار ئارىسىدا بىر مۆكۈنۈپ ، بىر كۆرۈنەتتى .

⑥ باشقا سۆزلەر بىلەن بىرىكىپ سۆز ياساش رولىنى ئوينايدۇ . مەسىلەن : بىردەم ، بىرئاز ، بىرتالاي ، بىرمۇنچە ، ھەربىر

4) مىقدار

(1) مىقدار ۋە ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكى

شەيئى ۋە ھەرىكەتنىڭ ھېسابلاش بىرلىكىنى بىلدۈرىدىغان سۆز

تۈركۈمى مىقدار، دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن: ئون تۇياق كالا، بىر يۇتۇم سۇ، بىر سىقىم ئۇن، يۈز چاقىرىم يول، بىر باغلام ئوتۇن، بىر چىمدىم توپا، بىر ماشىنا كۆمۈر، بەش ۋاراق قەغەز، بەش يىل ئوقۇماق، ئىككى قېتىم بارماق ...

يۇقىرىقى مىساللاردىكى «يىل، قېتىم» دېگەن مىقدارلار ھەرىكەتنىڭ ھېسابلاش بىرلىكىنى بىلدۈرگەن بولسا، قالغانلىرى شەيئىنىڭ ھېسابلاش بىرلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

ئەمەت تۇمۇر ئەپەندى «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى گرامماتىكىسى» دېگەن كىتابىدا كۆرسەتكىنىدەك، ئۇيغۇر تىلىدا مىقدار سۆزلەر ئاز ئەمەس. ئۇلار مەيلى مەنە جەھەتتىن بولسۇن ياكى گرامماتىكا جەھەتتىن بولسۇن ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە بولۇپ، ئايرىم سۆز تۈركۈمى بولۇشقا پۈتۈنلەي لاياقەتلىك. ئەگەر گرامماتىكىدا مىقدار دېگەن بىر سۆز تۈركۈمى ئاجرىتىلمىسا، بىرىنچىدىن، «تونىنا»، «كىلوگرام»، «سەر»، «مىسقال»، «چىمدىم»، «چېشلەم»، «چاقىرىم» قاتارلىق نۇرغۇنلىغان خاس مىقدارلارنى ھېچقانداق سۆز تۈركۈمىگە كىرگۈزگىلى بولمايدىغان ئەھۋال كېلىپ چىقىدۇ. چۈنكى، ئۇلار شەيئىنى بىلدۈرمەيدىغانلىقى، سان، تەۋەلىك ۋە كېلىشلەر بويىچە تۈرلەنمەيدىغانلىقى بىلەن ئىسىمدىن پەرقلىنىدۇ؛ شەيئىلەرنىڭ بەلگىلىك سانىنى بىلدۈرمەيدىغانلىقى بىلەن ساندىن پەرقلىنىدۇ؛ سان تەرىپىدىن ئېنىقلىنىدىغانلىقى ۋە دەرىجە بويىچە تۈرلەنمەيدىغانلىقى بىلەن سۈپەتتىن پەرقلىنىدۇ؛ ئۇلارنى بۇلاردىن باشقا سۆز تۈركۈملىرىگە كىرگۈزۈشكە تېخىمۇ بولمايدۇ؛ ئىككىنچىدىن، «بىر ماشىنا كۆمۈر»، «ئىككى ساندۇق كىتاب»، «بىر قوشۇق دورا» قاتارلىق بىرىكمىلەردە قاتار كەلگەن ئىككى ئىسىمنىڭ گرامماتىك مۇناسىۋىتىنى چۈشەندۈرۈپ بەرگىلى بولمايدۇ؛ چۈنكى، ئۇيغۇر تىلىدا باش كېلىشتىكى ئىسىملار پەقەت مەلۇم مەنىدە ئۆزى بىلەن بىر تىپقا كىرىدىغان شەيئىنى ئىپادىلىگۈچى ئىسىملارغىلا ئېنىقلىغۇچى بولۇپ كېلەلەيدۇ؛ ئۈچىنچىدىن، «بىر چىنە ماي»، «بىر خالتىمدەك ئۇن»، «ھەر قېتىمدا بىر قوشۇقتىن ئىچمەك»

قاتارلىق بىرىكمىلەردە كەلگەن «چىنە»، «خالتىدەك»، «قوشۇقتىن» شەكلىدىكى سۆزلەرنىڭ تەڭلەشتۇرمە كېلىش، ئوخشاتما كېلىش، چەقىش كېلىش مەنىلىرىنى ئىپادىلىمەي، مۆلچەر ۋە تەقسىم مەنىلىرىنى ئىپادىلىشىنىمۇ چۈشەندۈرۈپ بەرگىلى بولمايدۇ. بۇ مەسىلىلەرنى پەقەت مىقداردىن ئىبارەت بىر سۆز تۈركۈمىنى ئايرىپ چىقارغاندىلا، ئاندىن ھەل قىلغىلى بولىدۇ.

مىقدارلار تۆۋەندىكىدەك ئالاھىدىلىككە ئىگە:

① مىقدارلار مۇستەقىل ھالدا جۈملە بۆلىكى بولالمايدۇ، پەقەت سانلار بىلەن بىرىكىپ، سان ـ مىقدار بىرىكمىسىنى ھاسىل قىلغاندىلا، ئاندىن ئىسىم ياكى ئىسىم خاراكتېرلىك بىرىكمىلەرگە بېقىنىپ ئېنىقلىغۇچى، پېئىل ياكى پېئىل خاراكتېرلىك بىرىكمىلەرگە بېقىنىپ ھالەت بولۇپ كېلىدۇ ۋە بەزىدە ئىسىمغا خاس قوشۇمچىلار بىلەن تۈرلىنىپ، جۈملىنىڭ باشقا بۆلىكى بولۇپمۇ كېلىدۇ. مەسىلەن:

ئىككى تونىنا كۆمۈر سېتىۋالدىم.

مەن شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا بەش يىل ئوقۇغان.

ئۇنىڭ بويىنىڭ ئېگىزلىكى 1. 80 سانتىمېتىر.

گۆشنىڭ بىر كىلوسى قانچە پۇل؟

بۇ ياغاچنىڭ بەش تېلىنى مەن ئالاي.

② مىقدارنىڭ ئۆزىگە خاس گىراماتىكىلىق كاتېگورىيىسى يوق، لېكىن بىر قىسىم مىقدارلار ئىسىمنىڭ گىراماتىكىلىق كاتېگورىيىلىرىنىڭ قوشۇمچىلىرى بىلەن تۈرلىنىدۇ، ئەلۋەتتە، بۇخىل تۈرلىنىش سىستېمىلىق بولمايدۇ. مەسىلەن:

بۇ ياغاچلارنىڭ ئون تېلى قارىغاي ئىكەن.

بۇ قويلاردىن ئون تۇياقنى مەن ئالدىم.

بۇ يەرنىڭ بەش موسىغا شال تېرىيمىز.

بۇ ئانارنىڭ بىر دانىسىنىڭ ئېغىرلىقى قانچىلىك كېلەر؟

③ مىقدارلار ئۆزىگە خاس ئىككى يۈرۈش ( ـ م// ـ ىم// ـ ۇم

// - ۇم// - ىم، - ىق ) سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچىغا ئىگە بولۇپ، بۇ قوشۇمچىلار پېئىلدىن مىقدار ياسايدۇ. مەسىلەن:

چىشلە + م = چىشلەم، سىق + ىم = سىقىم، يۇت + ۇم = يۇتۇم، يۇد + ۇم = يۇدۇم، تۇت + ام = تۇتام، تاڭ + ىق = تېڭىق

(2) مىقدارنىڭ تۈرى

① ئۇيغۇر تىلىدىكى مىقدارلار كېلىش مەنبەسىگە ئاساسەن خاس مىقدار ۋە كۆچمە مىقدار دېگەن ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ:

خاس ياكى ئاساسەن مىقدار رولىدىلا كېلىدىغان سۆزلەر خاس مىقدار ياكى ئەسلىي مىقدار، دەپ ئاتىلىدۇ. بۇخىل مىقدارلار ھېساب بىرلىكىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا ئاساسەن ئۆلچەم مىقدارلىرى، يەككە شەيئىلەر مىقدارلىرى، توپ شەيئىلەر مىقدارلىرى دەپ ئۈچ تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

ئۆلچەم مىقدارلىرى يەنە ئۇزۇنلۇق ئۆلچىمى (مەسىلەن: كىلومېتىر، مېتىر، سانتىمېتىر، مىللىمېتىر، چاقىرىم، گەز، چى، سۇڭ، چامدام ...)، ئېغىرلىق ئۆلچىمى (مەسىلەن: توننا، كىلوگرام، گرام، قاداق، چارەك، جىڭ، سەر، مىسقال ...)، يۈز ئۆلچىمى (مەسىلەن: گېكتار، كۋادرات كىلومېتىر، كۋادرات مېتىر، كۋادرات سانتىمېتىر، كۋادرات جاڭ، كۋادرات چى، مو، پۇڭ ...)، ھەجىم ئۆلچىمى (مەسىلەن: لىتىر، دادەن، كۈرە، شاڭ، ئوچۇم، چىمدىم، سىقىم...) قاتارلىق ئۆلچەم بىرلىكلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

يەككە شەيئى مىقدارلىرى ئاساسەن: نەپەر، دانە، تال، تۇياق، پارچە، تۇپ، ۋاراق، نۇسخا، باش قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

توپ شەيئى مىقدارلىرى بولسا، جۈپ، توپ، باغلام، يۇرۇش، دۆۋە، چىشلەم، سىقىم، قۇر، تۈركۈم، قىسىم، ئورام، دەستە قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

بەلگىلىك سىغىمى بار شەيئىلەرنى ۋە ۋاقىتنى بىلدۈرىدىغان ئىسىملارنىڭ مەنىسىنىڭ كۆچۈشى ئارقىلىق بارلىققا كەلگەن سۆزلەر كۆچمە مىقدار ياكى نىسپىي مىقدار، دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن: «چىنە،

پىيالە، تەخسە، لېگەن، قوشۇق، ۋاگون، ماشىنا، ساندۇق، بوتۇلكا، يەشىك، سېۋەت، ئېغىز، سىنىپ، يىل، كۈن، سائەت ... بۇ خىل مىقدارلار ئۆزىنىڭ ئەسلىدىكى سۆز تۈركۈمىگە (ئىسىمغا) خاس خۇسۇسىيىتىنى يوقىتىپ، مىقدارغا خاس خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولىدۇ. يەنى، شەيئى ئۇقۇمىنى بىلدۈرمەستىن، مىقدار ئۇقۇمىنى بىلدۈرىدۇ ۋە مىقدارغا خاس گراماتىكىلىق شەكىللەر بويىچە تۈرلىنىدۇ. كۆچمە مىقدارلارنى ئىخچاملاشقا بولمايدۇ.

② مىقدارلار مەنىسى ۋە بىرىكىش ئىقتىدارىغا قاراپ شەيئى مىقدارلىرى ۋە ھەرىكەت مىقدارلىرى دەپ ئىككى تۈرگە ئايرىلىدۇ:

ئىسىملار بىلەن بىرىكىپ، شەيئىنىڭ ھېسابلاش بىرلىكىنى بىلدۈرىدىغان مىقدارلار شەيئى مىقدارلىرى، دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن:

بەش تال ياغاچ، ئون مېتىر رەخت، ئۈچ كىلو گۆش ...

پېئىللار بىلەن بىرىكىپ، ھەرىكەتنىڭ ھېسابلاش بىرلىكىنى بىلدۈرىدىغان مىقدارلار ھەرىكەت مىقدارلىرى، دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن:

ئۈچ يىل ئوقۇماق، ئىككى قېتىم بارماق، ئىككى سائەت سۆزلىمەك، بىر كۈن دەم ئالماق ...

### 5) رەۋىش

#### (1) رەۋىش ۋە ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكى

شەيئىلەر ھەرىكىتىنىڭ ۋاقتى، ئورنى، ئۇسۇلى، ھالىتى، سۈپىتى ۋە شەيئىلەر بەلگىسىنىڭ دەرىجىسى قاتارلىقلارنى بىلدۈرىدىغان سۆز تۈركۈمى رەۋىش، دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن: بۈگۈن، نېرى، قەستەن، ناھايىتى، ئۇزۇل - كېسىل، باتۇرلارچە ...

رەۋىشلەر تۆۋەندىكىدەك ئالاھىدىلىككە ئىگە:

① رەۋىشلەر جۈملىدە پېئىل، سۈپەت ۋە بەزى رەۋىشلەر بىلەن بىرىكىپ ھالەت بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

ئامانىتىڭنى ئاقساقالغا چوقۇم يەتكۈزىمەن.

سەردار خەتنى ناھايىتى چىرايلىق يازىدۇ.

ئۇلار ناھايىتى بالدۇر كەلدى .

② رەۋىشلەرنىڭ ئۆزىگە خاس گراماتىكىلىق كاتېگورىيىسى يوق . لېكىن ، ئاز بىر قىسىم رەۋىشلەر سۈپەت ۋە ئىسىمغا خاس قوشۇمچىلار بىلەن تۈرلىنىدۇ . بۇخىل تۈرلىنىش ئەسلى سۆز تۈركۈمىدىكىدەك سىستېمىلىق بولمايدۇ . مەسىلەن : ھېلى - ھېلىراق ، كېيىن - كېيىنرەك ، ئەتە - ئەتىسى ، ئۆگۈن - ئۆگۈنى ، بۇلتۇر - بۇلتۇردىن ، ئەتە - ئەتىگە ، بۈگۈن - بۈگۈننى ...

③ رەۋىشلەر ئۆزىگە خاس سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچىلارغا ئىگە بولۇپ ، بۇ قوشۇمچىلارنىڭ كۆپرەكى ئىسىمدىن رەۋىش ياسىسا ، بىر قىسمى سۈپەت ، تەقلىد ۋە بەزى ۋاقىت رەۋىشلىرىدىن رەۋىش ياسايدۇ . مەسىلەن : قەھرىمان + لارچە = قەھرىمانلارچە ، دېھقان + چىسىغا = دېھقانچىسىغا ، كۆپ + لەپ = كۆپلەپ ، جىغ + مدە = جىغغىدە ، ھازىر + چە = ھازىرچە ...

④ رەۋىشلەر ئىسىمغا ئېقىنمايدۇ . بۇ رەۋىش بىلەن سۈپەتنى پەرق- لەندۈرۈشنىڭ مۇھىم ئۆلچىمى . شۇنىڭدەك سان ، مىقدار ، سۈپەت تەر- ىپىدىنمۇ ئېنىقلانمايدۇ .

(2) رەۋىشنىڭ تۈرى

رەۋىشلەر مەنىسىگە ئاساسەن تۆۋەندىكىدەك تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ :

① ھالەت رەۋىشى شەيئىلەر ھەرىكىتىنىڭ تۈرلۈك ھالەتلىرىنى بىلدۈرىدىغان رەۋىشلەردۇر . ئۇيغۇر تىلىدىكى باتۇرلارچە ، ۋەھشىيلەر- چە ، دېھقانچىسىغا ، شارتتىدە ، پاققىدە ، ۋاللىدە ، تۇيۇقسىز ، مەردانە ، ئۇچقاندەك ، تىغمۇتىغ ، ئولاش - چولاش ، بارا - بارا ، ئومۇمەن ، بىردەك ، زورمۇزور ، جەزمەن ، ھەرگىز دېگەندەك رەۋىشلەر ھالەت رەۋىشلىرى ھېسابلىنىدۇ .

② ۋاقىت رەۋىشلىرى شەيئىلەر ھەرىكىتىنىڭ ۋاقتىنى بىلدۈرىدى- غان رەۋىشلەردۇر . تىلىمىزدىكى ۋاقىت رەۋىشلىرى : ھازىر ، ھېلى ، بايا ، بالدۇر ، بۇرۇن ، دائىم ، ھامان ، بۈگۈن ، ئەتە ، ئۆگۈن ، يېڭىراق- تا ، باشتا ، بىردە ، ھازىرغا ، ئاندىن ، دەسلەپ ، كېچىلەپ ، كېچىچە ،

ئەتىگچە، شۇڭغىچە، ئاللىقاچان، ھەردائىم، مەڭگۈ، ھازىرچە، بۇيىل، كېلەرىيىل، بۇلتۇر، ھازىر، دەرھال، ھامان، ئەبەدىي، ئىلگىرى، يازىچە، قىشىچە ...

③ ئورۇن رەۋىشلىرى شەيئىلەر ھەرىكىتىنىڭ ئورنىنى بىلدۈرىدىغان رەۋىشلەردۇر. ئورۇن رەۋىشلىرى تۆۋەندىكىچە: نېرى، بېرى، ئالدى، كەينى، يۇقىرى، تاشقىرى، ئىچكىرى، تۆۋەن، ئاست، ئۈست...

④ دەرىجە رەۋىشلىرى شەيئىلەر ھەرىكىتى ۋە بەلگىسىنىڭ دەرىجىسىنى بىلدۈرىدىغان رەۋىشلەردۇر. تىلىمىزدىكى ناھايىتى، ئىنتايىن، تولىمۇ، خويمۇ، خېلى، سەل، سەل - پەل، بىر ئاز، پۈتۈنلەي، ئۆزۈل - كېسىل، تېخىمۇ، سەللىمازا، راسا، ئازا، تامامەن، تەلتۆكۈس، ئاران، ئەڭ ... قاتارلىقلار دەرىجە رەۋىشلىرىدۇر.

### 6) تەقلىد

(1) تەقلىد ۋە ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكى

شەيئىنىڭ ھالىتى، ئاۋازى ۋە سېزىمىنىڭ كىشىنىڭ ئاڭلاش سېزىمى، كۆرۈش سېزىمى ۋە ھېسسىي سېزىمى ئارقىلىق تەپەككۇردا ئەكس ئەتكەن ئىنكاسى تەقلىد، دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن:

بۇ مەھەللىدە جۇل - جۇل كىيىملىك بالىلار تولىمۇ كۆپ ئىدى.

سۇنىڭ شىر - شىر قىلغان ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇراتتى.

پۇتۇم سىر - سىر قىلىپ ئاغرىۋاتىدۇ.

يۇقىرىقى مىساللاردىكى «جۇل - جۇل» دېگەن سۆز شەيئىنىڭ ھالىتىگە كىشىنىڭ كۆرۈش سېزىمى ئارقىلىق تەقلىد قىلىنغان بولسا، «شىر - شىر» سۆزى شەيئىنىڭ ئاۋازىغا كىشىنىڭ ئاڭلاش سېزىمى ئارقىلىق تەقلىد قىلىنغان. «سىر - سىر» سۆزى بولسا، كىشىنىڭ ھېسسىي سېزىمى ئارقىلىق تەقلىد قىلىنغان.

تەقلىدلەر تەبىئىي ئاۋاز، كۆرۈنۈش ۋە ھېسسىي سېزىمنىڭ ئەينەن ئۆزى بولماستىن، بەلكى شۇلارغا نىسپىي ھالدا تەقلىد قىلىش (دوراش) ئارقىلىق بارلىققا كەلگەن سۆزلەردۇر.

تەقلىدلەر تۆۋەندىكىدەك ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە .

① تەقلىدنىڭ ئۆزىگە خاس گىراماتىكىلىق كاتېگورىيىسى يوق ، لېكىن بىر قىسىم تەقلىدلەر ئىسىمنىڭ گىراماتىكىلىق كاتېگورىيىلىرىنىڭ قوشۇمچىلىرى بىلەن تۈرلىنىدۇ . ئەلۋەتتە ، بۇخىل تۈرلىنىش سىستېمىلىق بولمايدۇ . مەسىلەن :

بالىلارنىڭ ۋاراڭ - چۇراڭلىرىغىمۇ كۆنۈپ قالدىم .

بۇنىڭ نېمە قىقاس - چۇقانلار ئىكەنلىكىنى بىلگىلى بولمايتتى .

② تەقلىدلەر ئۆزىگە خاس سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچىلارغا ئىگە ئەمەس ، يەنى مەيلى باشقا سۆزلەردىن بولسۇن ياكى تەقلىدلەردىن بولسۇن يېڭى تەقلىد سۆزلەرنى ياسايدىغان سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچىلار يوق . لېكىن ، تەقلىدتىن پېئىل ۋە رەۋىشلەر ياسىلىدۇ . مەسىلەن : شاراق + لا = شاراقلا ، مە + رە = مەرە ، گۈپ (پ) + ىدە = گۈپپىدە ، سىس (س) + ىدە = سىسسىدە …

③ تەقلىدلەر جۈملىنىڭ ھەممە بۆلىكى بولالايدۇ . مەسىلەن :

ئوغرىنىڭ يۈرىكى پوك - پوك .

سىم - سىم يامغۇر ياغماقتا ئىدى .

تاراق - تۇرۇق ئەمدىلا بېسىقتى .

ئۆي ئىچى ئوڭتەي - توڭتەي بولۇپ كەتتى .

بۇ غىژ - غىژنى ئاڭلىدىڭمۇ ؟

(2) تەقلىدنىڭ تۈرى

تەقلىدلەر مەنىسىگە ئاساسەن تۆۋەندىكىدەك ئۈچ تۈرگە بۆلۈنىدۇ :

① ھالەت تەقلىدى — ھەرخىل ھالەت (كۆرۈنۈش)نىڭ كۆرۈش سېزىمى ئارقىلىق ئىنسان تەپەككۇرىدا ئەكس ئەتكەن ئىنكاسى . مەسىلەن : ۋال - ۋۇل ، پار - پۇر ، پىل - پىل ، غال - غال ، لىڭ - لىڭ ، دەلدەڭ - دەلدۇڭ ، ئىمىر - چىمىر ، پىر - پىر ، جۇل - جۇل ، ھاڭ - تاڭ ، يالت - يۇلت ، مىس - مىس ، سىم - سىم ، غىل - پال …

② ئاۋاز تەقلىدى — ھەرخىل ئاۋازلارنىڭ ئاڭلىنىش سېزىمى ئارقىلىق ئىنسان تەپەككۇرىدا ئەكس ئەتكەن ئىنكاسى. مەسىلەن: شار-شار، شار - شۇر، جىرىڭ - جىرىڭ، ۋاراڭ - چۇرۇڭ، تاراق - تۇرۇق، تاراق - تاراق، تىرىق - تىرىق، غاق - غاق، مە، مۇ، شىلدىر-شىلدىر، شىر - شىر، پاڭ - پۇڭ، كاژ - كۇژ، غاژ - غۇژ...

③ ھېسسىيات تەقلىدى — ئىنساننىڭ ھېسسىي سېزىمىنىڭ تەپەككۇرىدا ئەكس ئەتكەن ئىنكاسىدىن ئىبارەت. مەسىلەن: لوق - لوق، زىڭ - زىڭ، سىر - سىر، چىم - چىم، جىغ، شۇر...

تەقلىدلەرنى يەنە تۈزۈلۈشىگە ئاساسەن تاق تەقلىد (بىر گۇرۇپپا ئاۋازدىن تۈزۈلگەن تەقلىدلەر مەسىلەن: گۇر، جاڭ، پىژ...) ۋە جۈپ تەقلىد (تاق تەقلىدلەرنىڭ تەكرارلىنىشىدىن ھاسىل بولغان تەقلىدلەر، مەسىلەن: پىژ - پىژ، گۈلدۈر - گۈلدۈر، جىرىڭ - جىرىڭ، شىلدىر - شىلدىر، شىر - شىر، پىل - پىل، دۈكۈر - دۈكۈر...) ھەم ئارىلاش تەقلىد (مۇناسىۋەتلىك ئىككى تاق تەقلىدنىڭ جۈپلىنىشىدىن ھاسىل بولغان تەقلىدلەر مەسىلەن: ئىمىر - چىمىر، تاراڭ - تۇرۇڭ، دەلدەڭ - دۇلدۇڭ، پار - پۇر، ۋال - ۋۇل...) دېگەن ئۈچ تۈرگە بۆلۈنۈشكە بولىدۇ.

## 7) ئالماش

### (1) ئالماش ۋە ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكى

جۈملىدە تۇرغۇن سۆزلەرنىڭ ئورنىغا ئالمىشىپ كېلىپ، شۇ سۆز تۈركۈملىرىنىڭ رولىدا كېلىدىغان سۆز تۈركۈمى ئالماش، دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن:

«مەن شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇيمەن...» دېگەن جۈملىدىكى «مەن» ئالمىشى ئىسىم ئورنىدا كەلگەن. «ئاكاڭ ئاڭلىق بالا، سەنمۇ شۇنداق بولغىن» دېگەن جۈملىدە «شۇنداق» ئالمىشى «ئاڭلىق» دېگەن سۈپەتنىڭ ئورنىغا ئالمىشىپ كەلگەن. «يىغىنغا كەلگەنلەرنىڭ سانى ئەللىك، ئۇنىڭ يېرىمىدىن كۆپى ئايال» دېگەن جۈملىدە بولسا، «ئۇ-

لىلىك» دېگەن جۈملىدە «تونۇغىنىمىزنىڭ» ئالمىشى «بىر نەچچىسىنى» دېگەن سان- مىقدارنىڭ ئورنىغا ئالمىشىپ كەلگەن. «سىز ئاماقنى تېز يەيدى- كەنسىز، ئۇنداق يېمەڭ» دېگەن جۈملىدە «ئۇنداق» دېگەن ئالماش «تېز» دېگەن رەۋىشنىڭ ئورنىغا ئالمىشىپ كەلگەن. «ئۇنى كۆرۈپ يۈرىكىم جىغ قىلدى، سىزنىڭمۇ شۇنداق قىلدىمۇ؟» دېگەن جۈملىدە «شۇنداق» دېگەن ئالماش «جىغ» دېگەن تەقلىدنىڭ ئورنىدا كەلگەن.

ئالماشلار تۆۋەندىكىدەك ئالاھىدىلىككە ئىگە:

① ئالماشنىڭ ئۆزىگە خاس گىرامماتىكىلىق كاتېگورىيىسى يوق، لېكىن باشقا سۆز تۈركۈملىرىنىڭ ئورنىغا ئالمىشىپ كەلگەندە، شۇ سۆز تۈركۈمىگە خاس بەزى مورفولوگىيىلىك تۈرلىنىشكە كىرەلەيدۇ. مەسى- لەن: ئۆز — ئۆزۈم، ئۆزىمىز، ئۆزۈڭ، ئۆزۈڭلار، ئۆزى؛ كىم — كىمنى، كىمدە، كىمنىڭ، كىمدىن، كىمگە، كىملەر؛ قانداق — قانداقنى، قانداقتىن، قانداقراق …

② ئالماشنىڭ ئۆزىگە خاس سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچىلىرىمۇ يوق. لېكىن، بەزى ئالماشلاردىن باشقا سۆز تۈركۈملىرىگە خاس ئاز ساندىكى سۆزلەرنى ياساشقا بولىدۇ. مەسىلەن: سەن+لە=سەنلە، ئۆز+لۈك=ئۆزلۈك …

③ ئالماشلار قايسى سۆز تۈركۈمىنىڭ ئورنىغا ئالمىشىپ كەلسە، جۈملىدە شۇ سۆز تۈركۈملىرىگە ئوخشاش سىنتاكسىسلىق ۋەزىپە ئۆتەي- دۇ. مەسىلەن:

مەن بىر پارچە خەت يازدىم.

ئۇ مېنىڭ دوستۇم.

مەن ئۇنى كۆرگەن.

ئالىم قاچان كېلىدۇ؟

بۇ كىتاب مېنىڭ.

(2) ئالماشنىڭ تۈرى

ئالماشلار مەنىسىگە ئاساسەن تۆۋەندىكى يەتتە تۈرگە بۆلۈنىدۇ:

① شەخس ئالماشلىرى شەيئىلەرنى سۆزلىگۈچى، ئاڭلىغۇچى ۋە سۆزلەنگۈچى (ئۆزگە) نۇقتىسىدىن ئابستراكتلاشتۇرۇپ ئىپادىلەيدىغان ئالماشلاردۇر.

بۇخىل ئالماشلار I شەخس (سۆزلىگۈچى)، II شەخس (ئاڭلىغۇچى)، III شەخس (سۆزلەنگۈچى) دېگەن ئۈچ شەخسكە بۆلۈنىدۇ. بۇلاردىن I شەخس بىلەن III شەخس يەنە سان جەھەتتىن پەرقلىنىپ، بىرلىك ۋە كۆپلۈككە بۆلۈنىدۇ؛ II شەخس ئاتاش تۈرى جەھەتتە پەرقلىنىپ، ئاددىي تۈر، سىپايە تۈر، ھۆرمەت تۈرى ۋە سەتلىمە تۈر دېگەن تۆت تۈرگە بۆلۈنىدۇ؛ ئۇلاردىن ئاددىي تۈر بىلەن ھۆرمەت تۈرى سان جەھەتتىن پەرقلىنىپ، بىرلىك ۋە كۆپلۈككە بۆلۈنىدۇ؛ سىپايە تۈرى بىرلىكتىنلا، سەتلىمە تۈرى كۆپلۈكتىنلا ئىبارەت بولىدۇ.

ئۇيغۇر تىلىدىكى شەخس ئالماشلىرىنىڭ يۇقىرىقى تۈرلىرىنى تۆۋەندىكى جەدۋەلدىن كۆرۈۋشكە بولىدۇ.

| | | | |
|---|---|---|---|
| I شەخس | بىرلىك | | مەن |
| | كۆپلۈك | | بىز |
| II شەخس | بىرلىك | ئاددىي تۈر | سەن |
| | | سىپايە تۈر | سىز |
| | | ھۆرمەت تۈرى | سىلى (ئۆزلىرى) |
| | كۆپلۈك | ئاددىي تۈر | سىلەر |
| | | ھۆرمەت تۈرى | ھەرقايسىلىرى، ھەربىرلىرى |
| | | سەتلىمە تۈر | سەنلەر |
| III شەخس | بىرلىك | | ئۇ |
| | كۆپلۈك | | ئۇلار |

شەخس ئالماشلىرى قاتارىدا يەنە I شەخس ئۆزىنى كەمسۇندۇرۇپ ئاتاشتا قوللىنىلىدىغان «پېقىر، كەمىنىلىرى»، II شەخسنى ئالاھىدە ھۆرمەتلەپ ئاتاشتا قوللىنىلىدىغان «جانابلىرى» قاتارلىقلارمۇ قوللىنىلىدۇ.

شەخس ئالماشلىرى ئىسىملارنىڭ ئورنىغا ئالمىشىپ كېلىدىغان بولغاچقا، ئىسىملارغا ئوخشاش كېلىش قوشۇمچىلىرى بىلەن تۈرلىنىدۇ ۋە تىركەلمىلەر بىلەن بىرىكىپ كېلىدۇ. «مەن، سەن، ئۇ» ئالماشلىرى بەزى كېلىش قوشۇمچىلىرى بىلەن تۈرلەنگەندە، بەزى فونېتىكىلىق ئۆزگىرىشلەر يۈز بېرىدۇ. مەسىلەن: مەن ـ مېنىڭ (مەننىڭ ئەمەس)، سەن ـ ساڭا (سەنگە ئەمەس)، ئۇ ـ ئۇنىڭدىن (ئۇدىن ئەمەس) ... مەن بىلەن، ئۇنىڭ ئۈچۈن ...

شەخس ئالماشلىرى ئىسىمنىڭ تەۋەلىك قوشۇمچىسى بىلەن تۈرلەنمەيدۇ، شۇنىڭدەك III شەخسنى ھېسابقا ئالمىغاندا سان كاتېگورىيىسىنىڭ قوشۇمچىسى بىلەنمۇ تۈرلەنمەيدۇ. چۈنكى، ئۇلارنىڭ كۆپلۈك شەكىللىرى ئايرىم سۆز (لېكسىكىلىق بىرلىك) سۈپىتىدە مۇقىملىشىپ قالغان. «بىز» دېگەن ئالماش بەزىدە «بىزلەر» شەكلىدىمۇ ئۇچرايدۇ، بىراق مەنىسى ئۆزگەرمەيدۇ.

② كۆرسىتىش ئالماشلىرى شەيئىلەرنى ۋە ئۇلارنىڭ تۈرلۈك بەلگە ـ ھالەتلىرىنى ئىشارە قىلىش ياكى كونتېكىستتا باغلاش ئارقىلىق ئىپادىلەپ بېرىدىغان ئالماشلاردۇر. مەسىلەن: ئۇ، شۇ، مۇشۇ، بۇ، مۇنۇ، ماۋۇ، ئاۋۇ، ئەنە، مانا، مۇنداق، ئۇنداق، بۇنداق، ئاشۇنداق، مۇشۇنداق، ئانچىلىك، ئاشۇنچىلىك، بۇنچىلىك، مۇشۇنچىلىك، شۇنچىۋالا، شۇنچىلىك، بۇنچىۋالا، ئاشۇنچىۋالا، مۇنچىۋالا، مۇشۇنچىۋالا، شۇنچە، مۇنچە، مۇنچىلىك، شۇنچىلىك، ئۇنچىلىك ...

كۆرسىتىش ئالماشلىرى مەنە جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا، يىراق-يېقىننى كۆرسىتىش جەھەتتىن پەرققە ئىگە بولىدۇ، سوزۇپ تەلەپپۇز قىلىش ياكى قىسقا تەلەپپۇز قىلىش ئارقىلىقمۇ مەنە پەرقلەندۈرۈلىدۇ. مەسىلەن:

بۇ ئۆي كىمنىڭ ؟

ئاۋۇ ئۆي كىمنىڭ ؟

كۆرسىتىش ئالماشلىرى ئىسىمنىڭ سان ۋە كېلىش كاتېگورىيىسى-نىڭ قوشۇمچىلىرى بىلەن تۈرلىنىدۇ ، بىراق بىرلىك شەكلىدە كېلىش قوشۇمچىلىرى بىلەن تۈرلەنگەندە ، پەقەت ئىگىلىك كېلىش قوشۇمچىسى بىلەن چۈشۈم كېلىش قوشۇمچىسىنىلا بىۋاسىتە قوبۇل قىلىدۇ ، قالغان كېلىش قوشۇمچىلىرىنى بولسا ئاۋۋال « - نىڭ» قوشۇمچىسى بىلەن تۈرلىنىپ ئاندىن قوبۇل قىلىدۇ . مەسىلەن :* بۇ - بۇنىڭ ؛ بۇنى ، بۇنىڭغا (بۇغا ئەمەس ) ، بۇنىڭدا (بۇدا ئەمەس ) ، بۇنىڭدىن (بۇدىن ئە-مەس ) ، بۇنىڭدىكى (بۇدىكى ئەمەس ) ، بۇنىڭدەك (بۇدەك ئەمەس ) ، بۇنىڭخىچە (بۇغىچە ئەمەس ) ، بۇنىڭچە/بۇنىڭچىلىك (بۇچە ئەمەس ) …

Ⅲ شەخس ئالمىشى «ئۇ» بىلەن كۆرسىتىش ئالماش «ئۇ» شەكىل جەھەتتىن ئوخشاش ، ئۇنىڭ شەخس ئالمىشى ياكى كۆرسىتىش ئالماش ئىكەنلىكىنى جۈملىدىكى مەنىسىگە ئاساسەن پەرقلەندۈرۈشىمىز كېرەك ، يەنى شەخسنىڭ ئىسمى ئورنىغا ئالمىشىپ كەلگەن بولسا ، شەخس ئالمە-شى ، ئەگەر شەيئىنى ياكى ئۇنىڭ بەلگە - ھالەتلىرىنى كۆرسەتكەن بولسا كۆرسىتىش ئالمىشى دەپ قاراش كېرەك . مەسىلەن :

ئۇ ئوقۇتقۇچى . (شەخس ئالمىشى )

—بۇ بۇگۈنكى گېزىتمۇ ؟

—ياق ، ئۇ كونا گېزىت . (كۆرسىتىش ئالمىشى )

③ سوئال ئالماش شەيئىلەرنىڭ نامى ، بەلگىسى ، سانى ياكى ھەر-كەتنىڭ بەلگىسى ، ۋاقتى قاتارلىقلارغا سوئال بولۇپ كېلىدىغان ئالماش-لاردۇر . مەسىلەن : كىم ، نېمە ، قانداق ، قايسى ، قېنى ، قاچان ، قانچە ، نەچچە ، نە ، قەيەر ، قانچىلىك ، نەچچىلىك ، قانچىنچى ، نەچچىن-چى ، نېمىشقا ، نېچۈك ، قانداقسىگە ، قانداقلارچە ، نېمانچە ، قاياق ، نەۋاق ، نېمانداق ؟ …

سوئال ئالماشلىرى ئۇيغۇر تىلىدىكى ئالماشنىڭ تىپىك تۈرى بو-

لۇپ، ئۆزلىرى ئالمىشىپ كەلگەن سۆزنىڭ خاراكتېرىگە قاراپ تاللاپ قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن: «كىم» ئالمىشى پەقەت ئادەملەر توغرىسىدىكى سوراقنى بىلدۈرىدۇ. «قانداق» دېگەن ئالماش شەيئىلەرنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىنى ۋە ھەرىكەتنىڭ ئېلىپ بېرىلىش ھالىتى توغرىسىدىكى سوراقنى بىلدۈرىدۇ. «قانچە، نەچچە، قانچىلىك، نەچچىلىك، قانچىنچى، نەچچىنچى» ئالماشلىرى شەيئىلەرنىڭ سان ـ مىقدارى ھەققىدىكى سوراقنى بىلدۈرسە، «نە، قاچان، نېمىشقا» ئالماشلىرى ئورۇن، ۋاقىت، سەۋەب، مەقسەت ھەققىدىكى سوراقنى بىلدۈرىدۇ. «قايسى، قېنى» ئالمىشى شەيئىلەر ئارىسىدىن ئاجرىتىپ كۆرسىتىشكە تېگىشلىك شەيئى ۋە خۇسۇسىيەتلەر توغرىسىدىكى سوراقنى بىلدۈرىدۇ.

سوئال ئالماشلىرى ئىسىمنىڭ سان، كېلىش كاتېگورىيىلىرى بويىچە تۈرلىنىپ كېلىدۇ ۋە بەزى سوئال ئالماشلىرى تەۋەلىك كاتېگورىيىسى بىلەنمۇ تۈرلىنىپ كېلىدۇ. مەسىلەن: كىم ـ كىملەر؛ كىمنى، كىمنىڭ، كىمگە، كىمدىن، كىمدە، كىمچىلىك، كىمدەك، كىمدىكى، كىمگىچە؛ كىمىم، كىمىڭ ...

④ ئۆزلۈك ئالماش شەيئىلەرنى ئېنىق ئايرىش ئۈچۈن قوللىنىدىغان ئالماشتۇر. تىلىمىزدىكى ئۆزلۈك ئالماش «ئۆز» دېگەن بىرلا سۆزدىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇ ھامان ئىسىمنىڭ تەۋەلىك قوشۇمچىلىرى بىلەن تۈرلىنىپ كېلىدۇ، لېكىن تەۋەلىك ئۇقۇمىنى ئىپادىلىمەيدۇ، ئۇلار پەقەت ئۆزى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئالماش ۋە ئىسىملارغا شەخس، سان، ئاتاش تۈرى جەھەتتە ماسلىشىپ كېلىدۇ. مەسىلەن: مەن ئۆزۈم، بىز ئۆزۈمىز، سەن ئۆزۈڭ، سىز ئۆزىڭىز، سىلى ئۆزلىرى، سىلەر ئۆزۈڭلار، ئۇ ئۆزى، ئۇلار ئۆزلىرى ...

ئۆزلۈك ئالماش ئىسىملىك خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولۇپ، ئىسىمنىڭ كېلىش كاتېگورىيىسىنىڭ قوشۇمچىلىرى بىلەن تولۇق تۈرلىنىدۇ ياكى تىركەلمىلەر بىلەن بىرىكىپ كېلىدۇ. مەسىلەن: ئۆزۈم، ئۆزۈمنىڭ، ئۆزۈمنى، ئۆزۈمدە، ئۆزۈمدىن، ئۆزۈمدىكى، ئۆزۈمگىچە، ئۆ-

زۇمدەك ، ئۆزۈمچە ؛ ئۆزۈم بىلەن ، ئۆزۈم توغرۇلۇق ، ئۆزۈم ئۈچۈن...

⑤ بەلگىلەش ئالماش شەيئىلەرنى جەملەشتۈرۈش ياكى ئۆزئارا ئايرىتىش ئارقىلىق ئېنىقلاپ كۆرسىتىدىغان ئالماشتۇر . مەسىلەن :

ھەممە ، پۈتۈن ، پۈتكۈل ، بارلىق ، بارچە ، ھەركىم ، ھەرنېمە ، ھەربىر ، ھەرقايسى ، ھەرقاچان ، ھەرقانداق ...

بۇخىل ئالماشلارنىڭ بىر قىسمى ئىسىمنىڭ تەۋەلىك ۋە كېلىش كاتېگورىيىلىرىنىڭ قوشۇمچىلىرى بىلەن تۈرلىنىدۇ ، مەسىلەن : ھەممىمىزنىڭ ، ھەرقايسىمىزدىن ، ھەركىمگە ، ھەرقاندىقىمىزنى ، بارلىقىمىز ...

⑥ بولۇشسىزلىق ئالماشلىرى ئادەم ۋە نەرسىلەرنىڭ مەلۇم ئىش ـ ھەرىكەتكە ئالاقىسى يوقلۇقىنى بىلدۈرىدىغان ۋە ئۇلارنىڭ باشقا شەيئىلەر بىلەن مۇناسىۋىتىنى ئىنكار قىلىدىغان ئالماشلاردۇر .

بۇخىل ئالماشلار «ھېچ» سۆزىدىن ۋە سوئال ئالماشلىرى بىلەن بەزى سۆزلەرنىڭ «ھېچ» سۆزىگە بىرىكىشى ئارقىلىق ھاسىل بولغان قوشما سۆزلەردىن تەركىب تاپىدۇ . مەسىلەن :

ھېچ كىشى يوق .

ھەركىم ھەرنېمە دەيدۇ .

ھېچ يەردىن تاپالمىدۇق .

بۇخىل ئالماشلارنىڭ خېلى كۆپى كېلىش ، تەۋەلىك كاتېگورىيىلەرىنىڭ قوشۇمچىلىرى بىلەن تۈرلىنىدۇ . مەسىلەن : ھېچكىم ، ھېچكىمنىڭ ، ھېچكىمنى ، ھېچكىمدىن ، ھېچكىمگە ، ھېچقانداق ، ھېچقاندىقلار ، ھېچقاندىقىمىز ، ھېچقاندىقى ؛ ھېچقايسى ، ھېچقايسىمىز ، ھېچقايسىڭلارنىڭ ...

⑦ ئېنىقسىزلىق ئالماشلىرى سۆزلىگۈچىگە ئېنىقسىز بولغان مەلۇم بىر شەيئى ، بەلگە ، سان ـ مىقدار ، ۋاقىت قاتارلىقلارنى بىلدۈرىدىغان ئالماشلاردۇر .

تىلىمىزدىكى ئېنىقسىزلىق ئالماشلىرى سوئال ئالماشلىرىنىڭ

كېيىنگە » - دۇر// - تۇر » قوشۇمچىسىنىڭ قوشۇلۇشى ياكى ئالدىغا «ئاللا » سۆزىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ياسىلىدۇ . مەسىلەن : ئاللىكىم ، ئاللىنېمە ، ئاللىقانداق ، كىمدۇر ، نېمىدۇر ، قاچاندۇر ، قانداقتۇر ، قايسىدۇر … يەنە بەزى ئېنىقسىزلىق ئالماشلىرى سوراق ئالماشلىرىغا «بىر » سۆزىنىڭ قوشۇلۇشى ئارقىلىق ھاسىل بولىدۇ . مەسىلەن : قاي- سىبىر …

## 8) پېئىل

### (1) پېئىل ۋە ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكى

شەيئىلەرنىڭ ھەرىكىتىنى بىلدۈرىدىغان سۆز تۈركۈمى پېئىل ، دەپ ئاتىلىدۇ . بۇ يەردىكى «ھەرىكەت » سۆزى كەڭ مەنىدە قوللىنىلغان گراماتىكىلىق ئاتالغۇ بولۇپ ، شەيئىلەرنىڭ ئىش ـ ھەرىكىتى ، ھالى- تى ، ئۆزگىرىشى ، ئىپادىسى ، سېزىمى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ . مەسىلەن : ئوقۇ ـ ، ئىشلە ـ ، ياز ـ ، سۆزلە ـ ، ماڭ ـ ، تۇر ـ ، ئۇخلا ـ ، ۋارقىرا ـ ، ھۆرمەتلە ـ ، قانىسرا- ، سانا- ، سۆي- ، كۆر- ، تۆي ـ ، ئىگە ـ …

پېئىللار تۆۋەندىكىدەك ئالاھىدىلىككە ئىگە :

① پېئىللار ئۆزىگە خاس بولۇشلۇق ـ بولۇشسىز ، دەرىجە ، راي ، شەخس ، سان ، زامان ۋە تۈس كاتېگورىيىسىگە ئىگە بولۇپ ، پېئىلنىڭ بۇ گراماتىكىلىق كاتېگورىيىلىرى باشقا سۆز تۈركۈملىرى بىلەن ئۆز- تۈشمەيدۇ ، يەنى پېئىللارنىڭ گراماتىكىلىق كاتېگورىيىلىرىنىڭ قو- شۇمچىلىرى پەقەت پېئىللارغىلا خاس بولۇپ ، باشقا تۈركۈمدىكى سۆز- لەرگە ئۇلانمايدۇ .

② پېئىللار ئۆزىگە خاس سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچىلارغا ئىگە بو- لۇپ ، بۇ قوشۇمچىلار ئىسىم ، سۈپەت ۋە تەقلىدلەردىن پېئىل ياسايدۇ ؛ بەزى قوشۇمچىلار بولسا پېئىلدىن پېئىل ياسايدۇ . مەسىلەن : تەربىيە + لە= تەربىيىلە- ، مۇز+ لا= مۇزلا- ، ئاخىر+ لاش= ئاخىرلاش- ،

چىرىك+لەش=چىرىكلەش . ، قورال+لان=قوراللان . ، ئادەت+
لەن=ئادەتلەن . ، سان+ا=سانا . ، تۈز+ە=تۈزە . ، ئۇيقۇ+سىرا=
ئۇيقۇسىرا . ، خەۋپ+سىرە=خەۋپسىرە . ، زور+اي=زوراي . ، پەس+
ە=پەسەي . ، ئاق+ار=ئاقار . ، كۆك+ەر=كۆكەر . ، قىسقا+ر=
قىسقار . ، باي+ى=بېيى . ، ئىز+دە=ئىزدە . ، ئورۇن+دا=
ئورۇندا . ، سىلا+شتۇر=سىلاشتۇر . ، يىغ+ىشتۇر=يىغىشتۇر . ،
تۈزە . +شتۇر=تۈزەشتۇر . ، گۇر+كىرە=گۇركىرە . ، جاراڭ+لا=
جاراڭلا . ...

③ پېئىللار جۈملىدە خەۋەر بولۇپ كېلىدۇ . شەخسسىز پېئىل شەكلىدە كەلگەندە بولسا جۈملىنىڭ باشقا بۆلەكلىرى بولۇپمۇ كېلىدۇ . مەسىلەن :

بوۋايغا ئەگىشىپ ھەممە دۇئاغا قول كۆتۈردى .

ئىشلىگەننىڭ يۈزى يورۇق .

ھارۋا ئۇلارنى بىرخىل تەۋرىتىپ ئىلگىرىلەيتتى .

ئوقۇشۇڭ قاچان تۈگەيدۇ ؟

(2) پېئىلنىڭ تۈرى

پېئىللارنى تۈۋەندىكى بىرقانچە ئۆلچەم بويىچە تۈرگە بۆلۈشكە بولىدۇ :

① پېئىللار تۈزۈلۈشىگە ئاساسەن تۈپ پېئىل ، ياسالما پېئىل ۋە قوشما پېئىل دېگەن ئۈچ تۈرگە بۆلۈنىدۇ .

بىرلا مورفېمىدىن تۈزۈلگەن پېئىللار تۈپ پېئىل ، دەپ ئاتىلىدۇ . مەسىلەن : كەل . ، ئال . ، ماڭ . ، تۇر . ، ياز . ، ئوقۇ . ...

پېئىل ياسىغۇچى قوشۇمچىلارنىڭ ياردىمى بىلەن ياسالغان پېئىللار ياسالما پېئىل ، دەپ ئاتىلىدۇ . مەسىلەن : تاراق+شى=تاراقشى . ، تون+ە=تونە . ، جىڭ+لا=جىڭلا . ، ھاياجان+لان=ھاياجانلان . ...

ئىككى سۆزنىڭ تاۋۇش جەھەتتىن ياكى مەنە جەھەتتىن ئايرىلماس بىر گەۋدىگە ئايلىنىشىدىن ھاسىل بولۇپ ، بىر لېكسىكىلىق مەنە بىلدۈ-

رىدىغان پېئىللار قوشما پېئىل ، دەپ ئاتىلىدۇ . مەسىلەن : راۋاج تاپ ـ چارە كۆر ـ ، ئىشلەپچىقار ـ ، بايان قىل ـ ، ئاقايىل تۇر ـ ، تارمار بول ـ …

② پېئىللار تولدۇرغۇچى تەلەپ قىلىش ـ قىلماسلىق خۇسۇسىيىتىگە قاراپ ئۆتۈملۈك پېئىل ۋە ئۆتۈمسىز پېئىل دېگەن ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ .

مەلۇم شەيئىگە ئۆتىدىغان ھەرىكەتنى بىلدۈرگۈچى پېئىللار ئۆتۈملۈك پېئىل ، دەپ ئاتىلىدۇ . بۇنداق پېئىللار ھەردائىم ئىسىم ياكى ئىسىم رولىدىكى سۆزلەرنىڭ چۈشۈم كېلىش شەكلىدە ياكى چۈشۈم كېلىش خاراكتېرىدە ئۆزىگە تولدۇرغۇچى بولۇپ كېلىشنى تەلەپ قىلىدۇ . مەسىلەن : ياز ـ ، ئوقۇ ـ ، ئال ـ ، كۆر ـ ، سال ـ ، ئاچ ـ ئىچ ـ ، تاشلا ـ ، ئاتلا ـ ، بىل ـ ، ئىشلە ـ ، توقۇ ـ ، قىل ـ …

ئۆتۈملۈك پېئىللاردىن باشقا پېئىللارنىڭ ھەممىسى ئۆتۈمسىز پېئىل ، دەپ ئاتىلىدۇ . مەسىلەن : تۇر ـ ، ئولتۇر ـ ، يات ـ ، ماڭ ـ كەت ـ ، كەل ـ ، چىق ـ ، قايت ـ ، بار ـ ، ئۇچ ـ …

③ ئۆز ئالدىغا جۈملە بۆلىكى بولۇپ كېلىش ياكى كېلەلمەسلىكىگە ئاساسەن مۇستەقىل پېئىل ۋە ياردەمچى پېئىل دېگەن ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ .

ئۆز ئالدىغا جۈملە بۆلىكى بولۇپ كېلەلەيدىغان پېئىللار مۇستەقىل پېئىل ، دەپ ئاتىلىدۇ . مەسىلەن :

ئەخمەت كەلدى .

بىز تىرىشىپ ئوقۇيمىز .

ئۆز ئالدىغا جۈملە بۆلىكى بولۇپ كېلەلمەيدىغان ، باشقا سۆزلەر بىلەن بىرىكىپ گرامماتىكىلىق مەنە بىلدۈرىدىغان پېئىللار ياردەمچى پېئىل ، دەپ ئاتىلىدۇ . مەسىلەن :

يىراقتا بىر توپ ئادەم نەغمە ـ ناۋا قىلىشماقتا ئىدى .

بوۋاي ئۇلارغا يات ـ يات قاراپ قوياتتى .

ئۆزىدىن تىلىدىكى ياردەمچى پېئىللار ، ەلىغا قاراپ تۈر ، ياردەمچىلە

تۇس ياردەمچىلىرى ئومۇمەن پېئىلنىڭ رەۋىشداش شەكىللىرىگە
ياكى بەزى كېلىشلىك ئىسىمداش شەكىللىرىگە قوشۇلۇپ ، ھەرىكەتنىڭ
ئورۇنلىنىش ئەھۋالى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ھەرخىل تۇس ئۇقۇملىرىنى
بىلدۈرىدىغان ياردەمچى پېئىللاردۇر . بۇخىل پېئىللار ئاساسەن بىر
قىسىم مۇستەقىل پېئىللارنىڭ بەلگىلىك شارائىتتا ئۆزىنىڭ لېكسىكـ
ـلىق ياكى گراماتىكىلىق مەنىلىرىنى ئۆزگەرتىپ ، تۇس ياردەمچىسى
رولىدا كېلىشى بىلەن گەۋدىلىنىدۇ . مەسىلەن : «كۆرۈپ باق ـ » ،
«يوقلاپ تۇر ـ » قۇرۇلمىلىرىدا «باق ـ » ، تۇر ـ » پېئىللىرى ئۆزلىرىـ
ـنىڭ لېكسىكىلىق مەنىلىرىنى ئۆزگەرتىپ ، تۇس ياردەمچىسى رولىدا
كەلگەن .

ئۇيغۇر تىلىدا كۆپىنچە تۆۋەندىكى پېئىللار تۇس ياردەمچىسى رولىدا
كېلىدۇ :

ئال ـ ، بەر ـ ، باق ـ ، كۆر ـ ، باشلا ـ ، قال ـ ، قوي ـ ، كەت ، تاشلا ـ ،
بول ، چىق ـ ، كەل ـ ، ئۆت ـ ، يات ـ ، ئولتۇر ـ ، يۈر ـ ، تۇر ـ ، سال ـ ،
ئەت ـ ، بار ـ ، يەت ـ ...

بەزى تۇس ياردەمچىلىرىنىڭ رەۋىشداش بىلەن قوشۇلۇپ ، فونېتىـ
كىلىق ئۆزگىرىشكە ئۇچرىشى نەتىجىسىدە مەخسۇس تۇس ئۇقۇمىنى
ئىپادىلەيدىغان بىر قانچە قوشۇمچە بارلىققا كەلگەن . مەسىلەن : « ـ
ۋات// ـ يۋات// ـ ۋۇۋات» ، تۇس ياردەمچىسى «يات ـ »نىڭ
قوشۇمچىسى بىلەن قوشۇلۇپ ، فونېتىكىلىق ئۆزگىرىشكە ئۇچرىشى نەـ
تىجىسىدە ھاسىل بولغان ؛ « ـ لا// ـ لەر// ( ـ يالا// ـ يەلە )// ـ
ـالا// ـەلە» بولسا ، تۇس ياردەمچىسى «ئال ـ »نىڭ «ئا»لىق رەۋىشداش
قوشۇمچىسى بىلەن قوشۇلۇپ ، فونېتىكىلىق ئۆزگىرىشكە ئۇچرىشى نەـ
تىجىسىدە ھاسىل بولغان ؛ « ـ ۋەر// ـ يۋەر» بولسا ، تۇس ياردەمچىسى
«بەر ـ »نىڭ «ئا»لىق رەۋىشداش قوشۇمچىسى بىلەن قوشۇلۇپ ، فونېـ
تىكىلىق ئۆزگىرىشكە ئۇچرىشى نەتىجىسىدە ھاسىل بولغان ؛ « ـ ۋەت

«ئەۋەت -» // - ۋۇەت// - ۋۇەت» بولسا ، ئۇس يارددەمچىسى «ئەۋەت -»
نىڭ رەۋىشداش قوشۇمچىسى بىلەن قوشۇلۇپ ، فونېتىكىلىق ئۆزگىرىش-
كە ئۇچرىشى نەتىجىسىدە ھاسىل بولغان ؛ « - ۋال// - ئۇال// - ۋۇال
// - ۋۇال» بولسا ، ئۇس ياردەمچىسى «ئال - » رەۋىشداش بىلەن
قوشۇلۇپ ، فونېتىكىلىق ئۆزگىرىشكە ئۇچرىشى نەتىجىسىدە ھاسىل بولغان .

باغلامچى پېئىل — ئورغۇن سۆزلەرگە ۋە شەخسسىز پېئىللار
(پېئىلنىڭ ئورغۇن سۆز شەكىللىرى)غا قوشۇلۇپ ، ئۇلارنى پېئىلغا
خاس گراماتىكىلىق شەكىللەر بىلەن باغلايدىغان ياردەمچى پېئىل .

باغلامچى پېئىللار ئورغۇن سۆزلەر ھەم پېئىلنىڭ ئورغۇن سۆز
شەكىللىرى بىلەن بىرىكىپ ، بۇخىل ئورغۇن سۆزلەرنى پېئىلنىڭ راي
ۋە شەخس ، سان كاتېگورىيىلىرى بىلەن ئورلىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە
قىلىدۇ . ئۇيغۇر تىلىدا «بول - ، قىل - ، ئۇر- ، كەل - ، چىق - ،
ھېسابلا- ، ئوخشا - ، دە-» پېئىللىرى بەلگىلىك شارائىتتا باغلامچى
پېئىل رولىدا كېلىدۇ ؛ ئۇنىڭدىن باشقا مۇئەييەن گراماتىكىلىق شە-
كىلدە ئۇراقلىشىپ قالغان «ئىدى ، ئىكەن ، ئىمىش ، ئەمەس ، - دۇر
// - تۇر» قاتارلىقلارمۇ باغلامچى پېئىللاردۇر .

④ پېئىللار يەنە ئىپادىلىگەن ھەرىكەتنىڭ مەلۇم شەخسكە تەۋە
ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈپ كېلىش ياكى كەلمەسلىكىگە ئاساسەن شەخسلىك
پېئىل ۋە شەخسسىز پېئىل دەپ ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ .

ھەرىكەتنىڭ مەلۇم شەخسكە تەۋە ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدىغان پېئىل-
لار شەخسلىك پېئىل ، دەپ ئاتىلىدۇ . بۇخىل پېئىللار راي ، زامان ،
شەخس ، سان قاتارلىق گراماتىكىلىق كاتېگورىيىلەر بىلەن ئۇرلىنىپ ،
ئەنە شۇنداق گراماتىكىلىق مەنىلەرنى ئېنىق ئىپادىلەيدۇ . مەسىلەن :

ياز - يازدىم ، يازدۇق ، يازدىڭ ، يازدىڭلار ، يازدى ···

ھەرىكەتنىڭ مەلۇم شەخسكە تەۋە ئىكەنلىكى ئىپادىلەنمەيدىغان ،
پېئىل رولىدىمۇ ، ئىسىم ، سۈپەت ، رەۋىش رولىدىمۇ كېلەلەيدىغان

پېئىلنىڭ تۇرغۇن سۆز شەكىللىرى دەپمۇ ئاتىلىدۇ .

شەخسسىز پېئىللار ئاساسەن پېئىلنىڭ ئىسىمغا ئوخشاش قوللىنىلىدىغان ئىسىمداش شەكىللىرىنى ، مەسىلەن : يازماق ، يېزىش ، يازغۇ (م) ، يازغانلىق ··· ؛ سۈپەتكە ئوخشاش قوللىنىلىدىغان سۈپەتداش شەكىللىرىنى ، مەسىلەن : ئالغان ، ئالىدىغان ، ئېلىۋاتقان ؛ رەۋىشكە ئوخشاش قوللىنىلىدىغان رەۋىشداش شەكىللىرىنى ، مەسىلەن : تۇرە ، تۇرۇپ ، تۇرغىچە ، تۇرغىلى ، تۇرغاچقا ··· ۋە مەلۇم بىر تۇرغۇن سۆزنىڭ ئىقتىدارىغا ئىگە بولمىسىمۇ ، لېكىن قوللىنىش جەھەتتە تۇرغۇن سۆزلەرنىڭ بەزى خۇسۇسىيەتلىرىگە ئىگە بولغان مەقسەت پېئىلى ، مەسىلەن : بارماقچى ··· قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ .

### ئىسىمداش

پېئىلنىڭ تۈرلىنىش ئارقىلىق ئىسىم ئىقتىدارىغا ئېرىشىپ ، جۈملىدە ئىسىمغا ئوخشاش قوللىنىلىدىغان گرامماتىكىلىق شەكىللىرى ئىسىمداش ، دەپ ئاتىلىدۇ .

ئىسىمداشلار تۆۋەندىكىدەك ياسىلىدۇ :

a . پېئىل يىلتىزى ياكى ئۆزىكىگە « - غۇ// - قۇ// - گۈ// - كۈ » قوشۇمچىلىرىنىڭ ئۇلىنىشى ئارقىلىق ياسىلىدۇ . بۇخىل ئىسىمداشلار ئىسىمنىڭ تەۋەلىك قوشۇمچىلىرى بىلەن تۈرلىنىپ ، ھەر زامان «بار ، يوق ، كەل» سۆزلىرى ئارقىلىق ئىپادىلەنگەن خەۋەر بىلەن مۇناسىۋەت باغلايدۇ ھەم جۈملىدە ئىگە بولۇپ كېلىدۇ . مەسىلەن :

ئۇنىڭ بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغۇسى يوق .

ئادىلنىڭ تاماق يېگۈسى كەلمىدى .

ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشكۈم بار .

ئوخشاتما كېلىش ياكى تەڭلاشتۇرمە كېلىش قوشۇمچىلىرى بىلەن بىرىكىپ كەلگەندە بولسا ئېنىقلىغۇچى ياكى ھالەت بولۇپ كېلىدۇ . مەسىلەن :

ئۇسسۇزلۇقنى قاندۇرغۇدەك بىر نەرسەڭ بارمۇ؟

چىدىغۇچىلىك ھالىم قالمىدى.

سىلەر قانائەتلەنگۈدەك سۆزلىيەلمەيمەن.

b. پېئىل يىلتىزى ياكى ئۆزىكىگە «-ش// -ىش// -ۈش// -ۇش» قوشۇمچىسىنىڭ قوشۇلۇشى ئارقىلىق ياسىلىدۇ. بۇخىل ئىسىمداشلار جۈملىدە ئىسىمنىڭ گراماتىكىلىق كاتېگورىيىلىرى بىلەن تۈرلىنىپ، ئىسىمغا ئوخشاش سىنتاكسىلىق ۋەزىپە ئۆتەيدۇ. مەسىلەن:

ئوقۇشۇڭ قاچان تۈگەيدۇ؟

سىلەرنىڭ كېلىشىڭلارنى كۈتۈپ تۇرغانىدۇق.

بەدەن چېنىقتۇرۇشنىڭ پايدىسى كۆپ.

بىزنىڭ غايىمىز خەلققە بەخت يارىتىش.

ئۇ رەسىم سىزىشقا ماھىر.

c. پېئىل يىلتىزى ياكى ئۆزىكىگە «-ماق// -مەك» قوشۇمچىسىنىڭ قوشۇلۇشى ئارقىلىق ياسىلىدۇ. بۇخىل ئىسىمداش مەنە جەھەتتىن «ش»لىق ئىسىمداشقا ئوخشايدۇ. بىراق، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا بۇخىل مەنىدە كۆپ قوللىنىلمايدۇ. ئۇ پەقەت ماقال-تەمسىللەردە، شېئىرلاردا ۋە تۇراقلىق قۇرۇلمىلاردا «ش»لىق ئىسىمداش بىلەن ئوخشاش مەنە ۋە ئوخشاش رولدا كېلىشى مۇمكىن. مەسىلەن:

بارماقنىڭ كەلمىكى بار.

d. يەنە بەزى ئىسىمداشلار «غان»لىق سۈپەتداشلارغا «-لىق// -لىك» قوشۇمچىسىنىڭ قوشۇلۇشى ئارقىلىق ياسىلىدۇ ھەم جۈملىدە ھەرخىل ۋەزىپىلەردە كېلىدۇ. مەسىلەن:

ئۇنىڭ كېلىدىغانلىقى ئېنىق.

سىزنىڭ كەلگەنلىكىڭىزنى خەلچەمدىن ئاڭلىدىم.

**سۈپەتداش**

پېئىلنىڭ تۈرلىنىش ئارقىلىق سۈپەت ئىقتىدارىغا ئېرىشىپ، جۈملىدە سۈپەتكە ئوخشاش قوللىنىلىدىغان گراماتىكىلىق شەكىللىرى سۈپەتداش، دەپ ئاتىلىدۇ.

سۈپەتداشلار تۆۋەندىكىدەك ياسىلىدۇ:

a. پېئىل يىلتىزى، پېئىل ئۆزىكى ۋە پېئىلنىڭ زامان شەكىللىرىگە «- غان// - قان// - گەن// - كەن» قوشۇمچىسىنىڭ قوشۇلۇشى ئارقىلىق ياسىلىدۇ. بۇخىل سۈپەتداشلار «ئىدىق، ئىكەن، ئىمىش» قاتارلىق ياردەمچى پېئىللار بىلەن بىرىكىپ خەۋەر بولغاندا، خەۋەر رايىنىڭ ھەرخىل شەكىللىرىنى ھاسىل قىلىدۇ. مەسىلەن:

مەن ئۇنى كۆرگەنىدىم.

بۇ كىتابنى ئۇنىڭدىن ئالغانىكەنمەن.

مەن بېيجىڭغا بارغانىمىشمەن.

بۇخىل سۈپەتداشلار جۈملىدە ئاساسەن ئېنىقلىغۇچى بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

قىيقىزىل گۈللەر ئېچىلغان ئۆيگە كىرىپ كەتتىم.

كۆرۈنگەن دەرەخلەرنىڭ ھەممىسى بىزنىڭ.

بۇخىل سۈپەتداشلار يەنە سۈپەتكە ئوخشاش ئىسىملىشىپ ئىسىمنىڭ گراماتىكىلىق كاتېگورىيىلىرى بىلەن تۈرلىنىدۇ ھەم جۈملىدە ئىسىمغا ئوخشاش ۋەزىپە ئۆتەيدۇ. مەسىلەن:

ئۇ قانچە كۈن ماڭغىنىنى ئەسلىيەلمىدى.

كېچە - كۈندۈز ئىشلىگەنلىرىم بىكار كەتەمەس؟

b. پېئىل يىلتىزى ياكى ئۆزىكىگە «- ار// - ەر// - ر»، «- ماس// - مەس» قوشۇمچىلىرىنىڭ ئۇلىنىشى ئارقىلىق ياسىلىدۇ. بۇخىل سۈپەتداشلار جۈملىدە ئېنىقلىغۇچى، بەزىدە خەۋەر بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

بارار جايىم يوق.

بۇ ماشىنىدىكى كۆمۈر تۆت تونىنا كېلەر .

پېگىلمەس ئارمىيىمىز بار .

c . پېئىل ئۆزىكىگە « - يدىغان// - ىدىغان » قوشۇمچىسىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ياسىلىدۇ ھەم جۈملىدە ئاساسەن ئېنىقلىغۇچى بولۇپ كېلىدۇ . مەسىلەن :

ئالىدىغان نەرسىلەرنى ئېلىپ بولدۇق .

ئوقۇيدىغان كىتابلار ناھايىتى كۆپ ئىكەن .

## رەۋىشداش

پېئىلنىڭ رەۋىش رولىنى ئوينايدىغان شەكلى رەۋىشداش ، دەپ ئاتىلىدۇ .

رەۋىشداشلار تۆۋەندىكىدەك ياسىلىدۇ .

a . پېئىل يىلتىزى ياكى ئۆزىكىگە « - پ// - ىپ// - ۇپ// - ۈپ » قوشۇمچىسىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ياسىلىدۇ . بۇخىل رەۋىشداش-لار جۈملىدە ھالەت بولۇپ كېلىدۇ . مەسىلەن :

ئۇ بورا ئۈستىدە يۈكۈنۈپ ئولتۇراتتى .

باغاچلاردا ئاچ قالغان قاغا - قۇزغۇنلار قاناتلىرىنى يىيىپ ئولتۇرۇشاتتى .

b . پېئىل يىلتىزىغا « - ا// - ە// - ي » قوشۇمچىسىنىڭ ئۆلىنىشى ئارقىلىق ياسىلىدۇ . بۇخىل رەۋىشداش ئاساسەن تەكرارلى-نىپ ئىشلىتىلىدۇ . مەسىلەن :   يازا - يازا ، كۆرە - كۆرە ، كېلە-كەلمەي ، كۆرە - كۆرمەي ...

c . پېئىل يىلتىزى ياكى ئۆزىكىگە « - غۇچە// - قۇچە// - گۈچە // - كۈچە » قوشۇمچىسىنىڭ ئۆلىنىشى ئارقىلىق ياسىلىدۇ . بۇخىل رەۋىشداشمۇ جۈملىدە ھالەت بولۇپ كېلىدۇ . مەسىلەن :

مەنزىلگە يەتكۈچە توختىمايمەن .

ئۇلار ياتقۇچە كېلىپ بولدۇق .

d . پېئىل يىلتىزى ياكى ئۆزىكىگە « - غىلى// - قىلى// - گىلى// - كىلى » قوشۇمچىسىنىڭ قوشۇلۇشى ئارقىلىق ياسىلىدۇ ۋە جۈملىدە ھالەت بولۇپ كېلىدۇ . مەسىلەن :

ۋەتىنىمنىڭ توپىسىنى كۆزۈمگە سۈرتكىلى كەلدىم .

چولپانخان ئورما ئورغىلى ماڭدى .

e . پېئىل يىلتىزى ياكى ئۆزىكىگە « - غاچ// - قاچ// - گەچ// - كەچ » قوشۇمچىسىنىڭ قوشۇلۇشى ئارقىلىق ياسىلىدۇ . مەسىلەن :

بىز ماڭغاچ پاراڭلاشتۇق .

بازاردىن لازىملىقلارنى ئالغاچ كەلدىم .

f . پېئىل يىلتىزى ياكى ئۆزىكىگە « - غاچقا// - قاچقا// - گەچكە// - كەچكە » قوشۇمچىسىنىڭ قوشۇلۇشى ئارقىلىق ياسىلىدۇ . مەسىلەن :

ئۇ توختىماي يازغاچقا تۈگەتتى .

باغ ئورنى دۆڭ بولغاچقا سۇغىرالمىدۇق .

g . پېئىل يىلتىزى ياكى ئۆزىكىگە « - غانسېرى// - قانسېرى// - گەنسېرى// - كەنسېرى » قوشۇمچىسىنىڭ قوشۇلۇشى ئارقىلىق ياسىلىدۇ . مەسىلەن :

ئۇ ئويلىغانسېرى قورقۇشقا باشلىدى .

ئانارخان كۈلگەنسېرى چىرايلىقلىشىپ كېتەتتى .

### مەقسەت پېئىلى

ئىش - ھەرىكەتنى بىجىرگۈچىنىڭ شۇ پېئىل ئىپادىلىگەن ھەرىكەتنى ئورۇنلاش نىيىتىنى بىلدۈرىدىغان پېئىل مەقسەت پېئىلى ، دەپ ئاتىلىدۇ .

مەقسەت پېئىللىرى پېئىل يىلتىزى ياكى ئۆزىكىگە «-ماقچى// - مەكچى» قوشۇمچىسىنىڭ قوشۇلۇشى ئارقىلىق ياسىلىدۇ ھەم بەزى ياردەمچى پېئىللار بىلەن بىرىكىپ ، پېئىلنىڭ خەۋەر شەكىللىرىنى

ھاسىل قىلىدۇ. مەسىلەن:

بەزىدە ئۇلار باغ ئىچىدە ئېگىزرەك ئۆسكەن دەرەخلەرنىڭ ئۇچىغا چىقىپ، سىرتتىكى ئىشلارنى كۆزمەكچى بولۇشاتتى.

ئالىم بېيجىڭدە ئوقۇماقچى.

مەقسەت پېئىلى ئىشلىتىلىش جەھەتتە شەخسسىز پېئىللارنىڭ بەزى خۇسۇسىيەتلىرىگە ئىگە بولغانلىقتىن، ئۇنىمۇ پېئىلنىڭ تۇرغۇن سۆز شەكىللىرى قاتارىغا كىرگۈزۈشكە بولىدۇ.

شەخسسىز پېئىللارنى (پېئىلنىڭ تۇرغۇن سۆز شەكىللىرىنى) تۇرغۇن سۆزلەرگە ئوخشاش قوللىنىلىدىغانلىقىغا قاراپلا پېئىلدىن ياسالغان تۇرغۇن سۆزلەر قاتارىغا كىرگۈزۈشكە بولمايدۇ، چۈنكى شەخسسىز پېئىللار بىلەن پېئىلدىن ياسالغان تۇرغۇن سۆزلەر ئوتتۇرىسىدا ماھىيەتلىك پەرق بار. بىرىنچىدىن، پېئىلنىڭ تۇرغۇن سۆز شەكىللىرى (شەخسسىز پېئىللار) گەرچە تۇرغۇن سۆزلەرنىڭ خۇسۇسىيىتىگە ئېرىشىپ، تۇرغۇن سۆزلەرگە ئوخشاش قوللىنىلسىمۇ، لېكىن ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ پېئىللىق خۇسۇسىيەتلىرىنى پۈتۈنلەي يوقىتىپ قويمايدۇ. پېئىلدىن ياسالغان تۇرغۇن سۆزلەر بولسا، پېئىللىق خۇسۇسىيىتىنى پۈتۈنلەي يوقىتىپ، تامامەن تۇرغۇن سۆزلەرگە ئايلىنىپ كەتكەن بولىدۇ. ئىككىنچىدىن، شەخسسىز پېئىللارنىڭ قوشۇمچىلىرى يۈكسەك دەرىجە ئابستراكتلاشقان بولۇپ، پېئىللارنىڭ ھەممىسىگە دېگۈدەك قوشۇلالايدۇ، لېكىن پېئىلدىن تۇرغۇن سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچىلارنىڭ ئابستراكتلىق دەرىجىسى ئۇنداق يۇقىرى بولمىغاچقا، ئۇلارنىڭ ھەربىرىنى پەقەت بىر قىسىم پېئىللارغىلا قوشقىلى بولىدۇ. ئۈچىنچىدىن، شەخسسىز پېئىللاردا پېئىلنىڭ لېكسىكىلىق مەنىسى ئۆزگەرمەيدۇ، لېكىن پېئىلدىن ياسالغان تۇرغۇن سۆزلەردە ئەسلى پېئىلنىڭ لېكسىكىلىق مەنىسى ئۆزگىرىدۇ. دېمەك، شەخسسىز پېئىللار ھەم پېئىللىق، ھەم تۇرغۇن سۆزلۈك خۇسۇسىيىتىگە ئىگە بولغان پېئىلنىڭ مورفولوگىيىلىك شەكىللىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

### (3) پېئىلنىڭ گرامماتىكىلىق كاتېگورىيىلىرى

① پېئىلنىڭ بولۇشلۇق ـ بولۇشسىز كاتېگورىيىسى

پېئىل ئىپادىلىگەن ھەرىكەتنىڭ مۇئەييەنلەشتۈرۈلگەن ياكى ئىنكار قىلىنغانلىقىنى بىلدۈرىدىغان گرامماتىكىلىق كاتېگورىيە پېئىلنىڭ بولۇشلۇق ـ بولۇشسىز كاتېگورىيىسى، دەپ ئاتىلىدۇ.

بۇ گرامماتىكىلىق كاتېگورىيە بولۇشلۇق ۋە بولۇشسىزلىقتىن ئىبارەت ئىككى خىل شەكىلدە ئىپادىلىنىدۇ. ئۇنىڭ بولۇشلۇق شەكلى پېئىل ئۆزىكىگە « ـ ما// ـ مە» قوشۇمچىسى قوشۇلمىغان پېئىللار بولۇپ، ئۆزى ئىپادىلىگەن ھەرىكەتنىڭ مۇئەييەنلەشتۈرۈلگەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن: ياز ـ، ئوقۇ ـ، ئىشلە ـ ... دېگەنگە ئوخشاش؛ بولۇشسىز شەكلى بولسا، پېئىل ئۆزىكىگە « ـ ما// ـ مە» قوشۇمچىسى قوشۇلغان پېئىللاردىن ئىبارەت بولۇپ، ئۆزى ئىپادىلىگەن ھەرىكەتنىڭ ئىنكار قىلىنغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ. مەسىلەن: يازما ـ، ئوقۇما ـ، ئىشلىمە ـ ... دېگەنگە ئوخشاش.

② پېئىلنىڭ شەخس، سان ۋە زامان كاتېگورىيىسى

ھەرىكەتنىڭ قايسى شەخس تەرىپىدىن ئورۇنلانغانلىقىنى بىلدۈرىدىغان گرامماتىكىلىق كاتېگورىيە پېئىللارنىڭ شەخس كاتېگورىيىسى، دەپ ئاتىلىدۇ.

ھەرىكەتنى ئورۇنلىغۇچىنىڭ بىرلىك ياكى كۆپلۈكىنى بىلدۈرىدىغان گرامماتىكىلىق كاتېگورىيە پېئىلنىڭ سان كاتېگورىيىسى، دەپ ئاتىلىدۇ.

پېئىللاردا ئىپادىلەنگەن ھەرىكەتنىڭ سۆز قىلىنىۋاتقان ۋاقىت بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى بىلدۈرىدىغان گرامماتىكىلىق كاتېگورىيە پېئىلنىڭ زامان كاتېگورىيىسى، دەپ ئاتىلىدۇ.

پېئىلنىڭ شەخس، سان كاتېگورىيىسى ناھايىتى زىچ مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، بۇ ئىككى خىل گرامماتىكىلىق مەنە ئەينى بىر گرامماتىكىلىق شەكىل بىلەن ئىپادىلىنىپ قالماستىن، بەلكى بۇ ئىككى كاتېگورىيە زامان كاتېگورىيىسى بىلەنمۇ زىچ مۇناسىۋەتلىك. شۇڭا، پېئىللارنىڭ شەخس، سان قوشۇمچىلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئىشلىتىلىشىنى زامان بىلەن

بىرلەشتۈرۈپ كۆرۈپ ئۆتىمىز . تۆۋەندىكى جەدۋەلگە قاراڭ .

| | | ھازىرقى زامان | | كەلگۈسى زامان | | ئۆتكەن زامان | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | | قوشۇمچە | مىسال | قوشۇمچە | مىسال | قوشۇمچە | مىسال |
| I شەخس | بىرلىك | - ۋاتىمەن<br>- ىۋاتىمەن<br>- ۇۋاتىمەن<br>- ۈۋاتىمەن | ئوقۇۋاتىمەن<br>يېزىۋاتىمەن<br>تۇرۇۋاتىمەن<br>كۆرۈۋاتىمەن | - يمەن<br>- ىمەن | ئوقۇيمەن<br>يازىمەن<br>تۇرىمەن<br>كۆرىمەن | - دىم<br>- تىم<br>- دۇم<br>- تۇم<br>- دۈم<br>- تۈم | يازدىم<br>كەتتىم<br>ئوقۇدۇم<br>تۇتتۇم<br>كۆردۈم<br>ئۆتتۈم |
| | كۆپلۈك | - ۋاتىمىز<br>- ىۋاتىمىز<br>- ۇۋاتىمىز<br>- ۈۋاتىمىز | ئوقۇۋاتىمىز<br>يېزىۋاتىمىز<br>تۇرۇۋاتىمىز<br>كۆرۈۋاتىمىز | - يمىز<br>- ىمىز | ئوقۇيمىز<br>يازىمىز<br>تۇرىمىز<br>كۆرىمىز | - دۇق<br>- تۇق | ئوقۇدۇق<br>يازدۇق<br>تۇردۇق<br>تۇتتۇق |
| II شەخس | بىرلىك | - ۋاتىسەن<br>- ىۋاتىسەن<br>- ۇۋاتىسەن<br>- ۈۋاتىسەن | ئوقۇۋاتىسەن<br>يېزىۋاتىسەن<br>تۇرۇۋاتىسەن<br>كۆرۈۋاتىسەن | - يسەن<br>- سەن | ئوقۇيسەن<br>يازسەن<br>تۇرسەن<br>كۆرسەن | - دىڭ<br>- تىڭ<br>- دۇڭ<br>- تۇڭ<br>- دۈڭ<br>- تۈڭ | يازدىڭ<br>كەتتىڭ<br>ئوقۇدۇڭ<br>تۇتتۇڭ<br>كۆردۈڭ<br>ئۆتتۈڭ |
| | كۆپلۈك | - ۋاتىسىلەر<br>- ىۋاتىسىلەر<br>- ۇۋاتىسىلەر<br>- ۈۋاتىسىلەر | ئوقۇۋاتىسىلەر<br>يېزىۋاتىسىلەر<br>تۇرۇۋاتىسىلەر<br>كۆرۈۋاتىسىلەر | - يسىلەر<br>- سىلەر | ئوقۇيسىلەر<br>يازسىلەر<br>تۇرسىلەر<br>كۆرسىلەر | - دىڭلار<br>- تىڭلار<br>- دۇڭلار<br>- تۇڭلار<br>- دۈڭلار<br>- تۈڭلار | يازدىڭلار<br>كەتتىڭلار<br>ئوقۇدۇڭلار<br>تۇتتۇڭلار<br>كۆردۈڭلار<br>ئۆتتۈڭلار |
| III شەخس | بىرلىك ھەم كۆپلۈك | - ۋاتىدۇ<br>- ىۋاتىدۇ<br>- ۇۋاتىدۇ<br>- ۈۋاتىدۇ | ئوقۇۋاتىدۇ<br>يېزىۋاتىدۇ<br>تۇرۇۋاتىدۇ<br>كۆرۈۋاتىدۇ | - يدۇ<br>ىدۇ | ئوقۇيدۇ<br>يازىدۇ<br>تۇرىدۇ<br>كۆرىدۇ | - دى<br>- تى | ئوقۇدى<br>يازدى<br>تۇتتى<br>كۆردى |

③ پېئىلنىڭ دەرىجە كاتېگورىيىسى

جۈملىدە ئىپادىلەنگەن ھەرىكەت بىلەن ھەرىكەت ئىگىسى ئوتتۇرى-سىدىكى ھەرخىل مۇناسىۋەتنى بىلدۈرىدىغان گرامماتىكىلىق كاتېگورىيە پېئىلنىڭ دەرىجە كاتېگورىيىسى دەپ ئاتىلىدۇ.

ئۇيغۇر تىلىدىكى پېئىللارنىڭ دەرىجە كاتېگورىيىسى ئەسلىي دەرى-جە، مەجھۇل دەرىجە، ئۆزلۈك دەرىجە، مەجبۇرىي دەرىجە ۋە ئۆملۈك دەرىجىدىن ئىبارەت بەش دەرىجىدىن تەركىب تاپىدۇ.

a. ئەسلىي دەرىجە دەرىجە قوشۇمچىلىرى قوشۇلمىغان شەكلىدىن ئىبارەت. ئەسلىي دەرىجىدىكى پېئىللار باشقا دەرىجە شەكىللىرىنىڭ ياسىلىشىغا ئاساس بولىدۇ. بۇخىل پېئىللار ھەرىكەتنىڭ گرامماتىكىلىق ئىگىسى، شۇنداقلا ئۇنىڭ لوگىكىلىق ئىگىسى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

ئۇلار كەلدى.

مەن بەش يىل ئوقۇدۇم.

b. مەجھۇل دەرىجە ھەرىكەتنىڭ جۈملىنىڭ ئىگىسى تەرىپىدىن ئەمەس، باشقا بىر شەخس ياكى شەيئى تەرىپىدىن ئورۇندالغانلىقىنى بىلدۈرىدىغان دەرىجە شەكلى.

پېئىلنىڭ مەجھۇل دەرىجە شەكلى ئاخىرقى بوغۇمى «ل» بىلەن ئاياغلاشقان ئۆتۈملۈك پېئىللارغا «-ن// -ىن// -ۇن// -ۈن» قوشۇمچى-سىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن، باشقا ئۆتۈملۈك پېئىللارغا «-ل// -ىل// -ۇل// -ۈل» قوشۇمچىسىنىڭ ئۇلىنىشى بىلەن ھاسىل بولىدۇ. مەسە-لەن: چال - چېلىندى، ئال - ئېلىندى، قىل- قىلىندى، ياز - يېزىلدى، كۆر - كۆرۈلدى...

مەجھۇل دەرىجە قوشۇمچىلىرى قوشۇلغاندىن كېيىن ئۆتۈملۈك پې-ئىللار ئۆتۈمسىز پېئىلغا ئايلىنىدۇ.

c. ئۆزلۈك دەرىجە ھەرىكەتنىڭ جۈملە ئىگىسى تەرىپىدىن ئورۇن-دالغانلىقىنى ۋە ھەرىكەت شۇ ئىگە تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنغانلىقىنى بىلدۈرىدىغان دەرىجە شەكلىدىن ئىبارەت.

پېئىلنىڭ ئۆزلۈك دەرىجىسى پېئىل تومۇرىغا «-ن // -ىن // -ۇن // -ۈن» ياكى «-ل // -ىل // -ۈل // -ۇل» قوشۇمچىلىرىنىڭ ئۇلىنىشى ئارقىلىق ھاسىل بولىدۇ. مەسىلەن: ماختا+ن=ماختان، كەي+ىن=كېيىن، تارا+ن=تاران، ياسا+ن=ياسان، قوش+ۇل=قوشۇل…

ئۆزلۈك دەرىجە قوشۇمچىلىرى بىلەن مەجھۇل دەرىجە قوشۇمچىلىرى شەكىلداش بولغاچقا، ئۇلارنى جۈملىدىكى مەنىسىگە قاراپ پەرقلەندۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ. مەسىلەن:

يىغىن ئېچىلدى. (مەجھۇل)

گۈللەر ئېچىلدى. (ئۆزلۈك)

d. ئۆملۈك دەرىجە ھەرىكەتنىڭ بىرقانچە شەخس تەرىپىدىن ئورتاق ئورۇندالغانلىقىنى بىلدۈرىدىغان دەرىجە شەكلىدىن ئىبارەت.

بۇخىل دەرىجە شەكلى پېئىل ئۆزىكىگە «-ش // -ىش // -ۇش // -ۈش» قوشۇمچىسىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ياسىلىدۇ. مەسىلەن: كۈل+ۈش+تى=كۈلۈشتى، يۈگۈر+ۈش+تى=يۈگۈرۈشتى، ئال+ىش+تى=ئېلىشتى، تۇر+ۇش+تى=تۇرۇشتى، سانا+ش+تى=ساناشتى…

ئۆملۈك دەرىجە قوشۇمچىلىرى بىلەن شەخسسىز پېئىللار (پېئىلنىڭ تۇرغۇن سۆز شەكىللىرى)نىڭ بىر تۈرى بولغان ئىسىمداشنىڭ قوشۇمچىسى شەكىلداش بولۇپ، بۇ شەكىلداش قوشۇمچىلار مەنە جەھەتتىن پەرقلىنىدۇ، يەنى ئۆملۈك دەرىجىدىكى پېئىللاردا شەخس، سان، زامان ۋە راي ئۇقۇمى بولىدۇ، ئىسىمداشلاردا بۇقىسىمدىكى ئۇقۇملار بولمايدۇ. مەسىلەن:

يۈگۈرۈش (ئىسىمداش)

يۈگۈرۈشتى (ئۆملۈك دەرىجە)

e. مەجبۇرىي دەرىجە جۈملە ئىگىسىنىڭ ھەرىكەتنى باشقا بىر شەخسكە ئورۇنلىغۇزغانلىقىنى بىلدۈرىدىغان دەرىجە شەكلىدىن ئىبارەت.

پېئىلنىڭ مەجبۇرىي دەرىجە شەكلى تۆۋەندىكىدەك ياسىلىدۇ:

△ ئۆزۈك تاۋۇش بىلەن ئاخىرلاشقان پېئىل ئۆزەكلىرىگە ( «-اي// -ەي» ، «-ار// -ەر» بىلەن ئاخىرلاشقانلىرى بۇنىڭ سىرتىدا ) ۋە سوزۇق تاۋۇش بىلەن ئاخىرلاشقان بىر بوغۇملۇق پېئىل ئۆزەكلىرىگە «-دۇر// -تۇر// -دۈر// -تۈر» ياكى «-غۇز// -قۇز// -گۈز// -كۈز» قوشۇمچىسى قوشۇلۇپ ياسىلىدۇ . مەسىلەن : ياز+ دۇر= يازدۇر ، چاپ + تۇر= چاپتۇر ، يە+ گۈز= يېگۈز ، ئۆس+ تۈر= ئۆستۈر ، بار+ غۇز = بارغۇز ، يات+ قۇز= ياتقۇز ، يەت+ كۈز= يەتكۈز…

△ «-ار// -ەر» ۋە «-اي// -ەي» بىلەن ئاخىرلاشقان پېئىل ئۆزەكلىرىگە «-ت» قوشۇمچىسى قوشۇلۇپ ياسىلىدۇ . مەسىلەن : زوراي+ ت= زورايت ، كۆپەي+ ت= كۆپەيت ، كۆچەي+ ت= كۆچەيت ، ياشار+ ت= ياشارت ، كۆكەر+ ت= كۆكەرت…

△ «چ» ياكى «ش» بىلەن ئاخىرلاشقان ئايرىم بىر بوغۇملۇق پېئىل ئۆزەكلىرىگە «-ار// -ەر» ياكى «-ۇر// -ۈر» قوشۇمچىسىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ياسىلىدۇ . مەسىلەن : ئۆچ +ار // ۈر = ئۆچار // ئۆچۈر ، چۈش+ەر// ۈر= چۈشەر// چۈشۈر

ئەسكەرتىش : پېئىل دەرىجىلىرىدە قاتلىنىش ئەھۋالى كۆرۈلىدۇ . ئۇنىڭ قاتلىنىش ئەھۋالى مۇنداق بولىدۇ :

△ ئۆزلۈك دەرىجە ـ مەجبۇرىي دەرىجە . مەسىلەن : كىيىندۈردى .

△ ئۆملۈك دەرىجە ـ مەجبۇرىي دەرىجە . مەسىلەن : كۆرۈشتۈردى .

△ مەجبۇرىي دەرىجە ـ مەجھۇل دەرىجە . مەسىلەن : كۆرسىتىلدى .

△ قوش مەجبۇرىي دەرىجە . مەسىلەن : ياساتتۇردۇم .

△ مەجبۇرىي دەرىجە ـ ئۆملۈك دەرىجە . مەسىلەن : چاپتۇرۇشتى .

△ ئۆملۈك دەرىجە ـ مەجبۇرىي دەرىجە ـ مەجھۇل دەرىجە . مەسىلەن : كىيىندۈرۈلدى .

△ ئۆملۈك دەرىجە ـ مەجبۇرىي دەرىجە ـ مەجھۇل دەرىجە . مەسىلەن : تونۇشتۇرۇلدى .

④ پېئىلنىڭ تۈس كاتېگورىيىسى

ھەرخىل جەريان ۋە قىياپەتلەرنى بىلدۈرىدىغان گرامماتىكىلىق كاتېگورى-
يە پېئىلنىڭ تۈس كاتېگورىيىسى ، دەپ ئاتىلىدۇ .

ئۇيغۇر تىلىدىكى پېئىللارنىڭ تۈس كاتېگورىيىسى ھازىرقى زامان
ئۇيغۇر تىلى دەۋرىدە ئانالىتىك شەكىللەر (ياردەمچى پېئىللار) ئارقى-
لىقمۇ ، سىنتېتىك شەكىللەر (قوشۇمچىلار) ئارقىلىقمۇ ئىپادىلىنىدۇ .
ئۇلارنىڭ ئانالىتىك شەكىللىرىنى ياردەمچى پېئىللارنىڭ بىر تۈرى قاتا-
رىدا تونۇشتۇرغانىدۇق ، بۇ يەردە پەقەت ئۇلارنىڭ بىرخىل گرامماتىكى-
لىق شەكىل تۈسىگە (قوشۇمچە) كىرىپ بولغانلىرىنىلا مەلۇم بىر تۈس
تۈرى سۈپىتىدە بايان قىلىمىز .

a . ئىزچىل تۈس جۈملىدە بايان قىلىنغان ھەرىكەتنىڭ ئىزچىل
داۋاملىشىۋاتقانلىقىنى بىلدۈرىدىغان تۈس شەكلىدىن ئىبارەت .

بۇخىل تۈس شەكلى پېئىل ئۆزىكىگە «-ۋات // -ىۋات // -ۇۋات
// -ۈۋات» قوشۇمچىلىرى ۋە شەخس - سان قوشۇمچىلىرىنىڭ ئۇلىنى-
شىدىن ھاسىل بولىدۇ . مەسىلەن : ئوقۇۋاتىمەن ، ئىشلەۋاتىمەن ، ئو-
رۇۋاتىمەن ، كۆرۈۋاتىدۇ...

b . ئىمكان تۈس ھەرىكەت ئىگىسىنىڭ ھەرىكەتنى ئورۇنداشقا ئىم-
كانىيەتلىك ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدىغان پېئىل شەكلىدۇر .

بۇ خىل تۈس شەكلى سوزۇق تاۋۇش بىلەن ئاخىرلاشقان پېئىل
ئۆزەكلىرىگە «-لا // -لە» ياكى «-يالا // -يەلە» قوشۇمچىلىرىنىڭ قوشۇ-
لۇشى ، ئۈزۈك تاۋۇش بىلەن ئاخىرلاشقان پېئىل ئۆزەكلىرىگە «-الا
// -ەلە» قوشۇمچىلىرىنىڭ ھەم شەخس - سان قوشۇمچىلىرىنىڭ ئۇلى-
نىپ كېلىشىدىن ھاسىل بولىدۇ . مەسىلەن : ئالالايمەن ، كۆرەلەي-
مەن ، كېلەلەيمەن ، كۆرەلەيدۇ ، ئوينىيالايدۇ ، سۆزلىيەلەيمەن...

c . چەكلىمىسىز تۈس ھەرىكەتنىڭ چەكلىمىسىز بارلىققا كېلىشى
ياكى داۋاملىشىشىنى بىلدۈرىدىغان پېئىل شەكلىدۇر .

بۇ خىل تۈس شەكلى پېئىل ئۆزىكىگە «-ۋەر // -ىۋەر» قوشۇمچىسى
ۋە شەخس - سان قوشۇمچىسىنىڭ ئۇلىنىپ كېلىشىدىن ھاسىل بولىدۇ .

مەسىلەن: ئوقۇۋەردىم، يېزىۋېرىڭ، كېلىۋېرىڭ، دەۋەردى…

d. سىناق تۈس ھەرىكەتنىڭ سىناق تەرىقىسىدە ئېلىپ بېرىلىۋاتقانلىقىنى بىلدۈرىدىغان پېئىل شەكلىدىن ئىبارەت.

بۇ خىل تۈس شەكلى «پ» لىق رەۋىشداشقا «باق» ياكى «كۆر» ياردەمچى پېئىلىنىڭ ھەم شەخس - سان قوشۇمچىلىرىنىڭ ئۇلىنىشىدىن ھاسىل بولىدۇ. مەسىلەن: كۆرۈپ باقتىم، ساناپ كۆردۈم، سىناپ باقتىم…

e. باشلانما (تەشەببۇس) تۈس ھەرىكەتنىڭ بارلىققا كېلىشكە باشلىغانلىقىنى بىلدۈرىدىغان پېئىل شەكلىدىن ئىبارەت.

بۇخىل تۈس شەكلى يۈنىلىش كېلىشتىكى «ش» لىق ئىسىمداشقا «باشلا-» ياردەمچى پېئىلىنىڭ قوشۇلۇشى ياكى «غىلى» لىق رەۋىشداشقا «تۇر-» ياردەمچى پېئىلىنىڭ قوشۇلۇشى ھەم شەخس - سان قوشۇمچىسىنىڭ ئۇلىنىشىدىن ھاسىل بولىدۇ. مەسىلەن: ئوقۇشقا باشلىدى، ئۇرغىلى تۇردى…

⑤ پېئىلنىڭ راي كاتېگورىيىسى

جۈملىدە ئىپادىلەنگەن ھەرىكەتكە نىسبەتەن سۆزلىگۈچىنىڭ قانداق پوزىتسىيىدە ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدىغان گراماتىكىلىق كاتېگورىيە پېئىلنىڭ راي (مەيل) كاتېگورىيىسى، دەپ ئاتىلىدۇ.

پېئىلنىڭ راي كاتېگورىيىسى گراماتىكىلىق مەنىلىرىگە ئاساسەن بۇيرۇق رايى، شەرت ۋە بايان رايىدىن ئىبارەت ئۈچكە بۆلۈنىدۇ.

a. بۇيرۇق رايى ھەرىكەتنىڭ ئورۇنلىنىش ياكى ئورۇنلانماسلىقى ھەققىدە سۆزلىگۈچىنىڭ بۇيرۇقىنى، خاھىشىنى، تەلىپىنى، ئىلتىماسىنى بىلدۈرىدىغان پېئىل شەكلىدۇر.

بۇخىل راي شەكلى تۆۋەندىكىدەك ئىپادىلىنىدۇ:

△ بۇيرۇق رايىنىڭ I شەخس بىرلىك شەكلى پېئىل ئۆزىكىگە «-اي// -ەي/ -ي» قوشۇمچىسىنىڭ قوشۇلۇشى ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ، بۇ خالاش مەنىسىنى ئىپادىلەيدۇ. مەسىلەن: ئال+اي= ئالاي، كۆر+ەي= كۆرەي، سورا+ي= سوراي… ؛ I شەخس كۆپلۈك شەكلى

ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ، بۇ چاقىرىق، تەشەببۇس قىلىش مەنىلىرىنى ئىپادىلەيدۇ. مەسىلەن: ئال + ايلى = ئالايلى، كۆر + ەيلى = كۆرەيلى، سورا + يلى = سورايلى…

بۇيرۇق رايىدىكى پېئىللارنىڭ I شەخس بىرلىك ۋە كۆپلۈكىنىڭ ئاخىرىغا «دەپ» پېئىلى بىرىكىپ كەلسە، مەقسەتنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

مەن شۇ بالىنى كۆرەي دەپ كەلدىم.

بۇ ئىشتىن سىلىنى خەۋەرلەندۈرەيلى دەپ كەلدۇق.

ئەگەر بۇخىل شەكىلدىكى پېئىللار «تۇر، يۈر» ياردەمچى پېئىللىرى بىلەن بىرىكىپ كەلسە، ھەرىكەتنى بېجىرىشكە ھازىرلىنىۋاتقانلىقىنى؛ «قال» ياردەمچى پېئىلى بىلەن بىرىكىپ كەلسە، ھەرىكەتنىڭ بېجىرىلىش ئالدىدا تۇرغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ. مەسىلەن:

ئىشقا ماڭاي دەپ تۇراتتىم.

ئۆيگە قايتايلى دەپ يۈرىمىز.

بۇ كىتابنى ئوقۇپ بولاي دەپ قالدىم.

△ بۇيرۇق رايىنىڭ II شەخس بىرلىك شەكلى پېئىلنىڭ ئۆزەك شەكلى ۋە مەجبۇرىي دەرىجە شەكلىنى ئۆز ئىچىگە ئالغانلىقى سىرتىدا پېئىل ئۆزەكلىرىگە «ـغىن // ـقىن // ـگىن // ـكىن» ياكى «ـڭ // ـىڭ // ـۇڭ // ـۈڭ» ۋەياكى «ـسىلا // ـسىلە» قوشۇمچىلىرىنىڭ قوشۇلۇشى ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ، بۇ بۇيرۇق ۋە تەلەپ مەنىسىنى ئىپادىلەيدۇ. مەسىلەن: ئاڭلا، سۆزلە، ياسات، ماڭغۇز، يېگۈز، يازغىن، ياتقىن، كۆرگىن، كەتكىن، ئىشلەڭ، ئېلىڭ، ئوقۇڭ، ئۆتۈڭ، بارسىلا، ئىشلىسىلە…؛ II شەخسنىڭ كۆپلۈك شەكلى پېئىل ئۆزىكىگە «ـڭلار // ـىڭلار // ـۇڭلار // ـۈڭلار» قوشۇمچىسىنىڭ قوشۇلۇشى ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. بۇ بۇيرۇق، تەلەپ، چاقىرىق مەنىلىرىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن: ئوقۇڭلار، يېزىڭلار، تۇتۇڭلار، ئۆتۈڭلار…

△ بۇيرۇق رايىنىڭ III شەخس بىرلىك ۋە كۆپلۈك شەكلى پېئىل

ئۆزىكىگە «-سۇن» ، «-غاي // -قاي // -گەي // -كەي» قوشۇمچىلىرىنىڭ قوشۇلۇشى ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ . بۇ بۇيرۇق ، تىلەك مەنىلىرىنى ئىپادىلەيدۇ . مەسىلەن : يازسۇن ، بارغاي ، تۇتقاي ، كۆرگەي ، كەتكەي...

b . شەرت رايى مەلۇم بىر ھەرىكەتكە قارىتا ئىككىنچى بىر ھەرىكەتنىڭ شەرت ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدىغان پېئىل شەكلىدۇر .

بۇخىل راي شەكلى پېئىل ئۆزىكىگە «-سا // -سە» قوشۇمچىسىنىڭ قوشۇلۇشى ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ ھەم شەخس ، سان قوشۇمچىلىرى بىلەن بىرىكىپ كېلىدۇ . بۇ مەلۇم ھەرىكەتنىڭ ئورۇنلىنىش ياكى ئورۇنلانماسلىقى يەنە بىر ھەرىكەتنىڭ ئورۇنلىنىش ياكى ئورۇنلانماسلىقىغا باغلىق ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ . مەسىلەن :

ئۆردەكنىڭ گۆشىنى يېسەڭ ، غازنىڭ پېيىدا بول .

ئىشلىسەڭ ، چىشلەيسەن .

بۇگۈن يامغۇر ياغمىسا ، تاغقا چىقىمىز .

قىلتىراق كىيىنمىسەڭ ، سوغۇق ئۆتۈپ قالىدۇ .

c . خەۋەر رايى ھەرىكەتنىڭ ئورۇنلىنىش ياكى ئورۇنلانماسلىقى ھەققىدە سۆزلىگۈچىنىڭ خەۋەر قىلىش پوزىتسىيىسىدە بولغانلىقىنى بىلدۈرىدىغان پېئىل شەكلىدۇر .

خەۋەر رايىدىكى پېئىللارنىڭ بۇيرۇق رايى ۋە شەرت رايىدىكى پېئىللاردىن پەرقلىنىپ تۇرىدىغان بىر ئالاھىدىلىكى شۇكى ، ئۇ پېئىللارنىڭ گراماتىكىلىق كاتېگورىيىلىرى بىلەن ، بولۇپمۇ زامان كاتېگورىيىسى بىلەن تولۇق تۈرلىنىدۇ . شۇڭا ، خەۋەر رايىدىكى پېئىللار ئۆزىنىڭ زامان بىلەن تۈرلىنىش ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن تۆۋەندىكىدەك ئۈچ زامان شەكلىدە ئىپادىلىنىدۇ .

### ھازىرقى زامان خەۋەر رايى

ھەرىكەتنىڭ سۆز قىلىنىۋاتقان ۋاقىتتا ئەمەلگە ئېشىۋاتقان ياكى ئاشىدىغانلىقىنى ئىپادىلەيدىغان پېئىل شەكلى ھازىرقى زامان خەۋەر

بۇ خىل راي شەكلى تۆۋەندىكىدەك ئىپادىلىنىدۇ:

△ پېئىل ئۆزىكىگە ھازىرقى زامان مەنىسىنى ئىپادىلەيدىغان شەخس - سان قوشۇمچىلىرى — «-ۋاتىمەن// -ىۋاتىمەن // -ۇۋاتىمەن // -ۈۋاتىمەن، -ۋاتىمىز // -ىۋاتىمىز // -ۇۋاتىمىز // -ۈۋاتىمىز؛ -ۋاتىسەن // -ىۋاتىسەن // -ۇۋاتىسەن // -ۈۋاتىسىلەر؛ -ۋاتىدۇ // -ىۋاتىدۇ // -ۇۋاتىدۇ // -ۈۋاتىدۇ»نىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن: ئوقۇۋاتىمەن، ئېلىۋاتىمىز؛ قوشۇۋاتىسەن، كۆرۈۋاتىسىلەر، يېزىۋاتىدۇ...

△ «-ماق // -مەك»لىق ئىسىمداشلارغا ئورۇن كېلىش قوشۇمچىسى، ئاندىن شەخس - سان قوشۇمچىسىنىڭ ئۇلىنىشى ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن: ئوقۇماقتىسەن، كۆرمەكتىمەن...

△ بولۇشسىز پېئىللارغا «-ي» قوشۇمچىسى ۋە شەخس - سان قوشۇمچىلىرىنىڭ قوشۇلۇشى ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن: ئوقۇمايۋاتىمەن، كۆرمەيۋاتىسەن، يازمايۋاتىدۇ...

### ئۆتكەن زامان خەۋەر رايى

ھەرىكەتنىڭ سۆز قىلىنىۋاتقان ۋاقىتتىن بۇرۇن ئەمەلگە ئاشقان ياكى ئاشمىغانلىقىنى ئىپادىلەيدىغان پېئىل شەكلى ئۆتكەن زامان خەۋەر رايى، دەپ ئاتىلىدۇ.

ئۆتكەن زامان خەۋەر رايىدىكى پېئىللار ئىپادىلىگەن گرامماتىكىلىق مەنىلىرىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا ئاساسەن ئېنىق ئۆتكەن زامان خەۋەر رايى (مەسىلەن: كەلدۇق، باردىم، ئالدى، كەلمىدى، بارمىدىڭلار، ئالمىدى...)؛ ئۆتكەن زامان ئېنىقسىز خەۋەر رايى (مەسىلەن: يېزىپسىلەر، يېزىپتىكەنسىلەر، يېزىۋېتىپتىكەنسەن، يېزىۋېتىپتۇدەكمەن، يازغانىكەنمەن، يېزىۋەتكەنىكەنمەن...) ئۆتكەن زامان تەكرار خەۋەر رايى (مەسىلەن: كۆرەتتىڭ، تۆكۈلەتتى، ئالاتتىم، سۇناتتىم...)، ئۆتكەن زامان شۇ پەيت خەۋەر رايى (مەسىلەن: يېزىۋاتاتتىم، ئوقۇۋاتاتتىم، كۆرۈۋاتاتتىڭ، ئوينىۋاتاتتى...)، ئۆتكەن زامان باغلىغۇچى خەۋەر رايى

(مەسىلەن: كۆلۈۋىدى، قويۇۋىدىڭ، ئۇرۇۋىدى…) دېگەن تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ.

### كەلگۈسى زامان خەۋەر رايى

ھەرىكەتنىڭ سۆز قىلىنغاندىن كېيىن ئەمەلگە ئاشىدىغان ياكى ئاشمايدىغانلىقىنى ئىپادىلەيدىغان پېئىل شەكلى كەلگۈسى زامان خەۋەر رايى، دەپ ئاتىلىدۇ.

كەلگۈسى زامان خەۋەر رايىدىكى پېئىللار ئىپادىلىگەن گراماتىكىلىق مەنىلىرىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا ئاساسەن ئېنىق كەلگۈسى زامان خەۋەر رايى (مەسىلەن: بارىمەن، كېلىسەن، ئالىدۇ، ئوقۇيمىز، ئىشلەيسىلەر…)، كەلگۈسى زامان ئېنىقسىز خەۋەر رايى (مەسىلەن: ئالارمەن، كۆرەرسەن، يازارسەن …)، دېگەن تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ.

### 9) تىركەلمە

(1) تىركەلمە ۋە ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكى

ئىسىم ۋە ئىسىم خاراكتېرلىك سۆزلەرگە قوشۇلۇپ، شۇ سۆزنىڭ جۈملە ياكى سۆز بىرىكمىسىدىكى باشقا سۆزلەر بىلەن بولغان ھەر خىل مۇناسىۋىتىنى بىلدۈرىدىغان ياردەمچى سۆزلەر تىركەلمە، دەپ ئاتىلىدۇ ياكى سۆز ئارقا ياردەمچىلىرى دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

تىركەلمىلەر تۆۋەندىكىدەك ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە:

① قۇرۇلمىسىدىن قارىغاندا، ئۆز ئالدىغا بىر سۆز بولۇپ ئىپادىلىنىدۇ، مورفېمىلارغا پارچىلاشقا بولمايدۇ. مەسىلەن: ئۈچۈن، بىلەن، ئائىت، دائىر…

② مەنىسىدىن قارىغاندا، لېكسىكىلىق مەنىگە ئىگە ئەمەس، پەقەت گراماتىكىلىق رول ئوينايدۇ. ئۇلارنىڭ مەنىسى ئۆزى قوشۇلۇپ كەلگەن بىرىكمە تەركىبىدە روشەنلىشىدۇ. مەسىلەن: ئايروپىلان بىلەن كەلمەك تىلشۇناسلىققا ئائىت ماتېرىياللار ۋەتەن ئۈچۈن جان پىدا قىلىش

③ گراماتىكىلىق رولىدىن قارىغاندا، تىركەلمىلەرنىڭ رولى كېلىشلەرنىڭ رولىغا ئوخشىشىپ كېتىدۇ. ئۇنىڭ شەكلى تۇراقلىق ئىگە بولۇپ، تۈرلەنمەيدۇ، ياسالمايدۇ.

(2) تىركەلمىنىڭ تۈرى

ئۇيغۇر تىلىدىكى تىركەلمىلەرنى رولىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا ئاساسەن خاس تىركەلمە ۋە كۆچمە تىركەلمە دەپ ئىككى تۈرگە بۆلۈشكە بولىدۇ.

پەقەت تىركەلمە ۋەزىپىسىدىلا كېلىدىغان تىركەلمىلەر خاس تىركەلمە دەپ ئاتىلىدۇ. تىلىمىزدىكى ئۈچۈن، ئارقىلىق، توغرۇلۇق، توغرىسىدا، تۇپەيلى، يۈزىسىدىن، قاتارلىق، ھەققىدە، ھەقتە، رەۋىشتە، تەقلىدتە، ھالدا، قەدەر، بىنائەن، قەتئىنەزەر، ئىبارەت، دائىر، ئائىت، دەستىدىن، تەقدىردىمۇ، تەرىپىدىن قاتارلىقلار خاس تىركەلمىلەردۇر.

باشقا تۈركۈمدىكى سۆزلەردىن ياكى باشقا سۆزلەرنىڭ مەلۇم گراماتىكىلىق شەكىللىرىدىن بۆلۈنۈپ چىققان تىركەلمىلەر كۆچمە تىركەلمە دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن: بىلەن، بويىچە، پېتىچە، پېتى، ئارقىسىدا، تۇرماق، تۇگۈل، دېگەن، دەپ، كېيىن، قارىغاندا، قاراپ، ئاساسەن، تۇرۇقلۇق، نىسبەتەن، قارىماستىن، قارىماي، باشقا، سىرت، تاشقىرى، كۆرە، بېرى، تارتىپ، يارىشا، ئۈستىدە، باقماي، يەردە، ئورنىغا، باشلاپ دېگەنگە ئوخشاشلا سۆزلەر كۆچمە تىركەلمىلەر ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى، بۇ خىل سۆزلەر باشقا تۈركۈمدىكى سۆزلەردىن مەنە جەھەتتىن بۆلۈنۈپ چىقىپ، شۇ سۆز بىلەن ئاھاڭداشلىق مۇناسىۋەت ھاسىل قىلغان. «بىلەن» تىركەلمىسى «بىلەن» دېگەن باغلىغۇچىدىن بۆلۈنۈپ چىققان بولۇپ، شۇ باغلىغۇچى بىلەن ئاھاڭداش كېلىدۇ.

ئەخمەت بىلەن ئايگۈل كەلدى. (باغلىغۇچى)

پويىز بىلەن كەلدى. (تىركەلمە)

خاس تىركەلمە بىلەن كۆچمە تىركەلمىنى پەرقلەندۈرگەندىن كېيىن، كۆچمە تىركەلمىلەرنىڭ خاراكتېرى بىلەن مۇستەقىل سۆزلۈك

مۇستەقىل جۈملە بۆلىكى بولۇش ياكى بولالماسلىقىغا قاراش كېرەك.

### 10) باغلىغۇچى

(1) باغلىغۇچى ۋە ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكى

سۆز ۋە سۆز بىرىكمىلىرى ھەم قوشما جۈملە تەركىبىدىكى تارماق جۈملىلەرنى ئۆزئارا باغلاش رولىنى ئوينايدىغان ياردەمچى سۆزلەر باغلىغۇچى، دەپ ئاتىلىدۇ.

باغلىغۇچىلار تۆۋەندىكىدەك ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە:

① باغلىغۇچىلار مۇستەقىل مەنىگە ئىگە ئەمەس، ياسالمايدۇ، تۈرلەنمەيدۇ، مورفېمىلارغا پارچىلاشقا بولمايدۇ، ئۆز ئالدىغا جۈملە بۆلىكى بولالمايدۇ. ئۇلار پەقەت سۆزلەرنى، سۆز بىرىكمىلىرىنى ۋە قوشما جۈملە تەركىبىدىكى تارماق جۈملىلەرنى باغلاش رولىنى ئوينايدۇ. مەسىلەن:

تاشلارنىڭ يالتىرىشى كىشىگە ئېقىۋاتقان سۇنىڭ سۇزۇك ۋە تازىلىقىدىن خەۋەر بېرىۋاتقاندەك قىلاتتى.

سېنىڭ ئاكىلىرىڭ مۇشۇ ئەسكى تۈگمەننىڭ ئىچىدىن ياكى بۇ قېرى ئۆجمە ئاستىدىن نۇرغۇن ئالتۇنلارنى تېپىۋالغان بولسا كېرەك.

ئۈكىمىزنى بېقىپ ئالىدىغان ساۋابىنى ساڭا ئۆتۈنەي، ئەمما ئالتۇننى تەڭ بۆلۈشىمىز.

② باغلىغۇچىنىڭ مەنىسى ئۆزى قاتناشقان سىنتاكسىسلىق قۇرۇلمىدا روشەنلىشىدۇ ۋە سىنتاكسىسلىق قۇرۇلمىنىڭ خاراكتېرى ۋە باغلىنىشىنى پەرقلەندۈرۈشتە ھەل قىلغۇچ رول ئوينايدۇ. مەسىلەن: «ئادەم ۋە تەبىئەت» دېگەن قۇرۇلمىدا «ۋە» باغلىغۇچىسى «ئادەم»، «تەبىئەت» دېگەن ئىككى ئىسىمنى تەڭداش مۇناسىۋەتتە باغلاپ، ئىسىم خاراكتېرلىك سۆز بىرىكمىسىنى شەكىللەندۈرگەن.

(2) باغلىغۇچىنىڭ تۈرى

باغلىغۇچىلار ئۆزىنىڭ رولىغا قاراپ تۆۋەندىكىدەك تۈرگە بۆلۈنە-

دۇ :

① بىرىكتۈرگۈچى باغلىغۇچى

تىلىمىزدىكى «ۋە ، ھەم ، بىلەن ، ھەمدە ، شۇنىڭدەك ، شۇنداقلا ، شۇنىڭ بىلەن بىللە ، تۇرۇپ (بىر تۇرۇپ)··· تۇرۇپ (بىر تۇرۇپ) ، بىر تەرەپتىن··· يەنە بىر تەرەپتىن ، ئاۋۋال··· ئاندىن ، ئالدى بىلەن ··· ئاندىن» قاتارلىقلار بىرىكتۈرگۈچى باغلىغۇچىلار بولۇپ ، بۇ خىل باغلىغۇچىلار سۆز بىلەن سۆزنى ، سۆز بىرىكمىسى بىلەن سۆز بىرىكمە- سىنى ۋە قوشما جۈملە تەركىبىدىكى تارماق جۈملىلەرنى ئۆزئارا تەڭداش مۇناسىۋەتتە باغلايدۇ ھەمدە تەڭداش سۆز بىرىكمىسى ۋە تەڭداش مۇناس- ۋەتتىكى قوشما جۈملىلەرنى ھاسىل قىلىدۇ . مەسىلەن :

ئابلىمىتكىم موماينى يېلەت ئېلىپ بەردى ۋە ئۇنى يويىنغا سېلىپ قويدى .

ئۇ زېرەك ھەم باتۇر ئىكەن .

بىلىم بىلەن ئەخلاق ھەر بىر كىشىدە بولۇشقا تېگىشلىك .

ئۇلارغا تۇرمۇش يولى يېرىشنى قارار قىلدى ھەمدە قىممەتلىك ماددىي بۇيۇملارنى تارتۇق قىلدى .

ئاۋۋال قورسىقىمنى تويغۇزۇۋالاي ، ئاندىن ھەممىنى سۆزلەپ بېرە- مەن .

يۇقىرىقى بىرىكتۈرگۈچى باغلىغۇچىلاردىن باشقا «يەنە» سۆزىمۇ بەزىدە بىرىكتۈرگۈچى باغلىغۇچى بولۇپ كېلىدۇ . مەسىلەن :

ئېتىمىزغا بۇغداي - قوناق يەنە قوغۇن - تاۋۇز تېرىدۇق .

② كۈچەيتكۈچى باغلىغۇچى

تىلىمىزدىكى «بەلكى ، ھەتتا ، ھەتتاكى ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ، يەنە كېلىپ ، بولۇپمۇ ، بۇنى ئاز دەپ» دېگەنلەر كۈچەيتكۈچى باغلىغۇچىلار بولۇپ ، مۇشۇ باغلىغۇچىلار ئارقىلىق باغلانغان سىنتاكسىلىق قۇرۇل- مىدا ، مۇشۇ باغلىغۇچىلاردىن كېيىنكى بۆلەك ئالدىنقى بۆلەكتىن مەنە

رۇشىقىمۇ كۆڭۈل بۆلۈشىمىز كېرەك .

ئادەم بەزىدە ئۆز يېنىدىكى نەرسىنىڭ قىممىتىنى كېچىكىپ ھېس قىلىدۇ ، ھەتتا مەڭگۈ ھېس قىلالمايدۇ .

مەن ساياھەت قىلىشنى ، بولۇپمۇ يېزىدا ساياھەت قىلىشنى ياخشى كۆرىمەن .

بىز ئۆيدىن كېچىكىپ چىقتۇق ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ماشىنا توسۇلۇپ قالدى .

③ تاللىما باغلىغۇچى

تىلىمىزدىكى «يا (ياكى) ، نە ، خاھى ، مەيلى» دېگەنلەر تاللىما باغلىغۇچىلار بولۇپ ، ئۇلار شەيئىلەر ئوتتۇرىسىدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان ئېھتىماللىقنى ئىپادىلەپ بېرىش رولىنى ئوينايدۇ . مەسىلەن :

بەلكى بۇ چۆچەكنى سىزمۇ ئاڭلىغان ،
ياكى مەلۇم بىر كىتابتىن ئوقۇغان .
نە تېۋىپ ، نە پېرىخون ، نە بىر دۇئا —
بولمىغاچ بۇ غەلىتە دەردكە داۋا .

خاھى ئۇ كەلسۇن ، خاھى مەن باراي ، بەربىر ئوخشاش .

بۇ ئۆزگىرىشنى مەيلى جەمئىيەت خاھىشى كەلتۈرۈپ چىقارغان بولسۇن ، مەيلى تارىخىي شەخسلەرنىڭ پائالىيىتى كەلتۈرۈپ چىقارغان بولسۇن ، ئۇ مۇقەررەر يوسۇندا غايەت زور ئىنكاس قوزغىغان .

④ قارىمۇقارشى باغلىغۇچى

تىلىمىزدىكى «گەرچە ، لېكىن ، ئەمما ، بىراق ، شۇنداقتىمۇ ، ئەپسۇسكى ، ۋاھالەنكى ، ھالبۇكى ، ئەجەبا ، ئەكسىچە» دېگەنلەر قارىمۇقارشى باغلىغۇچى بولۇپ ، ئىككى خىل ئىش ـ ھەرىكەتنىڭ بىر ـ بىرىگە قارىمۇقارشى ئىكەنلىكىنى ياكى سۆزلىگۈچىنىڭ نەزىرىدە قارىمۇقارشى قويۇلغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ . مەسىلەن :

بىزنىڭ ئۆيىمىز شەھەر مەركىزىگە يىراق ، بىراق قاتناش شارائىتىمىز ياخشى .

ئۆزىڭىزنى كۆرمىگەن بولساقمۇ ، لېكىن باشقىلاردىن تەرىپىڭىزنى

كۆپ ئاڭلىغان .

ئۇ بەكمۇ ياخشى ئىش ، ئەمما ئورۇنلىماق بەكمۇ قىيىن .

دوختۇرخانىدا ياتقۇزۇش لازىم ئىدى ، ئەپسۇسكى سىلەرنىڭ يۇر- تۇڭلاردا بۇ مۇمكىن ئەمەس .

سەن قىلسالىڭ بولىدىكەن ، ئەجەبا مەن قىلسام بولمامدىكەن ؟

⑤ ئىزاھلىغۇچى باغلىغۇچى

تىلىمىزدىكى «يەنى ، جۈملىدىن ، كى» دېگەنلەر ئىزاھلىغۇچى باغ- لىغۇچى بولۇپ ، ئۇلار مۇئەييەن سىنتاكسىسلىك قۇرۇلمىدا ئىزاھلاش ، چۈشەندۈرۈش رولىنى ئوينايدۇ . مەسىلەن :

ئۇ كەچ كىرگىچە ، يەنى كۈن يامالىق تېغى ئۈستىگە پەسلەپ ، ئوت شارىدەك قىزارغان چاغقىچە كۈتتى .

ئەنۋەر يۇقىرىغا يامىشىش ئۈچۈن باشتىن ـ ئاخىر گۈرۈھۋازلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ ، بىر تۈركۈم پېشقەدەم كادىرلارنى ، جۈملىدىن ئا شۇجىدەك رەھبەرلەرنى ئاما ئارىسىدا سېسىتقان .

ئۇ شۇنچە ئىتتىك يۈگۈرىدۈكي ، ھېچقايسىمىز ئۇنىڭغا يېتىشەلمەي- مىز .

⑥ شەرت باغلىغۇچى

تىلىمىزدىكى «ئەگەر (گەر) ، ناۋادا ، مۇبادا ، پەقەت» دېگەنلەر شەرت باغلىغۇچىسى بولۇپ ، ئۇلار شەيئىلەر ئوتتۇرىسىدىكى شەرتلىك مۇناسىۋەتنى ئىپادىلەيدۇ . مەسىلەن :

ئەگەر ئوت كېتىپ قالسا ، دەرھال ئوت ئۆچۈرۈش ئورنىغا مەلۇم قىلىش كېرەك .

ناۋادا ياخشى كۈننىڭ يامىنى بولۇپ قالسا ، ئۇنى ئىزدەڭ .

مۇبادا بىرسى ئىزدەپ كەلسە ، ساقلاپ تۇرسۇن .

پەقەت ئۆزىمىزنىڭ تىرىشچانلىقىلا ، بىزنى غەلىبىگە ئېرىشتۈرەلەي- دۇ .

⑦ سەۋەب ـ نەتىجە باغلىغۇچىسى

تىلىمىزدىكى «شۇڭا ، شۇڭلاشقا ، شۇنىڭ ئۈچۈن ، چۈنكى ، دې-

مەك» دېگەنلەر سەۋەب ـ نەتىجە باغلىغۇچىلىرى بولۇپ، شەيئىلەر ئوتتۇرىسىدىكى سەۋەب ـ نەتىجە مۇناسىۋىتىنى ئىپادىلەيدۇ. مەسىلەن:

ئالتايدا توختىماي يامغۇر يېغىۋېتىپتۇ، شۇڭا بۇگۈن ئايروپىلان قاتنىمايدىكەن.

جىنايەتچى پىكاپتا قېچىپ كەتتى، شۇنىڭ ئۈچۈن ساقچىلار ئۇنى تۇتالمىدى.

قارىسام، ھەممىڭلارنىڭ مەڭزىگە قان يۈگۈرۈپتۇ، يۈزۈڭلاردىن نۇر يېغىپ تۇرۇپتۇ، دېمەك، يېمەك ـ ئىچمەك غېمىدىن قۇتۇلغان ئوخشايسىلەر.

بۇنى مەن ئالمايمەن، چۈنكى بۇ سىلەرنىڭ ھەققىڭلار.

⑧ ئومۇملاشتۇرغۇچى باغلىغۇچى

تىلىمىزدىكى «شۇنداق قىلىپ، شۇنىڭ بىلەن، ئىشقىلىپ، قىسقىسى» دېگەنلەر ئومۇملاشتۇرغۇچى باغلىغۇچى بولۇپ، ئۇلار ھادىسە ۋە مەسىلىلەرنى ئومۇملاشتۇرۇپ ئىپادىلەپ بېرىش رولىنى ئوينايدۇ. مەسىلەن:

شۇنداق قىلىپ، ئۇلار يەتتە يىل تۇردىقارىنى بېقىپتۇ.

پادىشاھ ئەمر قىلىپ ئوردىنى كۆچۈرۈپ چىقىپتۇ، شۇنىڭ بىلەن پادىشاھ تۇردىقارىغا قىزىنى بېرىشكە مەجبۇر بوپتۇ.

مىلتىقنى قانداق ئېتىشنى، قانداق يوشۇرۇشنى، قانداق يۈگۈرۈشنى، قانداق يېتىشنى، ھۇجۇمنى، مۇداپىئەنى، قىسقىسى توغرا يۈرۈلىشنى كۆرسىتىپ بېرىش كېرەك.

### 11) يۈكلىمە

#### (1) يۈكلىمە ۋە ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكى

سۆز، سۆز بىرىكمىسى ياكى جۈملىلەرگە قوشۇلۇپ، قوشۇمچە مەنە بىلدۈرىدىغان ياردەمچى سۆزلەر يۈكلىمە ياكى ئۇلانما دەپ ئاتىلىدۇ.

يۈكلىمە تۆۋەندىكىدەك ئالاھىدىلىككە ئىگە:

① يۈكلىمە جۈملىدە گرامماتىكىلىق رول ئوينىمايدۇ، شۇڭا يۈك-

لىمىلەرنى جۈملە تەركىبىدىن چىقىرىۋەتكەندە، جۈملىنىڭ باغلىنىشىغا تەسىر يەتمەيدۇ، پەقەتلا جۈملىنىڭ تۈس مەنىسى ۋە ئىنتوناتسىيىسىنى ئۆزگەرتىدۇ. مەسىلەن:

ئۇ ئۆمەرنى ئىككىنچى قېتىم بېشى ئۈستىگە ئالدى ـ دە، يەنە ئاتتى.

ئەجەب ئۇنى يەرگە ئاتالمىدىڭيا؟

يۇقىرىقى مىساللاردىكى «ـ دە، ـ ا» يۈكلىمىلىرىنى جۈملىنىڭ تەركىبىدىن چىقىرىۋەتكەندە، جۈملىنىڭ باغلىنىشىغا تەسىر يەتمەيدۇ، پەقەت تۈس مەنىسى ۋە ئىنتوناتسىيىسىنى ئۆزگەرتىدۇ.

② يۈكلىمىلەر بەلگىلىك تىل شارائىتىدىلا بارلىققا كېلىدۇ، بۇ خىل تىل شارائىتى كەم بولغاندا بىر جۈملە بولۇش تەلەپ قىلىنىدۇ. شۇڭا، يۈكلىمىلەر پەقەت جۈملىنىڭ مەلۇم بىر بۆلىكىگە ئۇلىنىپ كېلىپ رول ئوينايدۇ، بەزى يۈكلىمىلەر ھەتتا دىئالوگلاردىلا رول ئوينايدۇ. مەسىلەن: «ـ چۇ، ـ مۇ» قاتارلىق يۈكلىمىلەر دىئالوگلاردا رول ئوينايدۇ.

③ يۈكلىمىلەرنىڭ تۈزۈلۈشىدىن قارىغاندا، كۆپىنچە بىر بوغۇم ھالىتىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ.

(2) يۈكلىمىلەرنىڭ تۈرى

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا بىرقەدەر كۆپ ئۇچرايدىغان يۈكلىمىلەر، «ـ مۇ، ـ چۇ، ـ غۇ (قۇ)، ـ دە (تە)، ـ يە، دۇ، ـ كىن، ـ لا، ـ زە، ـ ئا (ئە)، ـ ھە، ئەمىسە، تېخى، ئېھتىمال، جۈمۇ، بىكا (ھېلى بىكا)، ھەرھالدا، ئىشقىلىپ، خۇددى، بەئەينى، گويا، خالاس، ھېلىمۇ (ھېلىمۇ ياخشى)» قاتارلىقلاردىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇلار ئۆزى قوشۇلۇپ كەلگەن سۆز ـ جۈملىلەرگە قوشىدىغان مەنىسىگە ئاساسەن تۆۋەندىكىدەك تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ:

① سوئال مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان يۈكلىمىلەر

تىلىمىزدىكى «ـ مۇ (ما/م)، ـچۇ» يۈكلىمىلىرى ئاساسەن جۈملىنىڭ خەۋىرىگە ئۇلىنىپ، سوئال مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

ئۆكىنگىزمۇ سىزدەك ئېگىزمۇ؟
كىنوغا بارامسىلەر؟
سەنمۇ قايتىپ كېلىپسەن، ئايگۈلچۇ؟
خوتۇنلار مەملىكىتى دېدىڭما؟!

بۇ يۈكلىمىلەر يەنە ئىسىم خاراكتېرلىك سۆزلەرگە ۋە پېئىللارغا ئۇلىنىپ، تەكىتلەش، ئىلتىماس، تىلەك قاتارلىق مەنىلەرنىمۇ ئىپادىلەيدۇ.

② تەكىتلەش ۋە كۆچەيتىش مەنىلىرىنى بىلدۈرىدىغان يۈكلىمىلەر

تىلىمىزدىكى «-غۇ (قۇ)، -لا» يۈكلىمىلىرى ئۆزى ئۇلانغان سۆز-جۈملىلەرگە تەكىتلەش، كۈچەيتىش ۋە سوئال مەنىلىرىنى يۈكلەيدۇ. مەسىلەن:

ئۇنۇڭۇنكى يىغىلىشقا كەلمىدىڭىزغۇ؟
بىز شۇنداق قىلدۇققۇ؟
ئۇ ئۆزۈمچىگىلا بارىدىكەن.

③ تەنە قىلىش، تەكىتلەش، نارازىلىق مەنىلىرىنى بىلدۈرىدىغان يۈكلىمىلەر.

تىلىمىزدىكى «-زە، -يۇ (ۋ)» يۈكلىمىلىرى ئۆزى ئۇلانغان سۆز-جۈملىلەرگە تەنە، تەكىت، تەستىق ۋە نارازىلىق قاتارلىق مەنىلەرنى يۈكلەيدۇ. مەسىلەن:

مەنزە ئاشۇ پەرەڭ يافلىق ئارتقان، ئاپتاپتا كۆيۈپ كەتكەن خۇنچەكنى ئاللاستىم.

ئۇ بىلىدۇيۇ، سىز نېمىشقا بىلمەيسىز؟
باشقىلار كۆرسۇنۇ، سىز نېمىشقا كۆرمەيسىز؟

④ ئۈتۈنۈش مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان يۈكلىمىلەر

تىلىمىزدىكى «-ئا، ئە» يۈكلىمىلىرى ئۆزى ئۇلانغان سۆز-جۈملىلەرگە ئۈتۈنۈش مەنىسىنى يۈكلەيدۇ. مەسىلەن:

ئوقۇپ بېقىڭا؟
ئەسلىي ئىش مۇنداق دېگىنە.

⑤ ئەجەبلىنىش ۋە تاسادىپىيلىق مەنىلىرىنى بىلدۈرىدىغان يۈكلىمىلەر

تىلىمىزدىكى «-دە (تە) ، -ھە» يۈكلىمىلىرى ئۆزى ئۇلانغان سۆز- جۈملىلەرگە ئەجەبلىنىش ، ئەپسۇسلىنىش ، تاسادىپىيلىق قاتارلىق مەنىلەرنى يۈكلەيدۇ . مەسىلەن :

بىز بۇ يەردە شىپاخانا ئاچمايمىز - دە !

سورۇننى راسا بىر قىزىتىدىغان بولدۇق - تە .

ئەمدى ئۇخلا - ھە .

يېڭى ئىملا قائىدىسىدە «-دە ، -ھە» يۈكلىمىلىرى ئۆزى ئۇلانغان سۆزلەردىن سىزىقچە (-) ئارقىلىق ئايرىپ يېزىلىدۇ ، دەپ بەلگىلەنگەن .

⑥ ئەنسىرەش ، ناتايىنلىق مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان يۈكلىمىلەر

تىلىمىزدىكى «-كىن» يۈكلىمىسى ئۆزى ئۇلانغان سۆز - جۈملىلەرگە ئەنسىرەش ، گۇمان (ناتايىنلىق) قاتارلىق مەنىلەرنى يۈكلەيدۇ . مەسىلەن :

خوش شاھىم ، مەندىن نېمە سەۋەنلىك ئۆتتىكىن ؟

نېمە ھاجىتىڭىز باركىن ؟

⑦ گۇمان مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان يۈكلىمە

تىلىمىزدىكى «-يە ، -دۇ (تۇ)» يۈكلىمىلىرى ئۆزى ئۇلىنىپ كەلگەن سۆز - جۈملىلەرگە گۇمان قىلىش ، ئىككىلىنىش مەنىلىرىنى يۈكلەيدۇ . مەسىلەن :

بالا - چاقىسى كۆپمۇيە ؟

چېكەمدۇيە ؟

سېنىڭ خەتلىرىڭ نېمىشقا ماڭا تەگمىگەندۇ ؟

يۇقىرىقىلار قوشۇمچە شەكلىدىكى يۈكلىمىلەر بولۇپ ، ئۇلار ئومۇمەن سۆز - جۈملىلەرنىڭ ئاخىرىغا ئۇلىنىپ كېلىپ ، ئۆزى ئۇلىنىپ كەلگەن سۆز - جۈملىلەرگە ھەرخىل قوشۇمچە مەنىلەرنى يۈكلەش رولىنى ئوينايدۇ . بۇلاردىن باشقا «ئەمسە ، تېخى ، ئېھتىمال ، جۇمۇ ، خالاس…» دېگەنگە ئوخشاش سۆز شەكىللىك يۈكلىمىلەرمۇ بار بولۇپ ،

بۇلار ئۆزى قوشۇمچە مەنە يۈكلەيدىغان سۆز ـ جۈملىلەردىن ئايرىلىپ يېزىلىدۇ .

### 12) ئىملىق سۆز

(1) ئىملىق سۆز ۋە ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكى

ھېس ـ تۇيغۇ ، چاقىرىق ، بۇيرۇق ، جاۋاب قاتارلىقلارغا ئىما (ئىشارەت ) بولۇپ كېلىدىغان سۆزلەر ئىملىق سۆز ، دەپ ئاتىلىدۇ .

ئىملىق سۆزلەر مۇستەقىل سۆزلەرگىمۇ ، "ياردەمچى" سۆزلەرگىمۇ ئوخشىمايدىغان ئالاھىدە بىرخىل سۆز تۈركۈمى بولۇپ ، بۇخىل سۆزلەر كونكرېت لېكسىكىلىق مەنىگە ئىگە ئەمەس ، پەقەت ھېسسىيات ، پوزىتسىيە ياكى چاقىرىش ، ئۈندەش مەنىسىنىلا ئىپادىلەيدۇ . ئۇلارنىڭ بۇخىل مەنىلىرى مۇئەييەن كونتېكست ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ . ئۆز ئالدىغا جۈملە بۆلىكىمۇ بولالمايدۇ . سۆز ياساش ۋە تۈرلىنىش ئىقتىدارىغىمۇ ئىگە ئەمەس . ئۇ تۆۋەندىكىدەك ئالاھىدىلىككە ئىگە :

① جۈملىدە باشقا سۆزلەر بىلەن ھېچقانداق قۇرۇلما مۇناسىۋىتىدە بولماستىن ، ھامان مۇستەقىل بۆلەك بولۇپ كېلىدۇ ياكى ئۆز ئالدىغا جۈملە بولۇپ كېلىشى مۇمكىن . مەسىلەن :

ھەي <u>ئاتەي</u> ، مال ـ دۇنياغا ھېرىس ئادەملەرنىڭ ۋىجدانىنىڭ خىرەلىشىپ كەتكىنىنى كۆپ كۆرگەنمەن . (مۇستەقىل بۆلەك )

— <u>ۋاھ</u> ، خىسلەتلىك دۇنيا /— دەۋەتتى رەمچى بوۋاي (مۇستەقىل بۆلەك ) .

— دەرھال ئۇنى چاقىر !

— لەبىەي . (جۈملە )

② ئىملىق سۆزلەر ئومۇمەن تۈرلەنمەيدۇ . ئايرىم ئىملىق سۆزلەر ئىسىملىشىپ ، ئىسىم رولىدا قوللىنىلغاندا ئىسىمنىڭ گىراماتىكىلىق كاتېگورىيىلىرىنىڭ قوشۇمچىلىرى بىلەن تۈرلىنىشى مۇمكىن . مەسىلەن :

ئاھ ئۇرارمەن ، ئاھ ئۇرارمەن ،

تۈرلەرگە بۆلۈشكە بولىدۇ:

① ھېس - تۇيغۇ ئىملىقلىرى

كىشىلەرنىڭ تۈرلۈك ھېس - تۇيغۇلىرىغا ئىما بولۇپ كېلىدىغان ئىملىقلار ھېس - تۇيغۇ ئىملىقلىرى، دەپ ئاتىلىدۇ.

تىلىمىزدىكى «ئاھ، پاھ، ئۇھ، ئوھوي، ھوي - ھوي، ئىسىت، بەللى، ھەببەللى، ئاپلا، ئەستاغپۇرۇللا، بارىكاللا، خەير، ئېھ، ھەتتىگىنەي، ھەي - ھەي، ۋاي، ۋۇي - ۋۇي، ۋايجان، ۋايىيەي، ۋىيەي، ۋاھ، تۇۋا، ھىم، ۋاي ئىچى، ئۇھ، خەپ، يائاللا، ۋاي خۇدايىمەي، ۋاي قوۋۇرغام...» قاتارلىق ئىملىقلار كىشىلەرنىڭ خۇشاللىنىش، سۆيۈنۈش، قايغۇ، ئۆكۈنۈش، خاپىلىق، قورقۇش، ئەجەبلىنىش، قارشىلىق، رازىلىق، نارازىلىق، مەنسىتمەسلىك، نەپرەت، يىرگىنىش قاتارلىق ھېس - تۇيغۇلىرىغا ئىما بولۇپ كەلگەن.

② بۇيرۇق - چاقىرىق ئىملىقلىرى

ئادەملەرنىڭ بىر - بىرىگە، ئادەملەرنىڭ ھايۋانلارغا قىلغان تۈرلۈك بۇيرۇق - چاقىرىقلىرىغا ئىما بولۇپ كېلىدىغان ئىملىقلار بۇيرۇق - چاقىرىق ئىملىقلىرى، دەپ ئاتىلىدۇ.

تىلىمىزدىكى «مە، بەس، ھە، جىم، چۇھ، قىخ، تاخ، پەش، كۇش، چاغ، تاخ، تۇ - تۇ - تۇ، مە - مە، پىش - پىش، تىر - تىر...» قاتارلىقلار بۇيرۇق - چاقىرىق ئىملىقلىرىدۇر.

③ جاۋاب ئىملىقلىرى

باشقىلارنىڭ جاۋابىغا ئىما بولۇپ كېلىدىغان ئىملىقلار جاۋاب ئىملىقلىرى دەپ ئاتىلىدۇ.

تىلىمىزدىكى «ھەئە، ياق، ھە، لەببەي، خوش، خوپ» دېگەنگە ئوخشاش ئىملىقلار جاۋاب ئىملىقلىرىدۇر.

【مۇھاكىمە سوئاللىرى】

1 . سۆز تۈركۈمى دېگەن نېمە؟ سۆزلەرنى تۈركۈملەرگە ئايرىشنىڭ ئۆلچىمى قايسىلار؟

2 . ئۇيغۇر تىلىدىكى بارلىق سۆزلەر قانداق تۈركۈملەرگە ئايرىلىدۇ؟ مىسال كەلتۈرۈڭ.

3 . ئىسىم دېگەن نېمە؟ ئۇ قانداق ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە؟

4 . خاس ئىسىم ۋە تۈردەش ئىسىم دېگەن نېمە؟ مىسال كەلتۈرۈڭ.

5 . ئىسىمنىڭ سان كاتېگورىيىسى دېگەن نېمە؟ كۆپلۈك قوشۇمچىسى «-لار/ -لەر»نىڭ قوللىنىلىشىنى چۈشەندۈرۈڭ.

6 . ئىسىمنىڭ تەۋەلىك كاتېگورىيىسى دېگەن نېمە؟ تەۋەلىك شەكىللىرى قانداق تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ؟

7 . ئىسىمنىڭ كېلىش كاتېگورىيىسى دېگەن نېمە؟ ئۇيغۇر تىلىدا قانچە خىل كېلىش بار؟ ھەرقايسى كېلىشلەرنىڭ قوشۇمچىلىرى ۋە ئىشلىتىلىشىنى چۈشەندۈرۈڭ.

8 . سۈپەت دېگەن نېمە؟ ئۇ قانداق ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە؟

9 . دەرىجىلىك ۋە دەرىجىسىز سۈپەت دېگەن نېمە؟ مىسال كەلتۈرۈڭ.

10 . سۈپەتنىڭ دەرىجە كاتېگورىيىسى دېگەن نېمە؟ ئۇ قانداق شەكىللەر ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ؟

11 . سان دېگەن نېمە؟ ئۇ قانداق ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە؟

12 . سانلار ئىپادىلىگەن مەنىسىگە ئاساسەن قانداق تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ؟ مىسال كەلتۈرۈڭ.

13 . مىقدار دېگەن نېمە؟ ئۇ قانداق ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە؟

14 . مىقدارلار قانداق ئۆلچەملەرگە ئاساسەن قانداق تۈرلەرگە بۆلۈ-

نىدۇ؟ مىسال كەلتۈرۈڭ.

15. رەۋىش دېگەن نېمە؟ ئۇ قانداق ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە؟

16. رەۋىشلەر مەنىسىگە ئاساسەن قانداق تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ؟ مىسال كەلتۈرۈڭ.

17. تەقلىد دېگەن نېمە؟ ئۇ قانداق ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە؟

18. تەقلىدلەر ئىپادىلىگەن مەنىسىگە ئاساسەن قانداق تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ؟ مىسال كەلتۈرۈڭ.

19. ئالماش دېگەن نېمە؟ ئۇ قانداق ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە؟

20. ئالماشلار مەنىسىگە ئاساسەن قانداق تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ؟ ھەربىر تۈرنىڭ ئىشلىتىلىشىنى مىسال بىلەن چۈشەندۈرۈڭ.

21. پېئىل دېگەن نېمە؟ ئۇ قانداق ئالاھىلىكلەرگە ئىگە؟

22. پېئىللار قانداق ئۆلچەملەرگە ئاساسەن قانداق تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ؟ مىسال كەلتۈرۈڭ.

23. ئىسىمداش دېگەن نېمە؟ ئۇنىڭ ياسىلىشى ۋە قوللىنىلىشىنى بىلىۋېلىڭ.

24. سۈپەتداش دېگەن نېمە؟ ئۇ قانداق ياسىلىدۇ؟

25. رەۋىشداش دېگەن نېمە؟ ئۇ قانداق ياسىلىدۇ؟

26. مەقسەت پېئىلى دېگەن نېمە؟ مىسال بىلەن چۈشەندۈرۈڭ.

27. پېئىلنىڭ بولۇشلۇق ـ بولۇشسىز كاتېگورىيىسى دېگەن نېمە؟ ئۇ قانداق شەكىللەردە ئىپادىلىنىدۇ؟

28. پېئىلنىڭ شەخس، سان ۋە زامان كاتېگورىيىلىرىنىڭ تەبىرىنى ئېيتىپ بېرىڭ. ئۇلارنىڭ قانداق شەكىللەر بىلەن ئىپادىلىنىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىڭ.

29. پېئىلنىڭ دەرىجە كاتېگورىيىسى دېگەن نېمە؟ ئۇ قانچە خىل شەكىلدە ئىپادىلىنىدۇ؟ مىساللار بىلەن بايان قىلىڭ.

30. پېئىل دەرىجىلىرىنىڭ قاتلىنىش ئەھۋالى قانداق بولىدۇ؟

31. پېئىلنىڭ تۈس كاتېگورىيىسى دېگەن نېمە؟ ئۇ قانچە خىل

شەكىلدە ئىپادىلىنىدۇ؟ مىسال كەلتۈرۈڭ .

32 . پېئىلنىڭ راي كاتېگورىيىسى دېگەن نېمە؟ ئۇ قانچە خىل شەكىلدە ئىپادىلىنىدۇ؟ ھەر بىر خىل راي شەكلىنىڭ ئىپادىلىنىش شە- كىللىرىنى مىساللار بىلەن چۈشەندۈرۈڭ .

33 . تىركەلمە دېگەن نېمە؟ ئۇ قانداق ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە؟

34 . باغلىغۇچى دېگەن نېمە؟ ئۇ قانداق ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە؟ ئۇ رولىغا ئاساسەن قانداق تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ؟ مىسال كەلتۈرۈڭ .

35 . يۈكلىمە دېگەن نېمە؟ ئۇ قانداق ئالاھىلىكلەرگە ئىگە؟ ئۇ مەنىسىگە ئاساسەن قانداق تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ؟ مىسال كەلتۈرۈڭ .

36 . ئىملىق سۆز دېگەن نېمە؟ ئۇ قانداق ئالاھىدىلىككە ئىگە؟ ئىملىق سۆزلەر مەنىسىگە ئاساسەن قانداق تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ؟ مىسال كەلتۈرۈڭ .

## 3 §. سۆز بىرىكمىسى

### 1 . سۆز بىرىكمىسى ھەققىدە چۈشەنچە

ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق مۇستەقىل سۆزنىڭ مۇئەييەن ئۇ- سۇلدا بىرىكىشىدىن ھاسىل بولغان، سۆزدىن چوڭ، جۈملىدىن كىچىك گراماتىكىلىق بىرلىك سۆز بىرىكمىسى، دەپ ئاتىلىدۇ. سۆز بىرىكمە- سى تۆۋەندىكىدەك ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە :

(1) قۇرۇلمىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، سۆز بىرىكمىسى ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق مۇستەقىل سۆزنىڭ مۇئەييەن سىنتاكسىسلىق مۇناسىۋەتتە بىرىكىشىدىن ھاسىل بولىدۇ. مەسىلەن :

a . تەڭداشلىق مۇناسىۋەتتىن ھاسىل بولغانلىرى :

ئۈرۈمچى بىلەن قەشقەر؛ شەھەر ۋە يېزا؛ ياسىن، يامەن؛ چىراي- لىق ئەما پاكار؛ ئازادە ھەم يورۇق؛ ئوقۇش، يېزىش...

b . ئىگە - خەۋەرلىك مۇناسىۋەتتىن ھاسىل بولغانلىرى :

قار توختىماق، باھا ئۆسمەك، باھار ئىللىق، پۇت توكۇر، سانى ئوتتۇز، بىلىم كۆپ، سېپى بار، سىز كۆرگەن...

c . تولدۇرغۇچى - تولدۇرغۇچىلىق مۇناسىۋەتتىن ھاسىل بولغانلىرى: ۋەتەننى سۆيمەك، ئاتا - ئانىنى سېغىنماق، ئادىلنى كۆرمەك، تاماق يېمەك، رادىئو ئاڭلىماق، گېزىت ئوقۇماق...

d . ئېنىقلىغۇچى - ئېنىقلانغۇچىلىق مۇناسىۋەتتىن ھاسىل بولغانلىرى:

تۇرسۇننىڭ ئۆيى، مېنىڭ سۆزۈم، مەكتەپ دەرۋازىسى، ئېگىز بىنا، ياغاچ ئورۇندۇق، ئون ئوقۇغۇچى، ئۈچ كىلو گۆش، ھېلىقى جاي، غۇر - غۇر شامال، ئالمىقىنىڭ بەرمىكى...

e . ھالەت - خەۋەرلىك مۇناسىۋەتتىن ھاسىل بولغانلىرى:

يۇرتتا قالماق، ئامىدىن ئايرىلماق، ئۆزىگە بارماق، چىرايلىق يازماق، ئەتەي بۇزماق، قەلەم بىلەن يازماق، شار - شار قۇيۇۋەتمەك، كۆچۈرۈپ يازماق، بەك ئېگىز...

(2) رولىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، سۆز بىرىكمىسى سىنتاكسىسلىق بىرلىك سۈپىتىدە جۈملىنىڭ مۇئەييەن بىر بۆلىكى بولۇپ كېلەلەيدۇ. مەسىلەن:

① مەن كۆرگەن كىتاب ياخشى ئىكەن.

② ئات قۇلىقىنى يوپۇرۇپ ئۇچقاندەك يۈگۈردى.

مىسال ① دە «مەن كۆرگەن» دېگەن سۆز بىرىكمىسى «كىتاب» دېگەن ئىسىمنى ئېنىقلاپ ئېنىقلىغۇچى بولۇپ كەلگەن. مىسال ② دە «قۇلىقىنى يوپۇرۇپ» دېگەن سۆز بىرىكمىسى «يۈگۈردى» دېگەن خەۋەرنى ئېنىقلاپ ھالەت بولۇپ كەلگەن.

(3) سۆز بىرىكمىسى نۇتۇقتا مەلۇم ئالاقىلىشىش مەقسىتىدە ۋاقىتلىق بىرىكتۈرۈلگەن بولىدۇ. ئالاقىلىشىش مەقسىتىگە يېتىلگەندىن كېيىنلا يوقايدۇ.

(4) سۆز بىرىكمىسىنىڭ قۇرۇلمىسىنى كېڭەيتىشكە، تارايتىشقا،

تەركىبىدىكى سۆزلەرنىڭ ئورنىنى ئالماشتۇرۇشقا ، ھەتتا باشقا سۆزلەرگە ئالماشتۇرۇشقا بولىدۇ . مەسىلەن :

بايىقى ئادەم← بايىقى ئېگىز ئادەم ← بايىقى ئېگىز بويلۇق ئادەم ← بايىقى ئېگىز بويلۇق خۇشخۇي ئادەم...

ئەخمەتنىڭ چاقناپ تۇرغان ، نۇرلۇق يوغان كۆزلىرى ← ئەخمەتنىڭ نۇرلۇق يوغان كۆزلىرى ← ئەخمەقنىڭ يوغان كۆزلىرى ← ئەخمەتنىڭ كۆزلىرى .

*ياخشى ئادەم ، ياخشى كىتاب ، ياخشى يەر ، ياخشى ئىش...

ئەسكى ئادەم ، پاكار ئادەم ، تون ئادەم ، ئۇ ئادەم...

سۆز بىرىكمىسىنىڭ (3) ۋە (4) ئالاھىدىلىكلىرى ئۇنىڭ «تۇراقلىق سۆز بىرىكمىسى» دەپ ئاتىلىۋاتقان ئىدىئوملارغا نىسبەتەن ئېيتىلغان ئالاھىدىلىكى ھېسابلىنىدۇ .

شۇنى ئەسكەرتىپ ئۆتۈش كېرەككى ، سۆز بىرىكمىسى ، بولۇپمۇ سۆز تەرتىپىنى گىراماتىكىلىق ۋاستە قىلغان سۆز بىرىكمىسى بىلەن بىرىككەن سۆز بىر - بىرىدىن تۆۋەندىكى جەھەتلەردە پەرقلىنىدۇ :

(1) ئۇلارنىڭ ماتېرىيالى نۇقتىسىدىن كۆزەتكەندە ، سۆز بىرىكمىسى سۆزلەردىن ھاسىل بولىدۇ . بىرىككەن سۆز بولسا مۇستەقىل مورفېمىلاردىن ھاسىل بولىدۇ .

(2) قۇرۇلمىسىدىن كۆزەتكەندە ، ئۇلارنىڭ تەركىبىي قىسىملىرىنىڭ بىرىكىش دەرىجىسى ئوخشاشمايدۇ . سۆز بىرىكمىسى تەركىبىدىكى سۆزلەرنىڭ بىرىكىش دەرىجىسى بوشراق بولىدۇ ، شۇڭا ئۇلارنىڭ قۇرۇلمىسىنى كېڭەيتىشكە ، ئارايتىشقا ياكى قۇرۇلما تەركىبلىرىنىڭ ئورنىنى ئالماشتۇرۇشقا بولىدۇ . بىرىككەن سۆزدىكى تەركىبلەرنىڭ بىرىكىشى بولسا ئىنتايىن زىچ بولىدۇ . شۇڭا ، ئۇلارنىڭ تەركىبلىرى ئوتتۇرىسىغا باشقا تىل تەركىبلىرىنى (قوشۇمچە ياكى سۆزلەرنى ) قوشۇشقا ، تەركىبلىرىنىڭ ئورنىنى ئالماشتۇرۇشقا بولمايدۇ . مەسىلەن :

| | |
|---|---|
| سۆز بىرىكمىسى | بىرىككەن سۆز |
| ئاشنىڭ قازىنى/ئاش قازىنى/ئاش ۋە قازان | ئاشقازان |
| كۆزنىڭ ئەينىكى/كۆز ۋە ئەينەك | كۆزەينەك |
| تۆگىنىڭ تاپىنى/تۆگە ۋە تاپان | تۆگىتاپان |
| ئاچچىقراق سۇ/ئاچچىق كۆل سۈيى | ئاچچىقسۇ |
| تارىمنىڭ دەرياسى | تارىم دەرياسى |

(3) مەنە نۇقتىسىدىن كۆزەتكەندە، ئۇلارنىڭ ئىپادىلىگەن مەنىلىرى ئوخشاشمايدۇ. سۆز بىرىكمىسىنىڭ مەنىسى ئۇنىڭ تەركىبىدىكى سۆزلەرنىڭ مەنىلىرىنىڭ ئاددىي ھالدىكى يىغىندىسى بولۇپ، ئۇ خىل مەنە مۇرەككەپ ئۇقۇمغا ۋەكىللىك قىلىدۇ ھەم تۇراقلىق بولمايدۇ، مەنە تەركىبلىرىگە پارچىلاشقا بولىدۇ. بىرىككەن سۆزلەرنىڭ مەنىسى بولسا ئۇنىڭ تەركىبىدىكى مۇستەقىل مورفېمىلارنىڭ مەنىلىرىنىڭ ئاددىي قوشۇلمىسى بولماستىن، بەلكى ئېنىق بىرلا ئۇقۇمغا ۋەكىللىك قىلىدۇ. بۇخىل مەنە تۇراقلىق بولىدۇ. مەنە تەركىبلىرىگە پارچىلاشقا بولمايدۇ.

(4) جۈملىدىكى رولىدىن كۆزەتكەندە، گەرچە ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىسى سىنتاكسىسلىق بىرلىك سۈپىتىدە جۈملىنىڭ مۇئەييەن بىر بۆلىكى بولۇپ كېلەلىسىمۇ، لېكىن زۆرۈر تېپىلسا، سۆز بىرىكمىسىنىڭ تەركىبىدىكى سۆزلەرنىڭ سىنتاكسىسلىق مۇناسىۋىتىنى يەنىمۇ ئېچكىرىلەپ ۋە پارچىلاپ تەھلىل قىلىشقا بولىدۇ. مەسىلەن:

سىنىپىمىزدىكى ساۋاقداشلار خەنزۇتىلىنى تىرىشىپ ئۆگەنمەكتە.

بۇ جۈملىنىڭ قۇرۇلما قاتلىمىنى يەنىمۇ ئېچكىرىلىگەن ھالدا تۆۋەندىكىدەك تەھلىل قىلىشقىمۇ بولىدۇ:

سىنىپىمىزدىكى ساۋاقداشلار خەنزۇ تىلىنى تىرىشىپ ئۆگەنمەكتە.

بىرىككەن سۆزلەرنىڭ قۇرۇلما مۇناسىۋىتىنى ئۇنداق پارچىلاپ تەھلىل قىلىشقا ھەرگىز بولمايدۇ. ئۇلار ھەرقانداق ئەھۋالدا ھامان

جۈملىنىڭ بىرلا بۆلىكى بولۇپ كېلىدۇ . مەسىلەن :

① ئۈنىڭ ئاشقازىنى ئاغرىۋېتىپتۇ .

② ئۈزۈڭلارنىڭ كۆزقارىشىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ بېقىڭلار .

(5) گرامماتىكىلىق بىرلىكلەردىكى ئورنىدىن كۆزەتكەندە ، ئۇلارنىڭ گرامماتىكىلىق بىرلىكلەردە تۇتقان ئورنى ئوخشاشمايدۇ . سۆز بىرىكمىسى سۆزدىن بىر بالداق يۇقىرى گرامماتىكىلىق بىرلىك ھېسابلىنىدۇ . بىرىككەن سۆزلەر سۆز بولۇش سۈپىتى بىلەن سۆز بىرىكمىسىدىن بىر بالداق تۆۋەن تۇرىدىغان گرامماتىكىلىق بىرلىك ھېسابلىنىدۇ .

## 2 . سۆز بىرىكمىسىنىڭ تۈرى

سۆز بىرىكمىسىنى ئوخشىمىغان ئۆلچەملەرگە ئاساسەن ، ئوخشىمىغان تۈرلەرگە بۆلۈشكە بولىدۇ .

1) سۆز بىرىكمىسى تەركىبىدىكى سۆزلەرنىڭ بىرىكىش مۇناسىۋىتىنىڭ ئوخشاشلىقىغا ئاساسەن تەڭداش سۆز بىرىكمىسى ، بېقىندىلىق سۆز بىرىكمىسى ، تولدۇرغۇچى ـ تولدۇرۇلغۇچىلىق سۆز بىرىكمىسى ۋە ئىگە ـ خەۋەرلىك سۆز بىرىكمىسى دەپ تۆت تۈرگە بۆلۈنىدۇ .

### 1 . تەڭداش سۆز بىرىكمىسى

ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق تەركىبنىڭ تەڭداش مۇناسىۋەتتە باغلىنىشىدىن ھاسىل بولغان سۆز بىرىكمىسى تەڭداش سۆز بىرىكمىسى ، دەپ ئاتىلىدۇ . تەڭداش سۆز بىرىكمىسى تەركىبىدىكى سۆزلەر ئەينى بىر سۆز تۈركۈمىگە تەۋە بولىدۇ ، شۇنداقلا جۈملىدە ئەينى بىر سىنتاكسىلىق ۋەزىپىدە كېلىدۇ . مەسىلەن :

① بىز ئۇنىڭ دوكلاتىدىن ھاياجانلاندۇق ، تەسىرلەندۇق ۋە ئىلھاملاندۇق .

② بىلەمسەن ، ئۇنىڭ بايلىقىمۇ ، خۇشاللىقىمۇ ناخشا بىلەن ئۆسسۇل .

③ قار بۆلۈنتەك ئۇچۇپ كېلىپ ،ئازگاللارنى ، قاپتاللارنى

تولدۇرۇۋەتتى .

④ سۇ تەمسىز ، پۇراقسىز ، رەڭسىز سۇيۇق جىسىم .

⑤ شىۋىرغان گاھ ئوڭدىن ، گاھ سولدىن سوقاتتى .

تەڭداش سۆز بىرىكمىسىدە سۆزلەر ئوتتۇرىسىدىكى سىنتاكسىسلىق مۇناسىۋەت تەڭداشلىق — باراۋەرلىك مۇناسىۋەت بولغاچقا ، سۆزلەرنىڭ ئورنى ئالماشتۇرۇلسىمۇ ، ئومۇمەن مەنىگە تەسىر يەتمەيدۇ . مەسىلەن : «داۋۇت بىلەن ساۋۇت ، بىلىملىك ۋە قابىلىيەتلىك ، ئازادە ھەم يورۇق ، تەجرىبە ياكى ساۋاق» دېگەندەك تەڭداش سۆز بىرىكمىسى تەركىبىدىكى سۆزلەرنىڭ ئورنىنى ئالماشتۇرۇشقا بولىدۇ . لېكىن ، بەزى تەڭداش سۆز بىرىكمىلىرى تەركىبىدىكى سۆزلەرنىڭ ئورنى نىسبەتەن تۇراقلىق بولغاچقا ، ئۇلارنىڭ ئورنى ئالماشتۇرۇلغاندا ، گەرچە مەنىگە تەسىر يەتمىسىمۇ ، لېكىن تىل ئادىتىگە ياكى لوگىكىلىق قانۇنىيەتلەرگە ئۇيغۇن كەلمىگەچكە ، ئادەتتە ئۇلارنىڭ ئورنىنى ئالماشتۇرۇشقا بولمايدۇ . مەسىلەن : «ئىشچى ، دېھقان ، ئەسكەر» ، «مەدەنىيەت ، مائارىپ ۋە سەھىيە» ، «ئوقۇتقۇچى ، ئوقۇغۇچى ، ئىشچى ۋە خىزمەتچىلەر» دېگەندەك تەڭداش سۆز بىرىكمىلىرىنىڭ تەركىبىدىكى سۆزلەرنىڭ ئورنى ئالماشتۇرۇلسا ، تىل ئادىتىگە ئۇيغۇن كەلمەيدۇ . «مۇزاكىرە قىلماق ۋە ماقۇللىماق» ، «ئوبلاست ، ۋىلايەت ۋە ناھىيىلەر» دېگەندەك تەڭداش سۆز بىرىكمىلىرى تەركىبىدىكى سۆزلەرنىڭ ئورنى ئالماشتۇرۇلسا ، لوگىكىلىق قانۇنىيەتلەرگە ئۇيغۇن كەلمەيدۇ .

تەڭداش سۆز بىرىكمىسى ئۈستىدە توختالغاندا ، ئىككىلا سۆزدىن تۈزۈلگەن تەڭداش سۆز بىرىكمىسى بىلەن جۈپ سۆزنىڭ پەرقىنى ئايرىۋېلىشقا ئەھمىيەت بېرىشكە توغرا كېلىدۇ . ئۇلارنى پەرقلەندۈرۈشتە ، شۇنىڭغا دىققەت قىلىش كېرەككى ، ئەگەر تەڭداش مۇناسىۋەتتە كەلگەن ئىككى تەركىب ئوتتۇرىسىدا جانلىق تىلدا فونېتىكا جەھەتتە تىنىق (توختاش) بولمىسا ، يېزىق تىلدا ئۇ ئىككى تەركىب ئوتتۇرىسىغا سىزىقچە قويۇلسا ، ئۇ جۈپ سۆز ھېسابلىنىدۇ . ئەگەر تەڭداش مۇناسى-

ۋەتتە كەلگەن ئىككى تەركىب ئوتتۇرىسىدا جانلىق تىلدا فونېتىكا جەھەتتە تىنىق (توختاش) بولسا ياكى ئىككى تەركىب ئوتتۇرىسىغا باغلىغۇچىلار ئىشلىتىلسە ۋە ياكى ئىككى تەركىبكە ئەينى بىر تۈرلىگۈچى قوشۇمچە ئايرىم - ئايرىم ئۇلانسا؛ يېزىق تىلىدا ئىككى تەركىب ئوتتۇرىسىدا تىنىش بەلگىلىرى ياكى باغلىغۇچىلار ئىشلىتىلسە، ئۇ تەگداش سۆز بىرىكمىسى ھېسابلىنىدۇ. مەسىلەن:

| جۈپ سۆز | تەگداش سۆز بىرىكمىسى |
|---|---|
| ياش - ئۆسمۈر | ياشلار، ئۆسمۈرلەر/ياش ۋە ئۆسمۈر |
| بۆگۈن - ئەتە | بۆگۈن، ئەتە/بۆگۈن ۋە ئەتە |
| دەپتەر - قەلەم | دەپتەر، قەلەم/دەپتىرىم ۋە قەلىمىم |
| ئاتا - ئانا | ئاتا، ئانا/ ئاتا ۋە ئانا/ ئاتام، ئانام |
| ئاق - قارا | ئاق، قارا/ ئاق ۋە قارا/ ئاق ياكى قارا |
| ئوي - پىكىر | ئوي، پىكىر/ئوي ۋە پىكىر/ئوي ياكى پىكىر |

ئىككىلا سۆزنىڭ بىرىكىشىدىن ھاسىل بولغان تەگداش سۆز بىرىكمىسى بىلەن جۈپ سۆزلەرنىڭ بىلدۈرىدىغان مەنە دائىرىلىرىمۇ ئوخشاشمايدۇ.

2. بېقىندىلىق سۆز بىرىكمىسى

بېقىندىلىق سۆز بىرىكمىسى بېقىندى تەركىب بىلەن بېقىندۇرغۇچى تەركىبتىن ئىبارەت ئىككى قىسىمدىن تەركىب تاپىدۇ. ئالدىنقى تەركىب بېقىندى تەركىب، كېيىنكى تەركىب بېقىندۇرغۇچى تەركىب (مەركىزىي سۆز) ھېسابلىنىدۇ. بېقىندى تەركىب بېقىندۇرغۇچى تەركىبنى ئېنىقلاپ، تولۇقلاپ ياكى چەكلەپ كېلىدۇ. بېقىندىلىق سۆز بىرىكمىسى تەركىبىدىكى سۆزلەرنىڭ باغلىنىش مۇناسىۋىتىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا ئاساسەن، ئېنىقلىغۇچىلىق سۆز بىرىكمىسى ۋە ھالەتلىك سۆز بىرىكمىسى دەپ ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

(1) ئېنىقلىغۇچىلىق سۆز بىرىكمىسى

ئېنىقلىغۇچى ئېنىقلانغۇچىلىق مۇناسىۋەتتىن ھاسىل بولغان سۆز بىرىكمىسى ئېنىقلىغۇچىلىق سۆز بىرىكمىسى، دەپ ئاتىلىدۇ. ئېنىقلە-

ئېنىقلىغۇچىلىق سۆز بىرىكمىسى تۈزۈلۈشى جەھەتتىن ئىككى خىل شەكىلگە ئىگە :

① ئېنىقلىغۇچىلىق سۆز بىرىكمىسىدە ئېنىقلىغۇچى تەركىب ئىسىم ، سۈپەت ، سان (سان ـ مىقدارلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) ، ئالماش ، تەقلىد سۆز ، ئىسىمداش ۋە سۈپەتداشلاردىن ؛ ئېنىقلانغۇچى تەركىب ئومۇمەن ئىسىملاردىن ، ئايرىم ئەھۋاللاردا سان ياكى ئىسىمداشلاردىن تەركىب تاپىدۇ . مەسىلەن :

ئەر مۇئەللىم ، ياغاچ ئورۇندۇق ، ئۈكامنىڭ پۇلى ، چولڭ زال ، ئىككى قەلەم ، ئۈچ مېتىر رەخت ، قانچە قوي ، شۇنچە مەسىلە ، مىش-مىش گەپ ، مىس ـ مىس ئادەم ، ئوقۇش قورالى ، ئوقۇغان ئادەم ، تۇرار جاي ، ئوننىڭ بىرى ، ئالماقنىڭ بەرمىكى ، چىقماقنىڭ چۈشمىكى…

② ئېنىقلىغۇچىلىق سۆز بىرىكمىسى تەركىبىدىكى ئىككى سۆز ياكى سۆز تەرتىپى ياكى تۈرلىگۈچى قوشۇمچە ۋەياكى بەزى تىركەلمىلەردىن ئىبارەت گراماتىكىلىق ۋاستە ئارقىلىق ئۆزئارا بىرىكىپ كېلىدۇ .

ئۇيغۇر تىلىدا ئىسىم بىلەن ئىسىم (ئايال كادىر) ، ئىسىم بىلەن سۈپەت (سېمىز قوي) ، سان بىلەن ئىسىم (ئۈچ شەھەر) ، سان مىقدار بىلەن ئىسىم (بىر ئۆي ئادەم) ، ئالماش بىلەن ئىسىم (مۇنۇ يەر) ، تەقلىد سۆز بىلەن ئىسىم (غۇر ـ غۇر شامال) سۆز تەرتىپى ئارقىلىق ئۆزئارا بىرىكىپ ئېنىقلىغۇچىلىق سۆز بىرىكمىلىرىنى ھاسىل قىلىدۇ .

تۈرلىگۈچى قوشۇمچىلارنى گراماتىكىلىق ۋاستە قىلغان ئېنىقلىغۇچىلىق سۆز بىرىكمىلىرى دېگەندە ، ئىككى سۆزنىڭ ئىسىملارنىڭ ئىگىلىك كېلىش قوشۇمچىسى بىلەن شەخس قوشۇمچىلىرى (مېنىڭ كىتابىم ، ئادىلنىڭ ئۆيى ، مەكتەپ دەرۋازىسى) ، ئورۇن ـ بەلگە كېلىش قوشۇمچىسى (باغدىكى گۈل ، ياتاقتىكى نەرسە) ، ئوخشاتما قوشۇمچىسى (پولاتتەك ئىرادە ، تاغدەك قېيىنچىلىق) ، تەڭلەشتۈرمە كېلىش قوشۇمچىسى (ئالىقانچە يەر ، مۈشتچىلىك ناۋات) ئارقىلىق ئۆزئا-

را بىرىكىشىدىن ھاسىل بولغان ئېنىقلىغۇچىلىق سۆز بىرىكمىلىرى كۆزدە تۇتۇلىدۇ .

ئۇيغۇر تىلىدا يەنە بەزى ئىركەلىمىلەر ئىسىملارنىڭ يۆنىلىش كېلىش قوشۇمچىسىنى شەرت قىلغان ھالدا ئىككى سۆزنى ئۆزئارا باغلاپ ، ئېنىقلىغۇچىلىق سۆز بىرىكمىلىرىنى ھاسىل قىلىدۇ . مەسىلەن :

تازىلىققا ئالاقىدار ئىش ، تىلغا ئائىت كىتاب .

ئوقۇشقا دائىر مەسىلە ، ...

(2) ھالەتلىك سۆز بىرىكمىسى

ھالەت ـ خەۋەرلىك مۇناسىۋىتىدىن ھاسىل بولغان سۆز بىرىكمىسى ھالەتلىك سۆز بىرىكمىسى ، دەپ ئاتىلىدۇ . ھالەتلىك سۆز بىرىكمىسى تۆۋەندىكىدەك ئالاھىدىلىككە ئىگە :

① بۇ تۈردىكى سۆز بىرىكمىسىدە بېقىندى سۆز ئىسىم سۈپەت ، سان ، سان ـ مىقدار ، ئالماش ، رەۋىش ، تەقلىد سۆز ، رەۋىشداشلاردىن ، بېقىندۇرغۇچى سۆز (مەركىزىي سۆز ) پېئىل ياكى سۈپەتتىن تەركىب تاپىدۇ . مەسىلەن :

ياتاقتىن كەلمەك ، ئۆيگە بارماق ، ياخشى ئىشلىمەك ، ئاستا ماڭماق ، بىر قېتىم كۆرمەك ، شىلدىر ـ شىلدىر ئاقماق ، ئىرىشىپ ئۆگەنمەك ، سەندىن چوڭ ، ئاتتىن ئېگىز ، ئوندىن جىق ، قاردەك ئاق...

② ھالەتلىك سۆز بىرىكمىسى تەركىبىدىكى ئىككى سۆز ياكى سۆز تەرتىپى ، ياكى تۈرلەنگۈچى قوشۇمچە ۋەياكى ئىركەلىمىدىن ئىبارەت گرامماتىكىلىق ۋاستە ئارقىلىق ئۆزئارا بىرىكىپ كېلىدۇ .

ئۇيغۇر تىلىدا سۈپەت بىلەن پېئىل (پاكىز تازىلىماق ، توغرا ئىشلىمەك ) ، رەۋىش بىلەن پېئىل (ئاران تۈگەتمەك ، ئەتەي بۇزماق ) ، سان ـ مىقدار بىلەن پېئىل (بىر قەپەس ئېلىشماق ، ئىككى نۆۋەت بارماق ) ، تەقلىد سۆز بىلەن پېئىل (ۋىلىق ـ ۋىلىق كۈلمەك ، ۋاراق‐ۋاراق قايىنىماق ) ، رەۋىش بىلەن سۈپەت (بەك چىرايلىق ، خېلى سالقىن ) سۆز تەرتىپى ئارقىلىق ئۆزئارا بىرىكىپ ھالەتلىك سۆز بىرىكمە-

لىرىنى ھاسىل قىلالايدۇ .

ئۇيغۇر تىلىدا ئىسىم بىلەن پېئىل چىقىش كېلىش قوشۇمچىسى (تاغدىن چۈشمەك ، سۇدىن سۈزمەك ) ، بېرىش كېلىش قوشۇمچىسى (ئۆيگە بارماق ، دەرسكە چىقماق ) ، ئورۇن كېلىش قوشۇمچىسى (ئۇرۇمچىدە ئوقۇماق ، ئېتىزدا ئىشلىمەك ) ، چەك كېلىش قوشۇمچىسى (چۈشكىچە ئۇخلىماق ، تۇرپانغىچە بارماق ) ، ئوخشاتما كېلىش قوشۇمچىسى (ئوتتەك قىزىماق ، سۇدەك ئاقماق ) ، تەڭلەشتۈرمە كېلىش قوشۇمچىسى (تۇرسۇنچىلىك ئوقۇماق ، ئادىلچىلىك سۆزلىمەك )دىن ئىبارەت تۈرلىگۈچى قوشۇمچىلار ئارقىلىق ئۆزئارا بىرىكىپ ھالەتلىك سۆز بىرىكمىلىرىنى ھاسىل قىلسا ، ئىسىم ، سان ۋە ئالماشلار بىلەن سۈپەتلەر چىقىش كېلىش قوشۇمچىسى (تاشتىن قاتتىق ، ئوندىن ئارتۇق ، مەندىن ئېگىز ) ، بېرىش كېلىش قوشۇمچىسى (مەكتەپكە يېقىن ، ساڭا ئامراق ، ئوتتۇزدىن كۆپ ) ، ئوخشاتما كېلىش قوشۇمچىسى (پولاتتەك مۇستەھكەم ، مەندەك ئاق )دىن ئىبارەت تۈرلىگۈچى قوشۇمچىلارنىڭ ۋاستىسى بىلەن ئۆزئارا بىرىكىپ ھالەتلىك سۆز بىرىكمىلىرىنى ھاسىل قىلىدۇ .

ئۇيغۇر تىلىدا يەنە ئىسىملار بىلەن پېئىل تىركەلمىلەرنىڭ ۋاستىسى ئارقىلىق ئۆزئارا بىرىكىپ ھالەتلىك سۆز بىرىكمىسىنى ھاسىل قىلىدۇ . مەسىلەن :

تېلېفون ئارقىلىق كۆرۈشمەك ، قەلەم بىلەن يازماق

ئۆزى توغرۇلۇق سۆزلىمەك ، خەلق ئۈچۈن ئىشلىمەك

3 . تولدۇرغۇچىلىق سۆز بىرىكمىسى

تولدۇرغۇچىلىق سۆز بىرىكمىسى ئىككى قىسىمدىن تەركىب تاپىدۇ . ئۇلاردىن كېيىنكى قىسىم ھەرىكەتنى ، ئالدىنقى قىسىم ھەرىكەت ئوبيېكتىنى بىلدۈرىدۇ . ھەرىكەتنى بىلدۈرىدىغان قىسىم ئۆتۈملۈك پېئىلدىن ، ھەرىكەتنىڭ ئوبيېكتىنى بىلدۈرىدىغان قىسىم تۇرغۇن سۆزلەر (ئىسىم خاراكتېرلىك سۆزلەر )دىن تەركىب تاپىدۇ . ئالدىنقى قىسىم

بىلەن كېيىنكى قىسىم ئىسىملارنىڭ چۈشۈم كېلىش قوشۇمچىسى ئار-قىلىق ئۆزئارا باغلىنىدۇ. مەسىلەن:

ۋەتەننى سۆيمەك، يۇرتنى سېغىنماق، كىنو كۆرمەك

تاماق يېمەك، كىتاب ئوقۇماق، سۇ ئىچمەك...

4. ئىگە - خەۋەرلىك سۆز بىرىكمىسى

ئىگە - خەۋەرلىك سۆز بىرىكمىسى ئىككى قىسىمدىن تۈزۈلىدۇ. ئالدىنقى قىسىم (ئىگە بۆلەك) بايان قىلىنغۇچىنى، كېيىنكى قىسىم (خەۋەر بۆلەك) بايان قىلىنغۇچىنى بىلدۈرىدۇ ھەمدە خەۋەر بۆلىكى پېئىلنىڭ ئىسىمداش، سۈپەتداش، رەۋىشداش شەكلىدىن ياكى سۈپەتتىن تۈزۈلۈپ ئىگە بۆلەك بىلەن بىر پۈتۈن گەۋدە سۈپىتىدە جۈملىنىڭ مۇئەييەن بىر بۆلىكى بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

① باھا ئۆسۈشنىڭ زىيىنى كۆپ.

② بىز يامغۇر يېغىشتىن بۇرۇن كېلىپ بولدۇق.

③ ئۇنىڭ كەتكۈسى كەلگەنلىكىنى بىلىمەن.

④ ئادىل تۇرغان ئۆي مۇشۇ.

⑤ ئۇنىڭ بېشى قېيىپ يىقىلىپ چۈشتى.

⑥ يېنىمدىن بىر ماشىنا گۈر قىلىپ ئۆتۈپ كەتتى.

⑦ چىراغ ئۆچكۈچە يېتىۋالايلى.

⑧ ئالى ئاتقۇچە ئىشلەپ بولىمەن.

⑨ ئۇيگە بويى ئېگىز بىر يىگىت كىرىپ كەلدى.

⑩ بالا بار ئۆي بازار، بالا يوق ئۆي مازار.

شۇنى ئەسكەرتىپ ئۆتۈش كېرەككى، ئەگەر خەۋەر بۆلەك پېئىلدىن تۈزۈلۈپ ئىگە بۆلەك بىلەن شەخس ۋە سان جەھەتتە ماسلاشتۇرۇلسا ياكى ئىگە بۆلەك بىلەن خەۋەر بۆلەك بىر پۈتۈن گەۋدە سۈپىتىدە جۈملىنىڭ مۇئەييەن بىر بۆلىكى بولۇپ كەلمەستىن، ئايرىم - ئايرىم ھالدا ئەينى بىر جۈملىنىڭ ئىگىسى ۋە خەۋىرى بولۇپ كەلسە، ئىگە - خەۋەرلىك سۆز بىرىكمىسى ئەمەس، بەلكى ئىگە - خەۋەرلىك جۈملە ھېسابلىنىدۇ.

2 ) سۆز بىرىكمىسى قاتلام سانىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا ئاساسەن (نەچچە سۆزدىن تۈزۈلگەنلىكىگە ئاساسەن ) ئاددىي سۆز بىرىكمىسى ۋە مۇرەككەپ سۆز بىرىكمىسى دەپ ئىككى تۈرگە ئايرىلىدۇ .

(1) ئاددىي سۆز بىرىكمىسى

ئىككىلا مۇستەقىل سۆزدىن تۈزۈلگەن سۆز بىرىكمىسى ئاددىي سۆز بىرىكمىسى ، دەپ ئاتىلىدۇ . ئاددىي سۆز بىرىكمىسى بىرلا قاتلاملىق بولىدۇ . مەسىلەن :

شەھەر ئەتراپى ، گەپ ئاڭلاش ، تۇرمۇش بۇيۇملىرى ، كېچە - كۈندۈز ئىشلىمەك ، ۋاراڭ - چۇرۇڭ قىلىپ ، ماقالىنى يېزىپ بولماق ، تەكشۈرۈش ۋە تەتقىق قىلىش ، كۆزقارىشىنى بايان قىلماق .

(2) مۇرەككەپ سۆز بىرىكمىسى

ئۈچ ياكى ئۈچتىن ئارتۇق مۇستەقىل سۆزدىن تۈزۈلگەن سۆز بىرىكمىسى مۇرەككەپ سۆز بىرىكمىسى ، دەپ ئاتىلىدۇ . مۇرەككەپ سۆز بىرىكمىسى ئىككى ياكى ئۈچتىن ئارتۇق قۇرۇلما قاتلىمىغا ئىگە بولىدۇ . مەسىلەن :

يېقىملىق نەي ئاۋازى ، شەھەر ئەتراپى رايونى ، سۆيۈپ قۇرۇغان يالغۇز تۈگمەن ، ۋەتەن ۋە خەلقنى قىزغىن سۆيمەك ، بايىقى ئېگىز بويلۇق ئۇرۇشقاق ئادەم . بىر ئايلىق تاماق بېلىتى...

مەيلى ئاددىي سۆز بىرىكمىسى بولسۇن ياكى مۇرەككەپ سۆز بىرىكمىسى بولسۇن ، ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىسى جۈملىدە قۇرۇلۇش ماتېرىيال- لىق رول ئوينايدۇ . يەنى ، جۈملىنىڭ مۇئەييەن بىر بۆلىكى بولۇپ كېلىدۇ . ئۇلار پەقەت قۇرۇلما قاتلاملىرىنىڭ سانىنىڭ ئاز - كۆپلۈكى جەھەتتىنلا پەرقلىنىدۇ . يەنى ، ئاددىي سۆز بىرىكمىسى پەقەت بىرلا قۇرۇلما قاتلىمىغا ئىگە بولسا (بىرلا سىنتاكسىسلىق مۇناسىۋەتكە ئىگە بولسا ) ، مۇرەككەپ سۆز بىرىكمىسى ئىككى ياكى ئۈچتىن ئارتۇق قۇرۇلما قاتلىمىغا (ئىككى ياكى ئۈچتىن ئارتۇق سىنتاكسىسلىق مۇنا- سىۋەتكە ) ئىگە بولىدۇ . مۇرەككەپ سۆز بىرىكمىسى ئاددىي سۆز بىرىك-

مىسى ئاساسىدا شەكىللەنگەن بولۇپ، ئۇ ئاددىي سۆز بىرىكمىسىنىڭ بىۋاسىتە تەركىبلىرىنىڭ كېڭىيىشى ئارقىلىق مۇرەككەپلىشىدۇ. يەنى، ئاددىي سۆز بىرىكمىسىنىڭ بىۋاسىتە تەركىبى ئۆزىنى يادرو قىلغان ئاساستا باشقا سۆزلەر بىلەن بىرىكىدۇ. ئۇنىڭدىن ھاسىل بولغان بۇ يېڭى سۆز بىرىكمىسى يەنە ئۆزىنى يادرو قىلىپ باشقا سۆز ياكى سۆز بىرىكمىسى بىلەن بىرىكىدۇ. ئاددىي سۆز بىرىكمىسى ئاساسىدا شەكىللەنگەن مۇرەككەپ سۆز بىرىكمىسى ھەرقانچە مۇرەككەپ بولسىمۇ، ئاددىي سۆز بىرىكمىسىنىڭ نۇسخىسىدىن چەتنەپ كېتەلمەيدۇ.

3) سۆز بىرىكمىسى تەركىبىدىكى سۆزلەرنىڭ ياكى بېقىندۇرغۇچى سۆزنىڭ جۈملىدىكى گىرامماتىكىلىق فۇنكسىيىسىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا ئاساسەن تۆۋەندىكىدەك تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ:

(1) ئىسىم خاراكتېرلىك سۆز بىرىكمىسى

ئىسىمنى ئاساسىي گەۋدە قىلغان ياكى بېقىندۇرغۇچى سۆز ئىسىمدىن بولغان، جۈملىدىكى رولى ئىسىمغا ئوخشاش بولغان سۆز بىرىكمىسى ئىسىم خاراكتېرلىك سۆز بىرىكمىسى (ئىسىملىق سۆز بىرىكمىسى)، دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن:

① خەلقىنىڭ مېلى — ئۆزىنىڭ جېنى.

② بىلەمسەن، ئۆزىنىڭ بايلىقىمىز، خۇشاللىقىمىز ناخشا بىلەن ئۇسسۇل.

③ سەمەت كۆڭلى يۇمشاق ئادەم.

④ ئۇ قومۇلدىن كەلگەن ئەخمەتنى، تۇرپاندىن كەلگەن ئابلىمىتنى ئاللىۋالدى.

⑤ تاماق يەيدىغان ۋاقىتتا بارامسىز؟

⑥ باھارنىڭ ئاكىسىنىڭ بالىسى قايتىپ كەپتۇ.

(2) سۈپەت خاراكتېرلىك سۆز بىرىكمىسى

سۈپەتنى ئاساسىي گەۋدە قىلغان ياكى بېقىندۇرغۇچى سۆز سۈپەتتىن بولغان، جۈملىدىكى رولى سۈپەتكە ئوخشاش بولغان سۆز بىرىكمىسى سۈپەت خاراكتېرلىك سۆز بىرىكمىسى، دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن:

① بىزنىڭ ئىستىقبالىمىز گۈزەل ھەم پارلاق.

② بالا بار ئۆي بازار، بالا يوق ئۆي مازار.

③ ئۇ خەتنى چىرايلىق يېزىدۇ.

④ بۇ يەر بەك مەنزىرىلىك ئىكەن.

(3) رەۋىش خاراكتېرلىك سۆز بىرىكمىسى

رەۋىشنى ئاساسىي گەۋدە قىلغان ياكى بېقىندۇرغۇچى سۆز رەۋىشتىن بولغان، جۈملىدىكى گرامماتىكىلىق رولى رەۋىشكە ئوخشاش بولغان سۆز بىرىكمىسى رەۋىش خاراكتېرلىك سۆز بىرىكمىسى، دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن:

① مەن چاغاندىن بۇرۇن قايتىپ كېلىمەن.

② ئەته سائەت سەككىزدە يىغىن بار، سەل بالدۇر كېلەرسىز.

③ ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن يۇرتۇمغا قايتىمەن.

(4) ئىسىمداش خاراكتېرلىك سۆز بىرىكمىسى

ئىسىمداشنى ئاساسىي گەۋدە قىلغان ياكى بېقىندۇرغۇچى سۆز ئىسىمداشتىن بولغان، جۈملىدىكى گرامماتىكىلىق رولى ئىسىمغا ئوخشاش بولغان سۆز بىرىكمىسى ئىسىمداش خاراكتېرلىك سۆز بىرىكمىسى، دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن:

① تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش — بىزنىڭ نىشانىمىز.

② كىتاب ئوقۇشنىڭ پايدىسى كۆپ.

③ پۇتبول ئويناشنى، سۇ ئۈزۈشنى مەنمۇ بىلىمەن.

④ مەن لەگمەننى سوغۇق يېيىشكە ئادەتلەنگەن.

⑤ كېسەلنىڭ ئالدىنى ئېلىشنىڭ ئەڭ ئۈنۈملۈك ئۇسۇلى — بەدەن چېنىقتۇرۇش.

(5) سۈپەتداش خاراكتېرلىك سۆز بىرىكمىسى

سۈپەتداشنى ئاساسىي گەۋدە قىلغان ياكى بېقىندۇرغۇچى سۆز سۈپەتداشتىن بولغان ھەم جۈملىدىكى گرامماتىكىلىق رولى سۈپەتكە باراۋەر

بولغان سۆز بىرىكمىسى ...
مەسىلەن :

① دەرسنى ئاڭلايدىغان كىشىلەر بارمۇ ؟

② ئۇ يەرگە بارغان كىم ؟

③ سىز ئالغان بۇ كىتاب بەك ياخشى ئىكەن .

④ باتۇر بىر ئۆلەر ، قورققاق مىڭ ئۆلەر .

⑤ ئۇ ئاڭلىغاننى بىزمۇ ئاڭلىغان .

⑥ قادىر كۆزى كۆرمەيدىغان ، قولى تۇتمايدىغان بىرسى بىلەن توي قىپتۇ .

(6) رەۋىشداش خاراكتېرلىك سۆز بىرىكمىسى

رەۋىشداشنى ئاساسىي گەۋدە قىلغان ياكى بېقىندۇرغۇچى سۆز رەۋىشداشتىن بولغان ھەم جۈملىدىكى رولى رەۋىشلەرگە ئوخشاش بولغان سۆز بىرىكمىسى رەۋىشداش خاراكتېرلىك سۆز بىرىكمىسى ، دەپ ئاتىلىدۇ . مەسىلەن :

① ئۇ ساقىلىنى تۇتاملاپ تۇرۇپ قالدى .

② ساراڭلارچە ، ئەسەبىيلەرچە كۈلۈپ ، ۋارقىراپ - جارقىراپ ، چەكسىز قۇملۇق ئىچىگە ئىچكىرىلەپ كىرىپ كەتتى .

③ ئۇقىز مۇشۇ باغدا ئۈنۈپ ، ئەمتىلەپ ، يۈگۈرۈپ ، كۈلۈپ ، باغاچلارغا يامىشىپ يۈرۈپ ھايات بىلەن تونۇشقان .

④ كىتابنى مەكتەپكە كەلگۈچە ئالغاچ كېلەي .

⑤ بىز تاماق يېگەچ پاراڭلىشايلى .

【مۇھاكىمە سوئاللىرى】

1 . سۆز بىرىكمىسى دېگەن نېمە ؟ ئۇ قانداق ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە ؟ مىسال بىلەن چۈشەندۈرۈڭ .

2 . سۆز بىرىكمىسى بىلەن بىرىككەن سۆزنىڭ پەرقى نېمە؟ مىسال بىلەن چۈشەندۈرۈڭ .

3 . سۆز بىرىكمىسى قانداق ئۆلچەملەرگە ئاساسەن قانچە تۈرگە بۆلۈنىدۇ؟ ئۇلار قايسىلار؟

4 . تەڭداش سۆز بىرىكمىسى دېگەن نېمە؟ مىسال بىلەن چۈشەندۈرۈڭ .

5 . بېقىندىلىق سۆز بىرىكمىسى دېگەن نېمە؟ ئۇ ئۆز ئىچىدە قانداق تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ؟ مىسال بىلەن چۈشەندۈرۈڭ .

6 . تولدۇرغۇچىلىق سۆز بىرىكمىسى دېگەن نېمە؟ مىسال بىلەن چۈشەندۈرۈڭ .

7 . ئىگە ـ خەۋەرلىك سۆز بىرىكمىسى دېگەن نېمە؟ مىسال بىلەن چۈشەندۈرۈڭ .

8 . ئاددىي سۆز بىرىكمىسى دېگەن نېمە؟ مۇرەككەپ سۆز بىرىكمىسى دېگەنچۇ؟ مىسال بىلەن چۈشەندۈرۈڭ .

9 . ئىسىم خاراكتېرلىك سۆز بىرىكمىسى دېگەن نېمە؟ مىسال بىلەن چۈشەندۈرۈڭ .

10 . سۈپەت خاراكتېرلىك سۆز بىرىكمىسى دېگەن نېمە؟ مىسال بىلەن چۈشەندۈرۈڭ .

11 . رەۋىش خاراكتېرلىك سۆز بىرىكمىسى دېگەن نېمە؟ مىسال بىلەن چۈشەندۈرۈڭ .

12 . ئىسىمداش خاراكتېرلىك سۆز بىرىكمىسى دېگەن نېمە؟ مىسال بىلەن چۈشەندۈرۈڭ .

13 . سۈپەتداش خاراكتېرلىك سۆز بىرىكمىسى دېگەن نېمە؟ مىسال بىلەن چۈشەندۈرۈڭ .

14 . رەۋىشداش خاراكتېرلىك سۆز بىرىكمىسى دېگەن نېمە؟ مىسال بىلەن چۈشەندۈرۈڭ .

## § 4 . ئاددي جۈملە

### 1 . جۈملە ھەققىدە چۈشەنچە

سۆز ۋە سۆز بىرىكمىسىدىن تۈزۈلۈپ، نىسبىي تولۇق ئاياغلاشقان ئوي - پىكىرنى بىلدۈرىدىغان ۋە بەلگىلىك ئىنتوناتسىيىگە ئىگە بولغان تىلنىڭ ئاساسىي ئالاقە بىرلىكى جۈملە، دەپ ئاتىلىدۇ. جۈملە تۆۋەندىكىدەك ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە:

(1) قۇرۇلما نۇقتىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، جۈملە سۆز ۋە سۆز بىرىكمىلىرىنىڭ مۇئەييەن سىنتاكسىسلىق مۇناسىۋەتتە بىرىكىشىدىن ھاسىل بولىدۇ. مەسىلەن:

① ئۆتكەن يىلى مەكتىپىمىزگە 2000 ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىندى.

② ۋەتەننى قوغداش بىزنىڭ مۇقەددەس بۇرچىمىز.

③ ياتىقىمىز ئازادە، يورۇق.

④ ئېتىمنى قەيەرگە باغلايمەن؟

⑤ جېنىم دوستۇم، ئانامغا ئېيت، مېنى ئۇنىڭغا بەرسۇن.

⑥ ئاپلا، مەن كىرمىسەم بوپتىكەن - ھە!

⑦ بۇ لۇغەت نىجاتنىڭ.

(2) رولىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، جۈملە ئالاقىلىشىشتىكى تىلنىڭ ئاساسلىق بىرلىكى، چۈنكى جۈملە توپى، بىر مەيدان دوكلات، بىر پارچە ماقالە قاتارلىقلارمۇ ئادەتتە ئالاقە بىرلىكى ھېسابلىنىدۇ. لېكىن، ئۇلار ئۆز ئارا ئالاقىلىشىشتا يەككە (مۇستەقىل) ھالدا قوللىنىشقا بولىدىغان جۈملىدىن ئىبارەت بۇ تىلنىڭ ئاساسىي ئالاقە بىرلىكىدىن تەركىب تاپقان بولىدۇ. شۇڭا، جۈملە تىلنىڭ ئاساسىي ئالاقە بىرلىكى ھېسابلىنىدۇ.

(3) فونېتىكىلىق ئالاھىدىلىكى نۇقتىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ھەر قانداق بىر جۈملە مۇئەييەن ئىنتوناتسىيىگە ئىگە بولىدو. كۆندىلىك

تۇرمۇشتا ، كىشىلەر ھەمىشە باشقىلار گەپ قىلغان چاغدىكى ئىنتوناتسىيىدىن قارشى تەرەپنىڭ بىر جۈملە گەپنى قىلىپ بولغانلىقى ياكى گەپنىڭ يېرىمىدا توختاپ قالغانلىقىنى پەرەز قىلالايدۇ . شۇڭا ، مەلۇم ئۇزۇندىنىڭ جۈملە ياكى جۈملە ئەمەسلىكىنى پەرق ئېتىشتە ، ئىنتوناتسىيە مۇھىم ئاساس بولىدۇ . ئىنتوناتسىيە جۈملىنى سۆز ۋە سۆزبىرىكمىلىرىدىن پەرقلەندۈرۈشتە ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينايدۇ . مۇئەييەن شارائىتتا ، سۆز ياكى سۆز بىرىكمىسى ئىنتوناتسىيىگە ئىگە قىلىنسا ، ئۇ سۆز ياكى سۆز بىرىكمىسى جۈملە بولۇپ ھېسابلىنىدۇ . مەسىلەن :

① كېچە . ئەتراپ دىمىق ۋە بۇرۇقتۇرۇم .

② ئەتىياز . قارلار ئېرىشكە باشلىدى .

مانا بۇ جۈملىلەردىكى «كېچە» ، «ئەتىياز» يۇقىرىقىدەك تىل شارائىتىدا ئىنتوناتسىيىگە ئىگە قىلىنىپ ۋە مۇئەييەن كونتېكستقا كىرىپ جۈملىلىك خۇسۇسىيەتكە ئىگە قىلىنغان . دېمەك ، ئۇلار جۈملە ھېسابلىنىدۇ .

① — ئىسمىڭىز نېمە ؟

② — غالىپ .

③ — قايسى مەكتەپتە ئوقۇيسىز ؟

④ — شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا .

⑤ — قايسى فاكۇلتېتتا ؟

⑥ — تىل فاكۇلتېتىدا .

⑦ — قايسى كەسىپتە ؟

⑧ — خەنزۇ تىلىدا .

⑨ — نەچچىنچى يىللىقتا ؟

⑩ — ئىككىنچى يىللىقتا .

بۇ دىئالوگدا مىسال ②④⑤⑥⑦⑧⑨⑩ لاردىكى سۆز ياكى سۆز بىرىكمىلىرىمۇ ئۆز ئالدىغا ئايرىم - ئايرىم جۈملە بولۇپ ھېسابلىنىدۇ . چۈنكى ، ئۇلارمۇ يۇقىرىقىدەك تىل شارائىتىدا ئىنتوناتسىيىگە ئىگە قىلىنغان . دېمەك ، سۆز ياكى سۆز بىرىكمىلىرىنىڭ سانىنىڭ ئاز -

كۆپ بولۇشى جۈملىنىڭ ھاسىل قىلىنىشىنىڭ شەرتى ھېسابلانمايدۇ.

جۈملىنىڭ يەنە بىر فونېتىكىلىق ئالاھىدىلىكى شۇكى، ئۇنىڭ ئالدى ـ كەينىدە تىنىق ياكى پائۇزا بولىدۇ. بۇ خىل تىنىق ياكى پائۇزا جۈملە بۆلەكلىرى ئوتتۇرىسىدىكى ۋە تارماق جۈملىلەر ئوتتۇرىسىدىكى تىنىق ياكى پائۇزىدىن نىسبەتەن چوڭ ياكى ئۇزۇن بولىدۇ.

جۈملە ئىنتوناتسىيىسى يەنە جۈملە تۈرلىرىنى پەرقلەندۈرۈشتىمۇ مۇھىم رول ئوينايدۇ. چۈنكى، جۈملە ئىنتوناتسىيىسىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا ئاساسەن بايان جۈملە، سوئال جۈملە، بۇيرۇق جۈملە ۋە ئۈندەش جۈملە دېگەن تۆت تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

(4) مەزمۇن جەھەتتىن ئالغاندا، جۈملە نىسبىي تولۇق ئاياغلاشقان ئوي ـ پىكىرنى ئىپادىلەيدۇ. چۈنكى، بىر جۈملە ھەر قانچە ئۇزۇن بولسىمۇ، كىشىلەرنىڭ تۈرلۈك مۇرەككەپ ئوي ـ پىكىرلىرى شۇ بىر جۈملىدە بىردىنلا ئىپادىلىنىپ كېتەلىشى ناتايىن. ئۇ چوقۇم ئۇنىڭ ئالدى ۋە كەينىدىكى باشقا جۈملىلەر بىلەن بىرلەشكەندىلا ئاندىن تولۇق ئاياغلاشقان بىر ئوي ـ پىكىرنى ئىپادىلەيدۇ. يەنە بىر جەھەتتىن، جۈملىدە ئىپادىلەنگەن ئوي ـ پىكىر چوقۇم مۇئەييەن تىل شارائىتىنى ئۆزىگە شەرت قىلىدۇ. جۈملە مەنىسى مۇئەييەن تىل شارائىتىدا روشەنلىشىدۇ. شۇڭا، ئادەتتە، جۈملە نىسبىي تولۇق ئاياغلاشقان ئوي ـ پىكىرنى ئىپادىلەيدۇ دەپ قارىلىدۇ.

(5) جۈملىدە مۇئەييەن بىر ئوي ـ پىكىر ئىپادىلىنىش بىلەن بىرگە يەنە تۈرلۈك ھېس ـ تۇيغۇلارمۇ ئىپادىلىنىدۇ. چۈنكى، جۈملىدە سۆزلىگۈچىنىڭ مەلۇم بىر شەيئى ياكى ھادىسىگە قارىتا مۇئەييەنلەشتۈرۈش، ئىنكار قىلىش، سوئال قويۇش، بۇيرۇق قىلىش قاتارلىق ئوي ـ پىكىرلىرى ئىپادىلىنىش بىلەن بىرگە يەنە شۇ شەيئى ياكى ھادىسىگە قارىتا خۇشاللىنىش، ھاياجانلىنىش، ھەيران قېلىش، بىزار بولۇش، ياقتۇرماسلىق قاتارلىق تۈرلۈك ھېس ـ تۇيغۇلىرىمۇ قوشۇمچە ئىپادىلىنىدۇ.

(6) جۈملە بايانىي خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولىدۇ. جۈملىنىڭ بايان

خۇسۇسىيىتى سۆزلىگۈچىنىڭ گەپ مەزمۇنىغا بولغان سۇبيېكتىپ پوزىتسىيىسى (نېمىنى مۇئەييەنلەشتۈرگەن، نېمىنى ئىنكار قىلغان، قانداق ئارزۇنى ئىپادىلىگەن، قانداق مەسىلىنى ئوتتۇرىغا قويغان) گە قارىتىلغان.

(7) جۈملە ئۆزىدىن چوڭ قۇرۇلمىنىڭ ئىچىگە ئېلىنماسلىقى كېرەك. ئەگەر جۈملە ئۆزىدىن چوڭ قۇرۇلمىنىڭ ئىچىگە ئېلىنسىلا، ئۆزىنىڭ جۈملىلىك خۇسۇسىيىتىنى يوقىتىپ، جۈملىنىڭ مۇئەييەن بىر بۆلىكىگە ئايلىنىپ قالىدۇ. مەسىلەن:

① ئاش بار.

② ئاش بار يەردە جان بار.

③ ئاش بار يەردە جان بار، دەپ توغرا ئېيتقان.

④ ئاش بار يەردە جان بار، دەپ توغرا ئېيتقانلىقىنى بىلىمىز.

⑤ قان چىقتى.

⑥ جان چىقتى.

⑦ قان چىقتى — جان چىقتى.

سۆز بىرىكمىسى بىلەن جۈملە بىر - بىرىدىن پەرقلىنىدۇ.

(1) سۆز بىرىكمىسىدە ئىنتوناتسىيە بولمايدۇ. جۈملىدە بولسا مۇئەييەن ئىنتوناتسىيە بولىدۇ.

(2) سۆز بىرىكمىلىرى ئوتتۇرىسىدىكى تىنىق نىسبەتەن قىسقا، جۈملىلەر ئوتتۇرىسىدىكى تىنىق نىسبەتەن ئۇزۇن بولىدۇ.

(3) سۆز بىرىكمىسى جۈملىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى قۇرۇلما بىرلىكى بولۇپ، ئۇنىڭدا بايان خۇسۇسىيىتى بولمايدۇ، جۈملىدە بولسا بايان خۇسۇسىيىتى بولىدۇ.

(4) سۆز بىرىكمىسى ئۇقۇمنى ئىپادىلەيدۇ، جۈملە بولسا ئاياغلاشقان ئوي - پىكىرنى ئىپادىلەيدۇ.

(5) سۆز بىرىكمىسىدە قاراتما بۆلەك، قىستۇرما بۆلەك، ئۇندەش بۆلەك ۋە تۇرلۇك ھېس - تۇيغۇ تەركىبلىرىگە ئوخشاش قوشۇمچە تەركىبلەر بولمايدۇ. جۈملىدە بولسا ئۇنداق قوشۇمچە تەركىبلەر بولى-

دۇ .

(6) سۆز بىرىكمىسى جۈملىدىن بىر دەرىجە تۆۋەن تۇرىدىغان گرامماتىكىلىق بىرلىك ، جۈملە بولسا سۆز بىرىكمىسىدىن بىر دەرىجە يۇقىرى تۇرىدىغان گرامماتىكىلىق بىرلىك .

## 2 . جۈملە تىپلىرى

جۈملىلەرنى ئىچكى قۇرۇلما جەھەتتىن تەھلىل قىلىش نەتىجىسىدە ھاسىل قىلىنغان سىنتاكسىسلىق قۇرۇلما قېلىپى ياكى قۇرۇلما نۇسخىسى جۈملە تىپى ، دەپ ئاتىلىدۇ ، مەسىلەن :

① بالىلار تاماق يەۋاتىدۇ .

② مەن ماقالە يېزىۋاتىمەن .

③ باشقىلار مۇسابىقە كۆرۈۋاتىدۇ .

..............................

مانا بۇ جۈملىلەرنىڭ ئىچكى قۇرۇلمىسى تەھلىل قىلىنىپ ۋە ئۇلاردىكى ئورتاقلىقلار يىغىنچاقلىنىپ «ئىگە - تولدۇرغۇچى - خەۋەر» لىك جۈملە تىپى ھېسابلىنىدۇ .

① ئۈرۈمچى — شىنجاڭنىڭ مەركىزى .

② پاشا ئىشان — داڭلىق ناخشىچى .

③ ل . مۇتەللىپ — شائىر .

..............................

مانا بۇ جۈملىلەرنىڭ ئىچكى قۇرۇلمىسى تەھلىل قىلىنىپ ۋە ئۇلاردىكى ئورتاقلىقلار يىغىنچاقلىنىپ «ئىگە - خەۋەر» لىك جۈملە تىپى دەپ قارىلىدۇ .

جۈملە تىپى تۆۋەندىكىدەك ئالاھىدىلىككە ئىگە :

1 . جۈملە تىپى ئابستراكتلىققا ئىگە بولىدۇ . ھەر قانداق بىر تىلدا كونكرېت جۈملىلەرنىڭ سانى چەكسىز بولىدۇ . ھەر قانداق بىر تىلدىكى ئەنە شۇنداق سانسىزلىغان كونكرېت جۈملىلەرنى سانى تولىمۇ چەكلىك بولغان تىپلارغا يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ . شۇڭا ، جۈملە تىپى سانسىزلىغان

كونكرېت جۈملىلەرگە نىسبەتەن ئابستراكت بولىدۇ. دېمەك، جۈملىنىڭ سانى چەكسىز، جۈملە تىپىنىڭ سانى چەكلىك بولىدۇ.

2. جۈملە تىپى ھاسىلچانلىققا ئىگە بولىدۇ. چۈنكى، كىشىلەر شۇ چەكلىك جۈملە تىپىنى ئىگىلىۋالغان ھامان، شۇ جۈملە تىپىنىڭ ھەربىر ئورنىغا ئوخشاش گىراماتىكىلىق رولغا ئىگە سۆزلەرنى ئالماشتۇرۇپ قويۇش ئارقىلىق، ئۇ جۈملە تىپىدىن سانسىزلىغان جۈملىلەرنى ھاسىل قىلالايدۇ.

3. جۈملە تىپى سىستېمىلىقلىققا، قاتلاملىقلىققا ئىگە بولىدۇ. چۈنكى، جۈملە تىپى بىلەن جۈملە تىپى ئورگانىك بىرىكىدۇ. يۇقىرى قاتلامدىكى جۈملە تىپى ئىچىدە ئوتتۇرا قاتلامدىكى جۈملە تىپى بولىدۇ. ئوتتۇرا قاتلامدىكى جۈملە تىپى ئىچىدە تۆۋەن قاتلامدىكى جۈملە تىپى بولىدۇ. ئەنە شۇنداق يۇقىرى، ئوتتۇرا ۋە تۆۋەن قاتلامدىكى جۈملە تىپلىرى ئۆزئارا مۇناسىۋەتلىك بولغان ۋە بىر ـ بىرىنى شەرت قىلىدىغان جۈملە تىپى سىستېمىسىنى ھاسىل قىلىدۇ. شۇڭا، ھەربىر جۈملە تىپى شۇ تىلدىكى جۈملە تىپى سىستېمىسىدا ئۆزىگە خاس ئورۇنغا ئىگە بولۇپ، ئۇ قايسى قاتلامدا بولسا، شۇ جۈملە تىپى تۈرىگە مەنسۇپ بولىدۇ.

كونكرېت جۈملىلەر دائىم نۇرغۇن ئامىللاردىن تەركىب تاپىدۇ. ئۇلارنىڭ ئىچىدە بەزىلىرى جۈملە تىپىنىڭ ھاسىل بولۇشىغا بىۋاستە تەسىر كۆرسەتسە، يەنە بەزىلىرى جۈملە تىپىغا قىلچە تەسىر كۆرسەتمەيدۇ. شۇڭا، جۈملە تىپى ئۈستىدە تەھلىل يۈرگۈزگەندە، جۈملە تىپىغا مۇناسىۋەتسىز ياكى جۈملە تىپىغا تەسىر كۆرسەتمەيدىغان ئامىللار نەزەردىن ساقىت قىلىنىشى كېرەك. جۈملە تىپىغا تەسىر كۆرسەتمەيدىغان ئامىللار تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت:

(1) جۈملە ئىنتوناتسىيىسىگە مۇناسىۋەتلىك ئامىللار، مەسىلەن: بايان، سوئال، بۇيرۇق، ئۈندەش، تەكىتلەش قاتارلىق ئامىللار ھەم شۇلارغا مۇناسىۋەتلىك سۆز ـ ئىبارىلەر جۈملە تىپىغا تەسىر كۆرسەتمەيدۇ. مەسىلەن:

① قادىر كەلدى . (بايان)

② قادىرمۇ كەلدى . (تەكىت ھەم بايان)

③ قادىر كەلدىمۇ ؟ (سوئال)

④ قادىر كەلدى ؟ (سوئال)

⑤ قادىرمۇ كەلدىمۇ ؟ (تەكىت ھەم سوئال)

⑥ قادىر كەلسۇن . (بۇيرۇق)

⑦ قادىر كەلدى ! (ئۈندەش)

بۇ يەتتە جۈملىنىڭ ئىنتوناتسىيىسى ۋە تەكىتلەش نۇقتىسى گەرچە بىر ـ بىرىگە ئوخشاش بولمىسىمۇ ، لېكىن ئۇلارنىڭ جۈملە تىپى ئوخشاش بولۇپ ، ئۇلار ئوخشاشلا «ئىگە ـ خەۋەرلىك» جۈملە تىپىغا كىرىدۇ .

(2) جۈملىنىڭ مۇستەقىل بۆلەكلىرى . مەسىلەن : قاراتما بۆلەك ، قىستۇرما بۆلەك ۋە ئۈندەش بۆلەكلەر جۈملە تىپىغا تەسىر كۆرسەتمەيدۇ . مەسىلەن :

① ھەي كۆپچىلىك ، ئەڭ ياخشىسى ، سىلەر ئادىلنى ئېلىپ كېتىڭلار .

② ئەپسۇسكى ، سىلەر ئادىلنى ئېلىپ كېتىپسىلەر .

③ ھەي ئىسىت ، سىلەر ئادىلنى ئېلىپ كېتىپسىلەر ئەمەسمۇ ؟

مانا بۇ جۈملىلەر تەركىبىدىكى «ھەي كۆپچىلىك» دېگەن قاراتما بۆلەك ، «ئەڭ ياخشىسى» ، «ئەپسۇسكى» دېگەن قىستۇرما بۆلەك ۋە «ھەي ئىسىت» ، «ئەمەسمۇ» دېگەن ئۈندەش بۆلەكلەر جۈملە تەركىبىدىن چىقىرىۋېتىلسىمۇ ، ئۇ جۈملىلەر ئوخشاشلا «ئىگە ـ تولدۇرغۇچى ـ خەۋەر» تىپلىق جۈملە ھېسابلىنىدۇ .

(3) رولى ئوخشاش بولغان سۆزلەر ئۆزئارا ئورۇن ئالماشتۇرۇلسا ، جۈملە تىپىغا تەسىر يەتمەيدۇ . مەسىلەن :

① پەرىدە شېرىنگۈلنى تونۇيدۇ . ← شېرىنگۈل پەرىدەنى تونۇيدۇ .

② ئۈرۈمچى — شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ مەركىزى ← شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ مەركىزى — ئۈرۈمچى .

(4) تەكىتلىمەكچى بولغان نۇقتىغا ئاساسەن ، جۈملە بۆلەكلىرىنىڭ نورمال تەرتىپى ئۆزگەرتىلسە ، جۈملە تىپىغا تەسىر يەتمەيدۇ . مەسىلەن :

① قىنىڭغا پاتمايدىغان چوكان - دە ، سەن . ← سەن قىنىڭغا پاتمايدىغان چوكان - دە .

② كۆرەرمىز ئۇنىڭ بىكاردىن - بىكارغا قوش - كالا بېرىپ تۇرغىنىنى ← ئۇنىڭ بىكاردىن - بىكارغا قوش - كالا بېرىپ تۇرغىنىنى كۆرەرمىز .

(5) جۈملە بۆلەكلىرىنىڭ كېڭەيتىلىشى جۈملە تىپىغا تەسىر كۆرسەتمەيدۇ . بەش تۈرلۈك جۈملە بۆلىكى ئىچىدە ئىگە ، خەۋەر ، تولدۇرغۇچى جۈملە تىپىغا مۇناسىۋەتلىك بۆلەكلەر ھېسابلىنىدۇ . ئېنىقلىغۇچى بىلەن ھالەت بولسا ئادەتتىكى ئەھۋالدا جۈملە تىپىنىڭ ھاسىل بولۇشىغا تەسىر كۆرسەتمەيدۇ . مۇنداقچە ئېيتقاندا ، بىر سۆزدىن تەركىب تاپقان ئىگە ياكى خەۋەر ۋە ياكى تولدۇرغۇچى ئېنىقلىغۇچى كېڭەيتىلگەندىن كېيىن ، بىقىندىلىق سۆز بىرىكمىسىنى ھاسىل قىلىدۇ . بۇ سۆز بىرىكمىسىنىڭ گرامماتىكىلىق رولى ئەسلىدىكى سۆزنىڭ گرامماتىكىلىق رولى بىلەن يەنىلا ئوخشاش بولىدۇ . شۇڭا ، جۈملە تىپى ئۆزگەرمەيدۇ . مەسىلەن :

① ئەركىن كىتاب ئوقۇيدۇ .

② ئۇكام ئەركىن بۇ كىتابنى قىزىقىپ ئوقۇيدۇ .

بۇ جۈملىلەردىكى «ئەركىن» بىلەن «ئۇكام ئەركىن»نىڭ ، «كىتاب» بىلەن «بۇ كىتاب»نىڭ ، «ئوقۇيدۇ» بىلەن «قىزىقىپ ئوقۇيدۇ»نىڭ گرامماتىكىلىق رولى ئوخشاش . شۇڭا ، ئۇ ئىككى جۈملە ئوخشاشلا «ئىگە- تولدۇرغۇچى- خەۋەر» تىپلىق جۈملەر دەپ قارىلىدۇ .

(6) جانلىق تىلدا بەزى جۈملە بۆلەكلىرىنىڭ چۈشۈپ قېلىشى جۈملە تىپىنىڭ ئايرىلىشىغا تەسىر كۆرسىتەلمەيدۇ . يەنى ، تولۇقسىز جۈملە بىلەن تولۇق جۈملە ئەينى بىر جۈملە تىپى ھېسابلىنىدۇ . مەسىلەن :

— مەن ئۇنى بايا كۆردۈم .

— كىمنى ؟

— نۇرساننى .

بۇلاردىكى «كىمنى» ، «نۇرساننى» دېگەن تولۇقسىز جۈملىلەر «سەن كىمنى كۆردۈڭ» ، «مەن نۇرساننى كۆردۈم» دېگەن جۈملە دەپ قارىلىپ ، «مەن ئۇنى بايا كۆردۈم» دېگەن تولۇق جۈملە بىلەن بىر تىپقا مەنسۇپ بولىدۇ . يەنى ، «ئىگە- تولدۇرغۇچى- خەۋەر» تىپلىق جۈملە ھېسابلىنىدۇ .

جۈملە تىپى قاتلاملىقتا ئىگە بولىدۇ . ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى جۈملىلەرنى تۆۋەندىكىدەك تۆت قاتلام بويىچە ئوخشاش بولمىغان تىپلارغا ئايرىشقا بولىدۇ .

بىرىنچى قاتلامدا ، جۈملىلەر ئاۋۋال ئاددىي جۈملە ۋە قوشما جۈملە دېگەن ئىككى چوڭ تىپقا ئايرىلىدۇ .

ئىككىنچى قاتلامدا ، ئاددىي جۈملە ئىگە ـ خەۋەرلىك جۈملە ۋە ئىگىسىز جۈملە دېگەن ئىككى تىپقا ، قوشما جۈملە تەڭداش قوشما جۈملە ۋە بېقىندى قوشما جۈملە دېگەن ئىككى تىپقا ئايرىلىدۇ .

ئۈچىنچى قاتلامدا ، ئىگە ـ خەۋەرلىك جۈملە ئىسىملىق ئىگە- خەۋەرلىك جۈملە ، سۈپەتلىك ئىگە ـ خەۋەرلىك جۈملە ، سانلىق ئىگە- خەۋەرلىك جۈملە ، تەقلىد سۆزلۈك ئىگە ـ خەۋەرلىك جۈملە ۋە پېئىللىق ئىگە ـ خەۋەرلىك جۈملە دېگەن بەش جۈملە تىپىغا ؛ ئىگىسىز جۈملە ئىسىملىق ئىگىسىز جۈملە ، پېئىللىق ئىگىسىز جۈملە ۋە ئالاھىدە ئىگىسىز جۈملە دېگەن ئۈچ تىپقا بۆلۈنىدۇ . تەڭداش قوشما جۈملە بىرىكتۈرۈش مۇناسىۋىتىدىكى تەڭداش قوشما جۈملە ، كۈچەيتىش مۇناسىۋىتىدىكى تەڭداش قوشما جۈملە ، قارىمۇقارشى مۇناسىۋەتتىكى تەڭداش قوشما جۈملە ، ئىنزاھ مۇناسىۋەتتىكى تەڭداش قوشما جۈملە دېگەندەك تىپلارغا ؛ بېقىندىلىق قوشما جۈملە سەۋەب ـ نەتىجە مۇناسىۋىتىدىكى بېقىندىلىق قوشما جۈملە ، شەرت مۇناسىۋىتىدىكى بېقىندىلىق قوشما جۈملە ، قارىمۇقارشى مۇناسىۋەتتىكى بېقىندىلىق قوشما جۈملە دېگەندەك تىپلارغا بۆلۈنىدۇ .

تۆتىنچى قاتلامدا ، ئىسىملىق ئىگە - خەۋەرلىك جۈملە ، سۈپەتلىك ئىگە - خەۋەرلىك جۈملە ۋە پېئىللىق ئىگە- خەۋەرلىك جۈملىلەر يەنىمۇ ئىچكىرىلىگەن ھالدا بەزىبىر تىپلارغا بۆلۈنىدۇ .

تۆۋەندە بىز ئاددىي جۈملە تىپلىرى ئۈستىدە توختىلىپ ئۆتىمىز .

ئاددىي جۈملە ئىگە - خەۋەرلىك قۇرۇلمىغا ئىگە - ئىگە ئەمەسلىكىگە ياكى شۇ ئىگە - خەۋەرلىك قۇرۇلمىنىڭ مۇستەقىل ھالدا جۈملە ھاسىل قىلىش - قىلالماسلىقىغا ئاساسەن ئاۋۋال ئىگە - خەۋەرلىك جۈملە ۋە ئىگىسىز جۈملە دېگەن ئىككى تىپقا ئايرىلىدۇ .

1 ) ئىگە - خەۋەرلىك جۈملە

ئىگە بىلەن خەۋەردىن ئىبارەت ئىككى بىۋاستە تەركىبكە پارچىلاپ تەھلىل قىلىشقا بولىدىغان جۈملە ئىگە - خەۋەرلىك جۈملە ، دەپ ئاتىلىدۇ . مۇنداقچە ئېيتقاندا ، تەركىبىدە ئىگە بۆلەك بىلەن خەۋەر بۆلەكنىڭ ھەر ئىككىسى بار بولغان جۈملىلەر ئىگە - خەۋەرلىك جۈملە ھېسابلىنىدۇ . بۇ تىپتىكى جۈملىلەردە خەۋەر بۆلەك جۈملە قۇرۇلمىسىنىڭ يادرو قىسمى ھېسابلىنىدۇ . شۇڭا ، ئىگە - خەۋەرلىك جۈملىلەرنى يەنىمۇ كىچىك تىپلارغا ئايرىشتا ، شۇ جۈملىنىڭ خەۋىرىنىڭ قانداق سۆز تۈركۈمىگە خاس سۆزدىن تۈزۈلگەنلىكىگە ئاساسەن ، ئۇنى تۆۋەندىكىدەك بەش تىپقا ئايرىشقا بولىدۇ :

(1) ئىسىملىق ئىگە - خەۋەرلىك جۈملە

خەۋىرى ئىسىم ياكى ئىسىم خاراكتېرلىك سۆز بىرىكمىلىرىدىن تەركىب تاپقان جۈملىلەر ئىسىملىق ئىگە - خەۋەرلىك جۈملە ، دەپ ئاتىلىدۇ . ئۇيغۇر تىلىدىكى ئىسىملار جۈملىدە تۈرلۈك گراماتىكىلىق شەكىللەردە كېلىش ئارقىلىق ، جۈملىنىڭ خەۋىرى بولۇپ كېلەلەيدۇ . شۇڭا ، ئىسىملىق ئىگە - خەۋەرلىك جۈملىلەرنى يەنە تۆۋەندىكىدەك تىپلارغا بۆلۈشكە بولىدۇ :

① ئىگە (تۈرغۇن سۆز ) - خەۋەر (باش كېلىشتە كەلگەن ئىسىم )

بۇ تىپتىكى جۈملىلەردە خەۋەر بولۇپ كەلگەن ئىسىم باش كېلىش شەكلىدە كېلىدۇ . مەسىلەن :

△ ئادىل — ئىشچى .

△ ئاكام — ئوقۇتقۇچى .

△ سۆز ئانىسى — بۇلاق ، سۆز ئانىسى — قۇلاق .

△ تەنقىد دېگەن تەنقىد .

② ئىگە (تۇرغۇن سۆز ) - خەۋەر (ئورۇن كېلىشتە كەلگەن ئىسىم )

بۇ تىپتىكى جۈملىلەردە خەۋەر بولۇپ كەلگەن ئىسىم ئورۇن كې- لىش شەكلىدە كېلىدۇ . مەسىلەن :

△ بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىشنىڭ ئاچقۇچى رەھبەرلىكتە .

△ قاسىم ھازىر ئۈرۈمچىدە .

△ ئۇنىڭ دادىسى قەشقەردە .

③ ئىگە (تۇرغۇن سۆز ) - خەۋەر (چىقىش كېلىشتە كەلگەن ئىسىم )

بۇ تىپتىكى جۈملىلەردە خەۋەر بولۇپ كەلگەن ئىسىم چىقىش كېلىش شەكلىدە كېلىدۇ . مەسىلەن :

△ مەن غۇلجىدىن ، بۇ ئىككىيلەن ئاقسۇدىن .

△ ئۇنىڭ مۇكچىيىپ كېتىشى پۈتۈنلەي قايغۇدىن .

△ ئۇمۇ ساڭا ئوخشاش ئەخمەقتىن .

④ ئىگە (تۇرغۇن سۆز ) - خەۋەر (ئىگىلىك كېلىشتە كەلگەن ئىسىم )

بۇ تىپتىكى جۈملىلەردە خەۋەر بولۇپ كەلگەن ئىسىم ئىگىلىك كېلىش شەكلىدە كېلىدۇ . مەسىلەن :

△ بۇ كىتاب نىجاتنىڭ .

△ بۇ مال - مۈلۈكلەرنىڭ ھەممىسى ھۆكۈمەتنىڭ .

⑤ ئىگە (تۇرغۇن سۆز ) - خەۋەر (ئىسىم - تىركەلمىلىك بىرىك- مە )

بۇ تىپتىكى جۈملىلەردە ئىسىم - تىركەلمىلىك بىرىكمە خەۋەر

△ ئۆتنىڭ بۇ يەرگە كېلىشى پەقەت خىزمەت تۇفرۇلۇقلا ئىدى .

شۇنى ئەسكەرتىپ ئۆتىمىزكى ، خەۋىرى ئىسىم خاراكتېرلىك سۆز بىرىكمىلىرىدىن تەركىب تاپقان جۈملىلەردە ، خەۋەر بولۇپ كەلگەن ئىسىم خاراكتېرلىك سۆز بىرىكمىسى قايسى خىل گراماتىكىلىق شەكىلدە كەلسە ، ئۇ جۈملە خەۋىرى شۇ خىل گراماتىكىلىق شەكىلدە كەلگەن جۈملە تىپىغا كىرىدۇ . يەنى ، ئىسىم خاراكتېرلىك سۆز بىرىكمىسى باش كېلىش شەكلىدە خەۋەر بولۇپ كەلسە ، ① تىپقا ، ئورۇن كېلىش شەكلىدە كەلسە . ② تىپقا ، چىقىش كېلىش شەكلىدە كەلسە ③ تىپقا ، ئىگىلىك كېلىش شەكلىدە كەلسە ، ④ تىپقا ، ئىسىم - تىركەلمە شەكلىدە كەلسە ، ⑤ تىپقا مەنسۇپ بولىدۇ . لېكىن ، ئۇيغۇر تىلىدا ئىسىم خاراكتېرلىك سۆز بىرىكمىلىرى كۆپ ھاللاردا باش كېلىش شەكلىدە جۈملىنىڭ خەۋىرى بولۇپ كېلىدۇ . شۇڭا ، ئۇلار ئادەتتە ئىسىملىق ئىگە - خەۋەرلىك جۈملىنىڭ ① تىپىغا كىرىدۇ . مەسىلەن :

△ بىزنىڭ يېزا ھاۋاسى ساپ ، مەنزىرىسى گۈزەل جاي .

△ بۇ يىل ئاشلىقتىن مول - ھوسۇل ئالىدىغان يىل .

△ بېلىق — سۇدا ياشايدىغان ھايۋان

△ كۆزدىن نېرى — كۆڭۈلدىن نېرى .

△ ئاتىلار سۆزى — ئەقىلنىڭ كۆزى .

△ قۇم يەر — شۇم يەر .

△ ئارقامدىن دېگەنلەر — تېزىكىمنى يېگەنلەر .

تۆۋەندىكىدەك ئىگە - خەۋەرلىك جۈملىلەرمۇ ئىسىملىق ئىگە - خەۋەرلىك جۈملەر تىپىغا كىرىدۇ .

△ ۋاقتىڭ كەتتى — بەختىڭ كەتتى .

△ قان چىقتى — جان چىقتى .

(2) سۈپەتلىك ئىگە - خەۋەرلىك جۈملە

سۈپەت ياكى سۈپەت خاراكتېرلىك سۆز بىرىكمىلىرى خەۋەر بولۇپ كەلگەن ئىگە ـ خەۋەرلىك جۈملىلەر سۈپەتلىك ئىگە ـ خەۋەرلىك جۈملە دەپ ئاتىلىدۇ . مەسىلەن :

△ يىگىت شوخ ، كۆڭۈللۈك ، مىجەزى يېنىك ئىكەن .

△ ئەنۋەرنىڭ دېگىنى توغرا .

△ مېنىڭمۇ سىزگە دەيدىغان گەپلىرىم بار .

△ ئالىمجان تاماققا بەك ئۇستا .

△ ئۇنىڭ ئۆيى مەكتەپكە يېقىن .

△ ئۇ مەندىن ئېگىز .

△ ئالىم ئادىلدىن چوڭ .

△ مەن پۇلغا ئۇچ .

△ قادىر خەنزۇچىدا ناچار .

يۇقىرىدىكى جۈملىلەردە خەۋەر بولۇپ كەلگەن سۈپەتلەرنىڭ بەزىلىرى باش كېلىش شەكلىدىكى ئىسىملار بىلەن بىرىكىپ خەۋەر بولۇپ كەلگەن بولسا ، بەزىلىرى بېرىش كېلىش شەكلىدىكى ئىسىمنى ، يەنە بەزىلىرى بولسا ئورۇن كېلىش شەكلىدىكى ئىسىمنى ، يەنە بەزىلىرى بولسا چىقىش كېلىش شەكلىدىكى ئىسىمنى ئۆزىگە بېقىندۇرۇپ خەۋەر بولۇپ كەلگەن . شۇڭا ، ئۇيغۇر تىلىدىكى سۈپەتلەرنىڭ ئۆزىگە قانداق گىراماتىكىلىق شەكىلدە كەلگەن ئىسىملارنى بېقىندۇرۇپ كېلىش ئىقتىدارى ئىنچىكە تەتقىق قىلىنسا ، سۈپەتلىك ئىگە ـ خەۋەرلىك جۈملىلەر يەنىمۇ ئىنچىكە تىپلارغا بۆلۈنۈشى تەبىئىي .

يەنە بەزىدە سۈپەت خاراكتېرلىك سۆز بىرىكمىلىرىمۇ ئىگە ـ خەۋەرلىك جۈملىنىڭ خەۋىرى بولۇپ كېلىدۇ . مەسىلەن : « ئۆزدە يوق — ئالەمدە يوق » ، — « كۆزدىن يىراق كۆڭۈلدىن يىراق » دېگەندەك .

(3) سانلىق (سان ـ مىقدارلىق ) ئىگە ـ خەۋەرلىك جۈملە

سان ياكى سان ـ مىقدار بىرىكمىلىرى خەۋەر بولۇپ كەلگەن جۈملە

△ ئۇنىڭ ھەقىقىي بېشى ئاتمىش .

△ بۇ سىنىپتىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ سانى ئوتتۇز .

△ بۇ كىتابنىڭ باھاسى 15 يۈەن

△ ئۇ ماڭا بەرگەن گېزىت تۆت نۇسخا

(4) تەقلىد سۆزلۈك ئىگە ـ خەۋەرلىك جۈملە

خەۋىرى تەقلىد سۆزلەردىن تۈزۈلگەن جۈملىلەر تەقلىد سۆزلۈك ئىگە ـ خەۋەرلىك جۈملە ، دەپ ئاتىلىدۇ . مەسىلەن :

△ ئوغرىنىڭ يۈرىكى پوك ـ پوك .

△ بۇ يەر بەك لۆم ـ لۆم ئىكەن .

△ خېمىرىڭ نېمىشقا مىچ ـ مىچ ؟

△ ئىشى پال ـ پال ، ئىچى غال ـ غال .

شۇنى ئەسكەرتىپ ئۆتىمىزكى ، خەۋىرى ئالماشلاردىن تۈزۈلگەن جۈملىلەردە ، خەۋەر بولۇپ كەلگەن ئالماش قايسى سۆز تۈركۈمىگە خاس سۆزنىڭ ئورنىغا ئالمىشىپ كەلگەن بولسا ، ئۇ جۈملە خەۋىرى شۇ سۆز تۈركۈمىدىن تەركىب تاپقان جۈملە تىپىغا مەنسۇپ بولىدۇ . يەنى ، ئىسىمنىڭ ئورنىغا ئالمىشىپ كەلگەن ئالماشلار خەۋەر بولۇپ كەلگەن جۈملىلەر ئىسىملىق ئىگە ـ خەۋەرلىك جۈملە تىپىغا ، سۈپەتنىڭ ئورنىغا ئالمىشىپ كەلگەن ئالماشلار خەۋەر بولۇپ كەلگەن جۈملىلەر سۈپەتلىك ئىگە ـ خەۋەرلىك جۈملە تىپىغا ، سان ياكى سان ـ مىقدارلارنىڭ ئورنىغا ئالمىشىپ كەلگەن ئالماشلار خەۋەر بولۇپ كەلگەن جۈملىلەر سانلىق ئىگە ـ خەۋەرلىك جۈملە تىپىغا مەنسۇپ بولىدۇ . خەۋىرى ئىسىمداشلاردىن تەركىب تاپقان جۈملىلەردە ئىسىمداشلار ئىسىملارنىڭ خاراكتېرىگە ئىگە بولغاچقا ، ئۇلار ئىسىملىق ئىگە ـ خەۋەرلىك جۈملە تىپىغا كىرىدۇ . مەسىلەن :

△ ئۇنى قۇتقۇزغان سەن ئەمەس ، مەن .

△ مەن ئىزدەۋاتقان ئادەم مۇشۇ شۇ .

△ سەن قانداق بولساڭ ، مەنمۇ شۇنداق

△ ئۇلار قانچە بولسا ، بىزمۇ شۇنچە

△ ئۇ دېگەن ئۇ ، مەن دېگەن مەن .

△ ئۆگىنىشنىڭ دۈشمىنى - ئۆز - ئۆزىدىن قانائەتلىنىش .

(5) پېئىللىق ئىگە - خەۋەرلىك جۈملە

خەۋىرى پېئىلدىن تۈزۈلگەن جۈملە پېئىللىق ئىگە - خەۋەرلىك جۈملە ، دەپ ئاتىلىدۇ . بۇ تىپتىكى جۈملىلەر ئۇيغۇر تىلىدا ئەڭ كۆپ ئۇچرايدۇ . بۇ تىپتىكى جۈملىلەردە ، بىرى ، ئىگىنىڭ چۈشۈپ قېلىشى ئىگە - خەۋەرلىك باغلىنىشنىڭ خاراكتېرىنى ئۆزگەرتەلمەيدۇ . چۈنكى ، جۈملىنىڭ ئىگىسى خەۋەر بولۇپ كەلگەن پېئىلنىڭ شەخس قوشۇمچىسىدىن بىلىنىپ تۇرىدۇ . يەنە بىرى ، تولدۇرغۇچى بىلەن چىقىش كېلىش ، ئورۇن كېلىش ۋە بېرىش كېلىش شەكلىدە كېلىپ ، ئۆتۈمسىز پېئىلدىن تۈزۈلگەن خەۋەرگە بىۋاستە باغلانغان ھالەت جۈملە تىپىنىڭ زۆرۈر بۆلىكى ھېسابلىنىدۇ . پېئىللىق ئىگە - خەۋەرلىك جۈملىلەرنى يەنە ئۆز ئىچىدىن تۆۋەندىكىدەك كىچىك تىپلارغا بۆلۈشكە بولىدۇ :

① ئىگە (تۇرغۇن سۆز ) - تولدۇرۇغۇچى (تۇرغۇن سۆز ) - خەۋەر (ئۆتۈملۈك پېئىل ) .

بۇ تىپتىكى جۈملىلەردە جۈملىنىڭ خەۋىرى چوقۇم ئۆتۈملۈك پېئىلدىن تەركىب تاپىدۇ ھەم تەركىبىدە تولدۇرغۇچى بولىدۇ . مەسىلەن :

△ بالىلار بىر - بىرىدىن قىزغىنىپ تاماقنى چاينىماي يۇتۇۋاتاتتى .

△ پۈتۈن دۇنيا ئەمگەكچىلىرى بىزنى قوللاپ قۇۋۋەتلەيدۇ .

△ بىز كېچە - كۈندۈز بىللە ئىشلەپ ، راھەتنىمۇ ، جاپانىمۇ بىللە كۆرەتتۇق .

△ جۇمەنىڭ ئام - ئەمىلىنى ھېچكىم مەندەك بىلمەس

△ ئەممە (سىلەر) نېمانچە كۆپ ئالسىلەرگۈچى ، توخۇنى .

△ ئۇ كىر يۇدى، مەن تاماق ئەتتىم.

② ئىگە (تۇرغۇن سۆز) ـ ھالەت (تۇرغۇن سۆز) ـ خەۋەر (ئۆتۈمسىز پېئىل).

بۇ تىپتىكى جۈملىلەردە جۈملىنىڭ خەۋىرى چوقۇم ئۆتۈمسىز پېئىلدىن تۈزۈلىدۇ ھەم تەركىبىدە بېرىش كېلىش، چىقىش كېلىش ۋە ئورۇن كېلىش شەكلىدە كەلگەن ھالەت بولىدۇ. مەسىلەن:

△ كېلەر ئايدا مەن خوتەنگە بارىمەن.

△ ئۇنىڭ چىرايى سوغۇق شامالدا تىترەپ ئالدىمىزغا چۈشۈۋاتقان ئۇششۇق يوپۇرماقلارغا ئوخشايتتى.

△ بۇ ئوقۇغۇچىلار قەشقەردىن كەلدى.

△ ئاتىسىدىنمۇ، ئانىسىدىنمۇ ئايرىلدىم.

△ مەن ئاچچىق، زەردە گەپلەر بولۇپ تۇرىدىغان بۇ ئۆيگە كىرىشتىن ۋاز كەچتىم.

△ بۇخەلچەم ھازىر ئۈرۈمچىدە ئوقۇۋاتىدۇ.

△ بىر مەيدان جىددىي جەڭ بەلگىلەنگەن ۋاقىتتا باشلاندى.

شۇنى ئەسكەرتىپ ئۆتۈش كېرەككى، ئۇيغۇر تىلىدا بەزى پېئىللار ھەم ئۆتۈملۈك، ھەم ئۆتۈمسىز بولۇشتەك خاراكتېرگە ئىگە. شۇڭا، بۇ تۈردىكى پېئىللار جۈملىدە ئۆتۈملۈك مەنىسىدە خەۋەر بولۇپ كەلسە، پېئىللىق ئىگە ـ خەۋەرلىك جۈملە تىپى ئىچىدىكى ① تىپقا تەۋە بولىدۇ. ئەگەر جۈملىدە ئۆتۈمسىز مەنىسىدە خەۋەر بولۇپ كەلسە، پېئىللىق ئىگە ـ خەۋەرلىك جۈملە تىپى ئىچىدىكى ② تىپقا تەۋە بولىدۇ. مەسىلەن:

△ a. ئۇكام كىتاب ئوقۇۋاتىدۇ.
b. ئۇكام ئۈرۈمچىدە ئوقۇۋاتىدۇ.

△ a. ئۇ تاپشۇرۇق ئىشلەيدۇ.
b. ئۇ زاۋۇتتا ئىشلەيدۇ.

بۇلاردىن مىسال a لار پېئىللىق ئىگە ـ خەۋەرلىك جۈملىنىڭ ① تىپىغا،

مىسال ⑴ لار ② تىپقا كىرىدۇ .

③ ئىگە (تۈرغۇن سۆز) ـ خەۋەر (پېئىل)

بۇ تىپتىكى جۈملىلەردە پېئىللار ھەرىكەتنىڭ پەقەت سۇبيېكتنىڭ ئۆزىدىلا چەكلىنىدىغانلىقىنى ئىبارەت مەنە ئالاھىدىلىكىگە ئىگە بولىدۇ . يەنى ، بۇ تىپتىكى جۈملىلەردە خەۋەر بولۇپ كېلىدىغان پېئىل ئومۇمەن باش كېلىشتە كەلگەن سۆزنى تەلەپ قىلىدۇ . مەسىلەن :

△ توختىئاخۇن قېرىدى .

△ قويلار قوزىلىدى .

△ ئالىملار قىزاردى .

④ ئىگە (تۈرغۇن سۆز) ـ خەۋەر (تۈرغۇن سۆز + باغلامچى پېئىل)

بۇ تىپتىكى جۈملىلەردە جۈملىنىڭ خەۋىرى تۈرغۇن سۆزگە باغلامچى پېئىللارنىڭ بىرىكىشىدىن ھاسىل بولىدۇ . ياردەمچى پېئىللار ئەسلىدىكى ئىسىملىق ئىگە ـ خەۋەرلىك جۈملىگە راي ، شەخس ، سان قاتارلىق پېئىللارغا خاس گرامماتىكىلىق مەنىلەرنى قوشۇپ ، ئەسلىدىكى ئىسىملىق ئىگە ـ خەۋەرلىك جۈملىنى پېئىللىق ئىگە ـ خەۋەرلىك جۈملە خۇسۇسىيىتىگە ئىگە قىلىدۇ . مەسىلەن :

△ بىز تېخى كىچىك ئىدۇق .

△ بىر چاغلاردا سىلەر مۇشۇ مەكتەپتە ئوقۇغانىدىڭلار .

△ يازغانلىرىمىزنىڭ ھەممىسى خاتا ئىكەن .

△ ئالىم خوتەنگە بېرىپ باقمىغانىكەن .

△ ئۇنىڭ بۇ ھەقتە پىكرى بار ئىمىش .

△ بۇ مېنىڭ دوستۇم بولىدۇ .

△ ئەمەت ئوقۇشتا بىرىنچى بولدى .

△ شوپۇر يالغانچى كېلىدۇ .

△ ئەخمەت ئوقۇتقۇچى ئوخشايدۇ .

△ سەن خېلى ساقلام ئوخشايسەن .

بۇ تىپتىكى جۈملىلەر ياخشى تەتقىق قىلىنسا ، ئۇلار يەنە ئۆز ئىچىدىن تېخىمۇ كىچىك تىپلارغا بۆلۈنۈشى مۇمكىن .

2 ) ئىگىسىز جۈملە

ئىگە بىلەن خەۋەردىن ئىبارەت ئىككى بىۋاسىتە تەركىبكە پارچىلاپ تەھلىل قىلىشقا بولمايدىغان جۈملە، يەنى بىرلا خەۋەر بۆلەكتىن تەركىب تاپقان ياكى ئىگىسى بولمىغان جۈملە ئىگىسىز جۈملە، دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ تىپتىكى جۈملىلەر ياكى بىرلا سۆزدىن، ياكى ئىگە ـ خەۋەرلىك سۆز بىرىكمىلىرىدىن باشقا، بېقىندىلىق سۆز بىرىكمىسى، تولدۇرغۇچىلىق سۆز بىرىكمىسى، تەڭداش سۆز بىرىكمىلىرىدىن تەركىب تاپىدۇ. مەيلى بىر سۆزدىن تەركىب تاپسۇن ياكى بېقىندىلىق سۆز بىرىكمىسى، تولدۇرغۇچىلىق سۆز بىرىكمىسى، تەڭداش سۆز بىرىكمىلىرىدىن تەركىب تاپسۇن، ئۇلارنىڭ ھەممىسى خەۋەر بۆلەك ھېسابلىنىدۇ. ئىگىسىز جۈملىنى ئۆز ئىچىدىن يەنە تۆۋەندىكىدەك كىچىك تىپلارغا بۆلۈشكە بولىدۇ.

(1) ئىسىملىق ئىگىسىز جۈملە

بۇ تىپتىكى جۈملىلەردە خەۋەر بۆلەك بىرلا ئىسىمدىن ياكى ئىسىم خاراكتېرلىك سۆز بىرىكمىلىرىدىن تەركىب تاپىدۇ. مەسىلەن:

△ ئايروپىلان!

△ ماشىنا!

△ باھار.

△ گۈگۈم ۋاقتى.

△ شاھ لوردىسى.

△ 1981 ـ يىلى، باھار پەسلى.

△ يىراقتىن كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان قارلىق تاغ. ھويلا. سۇ. چۈشۈۋاتقان نۇر.

(2) سۈپەتلىك ئىگىسىز جۈملە

بۇ تىپتىكى جۈملىلەردە خەۋەر بۆلەك بىرلا سۈپەتتىن ياكى سۈپەت خاراكتېرلىك سۆز بىرىكمىلىرىدىن تەركىب تاپىدۇ. مەسىلەن:

△ توغرا.

△ ياخشى!

(3) پېئىللىق ئىگىسىز جۈملە

بۇ تىپتىكى جۈملىلەردە خەۋەر بۆلەك بىرلا پېئىلدىن ياكى پېئىل خاراكتېرلىك سۆز بىرىكمىلىرىدىن تەركىب تاپىدۇ. پېئىللىق ئىگىسىز جۈملە ئۆز ئىچىدىن

يەنە تۈزۈمدىكىدەك كىچىك تىپلارغا بۆلۈنۈشى مۇمكىن :

① بىرلا پېشلىدىن تۈزۈلىدۇ . مەسىلەن :

△ بولدى .

△ بولىدۇ .

△ بولمايدۇ .

② يۆنىلىش كېلىش شەكلىدىكى ئىسىمداش سۆز بىرىكمىسى + بول- ، مەسىلەن :

△ بۇنداق ئەھۋاللارنى يەنە ئۇچرىتىشقا بولىدۇ .

△ بۇ يەرگە ئەخلەت تۆكۈشكە ، چوڭ - كىچىك تەرەت قىلىشقا بولمايدۇ .

③ يۆنىلىش كېلىش شەكلىدىكى ئىسىمداش سۆز بىرىكمىسى + توغرا كېلىدۇ . مەسىلەن :

△ مەسىلىنى تېزدىن ھەل قىلىشقا توغرا كېلىدۇ .

△ بۇ ئىشتا رەھبەرلەر بىلەن كۆرۈشۈپ بېقىشقا توغرا كېلىدۇ .

④ مەقسەت رەۋىشدىشى + بول- . مەسىلەن :

△ بۇنداق بىئەپلىقلارنى ھەممە يەردە كۆرگىلى بولىدۇ .

△ ئىمتىھان قەغەزلىرىنى ھازىر كۆرگىلى بولمايدۇ .

پېشلىلىق ئىگىسىز جۈملىدە پېشلىدىن تۈزۈلگەن خەۋەرگە مۇناسىۋەتلىك ھالەت ، تولدۇرغۇچى ياكى تولدۇرغۇچىغا مۇناسىۋەتلىك ئېنىقلىغۇچى بولۇشى مۇمكىن . ئەمما ، ئىگە ھەرگىز بولمايدۇ .

(4) ئالاھىدە ئىگىسىز جۈملە

بۇ تىپتىكى جۈملىلەر ئومۇمەن ئىملىق سۆزلەردىن تەركىب تاپىدۇ . مەسەلەن :

△ ياق △ ماقۇل △ خوپ △ ئىسىت !

△ ئۇف . △ ھە . △ پەش !

△ پىش - پىش . △ تۇ - تۇ - تۇ !

### 3 . جۈملە تۈرلىرى

جۈملە تۈرى جۈملىنىڭ ئىنتوناتسىيىسىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا ئاسا-

ەن ئايرىلىدىغان تۈرلىرى ھېسابلىنىدۇ . جۈملە ئىنتوناتسىيىسىنىڭ
ۇخشىماسلىقىغا ئاساسەن ، ئادەتتە ، بايان جۈملە ، سوئال جۈملە ، بۇي-
رۇق جۈملە ۋە ئۈندەش جۈملە دەپ تۆت تۈرگە بۆلۈنىدۇ .

1 ) بايان جۈملە

مۇئەييەن بىر ئوي - پىكىرنى بايان قىلىش تەرىقىسىدە ئىپادىلەيدى-
غان جۈملىلەر بايان جۈملە ، دەپ ئاتىلىدۇ .

بايان جۈملە مۇئەييەن ئوي - پىكىرنى تەستىقلاش ياكى ئىنكار
قىلىش خاراكتېرىگە ئىگە بولىدۇ . بايان جۈملىدە بايان ئىنتوناتسىيىسى
بولىدۇ . يېزىقتا بايان جۈملىلەردىن كېيىن پەش ياكى چېكىت قويۇلى-
دۇ . مەسىلەن :

① ھەر قېتىملىق زىياپەتتە ، باشلىق بىلەن ئىككىمىزنىڭ شەرىپى-
گە قەدەھلەر كۆتۈرۈلەتتى .

② خوتەنگە بارغۇچە يولدا جىق جاپا تارتتۇق .

③ ئۇ ئىككىنچى قېتىم تورۇشقا ئۇرۇندى ، لېكىن بېلىنى مىدىر-
لىتالمىدى .

④ تىل — ئىنسانلارنىڭ ئەڭ مۇھىم ئالاقىلىشىش قورالىدۇر .

⑤ يەكەن دەرياسىنىڭ باش تەرىپى زەرەپشان ، دەپ ئاتىلىدۇ .

⑥ قادىر — يېزا باشلىقى .

⑦ بىزنىڭ يۇرتىمىز ئاجايىپ گۈزەل .

⑧ ۋەتىنىمىزنىڭ زېمىنى كەڭ ، بايلىقى مول ، ئاھالىسى كۆپ .

بايان جۈملىلەرنىڭ خەۋىرى پېئىلدىن تۈزۈلسە ، پېئىللار خەۋەر
رايىدا كېلىپ ، جۈملە بايان خاراكتېرىگە ئىگە بولىدۇ . ئەگەر تۈرغۇن
سۆز ياكى تۈرغۇن سۆزلۈك سۆز بىرىكمىلىرىدىن تۈزۈلسە ، جۈملە
ھۆكۈم ياكى تەسۋىر خاراكتېرىگە ئىگە بولىدۇ . مەسىلەن : يۇقىرىدىكى
مىساللاردىن مىسال ① ② ③ لەر بايان خاراكتېرىگە ، مىسال ④ ⑤ ⑥
لەر ھۆكۈم خاراكتېرىگە ، مىسال ⑦ ⑧ لەر تەسۋىر خاراكتېرىگە ئىگە .

2 ) سوئال جۈملە

سۆزلىگۈچىنىڭ ھەر خىل گۇمانىنى ، سوئالىنى ئىپادىلەپ كېلىدى-

غان جۈملىلەر سوئال جۈملە، دەپ ئاتىلىدۇ.

سوئال جۈملىدە جاۋاب تەلەپ قىلىنىدىغان سوئال تۈگۈنى بولىدۇ. سوئال جۈملىدە سوئال ئىنتوناتسىيىسىگە ئىگە بولىدۇ. سوئال جۈملىنىڭ سوئال تۈگۈنى سوئال ئالماشلىرى، سوئالنى بىلدۈرىدىغان يۈكلىمىلەر ياكى سوئال ئىنتوناتسىيىسى ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. سوئال جۈملىنىڭ سوئال ئىنتوناتسىيىسى كۈچلۈك ئېيتىلىدۇ ھەم سوئال تۈگۈنىگە چۈشىدۇ. بەزىدە سوئال جۈملىلەردىن كېيىن سوئال بەلگىسى قويۇلىدۇ. مەسىلەن:

① ئەگەر بۇ ئادەم راستىنلا سىنى ئىتتىرىۋەتكەن بولسا، نېمىشقا بېشىڭ تامغا تېگىپ يېرىلمىدى؟

② ئۇلار بىز بىلەن خوشلاشماي كېتىپ قالارمۇ؟

③ ئادەم ياش ۋاقتىدا مۇشۇنداق ئېغىر سىناقلارنى بېشىدىن ئۆتكۈزمىسە، ياشلىقنىڭ ئەستە قالغۇدەك نېمە لەززىتى بولسۇن؟

سوئال جۈملىلەر ئىپادىلىگەن مەزمۇنىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا ئاساسەن تۆۋەندىكىدەك تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ:

(1) ئوچۇق سوئال جۈملە

بىرەر ئىشنىڭ ھال ـ ئەھۋالىنى ئەينەن (ئېنىق) بىلىش مەقسىتىدە ئېيتىلغان سوئال جۈملىلەر ئوچۇق سوئال جۈملە، دەپ ئاتىلىدۇ. ئوچۇق سوئال جۈملىلەر سوئال ئالماشلىرى ياكى «مۇ، چۇ» يۈكلىمىلىرى ئارقىلىق تۈزۈلىدۇ. ياكى بولمىسا سوئال ئىنتوناتسىيىسىدىن تەركىب تاپىدۇ. ئوچۇق سوئال جۈملىلەردە ئاڭلىغۇچىدىن ئېنىق جاۋاب بېرىش تەلەپ قىلىنىدۇ. مەسىلەن:

① ئېتىمنى قەيەرگە باغلايمەن؟

② بۈگۈنكى گېزىت كەلدىمۇ؟

③ سىز ئۇنىڭ پىكرىگە قوشۇلامسىز؟

④ ئۇ ئەتىلدە ئۆيگە بارمايدىكەن، سىزچۇ؟

⑤ بىز بارامدۇق ياكى سىلەر كېلەمسىلەر؟

⑥ قەيسەر دەرسكە كەلمىدى؟

⑦ بۇ يەر ياخشى ئەمەسكەن؟
⑧ — ئۇ كىم بولىدۇ؟
— تۇرسۇن.
— تۇرسۇن؟
(2) گۇمانىي سوئال جۈملە
سۆزلىگۈچىنىڭ گۇمانىي كۆزقارىشىنى ئىپادىلەيدىغان سوئال جۈملىلەر گۇمانىي سوئال جۈملە دەپ ئاتىلىدۇ. گۇمانىي سوئال تۆۋەندىكى شەكىللەردە ئىپادىلىنىدۇ:
a. جۈملىنىڭ خەۋىرىگە «دۇ» يۈكلىمىسىنى بىرىكتۈرۈش ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن:
① ئۇ ئەتە كېلىدىغاندۇ؟
② ئۇلارنىڭ سىنىپىدىكى بالىلارنىڭ سانى ئوتتۇزدۇ؟
③ سىز بىلەن بىللە كەلگەن ھېلىقى ئادەمنىڭ ئىسمى سەمەتتۇ؟
b. جۈملە خەۋىرىنىڭ تەركىبىدە «مۇ» يۈكلىمىسى كەلگەن ئوچۇق سوئال جۈملىلەرگە «يا، دۇ» يۈكلىمىلىرىنى بىرىكتۈرۈش ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن:
① ئۇ تۈنۈگۈن كەتتىمۇيا؟
② ئۇ بۈگۈن كەلمەمدۇيا؟
③ ئۇ قايتىپ كەلگەنمىدۇ؟
c. سوئال ئىنتوناتسىيىسى ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. بۇ تۈردىكى سوئال جۈملىلەرنىڭ خەۋىرى ئومۇمەن شەخس شەكلىدە كۆرۈلىدۇ. مەسىلەن:
① سىزمۇ قەشقەرگە بارغانسىز؟
② غۇلجىدا ئادىلنى ئۇچراتمىغانسىز؟
③ ئۇ يىغىنغا سىزمۇ قاتناشقانسىز؟
d. «ـار // ـەر // ـر»، «ـماس // ـمەس»لىك سۈپەتداشلاردىن بولغان خەۋەر ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن:
① ئۇلار بىزگە نېمە ھەققىدە سۆزلەپ بېرەر؟

② ئەمدىغۇ شەھەرگە تېگەرمىز ؟
③ ئاۋۋال ئۇ سۆزلەر ؟
④ ئۇ بىز بىلەن خوشلاشماي كېتىپ قالماس ؟
 e . ئوچۇق سوئال جۈملىنىڭ خەۋىرىگە «قانداق ، نېمە» ئالماشلىرى (ئەمەلىيەتتە ، بۇ ئالماشلار مۇشۇ تۈردىكى سوئال جۈملىلەردە يۈكلىمە رولىدا كەلگەن )نى بىرىكتۈرۈش ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ . مەسىلەن :
① ئاغرىپ قالدىڭمۇ ـ قانداق ؟
② ئۇ كەتتىمۇ ـ نېمە ؟
(3) قايتۇرما سوئال جۈملە
سۆزلىگۈچى تەرىپىدىن بېرىلگەن سوئالغا سوئال شەكلىدە بېرىلىدىغان جاۋابنى ئىپادىلەيدىغان سوئال جۈملىلەر قايتۇرما سوئال جۈملە ، دەپ ئاتىلىدۇ . مەسىلەن :
① — دەريادىن قانداق ئۆتىمىز ؟ (ئوچۇق سوئال جۈملە )
— كېمە ئارقىلىق ئۆتمەيمىزمۇ ؟ (قايتۇرما سوئال جۈملە )
② — ئويۇنغا سەنمۇ بارامسەن ؟ (ئوچۇق سوئال جۈملە )
— نېمىدەپ بارمايدىكەنمەن ؟ (قايتۇرما سوئال جۈملە )
③ — ئەتىلدە ئۇيەگە بارامسىز ؟ (ئوچۇق سوئال جۈملە )
— ئۇيەگە بارماي ، نەگە باراتتىم ؟ (قايتۇرما سوئال جۈملە )
(4) ئۈندەش سوئال جۈملە
باشقىلاردىن جاۋاب تەلەپ قىلىنمايدىغان ، جاۋابى ئۆزىدىن بىلىنىپ تۇرىدىغان سوئال جۈملىلەر ئۈندەش سوئال جۈملە دەپ ئاتىلىدۇ . يېزىقتا بۇ تۈردىكى جۈملىلەردىن كېيىن ئادەتتە ئاۋۋال سوئال بەلگىسى ، ئاندىن ئۈندەش بەلگىسى قويۇلىدۇ . مەسىلەن :
① نەدىمۇ قورۇق تاغار ئۆرە تۇرغان بار ؟ !
② مىلىدىن كېچەلەيدىغان بىخىلمۇ بولامدۇ ؟ !
③ مەن قەدىناس ئاغىنەڭ تۇرۇپ ، شۇنچىلىك ئىشنى قىلالمايمەنمۇ ؟ !

3) بۇيرۇق جۈملە

بۇيرۇق، چاقىرىق، شوئار، ئۆتۈنۈش، ئۈمىد- تىلەك، مەسلىھەت مەزمۇنىدىكى ئوي - پىكىرلەرنى ئىپادىلەيدىغان جۈملىلەر بۇيرۇق جۈملە، دەپ ئاتىلىدۇ. بۇيرۇق جۈملىلەرنىڭ خەۋىرى ئومۇمەن بۇيرۇق رايىدىكى پېئىللاردىن بولىدۇ. بۇيرۇق جۈملىنىڭ خەۋىرى بولۇپ كەلگەن بۇيرۇق رايىدىكى پېئىللارنىڭ قايسى شەخستە كېلىشى بۇيرۇق جۈملىلەرنىڭ مەزمۇنىنى بەلگىلەيدۇ. يەنى، خەۋىرى بۇيرۇق رايىنىڭ I شەخس بىرلىكىدە كەلگەن بولسا خالاش مەنىسىنى؛ I شەخس كۆپلۈك شەكلىدە كەلگەن بولسا، چاقىرىق مەنىسىنى؛ II شەخس بىرلىك ياكى كۆپلۈك شەكلىدە كەلگەن بولسا، بۇيرۇق، ئۆتۈنۈش، مەسلىھەت مەنىلىرىنى؛ III شەخس شەكلىدە كەلگەن بولسا، بۇيرۇق، ئۈمىد- تىلەك مەنىلىرىنى ئىپادىلەيدۇ. مەسىلەن:

① ئەتە ئەتىگەندە كەلسىلە، تاغا، مەن مۇشۇ يەردىلا ماشىنىغا سىلىپ قوياي. (خالاش)

② ئەم دېگەن شۇنداق بولسا، بىر قوشۇق قېنىمنى تىلەي، مۇندىن كېيىن ئۆزۈمنى بىلەي. (ئۆتۈنۈش)

③ ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغدايلى! (چاقىرىق)

④ ئىتتىپاقلىشىپ بىرلىكتە ئالغا باسايلى! (چاقىرىق)

⑤ مۇشۇ تاشلىقتا بىر تانسا قىلايلى، مېنىڭ ئۆمرۈمدە ئوينىغان تانسام مۇشۇ بولۇپ قالسۇن. (تىلەك)

⑥ بۇ گەپنى ئېغىزغا ئالما. (بۇيرۇق)

⑦ مالڭ! كۆزۈمدىن يوقال! (بۇيرۇق)

⑧ سىز ۋاقتىدا بېرىپ دوختۇرغا كۆرۈنۈپ بېقىڭ. (مەسلىھەت)

⑨ يۇقىرى ئۆتسىلە. (ئۆتۈنۈش)

⑩ خالايىق! ئاڭلىمىدىم، ئىشتىمىدىم دېمەڭلار! ھەر بىر تۈتۈندىن بىر ئەر ئۆستەڭ چېپىشقا ماڭسۇن! (بۇيرۇق)

⑪ خۇدايىم مۇشۇ قىزدەك بىر گۈزەلنى ئاتا قىلسۇن! (تىلەك)

⑫ ھەر مىللەت خەلقىنىڭ بۈيۈك ئىتتىپاقلىقى ياشىسۇن! (چاقىرىق)

بۇيرۇق ، چاقىرىق ، سوئال مەنىسىدىكى بۇيرۇق جۈملىلەر ئادەتتە كۈچلۈك ۋە كۆتۈرەڭگۈ ئاھاڭدا ئېيتىلىدۇ . يېزىقتا بولسا بۇ خىلدىكى جۈملىلەردىن كېيىن ئۈندەش بەلگىسى قويۇلىدۇ ؛ ئۆتۈنۈش ، تىلەك ، ئۈمىد ، مەسلىھەت مەنىسىدىكى بۇيرۇق جۈملىلەر پەسرەك ئاھاڭدا ئېيتىلىدۇ . يېزىقتا بولسا بۇ خىل جۈملىلەردىن كېيىن چېكىت ياكى پەش قويۇلىدۇ .

4 ) ئۈندەش جۈملە

سۆزلىگۈچىنىڭ تۈرلۈك ھېسسىياتلىق ئوي ـ پىكىرلىرىنى ئىپادىلەيدىغان جۈملىلەر ئۈندەش جۈملە ، دەپ ئاتىلىدۇ .

ئۈندەش جۈملىلەرنىڭ تەركىبىدە ئومۇمەن ئىملىق سۆزلەر ياكى «ھە ، دە ، غۇ (قۇ )» قاتارلىق ھېس ـ تۇيغۇ يۈكلىمىلىرى بولىدۇ . ئۈندەش سۆزلەر تەركىبىدىكى ئىملىق سۆزلەر ياكى ھېس ـ تۇيغۇ يۈكلىمىلىرى كونكرېت لېكسىكىلىق مەنە ئىپادىلىمەيدۇ . ئەمما ، ئۇلار كىشىلەرنىڭ تۈرلۈك كۈچلۈك ھېسسىياتىنى ۋەكىللىك قىلىدۇ ، شۇڭا ئۈندەش جۈملىلەر كۈچلۈك ھېسسىيات تۈسىنى ئالغان بولىدۇ . شۇ سەۋەبلىك ، ئۈندەش جۈملىلەرنىڭ ئىنتوناتسىيىسىمۇ كۆتۈرەڭگۈ بولىدۇ . يېزىقتا ئۈندەش جۈملىلەردىن كېيىن ئۈندەش بەلگىسى قويۇلىدۇ .

ئۈندەش جۈملىلەرنىڭ مەزمۇنى ئۇلارنىڭ تەركىبىدىكى ئىملىق سۆزلەر ياكى ھېس ـ تۇيغۇ يۈكلىمىلىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ . مەسىلەن :

① ۋاي ئىسىت ، ئەجەب بىلمەپتىمىز ! (ئۆكۈنۈش )

② ياتەقسىر ، بىزنىڭ كېيىمىزنى سۇدەك بىلىدىكەنغۇ ! (ھەيرانلىق )

③ ئاپلا ، مەن كىرىمسەم بوپتىكەن ـ ھە ! (پۇشايمان )

④ سەندەك ئىپلاسنى يانچىۋەتسەكمۇ ، دەردىمىز چىقمايدۇ . (غەزەپلىنىش )

⑤ بۇ يىل ئالىي مەكتەپكە ئۆتەلىگەن بولسام ، قانداق ياخشى بولاتتى ـ ھە ! (ئارزۇ ـ ئارمان )

⑥ ۋاي ـ ۋوي ، ئەجەبمۇ تۈگىمىدى ئۇنىڭ سۆزى ! (بىزار بولۇش )

بايان جۈملە ، سوئال جۈملە ، بۇيرۇق جۈملە ۋە ئۈندەش جۈملىدىن ئىبارەت بۇ تۆت تۈر ئاددىي جۈملە تىپىدىمۇ ۋە قوشما جۈملە تىپىدىمۇ ئوخشاشلا كۆرۈلىدۇ . يەنى ، ئاددىي جۈملە تىپى ئىچىدىمۇ بايان جۈملە ، سوئال جۈملە ، بۇيرۇق جۈملە ۋە ئۈندەش جۈملە تۈرلىرى بولىدۇ . قوشما جۈملە تىپى ئىچىدىمۇ بايان جۈملە ، سوئال جۈملە ۋە ئۈندەش جۈملە تۈرلىرى بولىدۇ . بۇلارنىڭ ئىچىدە ئاددىي جۈملە تىپىغا كىرىدىغان جۈملىلەر تەركىبىي قىسىملىرىنىڭ تولۇق ئىپادىلەنگەن ياكى ئىپادىلەنمىگەنلىكىگە ئاساسەن تولۇق ئاددىي جۈملە ۋە تولۇقسىز ئاددىي جۈملە دەپ ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ .

1) تولۇق ئاددىي جۈملە

جۈملە قۇرۇلمىسىدىكى مۇناسىۋەتلىك بۆلەكلەر تولۇق ئىپادىلەنگەن ئاددىي جۈملىلەر تولۇق ئاددىي جۈملە ، دەپ ئاتىلىدۇ . تولۇق ئاددىي جۈملىلەر يېزىق تىلىدا كۆپ قوللىنىلىدۇ .

2) تولۇقسىز جۈملە

جۈملە قۇرۇلمىسىدىكى مۇناسىۋەتلىك بۆلەكلەر تولۇق ئىپادىلەنمىگەن ئاددىي جۈملىلەر تولۇقسىز ئاددىي جۈملە ، دەپ ئاتىلىدۇ . تولۇقسىز ئاددىي جۈملىلەر دىئالوگلاردا كۆپ ئۇچرايدۇ . مەسىلەن :

① — سىز شەھەردە نەچچە كۈن تۇرىسىز ؟ (تولۇق ئاددىي جۈملە )
— يىگىرمە كۈن . (تولۇقسىز ئاددىي جۈملە )

② — ئاپتوبۇس بېلىتى قانچە پۇل ؟ (تولۇق ئاددىي جۈملە )
— بىر سوم . (تولۇقسىز ئاددىي جۈملە )

③ — بۈگۈن مۇئەللىم نېمە دەرس ئۆتتى ؟ (تولۇق ئاددىي جۈملە )
— ئاددىي جۈملە تۈرلىرىنى . (تولۇقسىز ئاددىي جۈملە )

ماقال ـ تەمسىللەرنىڭ ئىككىنچى تارماق جۈملىسىنىڭ خەۋىرى بەزىدە ئىپادە قىلىنمايدۇ ، بۇ خىل جۈملىلەرمۇ تولۇقسىز ئاددىي جۈملە ھېسابلىنىدۇ . مەسىلەن :

① ئەمگەك بىلەن ئەر كۆكۆرەر، يامغۇر بىلەن يەر.

② بىلىملىك مىڭنى يىڭەر، بىلىمسىز بىرنى.

③ دوست يىغلىتىپ ئېيتار، دۈشمەن كۈلدۈرۈپ.

④ توخۇ داڭگال چۈشەر، ئۈچكە جاڭگال.

ماقال - تەمسىللەردە يەنە تارماق جۈملىنىڭ ئىگىسى ئىپادىلەنمەيدىغان ئەھۋاللارمۇ بولىدۇ، بۇنداق تارماق جۈملىلەرمۇ تولۇقسىز ئاددىي جۈملە ھېسابلىنىدۇ. مەسىلەن:

ئەقىل ياشتا ئەمەس، باشتا.

## 4. جۈملە بۆلەكلىرى

جۈملىدە ئۆز ئالدىغا مۇئەييەن سىنتاكسىسلىق ۋەزىپە ئۆتەپ كەلگەن سۆز ياكى سۆز بىرىكمىلىرى جۈملە بۆلىكى، دەپ ئاتىلىدۇ. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، سۆز ۋە سۆز بىرىكمىلىرىنىڭ جۈملە ياكى سۆز بىرىكمىسىدىكى سىنتاكسىسلىق ۋەزىپىسى بويىچە تۈرگە بۆلۈنۈشى جۈملە بۆلىكى، دېيىلىدۇ.

ئۇيغۇر تىلىدا سۆز ياكى سۆز بىرىكمىلىرىنىڭ تۈرلۈك گرامماتىكىلىق ئۆزگىرىشلىرى ئۇلارنىڭ جۈملىدە قانداق بۆلەك بولۇپ كېلىشىنى بەلگىلەيدۇ. تۈرلەنگۈچى قوشۇمچىلار، بولۇپمۇ ئىسىملارنىڭ كېلىش ۋە شەخس قوشۇمچىلىرى؛ پېئىللارنىڭ شەخس، سان، زامان، راي (بۇيرۇق رايى) قوشۇمچىلىرى؛ پېئىللارنىڭ تۈرنۇن سۆز شەكىللىرى بولغان ئىسىمداش، سۈپەتداش ۋە رەۋىشداش قوشۇمچىلىرى ۋە تىركەلمىلەر سۆز ياكى سۆز بىرىكمىلىرىنىڭ جۈملىدە قانداق بۆلەك بولۇپ كېلىدىغانلىقىنى بەلگىلەيدىغان مۇھىم ئامىل ھېسابلىنىدۇ.

جۈملە بۆلەكلىرى سىنتاكسىسلىق رولىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا ئاساسەن، جۈملىنىڭ باش بۆلەكلىرى ۋە جۈملىنىڭ ئەگەشمە بۆلەكلىرى دەپ ئىككى چوڭ تۈرگە بۆلۈنىدۇ. جۈملە بۆلەكلىرى يەنە بىر سۆزدىن تەركىب تاپقانلىقى ياكى سۆز بىرىكمىسىدىن تەركىب تاپقانلىقىغا ئاساسەن ئاددىي بۆلەك (بىر سۆزدىن تۈزۈلگەن جۈملە بۆلىكى ئاددىي

بۆلەك، دەپ ئاتىلىدۇ) ۋە مۇرەككەپ بۆلەك (سۆز بىرىكمىسىدىن تۈزۈلگەن بۆلەك مۇرەككەپ بۆلەك، دەپ ئاتىلىدۇ) دەپ ئىككى خىل بولىدۇ.

جۈملىنىڭ تۈزۈلۈشىدە ئاساس بولىدىغان، جۈملىدە ھەل قىلغۇچ رول ئوينايدىغان بۆلەك جۈملىنىڭ باش بۆلىكى، دەپ ئاتىلىدۇ. جۈملىنىڭ باش بۆلەكلىرى جۈملە قۇرۇلمىسىنىڭ مەركىزى، يادرولۇق قىسمى ھېسابلىنىدۇ. جۈملىنىڭ باش بۆلىكى ئۆز ئىچىدىن ئىگە ۋە خەۋەردىن ئىبارەت ئىككىگە ئايرىلىدۇ.

جۈملىنىڭ باش بۆلەكلىرىگە ياندىشىپ كېلىپ، جۈملىنىڭ باش بۆلەكلىرىدە ئىپادىلەنگەن مەزمۇننى تولۇقلاش، كېڭەيتىش، كونكرېتلاشتۇرۇش رولىنى ئوينايدىغان بۆلەكلەر جۈملىنىڭ ئەگەشمە بۆلەكلىرى، دەپ ئاتىلىدۇ. جۈملىنىڭ ئەگەشمە بۆلەكلىرى گرامماتىكا جەھەتتە بىۋاسىتە ياكى ۋاستىلىك ھالدا جۈملىنىڭ باش بۆلەكلىرىگە بېقىنىپ كېلىدۇ. جۈملىنىڭ ئەگەشمە بۆلەكلىرى ئۆز ئىچىدىن تولدۇرغۇچى، ئېنىقلىغۇچى ۋە ھالەت دەپ ئۈچ تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

ئەسكەرتىش: جۈملىنى تەھلىل قىلىشتا، جۈملە بۆلەكلىرىنى بىر- بىرىدىن ئايرىپ كۆرسىتىشكە قولايلىق بولسۇن ئۈچۈن، ھەر بىر جۈملە بۆلىكى تۆۋەندىكى شەرتلىك بەلگىلەر ئارقىلىق ئىپادىلەنىدى:

ئىگە: ———، خەۋەر: ━━━ تولدۇرغۇچى: ═══،

ئېنىقلىغۇچى: ~~~~~ ھالەت: ......

1) ئىگە

جۈملىدە خەۋەر تەرىپىدىن بايان قىلىنىدىغان، ھۆكۈم قىلىنىدىغان ۋە تەسۋىرلىنىدىغان باش بۆلەك ئىگە، دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇيغۇر تىلىدا ئادەتتە باش كېلىش شەكلىدىكى تۇرغۇن سۆزلەر ياكى تۇرغۇن سۆزلۈك سۆز بىرىكمىلىرى جۈملىدە ئىگە بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

① ل. مۇتەللىپنىڭ خىيال كەپتىرى بىردىنلا غۇلجىغا قاراپ پەرۋاز قىلدى.

② ئۇيغۇر تىلىدا سوزۇق تاۋۇشسىز بوغۇم تۈزۈلمەيدۇ.

③ ئاخشىمى ئۆيدىكى چىراغ ياندى .

④ يىگىرمە — جۈپ سان .

⑤ بىر كىلومېتىر مىڭ مېتىرغا تەڭ .

⑥ ئەتە چارشەنبە .

⑦ بىز ھازىر پەن ـ تەتقىقات ئىشلىرى بىلەن كەڭ شۇغۇللىنىۋاتىمىز .

⑧ ھەركىم ئۆز ئىشىغا پۇختا بولسۇن .

⑨ ئۇسسۇلغا قاتنىشىدىغانلار سائەت بىردە سىنىپقا يىغىلسۇن .

⑩ شائىرنىڭ ئۆز قولىدا قالغان بارلىق ئەسەرلىرىنى رەتلەپ ، ئۆز پېتى بويىچە نەشرگە تەييارلاش خېلى ئۇزاق مۇددەتلىك ئىزدىنىشنى تەلەپ قىلىدىغان قىيىن ئىش .

⑪ تاماقنىڭ ئالدى مېھمانلارغا تارتىلدى .

⑫ قان چىقتى — جان چىقتى .

⑬ دەرد ـ ھەسرەت ، پۇشايمان ئۇنىڭ يۈرىكىنى ئېغىر ئەمگەكتىنمۇ بەتتەر ئازابلايتتى .

ئىگە جۈملىدە ئومۇمەن خەۋەرنىڭ ئالدىدا كېلىدۇ . لېكىن ، شېئىرلاردا ياكى جانلىق تىلدا خەۋەردىن كېيىن كېلىدىغان ئەھۋاللارمۇ بار . مەسىلەن :

① يىرتىلسا كالېندارنىڭ بىر ۋارىقى .
تۆكۈلىدۇ ئۆمۈرنىڭ بىر تال ياپرىقى .

② كاللا دېسە ، پاقالچاق دېيىشىدىغۇ ، بۇ ئوغرىلار !

③ قىنىڭغا پاتمايدىغان چوكان ـ دە ، سەن .

④ ھاكىملىقنى ئارزۇ قىلىپ ئورۇقلاپمۇ كەتتى ، بۇ بىچارە .

2 ) خەۋەر

جۈملىدە ئىگىنى بايان قىلغۇچى ، ھۆكۈملىگۈچى ۋە تەسۋىرلىگۈچى باش بۆلەك خەۋەر ، دەپ ئاتىلىدۇ . خەۋەر جۈملىدە ئۇيۇشتۇرۇش ۋە مەركەزلەشتۈرۈش رولىنى ئوينايدۇ . خەۋەرسىز جۈملە تۈزۈلمەيدۇ .

ئۇيغۇر تىلىدا پېئىل ۋە تۇرغۇن سۆزلەر، شۇنداقلا سۆز بىرىكمە-لىرىمۇ خەۋەر بولۇپ كېلەلەيدۇ. شۇڭا، خەۋەر پېئىلدىن ياكى تۇرغۇن سۆزلەردىن تۈزۈلگەنلىكىگە ئاساسەن پېئىل خاراكتېرلىك خەۋەر ۋە تۇرغۇن سۆزلۈك خەۋەر دەپ ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

پېئىل ياكى پېئىل خاراكتېرلىك بىرىكمىلەر خەۋەر بولۇپ كەلسە، خەۋەر شەخس ۋە سان جەھەتتە ئىگە بىلەن ماسلىشىپ كېلىدۇ ۋە ئىگىنىڭ ئىش-ھەرىكىتىنى بايان كېلىپ، بايان خاراكتېرىگە ئىگە بولىدۇ. مەسىلەن:

① مەن ئەتىسى بىر كۈن ئاماق يېمىدىم.

② قىپقىزىل قان خەستىنىڭ كۆكسىدىن ئېتىلىپ چىقىۋاتاتتى.

③ ئۇ ئۈنچىقماستىن بىراق - بىراقلارغا كۆز سالدى.

④ ھەقىقەت ئىجازەتسىز ساياھەت قىلىدۇ.

⑤ مەن بۇ تەشەببۇسنى قوللاپ - قۇۋۋەتلەيمەن.

⑥ سادىق ئۆز بېشىدىن ئۆتكەن ۋەقەلەرنى تەپسىلىي سۆزلەپ بەرمەكچى بولدى.

⑦ مەن سىزنى ساقلىغىلى ئىككى سائەت بولدى.

⑧ مەن تۇرپانغا بېرىشنى بارىمەن، لېكىن ھازىر بارمايمەن.

⑨ مەن ئۇ ئۆيگە كىرسەم كىردىم.

⑩ ئوقۇشقا بارغىنىم بارغان.

⑪ بۇ تامغا خەت يېزىشقا بولمايدۇ.

⑫ سىز ئاۋارە بولمىسىڭىزمۇ بولىدۇ.

تۇرغۇن سۆز ياكى تۇرغۇن سۆزلۈك سۆز بىرىكمىلىرى خەۋەر بولۇپ كەلسە، ئىگىنى ھۆكۈملەپ ياكى تەسۋىرلەپ، ھۆكۈملەش ياكى تەسۋىرلەش خاراكتېرىگە ئىگە بولىدۇ. مەسىلەن:

① سائادەت مېنىڭ دوستۇم.

② تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبى بەك ئىسسىق.

③ سىنىپىمىزدىكى ساۋاقداشلارنىڭ سانى يىگىرمە ئۈچ.

④ يۇرتداشلار چاپىنىنىڭ ياقىسىنى تۇتۇپ ھالڭ ـ تالڭ قىلىۋاتقان
ئىش مانا شۇ !

⑤ بۇ بېلىقنىڭ ئېغىرلىقى بەش كىلو .

⑥ ئوغرىنىڭ يۈرىكى پوك ـ پوك .

⑦ مېنىڭ بۇ يەرگە كېلىشىم پەقەت خىزمەت ئۈچۈنلا .

⑧ يىغىننىڭ ۋاقتى ئەسلى ئەتە .

⑨ بۇ چاچلا قوندۇز تۈكىدەك تۇم قارا ۋە پالتىراق .

⑩ ئەقىل — سېنى غايە يولىدا ئۇچۇرىدىغان قانات .

⑪ زامان زورنىڭ ، تاماشا كورنىڭ .

⑫ ۋاقتىڭ كەتتى — بەختىڭ كەتتى .

⑬ كۆزدىن نېرى — كۆڭۈلدىن نېرى .

خەۋەر ئومۇمەن جۈملىنىڭ ئاخىرىدا كېلىدۇ . لېكىن ، شېئىرلاردا ياكى دىئالوگلاردا ۋە ياكى شوئار مەنىسىدىكى بۇيرۇق جۈملىلەردە ئىگە-نىڭ ئالدىدا كېلىدىغان ئەھۋاللارمۇ بار . مەسىلەن :

① ئۇنتۇمايمەن ئاشۇ باھار پەسلىنى ،
بىز سۆيۈشكەن ئاشۇ گۈل تۈۋىدە .
مۇھەببەتنىڭ ئىككى مىسرا بېيىتى ،
جەم بولغانتى ئىككىمىزنىڭ لېۋىدە .

② توختىمەت جۈرئەتنى نېمە دېمىدى ، بۇ خەق .

③ ئىچىدە ئوغا قاينايدىغان ئادەملەر ـ دە ، ئۇ .

④ ياشىسۇن مىللەتلەرنىڭ بۈيۈك ئىتتىپاقلىقى !

3 ) تولدۇرغۇچى

جۈملىدە پېئىل ئىپادىلىگەن ھەرىكەتنى قوبۇل قىلغۇچى ئوبيېكت تولدۇرغۇچى ، دەپ ئاتىلىدۇ . باشقىچە قىلىپ ئېيتساق ، چۈشۈم كېلىش شەكلىدە كېلىپ ئۆتۈملۈك پېئىلدىن تۈزۈلگەن خەۋەرگە بىۋاستە باغلى-نىپ كېلىدىغان سۆز ياكى سۆز بىرىكمىلىرى تولدۇرغۇچى دەپ ئاتىلى-دۇ . ئادەتتە تۇرغۇن سۆز ياكى تۇرغۇن سۆزلۈك سۆز بىرىكمىلىرى

جۈملىدە تولدۇرغۇچى بولۇپ كېلىدۇ . مەسىلەن :

① مەن يۇرتۇمنى قىزغىن سۆيىمەن .

② ئۇ بۇ نەرسىلەرنىڭ ياخشىلىرىنى ئاللىۋالدى .

③ ئىدارىمىز بۇ يىل قانۇن كەسپىنى پۈتكۈزگەن ئوقۇغۇچىلاردىن ئىككىنى ئالىدۇ .

④ بۇ ئانارنىڭ ئىككى كىلوسىنى سەن ئال ، ئۈچ كىلوسىنى مەن ئالاي .

⑤ ئۇ مېنى ئۆيدىن قوغلاپ چىقاردى .

⑥ ئۇكام ئوقۇشنى بۇ يىل پۈتكۈزىدۇ .

⑦ ئاڭلىغىنىمنى دەيمۇ ؟ كۆرگىنىمنىمۇ ؟

⑧ بۇ ئاراق - تۈرۈزقنى توختىتاڭلارچۇ !

⑨ شەمشىنۇرنىڭ ھەمراھلىرى خەتەرسىز يول بىلەن مېڭىشنى تەلەپ قىپتۇ .

⑩ مەن كۆسەي بىلەن تونۇردىكى نۇرسىزلانغان ئوتنى چوقچىلىدىم .

⑪ سېپىل تۆۋىدە لەگلەك ئېلىشىپ مۇشتلاشقانلىقىمىزنى ئۇنتۇپ قاپسەن - دە .

⑫ مەكتەپ رەھبەرلىكى بۈگۈن چوڭ ئازلىق قىلىدىغانلىقىمىزنى ئۇقتۇردى .

تولدۇرغۇچى ئۆتۈملۈك پېئىلدىن تۈزۈلگەن خەۋەرگە مۇناسىۋەتلىك ئەگەشمە بۆلەك بولغاچقا ، ئادەتتە خەۋەرنىڭ ئالدىدا كېلىدۇ . لېكىن ، دىئالوگلاردا خەۋەردىن كېيىن كېلىدىغان ئەھۋاللارمۇ كۆرۈلىدۇ . مەسىلەن :

① بولدى ، بولدى ! يەنە شۇ كونا خامانىنى سورىغىلى تۇردۇڭمۇ ، ئالمىسام ئالمىدىم ، ئۇنداق گادايىنىڭ قىزىنى .

② مېنى كۆرسە، بىر قىسىملا قىلىقلارنى قىلىپ كېتىدۇ قارا، يۈرگىنە كېتەيلى، كۆزۈم كۆرمىسۇن شۇ ئېتىقسىزنى.

③ بىرنى قويۇپ قولۇمغا بىلەزۈك قىلىۋالىمەن، جۇمۇ، سېنى ھازىر.

4) ئېنىقلىغۇچى

جۈملىدە شەيئىلەرنىڭ تۈرلۈك خۇسۇسىيەتلىرىنى ئېنىقلاپ كېلىدىغان ئەگەشمە بۆلەك ئېنىقلىغۇچى، دەپ ئاتىلىدۇ. ئېنىقلىغۇچى جۈملىدىكى ئىگە، تولدۇرغۇچى ياكى ئىسىمدىن تۈزۈلگەن خەۋەرگە مۇناسىۋەتلىك بۆلەك بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئېنىقلىغۇچى ئېنىقلانغۇچىغا (ئىگە، تولدۇرغۇچى ياكى ئىسىمدىن تۈزۈلگەن خەۋەرگە) ئىككى خىل سىنتاكسىسلىق ۋاستە ئارقىلىق بىرىكىپ كېلىدۇ. بىرى، ئېنىقلىغۇچى ئېنىقلانغۇچى بىلەن سۆز تەرتىپى ئارقىلىق ئۆزئارا باغلىنىپ كېلىدۇ. سۆز تەرتىپى ئارقىلىق ھاسىل بولغان ئېنىقلىغۇچى بىلەن ئېنىقلانغۇچىنىڭ بىرىكىشى ئىنتايىن زىچ بولۇپ، ئۇلاردا ئېنىقلىغۇچى بىلەن ئېنىقلانغۇچى ئوتتۇرىسىغا باشقا بۆلەكلەرنى قىستۇرۇشقا بولمايدۇ. يەنە بىرى، ئېنىقلىغۇچى بىلەن ئېنىقلانغۇچى تۈرلىگۈچى قوشۇمچىلار (ئىسىملارنىڭ ئىگىلىك كېلىش قوشۇمچىسى بىلەن شەخس قوشۇمچىسى) ئارقىلىق ھاسىل بولىدۇ. تۈرلىگۈچى قوشۇمچىلار ئارقىلىق ھاسىل بولغان ئېنىقلىغۇچى بىلەن ئېنىقلانغۇچىنىڭ بىرىكىشى ئەركىن بولىدۇ. يەنى، بۇنىڭدا ئېنىقلىغۇچى ئېنىقلانغۇچى بىلەن قاتار كەلمىسىمۇ بولىدۇ ياكى ئېنىقلىغۇچى بىلەن ئېنىقلانغۇچى ئوتتۇرىسىغا باشقا تەركىبلەرنى قىستۇرۇشقىمۇ بولىدۇ. ئېنىقلىغۇچى ئادەتتە تۇرغۇن سۆز ياكى تۇرغۇن سۆزلۈك سۆز بىرىكمىلىرىدىن تەركىب تاپىدۇ. مەسىلەن:

① تۇرپاننىڭ ئۈزۈمى بىلەن پاختىسى خېلى داڭلىق.

② مەكتەپ كىنوخانىسى يېڭىدىن ياسالدى.

③ سىنىپىمىزدا تىرىشچان ئوقۇغۇچىلار كۆپ.

④ ئۇ بىردەمدىلا تۆت - بەش يىگىتنى باشلاپ كەلدى.

⑤ بۇ ئىشنى ھەرقانداق ئادەم قىلالايدۇ.

⑥ غۇر - غۇر شامال چىقىپ تۇراتتى.

⑦ سەن سىزغان رەسىمنى مەنمۇ سىزالايمەن.

⑧ ئۇلار ئاددىي ياسالغان، ئەمما ناھايىتى پاكىز بىر ئۆينى بۇ يىگىتكە بەردى.

⑨ ئۇ بەك تىرىشچان ھەم مۇلايىم ئوقۇغۇچى.

مەيلى سۆز تەرتىپىنى سىنتاكسىسلىق ۋاستە قىلغان ئېنىقلىغۇچى بولسۇن ياكى تۈرلىنگۈچى قوشۇمچىسىنى ۋاستە قىلغان ئېنىقلىغۇچى بولسۇن، ئادەتتە ئېنىقلانغۇچىنىڭ ئالدىدا كېلىدۇ. لېكىن، دىئالوگلاردا ئېنىقلىغۇچى ئېنىقلانغۇچىدىن كېيىن كېلىدىغان ئەھۋاللار كۆرۈلىدۇ. مەسىلەن:

① مەن ئەخمەق ئەمەس، ياخشى كۆرگەن ئادىمىمنى باشقىلارغا ئۆتۈنۈپ بېرىدىغان.

② قانداق ئادەم بۇ، ئۆزىنى بىلمەيدىغان.

③ قارا، زىغىر - قىچا، تىكەنلىرىمۇ گۈل بۇ يەرنىڭ.

④ سىز بىلەن سوقۇشقىلى چولۇم يوق مېنىڭ.

5) ھالەت

جۈملىدە پېئىل ياكى پېئىل خاراكتېرلىك بىرىكمىلەر ۋە ياكى سۈپەتلەردىن تۈزۈلگەن خەۋەرگە بېقىنىپ كېلىپ، خەۋەردە ئىپادىلەنگەن ئىش - ھەرىكەتنىڭ ۋاقتى، ئورنى، سەۋەبى، مەقسىتى، يۆنىلىشى، ۋاسىتىسى، دەرىجىسى، سان - مىقدارى قاتارلىقلارنى ئىپادىلەيدىغان ئەگەشمە بۆلەك ھالەت، دەپ ئاتىلىدۇ.

ئۇيغۇر تىلىدا سۈپەت، سان - مىقدار، رەۋىش، رەۋىشداش ۋە تەقلىد سۆزلەر پېئىلدىن تۈزۈلگەن خەۋەرگە بىۋاسىتە بېقىنىپ كەلسە، ئىككىنچىدىن، تۇرغۇن سۆزلەر چىقىش كېلىش، يۆنىلىش كېلىش ۋە ئورۇن كېلىش شەكلىدە كېلىپ ئۆتۈمسىز پېئىلدىن تۈزۈلگەن خەۋەرگە بىۋاسىتە بېقىنىپ كەلسە، ئۈچىنچىدىن، ئىسىم - تىركەلمىلىك بىرىك-

مە پېئىلدىن تۈزۈلگەن خەۋەرگە بىۋاستە بېقىنىپ كەلسە، ئۈتىنچىدىن، رەۋىشلەر سۈپەتتىن تۈزۈلگەن خەۋەرگە بىۋاستە بېقىنىپ كەلسە، ھالەت بولىدۇ.

ھالەت مەزمۇنىغا ئاساسەن تۆۋەندىكىدەك تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ:

(1) سۈپەت - ھەرىكەت ھالىتى

ئادەتتە سۈپەتلەر، ھالەت رەۋىشلىرى، تەقلىد سۆزلەر ۋە رەۋىشداشلار سۈپەت - ھەرىكەت ھالىتى بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

① ئۇ بۇ قېتىمقى ئىمتىھاننى بەك ياخشى بېرىپتۇ.

② ئۇ ئورنىدىن دەس تۇردى.

③ ئۇ قورقىنىدىن غال - غال تىترەپ كەتتى.

④ زەرىپىخان يۈزىنى بىلىكىگە قويۇپ بۇقۇلداپ يىغلىۋەتتى.

(2) سەۋەب ھالىتى

چىقىش كېلىش شەكلىدىكى تۇرغۇن سۆزلەر، «سەۋەبلىك، ئۈچۈن» قاتارلىق تىركەلمىلەر ۋە بەزى «پ»لىق رەۋىشداشلار جۈملىدە سەۋەب ھالىتى بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

① ئۇنداق ئادەملەر ھەمىشە ئۆزىنىڭ ياۋاشلىقىدىن زىيان تارتىدۇ.

② رۇخسەت سورىماي ئۆيگە كەتكەنلىك سەۋەبىدىن ئۇنىڭغا چارە كۆرۈلدى.

③ ئەخمەت ئاغرىپ قالغانلىقى ئۈچۈن يىغىنغا كېلەلمىدى.

④ ئىشىم چىقىپ قېلىپ كېچىكىپ قالدىم.

(3) مەقسەت ھالىتى

مەقسەت رەۋىشلىرى، «ئۈچۈن» تىركەلمىسى، «غىلى»لىق رەۋىشداشلار جۈملىدە مەقسەت ھالىتى بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

① ئۇ بۈگۈنكى ئەمگەككە قەستەن قاتناشمىدى.

② ئۇ قىزىنى بەزلەش ئۈچۈن لايىقراق سۆز تېپىشنى ئويلايتتى.

③ بىز بۇ يەرگە ئوقۇغىلى كەلدۇق.

④ ئۇ ئامېرىكىغا ئوقۇشقا كەتتى.

(4) ۋاقىت ھالىتى

ۋاقىت رەۋىشلىرى، ئورۇن كېلىش قوشۇمچىسى بىلەن تۈرلەنگەن سۆزلەر، «-ش» ئىسىمداشلارنىڭ «بىلەن» ياكى «بىلەن تەڭ» قاتارلىق سۆزلەر بىلەن بىرىككەن شەكلى، «-ش»لىق ئىسىمداشلارنىڭ يۆنىلىش كېلىش قوشۇمچىسى بىلەن تۈرلەنگەن شەكىللىرى، «پ»لىق رەۋىشداشلارنىڭ «لا» يۈكلىمىسى بىلەن بىرىككەن شەكىللىرى ۋە بىر قىسىم ئىدىئوملار جۈملىدە ۋاقىت ھالىتى بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

① ئادىل ھېلى كەلدى.

② ئۇ كەلگەندە مەن ئۆيدە يوق بولۇپ قاپتىمەن.

③ مەن كېلىشىم بىلەن (تەڭ) يىغىن باشلاندى.

④ ئۇ ئۆيگە كىرىشىگە مېھمانلار ئۆزىدۇ.

⑤ ئەسقەر ئۆيگە كىرىپلا سۆزلەپ كەتتى.

⑥ مەن ئۇنى بۇنىڭدىن ئۈچ يىل ئىلگىرى بىر كۆرگەن.

⑦ راستىنىلا مەن تېخى قوم چىچەكلىگەندە، تۈگمىنىڭ قۇيرۇقى يەرگە تەگكەندە يۈتەمدىكى بۇ توپلى دەپ يۈرەتتىم.

(5) ئورۇن ھالىتى

ئورۇن رەۋىشلىرى ۋە ئورۇن كېلىش، چىقىش كېلىش، چەك كېلىش شەكلىدىكى تۈرغۈن سۆزلەر ۋە «قەدەر» تىركەلمىسى بىلەن بىرىككەن ئىسىم - تىركەلمىلىك بىرىكمىلەر جۈملىدە ئورۇن ھالىتى بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

① سىز ھازىرقى ئورنىڭىزدىن سەل كېيىن تۇرسىڭىز.

② پەرىدە بېيجىڭدا ئوقۇۋاتىدۇ.

③ مەن بۇ كىتابنى كۇتۇپخانىدىن ئالدىم.

④ سىز بىرىنچى بەتتىن ئونىنچى بەتكىچە ئوقۇڭ.

⑤ مەن بۇ قېتىم خوتەنگىچە بارىمەن.

⑥ بىز مەكتەپتىن يوپىز ئىستانسىسىغا قەدەر پىيادە ماڭدۇق.

⑦ مەن ئالتىنچى ئايدا تۇرپانغا بارىمەن.

(6) دەرىجە ـ مىقدار ھالىتى

دەرىجە رەۋىشلىرى، چىقىش كېلىش شەكلىدىكى سانلار ۋە ھەرىكەت سان ـ مىقدارلىرى جۈملىدە دەرىجە ـ مىقدار ھالىتى بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

① سەن بەك سەمرىپ كېتىپسەن.

② ئوقۇغۇچىلار سىنىپقا بىردىن ـ ئىككىدىن كېلىشكە باشلىدى.

③ قېنى، ئۈچتىن ـ ئۈچتىن كىرىڭلار ئەمسە.

④ مەن بۇ كىنونى ئىككى قېتىم كۆرگەن.

⑤ ئۇنىڭ بويى بەك ئېگىز ئىكەن.

ھالەتنىڭ مەنە تۈرى كۆپ بولۇپ، يۇقىرىدىكى ئالتە تۈردىن باشقا يەنە تۈرلىرىمۇ بولۇشى مۇمكىن. مەسىلەن:

① مەن بۇ تاماقنى چوكىدا يېدىم.

② ئۇ قۇمۇلغا پويىز بىلەن باردۇ.

③ بىز بۇ ئىپلاسنى چالما كېسەك قىلىش ئارقىلىق قارىغا ئېلىش ماھارىتىمىزنى مەشىق قىلالايمىز.

بۇلاردا ئىش ـ ھەرىكەتنىڭ ئېلىپ بېرىلىش ۋاسىتىسى ئىپادىلەنگەن.

«دەپ» سۆزلۈك بىرىكمە (سۆز، سۆز بىرىكمىسى ياكى جۈملىنىڭ «دەپ» رەۋىشدىشى بىلەن بىرىكىشىدىن ھاسىل بولغان بىرىكمە «دەپ» سۆزلۈك بىرىكمە، دەپ ئاتىلىدۇ) پېئىلدىن تۈزۈلگەن خەۋەرگە بېقىنىپ كېلىپ، جۈملىدە سەۋەب ۋە مەقسەت ھالىتى بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

① مەن بۇ يەرگە مۇشۇ ئىشنى دەپ كەلدىم. (مەقسەت)

② مەن بۇ يەرگە سىنى باردۇ دەپ بېرىپتىمەن. (سەۋەب)

③ مەن سىزنى كۆرەي دەپ كەلدىم. (مەقسەت)

شۇنى ئەسكەرتىپ ئۆتۈش كېرەككى، ھالەت پېئىل ياكى سۈپەتتىن تۈزۈلگەن خەۋەرگە مۇناسىۋەتلىك بۆلەك بولۇپلا قالماستىن، يەنە پۈتۈن

بىر جۈملىگىمۇ مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ . مەسىلەن :

① نۆۋەتتە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش پائالىيىتى ئېلىپ بېرىلماقتا .

② بۇ يىل قۇرغاقچىلىق ئاپىتىگە قارشى تۇرۇپ ، ئاشلىقتىن ئومۇمىيۈزلۈك مەھسۇلات ئېلىشقا ئەھمىيەت بېرىلمەكتە .

ھالەتنىڭ جۈملىدىكى ئورنىدىن قارىغاندا ، سۆز تەرتىپى ئارقىلىق خەۋەرگە باغلانغان ھالەت خەۋەرگە يانداش كېلىدۇ . ئورنى مۇقىم بولىدۇ ، يەنى خەۋەرگە يانمۇيان كېلىدۇ . شۇڭا ، بۇ تۈردىكى ھالەتلەرنىڭ ئورنىنى يۆتكەشكە ياكى ئۇلار ئوتتۇرىسىغا باشقا تەركىبلەرنى قىستۇرۇشقا بولمايدۇ . ئەگەر بۇ قائىدىگە خىلاپلىق قىلىنسا ، جۈملە مەزمۇنىغا تەسىر يېتىدۇ . مەسىلەن :

ئائىلە ئېلېكتر سايمانلىرىنى ھەقسىز رېمونت قىلىمىز .
ھەقسىز ئائىلە ئېلېكتر سايمانلىرىنى رېمونت قىلىمىز .

ئوقۇغۇچىلار مۇنداق ئىشلارنى كۆپ كۆرگەن .
كۆپ ئوقۇغۇچىلار مۇنداق ئىشلارنى كۆرگەن .

ۋاقىت رەۋىشلىرىدىن تۈزۈلگەن ھالەتنىڭ ، تۈرلىگۈچى قوشۇمچىلار ياكى تىركەلمىلەر ئارقىلىق خەۋەرگە باغلانغان ھالەتلەرنىڭ ئورنى نىسبەتەن ئەركىن بولىدۇ . شۇڭا ، بۇ تۈردىكى ھالەت بىلەن خەۋەرنىڭ ئوتتۇرىسىغا باشقا تەركىبلەرنى (باشقا بۆلەكلەرنى) قىستۇرۇشقا بولىدۇ . ھالەت مەيلى خەۋەرگە يانداش كەلسۇن ياكى خەۋەردىن يىراق كەلسۇن ، ئۇ ھامان خەۋەرنىڭ ئالدىدا كېلىدۇ . لېكىن ، دىئالوگلاردا ھالەت خەۋەرنىڭ كەينىدە كېلىدىغان ئەھۋاللارمۇ بار . مەسىلەن :

① 8 ـ ئارمىيە ئىش بېجىرىش ئورنى دېگەن ئىككى قەۋەتلىك بىنا بار ئىكەن نەنلىيالىڭ دېگەن يەردە .

② ئۇنداق ئون قوتۇر ئاتمۇ پاي بېرەلمەيدۇ ئېگىرىمىگە .

③ زەپ چىرايلىق بالىكەنا ، بىر قوشۇق سۇ بىلەن يۇتۇۋەتكۇدەك .

④ مانا ئەمدى گۆش پارچىلاپ ، ياخشى ئاقلاشقا تۇتۇندى ، خۇددى

ئايسى رەيھانگۈلدەك، بىقىنى ئاسىيە ئاپپايدەك.

⑤ قاڭتۇرۇپ قويۇپسىزغۇ ئۇ بىچارىنى، بەيگىگە سالىدىغاندەك.

⑥ بۇ خېنىمنىڭ ماڭا تېخى مەسلىھەت قىلغۇسى بار ئوخشايدۇ، قوزۇرغامنى ئىگىپ.

⑦ غوجانىياز ئاسلا قالىدۇ، جىنىدىن ئايرىلغىلى.

⑧ ئالايتال بىگىمگە دەڭ، قىچىشقان يەرنى تاتىلىسۇن، قىچىشمىغان يەرنى تاتىلىماي.

⑨ چۈشتىن كېيىن تېلېفون بېرىپتىكەن، ئاپائىغا داۋاملىق خىزمەت ئىشلە دەپ.

⑩ خويمۇ تويۇپ كەتتىم شۇ ئۆمەر شائىيۇننىڭ شۇملىرىدىن.

⑪ كاۋا ئىشى ئېتىپ بېرىمەن بىردەمدىلا.

⑫ ئۇخلاپ قالما يەنە بۈگۈن.

## 5. ئىزاھلىق تەڭداش بۆلەك

ئەينى بىر ئوبيېكت ياكى بىر ئوبيېكتنىڭ ئەينى بىر بەلگىسى، ئورنى، سانى، ۋاقتى، يۆنىلىشى، ۋاسىتىسى، ھەرىكىتى قاتارلىقلارنى ئوخشىمىغان نۇقتىلاردىن ئىپادىلەپ، جۈملىنىڭ ئەينى بىر بۆلىكى بولۇپ كېلىدىغان ئىككى سۆز ياكى سۆز بىرىكمىسى ئىزاھلىق تەڭداش بۆلەك، دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن:

① ئۇ (ل. مۇتەللىپ) غۇلجىنىڭ نىلقا ناھىيىسىدە تۇغۇلغان.

② ئۇلار ۋەتىنىمىزنىڭ كېلەچەكتىكى — خوجايىنلىرى ئەدىبلىرى، ئالىملىرى، قەھرىمانلىرى.

③ يەنە بىر قولىدا كېچىلىك كىيىمى — ئۇزۇن كۆڭلىكىنى كۆتۈرۈۋالغانىدى.

④ تەھرىر بۆلۈمىنىڭ ئۇدۇلىدىكى — ئىشچىلارنىڭ ئۆيلىرى

قاتارىدىكى بىر ئۆينى ئالدىم .

⑤ نۇرى ئەنسى شەھەرگە — گىمنازىيىگە قايتىپ كەلدى .

ئىزاھلىق تەڭداش بۆلەك ئىزاھلىغۇچى بۆلەك ۋە ئىزاھلانغۇچى بۆلەكتىن ئىبارەت ئىككى قىسىمدىن تۈزۈلىدۇ . ئىزاھلانغۇچى بۆلەك ئالدىدا ، ئىزاھلىغۇچى بۆلەك كەينىدە كېلىدۇ . مەسىلەن : يۇقىرىدىكى مىساللاردىكى «..........» بەلگىسى قويۇلغانلار ئىزاھلانغۇچى بۆلەك ، «..........» بەلگىسى قويۇلغانلار ئىزاھلىغۇچى بۆلەك ھېسابلىنىدۇ .

ئىزاھلىق تەڭداش بۆلەك بىلەن تەڭداش بۆلەك ھەم ئورتاقلىقلارغا ، ھەم ئۆزگىچىلىكلەرگە ئىگە . ئۇلارنىڭ ئورتاقلىقى تۆۋەندىكىچە :

1) ھەر ئىككىسىدىكى بۆلەكلەر ئەينى بىر گرامماتىكىلىق شەكىلدە كېلىدۇ . مەسىلەن :

① شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن ساھىبخانىنىڭ ھەمراھلىقىدا زىيارىتىمىزنىڭ تۇنجى بېكىتىگە— پاكىستاننىڭ دۆلەت ئاتىسى مۇھەممەد ئەلى جىناھنىڭ قەبرىسىگە باردۇق .

② بىز ۋەتىنىنى ، خەلقىنى ، ئەمگەكنى ، پەننى قىزغىن سۆيىمىز .

بەزىدە ئىزاھلىق تەڭداش بۆلەكنىڭ ھەر ئىككىسى تەركىبىگە ئايرىم- ئايرىم ئۇلىنىشقا تېگىشلىك بولغان گرامماتىكىلىق تەركىبلەر ئۇلارغا ئايرىم - ئايرىم ئۇلانماي ، پەقەت كەينىدىكى بۆلەك (ئىزاھلىغۇچى بۆلەك )كىلا ئۇلىنىدۇ . تەڭداش بۆلەكتىمۇ خۇددى شۇنداق بولىدۇ . مەسىلەن :

① يىپەك يولى داۋاملىق غەربكە قاراپ ئىلگىرىلەپ ، ھەم ئۇزۇن ، ھەم خەتەرلىك بولغان دۇنيانىڭ ئۆگزىسى — پامىر ئېگىزلىكىگە يامىشىشقا باشلىدى .

② بۇ بوران باغدىكى ئۆرۈك ، ئالما ، شاپتۇللارنى يەرگە تۆكۈۋەتتى .

2) ھەر ئىككىسىدىكى بۆلەكلەر بىر - بىرىگە بېقىنماي، ئۆز ئارا تەڭ دەرىجىدە باغلىنىپ، ئورتاق ھالدا جۈملىنىڭ باشقا بۆلەكلىرى بىلەن تۈرلۈك سىنتاكسىلىق مۇناسىۋەتتە بولىدۇ.

3) ھەر ئىككىسىدىكى بۆلەكلەر جۈملىدە ئەينى بىر جۈملە بۆلىكى بولۇپ كېلىدۇ ۋە بىر سوئالغا جاۋاب بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

① قارىغۇجىلار — باھارنىڭ ئەلچىلىرى ئاللىقاچان ئۇچۇپ كەل-دى.

② ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ۋە ئورمانچىلىقىنىڭ تەرەققىياتى تېز بولدى.

4) ھەر ئىككىسىدىكى بۆلەكلەرنىڭ سىنتاكسىسلىق مۇناسىۋىتى تەڭداشلىق مۇناسىۋەت بولغاچقا، تىل ئادىتى يول قويغان شارائىت ئاستىدا ئۇلارنىڭ بۆلەكلىرىنىڭ ئورنىنى ئالماشتۇرۇشقا بولىدۇ. مە-سىلەن:

ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مەركىزى — ئۈرۈمچى گۈزەل شەھەر.
ئۈرۈمچى — ئاپتونوم رايونىمىزدىكى مەركىزى گۈزەل شەھەر.

ئۇلار خەلق ئۈچۈن، مىللەت ئۈچۈن، ئەۋلادلار ئۈچۈن ئۆزىنى بېغىشلىغان.
ئۇلار مىللەت ئۈچۈن، ئەۋلادلار ئۈچۈن، خەلق ئۈچۈن ئۆزىنى بېغىشلىغان.

5) ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىسى جۈملىنىڭ باش ۋە ئەگەشمە بۆلىكى بولۇپ كېلەلەيدۇ.

ئىزاھلىق تەڭداش بۆلەك بىلەن تەڭداش بۆلەك يەنە تۆۋەندىكىدەك پەرقلەرگىمۇ ئىگە:

1) ئىزاھلىق تەڭداش بۆلەكتىكى ئىزاھلىغۇچى بۆلەك بىلەن ئى-زاھلانغۇچى بۆلەك ئەينى بىر شەيئىنى ياكى ئۇ شەيئىنىڭ تۈرلۈك ئالاھىدىلىكلىرىنى ئىپادىلىسە، تەڭداش بۆلەكتىكى ھەرقايسى بۆلەكلەر باشقا - باشقا شەيئىنى ياكى باشقا - باشقا ئالاھىدىلىكلىرىنى ئىپادىلەي-

دۇ.

2) ئىزاھلىنىدىغان تەڭداش بۆلەك پەقەت ئىزاھلىغۇچى بۆلەك بىلەن ئىزاھلانغۇچى بۆلەكتىن ئىبارەت ئىككىلا بۆلەكتىن تەركىب تاپىدۇ. تەڭداش بۆلەك تەركىبىدىكى بۆلەكلەر بولسا ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق بولىدۇ.

3) ئىزاھلىنىدىغان تەڭداش بۆلەكتىكى ئىزاھلىغۇچى بۆلەك بىلەن ئىزاھلانغۇچى بۆلەكنىڭ ھەجمى كۆپ ھاللاردا ئوخشاش بولمايدۇ، يەنى بەزىدە ئىزاھلانغۇچى بۆلەك بىر سۆزدىن تەركىب تاپسا، ئۇنىڭ ئىزاھلىغۇچى بۆلىكى سۆز بىرىكمىسىدىن تەركىب تاپىدۇ؛ بەزىدە ئىزاھلانغۇچى بۆلەك سۆز بىرىكمىسىدىن تەركىب تاپسا، ئۇنىڭ ئىزاھلىغۇچى بۆلىكى بىر سۆزدىن تۈزۈلىدۇ. مەسىلەن:

① غوجام — ئۇچىسىغا سۇسەر جۇۋا، بېشىغا قاما تۇمە، ئىچىگە كاستيۇم - بۇرۇلكا كىيىپ گالستۇك تاقىغان، يوغان بۇرۇن، قارا بۇرۇت، ئاق يۈزلۈك ئادەم غەمكىن ۋە خىيالچان ھالدا كالاسكىدىن چۈشتى.

② ھازىر پەرىخەننىڭ قەلبىدىكى ھەدە — سەبىخە مەۋجۇت ئەمەس، ئۇنىڭ ئەڭ ئەشەددىي دۈشمىنى سەبىخە ئىسىملىك جادۇگەرلا مەۋجۇت.

ئەمما، تەڭداش بۆلەك تەركىبىدىكى ھەرقايسى بۆلەكلەر بىر-بىرىگە نىسبەتەن ھەجىم جەھەتتىن باراۋەر بولىدۇ. يەنى، ئۇنىڭ تەركىبىدىكى ھەرقايسى بۆلەكلەر ياكى پۈتۈنلەي سۆزدىن ياكى پۈتۈنلەي سۆز بىرىكمىسىدىن تۈزۈلىدۇ.

4) ئىزاھلىنىدىغان تەڭداش بۆلەكتە پەقەت ئىزاھلىغۇچى بۆلەك بىلەن ئىزاھلانغۇچى بۆلەك ئوتتۇرىسىغىلا «يەنى» باغلىغۇچىسى ئىشلىتىلىدۇ. باشقا باغلىغۇچىلارنى ئىشلىتىشكە بولمايدۇ. تەڭداش بۆلەكتە بولسا ئۇنىڭ ھەرقايسى بۆلەكلىرى ئوتتۇرىسىغا ياكى ئاخىرقى بىر بۆلىكىنىڭ ئالدىغا «ۋە، ھەم، ھەمدە، بىلەن، شۇنىڭدەك، شۇنداقلا، يا، ياكى» دېگەندەك باغلىغۇچىلارنى ئىشلىتىشكە بولىدۇ.

جۈملە تەركىبىدىكى قايسى بۆلەكنىڭ ئىزاھلاش - ئىزاھلىنىش

تۆۋەندىكىدەك بەش تۈرگە بۆلۈنىدۇ .

1 )ئىزاھلىق تەگداش ئىگە

① پەقەت يارىتقۇچى كۈچ — ئىنسانلا دۇنياغا خوجىلىق قىلىدىغان بولىدۇ .

② بەرا — تىرىككەك ،تىرىشچان ئىنىسى ئۇلارغا دۈمبىسىنى قىلىپ ، شاتىۋار يوتقاننى يېپىنىپ تۈگۈلۈپ ياتاتتى .

2 ) ئىزاھلىق تەگداش خەۋەر

① سۇلتان بىلەن ماھىرەنىڭ ئون يىللىق ئەر ـ خوتۇنلۇق مۇھەببىتى ۋەيران بولدى (ئاجرىشىپ كەتتى) .

② يېزىق قول ئارقىلىق يېزىلىدۇ ، (تىزىلىدۇ) ، كۆز ئارقىلىق ئوقۇلىدۇ (كۆرۈلىدۇ) .

3 ) ئىزاھلىق تەگداش تولدۇرغۇچى

① ئەخمەتجان ئۆزىنىڭ قەلبىدە بىر شېرىن سېزىم پەيدا قىلغان شۇ قىزنى — بىرئۆتنى ئىزدەيدىغان بولۇپ قالدى .

② ئاقلىبەك ئىككى زاپاس ئات ( قىرى بايتال بىلەن قۇلايتال ) نى كۆرسەتتى .

③ لېكىن بىر شەرتىم بار : دەرسلىكىڭنى ئېلىۋالغىن ، مۇھىم ئىشىڭنى ، يەنى كېلەر يىللىق ئىمتىھاننى يادىڭدىن چىقىرىپ قويما .

4 ) ئىزاھلىق تەگداش ئېنىقلىغۇچى

① بۇ قاتتىق— پالتا ئۆتمەيدىغان ئوتۇن ئىكەن .

② رادكو ھەممەيلەن بىلەن كۆرۈشۈپ قول ئېلىشىپ چىقىپ ، ئاقساقال دىمچونىڭ ، يەنى دەل يېرىم ئەسىر تاغدىن چۈشمىگەن قىرى قاتىلنىڭ مۇرىسىنى قېقىپ قويدى .

5 ) ئىزاھلىق تەگداش ھالەت

① بىز بۇ يەردە — ئورمانلىقتا دەرس تەكرار قىلىۋاتىمىز .

② ئۇلار شۇ تەرىقىدە كەچ كىرگۈچە — كۈن يامالىق تىغى ئۈستىگە يەسلەپ، ئوت شارىدەك قىزارغان چاغقىچە كۈتتى.

③ ئاۋاز چىققان تەرەپكە — مەھەللىنىڭ ئۇ بېشىغا قاراپ يۈگۈرۈشتى.

④ مەن رىكشا (ئادەم سۆرەيدىغان ئىككى چاقلىق هارۋا) بىلەن كەلدىم.

ئىزاھلىق تەڭداش بۆلەك تۆۋەندىكىدەك ئۈچ خىل شەكىلدە كېلىدۇ:

1) ئىزاھلىغۇچى بۆلەك بىلەن ئىزاھلانغۇچى بۆلەك ئورۇن تەرتىپى ئارقىلىق بىرىكىپ ئىزاھلىق تەڭداش بۆلەكنى هاسىل قىلىدۇ. بۇ خىل شەكىلدىكى ئىزاھلىق تەڭداش بۆلەكلەر ئومۇمەن كىشىلىك ئالماشلارغا ئالماش سانلارنىڭ بىرىكىشىدىن هاسىل بولىدۇ ھەم ئىزاھلىق تەڭداش ئىگە بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

① بىز ئىككىمىز بىر سىنىپتا ئوقۇيمىز.

② ئۇلار ئۈچى خوتەننىڭ قاراقاش ناھىيىسىدىن كەلگەن.

2) ئىزاھلىغۇچى بۆلەك بىلەن ئىزاھلانغۇچى بۆلەك «يەنى» باغلىغۇچىسى ئارقىلىق بىرىكىپ ئىزاھلىق تەڭداش بۆلەكنى هاسىل قىلىدۇ. مەسىلەن:

① ئۇنىڭ ئاتا ـ ئانىسى، يەنى مېنىڭ قىزىم بىلەن كۈيئوغلۇم ئۇنى چەت ئەلگە ئېلىپ چىقىپ كەتمەكچى بولۇۋاتىدۇ.

② ئۇلار شەھەرنىڭ جەنۇبىي قاپقىسى، يەنى خوتەن دەرۋازىسى ئالدىغا كەلدى.

3) ئىزاھلىغۇچى بۆلەك بىلەن ئىزاھلانغۇچى بۆلەك جانلىق تىلدا ئىنتوناتسىيە ئارقىلىق، يېزىقتا سىزىق ياكى تىرناق ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ.

## 6. مۇستەقىل بۆلەكلەر

جۈملە تەركىبىدىكى باشقا بۆلەكلەر بىلەن سىنتاكسىسلىق مۇناسى-

ۋەتتە بولالمايدىغان ، يەنى جۈملىدە مەلۇم سىنتاكسىسلىق ۋەزىپە ئۆتى-
يەلمەيدىغان سۆز ياكى سۆز بىرىكمىلىرى مۇستەقىل بۆلەك ، دەپ
ئاتىلىدۇ . نۇتۇقتا مۇستەقىل بۆلەكلەر جۈملە تەركىبىدىكى باشقا بۆلەك-
لەردىن ئىنتوناتسىيە ئارقىلىق ئايرىلىپ تۇرىدۇ ، يېزىقتا بولسا پەش
ئارقىلىق ئايرىپ يېزىلىدۇ . مۇستەقىل بۆلەك قاراتما بۆلەك ، قىستۇرما
بۆلەك ۋە ئۈندەش بۆلەكتىن ئىبارەت ئۈچ تۈرگە بۆلۈنىدۇ .

1 ) قاراتما بۆلەك

جۈملىدە ئىپادىلەنگەن ئوي - پىكىرگە باشقىلارنىڭ دىققىتىنى
جەلپ قىلىدىغان ھەم سۆزلىگۈچىنىڭ سۆزى قارىتىلغان شەخس ياكى
شەيئىنى بىلدۈرىدىغان سۆز ياكى سۆز بىرىكمىلىرى قاراتما بۆلەك ، دەپ
ئاتىلىدۇ .

قاراتما بۆلەك قارىماققا ئىگىگە ئوخشىشىپ كېتىدۇ . لېكىن ، ئۇ
جۈملە بۆلەكلىرى بىلەن سىنتاكسىسلىق مۇناسىۋەتتە بولمايدىغانلىقى ۋە
ئۆزىگە خاس ئىنتوناتسىيە بىلەن ئېيتىلىدىغانلىقى قاتارلىق جەھەتلەردە
ئىگىدىن پەرقلىنىپ تۇرىدۇ . قاراتما بۆلەك ئومۇمەن ياكى جۈملىنىڭ
بېشىدا ، ياكى جۈملىنىڭ ئاخىرىدا كېلىدۇ . مەسىلەن :

① ھوي ئاسماندىن چۈشكەن كۆك مونچاق ، ماۋۇ سۆتلەرنى ئەكى-
رىپ پىشۇرۇپ قوي .

② ئوبدان دادا ، سەن كۆزۈڭنى يۇمۇپ تۇرۇپ قەغەزگە ئىمزا
قويالامسەن ؟

③ بۈركۈت تاغا ، ماڭا ھەممە قۇشلاردىن ئېگىز ئۇچۇشنى ئۆگى-
تىپ قويسىڭىز .

④ كۆكلەم ، بارلىق تەبىئەتكە تېزدىن جان كىرگۈز !

⑤ بەرگەن ۋەدىڭىزنى ئۇنتۇپ قالماڭ ، ئايشەم .

2 ) قىستۇرما بۆلەك

جۈملىدە ئىپادىلەنگەن ئوي - پىكىرگە ۋە ئۇنىڭ ئىپادىلىنىش
ئەھۋالىغا سۆزلىگۈچىنىڭ قانداق قارايدىغانلىقىنى بىلدۈرىدىغان سۆز
ياكى سۆز بىرىكمىلىرى قىستۇرما بۆلەك ، دەپ ئاتىلىدۇ . قىستۇرما

بۆلەك ئومۇمەن جۈملىنىڭ بېشىدا كېلىدۇ . بەزىدە جۈملە ئوتتۇرىسىدىمۇ كېلىدۇ . مەسىلەن :

① تەلىيىمىزگە يارىشا ، سىلەرمۇ دەل ۋاقتىدا كەلدىڭلار .

② ئەلۋەتتە ، مەن ئۇنىڭ ئۆكىسى بولىمەن .

③ بەختىمىزگە يارىشا ، بۈگۈن ھاۋا ئوچۇق بولدى .

④ بەختكە قارشى ، ئۇ ئوتتۇز يېشىدا ئالەمدىن ئۆتتى .

⑤ ئاداش ، مېنىڭچە ، ھاياتىمىزنى قەدىرلەيدىغان پەيت كەلدى .

⑥ قىسقىسى ، مېنىڭ بۇ «گۈزەل»نى كۆرەرگە كۆزۈم يوق ئىدى .

⑦ سىنىپىمىزدىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىنتىزامى ، ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا ، ياخشى .

⑧ بەلكىم ، ئۇ كېتىپ قالغاندۇ ؟

3 ) ئۈندەش بۆلەك

جۈملىدە ئىپادىلەنگەن ئوي - پىكىرگە قارىتا سۆزلىگۈچىنىڭ تۈرلۈك ھېس - تۇيغۇلىرىنى ئىپادىلەيدىغان بۆلەك ئۈندەش بۆلەك ، دەپ ئاتىلىدۇ . ئىملىق سۆزلەر جۈملىدە ئۈندەش بۆلەك بولۇپ كېلىدۇ ۋە جۈملىگە ئەجەبلىنىش ، زېرىكىش ، سۆيۈنۈش ، نارازىلىق ، قورقۇش ، ئىزا تارتىش ، غەزەپلىنىش ، پۇشايمان قاتارلىق تۈرلۈك ھېس - تۇيغۇنى قوشىدۇ . مەسىلەن :

① بەللى ، بەللى ، ھارۋىكەشلىكتىن كوڭكا ھەيدەشكە ئۆتۈپسەن-دە .

② ۋاي - ۋۇي ، ئەجەبمۇ تۈگىمىدى ئۇنىڭ گېپى .

③ ياھ ، بۈگۈن ئەخمەتجان قاسىمى بىلەن كۆرۈشۈپ ، راسا گەپلەشىۋاپسىلەر - دە ؟

④ ۋىيەي ، بۇ ئۇن نېمە بولىدۇ ، ھېچبولمىغاندا خالتىنى تۇشقۇزۇپ ئالسىڭىزچۇ ؟

⑤ ۋايجان ، نېمىدېگەن سەت ھايۋان بۇ !

⑥ ۋىيەي ، سىز بىر بويتاق ، مەن بىر تۇل ئايال ، قانداق مېھمان

بولىمەن ئەمەسمە ؟

⑦ ئەستاغپۇرۇللا ، مۇشۇ بالىنى قانداق قىلسام بولار !

⑧ پاھ ، تازا ۋاقتىدا مېھمان بولۇپ كەپتىمەن - دە !

## 7 . جۈملە تەھلىل قىلىش ئۇسۇلى

جۈملە تەھلىل قىلىش دېگىنىمىز ، ئاددىي جۈملە تەركىبىدىكى سۆز ۋە سۆز بىرىكمىلىرىنىڭ سىنتاكسىسلىق رولىنى ئايرىپ كۆرسەتمىش ، قوشما جۈملە تەركىبىدىكى تارماق جۈملىلەرنىڭ بىرىكىش شەكلى ۋە بىرىكىش مۇناسىۋىتىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ بېرىشكە قارىتىلغان .

ئاددىي جۈملىنى تەشكىل قىلغۇچى سۆز ۋە سۆز بىرىكمىلىرىنىڭ جۈملىدىكى سىنتاكسىسلىق رولىنى ئايرىپ كۆرسىتىشتە ھازىر تۆۋەندىكىدەك جۈملە تەھلىل قىلىش ئۇسۇللىرى قوللىنىلىدۇ :

1) بۆلەكلەر بويىچە تەھلىل قىلىش ئۇسۇلى

بۇ ئۇسۇلدا جۈملە بىر تەكشىلىكتە دەپ قارىلىپ ، مۇستەقىل سۆزنى بىرلىك قىلغان ھالدا بىرقانچە بۆلەكلەرگە بۆلۈنىدۇ . بۇ ئاساستا ئىگە بىلەن خەۋەر جۈملىنىڭ باش بۆلىكى ؛ تولدۇرغۇچى ، ئېنىقلىغۇچى ۋە ھالەتلەر جۈملىنىڭ ئەگەشمە بۆلىكى دەپ قارىلىدۇ . مەسىلەن :

① گۈلخان خۇش پېشىللىقى بىلەن ئۇنىڭ دىققىتىنى بۇرىدى .

② ئۇكام ئەركىن بۇ كىتابنى قىزىقىپ ئوقۇدى .

بۆلەكلەر بويىچە تەھلىل قىلىش ئۇسۇلىنىڭ ئارتۇقچىلىقى شۇ يەردىكى ، بۇ ئۇسۇل ئارقىلىق جۈملىنىڭ غولىنى ئاسان تاپقىلى ، جۈملە تىپلىرىنى ئاسان ئېنىقلىغىلى بولىدۇ . رەسمىيىتى ئاددىي ۋە ئېنىق . يەنە بىر جەھەتتىن ، بۇ ئۇسۇلدا جۈملە تىپلىرى جۈملە بۆلەكلىرى ئوتتۇرىسىدىكى تۈرلۈك سىنتاكسىسلىق مۇناسىۋەتلەر ئارقىلىق چۈشەندۈرۈلىدىغان بولغاچقا ، سۆز بىلەن سۆز ئوتتۇرىسىدىكى سىنتاكسىسلىق مۇناسىۋەتنىڭ خاراكتېرى ئېنىق كۆرسىتىلىدۇ .

بۇ ئۇسۇلنىڭ كەمچىلىكى شۇ يەردىكى ، بۇ ئۇسۇلدا جۈملە بىر

ەگەشلىكتە تەھلىل قىلىنغاچقا، جۈملىنىڭ تۈز سىزىقلىق ئالاھىدىلىكىگىلا ئېتىبار بېرىلىپ، قاتلاملىق ئالاھىدىلىكىگە سەل قارىلىدۇ. نەتىجىدە، سۆز بىرىكمىسىنىڭ جۈملىدىكى قۇرۇلۇش ماتېرىياللىق رولى تولۇق ئىپادىلەنمەيدۇ ـ دە، جۈملىنىڭ ئىچكى قۇرۇلمىسى تولۇق ئېچىپ بېرىلمەيدۇ. مەسىلەن:

① شامال باھار پەيزىگە چۈمگەن يېزىنىڭ خۇشبۇي ھىدىنى دىماغقا ئۇرماقتا.

② بۇ ئەھۋالنى زۇمرەتخان شۇ كۈنلەردە ھەجەرخان ۋە خەيرىنساخانلارغا سۆزلەپ بەردى.

③ تۇرپاندىن كەلگەن ئادەم كەتتى.

بۇنىڭدا مىسال ①دىكى «پەيزىگە چۈمگەن»، مىسال ②دىكى «شۇ كۈنلەردە»، مىسال ③تىكى «تۇرپاندىن كەلگەن» دېگەن بىرىكمىلەرنىڭ سىنتاكسىسلىق مۇناسىۋىتىنى كۆزىتىدىغان بولساق، ئۇلاردىن ئۇيغۇر تىلىنىڭ سىنتاكسىسلىق قائىدىلىرىگە خىلاپ بىر ئەھۋالنى بايقايمىز. ئۇ بولسىمۇ، «ھالەت ـ ئېنىقلىغۇچىلىق مۇناسىۋەت» مەسىلىسى. بىزگە مەلۇم، ئۇيغۇر تىلىدا ھالەت پەقەت خەۋەرگە مۇناسىۋەتلىك ئەگەشمە بۆلەك. ئۇ ھېچقاچان ئېنىقلىغۇچىغا مۇناسىۋەتلىك بۆلەك بولۇپ باققان ئەمەس. يۇقىرىدىكى مىساللاردا بولسا سۆز بىرىكمىلىرىنىڭمۇ جۈملە بۆلىكى بولۇپ كېلەلەيدىغانلىقى ئېتىبارغا ئېلىنماي، پەقەت ھەر بىر سۆزنىڭ گىرامماتىكىلىق شەكلىگىلا ئېتىبار بېرىلگەنلىكتىن، ئۇيغۇر تىلىنىڭ سىنتاكسىسلىق قائىدىلىرىگە خىلاپ ھالدا «ھالەت ـ ئېنىقلىغۇچىلىق مۇناسىۋەت» دەيدىغان بىر خىل سىنتاكسىسلىق مۇناسىۋەت شەكىللەندۈرگەن. ئەمەلىيەتتە بولسا مىسال ①دىكى «باھار» سۆزى «پەيز» سۆزىگە ئېنىقلىغۇچىلىق مۇناسىۋەتتە بىرىكىپ ئېنىقلىغۇچىلىق مۇناسىۋىتىنى ھاسىل قىلغان. «باھار پەيزى» دېگەن بۇ ئىسىم خاراكتېرلىك سۆز بىرىكمىسى گەرچە «گە» نىڭ ۋاسىتىسى ئارقىلىق «چۈم-» دېگەن ئۆتۈممىز پېئىلغا بىرىكىپ ھالەتلىك مۇناسىۋەتنى ھا-

سىل قىلغان بولسىمۇ ، لېكىن «باھار پەيزىگە چۆم-» دېگەن بۇ بىرىكمە
سۈپەتداش قوشۇمچىسى «-غان»نىڭ ئۆلىنىشى بىلەن سۈپەتداش خاراك-
تېرلىك سۆز بىرىكمىسىنى ھاسىل قىلغان ۋە «يېزا»نى ئېنىقلاپ
كەلگەن . ئاخىرىدا «باھار پەيزىگە چۆمگەن يېزا» دېگەن ئىسىم خاراك-
تېرلىك سۆز بىرىكمىسى ئىگىلىك كېلىش قوشۇمچىسى «-نىڭ» ئارقى-
لىق بىر پۈتۈن گەۋدە سۈپىتىدە «ھىدىنى» دېگەن تولدۇرغۇچىنى ئې-
نىقلاپ كەلگەن . مىسال ②دىكى «شۇ» دېگەن ئالماش «كۈنلەر» دېگەن
سۆز بىلەن بىرىكىپ ئېنىقلىغۇچىلىق مۇناسىۋەتتىكى سۆز بىرىكمىسىنى
ھاسىل قىلغان بولسىمۇ ، لېكىن ئۇ بىرىكمە بىر پۈتۈن گەۋدە سۈپىتىدە
ئورۇن كېلىش قوشۇمچىسى بىلەن كېلىش ئارقىلىق «سۆزلەپ بەردى»
دېگەن خەۋەرگە ئورتاق باغلىنىپ ، جۈملىدە ھالەت بولۇپ كەلگەن .
مىسال ③تە «تورپان» دېگەن سۆز چىقىش كېلىش قوشۇمچىسى ئارقى-
لىق «كەل-» دېگەن ئۆتۈمسىز پېئىلغا بىرىكىپ ھالەتلىك مۇناسىۋەتنى
ھاسىل قىلغان بولسىمۇ ، لېكىن ئۇ بىرىكمە سۈپەتداش قوشۇمچىسى
«-غان»نىڭ ئۆلىنىشى بىلەن سۈپەتداشلىق سۆز بىرىكمىسى خاراكتېرى-
نى ئالغان ۋە بىر پۈتۈن گەۋدە سۈپىتىدە «ئادەم» دېگەن ئىگىنى
ئېنىقلاپ جۈملىدە ئېنىقلىغۇچى بولۇپ كەلگەن . دېمەك ، بۆلەكلەر بويى-
چە تەھلىل قىلىشتا ، نوقۇل ھالدا مۇستەقىل سۆزلەر ۋە ئۇلارنىڭ
گراماتىكىلىق شەكىللىرى جۈملىنى بۆلەكلەرگە ئايرىشتىكى ئۆلچەم
قىلىنسا ، ئۇ ھالدا ، مۇئەييەن بىر تىلدىكى جۈملىلەرنىڭ ھەرقايسى
بۆلەكلىرى ئوتتۇرىسىدىكى سىنتاكسىسلىق مۇناسىۋەتلەرنى ھەقىقىي ۋە
ئېنىق يورۇتۇپ بەرگىلى بولمايدۇ .

2) قاتلاملار بويىچە تەھلىل قىلىش ئۇسۇلى

بۇ خىل ئۇسۇل بويىچە جۈملىنى تەھلىق قىلغاندا ، ئالدى بىلەن
جۈملە ئىگە بۆلەك ۋە خەۋەر بۆلەك دېگەن ئىككى بىۋاسىتە تەركىبكە
ئايرىلىپ ، ئاندىن بۇ بىۋاسىتە تەركىبلەر يەنە قۇرۇلما قاتلاملىرى بويىچە
داۋاملىق تەھلىل قىلىنىدۇ . بىرىنچى قاتلامدا ئايرىلغان بىۋاسىتە تەر-
كىبلەر جۈملە بۆلىكى دەپ قارىلىدۇ ، ئىككىنچى ، ئۈچىنچى …

قاتلاملاردا ئايرىلغان بىۋاستە تەركىبلەر جۈملە بۆلەكلىرى ھېسابلانماي-
دۇ، بەلكى جۈملە بۆلەكلىرىنىڭ بۆلەكلىرى ياكى سۆز بىرىكمىسىنىڭ
بۆلەكلىرى دەپ قارىلىدۇ. قاتلاملار بويىچە تەھلىل قىلىشتا، مەيلى
قايسى قاتلامدا بولسۇن پەقەت ئىككىلا بىۋاستە تەركىبكە ئايرىلىدۇ
(تەڭداش تەركىبلەر بۇنىڭ سىرتىدا). مەسىلەن:

① زىمىستان كۆرمىگەن بۇلبۇل باھارنىڭ قەدرىگە يەتمەس.



② تۇرپاننىڭ ئۈزۈمى بىلەن پاختىسى خېلى داڭلىق.



③ ساۋاقداشلار تىلشۇناسلىق بىلىمىنى تىرىشىپ ئۆگەنمەكتە.



④ شامال باھار پەيزىگە چۆمگەن يېزىنىڭ خۇشبۇيى ھىدىنى دىماققا ئۇرماقتا.



⑤ بىز ئوقۇش يۈرگۈزۈش ماقالىسى توغرىسىدا پاراڭلىشايلى دەپ كەلدۇق.



قاتلاملار بويىچە تەھلىل قىلىش ئۇسۇلىنىڭ ئارتۇقچىلىقى شۇ يەردىكى، بۇ ئۇسۇلدا باشتىن ـ ئاخىر ئىزچىل ھالدا جۈملىنىڭ قاتلاملىق ئالاھىدىلىكى تەكىتلىنىدۇ. شۇڭا، بۇ ئۇسۇل بۆلەكلەر بويىچە تەھلىل قىلىش ئۇسۇلىغا قارىغاندا، جۈملىنىڭ ئىچكى قانۇنىيىتىنى تېخىمۇ تولۇق ئېچىپ بېرەلەيدۇ. يەنە بىرى، ئىككى بىسلىق جۈملىلەرنىڭ قۇرۇلما جەھەتتىكى پەرقىنى ئېنىق ئايرىشقا بولىدۇ. مەسىلەن:

① بۇ ئوقۇغۇچى ئالىمنىڭ تونۇشىدۇر.



بۇ ئوقۇغۇچى ئالىمنىڭ تونۇشىدۇر.



② ئىككى بالكونلۇق ئۆي بار.



ئىككى بالكونلۇق ئۆي بار.



③ تۈنۈگۈن يوقالغان كىتاب تېپىلدى.



تۈنۈگۈن يوقالغان كىتاب تېپىلدى.



قاتلاملار بويىچە تەھلىل قىلىش ئۇسۇلىنىڭ يېتەرسىزلىكى شۇ يەردىكى، بۇ ئۇسۇلدا جۈملە تەركىبىدىكى ھەرقايسى تەركىبلەر (بۆلەك-

ئانچە ئەھمىيەت بېرىلمەيدۇ. شۇڭا، جۈملە تەھلىل قىلغاندا، پەقەت قاتلاملارلا ئايرىلىپ، ھەرقايسى بىۋاستە تەركىبلەر ئوتتۇرىسىدىكى سىنتاكسىسلىق مۇناسىۋەتلەر كۆرسىتىلمەيدۇ. نەتىجىدە، قاتلاملىرى ئوخشاش، سىنتاكسىسلىق مۇناسىۋەتلىرى ئوخشىمايدىغان قۇرۇلمىلار پەرقلەندۈرۈلمەيدۇ. مەسىلەن:

① تىل — ئالاقىلىشىش ۋاستىسى.

② مەن كەچ كېلىمەن.

بۇ ئىككى جۈملىنى كۆزىتىدىغان بولساق، ئۇلارنىڭ قاتلاملىرى پۈتۈنلەي ئوخشاش. ئەمەلىيەتتە مىسال ① ئىسىملىق ئىگە ـ خەۋەرلىك جۈملە بولۇپ، ئۇنىڭ خەۋىرى ئېنىقلىغۇچىلىق مۇناسىۋەتتىكى ئىسىم خاراكتېرلىك سۆز بىرىكمىسىدىن تەركىب تاپقان بولسا، مىسال ② پېئىللىق ئىگە ـ خەۋەرلىك جۈملە بولۇپ، ئۇنىڭ خەۋەر بۆلىكى ھالەتلىك مۇناسىۋەتتىكى پېئىللىق سۆز بىرىكمىسىدىن تەركىب تاپقان.

يەنە بىر جەھەتتىن، بۇ خىل ئۇسۇل جۈملە بۆلەكلىرى نورمال تەرتىپتە ئورۇنلاشقان ئەھۋالدىلا، يەنى ئىگىگە مۇناسىۋەتلىك ئەگەشمە بۆلەكلەر ئىگىنىڭ ئالدىدا، خەۋەرگە مۇناسىۋەتلىك ئەگەشمە بۆلەكلەر ئىگىنىڭ كەينىدە، خەۋەرنىڭ ئالدىدا كەلگەن ئەھۋال ئاستىدىلا ئەسقاتىدۇ. ئەگەر خەۋەرگە مۇناسىۋەتلىك ئەگەشمە بۆلەكلەر ئىگىنىڭ ئالدىدا كېلىپ قالسا، ئۇنداق جۈملىلەرگە بۇ خىل ئۇسۇلنى قوللىنىشقا بولمايدۇ. مەسىلەن:

① ئۇ چاغلاردا يېزىمىزدا قارا چىراغلار يېقىلاتتى.

② بۇ ئەھۋالنى ئالىم تۈنۈگۈن ماڭا سۆزلەپ بەردى.

③ چېچەكلىگەن ئۆرۈك شاخلىرىدا قارىغۇچىلار نېمىلەرنىدۇ دورايتتى.

بۇنىڭدىكى مىسال ①دە خەۋەرگە مۇناسىۋەتلىك بولغان «ئۇ چاغلاردا»، «يېزىمىزدا» دېگەن ۋاقىت ۋە ئورۇن ھالەتلىرى ئىگىسىنىڭ ئالدىدا، مىسال ②دە خەۋەرگە مۇناسىۋەتلىك بولغان «بۇ ئەھۋالنى» دېگەن تولدۇرغۇچى ئىگىسىنىڭ ئالدىدا، مىسال ③تە خەۋەرگە مۇناسىۋەتلىك بولغان «چېچەكلىگەن ئۆرۈك شاخلىرىدا» دېگەن ئورۇن ھالىتى ئىگىسىنىڭ ئالدىدا كەلگەن. مانا مۇشۇنداق جۈملىلەردە قاتلاملار بويىچە تەھلىل قىلىش ئۇسۇلىنى قوللىنىشقا بولمايدۇ.

3) قۇرۇلما ـ تەركىبلەر بويىچە تەھلىل قىلىش ئۇسۇلى

قۇرۇلما ـ تەركىبلەر (بۆلەكلەر) بويىچە تەھلىل قىلىش ئۇسۇلى يۇقىرىدا سۆزلەنگەن ئىككى خىل ئۇسۇلنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرى بىرلەشتۈرۈلگەن بىر خىل جۈملە تەھلىل قىلىش ئۇسۇلى بولۇپ، بۇ خىل ئۇسۇلنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرى تۆۋەندىكىچە:

(1) بۇ ئۇسۇلدىمۇ ئىگە، خەۋەر، تولدۇرغۇچى، ئېنىقلىغۇچى ۋە ھالەت دېگەندەك ئاتالغۇلار بار. لېكىن، ئۇلارنىڭ مەزمۇنى بۆلەكلەر بويىچە تەھلىل قىلىش ئۇسۇلىدىكىگە ئوخشىمايدۇ. بۆلەكلەر بويىچە تەھلىل قىلىش ئۇسۇلىدا بۇ بەش تەركىبنىڭ ھەممىسى جۈملىنىڭ بۆلەكلىرى دەپ قارىلىدۇ. قاتلاملار بويىچە تەھلىل قىلىش ئۇسۇلىدا بىرىنچى قاتلامدا بۆلۈنگەن تەركىبلەرلا جۈملىنىڭ بۆلىكى دەپ قارىلىدۇ. تولدۇرغۇچى، ئېنىقلىغۇچى ۋە ھالەتلەر سۆز بىرىكمىلىرىنىڭ بۆلەكلىرى (جۈملە بۆلەكلىرىنىڭ بۆلەكلىرى) دەپ قارىلىدۇ. قۇرۇلما ـ تەركىبلەر بويىچە تەھلىل قىلىش ئۇسۇلىدا بولسا جۈملە بىلەن سۆز بىرىكمىسى بىردەك سىنتاكسىسلىق بىرلىك دەپ قارىلىپ، ھەم جۈملىگە، ھەم سۆز بىرىكمىسىگە تەھلىل يۈرگۈزۈلىدۇ. مەسىلەن:

مەن ئۇنى يېزىغا ماڭدۇردۇم.

قۇرۇلما ـ تەركىبلەر بويىچە تەھلىل قىلىش ئۇسۇلىدا، بۇ جۈملە پەقەت ئىگە «مەن» بىلەن خەۋەر «ئۇنى يېزىغا ماڭدۇردۇم» جۈملىنىڭ بۆلىكى دەپ قارىلىدۇ. «ئۇنى» سۆزى پەقەت «يېزىغا ماڭدۇردۇم»نىڭلا

خۇددى شۇنىڭدەك ، «يېزىغا» بولسا ھالەتلىك باغلىنىشتىكى سۆز بىرىكمىسى «يېزىغا ماڭدۇر»نىڭ ھالىتى دەپ قارىلىدۇ . بىرىنچى قاتلامدىكى بىۋاستە تەركىبلەر جۈملىنىڭ بۆلەكلىرى ، ئىككىنچى ۋە ئۈچىنچى قاتلامدىكى بىۋاستە تەركىبلەر بولسا سۆز بىرىكمىلىرىنىڭ بۆلەكلىرى ، يەنى جۈملە بۆلەكلىرىنىڭ بۆلەكلىرى بولىدۇ . مەسىلەن :

مەن ئۇنى يېزىغا ماڭدۇردۇم.



(ئەسكەرتىش : بۇنىڭدا بىر يۈرۈش شەرتلىك بەلگىلەر ، يەنى بۆلەكلەر بويىچە تەھلىل قىلىش ئۇسۇلىدىكى شەرتلىك بەلگىلەر ، ۋە بەزى ھەرپلەر ، مەسىلەن : $i$ (ئىگە ـ خەۋەرلىك مۇناسىۋەت) ، $t$ (تولدۇرغۇچىلىق مۇناسىۋەت) ، $e$ (ئېنىقلىغۇچىلىق مۇناسىۋەت) ، $h$ (ھالەتلىك مۇناسىۋەت) ، $zcy$ (تەڭداشلىق مۇناسىۋەت) دېگەندەك ھەرپلەر ئىشلىتىلىدۇ) .

بۇنىڭدا سۆز بىرىكمىسىنىڭ جۈملىدىكى رولىغا ۋە جۈملىنىڭ قاتلاملىق ئالاھىدىلىكىگە ئېتىبار بېرىلگەن . بۇ جەھەتتە قاتلاملار بويىچە تەھلىل قىلىش ئۇسۇلىنىڭ ئارتۇقچىلىقى قوبۇل قىلىنغان .

(2) بۇ خىل ئۇسۇلدا بىر يۈرۈش شەرتلىك بەلگىلەرنى ئىشلىتىش ئارقىلىق ھەرقايسى تەركىبلەر ئوتتۇرىسىدىكى سىنتاكسىسلىق مۇناسىۋەتلەرنىڭ خاراكتېرىنى كۆرسىتىپ بېرىش تەلەپ قىلىنىدۇ . بۇ جەھەتتە بۆلەكلەر بويىچە تەھلىل قىلىش ئۇسۇلىنىڭ ئارتۇقچىلىقى قوبۇل قىلىنغان .

(3) بۇ خىل ئۇسۇلدا جۈملە ئادەتتە سۆزگىچىلا تەھلىل قىلىنىدۇ . مەسىلەن :

لېكىن ، بۇ ئۇسۇلنىڭمۇ ئۆزىگە خاس يېتەرسىزلىكى بار . ئۇ بولـ

① ئادەملەرنىڭ ئىجتىمائىي مەۋجۇدىيىتى ئادەملەرنىڭ ئىدىيىسىنى بەلگىلەيدۇ.



② گۈلخان خۇش پېئىللىق بىلەن ئۇنىڭ دىققىتىنى بۇرىدى.



③ ناخشىسىز، ئۇسسۇلسىز ئۆتكەن كۈنلىرىم بىسەرتىماقتا تۇرغاندەك ئازابلىق.



سىمۇ، يەنىلا خەۋەرگە مۇناسىۋەتلىك ئەگەشمە بۆلەكلەر ئىگىسىنىڭ ئالدىدا كەلسە، بۇ خىل جۈملە تەھلىل قىلىش ئۇسۇلىنى قوللىنىشقا بولمايدۇ. شۇڭا، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا جۈملىلەرنى تەھلىل قىلىشتا، سۆز ۋە سۆز بىرىكمىلىرىنى سىنتاكسىسلىق بىرلىك ھېسابلاپ تەھلىل يۈرگۈزۈش بىرقەدەر مۇۋاپىق. بۇ دېگەنلىك جۈملە تەركىبىدە ھەر بىر مۇستەقىل سۆز ئۆز ئالدىغا بىر سىنتاكسىسلىق ۋەزىپە ئۆتەپ كەلگەن بولسا، سۆزمۇسۆز تەھلىل يۈرگۈزۈش؛ ئەگەر سۆز بىرىكمىسى بىر خىل سىنتاكسىسلىق ۋەزىپە ئۆتەپ كەلگەن بولسا، سۆز بىرىكمىسى بويىچە تەھلىل قىلىش كېرەك دېگەنلىك. پەقەت مۇشۇنداق قىلغاندىلا، جۈملە بۆلەكلىرى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت ئېنىق بولىدۇ، جۈملە قۇرۇلمىسىنى توغرا تونۇشقا بولىدۇ.

## 【مۇھاكىمە سوئاللىرى】

1. جۈملە دېگەن نېمە؟ ئۇ قانداق ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە؟ مىسال بىلەن چۈشەندۈرۈڭ.

2. سۆز بىرىكمىسى بىلەن جۈملىنىڭ پەرقى نېمە؟ مىسال بىلەن

چۈشەندۈرۈڭ .

3 . جۈملە تىپى دېگەن نېمە؟ مىسال بىلەن چۈشەندۈرۈڭ .

4 . جۈملە تىپى قانداق ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە؟ مىسال بىلەن چۈشەندۈرۈڭ .

5 . جۈملە تىپىغا تەسىر كۆرسىتىدىغان ئامىللار قايسىلار؟ مىسال بىلەن چۈشەندۈرۈڭ .

6 . جۈملە تىپى قانداق قاتلاملارغا ئاساسەن قانداق تىپلارغا ئايرىلىدۇ؟

7 . ئىگە - خەۋەرلىك جۈملە دېگەن نېمە؟ ئۇ ئۆز ئىچىدىن قانداق تىپلارغا بۆلۈنىدۇ؟ مىسال بىلەن چۈشەندۈرۈڭ .

8 . ئىسىملىق ئىگە - خەۋەرلىك جۈملە دېگەن نېمە؟ ئۇ ئۆز ئىچىدىن قانداق تىپلارغا بۆلۈنىدۇ؟ مىسال بىلەن چۈشەندۈرۈڭ .

9 . سۈپەتلىك ئىگە - خەۋەرلىك جۈملە دېگەن نېمە؟ مىسال بىلەن چۈشەندۈرۈڭ .

10 . سانلىق (سان - مىقدارلىق) ئىگە - خەۋەرلىك جۈملە دېگەن نېمە؟ مىسال بىلەن چۈشەندۈرۈڭ .

11 . تەقلىد سۆزلۈك ئىگە - خەۋەرلىك جۈملە دېگەن نېمە؟ مىسال بىلەن چۈشەندۈرۈڭ .

12 . پېئىللىق ئىگە - خەۋەرلىك جۈملە دېگەن نېمە؟ ئۇ ئۆز ئىچىدىن قانداق تىپلارغا بۆلۈنىدۇ؟ مىسال بىلەن چۈشەندۈرۈڭ .

13 . ئىگىسىز جۈملە دېگەن نېمە؟ ئۇ ئۆز ئىچىدىن قانداق تىپلارغا بۆلۈنىدۇ؟

14 . ئىسىملىق ئىگىسىز جۈملە دېگەن نېمە؟ مىسال بىلەن چۈشەندۈرۈڭ .

15 . سۈپەتلىك ئىگىسىز جۈملە دېگەن نېمە؟ مىسال بىلەن چۈشەندۈرۈڭ .

16 . پېئىللىق ئىگىسىز جۈملە دېگەن نېمە؟ ئۇ ئۆز ئىچىدىن قانداق تىپلارغا بۆلۈنىدۇ؟ مىسال بىلەن چۈشەندۈرۈڭ .

17 . ئالاھىدە ئىگىسىز جۈملە دېگەن نېمە؟ مىسال بىلەن چۈشەندۈ-
رۈڭ .
18 . جۈملە ئىنتوناتسىيىسىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا ئاساسەن قانداق
تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ؟
19 . بايان جۈملە دېگەن نېمە؟ مىسال بىلەن چۈشەندۈرۈڭ .
20 . سوئال جۈملە دېگەن نېمە؟ ئۇ ئۆز ئىچىدىن قانداق تۈرلەرگە
بۆلۈنىدۇ؟ ھەر بىر تۈرنى مىسال بىلەن چۈشەندۈرۈڭ .
21 . بۇيرۇق جۈملە دېگەن نېمە؟ مىسال بىلەن چۈشەندۈرۈڭ .
22 . ئۈندەش جۈملە دېگەن نېمە؟ مىسال بىلەن چۈشەندۈرۈڭ .
23 . تولۇق جۈملە دېگەن نېمە؟ تولۇقسىز جۈملە دېگەن نېمە؟
مىسال بىلەن چۈشەندۈرۈڭ .
24 . جۈملە بۆلىكى دېگەن نېمە؟ جۈملە بۆلىكى سىنتاكسىلىق
رولىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا ئاساسەن قانداق تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ؟ ھەربە-
رىنى ئايرىم - ئايرىم كۆرسىتىڭ .
25 . ئىگە دېگەن نېمە؟ مىسال بىلەن چۈشەندۈرۈڭ .
26 . خەۋەر دېگەن نېمە؟ مىسال بىلەن چۈشەندۈرۈڭ .
27 . تولدۇرغۇچى دېگەن نېمە؟ مىسال بىلەن چۈشەندۈرۈڭ .
28 . ئېنىقلىغۇچى دېگەن نېمە؟ مىسال بىلەن چۈشەندۈرۈڭ .
29 . ھالەت دېگەن نېمە؟ ئۇ ئۆز ئىچىدىن قانداق تۈرلەرگە بۆلۈنى-
دۇ؟ ھەربىر تۈرنى مىسال بىلەن چۈشەندۈرۈڭ .
30 . ئۇيغۇر تىلىدا جۈملە بۆلەكلىرىنىڭ ئورۇن تەرتىپى قانداق؟
مىسال بىلەن چۈشەندۈرۈڭ .
31 . ئىزاھلىق تەڭداش بۆلەك دېگەن نېمە؟ ئۇ ئۆز ئىچىدىن قانداق
تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ؟ ھەربىر تۈرنى مىسال بىلەن چۈشەندۈرۈڭ .
32 . ئىزاھلىق تەڭداش بۆلەك بىلەن تەڭداش بۆلەكنىڭ ئورتاقلىقى
نېمە؟ مىسال بىلەن چۈشەندۈرۈڭ .
33 . ئىزاھلىق تەڭداش بۆلەك بىلەن تەڭداش بۆلەكنىڭ پەرقى
نېمە؟ مىسال بىلەن چۈشەندۈرۈڭ .

34 . ئىزاھلىق تەڭداش بۆلەك قانداق شەكىللەردە ئىپادىلىنىدۇ؟ مىسال بىلەن چۈشەندۈرۈڭ.

35 . جۈملىنىڭ مۇستەقىل بۆلىكى دېگەن نېمە؟ ئۇ ئۆز ئىچىدىن قانداق تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ؟ مىسال بىلەن چۈشەندۈرۈڭ.

36 . جۈملە تەھلىل قىلىش ئۇسۇللىرى قايسىلار؟

## §5. قوشما جۈملە

### 1 . قوشما جۈملە ھەققىدە چۈشەنچە

مەنە جەھەتتىن ئۆزئارا زىچ مۇناسىۋەتلىك بولغان، قۇرۇلما جەھەتتىن بىر - بىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالمىغان، ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق ئارماق جۈملىدىن تەركىب تاپقان تىل بىرلىكى قوشما جۈملە، دەپ ئاتىلىدۇ. ئىككىنچى تۈرلۈك قىلىپ ئېيتقاندا، مەنە، تۈزۈلۈش ۋە ئىنتوناتسىيە جەھەتتىن بىر پۈتۈنلۈكنى تەشكىل قىلغان ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق ئارماق جۈملىلەرنىڭ قوشۇلمىسى قوشما جۈملە، دېيىلىدۇ. قوشما جۈملە تۆۋەندىكىدەك ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە:

(1) قوشما جۈملە ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق ئاددىي جۈملىدىن تەركىب تاپىدۇ، قوشما جۈملە تەركىبىدىكى ئاددىي جۈملىلەر ئارماق جۈملە، دەپ ئاتىلىدۇ، قۇرۇلمىسىدىن كۆزەتكەندە، ئارماق جۈملىلەر ئاددىي جۈملىنىڭ خۇسۇسىيىتىگە ئىگە بولىدۇ. مەسىلەن:

① كۈزلۈكى كالتە كېلىپ قاپتۇ، كەشتە تىكىلگەن كوپتىسىمۇ كىچىك كېلىپ قاپتۇ، ئەمدى يېڭى كىيىم توغرىسىدا ئويلاش كېرەك.

② ھازىر جىياڭ جيېشى قىلىچىنى بىلەۋاتىدۇ، شۇڭا بىزمۇ قىلىچىمىزنى بىلەيمىز.

③ يامغۇر ياغسا، يەر ھۆل بولىدۇ.

④ دوستۇم، كۆزۈڭ كۆرۈپ تۇرۇپتۇكى، مەن بۇ قىزغا ئاشىق بولۇپ قالدىم.

... ئارماق جۈملىلەر قۇرۇلما جەھەت-

تىن نىسپىي مۇستەقىللىققا ئىگە بولىدۇ. بىرى يەنە بىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالمىغان بولىدۇ. يەنى، قوشما جۈملە تەركىبىدىكى مەلۇم بىر تارماق جۈملە يەنە بىر تارماق جۈملىنىڭ سىنتاكسىسلىق تەركىبى (مەلۇم بىر بۆلىكى) بولمايدۇ. مەسىلەن:

① تۈنۈگۈن ئاغرىپ قېلىپ دەرسكە چىقالمىدىم. (ئاددىي جۈملە)

② تۈنۈگۈن ئاغرىپ قالدىم، شۇڭا دەرسكە چىقالمىدىم. (قوشما جۈملە)

③ ئۇ بىلىپ تۇرۇپ ئېيتقۇسى كەلمەيۋاتىدۇ. (ئاددىي جۈملە)

④ ئۇ بىلىپ تۇرىدۇ، لېكىن ئېيتقۇسى كەلمەيۋاتىدۇ. (قوشما جۈملە)

(3) قوشما جۈملە تەركىبىدىكى تارماق جۈملىلەر مەنە جەھەتتىنمۇ بىر - بىرىنى شەرت قىلىدۇ، بىر - بىرىنى تەقەززا قىلىدۇ. ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق جۈملە قۇرۇلما جەھەتتىن نىسپىي مۇستەقىللىققا ئىگە بولسىمۇ، لېكىن مەنە جەھەتتىن، بىر - بىرىنى شەرت قىلمىسا، ئۆزئارا باغلىنىشلىق بولمىسا، قوشما جۈملە دېگىلى بولمايدۇ.

(4) قوشما جۈملە ھەرقانچە مۇرەككەپ بولسىمۇ (تەركىبىدىكى تارماق جۈملىلەر قانچە كۆپ بولسىمۇ)، جۈملە نۇقتىسىدىن كۆزەتكەندە، ئۇ ھامان بىر جۈملە. شۇڭا، قوشما جۈملە بىر جۈملە بولۇش سۈپىتى بىلەن بىر پۈتۈن ئىنتوناتسىيىگە ئىگە بولىدۇ. پەقەت بىر پۈتۈن قوشما جۈملىنىڭ ئاخىرىدىلا ئاخىرلىشىش خاراكتېرىدىكى تىنىش (توختاش) بولىدۇ. يېزىقتا مۇۋاپىق تىنىش بەلگىلىرى قويۇلىدۇ.

(5) بىر قىسىم قوشما جۈملىلەردە ھەرقايسى تارماق جۈملىلەرنىڭ خەۋىرى تۈزۈلۈش جەھەتتىن بىر پۈتۈنلۈكنى ساقلاپ قالالايدۇ، يەنە بىر قىسىم قوشما جۈملىلەردە بولسا بەزى تارماق جۈملىلەرنىڭ خەۋىرى تۈزۈلۈش جەھەتتىكى بىر پۈتۈنلۈكنى ساقلاپ قالالىسا، بەزىلىرىدە ساقلاپ قالالمايدۇ. مەسىلەن:

① ئۇ تىرىشىپ ئۆگىنىدۇ ھەمدە ئۆگەنگىنىنى ئەمەلىيەتتە ئىشلىتەلەيدۇ.

② بۇ يۇرتتا يا سەن تۇر ، يا مەن تۇراي .

③ سەن بارساڭ ، مەن بارسەن .

④ بۇ سۇ شۇنداق سۈزۈك ئىدىكى ، تېگىدىكى تاشلار كۆرۈنۈپ تۇراتتى .

قوشما جۈملە تەركىبىدىكى تارماق جۈملىلەر تۆۋەندىكىدەك سىنتاكسىسلىق ئامىللار ئارقىلىق ئۆزئارا باغلىنىپ كېلىدۇ :

(1) باغلىغۇچىلار

باغلىغۇچىلار قوشما جۈملە تەركىبىدىكى تارماق جۈملىلەرنى ئۆزئارا باغلاپ كېلىدىغان مۇھىم سىنتاكسىسلىق ۋاستىلەرنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ . باغلىغۇچىلارنىڭ بەزىلىرى قوشما جۈملە تەركىبىدىكى تارماق جۈملىلەرنى تەڭداشلىق مۇناسىۋەتتە باغلاپ كەلسە ، يەنە بەزى باغلىغۇچىلار قوشما جۈملە تەركىبىدىكى تارماق جۈملىلەرنى بېقىندىلىق مۇناسىۋەتتە باغلاپ كېلىدۇ (تەپسىلاتىنى «قوشما جۈملە تۈرى»دىن كۆرۈڭ ) .

(2) بىر قىسىم مورفولوگىيىلىك شەكىللەر

بىر قىسىم مورفولوگىيىلىك شەكىللەر دېگەندە ، ئومۇمەن ، پېئىللارنىڭ شەرت رايى قوشۇمچىسى «-سا// -سە» ، «-غان»لىق سۈپەتداشلارغا ئىسىملارنىڭ ئورۇن كېلىش قوشۇمچىسى ۋە «لا» يۈكلىمىسىنىڭ ئۇلىنىشىدىن ھاسىل بولغان «…غاندىلا» دېگەن مورفولوگىيىلىك شەكىل بىلەن «پ»لىق رەۋىشداشلارغا «لا» يۈكلىمىسى ھەم «قال-» پېئىلىنىڭ رەۋىشداش ياكى سۈپەتداش شەكلىنىڭ ئىنكار شەكلى «قالماي (قالماستىن )»نىڭ بىرىكىشىدىن ھاسىل بولغان مورفولوگىيىلىك شەكىل «…پلا قالماي (قالماستىن )» قاتارلىقلارغا قارىتىلىدۇ . مەسىلەن :

① يامغۇر ياغسا ، يەر ھۆل بولىدۇ .

② ھاۋانىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈش ھەرىكىتى سۇ پارىنىڭ قېتىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپلا قالماستىن ، بەلكى ئۇنى يەر يۈزىگە يېقىن بولغان جايدا لەيلىتىپ تۇمان ھاسىل قىلىدۇ .

③ سۇ بولغاندىلا ، ھاياتلىق بولىدۇ .

شۇنى ئەسكەرتىپ ئۆتىمىزكى، ئۇيغۇر تىلى مورفولوگىيىلىك تۇرلىنىشكە باي تىل بولغاچقا، بىر قىسىم باغلىغۇچىلار تارماق جۈملىنىڭ خەۋەر قىسمىدىكى مورفولوگىيىلىك شەكىللەر بىلەن ماسلىشىپ كېلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر پۈتۈن قۇرۇلمىنى ھاسىل قىلىدۇ. ئەگەر مورفولوگىيىلىك شەكىللەر باغلىغۇچىنىڭ مەنىسىنى ئىپادىلەپ بېرەلىسە، ئۇ ھالدا باغلىغۇچىنى ئىخچاملاشقا بولىدۇ، مورفولوگىيىلىك شەكىللەر باغلىغۇچىنىڭ مەنىسىنى ئىپادىلەپ بېرەلمىسە ياكى باغلىغۇچى تارماق جۈملىنىڭ خەۋەر قىسمىدىكى مورفولوگىيىلىك شەكىل بىلەن مۇناسىۋەتسىز بولسا، باغلىغۇچىنى ئىخچاملاشقا بولمايدۇ. مەسىلەن:

① ناۋادا ئىش ئۇڭدىن كەلمىسە، كۆل بولۇپ كېتىمىز.

② ئۇ ئەكەلگەن ئوتۇنلار شۇنچە نۇرغۇن ئىكەنكى، ئۇنى قويىدىغان يەر تاپالماي قاپتۇ.

③ يا ئادەملەرنىڭ كۆزى قارىغۇ، ياكى ئەمەلنىڭ كۆزى قارىغۇ.

مىسال ①دە ئالدىنقى تارماق جۈملىنىڭ خەۋىرىدىكى شەرت رايى قوشۇمچىسى «ناۋادا» باغلىغۇچىسى بىلەن ئوخشاش مەنە ئىپادىلىگەچكە، «ناۋادا» باغلىغۇچىسىنى ئىخچاملاشقا بولىدۇ. مىسال ② ③تىكى «كى» «يا، ياكى» باغلىغۇچىلىرىنى ئىخچاملاشقا بولمايدۇ. چۈنكى، ئۇ باغلىغۇچىلار تارماق جۈملىلەرنىڭ خەۋەر قىسمىدىكى مورفولوگىيىلىك شەكىللەر بىلەن مۇناسىۋەتلىك.

(3) ئورۇن تەرتىپ

ئورۇن تەرتىپمۇ قوشما جۈملىنىڭ ھاسىل بولۇشىدا مۇھىم رول ئوينايدىغان سىنتاكسىسلىق ۋاستىلەرنىڭ بىرى. ئورۇن تەرتىپ ئارقىلىق باغلانغان قوشما جۈملە تەركىبىدىكى تارماق جۈملىلەر تولۇق ئاياغلاشقان خەۋەر شەكلىگە ۋە ئۆزىگە خاس ئاددىي جۈملە ئىنتوناتسىيىسىگە ئىگە بولىدۇ. يېزىقتا تارماق جۈملىلەرنىڭ ئوتتۇرىسىغا پەش قويۇلىدۇ. مەسىلەن:

① ئۇ ئۆزىنىڭ كۈچلۈك قاناتلىرىنى سىلكىدى، ئۆتكۈر تۇمشۇقى بىلەن چوقۇلىدى.

② خەلق ئادىل سوتچى ، خەلق ھۆكۈم چىقارسۇن .

③ بۇقا بويىنغا يىغار ، ئابدال قويىنغا (يىغار) .

قوشما جۈملە بىلەن ئاددىي جۈملە تۆۋەندىكى جەھەتلەردە پەرقلىنىدۇ :

(1) جۈملە قۇرۇلمىسىنىڭ ئوخشاشماسلىقىغا ئاساسەن پەرقلىنىدۇ . ئاددىي جۈملە سۆز ۋە سۆز بىرىكمىلىرىدىن تەشكىل تاپىدۇ . شۇڭا ، ئاددىي جۈملە قۇرۇلمىسىنى تەھلىل قىلىش ئارقىلىق بىۋاستە ئېرىشىدىغان بىرلىكلەر جۈملە بۆلەكلىرى بولىدۇ . قوشما جۈملە بولسا ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق ئارماق جۈملىدىن تەشكىل تاپىدۇ . شۇڭا ، قوشما جۈملىنىڭ قۇرۇلمىسىنى تەھلىل قىلىش ئارقىلىق بىۋاستە ئېرىشىدىغان بىرلىكلەر تارماق جۈملە بولىدۇ . مەسىلەن :

① ئۇ ئۆز باغرىدا سانسىز ئاقىل - دانىشمەنلەرنى ، باتۇر - پالۋانلارنى ، ئادالەتپەرۋەر ،خەلقپەرۋەر ، ۋەتەنپەرۋەر ئوغلانلارنى ئۆستۈردى .

② بۇ كۆرەشتە غەلىبە قىلغان شائىر ۋە باشقا مېھمانلار شۇنداق كۆلۈپ كەتتىكى ، ئۇلار ئۇزاققىچە ئۆزىنى باسالماي قېلىشتى .

(2) خەۋەر قىسمىغا قاراپ پەرقلەندۈرۈلىدۇ . ئاددىي جۈملە ھەرقانچە ئۇزۇن ۋە مۇرەككەپ بولسىمۇ ، ئۇ بىرلا خەۋەر قىسىملىق بولىدۇ . قوشما جۈملە ھەرقانچە ئاددىي (تارماق جۈملىلەر تەركىبىدىكى سۆزلەرنىڭ سانى ئاز) بولسىمۇ ، ئۇ ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق خەۋەر قىسىملىق بولىدۇ ھەمدە تارماق جۈملىلەر ئاددىي جۈملىنىڭ خۇسۇسىيىتىگە ئىگە بولىدۇ . قوشما جۈملە تەركىبىدىكى تارماق جۈملىلەر تولۇق ياكى تولۇقسىز جۈملە بولسۇن ، يۇقىرىقى شەرتنى ھازىرلىغان بولسىلا ، ئۇ ھامان قوشما جۈملە بولىدۇ . مەسىلەن :

① زور شىر ماكانىمدىن ئادىشىپ قالماي دەپ بىرىنچى قېتىم كومپاسنى ، ۋەتىنىمگە يالماۋۇز - ئەجدىھالارنى كەلتۈرمەسلىك ئۈچۈن مىلتىق دورىسىنى ، ۋەتەن ئەۋلادلىرىنى كۆيۈمچانلىق ، ۋاپادارلىقتا باقاي دەپ يىپەك كىيىم - كېچەكلەرنى ، ماكانىمنىڭ شان - شەرىپىنى تائەبەدكىچە ئۇنتۇلدۇرماي ، ئەۋلادلىرىمغا ئەڭ بۈيۈك تارىخي تۆھپە

مىسال ① دە «تەمسىل» ، «دېمەكچى بولغىنىغا ماس كېلىدىغان بىرەر ھېكايە» دېگەن ئىككى بۆلەك «ياكى» باغلىغۇچىسى ئارقىلىق تەڭداشلىق مۇناسىۋەتتە باغلىنىپ جۈملىدە ھالەت بولۇپ كەلگەن . مىسال ② دە ئىككىلا تارماق جۈملىنىڭ بېشىدا «يا ، ياكى» باغلىغۇچىسى ئىشلىتىلگەن . مىسال ③ تە ئىككىنچى تارماق جۈملىنىڭ بېشىدا «لېكىن» باغلىغۇچىسى ئىشلىتىلگەن . مىسال ④ تە بېقىندۇرغۇچى تارماق بېشىدا «شۇنىڭ ئۈچۈن» باغلىغۇچىسى ئىشلىتىلىپ ، بېقىندۇرغۇچى تارماق جۈملە بىلەن بېقىندى تارماق جۈملىنى ئۆزئارا باغلاپ كەلگەن .

## 2 . قوشما جۈملىنىڭ تۈرى

قوشما جۈملىلەرنى ئوخشىمىغان ئۆلچەملەرگە ئاساسەن ، ئوخشىمىغان تۈرلەرگە بۆلۈشكە بولىدۇ .

بىرىنچىدىن ، قوشما جۈملە تەركىبىدىكى تارماق جۈملىلەرنىڭ بىرىكىش شەكلىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا ئاساسەن ، يەنى قانداق سىنتاكسىلىق ۋاستە ئارقىلىق باغلانغانلىقىغا ئاساسەن باغلىغۇچىسىز باغلانغان قوشما جۈملە ۋە باغلىغۇچى ئارقىلىق باغلانغان قوشما جۈملە دەپ ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ .

تەركىبىدىكى تارماق جۈملىلەر ئورۇن تەرتىپ ئارقىلىق ئۆزئارا باغلىنىپ كەلگەن قوشما جۈملىلەر باغلىغۇچىسىز باغلانغان قوشما جۈملە ، دەپ ئاتىلىدۇ . مەسىلەن :

① قاغىلار قاق ئېتىدۇ ، ئۆز كۆڭلىنى خۇش ئېتىدۇ .

② پاكىت مۇنازىرىدىن ئۈستۈن تۇرىدۇ ، پاكىت ئەڭ ياخشى گۇۋاھچى ، قېنى ، پاكىتقا قاراپ باقايلى .

تەركىبىدىكى تارماق جۈملىلەر باغلىغۇچىلار ياكى رولى باغلىغۇچىلارغا باراۋەر بولغان مورفولوگىيىلىك شەكىللەر ئارقىلىق ئۆزئارا باغلانغان قوشما جۈملىلەر باغلىغۇچىلار ئارقىلىق باغلانغان قوشما جۈملە ، دەپ ئاتىلىدۇ . مەسىلەن :

① ئۇ ماڭاي دەپ باقتى ، بىراق ئۇنىڭ ئىككى پۇتى ئۇنىڭ ئىختىيا-

رىغا بويسۇنمايتتى .

② ئۆمۈر بويى ئۆي ـ ماكانسىز ئۆتۈشكە رازىمەنكى ، ھەرگىز بۇنداق ئىپلاسلىقنى قىلمايمەن .

③ شامال چىقىپيا ، دەرەخ لىڭشىيدۇ .

ئىككىنچىدىن ، قوشما جۈملە ئىنتوناتسىيىسىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا ئاساسەن ، بايان قوشما جۈملە ، سوئال قوشما جۈملە ، بۇيرۇق قوشما جۈملە ۋە ئۈندەش قوشما جۈملە دەپ تۆت تۈرگە بۆلۈنىدۇ .

بايان قوشما جۈملە بايان ئىنتوناتسىيىسىگە ئىگە بولىدۇ . يېزىقتا بايان قوشما جۈملىلەرنىڭ ئاخىرىغا چېكىت قويۇلىدۇ . مەسىلەن :

① بوران تېخىمۇ كۈچەيدى ، قار تېخىمۇ قاتتىق ياغقىلى تۇردى ، ئۆي ئىچى تېخىمۇ مۇزلاپ كەتتى .

② بىزنىڭ ئارىمىزدا شۇنداق يولداشلار باركى ، ئۇلار باشقىلارغا ياردەم بېرىشنى ئۆزلىرىنىڭ ھاياتىدىكى ئەڭ زور خۇشاللىقى دەپ ھې-سابلايدۇ .

سوئال قوشما جۈملە سوئال ئىنتوناتسىيىسىگە ئىگە بولىدۇ . سوئال قوشما جۈملىلەرنىڭ ئاخىرىغا يېزىقتا سوئال بەلگىسى قويۇلىدۇ . مەسى-لەن :

① ئۇ يىغىنغا سەن بارامسەن ، ياكى ئادىل بارامدۇ ؟

② ل . مۇتەللىپ كىم ؟ ئۇ قەيەردە تۇغۇلغان ؟

بۇيرۇق قوشما جۈملىلەر بۇيرۇق ئىنتوناتسىيىسىگە ئىگە بولىدۇ . يېزىقتا بۇيرۇق جۈملىلەرنىڭ ئاخىرىغا چېكىت ياكى ئۈندەش بەلگىسى قويۇلىدۇ . ئەگەر بۇيرۇق قوشما جۈملە خالاش ، مەسلىھەت ، ئۆمىد ، تىلەك ، ئۆتۈنۈش مەنىلىرىدە بولسا ، يېزىقتا ئاخىرىغا چېكىت قويۇلى-دۇ . ئەگەر بۇيرۇق قوشما جۈملە بۇيرۇق ، چاقىرىق ، شوئار مەنىسىدە ئېيتىلسا ، يېزىقتا ئاخىرىغا ئۈندەش بەلگىسى قويۇلىدۇ . مەسىلەن :

① مۇشۇ تاشلىقتا بىر تانىسا قىلايلى ، مېنىڭ ئۆمرۈمدە ئۈينىغان تانسام مۇشۇ بولۇپ قالسۇن .

② گۇناھكارلارنىڭ قوللىرى يېشىپ تاشلانسۇن ، كويزا ـ كىشەن-

لەر ئېلىپ تاشلانسۇن !

ئۈندەش قوشما جۈملە ئۈندەش ئىنتوناتسىيىسىگە ئىگە بولىدۇ . يېزىقتا ئۈندەش قوشما جۈملىلەرنىڭ ئاخىرىغا ئۈندەش بەلگىسى قويۇلىدۇ . مەسىلەن :

① بۇ يىل ئالىي مەكتەپكە كىرەلىگەن بولسام ، قانداق ياخشى بولاتتى ـ ھە !

② ۋەتىنىمىزنىڭ زېمىنى نېمىدېگەن كەڭ ، بايلىقى نېمىدېگەن مول ، ئاھالىسى نېمىدېگەن كۆپ ـ ھە !

ئۈچىنچىدىن ، قوشما جۈملە تەركىبىدىكى تارماق جۈملىلەرنىڭ بىرىكىش مۇناسىۋىتىنىڭ (سىنتاكسىسلىق مۇناسىۋىتىنىڭ ) ئوخشىماسلىقىغا ئاساسەن ، تەڭداش قوشما جۈملە ، بېقىندىلىق قوشما جۈملە ۋە ئارىلاش قوشما جۈملە دەپ ئۈچ چوڭ تۈرگە بۆلۈنىدۇ .

1 . تەڭداش قوشما جۈملە

تەركىبىدىكى تارماق جۈملىلەرنىڭ تەڭداشلىق مۇناسىۋەتتە بىرىكىشىدىن ھاسىل بولغان قوشما جۈملە تەڭداش قوشما جۈملە ، دەپ ئاتىلىدۇ . تەڭداش قوشما جۈملە تەركىبىدىكى تارماق جۈملىلەرنىڭ خەۋىرى تولۇق ئاياغلاشقان شەكىلدە بولىدۇ .

تەڭداش قوشما جۈملە تەركىبىدىكى تارماق جۈملىلەرنىڭ قانداق مۇناسىۋەتتە بىرىككەنلىكىگە ئاساسەن تۆۋەندىكىدەك تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ .

1) بىرىكتۈرۈش مۇناسىۋىتىدىكى تەڭداش قوشما جۈملە

تەركىبىدىكى تارماق جۈملىلەر بىرەر ئىش ياكى بىرەر ۋەقەنىڭ بىرقانچە تەرىپىنى ئايرىم ـ ئايرىم بايان قىلىپ ، تەڭداشلىق مۇناسىۋەتتە بىرىكىدىغان قوشما جۈملە بىرىكتۈرۈش مۇناسىۋىتىدىكى تەڭداش قوشما جۈملە ، دەپ ئاتىلىدۇ . بۇ تۈردىكى قوشما جۈملە تەركىبىدىكى تارماق جۈملىلەرنىڭ بىرىكىش شەكلىنىڭ (سىنتاكسىسلىق ۋاستىسىنىڭ ) ئوخشىماسلىقىغا ئاساسەن بىرىكتۈرۈش مۇناسىۋىتىدىكى باغلىغۇچسىز باغلانغان تەڭداش قوشما جۈملە ۋە بىرىكتۈرۈش مۇناسىۋىتىدىكى باغلىغۇچىلار ئارقىلىق باغلانغان تەڭداش قوشما جۈملە دەپ ئىككى تۈرگە

بۆلۈنىدۇ.

(1) بىرىكتۈرۈش مۇناسىۋىتىدىكى باغلىغۇچىسىز باغلانغان تەڭداش قوشما جۈملە

تەركىبىدىكى تارماق جۈملىلەر ئورۇن تەرتىپى ئارقىلىق باغلانغان بىرىكتۈرۈش مۇناسىۋىتىدىكى تەڭداش قوشما جۈملە بىرىكتۈرۈش مۇناسىۋىتىدىكى باغلىغۇچىسىز باغلانغان تەڭداش قوشما جۈملە، دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ خىل تەڭداش قوشما جۈملىلەر تۆۋەندىكى شەكىللەردە ئىپادىلىنىدۇ:

a. ھەرقايسى تارماق جۈملىلەرنىڭ ئۆزىگە خاس ئىگىسى ۋە خەۋىرى بولىدۇ. مەسىلەن:

① ئەقىل — تەربىيىگە موھتاج، ئىلىم — ئەخلاق پەزىلەتكە موھتاج. شادلىق — تىنچلىققا موھتاج، يېقىنلىق — مۇھەببەتكە موھتاج.

② ئىشلىگەننىڭ يۈزى يورۇق، ئىشلىمىگەننىڭ يۈزى چورۇق.

б. بىرىنچى تارماق جۈملە ئىگە ـ خەۋەر قىسمىدىن تۈزۈلىدۇ، قالغان تارماق جۈملىلەر پەقەت خەۋەر قىسمىدىنلا تۈزۈلىدۇ، ئەمما بىرىنچى تارماق جۈملىنىڭ ئىگىسى قالغان تارماق جۈملىلەر ئۈچۈن ئورتاق بولىدۇ. مەسىلەن:

① بىلىملىك كېرەكلىك سۆزنى قىلىدۇ، كېرەكسىز سۆزنى كۆمۈپ تاشلايدۇ.

② كۆز يېشى بەدىنىنى قۇرۇتتى، يۈرىكىنى ھالسىراتتى، ئۇيقۇ ـ غىزاسىنى ئازايتتى.

в. تەركىبىدىكى تارماق جۈملىلەرنىڭ ھەممىسى ئىگىسىز جۈملىلەر (ئالاھىدە ئىگىسىز جۈملىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) بولىدۇ، پەقەت خەۋەر قىسمىدىنلا تۈزۈلگەن بولىدۇ. مەسىلەن:

① ئاۋۋال تۆۋەندىكى كادىرلاردىن مەسلىھەت سوراش، ئۇنىڭدىن كېيىن بۇيرۇق چۈشۈرۈش لازىم.

② سەككىزىنچى ئاينىڭ بىرى، يەكشەنبە.

(2) بىرىكتۈرۈش مۇناسىۋىتىدىكى باغلىغۇچىلار ئارقىلىق باغلانغان تەڭداش قوشما جۈملە

تەركىبىدىكى تارماق جۈملىلەر باغلىغۇچىلار ئارقىلىق باغلىنىپ كەلگەن تەڭداش قوشما جۈملىلەر بىرىكتۈرۈش مۇناسىۋىتىدىكى باغلىغۇچىلار ئارقىلىق باغلانغان تەڭداش قوشما جۈملە، دەپ ئاتىلىدۇ. باغلىغۇچىلار تەڭداش قوشما جۈملىلەرنىڭ تۈزۈلۈشىدە مۇھىم سىنتاكسىلىق ۋاستە ھېسابلىنىدۇ. بۇ خىل تەڭداش قوشما جۈملە تەركىبىدىكى تارماق جۈملىلەر «ۋە، ھەمدە، شۇنداقلا، شۇنىڭدەك، شۇنىڭ بىلەن بىللە، دە» دېگەندەك باغلىغۇچىلار ئارقىلىق ئۆزئارا باغلىنىپ كېلىدۇ.

مەسىلەن:

① دەل - دەرەخلەر سارغايغان يوپۇرماقلىرىنى تاشلىماقتا ۋە ھاۋا كۈندىن - كۈنگە سوۋۇماقتا.

② سىرتتا بوران چىقىۋاتىدۇ ھەم يامغۇر يېغىۋاتىدۇ.

③ بۇ يولدا ئۇ ۋاقىتنى تېزگىنلەش بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۆگىنىش ئۇنۇمىگىمۇ ئەھمىيەت بەردى ھەمدە قانداق ئۆگىنىش كېرەكلىكى ھەققىدە ئىزدەندى.

④ تەپەككۇر تىلسىز ۋۇجۇدقا كەلمەيدۇ، شۇنداقلا تەپەككۇرسىز تىلمۇ بولمايدۇ.

⑤ ئاڭ — ماددىي دۇنيانىڭ ئۇزاق مۇددەت تەرەققىي قىلغانلىقىنىڭ مەھسۇلى، ئادەم مېڭىسىدىن ئىبارەت يۇكسەك دەرىجىدە ئۇيۇشقان ماددىي ئەزانىڭ خىزمىتى، شۇنىڭدەك كىشىلەرنىڭ ئىجتىمائىي ئەمەلىيەت جەريانىدا رېئاللىقنى ئەكس ئەتتۈرۈشىدۇر.

⑥ ئىنقىلابىي غەيرەت ۋە ئىنقىلابىي قىزغىنلىق بولۇشى لازىم. شۇنىڭ بىلەن بىرگە (بىللە) جىددىي، ئىلمىي پوزىتسىيىمۇ بولۇشى لازىم.

⑦ بۇنىڭدىن 65 مىليون يىللار بۇرۇن يەر شارىدا بىر مەزگىل دەۋر سۈرگەن كەسلەنچۈك تىپىدىكى ئۆمىلىگۈچى ھايۋان — دىنوزاۋۇر تۇساتتىن ئۈن - تىنسىز يوقالغان، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە يەر

شارىدىكى 70 پىرسەنت ھايۋان ۋە ئۆسۈملۈكلەرنىڭمۇ نەسلى قۇرۇپ كەتكەن .

⑧ مەن ئۇ يەردىن چىقىپ ئۆيگە كەلدىم ـ دە ، ئۈنئالغۇ لېنتىسىنى يوشۇرۇپ قويدۇم .

2) كۈچەيتىش مۇناسىۋىتىدىكى تەڭداش قوشما جۈملە

تەركىبىدىكى ئارماق جۈملىلەرنىڭ مەنىسى قاتلاممۇقاتلام چوڭقۇرلىشىپ بارىدىغان تەڭداش قوشما جۈملە كۈچەيتىش مۇناسىۋىتىدىكى تەڭداش قوشما جۈملە ، دەپ ئاتىلىدۇ . بۇ خىل قوشما جۈملىلەردە ئارماق جۈملىلەرنىڭ مەنىلىرىنىڭ چوڭقۇرلىشىپ بېرىشى باغلىغۇچى ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ . شۇڭا ، بۇ خىل مۇناسىۋەتتىكى تەڭداش قوشما جۈملىلەردە باغلىغۇچى مۇھىم رول ئوينايدۇ . بۇ خىل تەڭداش قوشما جۈملە تەركىبىدىكى ئارماق جۈملىلەر «ھەتتا ، بولۇپمۇ ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ، يەنە كېلىپ ، ھېلىغۇ ، ئۇنى (بۇنى ) ئاز دەپ» دېگەندەك باغلىغۇچىلار ئارقىلىق ئۆزئارا باغلىنىپ كېلىدۇ . مەسىلەن :

① خىلاپلىق قىلغۇچىلار جازالىناتتى ھەتتا خىزمىتىدىن ئايرىلىپ قالاتتى .

② بالىلار خۇشال ، بولۇپمۇ نۇرى تولىمۇ خۇشال ئىدى .

③ ھازىر ئايلىنىپ كېلىشكە بەك كېچىكتۇق ، ئۇنىڭ ئۈستىگە تالادا يامغۇر يېغىۋاتىدۇ .

④ باغلىغۇچىلار گرامماتىكىلىق مەنىلا ئاڭلىتىدۇ ، يەنە كېلىپ بۇ خىل گرامماتىكىلىق مەنە مۇئەييەن سىنتاكسىسلىق قۇرۇلما ئىچىدە روشەنلىشىدۇ .

⑤ ھېلىغۇ يېزا باشلىقى كەپتۇ ، ھاكىم كەلسىمۇ قورقمايمەن .

⑥ بىرنەچچە كۈندىن بۇيان ئۇدا قاتتىق يامغۇر يېغىپ بىرمۇنچە ئۆيلەردىن تامچە ئۆتۈپ كەتكەنىدى . ئۇنى ئاز دەپ بوران چىققىلى تۇردى .

3) تاللانما مۇناسىۋىتىدىكى تەڭداش قوشما جۈملە

تاللانما مۇناسىۋىتىدىكى تەڭداش قوشما جۈملە ئۆز ئىچىدىن تۆۋەن-

دىكىدەك ئىككى تۈرگە ئايرىلىدۇ :

(1) تاللاش ـ تاللىنىش مۇناسىۋىتىدىكى تەڭداش قوشما جۈملە

تەركىبىدىكى تارماق جۈملىلەردە بىرنەچچە ئىش ئايرىم ـ ئايرىم ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ ، شۇ ئىشلاردىن كەم دېگەندە بىرىنى تاللىۋېلىشنى بىلدۈرىدىغان تەڭداش قوشما جۈملە تاللاش ـ تاللىنىش مۇناسىۋىتىدىكى تەڭداش قوشما جۈملە ، دەپ ئاتىلىدۇ . بۇ خىل تەڭداش قوشما جۈملىنىڭ تەركىبىدىكى تارماق جۈملىلەر تۆۋەندىكى باغلىغۇچىلار ئارقىلىق باغلىنىدۇ :

△ «يا (يە ) ، ياكى» باغلىغۇچىلىرى ئارقىلىق باغلىنىدۇ . بۇ خىل باغلىغۇچىلار ھەربىر تارماق جۈملىدە ئايرىم ـ ئايرىم ئىشلىتىلىدۇ . بەزىدە ئالدىنقى تارماق جۈملىگە باغلىنىپ كېلىدىغان «يا (يە ) ، ياكى» باغلىغۇچىلىرى ئىخچاملىنىدۇ . بۇ خىل قوشما جۈملىلەر سوئال شەكلىدە كەلسە ، ھەر ئىككى تارماق جۈملىگە باغلىنىپ كېلىدىغان ئۇ خىل باغلىغۇچىلارنى ئىخچاملاشقا بولىدۇ . مەسىلەن :

① يا بۇ قىزىم مەڭلىك بالىدىن كۆڭلىنى ئۈزمىدى ، يا دادا بولغان كىشى قىزىنىڭ كۆڭلىنى دېمىدى .

② شۇ ئات شۇ يۈرت كاتتىلىرىنىڭ يە بېشىنى تىك قىلىدۇ ، يە يەرگە ساڭگىلىتىدۇ .

③ ياكى ماددا بىرلەمچى ، ياكى ئاڭ بىرلەمچى .

④ بەلكىم ئۇلارنىڭ سۆڭەكلىرى چۆللەردە قاغجىراپ ياتقاندۇ ... ياكى ئۇ بوتىلاقلىرىم غېرىب ئانىسىنى ئىزدەپ بوزلاپ يۈرىدىغاندۇ ...

⑤ سىلەرنى بىز خەق ئوقۇتقانمىز ، رۇسلارمۇ ؟

△ «نە» باغلىغۇچىسى ئارقىلىق باغلىنىدۇ . بۇ خىل باغلىغۇچى كۆپىنچە ئىنكار شەكلىدىكى جۈملىلەردە قوللىنىلىدۇ . بۇ خىل قوشۇمچىنى ئىخچاملاشقا بولمايدۇ . مەسىلەن :

① ھەسەنئاخۇن خوتۇنىغا نە ئالىيالمايدۇ ، نە قاپاق كۆتۈرۈپ قارىيالمايدۇ .

② نە قىزلارنىڭ قارىسى كۆرۈنمىدى ، نە ئاۋازى ئاڭلانمىدى .

△ «مەيلى» باغلىغۇچىسى ئارقىلىق باغلىنىدۇ. «مەيلى» باغلىغۇچىسى ئىشلىتىلگەن تارماق جۈملىلەرنىڭ خەۋىرى بۇيرۇق رايى بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. بۇ خىل باغلىغۇچىنىڭ ئورنىغا بەزىدە «ياكى» باغلىغۇچىسى ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن:

① كىچىك چاغلىرىمدا ئانام مەيلى ئۆي ئىشلىرىنى قىلسۇن ياكى باشقا ئىشلارنى قىلسۇن، ئۇنىڭغا ياردەملىشىپ بەرگۈم كېلەتتى.

② بۇرادەر، مەيلى بالدۇر ئۆلەيلى، مەيلى كېيىن ئۆلەيلى، مەيلى دۈشمەن قولىدا ئۆلەيلى، مەيلى ئۆز ئەجىلىمىزدە ئۆلەيلى، بەرىبىر ئۆلمىمىز ئەمەسمۇ؟

△ «بىر بولسا» باغلىغۇچىسى ئارقىلىق باغلىنىدۇ. مەسىلەن:

① ئۇ بىر بولسا ئامباردا بار، بىر بولسا خامانغا كەتتى.

② بىزگە ئەمدى ئالدىغا مېڭىش خەتەرلىك، بىر بولسا يۇقىرىدا قوغۇنچىغا ئۆتىدىغان يول بار، بىز مۇز ئۈستىدىن ئەپلەپ مېڭىپ دەريادىن ئۆتۈپ قوغۇنچىغا كېتەيلى، يەنە بىر بولسا ئارقىمىزغا يېنىپ خەلپەم مەھەللىسى بىلەن ئاراتۆستەڭگە بېرىپ قاسىم مىرابنىڭ ئۆيىگە بارايلى.

△ «كۆرە» باغلىغۇچىسى ئارقىلىق باغلىنىدۇ. مەسىلەن:

① تىز يۈكۈپ ياشىغاندىن كۆرە، تىك تۇرۇپ ئۆلگەن ياخشى.

② ياۋۇز كىشىلەرنى دوست تۇتقاندىن كۆرە، تەنھا يۈرگەن ياخشى.

(2) ۋاقىت تاللانما مۇناسىۋەتتىدىكى تەڭداش قوشما جۈملە

تەركىبىدىكى تارماق جۈملىلەردە بىرنەچچە ئىش ئايرىم - ئايرىم ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ، شۇ ئىشلارنىڭ ۋاقىت جەھەتتىكى تاللىنىشىنى بىلدۈرىدىغان تەڭداش قوشما جۈملە ۋاقىت تاللانما مۇناسىۋەتتىدىكى تەڭداش قوشما جۈملە، دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ خىل تەڭداش قوشما جۈملە تەركىبىدىكى تارماق جۈملىلەر تۆۋەندىكى باغلىغۇچىلار ئارقىلىق باغلىنىدۇ:

△ «گاھ» باغلىغۇچىسى ئارقىلىق باغلىنىدۇ. بۇ خىل باغلىغۇچى ھەرقايسى تارماق جۈملىلەردە تەكرارلىنىپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

① ئۆرۈمچىنىڭ جۇدۇنلۇق پەسلى بولۇپ ، ھاۋا پات ـ پات ئۆزگىرىپ ، گاھ بوران چىقاتتى ، گاھ يامغۇر ياغاتتى ، گاھ قار ئۇچقۇندايتتى .

② ئەلانۇر گاھ ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىپ لىۋىنى چىشلەيتتى ، گاھ ئاغزىنى ئۇمەللەپ نېمىنىدۇر دېمەكچى بولاتتى ـ يۇ ، جۈرئەت قىلالمايتتى .

△ «گاھى» باغلىغۇچىسى ئارقىلىق باغلىنىدۇ . مەسىلەن :

① بۇلار گاھى دەريا بويىغا چىقىپ قالاتتى ، گاھى قۇرۇق جاڭگال ئىچىدە يۈرەتتى .

② گاھى خۇدا بىلەن رەسۇل ، گاھى دۇتار بىلەن ئۇسسۇل .

△ «ھېلى» باغلىغۇچىسى ئارقىلىق باغلىنىدۇ . مەسىلەن :

① ھېلى ئۇنداق دەيسەن ، ھېلى مۇنداق دەيسەن ، قايسى گېپىڭ راست سېنىڭ .

② ئۇ ئادەم خۇددى ئېسىنى يوقاتقاندەك ھېلى ئۇنى دېسە ، ھېلى بۇنى دەپ قوياتتى .

△ «بەزىدە» باغلىغۇچىسى ئارقىلىق باغلىنىدۇ . مەسىلەن :

① بەزىدە ئۇ كېلىدۇ ، بەزىدە مەن بارىمەن .

② ئۇ بۇ ئۆيگە بەزىدە كېلىدۇ ، بەزىدە كەلمەيدۇ .

△ «بىردەم» باغلىغۇچىسى ئارقىلىق باغلىنىدۇ . مەسىلەن :

① بىردەم پولۇ يەيمەن دەيسەن ، بىردەم لەڭمەن يەيمەن دەيسەن ، زادى نېمە يەيسەن ؟

② ئۇلار مېنى بىردەم قىينايتتى ، بىردەم ئاپتاپتا ئۆرە تۇرغۇزۇپ قوياتتى .

ئۇلاردىن باشقا «بىر ، بىردە ، بىر تۇرۇپ ، تۇرۇپ» دېگەن باغلىغۇچىلارمۇ تەكرارلانما شەكىلدە كېلىپ ، ۋاقىت ئاللانما مۇناسىۋىتىدىكى تەڭداش قوشما جۈملىنى ھاسىل قىلىدۇ .

4) قارىمۇقارشى مۇناسىۋەتتىكى تەڭداش قوشما جۈملە

ئالدىنقى تارماق جۈملىدە مەلۇم بىر پىكىر ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ ، كېيىنكى تارماق جۈملىدە ئۇنىڭغا زىت ياكى قارىمۇقارشى پىكىرنى بايان

قىلىش مۇناسىۋىتىدىكى تەڭداش قوشما جۈملە قارىمۇ قارشى مۇناسىۋەتتىكى تەڭداش قوشما جۈملە، دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ خىل تەڭداش قوشما جۈملە تەركىبىدىكى تارماق جۈملىلەر باغلىغۇچىسىز ھەم باغلىغۇچىلار ئارقىلىق ئۆزئارا باغلىنىپ كېلىدۇ.

قارىمۇقارشى مۇناسىۋەتتىكى باغلىغۇچىسىز باغلانغان تەڭداش قوشما جۈملىدە ئىككى تارماق جۈملىنىڭ بىرى تەستىق شەكىلدە، يەنە بىرى ئىنكار شەكىلدە كېلىدۇ. مەسىلەن:

① ئۇنىڭ گېپىگە ئىشىنىسىز، مېنىڭ گېپىمگە نېمىشقا ئىشەنمەيسىز؟

② مەن ئۇنى ئىزدەپ بارمىدىم، ئۇ مېنى ئىزدەپ كەلدى.

قارىمۇقارشى مۇناسىۋەتتىكى باغلىغۇچىلار ئارقىلىق باغلانغان تەڭداش قوشما جۈملىلەردە تەركىبىدىكى تارماق جۈملىلەر تۆۋەندىكى باغلىغۇچىلار ئارقىلىق ئۆزئارا باغلىنىپ كېلىدۇ:

△ «لېكىن، ئەمما، بىراق» باغلىغۇچىلىرى ئارقىلىق باغلىنىدۇ. بۇ خىل باغلىغۇچىلار كېيىنكى تارماق جۈملىدە ئىشلىتىلىدۇ ھەم ئۇ ئۈچ باغلىغۇچنى ئۆزئارا ئالماشتۇرۇپ ئىشلىتىشكە بولىدۇ. مەسىلەن:

① كۈز پەسلىنىڭ بۇنداق كۈنلىرى دېھقانلار ئۈچۈن تولىمۇ كۆڭۈللۈك، لېكىن مۇختەر باي ئۈچۈن بۇ كۈز كۆڭۈلسىز باشلاندى.

② مەن سىزنىڭ بۇ ئىشىڭىزنى قوللايمەن، ئەمما شەخسىي ئىشلىرىمغا ئارىلىشىشىڭىزنى خالىمايمەن.

③ شۇ پەيتتە ئىسھاق پىلموتنى كۆتۈرۈپ ئۇچقاندەك يۈگۈردى، بىراق تۆتەكلەر ئارىسىدىن ئۇچۇپ كەلگەن ئوقلار ئۇنى بىردىنلا توختىتىپ قويدى.

△ «ئەپسۇسكى، ۋەھالەنكى، ھالبۇكى» باغلىغۇچىلىرى ئارقىلىق باغلىنىدۇ. بۇ خىل باغلىغۇچىلارمۇ كېيىنكى تارماق جۈملىدە ئىشلىتىلىدۇ. بۇ خىل باغلىغۇچىلار ئاۋام خەلق تىلىدا ئانچە كۆپ قوللىنىلمايدۇ. مەسىلەن:

① مېنىڭ سىزگە دەيدىغان بىر گېپىم بار ئىدى، ئەپسۇسكى ئۇنى

ئىزهار قىلىشقا جۈرئەت قىلالمايۋاتىمەن .

② مەن ئۇنىڭدىن شۇنچە ئۈمىد كۈتكەنىدىم ، ئەپسۇسكى ئۇ ئۈمىدىمنى يەردە قويدى .

③ ئېلىمىزنىڭ جەنۇبىدىكى ئۆلكىلەردە يېڭى يىل كېلىش بىلەنلا ئەتىيازلىق تېرىلغۇ باشلىنىدۇ ، ۋاھالەنكى شىنجاڭدا بۇ چاغدا تېخى قاتتىق سوغۇق ھۆكۈم سۈرىدۇ .

④ ۋاقىت توشۇپ قالدى ، ھالبۇكى ئىشىمىزنى تېخى تۈگىتەلمىدۇق .

△ «شۇغىنىسى (شۇنىسى)» باغلىغۇچىسى ئارقىلىق باغلىنىدۇ . بۇ باغلىغۇچىمۇ كېيىنكى تارماق جۈملىدە ئىشلىتىلىدۇ . مەسىلەن :

① دەيدىغانىنىغۇ تازا دەۋالدىم ، شۇغىنىسى ئاقىۋىتى قانداق بولاركىن تاڭ .

② مەن باردىم ، شۇنىسى ئۇ بارمىدى .

△ «شۇنداقتىمۇ ، شۇنداق بولسىمۇ» باغلىغۇچىلىرى ئارقىلىق باغلىنىدۇ . بۇ خىل باغلىغۇچىلار كېيىنكى تارماق جۈملىدە ئىشلىتىلىدۇ . مەسىلەن :

① ئۇ ئۇخلىيالماي چوڭقۇر خىياللارغا غەرق بولغانىدى ، شۇنداقتىمۇ ئارىلاپ بېشىنى قىيسايتىپ ھاجىپقا قاراپ كۈلۈمسىرەپ قوياتتى .

② شۇ چاغدا يۈشۈكتىن بىر ئوتنىڭ سوزۇلۇپ چىقىپ ، سەھەردە سوزۇلۇپ كىرىۋاتقانلىقىنى بايقاپتۇ ، شۇنداق بولسىمۇ ئۇز قىزى ئۇستىدە يامان ئويغا كېلىش يۈرىكىگە پاتماپتۇ .

△ «يۇ (ئۇ)» باغلىغۇچىسى ئارقىلىق باغلىنىدۇ . بۇ خىل باغلىغۇچى ئارقىلىق باغلانغان تەڭداش قوشما جۈملە مۇنداق ئىككى خىل بولىدۇ :

بىرى ، ئالدىنقى تارماق جۈملە بايان جۈملىدىن ، كېيىنكى تارماق جۈملە سوئال جۈملىدىن تۈزۈلىدۇ . مەسىلەن :

① ئالىم بۇ يەردە ئولتۇرسا بولىدىكەنۇ ، مەن ئولتۇرسام بولمامدـ

كەن ؟

② ناھىيىدىكى يىغىنغا قىسمەت چورۇق بارىدۇيۇ ، مەن نېمىشقا بارمايمەن .

يەنە بىرى ، ھەرقايسى تارماق جۈملىلىرى ئوخشاش تۈردىكى جۈملىلەردىن تۈزۈلىدۇ . بۇنىڭدا «يۇ (ئۇ)»نىڭ ئورنىغا «لېكىن ، ئەمما ، بىراق» دېگەندەك باغلىغۇچىلارنى ئالماشتۇرۇپ ئىشلىتىشكە بولىدۇ . «يۇ (ئۇ)» باغلىغۇچىسى گەرچە ئالدىنقى تارماق جۈملىنىڭ خەۋەر قىسمىدا كۆرۈلسىمۇ ، لېكىن مەنە جەھەتتىن كېيىنكى تارماق جۈملىگە تەۋە بولىدۇ . مەسىلەن :

① ئاتلار تېپىرلايتتىيۇ ، لايغا بولۇشقا پاتقان ھارۋا ئورنىدىن مىدىرلىمايتتى .

② تۇۋا ، خىيانەتچىلىككە قارشى تۇرىمىز دەيدىكەنيۇ ، ئۆزى خىيانەتنىڭ چوڭىنى قىلىدىكەن .

③ ئەپيۇنكەشلەرنى ئاتىدىكەنيۇ ، ئۆزى پورۇقلىتىپ چېكىدىكەن .

④ مۇسۇلمانمىز ، شەخسكە چوقۇنمايمىز دېيىشىدۇيۇ ، شۇنداق قىلغانلارنى كۆزگە سىغدۇرالمايدۇ .

5) ئىزاھلىق مۇناسىۋەتتىكى تەڭداش قوشما جۈملە

تەركىبىدىكى تارماق جۈملىلەرنىڭ كېيىنكىسى ئالدىنقى تارماق جۈملىنىڭ مەزمۇنىنى ئىزاھلاش ، چۈشەندۈرۈش ، تولۇقلاش مۇناسىۋىتىدە باغلانغان تەڭداش قوشما جۈملە ئىزاھلىق مۇناسىۋەتتىكى تەڭداش قوشما جۈملە ، دەپ ئاتىلىدۇ . بۇ خىل تەڭداش قوشما جۈملە ئىزاھلىق مۇناسىۋەتتىكى باغلىغۇچىسىز باغلانغان تەڭداش قوشما جۈملە ۋە ئىزاھلىق مۇناسىۋەتتىكى باغلىغۇچى ئارقىلىق باغلانغان تەڭداش قوشما جۈملە دەپ ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ .

ئىزاھلىق مۇناسىۋەتتىكى باغلىغۇچىسىز باغلانغان تەڭداش قوشما جۈملە تۆۋەندىكى شەكىلدە كېلىدۇ :

بىرىنچى تارماق جۈملىنىڭ خەۋىرى تولۇق ئاياغلاشقان شەكىلدە

ئىپادىلىنىدۇ. يېزىقتا، بىرىنچى تارماق جۈملىنىڭ خەۋىرىدىن كېيىن قوش چېكىت قويۇلىدۇ. مەسىلەن:

كىتابخانلارنىڭ ئىشىنىشىنى ئۈمىد قىلىمەن: رۇسۇل پۇلدىن ئايرىلىش بىلەن نوچىلىق، كۆرەڭلىك، مەنمەنلىك، بىلەرمەنلىك، ھاكاۋۇرلۇق، يوچىلىق، ياسانچۇقلۇق، قارا كۆڭۈللۈك، كۆيۈمسىزلىك... قاتارلىق «يارشىلىق» سۈپەتلىرىدىنمۇ بىراقلا ئايرىلدى.

ئىزاھلىق مۇناسىۋەتتىكى باغلىغۇچى ئارقىلىق باغلانغان تەڭداش قوشما جۈملىنىڭ تارماق جۈملىلىرى «يەنى» باغلىغۇچىسى ئارقىلىق ئۆزئارا باغلىنىدۇ. مەسىلەن:

① بۇ پىكىر – ئىستەكلەر كىشىلەرنىڭ مېڭىسىدە تىل شەكلىسىز ۋۇجۇدقا كەلمەيدۇ، يەنى كىشىلەرنىڭ مېڭىسىدە تىل شەكلىسىز ئىپادىلىنىدىغان تەييار پىكىر بولمايدۇ.

② بىر مىللەت ئەدەبىياتى دۇنياغا يۈزلىنىش ئۈچۈن ئالدى بىلەن ئۆز خەلقىگە، ئۆز ئېلىگە يۈزلىنىشى لازىم. يەنى، ھەربىر مىللەت ئۆز ئەدەبىيات – سەنئىتىنى ئۆز زېمىنىدا چوڭقۇر يىلتىزغا، كۈچلۈك مىللىي پۇراققا ئىگە قىلالىغاندا، ئاشۇ مىللىيلىقى، ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكى بىلەن باشقىلارغا تونۇلالايدۇ، جاھانغا يۈزلىنەلەيدۇ.

6) ئايرىش مۇناسىۋىتىدىكى تەڭداش قوشما جۈملە

تەركىبىدىكى تارماق جۈملىلەردە ئىپادىلەنگەن ئوي – پىكىرلەردىن بىرىنى ئايرىپ كۆرسىتىدىغان تەڭداش قوشما جۈملە ئايرىش مۇناسىۋىتىدىكى تەڭداش قوشما جۈملە، دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ تۈردىكى تەڭداش قوشما جۈملە تەركىبىدىكى تارماق جۈملىلەر «پەقەت، يالغۇز» باغلىغۇچىلىرى ئارقىلىق ئۆزئارا باغلىنىدۇ. ئۇ باغلىغۇچىلار كېيىنكى تارماق جۈملىگە بىرىكىپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

① مەن چاشقاندىن قورقمايمەن، پەقەت ئۇنى دەسسىۋېلىشتىن قورقىمەن.

② ئۇ باي قىز بىلەن نامرات ئوغۇلنىڭ ئارىسىدا تۇرتاق خۇشاللىق

بولمايدۇ، پەقەت پاجىئەلا بولىدۇ.

③ بۇ پائالىيەتكە باشقىلارنىڭ ھەممىسى قاتناشتى، يالغۇز ئادىللا قاتناشمىدى.

7) يەكۈن مۇناسىۋەتتىكى تەڭداش قوشما جۈملە

ئالدىنقى تارماق جۈملىلەردە ئىپادىلەنگەن ئوي ـ پىكىر كېيىنكى تارماق جۈملىدە يىغىنچاقلىنىدىغان، خۇلاسىلىنىدىغان مۇناسىۋەتتىكى قوشما جۈملە يەكۈن مۇناسىۋەتتىكى تەڭداش قوشما جۈملە، دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ تۈردىكى تەڭداش قوشما جۈملىنىڭ تارماق جۈملىلىرى «دېمەك» باغلىغۇچىسى ئارقىلىق ئۆزئارا باغلىنىدۇ. مەسىلەن:

① تەپەككۇر پەقەت ئادەمگىلا خاس، ئۇ چوڭ مېڭىنىڭ تىل ماتېرىياللىق ۋە فىزىئولوگىيىلىك ھەرىكىتى بىلەن باغلانغان بولۇپ، تىل ئارقىلىقلا ئىپادىلىنىدۇ، دېمەك، تەپەككۇر تىلسىز ۋۇجۇدقا كەلمەيدۇ، شۇنداقلا تەپەككۇرسىز تىلمۇ بولمايدۇ.

② تەپەككۇر جەمئىيەت، تەبىئەت قانۇنىيەتلىرىنى ئۇقۇم، ھۆكۈم ۋە خۇلاسە قاتارلىق تەپەككۇر شەكىللىرى ئارقىلىق ئەكس ئەتتۈرىدۇ، تىل ئەنە شۇ تەپەككۇر شەكىللىرىنى سۆز ۋە جۈملىلەر ئارقىلىق ئىپادىلەيدۇ، دېمەك، تەپەككۇر تىلنىڭ مەزمۇنى، تىل تەپەككۇرنىڭ ئىپادىلىنىش شەكلىدۇر.

8) تەرتىپ مۇناسىۋەتتىكى تەڭداش قوشما جۈملە

تارماق جۈملىلىرى مەلۇم تەرتىپتە كېلىپ، مۇئەييەن رەت ـ تەرتىپ بويىچە ئېلىپ بېرىلىدىغان ھەرىكەتنى بىلدۈرىدىغان قوشما جۈملە تەرتىپ مۇناسىۋەتتىكى تەڭداش قوشما جۈملە، دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ تۈردىكى تەڭداش قوشما جۈملىنىڭ تارماق جۈملىلىرى «ئاندىن··· ، ئاۋۋال··· ، ئاندىن··· ، ئالدى بىلەن ··· ئاندىن (ئاندىن كېيىن) ··· ، بىرىنچىدىن··· ئىككىنچىدىن ··· ، بىر تەرەپتىن ··· يەنە بىر تەرەپتىن···» دېگەندەك باغلىغۇچىلار ئارقىلىق باغلىنىدۇ. مەسىلەن:

① سەن دە، ئاندىن مەن دەي.

② ئاۋۋال قورسىقىمنى تويغۇزۇۋالاي، ئاندىن ھەممىنى سۆزلەپ بېرىمەن.

③ يۇيۇۋالاي، ئۈجمە يەيلى، ئاندىن كېيىن سورايدىغانلىرىم بار تېخى.

④ ھەقىقەتەن تەنسىتۆڭنىڭ قېنى بىكارغا ئاقمىدى، بىرىنچىدىن، تەنقىدنى قوبۇل قىلمايدىغان چىڭ ھۆكۈمىتى غۇلاپ چۈشتى، ئىككىنچىدىن، خانلىق غۇلاپ، جۇمھۇرىيەت قۇرۇلۇپ تەنسىتۆڭنىڭ ئىدىيىسى تېخىمۇ ياخشى ھاكىمىيەت ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشتى.

⑤ ئانامنىڭ ئالدىدا بىر تەرەپتىن خىجىل بولىمەن، يەنە بىر تەرەپتىن كۆڭلۈمگە ئەندىشە چۈشۈپ، تۈرلۈك گۇمانىي خىياللارغا بېرىلىمەن.

9) بۇرۇلما مۇناسىۋەتلىك تەڭداش قوشما جۈملە

ئالدىنقى تارماق جۈملىدە ئىپادىلەنگەن ئوي - پىكىرگە نىسبەتەن كېيىنكى تارماق جۈملىدە بۇرۇلۇش بولغانلىقىنى ئىپادىلەيدىغان قوشما جۈملە بۇرۇلۇش مۇناسىۋىتىدىكى تەڭداش قوشما جۈملە، دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ تۈردىكى قوشما جۈملىنىڭ بىرىنچى تارماق جۈملىسىنىڭ خەۋىرى ئىنكار شەكىلدە كېلىپ «بەلكى» باغلىغۇچىسى ئارقىلىق ئىككىنچى تارماق جۈملىگە باغلىنىپ كېلىدۇ. بەزىدە «بەلكى» باغلىغۇچىسى ئىخچاملىنىدۇ. مەسىلەن:

① بۇ سىما ئىلگىرىكىدەك خىيالىمدا ئەمەس، بەلكى كۆز ئالدىمدا تۇراتتى.

② مۇنۇ بىر پارچە ئالتۇن دادامنىڭ ماڭا قالدۇرغان مىراسى ئەمەس، بەلكى تارىخنىڭ بىزگە قالدۇرغان مىراسى.

③ ئات يۈرقۇپ - يۈرقۇپ ئېرىقلاردىن ئاتلىغان پېتى مەھەللىگە ئەمەس، مەھەللىنىڭ كۈنگەي تەرىپىدىكى قارىياغاچلىققا قاراپ ئۇچقاندەك يۈگۈرۈپ كەتتى.

يەنە «ئەكسىچە» باغلىغۇچىسى ئارقىلىقمۇ بۇرۇلۇش مۇناسىۋىتىدى-

كى تەڭداش قوشما جۈملە ھاسىل بولىدۇ. مەسىلەن:

① ئارسلان نانغا قارايمۇ قويمىدى، ئەكسىچە ئارقىغا سۈرۈلۈپ پارتىنىڭ ئىچىگە كىرىۋېلىشقا ھەرىكەت قىلدى.

② بۇ ئۈچ دۈي پايدا ئېلىش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئەكسىچە ئون مىڭ يۈەندىن كۆپرەك زىيان تارتقانىدى.

2. بېقىندىلىق قوشما جۈملە

تەركىبىدىكى تارماق جۈملىلەر بېقىنىش - بېقىندۇرۇش مۇناسىۋىتىدە ئۆزئارا بىرىكىشىدىن ھاسىل بولغان قوشما جۈملە بېقىندىلىق قوشما جۈملە، دەپ ئاتىلىدۇ. بېقىندىلىق قوشما جۈملە بېقىندۇرغۇچى تارماق جۈملە (باش جۈملە) بىلەن بېقىندى تارماق جۈملىدىن تەركىب تاپىدۇ.

بېقىندى تارماق جۈملىنى ئۆزىگە بېقىندۇرۇپ كېلىدىغان، تۈزۈلۈش جەھەتتە ئۆز مۇستەقىللىقىنى ساقلاپ قالغان، يەنى تولۇق ئاياغلاشقان خەۋەر شەكلىگە ئىگە بولغان تارماق جۈملە بېقىندۇرغۇچى تارماق جۈملە، دەپ ئاتىلىدۇ.

بېقىندۇرغۇچى تارماق جۈملىگە بېقىنىپ كېلىدىغان، تۈزۈلۈش جەھەتتە ئۆز مۇستەقىللىقىنى ساقلاپ قالالمىغان، يەنى تولۇق ئاياغلاشقان خەۋەر شەكلىگە ئىگە بولمىغان تارماق جۈملە بېقىندى تارماق جۈملە، دەپ ئاتىلىدۇ.

ئۇيغۇر تىلىدا ئادەتتە بېقىندۇرغۇچى تارماق جۈملە بېقىندى جۈملىنىڭ كەينىدە، بېقىندى تارماق جۈملە بېقىندۇرغۇچى تارماق جۈملىنىڭ ئالدىدا كېلىدۇ.

بېقىندىلىق قوشما جۈملە تەركىبىدىكى بېقىندۇرغۇچى تارماق جۈملە بىلەن بېقىندى تارماق جۈملىنىڭ باغلىنىش مۇناسىۋىتىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا ئاساسەن تۆۋەندىكىدەك تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ:

1) شەرت مۇناسىۋىتىدىكى بېقىندىلىق قوشما جۈملە

بېقىندى تارماق جۈملىدىكى ئوي - پىكىر بېقىندۇرغۇچى تارماق

جۈملىدىكى ئوي ـ پىكىرنىڭ شەرتى بولىدىغانلىقىنى ئىپادىلەپ بېرىدىغان بېقىندىلىق جۈملە شەرت مۇناسىۋىتىدىكى بېقىندىلىق قوشما جۈملە، دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ خىل بېقىندىلىق قوشما جۈملىنىڭ بېقىندى تارماق جۈملىسى شەرت ياكى پەرەزنى بىلدۈرىدۇ. بېقىندۇرغۇچى تارماق جۈملىسى شەرت ياكى پەرەز بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان نەتىجىنى بىلدۈرىدۇ. بۇ خىل بېقىندىلىق قوشما جۈملىلەر تۆۋەندىكىدەك شەكىللەردە ئىپادىلىنىدۇ:

*a*. بېقىندى تارماق جۈملىسى «ئەگەر، ناۋادا، مۇبادا» باغلىغۇچىلىرى ۋە پېئىلنىڭ شەرت رايى قوشۇمچىسى ئارقىلىق بېقىندۇرغۇچى تارماق جۈملىگە باغلىنىپ كېلىدۇ. بۇنىڭدا پېئىلنىڭ شەرت رايى قوشۇمچىسى يۇقىرىدىكى باغلىغۇچىلارنىڭ مەنىسىنى ئىپادىلەپ بېرەلەيدىغان بولغاچقا، ئۇ باغلىغۇچىلار كۆپىنچە ئىخچاملىنىدۇ. مەسىلەن:

① ئەگەر سىز مېنىڭ ئۆز دادام بولغان بولسىڭىز، بۇنداق گەپلەرنى ھەرگىز دېمىگەن بولاتتىڭىز.

② ناۋادا شەھەردە ياشاپ، شەھەر قىزلىرىچە كىيىنگەن بولسا، گۈللەرنىڭ گۈلى بولىدىكەن بۇ بەرنا.

③ مۇبادا كەڭ كۆلەملىك ئۇرۇش بولۇپ، جەڭ قىلىشقا توغرا كېلىپ قالسا، بۇنى قويۇپ تۇرۇشقا مەجبۇر بولىمىز.

④ ئۈنچىلىك يۈلۈم بولغان بولسا، سېنىڭ يېنىڭغا كەلمىگەن بولاتتىم.

⑤ قانچىلىك ئالسەن دېسەڭ، شۇنچىلىك ئال.

*б*. بېقىندى تارماق جۈملىنىڭ خەۋىرى «-غان»لىق سۈپەتداشلارغا ئورۇن كېلىش قوشۇمچىسى ۋە «لا» يۈكلىمىسىنىڭ ئۇلىنىشىدىن تۈزۈلۈپ، بېقىندۇرغۇچى تارماق جۈملىگە باغلىنىپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

① سۇ بولغاندىلا، ھاياتلىق بولىدۇ.

② پەقەت سۇ مىقدارى مۇۋاپىق بولغاندىلا، شالدىن مول ھوسۇل ئالغىلى بولىدۇ.

c . بېقىندى تارماق جۈملىنىڭ خەۋىرى ئېنىقسىز كەلگۈسى زامان خەۋەر رايىدىن تۈزۈلۈپ، بېقىندۇرغۇچى تارماق جۈملىگە باغلىنىپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

① ئادەم خاتالىقتىن قول ئۈزۈپ ئويغىنىدىكەن، ئۇ يېڭى بىر كۈچ بىلەن ھەقىقەتكە قاراپ قەدەم تاشلايدۇ.

② سەن بۇ خۇيۇڭنى تاشلىمايدىكەنسەن، ئاممىدىن ئايرىلىپ قالىسەن.

شەرت مۇناسىۋىتىدىكى بېقىندىلىق قوشما جۈملىنىڭ بېقىندى تارماق جۈملىسى ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق بولۇشىمۇ مۇمكىن. ئەمما، بېقىندۇرغۇچى تارماق جۈملىسى ھامان بىرلا بولىدۇ ۋە بېقىندى تارماق جۈملىلىرى ئايرىم - ئايرىم ھالدا بېقىندۇرغۇچى تارماق جۈملىگە بېقىنىدۇ. مەسىلەن:

ئەگەر ئاتا - ئانىلارنىڭ كۆڭلى - كۆكسى تار، ئۆزئارا مۇناسىۋىتى سوغۇق، روھىي جەھەتتە پاسسىپ ئىللەتلىرى بولسا، بۇ پەرزەنتلەرنىڭ روھىي ھالىتىگە تەسىر كۆرسىتىدۇ.

2) تەكىت مۇناسىۋىتىدىكى بېقىندىلىق قوشما جۈملە

بېقىندى تارماق جۈملىسى تەكىت باغلىغۇچىسى «كى» ئارقىلىق بېقىندۇرغۇچى تارماق جۈملىگە باغلىنىپ كېلىدىغان بېقىندىلىق قوشما جۈملە تەكىت مۇناسىۋىتىدىكى بېقىندىلىق قوشما جۈملە، دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن:

① ئۇنىڭ ھەيۋەتلىك ساقىلى شۇنداق تىترىدىكى، مۇشۇ يېزىدا ئۆسۈپ، مۇشۇ يېزىدا ئاقارغان بۇ داڭلىق ساقالنىڭ بۇنچىۋالا تىترىگىنىنى ھازىرغىچە ھېچكىم كۆرمىگەنىدى.

② ساڭا ۋەدە بېرىمەنكى، تۈنجى مۇھەببىتىم بىلەن دۇنيادىن ئۆتىمەن.

③ بۇ تاغ شۇنداق ئېگىزكى، ئۇنىڭ ئۈستىدىن ئۇچار قاناتلارمۇ ئۇچۇپ ئۆتەلمەيتتى.

3) سەۋەب ـ نەتىجە مۇناسىۋىتىدىكى بېقىندىلىق قوشما جۈملە

بېقىندى تارماق جۈملىسى سەۋەبنى ، بېقىندۇرغۇچى تارماق جۈملە-سى نەتىجىنى ئىپادىلەيدىغان قوشما جۈملە سەۋەب ـ نەتىجە مۇناسىۋىتى-دىكى بېقىندىلىق قوشما جۈملە ، دەپ ئاتىلىدۇ . بۇ خىل بېقىندىلىق قوشما جۈملە ئۆز ئىچىدىن يەنە سەۋەب ـ نەتىجە مۇناسىۋىتىدىكى باغلى-غۇچىسىز باغلانغان بېقىندىلىق قوشما جۈملە ۋە سەۋەب ـ نەتىجە مۇنا-سىۋىتىدىكى باغلىغۇچى ئارقىلىق باغلانغان بېقىندىلىق قوشما جۈملە دەپ ئىككى تۈرگە ئايرىلىدۇ .

سەۋەب ـ نەتىجە مۇناسىۋىتىدىكى باغلىغۇچىسىز باغلانغان بېقىندى-لىق قوشما جۈملە تۆۋەندىكى شەكىللەردە ئىپادىلىنىدۇ :

a . بېقىندى تارماق جۈملىسىنىڭ خەۋىرى «-غان»لىق سۈپەتداشقا «ئىكەن» باغلامچى پېئىلنى بىرىكتۈرۈش ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ ھەم بېقىندۇرغۇچى تارماق جۈملىگە ئورۇن تەرتىپى ئارقىلىق باغلىنىدۇ . مەسىلەن :

① ئىشنى باشلىغانىكەنمىز ، ئۇنى پۇختا ئاخىرلاشتۇرۇشىمىز لازىم .

② ئىش مۇشۇ ھالغا كەلگەنىكەن ، سۇ چىقىرىش تۇسمىسىنى تەپلەپ ـ سەپلەپ قولدىن چىقىرىۋېتىشكە بولمايدۇ .

b . بېقىندى تارماق جۈملىنىڭ خەۋەر قىسمى «تۇرسا» ياردەمچى پېئىلى ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ . بۇنىڭدا بېقىندۇرغۇچى تارماق جۈملە كۆپىنچە سوئال شەكلىدە ئىپادىلىنىدۇ . بەزىدە تەستىق شەكلىدە ئىپادى-لىنىشىمۇ مۇمكىن . مەسىلەن :

① بەش ئايدىن بېرى شۇلارنىڭ ئارىسىدا تۇرسام ، نېمىشقا بىلمەي-مەن ؟

② ساماتلار بىزگە ياقى تۇرسا ، ئۇ ياقتىن بىزگە ياخشىلىق كېلەرمۇ ؟

سەۋەب ـ نەتىجە مۇناسىۋىتىدىكى باغلىغۇچىلار ئارقىلىق باغلانغان

بېقىندىلىق قوشما جۈملە تەركىبىدىكى تارماق جۈملىلەر «چۈنكى، سەۋەبى (سەۋەب)، شۇڭا، شۇڭلاشقا، شۇنىڭ ئۈچۈن، نەتىجىدە، شۇنىڭ بىلەن» دېگەندەك باغلىغۇچىلار ئارقىلىق باغلىنىدۇ. ئۇ باغلىغۇچىلارنىڭ ئىچىدە «چۈنكى، سەۋەبى (سەۋەب)» دېگەن باغلىغۇچىلار بېقىندى تارماق جۈملىنىڭ بېشىدا ئىشلىتىلىدۇ. قالغانلىرى بېقىندۇرغۇچى تارماق جۈملىنىڭ بېشىدا ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن:

① ئۇ مېنى ياقتۇرمايدۇ، چۈنكى ئۇ مېنى ھېلىقى ئەپەندىم بىلەن كۆرۈشتۈرمىدى.

② ئۇ ھەمكارلىق گۇرۇۋپپىسىغا ئەزا بولۇپ كىرىشنى ئانچە خالىمايتتى، چۈنكى، جىددىي ئىش قىلىش ئۇنى چۆچۈتەتتى.

③ بىز ماركسىزم ـ لېنىنىزم ياخشى دەيمىز، سەۋەبى نامراتلار ھاكىمىيەت تۇتىدۇ.

④ ئەمما، مەن پەشۋا بەرمىدىم، قاتتىق تىللىدىم، سەۋەب ئۇ چاغدا «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ»نىڭ ئىزىدىن مېڭىپ، بىزنىڭ ئۆلۈپ ـ تىرىلىشىمىز بىلەن كارىمىز بولمايدىغان بولۇپ قالغان.

⑤ گۇناھسىز بەندە يوق جۇمۇسلا بۇ ئالەمدە، شۇڭا خۇدايىم دوزاخنى ياراتقان.

⑥ قۇلىقىمنىڭ قۇرۇق گەپ بىلەن خۇشى يوق، شۇڭا پاختا تىقىۋالدىم.

⑦ سىزنى بەك سېغىندىم، شۇڭلاشقا كەلدىم.

⑧ ھۈنەرسىز ئادەم — مېۋىسىز دەرەخ، شۇنىڭ ئۈچۈن مەن سىلەرگە ئۆگىنىپ قوياي.

⑨ سېلىم بىلەن تۇر كەنجى ئوغۇل ھىلاجىقا ھەسەت قىلىپ ئۇنى ئۆلتۈرىدۇ، نەتىجىدە بىرلىككە كەلگەن مەملىكەت پارچىلىنىپ، ئىران بىلەن تۇران ئوتتۇرىسىدا تۈگىمەس ئۇرۇشلار باشلىنىدۇ.

⑩ بۇ ئىككى تىل سىستېمىسىغا مەنسۇپ بولغان تىللارنىڭ فونېتىكا، لېكسىكا ۋە گرامماتىكا جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكلىرىنى كۆرسىتىپ

بەرگەن ، شۇنىڭ بىلەن دۇنيادا بىرىنچى بولۇپ سېلىشتۇرما تىلشۇناس-
لىققا ئاساس سالغان .

سەۋەب - نەتىجە باغلىغۇچىلىرى ئارقىلىق باغلىنىپ كەلگەن بېقىن-
دىلىق قوشما جۈملىلەردە بېقىندى تارماق جۈملىسىنى تولۇق ئاياغلاشقان
خەۋەر شەكلىگە ئىگە بولىدۇ .

4) قارىمۇقارشى مۇناسىۋەتتىكى بېقىندىلىق قوشما جۈملە

بېقىندۇرغۇچى تارماق جۈملىدە بايان قىلىنغان ئوي - پىكىر
بېقىندى تارماق جۈملىدە ئىپادىلەنگەن ئوي - پىكىرگە قارشى قويۇلغان
بېقىندىلىق قوشما جۈملە قارىمۇقارشى مۇناسىۋەتتىكى بېقىندىلىق قوشما
جۈملە ، دەپ ئاتىلىدۇ . بۇ تۈردىكى بېقىندىلىق قوشما جۈملە تۆۋەندىكى-
دەك شەكىللەردە ئىپادىلىنىدۇ .

*a* . بېقىندى تارماق جۈملىسىنىڭ بېشىدا «گەرچە» باغلىغۇچىسى
ئىشلىتىلىدۇ (بەزىدە بۇ باغلىغۇچى ئىخچاملىنىدۇ ) ، بېقىندى جۈملە-
نىڭ خەۋىرى «-سىمۇ (-سا// -سە+مۇ )» شەكلىدە ئاخىرلىشىدۇ .
بېقىندۇرغۇچى تارماق جۈملىنىڭ بېشىدا «لېكىن ، ئەمما ، بىراق»
باغلىغۇچىلىرى ئىشلىتىلىدۇ (بەزىدە بۇ باغلىغۇچىلارمۇ ئىخچاملىنى-
دۇ ) . مەسىلەن :

① گەرچە ئۆزىڭىزنى كۆرسەتمىگەن بولساڭىزمۇ ، لېكىن باشقىلاردىن
سىزنىڭ تەرىپىڭىزنى كۆپ ئاڭلىغان .

② ئۇ گەرچە كۆرۈمسىزرەك بولسىمۇ ، ئادەمنى ئۆزىگە بەك جەلپ
قىلىۋالاتتى .

③ ئۇ كەمبەغەل بولسىمۇ ، لېكىن روھىي جەھەتتە ناھايىتى باي .

④ مەن شۇنچە بىلىنغان بولسامۇ ، ئۇ مېنىڭ بېرىشىمغا زادى
قوشۇلمىدى .

⑤ چاقماق چاققان بولسىمۇ ، يامغۇر ياغمىدى .

*b* . بېقىندى تارماق جۈملىنىڭ خەۋىرى «-غان»لىق سۈپەتداشلارغا
«بىلەن» سۆزىنىڭ بىرىكىشىدىن تۈزۈلۈپ ، بېقىندۇرغۇچى تارماق

① بەزى ئىشلارنى سىز قىلالىغان بىلەن ، مەن قىلالمايمەن .

② تەقسىر ، مېنىڭ كۆزۈم كۆرمىگەن بىلەن ، قوللىرىم بۇغدايىنى ئوبدان تونۇيدۇ .

③ خورلۇققا ، تۆھمەتكە مەن چىدىغان بىلەن ، كىچىك بالا چىدىمىدى .

c . بېقىندۇرغۇچى تارماق جۈملە بىلەن بېقىندى تارماق جۈملە «بولمىسا» باغلىغۇچىسى ئارقىلىق باغلىنىدۇ . بۇ باغلىغۇچى بېقىندۇرغۇچى تارماق جۈملىدە ئىشلىتىلىدۇ . بېقىندى تارماق جۈملىسى تولۇق ئاياغلاشقان خەۋەر شەكلىگە ئىگە بولىدۇ . مەسىلەن :

① تېزرەك ماڭايلى ، بولمىسا ئاپتوبۇس كېتىپ قالىدۇ .

② گەپنى ئوچۇق قىل ، بولمىسا ئۇقۇشماسلىق كېلىپ چىقىدۇ .

5) كۈچەيتىش مۇناسىۋىتىدىكى بېقىندىلىق قوشما جۈملە

بېقىندۇرغۇچى تارماق جۈملىدە بېقىندى تارماق جۈملىدىكى ئوي-پىكىرگە نىسبەتەن تېخىمۇ چوڭقۇر ئوي - پىكىرنى ئىپادىلەيدىغان بېقىندىلىق قوشما جۈملە كۈچەيتىش مۇناسىۋىتىدىكى بېقىندىلىق قوشما جۈملە دەپ ئاتىلىدۇ . بۇ تۈردىكى بېقىندىلىق قوشما جۈملىدە بېقىندى تارماق جۈملىسى تولۇق ئاياغلاشقان خەۋەر شەكلىگە ئىگە بولمايدۇ . كۈچەيتىش مۇناسىۋىتىدىكى بېقىندىلىق قوشما جۈملىلەر تۆۋەندىكىدەك شەكىللەردە كۆرۈلىدۇ :

a . بېقىندى تارماق جۈملىسى «تۇرماق ، تۈگۈل» باغلىغۇچىلىرى ئارقىلىق بېقىندۇرغۇچى تارماق جۈملىگە باغلىنىدۇ . مەسىلەن :

① يامغۇر توختاش تۇرماق (تۈگۈل) ، تېخىمۇ قاتتىق يېغىپ كەتتى .

② مەن غۇلجىغا بېرىش تۈگۈل ، سانجىغىمۇ بېرىپ باقمىغان .

b . بېقىندى تارماق جۈملىنىڭ خەۋىرى «پ»لىق رەۋىشداشلارغا «لا» يۈكلىمىسى ھەم «قالماستىن (قالماي)» سۆزلىرىنىڭ ئۇلىنىشىدىن تۈزۈلۈپ ، بېقىندۇرغۇچى تارماق جۈملىسى بىلەن «بەلكى ، يەنە»

جۈملىگە باغلىنىپ كېلىدۇ . مەسىلەن :

① بەزى ئىشلارنى سىز قىلالىغان بىلەن ، مەن قىلالمايمەن .

② تەقسىر ، مېنىڭ كۆزۈم كۆرمىگەن بىلەن ، قوللىرىم بۇغداينى ئوبدان تونۇيدۇ .

③ خورلۇققا ، تۆھمەتكە مەن چىدىغان بىلەن ، كىچىك بالا چىدىمىدى .

*c* . بېقىندۇرغۇچى تارماق جۈملە بىلەن بېقىندى تارماق جۈملە «بولمىسا» باغلىغۇچىسى ئارقىلىق باغلىنىدۇ . بۇ باغلىغۇچى بېقىندۇرغۇچى تارماق جۈملىدە ئىشلىتىلىدۇ . بېقىندى تارماق جۈملىسى تولۇق ئاياغلاشقان خەۋەر شەكلىگە ئىگە بولىدۇ . مەسىلەن :

① تېزرەك ماڭايلى ، بولمىسا ئاپتوبۇس كېتىپ قالىدۇ .

② گەپنى ئوچۇق قىل ، بولمىسا ئۇقۇشماسلىق كېلىپ چىقىدۇ .

5) كۆچەيتىش مۇناسىۋىتىدىكى بېقىندىلىق قوشما جۈملە

بېقىندۇرغۇچى تارماق جۈملىدە بېقىندى تارماق جۈملىدىكى ئوي-پىكىرگە نىسبەتەن تېخىمۇ چوڭقۇر ئوي - پىكىرنى ئىپادىلەيدىغان بېقىندىلىق قوشما جۈملە كۆچەيتىش مۇناسىۋىتىدىكى بېقىندىلىق قوشما جۈملە دەپ ئاتىلىدۇ . بۇ تۈردىكى بېقىندىلىق قوشما جۈملىدە بېقىندى تارماق جۈملىسى تولۇق ئاياغلاشقان خەۋەر شەكلىگە ئىگە بولمايدۇ . كۆچەيتىش مۇناسىۋىتىدىكى بېقىندىلىق قوشما جۈملىلەر تۆۋەندىكىدەك شەكىللەردە كۆرۈلىدۇ :

*a* . بېقىندى تارماق جۈملىسى «تۇرماق ، تۇگۇل» باغلىغۇچىلىرى ئارقىلىق بېقىندۇرغۇچى تارماق جۈملىگە باغلىنىدۇ . مەسىلەن :

① يامغۇر توختاش تۇرماق (تۇگۇل) ، تېخىمۇ قاتتىق يېغىپ كەتتى .

② مەن غۇلجىغا بېرىش تۇگۇل ، سانجىغىمۇ بېرىپ باقمىغان .

*b* . بېقىندى تارماق جۈملىنىڭ خەۋىرى «پ»لىق رەۋىشداشلارغا «لا» يۈكلىمىسى ھەم «قالماستىن (قالماي)» سۆزلىرىنىڭ ئۇلىنىشىدىن تۈزۈلۈپ ، بېقىندۇرغۇچى تارماق جۈملىسى بىلەن «بەلكى ، يەنە»

باغلىغۇچىلىرى ئارقىلىق باغلىنىدۇ . مەسىلەن :

① ئۇ ئىنگلىزچىنى ياخشى سۆزلەپلا قالماي ، يەنە رۇسچىنىمۇ بەك ياخشى سۆزلەيدۇ .

② «قۇتادغۇبىلىك» ئۇيغۇرلارنىڭلا شان - شەرىپى ۋە ئىپتىخارى بولۇپ قالماستىن ، بەلكى جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ خەزىنىسىدىكى بىر پارچە ئېسىل گۆھەردۇر .

ج . بېقىندى تارماق جۈملىنىڭ خەۋىرى «ش»لىق ئىسىمداشلارغا «ئۇياقتا (بۇياقتا) تۇرسۇن» سۆزلىرىدىن تەركىب تېپىپ ، بېقىندۇرغۇچى تارماق جۈملە بىلەن «بەلكى» باغلىغۇچىسى ئارقىلىق باغلىنىدۇ . مەسىلەن :

ئۇ مېنى تۇرپانغا ئېلىپ بېرىپ ئويناتتىپ كېلىش ئۇياقتا تۇرسۇن ، بەلكى (ھەتتا) ئۆزىمۇ بارمىدى .

3 . ئارىلاش قوشما جۈملە

تەركىبىدىكى تارماق جۈملىلەرنىڭ بەزىلىرى تەڭداشلىق مۇناسىۋەتتە ، بەزىلىرى بېقىندىلىق مۇناسىۋەتتە باغلىنىپ كەلگەن قوشما جۈملەلەر ئارىلاش قوشما جۈملە ، دەپ ئاتىلىدۇ . ئارىلاش قوشما جۈملە تۆۋەندىكىدەك ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە :

(1) ئارىلاش قوشما جۈملىدە تەڭداشلىق مۇناسىۋەت بىلەن بېقىندىلىق مۇناسىۋەت تەڭلا كۆرۈلىدۇ . ئەگەر ئۇ ئىككى خىل مۇناسىۋەتنىڭ پەقەت بىرى كۆرۈلسە ، ئۇ ھالدا ئۇ ياكى تەڭداش قوشما جۈملە ، ياكى بېقىندىلىق قوشما جۈملە بولۇپ قالىدۇ .

(2) ئارىلاش قوشما جۈملىنىڭ تەركىبىدە ئاز دېگەندە ئۈچ تارماق جۈملە بولىدۇ .

(3) ئارىلاش قوشما جۈملە تەركىبىدىكى تارماق جۈملىلەرنىڭ بەزىلىرى تولۇق ئاياغلاشقان خەۋەر شەكلىگە ئىگە بولسا ، بەزى تارماق جۈملىلىرى تولۇق ئاياغلاشقان خەۋەر شەكلىگە ئىگە بولالمايدۇ .

(4) ئارىلاش قوشما جۈملە تەركىبىدىكى تارماق جۈملىلەرنىڭ

بەزىلىرى باغلىغۇچىلار ئارقىلىق باغلانسا، بەزىلىرى مورفولوگىيىلىك شەكىللەر ئارقىلىق ۋەياكى ئورۇن تەرتىپى ئارقىلىق باغلىنىدۇ. مەسىلەن:

① سۇ بولسىلا، بېلىق بولىۋېرمەيدۇ، ئەمما بېلىق بار يەردە سۇنىڭ بولۇشى تەبىئىيدۇر.

② ئەگەر بۇنى تاشلىۋەتمىسە، سىر پاش بولۇپ پادىشاھنىڭ قولىغا چۈشۈپ قېلىشى تۇرغان گەپ، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ كىيىمگە قىلچىلىك ئاغرىنماي، ئۇنى شۇ يەردىلا يەرگە تاشلىۋېتىپتۇ، ئۆزى يالاڭ ئاياغ ۋە ئىچكى كىيىملىرى بىلەنلا سارايغا ئۆچۈپ چۈشۈپتۇ.

مىسال ① دە «سۇ بولسىلا» دېگەن تارماق جۈملە بىلەن «بېلىق بولىۋېرمەيدۇ» دېگەن تارماق جۈملە ئۆزئارا بېقىندىلىق مۇناسىۋەتتە باغلانغان. بۇ بېقىندىلىق قوشما جۈملە «بېلىق بار يەردە سۇنىڭ بولۇشى تەبىئىيدۇر» دېگەن تارماق جۈملە بىلەن «ئەمما» باغلىغۇچىسى ئارقىلىق تەڭداشلىق مۇناسىۋەتتە باغلانغان. مىسال ②نىڭ قۇرۇلمىسى تېخىمۇ مۇرەككەپ بولۇپ، ئۇ تۆت تارماق جۈملىدىن تەركىب تاپقان. «ئەگەر بۇنى تاشلىۋەتمىسە» دېگەن تارماق جۈملە بىلەن «سىر پاش بولۇپ پادىشاھنىڭ قولىغا چۈشۈپ قېلىشى تۇرغان گەپ» دېگەن تارماق جۈملە بېقىندىلىق مۇناسىۋەتتە ئۆزئارا باغلانغان. بېقىندى تارماق جۈملە بىلەن بېقىندۇرغۇچى تارماق جۈملە «ئەگەر» باغلىغۇچىسى ۋە شەرت رايى قوشۇمچىسى ئارقىلىق باغلانغان. «ئۇ كىيىمگە قىلچىلىك ئاغرىنماي، ئۇنى شۇ يەردىلا تاشلىۋېتىپتۇ» دېگەن تارماق جۈملە ئالدىنقى بېقىندىلىق قوشما جۈملە بىلەن «شۇنىڭ ئۈچۈن» باغلىغۇچىسى ئارقىلىق بېقىندىلىق مۇناسىۋەتتە باغلانغان. «ئۆزى يالاڭ ئاياغ ۋە ئىچكى كىيىملىرى بىلەن سارايغا ئۆچۈپ چۈشۈپتۇ» دېگەن تارماق جۈملە ئالدىنقى بېقىندىلىق قوشما جۈملە بىلەن ئورۇن تەرتىپى ئارقىلىق تەڭداشلىق مۇناسىۋەتتە باغلانغان

ئارىلاش قوشما جۈملە تەركىبىدىكى تارماق جۈملىلەر ئارىلاش قوش-

ما جۈملىنىڭ قاتلىمىنى ھاسىل قىلىدۇ . جۈملە قاتلىمى ئارىلاش قوشما جۈملە تەركىبىدىكى ئارماق جۈملىلەرنىڭ مۇناسىۋىتىگە ئاساسەن ئايرىلىدۇ . ئارىلاش قوشما جۈملىنى ھاسىل قىلغۇچى بۆلەكلەر بىرىنچى قاتلام بولىدۇ . ئارىلاش قوشما جۈملىنى ھاسىل قىلغۇچى ئارماق جۈملىلەر ئاددىي جۈملە بولۇشىمۇ مۇمكىن ، قوشما جۈملە بولۇشىمۇ مۇمكىن . ئەگەر ئارماق جۈملە قوشما جۈملە بولسا ، بۇ خىل قوشما جۈملىنىڭ ئارماق جۈملىلىرى ئىككىنچى قاتلامنى ھاسىل قىلىدۇ . بىرىنچى قاتلامنى ھاسىل قىلغۇچى ئارماق جۈملىلەر چوڭ ئارماق جۈملە ، دەپ ئاتىلىدۇ . ئىككىنچى قاتلامنى ھاسىل قىلغۇچى ئارماق جۈملىلەر كىچىك ئارماق جۈملە دەپ ئاتىلىدۇ . ئارىلاش قوشما جۈملىنىڭ قاتلاملىرىنى تەھلىل قىلغاندا ، چوڭ ئارماق جۈملىلەرنىڭ ئارىسىغا ئىككى يانتۇ سىزىق (// ) ، كىچىك ئارماق جۈملىلەرنىڭ ئارىسىغا بىر يانتۇ سىزىق (/ ) سىزىپ تەھلىل قىلىشقا بولىدۇ . مەسىلەن :

بىزنىڭ ھۇجۇمىمىز ئۇرۇش قانۇنىيىتىدىن ئاشقىرى بولۇۋاتىدۇ . // بۇ يەردىكى دۈشمەن قاتتىق مۇداپىئەلەنگەن ، / ئۇنىڭ ئۈستىگە بىزدىن نەچچە ھەسسە كۆپ ، // شۇڭا بىز ئوڭۇشسىزلىققا دۇچ كېلىۋاتىمىز .

بۇ مىسالدا ، بىرىنچى قاتلامدىكى بىرىنچى چوڭ ئارماق جۈملە بىلەن بىرىنچى قاتلامدىكى ئىككىنچى چوڭ ئارماق جۈملە ئۆزئارا تەڭداشلىق مۇناسىۋەتتە باغلانغان ؛ بۇ ئىككى ئارماق جۈملە بىرىنچى قاتلامدىكى ئۈچىنچى چوڭ ئارماق جۈملىگە «شۇڭا» باغلىغۇچىسى ئارقىلىق بېقىندىلىق مۇناسىۋەتتە باغلانغان ؛ بىرىنچى قاتلام ئىككىنچى چوڭ ئارماق جۈملىنىڭ تەركىبىدىكى ئىككى كىچىك ئارماق جۈملە «ئۇنىڭ ئۈستىگە» باغلىغۇچىسى ئارقىلىق تەڭداشلىق مۇناسىۋەتتە باغلانغان .

ئارىلاش قوشما جۈملە تۆۋەندىكىدەك شەكىللەردە ئىپادىلىنىدۇ :

1 . بىر ئاددىي جۈملە بىلەن بىر بېقىندىلىق قوشما جۈملە ياكى بىر بېقىندىلىق قوشما جۈملە بىلەن بىر ئاددىي جۈملە تەڭداشلىق مۇنا-

قالدۇراي دەپ مىخ مەتپەئەنى ، قەغەزنى كەشىپ قىلغان . (ئاددىي جۈملە)

② ئىشلىسەڭ ، چىشلەيسەن . (قوشما جۈملە)

(3) ئىنتوناتسىيىسىگە ئاساسەن پەرقلەندۈرۈلىدۇ . ئاددىي جۈملە بىر تۇتاش ئىنتوناتسىيىگە ئىگە بولىدۇ . جۈملە ئاخىرىدا ئاخىرلىشىش خاراكتېرىدىكى توختاش (تىنىش) بولىدۇ . ئوخشاشلا ، قوشما جۈملىمۇ بىر تۇتاش ئىنتوناتسىيىگە ئىگە بولىدۇ ھەم ئاخىرىدا ئاخىرلىشىش خاراكتېرىدىكى توختاش (تىنىش) بولىدۇ . ئۇلارنىڭ ئوخشىمايدىغان يېرى شۇكى ، قوشما جۈملە تەركىبىدىكى تارماق جۈملىلەر ئوتتۇرىسىدىكى توختاش ياكى تىنىش ئاددىي جۈملىنىڭ بۆلەكلىرى ئوتتۇرىسىدىكى توختاشقا قارىغاندا ، نىسبەتەن ئۇزۇن بولىدۇ .

(4) باغلىغۇچىلارنىڭ رولىغا قاراپ پەرقلەندۈرۈلىدۇ . ئاددىي جۈملە تەركىبىدىمۇ باغلىغۇچىلار ئىشلىتىلىدۇ . ئەمما ، ئاددىي جۈملە تەركىبىدە ئىشلىتىلگەن باغلىغۇچىلار پەقەت تەڭداش بۆلەكلەرنىلا باغلاش رولىنى ئوينايدۇ ؛ قوشما جۈملە تەركىبىدىكى باغلىغۇچىلار بولسا تارماق جۈملىلەرنى باغلاش رولىنى ئوينايدۇ . قوشما جۈملە تەركىبىدىكى باغلىغۇچىلار ياكى بېقىندۇرغۇچى تارماق جۈملىدە ، ياكى بېقىندى تارماق جۈملىدە ، ياكى تەڭداش مۇناسىۋەتتىكى تارماق جۈملىلەرنىڭ بىرىدە ، ياكى ھەممىسىدە ئىشلىتىلىشى مۇمكىن . ناۋادا باغلىغۇچىلار ئىخچاملانغان بولسا ، تارماق جۈملىنىڭ خەۋەر قىسمىدىكى مورفولوگىيىلىك شەكىللەر ئارقىلىق پەرقلەندۈرۈشكە بولىدۇ . مەسىلەن :

① ئۇ دائىم ئۆز سۆزىنى تەمسىل ياكى دېمەكچى بولغىنىغا ماس كېلىدىغان بىرەر ھېكايە بىلەن باشلايتتى .

② يا بىز دۈشمەننىڭ بېشىنى تاشقا ئۇرۇپ يانچىيمىز ، ياكى ئۇلار بىزنى شەھەر سېپىلىغا ئاسىدۇ .

③ ئۆي بېساتلىرى كۆپ ئەمەس ، لېكىن تازا رەتلىك .

④ ئۇ كېچىسى سۇدىن قورقاتتى ، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۈچلا قېتىم كۈندۈزى سۇ ئۇتتى .

سۈپەتتە بىرىكىپ كېلىدۇ . مەسىلەن :

① جۇدۇن - چاپقۇن بولۇپ تۇرىدۇ ، / ياپراقلار ئۆلمەيدۇ ، // چۈنكى ئۇنىڭ ئانىسى مۇنبەت تۇپراق .

② گومىنداڭ قىسىملىرىمۇ بۇ ھالنى بايقاپ قالدى ، / بىراق ھۇجۇم قىلىپ چېكىنىشقا پېتىنالمىدى ، // چۈنكى كەچ كىرىپ قالغانىدى .

③ سەن بارماقچى بولساڭ ، / كەينىمىزدىن ماڭ ، // بىز كېتىۋېرەيلى .

④ ئۇ دەرستە شۇنچە تىرىشقان بولسىمۇ ، / لېكىن دەرسلەرنى ئىگىلىشى ياخشى بولمىدى ، ئىمتىھان نەتىجىسىمۇ تۆۋەن بولۇپ قالدى .

2 . بىر بېقىندىلىق قوشما جۈملە بىلەن بىر تەڭداش قوشما جۈملە ياكى بىر تەڭداش قوشما جۈملە بىلەن بىر بېقىندىلىق قوشما جۈملە ئۆزئارا تەڭداشلىق مۇناسىۋەتتە باغلىنىدۇ . مەسىلەن :

① مەتنىيازنىڭ قىچىسى مۇشۇ يېزىدىكى دېھقانلارنىڭ قىچىلىرىدىن خېلى بۇرۇن تېرىلغان ، / شۇنىڭ ئۈچۈن ئاپتاپ كىشىنىڭ تېنىنى تونۇردەك قىزىتىدىغان مەزگىلدە پىشىپ قالدى ، // پىشىپ قالدىلا ئەمەس ، / توغرىسى ئورۇۋېلىدىغان ۋاقتىتىن بىرنەچچە كۈن ئۆتۈپ كەتتى .

② تەرەپ - تەرەپكە چېچىلىپ قانچىلىكىنى قۇتقۇزالىساق ، / شۇنچىلىكىنى قۇتقۇزۇۋالايلى ، // ئەلەمدە قالمايلى ، / ئۆمۈر بويى داغدا قالمىمىز .

③ ئەھۋال ئېغىر ، يولداشلار ، / خەۋىپلىك پەيتتىن قۇتۇلۇشنىڭ چارىسىنى تېپىشىمىز كېرەك ، // تاڭ ئاتسا ، / تېخىمۇ ئېغىر ئەھۋالدا قالىمىز .

④ سىلەرنىڭ نۇرغۇن ئارتۇقچىلىقىڭلار بار ، / كۆرسەتكەن ناھايىتى چوڭ خىزمىتىڭلار بار ، // لېكىن شۇنى ئېسىڭلاردا چىڭ تۇتۇشۇڭلار لازىمكى ، / مەغرۇرلىنىشقا بولمايدۇ .

3 . بىر تەڭداش قوشما جۈملە ، بىر بېقىندىلىق قوشما جۈملە ۋە بىر ئاددىي جۈملە تەڭداشلىق مۇناسىۋەتتە ئۆزئارا باغلىنىدۇ ، مەسىلەن :

قورقماڭ ، / تۇماقنى تەتۈر كىيىمىز ، // جۇل - جۇل بولۇۋالـ

ساق ، / كىمنىڭ كۆزى چۈشەتتى بىزگە ، // بىزنىڭ ھۈنەرلىرىمىزنى ئۇقمايسىز - دە .

4 . بىر تەڭداش قوشما جۈملە بىر ئاددىي جۈملىگە بېقىنىپ كېلىدۇ . مەسىلەن :

ئۇنداق ئىچىنىشلىق ئەھۋاللار كۆرۈلمەكتىكى ، // سۇدا جان ئۈزۈۋاتقان سەپدىشىڭنى ئەركىنىگىنە يانقۇزۇپ قويالمايسەن ، / سۇنى شالاقلىتىۋەتمەسلىكى ئۈچۈن ئۇنى خۇددى بوغۇۋاتقاندەك مەھكەم قۇچاقلاپ تۇتۇۋالىسەن ، / ئىككى ئېغىز ياخشى گېپىنى ؛ يۈرىكىڭدە ساقلىنىپ قالغۇدەك سۆزىنى ئاڭلىيالمايسەن .

5 . بىر ئاددىي جۈملە ئىككى بېقىندىلىق قوشما جۈملە بىلەن ئۆزئارا تەڭداشلىق مۇناسىۋەتتە باغلىنىدۇ . مەسىلەن :

مانتا ئەت دەيدۇ ، // مانتىنى پىشۇرۇپ ئەكەلسە ، / بىر تاللا يەپ قويۇپ ، لەگمەن ئەت دەيدۇ ، // لەگمەننى پىشۇرۇپ ئەكەلسە ، / تېخى بىر چوكا ئىلا - ئىلمايلا ، چۈچۈرەڭ تەييارمۇ دەيدۇ .

6 . كېلىنى زەرىپىخاننىڭ دەردى كۆپ ، / ھال ئېيتىدىغان ئادىمى يوق ، // مۇنۇ ئاچچىق چۈش قېيناتىسىغا ئېيتاي دېسە ، / يەنە شۇ يىگىرمە يەتتە يىللىق ھەمراھىنى ئايايدۇ ، // ناۋادا بوۋاي رۇسۇلنىڭ ئايالىغا سېلىۋاتقان زۇلۇمىنىڭ ئوندىن بىرىنى بىلىپ قالىدىغان بولسا ، / ئوغلىغا كۆرگۈلۈكنى كۆرسىتىدۇ .

7 . ئىككى بېقىندىلىق قوشما جۈملە ئۆزئارا تەڭداشلىق مۇناسىۋەتتە باغلىنىدۇ . مەسىلەن :

① كۈندۈزى گەپ قىلساڭ ، / ئەتراپىڭغا باق ؛ // كېچىسى گەپ قىلساڭ ، / قۇلاقنى قۇلاققا ياق .

② بىلىملىكلەر ئۆلسىمۇ ، / نامى تىرىك بولىدۇ ؛ // بىلىمسىزلەر تىرىك بولسىمۇ ، / نامى ئۆلۈك بولىدۇ .

③ كۆزۈڭ ئاغرىسا ، / قولۇڭنى تارت ؛ // قورسىقىڭ ئاغرىسا ، / نەپسىڭنى تارت .

【مۇھاكىمە سوئاللىرى】

1. قوشما جۈملە دېگەن نېمە؟ ئۇ قانداق ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە؟ مىسال بىلەن چۈشەندۈرۈڭ.

2. قوشما جۈملە تەركىبىدىكى تارماق جۈملىلەرنى ئۆزئارا باغلاپ كېلىدىغان سىنتاكسىسلىق ئامىللار قايسىلار؟ مىسال ئارقىلىق چۈشەندۈرۈڭ.

3. قوشما جۈملە بىلەن ئاددىي جۈملە قايسى جەھەتلەردە پەرقلىنىدۇ؟ مىسال بىلەن چۈشەندۈرۈڭ.

4. قوشما جۈملە نېمىلەرگە ئاساسەن قانداق تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ؟

5. باغلىغۇچىسىز باغلانغان قوشما جۈملە دېگەن نېمە؟ مىسال بىلەن چۈشەندۈرۈڭ.

6. باغلىغۇچى ئارقىلىق باغلانغان قوشما جۈملە دېگەن نېمە؟ مىسال بىلەن چۈشەندۈرۈڭ.

7. تەڭداش قوشما جۈملە دېگەن نېمە؟ تەڭداش قوشما جۈملە تەركىبىدىكى تارماق جۈملىلەرنىڭ مۇناسىۋىتىگە ئاساسەن قانداق تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ؟

8. بىرىكتۈرۈش مۇناسىۋىتىدىكى تەڭداش قوشما جۈملە دېگەن نېمە؟ ئۇ قانداق تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ؟

9. بىرىكتۈرۈش مۇناسىۋىتىدىكى باغلىغۇچىسىز باغلانغان تەڭداش قوشما جۈملە قانداق شەكىللەرگە ئىگە؟ مىسال بىلەن چۈشەندۈرۈڭ.

10. بىرىكتۈرۈش مۇناسىۋىتىدىكى باغلىغۇچىلار ئارقىلىق باغلانغان تەڭداش قوشما جۈملە تەركىبىدىكى تارماق جۈملىلەر قانداق باغلىغۇچىلار ئارقىلىق باغلىنىپ كېلىدۇ؟ مىسال بىلەن چۈشەندۈرۈڭ.

11. كۈچەيتىش مۇناسىۋىتىدىكى تەڭداش قوشما جۈملە دېگەن نېمە؟ كۈچەيتىش مۇناسىۋىتىدىكى تەڭداش قوشما جۈملە تەركىبىدىكى تارماق جۈملىلەر قانداق باغلىغۇچىلار ئارقىلىق باغلىنىپ كېلىدۇ؟

مىسال بىلەن چۈشەندۈرۈڭ .

12 . تاللانما مۇناسىۋەتتىكى تەڭداش قوشما جۈملە ئۆز ئىچىدىن قانداق تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ ؟

13 . تاللاش ـ تاللىنىش مۇناسىۋىتىدىكى تەڭداش قوشما جۈملە دېگەن نېمە ؟ ئۇنىڭ تەركىبىدىكى تارماق جۈملىلەر قانداق باغلىغۇچىلار ئارقىلىق باغلىنىپ كېلىدۇ ؟ مىسال بىلەن چۈشەندۈرۈڭ .

14 . ۋاقىت تاللانما مۇناسىۋىتىدىكى تەڭداش قوشما جۈملە دېگەن نېمە ؟ ئۇنىڭ تەركىبىدىكى تارماق جۈملىلەر قانداق باغلىغۇچىلار ئارقىلىق ئۆزئارا باغلىنىپ كېلىدۇ ؟ مىسال بىلەن چۈشەندۈرۈڭ .

15 . قارىمۇقارشى مۇناسىۋەتتىكى تەڭداش قوشما جۈملە دېگەن نېمە ؟ ئۇنىڭ ئىپادىلىنىش شەكىللىرى قانداق ؟ مىسال بىلەن چۈشەندۈرۈڭ .

16 .ئىزاھلىق مۇناسىۋەتتىكى تەڭداش قوشما جۈملە دېگەن نېمە ؟ ئۇ قانداق شەكىللەردە ئىپادىلىنىدۇ ؟ مىسال بىلەن چۈشەندۈرۈڭ .

17 . ئايرىش مۇناسىۋىتىدىكى تەڭداش قوشما جۈملە دېگەن نېمە ؟ ئۇنىڭ تەركىبىدىكى تارماق جۈملىلەر قانداق باغلىغۇچىلار ئارقىلىق باغلىنىپ كېلىدۇ ؟ مىسال بىلەن چۈشەندۈرۈڭ .

18 . يەكۈن مۇناسىۋىتىدىكى تەڭداش قوشما جۈملە دېگەن نېمە ؟ ئۇنىڭ تەركىبىدىكى تارماق جۈملىلەر قانداق باغلىغۇچىلار ئارقىلىق باغلىنىپ كېلىدۇ ؟ مىسال بىلەن چۈشەندۈرۈڭ .

19 . تەرتىپ مۇناسىۋىتىدىكى تەڭداش قوشما جۈملە دېگەن نېمە ؟ بۇ خىل قوشما جۈملە تەركىبىدىكى تارماق جۈملىلەر قانداق باغلىغۇچىلار ئارقىلىق باغلىنىدۇ ؟ مىسال بىلەن چۈشەندۈرۈڭ .

20 . بۇرۇلما مۇناسىۋەتتىكى تەڭداش قوشما جۈملە دېگەن نېمە ؟ ئۇ قانداق شەكىللەردە ئىپادىلىنىدۇ ؟ مىسال بىلەن چۈشەندۈرۈڭ .

21 . بېقىندىلىق قوشما جۈملە دېگەن نېمە ؟ ئۇ قانداق بۆلەكلەردىن تەركىب تاپىدۇ ؟ مىسال بىلەن چۈشەندۈرۈڭ .

22 . بېقىندىلىق قوشما جۈملە تەركىبىدىكى بېقىندۇرغۇچى تارماق جۈملە بىلەن بېقىندى تارماق جۈملىنىڭ باغلىنىش مۇناسىۋىتىگە ئاساسەن ئۆز ئىچىدىن قانداق تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ ؟

23 . شەرت مۇناسىۋىتىدىكى بېقىندىلىق قوشما جۈملە دېگەن نېمە ؟ ئۇ قانداق شەكىللەردە ئىپادىلىنىدۇ ؟ مىسال بىلەن چۈشەندۈرۈڭ .

24 . تەكىت مۇناسىۋىتىدىكى بېقىندىلىق قوشما جۈملە دېگەن نېمە ؟ ئۇ قانداق باغلىغۇچى ئارقىلىق باغلىنىپ كېلىدۇ ؟ مىسال بىلەن چۈشەندۈرۈڭ .

25 . سەۋەب ـ نەتىجە مۇناسىۋىتىدىكى بېقىندىلىق قوشما جۈملە دېگەن نېمە ؟ ئۇ قانداق شەكىللەر ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ ؟ مىسال بىلەن چۈشەندۈرۈڭ .

26 . قارىمۇقارشى مۇناسىۋەتتىكى بېقىندىلىق قوشما جۈملە دېگەن نېمە ؟ ئۇ قانداق شەكىللەر ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ ؟ مىسال بىلەن چۈشەندۈرۈڭ .

27 . كۈچەيتىش مۇناسىۋىتىدىكى بېقىندىلىق قوشما جۈملە دېگەن نېمە ؟ ئۇ قانداق شەكىللەر ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ ؟ مىسال بىلەن چۈشەندۈرۈڭ .

28 . ئارىلاش قوشما جۈملە دېگەن نېمە ؟ ئۇ قانداق ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە ؟ مىسال بىلەن چۈشەندۈرۈڭ .

29 . ئارىلاش قوشما جۈملىنىڭ قاتلام مۇناسىۋىتى قانداق بولىدۇ ؟ مىسال بىلەن چۈشەندۈرۈڭ .

30 . ئارىلاش قوشما جۈملىنىڭ ئىپادىلىنىش شەكىللىرىنى مىسال بىلەن ئېيتىپ بېرىڭ .

# 5 - باب ئىستىلىستىكىدىن ساۋات

## § 1 . ئىستىلىستىكا ھەققىدە قىسقىچە چۈشەنچە

### 1 . ئىستىلىستىكىنىڭ تەتقىقات ئوبيېكتى

ئىستىلىستىكا دېگەن بۇ ئاتالغۇ «تىلنىڭ ئىپادىلەش ئۈنۈمىنى ئاشۇرۇشقا دائىر ئۇسۇل - قائىدىلەر ۋە شۇ قائىدىلەر توغرىسىدىكى ئىلىم» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ .

مەلۇم مەنىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا ، ئىستىلىستىكىنى پۈتكۈل جەمئىيەت ئېتىراپ قىلغان تىل نورمىلىرىنى قوغداش ۋەزىپىسىنى ئۆز ئۈستىگە ئالغان ئۆلچەملەشتۈرۈش ئىلمى دېيىشكىمۇ بولىدۇ . ئىستىلىستىكىلىق ئۆلچەم نىسپىي تۇراقلىققا ھەم ئومۇمىيلىققا ئىگە بولۇپ ، ئۇ پۈتكۈل جەمئىيەتكە ئورتاق ، شۇنداقلا جەمئىيەت ئەزالىرى ئاڭلىق ياكى ئاڭسىز ھالدا رىئايە قىلىدىغان ئۆلچەم . ئەگەر كىشىلەر بۇ ئىستىلىستىكىلىق ئۆلچەمدىن ئاڭلىق ياكى ئاڭسىز ھالدا ھالقىپ كەتسە ، ئىپادىلەش ئۈنۈمىدە بىرقەدەر زور ئۆزگىرىش بولىدۇ . يەنى ، يا ئىپادىلەش ئۈنۈمى ئاشىدۇ ، يا ئىپادىلەش ئۈنۈمىگە نۇقسان يېتىدۇ . مانا مۇشۇنداق «نورمالسىزلىق» ، يەنى ئىستىلىستىكىلىق ئۆلچەمدىن ھالقىپ كېتىش «چەتنەش» دەپ ئاتىلىپ ، ئۇمۇ ئىستىلىستىكىنىڭ تەتقىقات ئوبيېكتى ھېسابلىنىدۇ .

ئىستىلىستىكىلىق ئۆلچەمدىن ھالقىش نەتىجىسىدە ئىپادىلەش ئۈنۈمىنى زور دەرىجىدە ئۆزگەرتىدىغان بۇنداق چەتنەش مۇسبەت (ئوڭ تاناسىپلىق ) چەتنەش ۋە مەنپىي (تەتۈر تاناسىپلىق ) چەتنەش دەپ ئىككى خىل بولۇپ ، ئالدىنقىسىدا ئىپادىلەش ئۈنۈمى زور دەرىجىدە ئاشى-

دۇ ، كېيىنكىسىدە ئىپادىلەش ئۈنۈمى زور دەرىجىدە تۆۋەنلەيدۇ . ئالدىنـ
قىسى نۇتۇق ئىگىسىنىڭ ئاڭلىق ئىنتىلىشى بولسا ، كېيىنكىسى ئاڭسىز
هالدا ياكى ئىپادىلەش ماهارىتىنىڭ تۆۋەنلىكى سەۋەبىدىن كېلىپ چىققان
نەتىجىدۇر .

ئۇسلۇبىيەتشۇناسلىق ئىستىلىستىكا مەنىۋى چەتنەشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان سەۋەبـ
لەرنى ۋە ئۇنى تۈزىتىشنىڭ ئۇسۇللىرىنى ، شۇنداقلا مۇسبەت چەتنەشـ
نىڭ تىپ ۋە ئارتۇقچىلىقلىرىنى تەتقىق قىلىش بىلەن بىللە ، مەنپىي
چەتنەشنىڭ تىپ ۋە زىيانلىرىنىمۇ تەتقىق قىلىدۇ . بىراق ، مۇسبەت ۋە
مەنپىي چەتنەش هادىسىلىرىنى بىر ـ بىرلەپ ، تەپسىلىي تەسۋىرلىمەي ،
پەقەت مۇئەييەن قېلىپ ـ ئۆرنەك هالىتىدە يىغىنچاقلاپ ئابستراكتلاشـ
تۇرىدۇ . دېمەك ، ئىستىلىستىكا تىلنىڭ ئالاقە پائالىيىتى داۋامىدىكى
ئومۇمىي نۇتۇق قائىدىلىرى ، ئۇلارنىڭ ۋارىيانتلىنىشىنى ، ئىستىلىستىـ
كىلىق ئۆلچەم ۋە مۇسبەت ـ مەنپىي چەتنەش هادىسىلىرىنىڭ ئۆلگەـ
ئەندىزىلىرىنى ئىپادىلەش ئۈنۈمى نۇقتىسىدىن تەتقىق قىلىدىغان تىلشۇـ
ناسلىق ئىلمى .

## 2 . ئىستىلىستىكىنىڭ مەزمۇنى

هەرخىل تىل ئامىللىرى ۋە بىرقەدەر تۇراقلاشقان ئىپادىلەش شەـ
كىللىرى ئارقىلىق ئىستىلىستىكىلىق ئۈنۈم هاسىل قىلىش ۋاسىتىلىـ
رى ئىستىلىستىكىلىق ئۇسۇللار ، دەپ ئاتىلىدۇ . ئىستىلىستىكىلىق
ئۇسۇللار نېمىنى ئىپادىلەش بىرلىكى قىلىدىغانلىقى ياكى قانداق قۇرۇلـ
ما شەكلى بىلەن ئىستىلىستىكىلىق ئۈنۈم هاسىل قىلىدىغانلىقىغا ئاساـ
سەن ، ئومۇمىي جەهەتتىن ئىككى تۈرگە ئايرىلىدۇ . بۇلارنىڭ بىرى ،
ئومۇمىي ئىستىلىستىكىلىق ئۇسۇللار ياكى پاسسىپ ئىستىلىستىكىلىق
ۋاسىتىلەر بولۇپ ، ئۇ تىل تاۋۇشلىرى ، سۆزلۈك ۋە گرامماتىكىنى
ئىپادىلەش بىرلىكى قىلىدۇ . يەنە بىرى ، ئالاهىدە ئىستىلىستىكىلىق
ئۇسۇللار ياكى ئاكتىپ ئىستىلىستىكىلىق ۋاسىتىلەر بولۇپ ، ئۇ ئۇزاق
مۇددەتلىك تىل ئەمەلىيىتىدىن يەكۈنلەنگەن ، مۇئەييەن قۇرۇلما قېلىپـ

غا ۋە ئوبيېكتىپ، پىسخىك ھەم ئىجتىمائىي ئاساسقا ئىگە ۋاسىتىلەرنى ئىپادىلەش بىرلىكى قىلىدۇ.

ئىستىلىستىكا ئىستىلىستىكىلىق ئۇسۇللارنى، يەنى ئىستىلىستىكىلىق ئۈنۈم ھاسىل قىلىشتا ئىپادىلەش بىرلىكى سۈپىتىدە خىزمەت قىلىدىغان تىل تاۋۇشلىرى، لېكسىكا، گرامماتىكا ۋە ئاكتىپ ئىستىلىستىكىلىق ۋاسىتىلەرنى ئۆزىنىڭ تەتقىقات مەزمۇنى قىلىدۇ.

ئىستىلىستىكىدا تاۋۇش ھادىسىلىرى ئارقىلىق تىلنىڭ ئىپادىلەش ئۈنۈمىنى ئاشۇرۇش مەقسەت قىلىنىپ، ئىستىلىستىكىلىق ئۇسۇللار بىلەن تىل تاۋۇشلىرىنىڭ مۇناسىۋىتى، قانداق قىلغاندا مىللىي تىلنىڭ فونېتىكىلىق ئالاھىدىلىكىدىن ماھىرلىق بىلەن پايدىلىنىپ، ئىستىلىستىكىلىق ئۈنۈم ھاسىل قىلغىلى بولىدىغانلىقى تەتقىق قىلىنىدۇ. تىلىمىزنىڭ فونېتىكىلىق ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن، تىل تاۋۇشلىرى ئارقىلىق تىل تاۋۇشلىرى بىلەن بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك بولغان بۇنداق ئىستىلىستىكىلىق ھادىسىلەر مىللىي تىلنىڭ بەدىئىي ئىپادىلەش جەھەتتىكى ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكىنى ئېنىق گەۋدىلەندۈرۈپ بېرىدۇ. شۇڭا، تىل تاۋۇشلىرىمۇ ئىستىلىستىكىنىڭ بىر تەتقىقات مەزمۇنى ھېسابلىنىدۇ.

سۆزلەرنىڭ ئىستىلىستىكىدا تەتقىق قىلىنىشى بىلەن لېكسىكولوگىيىدە تەتقىق قىلىنىشىمۇ ئوخشىمايدۇ. يەنى، لېكسىكولوگىيىدە سۆز مەنىلىرى، سۆز مەنىلىرىنىڭ ئۆزگىرىشى، لۇغەت تەركىبى ۋە ئۇنىڭ تەرەققىياتى قاتارلىقلار تەتقىق قىلىنىدۇ؛ ئىستىلىستىكىدا بولسا، سۆزلەرنىڭ ئىستىلىستىكىلىق رولى، ئىستىلىستىكىلىق مەنىسى، سۆزلەرنىڭ رولى ۋە مەنە جەھەتتىكى تۈرلۈك ئالاھىدىلىكلىرىگە ئاساسەن ئۇلاردىن توغرا پايدىلىنىپ، ئىستىلىستىكىلىق ئۈنۈم ھاسىل قىلىش ئۇسۇللىرى قاتارلىقلار تەتقىق قىلىنىدۇ.

دېمەك، سۆزلەرنىڭ ئىستىلىستىكىلىق رولىنى تەتقىق قىلىش ۋە ئۇلاردىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىشنىڭ ئۇسۇل - چارىلىرىنى كۆرسىتىپ بېرىش ئىستىلىستىكىنىڭ مۇھىم تەتقىقات مەزمۇنى ھېسابلىنىدۇ.

جۈملىلەرگە كەلسەك ، ئۇلارنىڭ سىنتاكسىستا تەتقىق قىلىنىشى بىلەن ئىستىلىستىكىدا تەتقىق قىلىنىشى يەنىلا ئوخشىمايدۇ . يەنى ، سىنتاكسىستا سۆزلەردىن سۆز بىرىكمىسى ۋە جۈملە تۈزۈش قائىدىلىرى ، جۈملىلەرنىڭ تۈرلەرگە بۆلۈنۈشى ۋە جۈملە تەھلىل قىلىش ئۇسۇللىرى قاتارلىقلار تەتقىق قىلىنىدۇ ؛ ئىستىلىستىكىدا بولسا ، مەنىداش سىنتاكسىسلىق قۇرۇلمىلارنى تاللاپ ئىشلىتىش نۇقتىسىدىن جۈملىلەرنىڭ ئىپادىلەش ئۈنۈمى تەتقىق قىلىنىدۇ .

ئۇيغۇر تىلىدا جۈملىلەردىكى سۆزلەرنىڭ ئورۇن تەرتىپى ، سۆزلەرنىڭ مورفولوگىيىلىك تۈرلىنىشى ، ياردەمچى سۆزلەر ۋە ئىنتوناتسىيە قاتارلىق سىنتاكسىسلىق ۋاسىتىلەرنىڭ رولى ناھايىتى مۇھىم بولۇپ ، سىنتاكسىسلىق مەنىداش قۇرۇلمىلار ناھايىتى كۆپ ھاسىل بولۇش بىلەن بىللە ، ئۇلارنىڭ ئىپادىلەش ئۈنۈمىمۇ پەرقلىق بولىدۇ . شۇڭا ، سىنتاكسىسلىق مەنىداش قۇرۇلمىلارنىڭ ئوي ـ پىكىرنى ئىپادىلەش جەھەتتىكى پەرقلىرى نېمىلەردىن ئىبارەت ، بۇندىق قۇرۇلمىلارنى تاللاپ ئىشلىتىشتە نېمىلەرگە ئاساسلىنىش كېرەك ، دېگەندەك بىر قاتار مەسىلىلەرمۇ ئىستىلىستىكىنىڭ مۇھىم مەزمۇنى ھېسابلىنىدۇ . بۇنىڭدىن باشقا ، ئىستىلىستىكا يەنە جۈملە شەكىللىرى بىلەن ئىستىلىستىكىلىق ۋاسىتىلەرنىڭ مۇناسىۋىتىنىمۇ ئۆزىنىڭ تەتقىقات مەزمۇنى قىلىدۇ . چۈنكى ، بەزى ئىستىلىستىكىلىق ۋاسىتىلەرنىڭ ھاسىل بولۇشى جۈملە شەكىللىرى بىلەن بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ . ئالايلۇق ، سوراق جۈملە بىلەن تەستىق ياكى ئىنكارنى بىلدۈرۈش ئارقىلىق قايتۇرما سوراقتىن ئىبارەت ئىستىلىستىكىلىق ۋاسىتىنىڭ ھاسىل قىلىنىشى قاتارلىقلار .

مەلۇمكى ، ئوي ـ پىكىرنى ئىپادىلەش ، ئومۇمەن ، ئاددىي ئىپادىلەش ۋە بەدىئىي ئىپادىلەشتىن ئىبارەت ئىككى خىل بولىدۇ . تىل ئەمەلىيىتىدە كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ ئوي ـ پىكرىنى توغرا ئىپادىلەش ئاساسىدا ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە كونكرېت ، ئوبرازلىق ھەم تەسىرلىك قىلىپ ئىپادىلەشكە تىرىشىدۇ ۋە ھەرخىل ئىپادىلەش ۋاسىتىلىرىدىن

ئاكتىپ پايدىلىنىدۇ . ئۇي ـ پىكىرنى تېخىمۇ ئۈنۈملۈك ئىپادىلەشكە ياردەم بېرىدىغان ، ئۇزاق مۇددەتلىك تىل ئەمەلىيىتىدىن يەكۈنلەنگەن ، مۇئەييەن قۇرۇلما قېلىپىغا ئىگە بولغان بەدىئىي ئىپادىلەش ۋاستىلىرى ئىستىلىستىكىلىق ۋاستىلەر بولۇپ ، ئىستىلىستىكىنىڭ مۇھىم تەتقىقات مەزمۇنى ھېسابلىنىدۇ . ئىستىلىستىكا بەدىئىي ئىپادىلەشتىكى ئىستىلىستىكىلىق ۋاستىلەرنىڭ كونكرېت نۇتۇق شارائىتىدا قوللىنىلىشىنى ئۆزىنىڭ يەنە بىر مەزمۇنى قىلىدۇ .

بۇلاردىن باشقا ، ئىستىلىستىكا يەنە نۇتۇق ژانىرى ، ئىپادىلەش ئۇسلۇبى ۋە ئىستىلىستىكىلىق باھاسىمۇ تەتقىقات مەزمۇنى قىلىدۇ .

دېمەك ، ئىستىلىستىكا تىلنىڭ ئىپادىلەش ئۈنۈمىنى ئاشۇرۇش بىلەن بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك بولغان فونېتىكا ، لېكسىكا ، گراماتىكا ، ئاكتىپ ئىستىلىستىكىلىق ۋاستىلەر ، نۇتۇق ژانىرى ، ئىپادىلەش ئۇسلۇبى ۋە ئىستىلىستىكىلىق باھا قاتارلىقلارنى ئۆزىنىڭ مۇھىم تەتقىقات مەزمۇنى قىلىدۇ .

### 3 . ئىستىلىستىكىنىڭ ۋەزىپىسى

مەلۇمكى ، ئىستىلىستىكىنىڭ تەتقىقات ئوبيېكتى ئىستىلىستىكىلىق ھادىسىلەر بولۇپ ، ھەرقانداق ئىستىلىستىكىلىق ھادىسە ئىستىلىستىكىلىق مەزمۇن ، ئىستىلىستىكىلىق ۋاستە ۋە ئىستىلىستىكىلىق ئۈنۈمدىن ئىبارەت ئۈچ تەرەپنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ . ئىپادىلىمەكچى بولغان ئوبيېكت ۋە سۇبيېكتىپ ھېسسىيات ئىستىلىستىكىلىق مەزمۇن ھېسابلانسا ، ئىپادىلەش ئۈنۈمىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن قوللىنىلغان تۈرلۈك تىل ماتېرىياللىرى ۋە ئىپادىلەش ۋاستىلىرى ئىستىلىستىكىلىق ۋاستە ھېسابلىنىدۇ ؛ ئىستىلىستىكىلىق ۋاستىلەر ئارقىلىق مەزمۇننى ئىپادىلەشتىن ھاسىل بولغان نەتىجە ئىستىلىستىكىلىق ئۈنۈم دېيىلىدۇ . ئىستىلىستىكىلىق ۋاستە ئىستىلىستىكىلىق مەزمۇننى ئىپادىلەيدۇ ، ئىستىلىستىكىلىق ئۈنۈم ئىستىلىستىكىلىق ۋاستىلەر ئارقىلىق ھاسىل بولىدۇ . ئۇلارنىڭ ئۆزئارا مۇناسىۋىتى ۋە پەرقىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىش

ئىستىلىستىكىلىق ۋەزىپىنى توغرا تونۇشتا مەلۇم نەزەرىيىۋى ئەھمىيەت-
كە ئىگە .

ئىستىلىستىكىنىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىسى قانۇنىيەتلەرنى ، يەنى تىل-
نىڭ ئىپادىلەش ئۇنۇمىنى ئاشۇرۇشقا دائىر ھەرخىل ئۇسۇل ـ قائىدى-
لەرنى كۆرسىتىپ بېرىش ۋە سىستېمىلىق چۈشەندۈرۈپ بېرىشتىن
ئىبارەت . كونكرېت ئېيتقاندا ، تۆۋەندىكىدەك ئۈچ نۇقتىغا يىغىنچاقلاشقا
بولىدۇ :

1) ئىستىلىستىكىلىق قانۇنىيەتلەرنى كۆرسىتىپ بېرىش ؛

2) ئىستىلىستىكا ئەمەلىيىتىگە يېتەكچىلىك قىلىش ؛

3) ئىستىلىستىكىلىق ئۈنۈمگە باھا بېرىش .

ئىستىلىستىكىنىڭ ۋەزىپىسىدىن قارىغاندا ، ئۇ تىلنىڭ گۈزەل ،
تەسىرلىك ھەم ئىخچام بولۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلىدۇ . شۇڭا ، ئۇنىڭ
كۈندىلىك تۇرمۇش ۋە تۈرلۈك ئىجتىمائىي پائالىيەتلەردىكى رولى ئىنتا-
يىن زور . چۈنكى ، كۈندىلىك تۇرمۇشتا ۋە ئىجتىمائىي پائالىيەتلەردە
كىشىلەر ھامان ئۆزئارا ئالاقىلىشىپ ، پىكىر ئالماشتۇرۇپ تۇرىدۇ ،
ئوي ـ پىكىر بولسا تىل ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ . ئوي ـ پىكىرنى
ئىمكانقەدەر توغرا ، راۋان ۋە تەسىرلىك ئىپادىلەش ، ئەقەللىسى تىلنى
بۇزماسلىق ئۈچۈن ئىستىلىستىكىنى ئۆگەنمەي بولمايدۇ . ئۇنىڭ ئۈستى-
گە ، ئىستىلىستىكىنىڭ ئېستېتىكا ، پسىخولوگىيە ۋە ئەدەبىيات قاتار-
لىق پەنلەر بىلەن گىرەلىشىپ كەتكەنلىكى ، بولۇپمۇ ھازىرقى مەتبۇئات
ۋە رادىئو ـ تېلېۋىزىيىمىزدە دەۋرنىڭ تەلىپىگە زىت ھالدا ئىستىلىستى-
كىلىق خاتالىقلارنىڭ ئەۋج ئېلىپ كېتىشى ئىستىلىستىكىنىڭ رولىنى ،
ئۇنى ئۆگىنىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى نامايان قىلماقتا . دېمەك ، تىلنىڭ
ئالاقە رولىنى تېخىمۇ ياخشى جۇشتۇرۇش ھەم تولۇق جارى قىلدۇرۇشتا
ئىستىلىستىكا ناھايىتى مۇھىم رول ئوينايدۇ .

ئىستىلىستىكا ئۆزىگە خاس تەتقىقات ئوبيېكتى ، مەزمۇنى ۋە ۋەزى-
پىسى بىلەن باشقا پەنلەردىن پەرقلىنىپ تۇرسىمۇ ، تۈرلۈك مېتودلار
بويىچە تەتقىق قىلىنىپ ، ھەرخىل ئىلمىي يۆنىلىشلەرگە قاراپ تەرەققىي

كىلىق ھادىسىلەر بىرمۇنچە پەن تارماقلىرى بىلەن چېتىشلىق بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇ پسىخولوگىيە، ئېستېتىكا، ئەدەبىيات نەزەرىيىسى، خۇسۇسەن، گرامماتىكا ۋە لوگىكا بىلەن زىچ مۇناسىۋەتتە بولىدۇ.

گرامماتىكىنى ئالساق، ئۇ ئىستىلىستىكىنىڭ ئاساسلىرىدىن بىرى ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى، گرامماتىكا جەھەتتىكى توغرىلىق ئاساسىدىلا ئىستىلىستىكىدىن گەپ ئاچقىلى بولىدۇ. ئالايلۇق، جۈملىلەر ۋاسىتىسى بىلەن ئىستىلىستىكىلىق ئۈنۈم ھاسىل قىلىش ئۈچۈن مەنداش جۈملىلەردىن مۇۋاپىقىنى تاللاپ ئىشلىتىشكە توغرا كېلىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن، تاللىغان جۈملىلەر ئالدى بىلەن گرامماتىكا جەھەتتە توغرا بولۇشتەك زۆرۈر شەرتنى ھازىرلىغان بولۇشى كېرەك. گرامماتىكا جۈملىلەرنىڭ گرامماتىكا جەھەتتىن توغرا بولۇشى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ، ئىستىلىستىكا جۈملىلەرنىڭ توغرىلىقى ئاساسىدا ئۇنى يەنىمۇ سىلىق، نەپىس، گۈزەل تۈسكە كىرگۈزۈشنى نىشان قىلىدۇ.

ئوي - پىكىرنى ئىپادىلەش ئاددىي ئىپادىلەش ۋە بەدىئىي ئىپادىلەشتىن ئىبارەت ئىككى خىل بولىدۇ. ئاددىي ئىپادىلەشتە ئوي - پىكىر ئادەتتىكىچە ئىپادە قىلىنىپ، چىنلىق ۋە توغرىلىق ئاساس قىلىنىدۇ؛ ئاددىي ئىپادىلەشتىكى چىنلىق ۋە توغرىلىق «شەيئى»، «ئوي - پىكىر» ھەم «ئىپادىلەش» نىڭ ئۆزئارا ماس كېلىشىنى، يەنى ئوي - پىكىرنىڭ ئوبيېكتىپ شەيئى - ھادىسىلەرنى ئەينەن ئەكس ئەتتۈرۈشىنى ۋە تىلنىڭ ئوي - پىكىرنى توغرا ئىپادىلىشىنى كۆرسىتىدۇ. بەدىئىي ئىپادىلەشتىكى گۈزەللىكمۇ ئاددىي ئىپادىلەشتىكى «توغرىلىق» بىلەن ئۆزئارا زىت نەرسە ئەمەس. يەنى، «بەدىئىي ئىپادىلەشتە توغرىلىق بولمايدۇ ياكى بۇنىڭ ئەكسىچە، ئىپادىلەشنىڭ توغرىلىقى، ئەينەنلىكى نەزەردە تۇتۇلسا، گۈزەللىك بولماي قالىدۇ ياكى گۈزەللىككە تەسىر يېتىدۇ» دېيىش ئورۇنسىز. چۈنكى، ئىپادىلەشتىكى گۈزەللىك توغرىلىق ئاساسىدا بولىدۇ. ئىككىنچى تۈرلۈك قىلىپ ئېيتقاندا، بەدىئىي ئىپادىلەش ھەرخىل تىل ئامىللىرى ۋە ئىستىلىستىكىلىق ۋاسىتىلەرنىڭ ياردىمى بىلەن

بەدىئىي تۈسكە كىرگۈزۈلىدۇ - يۇ، مەزمۇن جەھەتتە ئاددىي ئىپادىلەشتىن پەرقلەنمەيدۇ. بەدىئىي ئىپادىلەشتە مەيلى قانداق بەدىئىي ۋاستىلەر قوللىنىلسۇن، ئۇنىڭدا ھامان مەلۇم ئوي - پىكىر ئىپادىلىنىدۇ، يەنە كېلىپ بۇ ئوي - پىكىر ھامان مەلۇم ئوبيېكتىپ شەيئىنىڭ ئىنكاسىدىن ئىبارەت بولىدۇ. شۇڭا، ماھىيەتتە ئۇنىڭغىمۇ ئاددىي ئىپادىلەشتىكى توغرىلىق تەلىپى قويۇلىدۇ. مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، ھەرقانداق بەدىئىي ئىپادىلەش ئاددىي ئىپادىلەش ئاساسىدا بەدىئىي تۈسكە كىرگۈزۈلىدۇ ۋە ئۇزىگە ئاساس بولغان ئاددىي ئىپادىلەش بىلەن مەنداشلىق ھاسىل قىلىدۇ. ئىستىلىستىكا تىلنىڭ ئىپادىلەش ئۇنۇمىنى ئاشۇرۇش ھەققىدىكى پەن، لوگىكا توغرا پىكىر قىلىش ۋە ئوي - پىكىرنى توغرا ئىپادىلەش ھەققىدىكى پەن. شۇڭا، ئۇلارنىڭ مۇناسىۋىتى دەل بەدىئىي ئىپادىلەش بىلەن ئاددىي ئىپادىلەشنىڭ مۇناسىۋىتى بولۇپ، ئۇلار بىر - بىرىگە زىت نەرسىلەر بولماستىن، بەلكى بەدىئىي ئىپادىلەشتە بىر - بىرىنى شەرت قىلىدىغان ۋە بىر - بىرىنى تولۇقلايدىغان دىئالېكتىكىلىق مۇناسىۋەتتىكى پەنلەردۇر.

## 【مۇھاكىمە سوئاللىرى】

1. ئىستىلىستىكا قانداق پەن؟ ئۇ نېمىنى تەتقىقات ئوبيېكتى قىلىدۇ؟

2. ئىستىلىستىكىلىق ئۇسۇل دېگەن نېمە؟ ئۇنىڭ قايسى ئىككى تۈرى بار؟

3. ئىستىلىستىكىنىڭ تەتقىقات مەزمۇنى نېمە؟

4. ئىستىلىستىكىنىڭ ۋەزىپىسى نېمە؟

5. ئىستىلىستىكىنى ئۆگىنىشنىڭ قانداق ئەھمىيىتى بار؟

6. ئىستىلىستىكىنىڭ گرامماتىكا ۋە لوگىكا بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى قانداق؟

# 2 §. سۆز تاللاش

## 1 . سۆز تاللاشنىڭ ئەھمىيىتى ۋە پرىنسىپلىرى

1) سۆز تاللاشنىڭ ئەھمىيىتى

خۇددى بىناكار مەلۇم بىر قۇرۇلۇشنى لايىھىلىگەندە شۇ قۇرۇلۇشنىڭ قايسى قىسمىغا قانداق ماتېرىيال ئىشلىتىش توغرىسىدا باش قاتۇرغىنىدەك، نۇتۇق سۆزلىگەندە ۋە ماقالە يازغاندا قايسى ئورۇندا قانداق سۆزلەرنى تاللاپ ئىشلىتىش توغرىسىدا باش قاتۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ. بۇنى سۆزلەرنىڭ ماقالە ـ ئەسەردىكى ئورنى ۋە رولى بەلگىلىگەن. چۈنكى، سۆز مەنە ئىپادىلەيدىغان ئەڭ ئاساسلىق بىرلىك بولۇپ، ئۇنىڭ مۇۋاپىق تاللانغان ـ تاللانمىغانلىقى، ئورۇنلۇق ئىشلىتىلگەن ـ ئىشلىتىلمىگەنلىكى نۇتۇقتا ئوي ـ پىكىرنىڭ ئۈنۈملۈك ئىپادىلىنىشىگە بىۋاستە تەسىر كۆرسىتىدۇ.

بىر سۆز يالغۇز تۇرغاندا ئۇنىڭدا مۇۋاپىق بولغان ـ بولمىغانلىق مەسىلىسى زادىلا مەۋجۇت بولمايدۇ. بىراق، ئۇ جۈملە تەركىبىگە كىرگەندىن كېيىن ئۇنىڭ نۇتۇقتا ئىپادىلىمەكچى بولغان مەزمۇنغا، كونتېكستقا، ئوبيېكتقا ماس كېلىدىغان ـ كەلمەيدىغانلىقى ۋە تىل ئادىتىگە ئۇيغۇن ياكى ئۇيغۇن ئەمەسلىكى بايقىلىدۇ. شۇڭا، ھەربىر سۆزنىڭ ئىشلىتىلىشىگە ئالاھىدە دىققەت قىلماسا بولمايدۇ.

شۇنى ئەسكەرتىپ ئۆتۈش كېرەككى، تىلىمىز تۈرلىنىشچان تىل بولغاچقا، سۆزلەر جۈملىدە تۈرلۈك شەكىللەردە تۈرلىنىدۇ، شۇڭا، سۆزلەرنىڭ تۈرلىنىش شەكىللىرىگىمۇ تەڭ ئەھمىيەت بەرمىگەندە، يەنىلا ئىپادىلەش ئۈنۈمىگە نۇقسان يەتكۈزۈپ قويىدىغان ئەھۋاللار كۆرۈلىدۇ.

2) سۆز تاللاش پرىنسىپلىرى

(1) مەزمۇنغا ماسلاشتۇرۇش

مەزمۇنغا ماسلاشتۇرۇش دېگەنلىك، ئەكس ئەتتۈرمەكچى بولغان شەيئى ـ ھادىسىلەرنى دەلمۇدەل ئىپادىلەپ بېرەلەيدىغان سۆزلەرنى تاللا-

پ ئىشلىتىش ، دېگەنلىك بولىدۇ . ئىپادىلەش ئېھتىياجىنى قاندۇرالايدى-
غان سۆزلەرنى تاللاپ ئىشلىتىش ناھايىتى مۇشكۈل بىرخىل ئىجادىي
ئەمگەك ھېسابلىنىدۇ . چۈنكى ، بىر تەرەپتىن ، تىل ئالاقىسىدە ئىپادى-
لىمەكچى بولغان ئوبيېكتلار خىلمۇخىل ۋە مۇرەككەپ بولسا ، يەنە بىر
تەرەپتىن ، ھەربىر سۆز ئۆزىگە خاس مەنە ۋە ئىشلىتىش ئۇسۇلىغا ئىگە
بولىدۇ . مەنە يېقىدىن ئالغاندا ، سۆزلەر ئىپادىلىگەن مەنىلەرنىڭ
كەڭ- تارلىقى ، چوڭقۇر - تېيىزلىكى ۋە تۈسى جەھەتلەردىن پەرقلىنىپ
تۇرىدۇ . شۇڭا ، تاللىنىپ ئىشلىتىلگەن سۆزلەرنىڭ مەزمۇنغا ماس كېلىش -
كەلمەسلىكى ئىپادىلەشنىڭ دەللىكىگە بىۋاسىتە تەسىر كۆرسىتىدۇ .
مەسىلەن :

«ئەلچى دەللالنىڭ بۇ چايان سۆزلىرىنى ئىشىك سىرتىدا تۇرۇپ ،
خۇپىيانە ئاڭلاۋاتقان چولپاننىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدى تىكەنلىشىپ ، ئۆزىنى
باسالماي قالدى .»

(«چالا تەگكەن ئوق»)

بۇ مىسالدا «خۇپىيانە» دېگەن سۆزنىڭ تاللىنىشى مۇۋاپىق بولما-
غان ، يەنى «خۇپىيانە» دېگەن بۇ سەلبىي تۈس ئالغان سۆز بىلەن ئاپتور
ئۆزى ھېسداشلىق قىلىۋاتقان ئاق كۆڭۈل چولپاننىڭ ئىش - ھەرىكىتى-
نى تەسۋىرلەش ئاپتورنىڭ ھېسسىياتى بىلەن ماس كەلمىگەن . شۇڭا ،
بۇ سۆزنىڭ ئورنىدا ھېچقانداق سەلبىي تۈس ئالمىغان «يوشۇرۇن» ياكى
«مەخپىي» سۆزى ئىشلىتىلسە مۇۋاپىق بولاتتى .

مەزمۇنغا ماسلاشتۇرۇپ سۆز تاللاش پرىنسىپى شەكىلنى مەزمۇنغا
بويسۇندۇرۇش مەسىلىسى بىلەنمۇ چېتىلىدۇ ، يەنى سۆز تاللىغاندا ئالدى
بىلەن قانداق قىلغاندا مەزمۇننى تولۇق ، توغرا ئىپادىلىگىلى بولىدىغان-
لىقىنى نەزەردە تۇتۇش كېرەك . ئەگەر مەزمۇن بىلەن شەكىل ئوتتۇرى-
سىدا زىددىيەت تۇغۇلسا ، شۈبھىسىزكى ، شەكىلنى مەزمۇنغا بويسۇندۇ-
رۇش كېرەك . بۇنىڭ ئەكسىچە بولغاندا تاللىنىۋېلىنغان سۆزلەر مەزمۇنغا
ماس كەلمىگەنلىك خاتالىقى يۈز بېرىدۇ .

(2) كونتېكستتا ماسلاشتۇرۇش

بۇ پرىنسىپتا ئىپادىلەش ئېھتىياجىغا ئاساسەن، كونتېكستتا ئەڭ ماس كېلىدىغان سۆزلەرنى تاللاپ ئىشلىتىش تەلەپ قىلىنىدۇ. چۈنكى، سۆزلەرنىڭ ئىپادىلەش ئېھتىياجىنى قاندۇرالىغان ـ قاندۇرالمىغانلىقى كۆپ ھاللاردا ئۇلارنىڭ كونتېكستتا ماسلاشقان ـ ماسلاشمىغانلىقى بىلەن بەلگىلىنىدۇ. بەزىدە ئوخشاش بىر سۆز مەلۇم بىر ئالاقە شارائىتىغا ماس كەلسىمۇ، باشقا ئالاقە شارائىتىغا ئانچە ماس كەلمەي قالىدۇ. مانا بۇ ئاشۇ سۆزلەرنىڭ ئىپادىلىمەكچى بولغان مەزمۇننى ئەينەن ئەكس ئەتتۈرەلمەيدىغانلىقىنى ئەمەس، بەلكى نۇتۇق ئىگىلىرىنىڭ بۇ سۆزلەرنى كونتېكستتا ماسلاشتۇرۇپ تاللىيالمىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

«ئۇ ئاڭلىنىۋاتقان راۋاپ ساداسىغا مەھلىيا بولدى-دە، ھايال بولمايلا ساماۋەرخانىغا كىردى ھەم بىر بۇرجەككە بېرىپ ئولتۇردى. ئېرپان بولسا راۋابنى تېخىمۇ ئەۋجىگە چىقىرىپ چالماقتا ئىدى.

ئەممىدىن تەبەسسۇم بىلەن مېھمان يىگىتنىڭ ئالدىغا كېلىپ:

— مېھمان، زەۋقلىرى نېمىگە تارتىدىكىن، شورپىمۇ، پولۇمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— مۇزىكا بىلەن شورپىغا، — دېدى مېھمان يىگىت كۈلۈپ.

ئۇ تاماقلىنىپ بولغاندىن كېيىن، ئېرپاننىڭ ماھارىتىگە مەھلىيا بولۇپ سورىدى:

— بۇرادەر، قانچە ياشلارغا كىرگەنسىز؟»

(«چالا تەگكەن ئوق»)

بۇ مىسالدا «مەھلىيا» سۆزى ئىككى ئورۇندا ئىشلىتىلگەن بولۇپ، ئالدىنقىسى كونتېكستتا ماس كەلگەن بولسىمۇ، كېيىنكىسى ماس كەلمىگەن. مەلۇمكى، «مەھلىيا» سۆزى بىرەر شەيئى ياكى ھادىسىدىن زوقلىنىپ، ئەس ـ ھوشىنى يوقىتىپ قويۇش دەرىجىسىگە بېرىپ يەتكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. شۇڭا، مېھمان يىگىتنىڭ يېقىملىق راۋاپ ساداسىنى زور ئىشتىياق بىلەن ئاڭلىغاندىكى روھىي ھالىتى ئالدىنقى «مەھ-

لىيا» سۆزى بىلەن ئىپادىلىنىشى مۇۋاپىق بولسىمۇ، مېھمان يىگىتنىڭ ياش راۋابچىنىڭ ماھارىتىگە چىن دىلىدىن قايىل بولغانلىقى كېيىنكى «مەھلىيا» سۆزى بىلەن ئىپادىلىنىشى كونتېكىستقا ماس كەلمەي قالغان. شۇڭا، بۇ سۆزنىڭ ئورنىدا «قايىل بولماق، ئاپىرىن ئوقۇماق» سۆزلىرى ئىشلىتىلسە كونتېكىستقا ماس كېلەتتى.

دېمەك، سۆزلەرنىڭ مۇۋاپىق تاللانغان - تاللانمىغانلىقى پەقەت سۆزلەرنىڭ مەنىسى بىلەنلا ئەمەس، بەلكى يەنە ئۇلارنىڭ كونتېكىستقا ماس كېلىدىغان - كەلمەيدىغانلىقى بىلەنمۇ ئۆلچىنىدۇ. شۇڭا، بۇ پرىنسىپ كونتېكىست بىلەن سۆز مەنىسى ۋە تىلدىكى باشقا قۇرۇلمىلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتلەرگىمۇ بېرىپ تاقىلىدۇ. سۆز تاللاشتا، كونتېكىست بىلەن سۆز مەنىسى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنىڭ تەكىتلىنىشىدىكى سەۋەب شۇكى، ئەينى بىر سۆزنىڭ ئوخشاش بولمىغان كونتېكىستلاردا ئىپادىلەيدىغان مەنىلىرى ئازدۇر - كۆپتۇر پەرقلىنىدۇ، چۈنكى سۆز مەنىسى كونتېكىستنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچراپ تۇرىدۇ. شۇڭا، سۆز تاللىغاندا كونتېكىست بىلەن سۆز مەنىسى ئوتتۇرىسىدىكى بۇ خىل مۇناسىۋەتنى توغرا بىر تەرەپ قىلىش لازىم. ئەمدى، كونتېكىست بىلەن باشقا تىل قۇرۇلمىلىرى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتكە كەلسەك، مەلۇمكى، سۆزلەرنىڭ ئۆزئارا بىرىكىشىدىن ئوخشاش بولمىغان قۇرۇلمىلار ھاسىل بولۇپ، ئۇلارنىڭ نۇتۇقتا قوللىنىلىشىمۇ كونتېكىستنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرايدۇ. يەنى، سۆزلەرنىڭ ئۆزئارا بىرىكىپ، ئۆزىدىن چوڭ قۇرۇلمىلارنى ھاسىل قىلىشى ھەم قائىدە - قانۇنىيەتلىك، ھەم ئۆزگىرىشچان بولۇپ، بۇ ھال كونتېكىستتا ئۆز ئىپادىسىنى تاپىدۇ. شۇڭا، سۆز تاللاشتا كونتېكىست بىلەن قۇرۇلمىلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنىمۇ نەزەردە تۇتۇلۇشى كېرەك.

(3) ئوبيېكتقا ماسلاشتۇرۇش

بىر سۆزنىڭ ياخشى تاللانغان - تاللانمىغانلىقى يەنە نۇتۇقتا ئىپادىلەمەكچى بولغان ئوبيېكتقا ماسلاشقان - ماسلاشمىغانلىقى بىلەنمۇ ئۆلچىنىدۇ. بۇ يەردە تىلغا ئېلىنىۋاتقان «ئوبيېكت» كەڭ مەنىدىكى ئاتالغۇ

بولۇپ، «شەخس»، «ئورۇن»، «ۋاقىت» (زامان) ۋە «نۇتۇق ژانىر»
لىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. شۇڭا، بۇ پرىنسىپتا ئاللانغان سۆزلەرنىڭ
شەخس، زامان، ماكان ۋە نۇتۇق ژانىرلىرىغا ماسلاشتۇرۇلۇشى تەلەپ
قىلىنىدۇ. بۇ يەردە دېيىلىۋاتقان «شەخس» ئاساسەن ئالاقە پائالىيىتىگە
قاتناشقان ياكى نۇتۇقتا تەسۋىرلەنگەن شەخسلەر بولۇپ، سۆز ئاللىغاندا
ئۇلارنىڭ تۈرلۈك ئالاھىدىلىكلىرى نەزەردە تۇتۇلۇشى كېرەك. چۈنكى،
ئۇلارنىڭ مىللىتى، پىسخىكىسى، ياش - قۇرامى، مەلۇماتى، سالاھە-
يىتى قاتارلىقلارنىڭ ئوخشىماسلىقى سەۋەبلىك ئۇلارغا قارىتا ئىشلىتە-
لىدىغان سۆزلەرمۇ كۆپ ھاللاردا پەرقلىق بولىدۇ ۋە بۇ ئارقىلىق ئۇلار-
نىڭ تۈرلۈك ئالاھىدىلىكلىرى ئەكس ئەتتۈرۈلۈپ، نۇتۇقنىڭ ئىستىلىس-
تىكىلىق ئۈنۈمى ئاشۇرۇلىدۇ. مەسىلەن:

«— بۇ قېتىم ئۇنداق بولمايدۇ، — دەپ ئېتىراز بىلدۈردى
ئامبال، — مەسىلەن: پادىچى بالا چېغىدا بىر توپ پادىنى بىر تال تاياق
بىلەن ئۆزى يالغۇز ھەيدەپ ماڭالايدۇ. گەپ ئۇلارنى قانداق باشقۇرۇشتا،
ئۇلاردىن قانداق پايدىلىنىشتا. بىز شۇنداق بىر ئىش قىلالىلۇقكى، يا
ئوغرىلار قىرىلىپ تۈگەيدۇ، ياكى ئىختىيارسىز تەسلىم بولىدۇ. ئۇ-
رۇش سەنئىتى توغرىسىدىكى كىتابلاردا «بىرى جەڭ، توققۇزى رەڭ»،
دېگەن ھېكمەت بار، بىز شۇ ھېكمەت بويىچە ئىش قىلىمىز.»

«— شۇنداق، — دەپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى تۆمۈر خەلپە، —
جەڭ بولغاندىن كېيىن ئەلۋەتتە چىقىم بولىدۇ. ئەمما، ھوشيار تۇرغان
بولساق، مۇنچىلىك چىقىمدار بولمايتتۇق. بىز جەڭ قىلىشتا بەك خام
ئىكەنمىز، ئالدىمىزدا تېخى ئىش كۆپ، كۆردۈڭلارمۇ، شاھمەخسۇت
تۈلكىدىنمۇ ھەييار ئىكەن، بىزمۇ ئەمدى جەڭ ھۈنىرىنى ئۆگەنمىسەك
بولمايدۇ.»

(ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر: «ئىز»)

بۇ مىساللاردىكى «ئۇرۇش سەنئىتى» ۋە «جەڭ ھۈنىرى» دېگەن
بىرىكمىلەر گەرچە ئوخشاش مەزمۇننى بىلدۈرسىمۇ، ئامبالنىڭ «ئۇ-

[illegible]
ـنىڭ مەخسۇس تەربىيە كۆرگەن ھەربىي ئىكەنلىكىنى ئەكس ئەتتۈرگەن
بولسا ، تۆمۈر خەلپىنىڭ «جەڭ ھۈنىرى» دېگەن بىرىكمىنى ئىشلىتىـ
ـشى بىلەن ئۇنىڭ خەلق ئىچىدىن چىققان ، ئۇرۇش ئەمەلىيىتى داۋامىدا
يېتىلىشۋاتقان قوماندان ئىكەنلىكى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن .

ئومۇمەن ، ئىپادىلەش ئېھتىياجىغا ئاساسەن ، شەخسلەرنىڭ تۈرلۈك
ئالاھىدىلىكلىرىگە قاراپ ئوخشىمايدىغان سۆزلەرنى ئىشلىتىش شەخسكە
ماسلاشتۇرۇپ سۆز تاللاشنىڭ بىر مەزمۇنى بولسا ، ئوخشىمايدىغان
شەخسلەرنىڭ ئوخشىمايدىغان سۆزلەر ئارقىلىق ئوخشاش مەزمۇننى ئىپا-
دىلىشى سۆزلەرنى شەخسلەرگە ماسلاشتۇرۇپ تاللاشنىڭ يەنە بىر مۇھىم
مەزمۇنىدۇر . بۇ ئارقىلىق نۇتۇقتا ، بولۇپمۇ ئەدەبىي ئەسەرلەردە پېرسو-
ناژلارنىڭ خاراكتېر ئالاھىدىلىكلىرىنى تېخىمۇ روشەن گەۋدىلەندۈرگىلى
بولىدۇ . بۇ سۆزلەرنى ئوبيېكتقا ماسلاشتۇرۇپ تاللاشتا دىققەت قىلىدى-
ـغان بىرىنچى مەسىلە .

ئىككىنچىسى ، سۆز تاللاشتا ئورۇن مەسىلىسىگە ئەھمىيەت بېرىش-
ـنى ئىبارەت . بۇ يەردە دېيىلىۋاتقان «ئورۇن» جۇغراپىيىلىك ئورۇن
ۋە تۈرلۈك ئىجتىمائىي سورۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ . سۆز تاللاشتا
جۇغراپىيىلىك ئورۇننىڭمۇ ئېتىبارغا ئېلىنىشى ، ئەلۋەتتە ، ئىپادىلەش
ئېھتىياجىدىن بولىدۇ . ئىجتىمائىي سورۇن مەسىلىسىگە كەلسەك ، ئۇ
دىپلوماتىيە سورۇنلىرى ، تۈرلۈك يىغىن ، سۆھبەت ۋە كۆڭۈل ئېچىش
سورۇنلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ ، نۇتۇق پائالىيەتلىرى ئېلىپ
بېرىلىدىغان سورۇنلارنىڭ ئوخشىماسلىقى سەۋەبىدىن نۇتۇقتا ئىشلىتىـ
ـلىدىغان سۆزلەرمۇ مۇناسىپ ھالدا پەرقلىق بولىدۇ . شۇڭا ، بۇ نۇقتىغىـ
ـمۇ ئالاھىدە دىققەت قىلىش كېرەك .

ئۈچىنچى ، سۆزلەرنى ئوبيېكتقا ماسلاشتۇرۇپ تاللاشتا ، «زامان»
نەزەردە تۇتۇلۇشى كېرەك . بۇ يەردە دېيىلىۋاتقان «زامان» نۇتۇق پائالىـ
ـيىتىنىڭ ۋە ئىپادىلەش ئوبيېكتىنىڭ ۋاقىت ، زامان بىلەن بولغان
مۇناسىۋىتى بولۇپ ، ئۇنىڭ ئوخشىماسلىقى سەۋەبىدىن نۇتۇقتا ئىشلىتىـ

لىدىغان سۆزلەرمۇ مەلۇم دەرىجىدە پەرقلىنىدۇ. مەسىلەن:

1) «بالقىزنىڭ ئاتىسى قارا باخشى قاغاننىڭ يېقىن ئادەملىرىدىن بولۇپ، ياشلىقىدىن تارتىپ جەڭ ئىشلىرىدا تاۋلانغان سەنگۈن ئىدى. ئۇ دانىشمەن ۋە بىلىملىك بولغانلىقتىن، قاغان تەرىپىدىن قارا باقشى دېگەن نام ئۇنىڭغا ئىسىم قىلىپ بېرىلگەن.

— سۆگۈش بولسا قانداق قىلىسەن؟ — دەپ سورىدى بالقىز ئارسلاندىن كۆزىنى ئۈزمەي قاراپ ئولتۇرۇپ.

— بارس تېگىن بىلەن سۆگۈشكە بىللە بارىدىغان بولۇپ كېلىشىپ قويدۇم، — دېدى ئارسلان.

(پەرھاد جىلان: «ئالتۇن قاندىكى توي»)

2) «سەركەردە: ئەي كېرەملىك شاھىم، شاھزادىمىزنىڭ تەربىيىنى ئىزاھار قىلىشقا مىسكىن بەندىلىرىڭنىڭ تىلى ئاجىزدۇر. ئۇ مەسۇمە چېغىدىن باشلاپ ئىلىم - مەرىپەتكە ئىشتىياق ئەيلەپ، زامانىمىزنىڭ ئالدىنقى قاتارىدىكى ئالىملارنى ئۇستاز تۇتتى. زېھنى ئۆتكۈر، قابىلىيەتلىك بولۇپ، زامانىمىزنىڭ تەڭداشسىز ئىلىم ئىگىسىگە ئايلانغانلىقىغا ئۇنىڭغا ئىلىم ئۆگەتكەن ئۇستازلار گۇۋاھ ...»

(لېتىپ رازاق: «شاھزادە جاھان پالۋان»)

بۇ مىساللاردىكى «باقشى» بىلەن «ئالىم، ئىلىم ئىگىسى»، «قاغان» بىلەن «شاھ»، «سەنگۈن» بىلەن «سەركەردە»، «تېگىن» بىلەن «شاھزادە» دېگەن سۆزلەر ئوخشاش مەنىدىكى سۆزلەر بولسىمۇ، ئىپادىلەش ئوبيېكتلىرىنىڭ دەۋر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ئوخشاش بولمىغانلىقتىن، يەنى بۇ ئىككى مىسالدا تەسۋىرلەنگەن ۋەقەلىك زامان جەھەتتىن پەرقلىنىدىغانلىقى ئۈچۈن ئىشلىتىلگەن سۆزلەرمۇ پەرقلەندۈرۈلگەن.

تۆتىنچى، سۆزلەرنى ئوبيېكتقا ماسلاشتۇرۇپ تاللاشتا نۇتۇق ژانىرىغا دىققەت قىلىش كېرەك. چۈنكى، ھەرقايسى ژانىرلارنىڭ ئۆزىگە

خاس ئالاھىدىلىكلىرى بولۇپ، شۇ ئالاھىدىلىكلەرگە ئاساسەن تاللاپ ئىشلىتىلىدىغان سۆزلەرمۇ مەلۇم دەرىجىدە پەرقلىنىدۇ.

### (4) تىل ئادىتىگە ئۇيغۇن بولۇش

تىلدىكى ھەربىر سۆز مۇئەييەن مەنىگە ۋە ئىشلىتىلىش ئۇسۇلىغا ئىگە بولىدۇ. سۆزلەرنىڭ مەنىلىرى ۋە ئىشلىتىلىش ئۇسۇللىرى شۇ تىلدا سۆزلەشكۈچى خەلقنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك تىل ئەمەلىيىتىدە شەكىللەنگەن بولۇپ، خەلق تەرىپىدىن بىردەك ئېتىراپ قىلىنغان تىل ئادىتىگە ئايلىنىپ قالىدۇ. شۇڭا، سۆز تاللىغاندا بۇ پرىنسىپقا ئالاھىدە دىققەت قىلىش كېرەك. ئۇنداق بولمىغاندا، نۇتۇقتا تىل ئادىتىنى بۇزۇشتەك خاتالىق كېلىپ چىقىدۇ.

«ئۇ ھەرھالدا يېقىملىق، گەپلىرى شېرىن ـ مۇلايىم، ··· قىيپاش كەتكەن قارا قاشلىرى ئاستىدىكى كەڭ بادام قاپاقلىرى ئارىسىدا ئەتراپقا ۋە قارىغان كىشىگە بىر شېرىن تۇيغۇ لەززىتىنى تارقىتىپ تۇرىدىغاندەك مۇلايىم قارا كۆزلىرى خۇمالاشقان ھالدا كۈلۈمسىرەپ تۇراتتى.»

(«قەشقەر ئەدەبىياتى»)

بۇ مىسالدا، «مۇلايىم» سۆزىنىڭ ئىشلىتىلىشى تىل ئادىتىگە ئۇيغۇن بولمىغان. يەنى، «مۇلايىم» دېگەن سۆزنىڭ ئەسلىي مەنىسى «مەيىن، يۇمشاق»، كېڭەيگەن ۋە كۆچكەن مەنىلىرى «خۇشخۇي، ياۋاش» بولۇپ، مىجەز ـ خۇلقنى بىلدۈرىدۇ. بىراق، ئاپتور بۇ سۆزنىڭ «يۇمشاق» دېگەن مەنىسىنى بىلسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ «يۇمشاق» سۆزى بىلەن ئىشلىتىلىش ئۇسۇلى ھەم بىرىكىش ئىقتىدارى جەھەتتىن پەرقلىنىدىغانلىقىغا دىققەت قىلمىغانلىقتىن، «گېپى يۇمشاق» دېيىشنىڭ ئورنىغا «گەپلىرى مۇلايىم» دەپ بۇ ئىككى سۆزنى زورمۇزور بىرىكتۈرگەن.

دېمەك، تىل ئادىتىگە ھۆرمەت قىلىش سۆز تاللاشتىكى مۇھىم پرىنسىپلارنىڭ بىرى. بىراق، شۇنىمۇ ئەسكەرتىپ ئۆتۈش لازىمكى، ئىستىلىستىكا نۇقتىسىدىن قارىغاندا، نۇتۇقتا سۆزلەرنىڭ ئىشلىتىلىشى

ئەنئەنىۋى تىل ئادىتىنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچراش بىلەن بىللە، ئىپادىلەش ئېھتىياجى ۋە شارائىتىغا باغلىق ھالدا مەلۇم ئەركىنلىككىمۇ ئىگە. شۇڭا، نوقۇل ھالدا ئەنئەنىۋى ئادەتنىلا نەزەردە تۇتۇپ، سۆزلەرنىڭ ئىشلىتىلىشىدىكى ئەركىنلىكنى پۈتۈنلەي ئىنكار قىلىشقا بولمايدۇ. يەنى، مەلۇم ئىستىلىستىكىلىق مەقسەت بىلەن، سۆزلەرنى ئالاھىدە ئىشلىتىش ئۇسۇلىغا ئىگە قىلىشقا بولىدۇ.

## 2. سۆز تاللاشقا قويۇلىدىغان تەلەپلەر

### 1) توغرا بولۇش.

نۇتۇق ھامان مەلۇم ئوي - پىكىرنى ئىپادىلەيدۇ. ئوي - پىكىرنىڭ توغرا ئىپادىلەنگەن - ئىپادىلەنمىگەنلىكى كۆپ ھاللاردا نۇتۇق قۇرۇلمىسىنىڭ ئاساسى بولغان سۆزلەرنىڭ توغرا تاللانغان - تاللانمىغانلىقىدا ئىپادىلىنىدۇ. مۇشۇ نۇقتىدىن قارىغاندا، توغرىلىق تەلىپى سۆز تاللاشقا قويۇلىدىغان ئەڭ ئەقەللىي ھەم مۇھىم تەلەپتۇر.

بىر سۆزنىڭ توغرا ئىشلىتىلگەن - ئىشلىتىلمىگەنلىكى ئۇنىڭ مەزمۇن، كونتېكست ۋە ئوبيېكتقا ماسلاشقان - ماسلاشمىغانلىقى ۋە تىل ئادىتىگە ئۇيغۇن بولغان - بولمىغانلىقى بىلەن ئۆلچىنىدۇ. شۇڭا، توغرىلىق تەلىپىگە ئەمەل قىلىش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن سۆز تاللاش پرىنسىپلىرىغا ئەمەل قىلىشىمىز، شۇنداقلا سۆز بايلىقىنى ئاشۇرۇشىمىز لازىم. چۈنكى، سۆزگە قانچىكى باي بولساق، سۆز تاللاش دائىرىمىزمۇ شۇنچە كەڭ بولىدۇ - دە، ئوي- پىكىرنى ئەينەن، توغرا ئىپادىلەش ئۈچۈن زۆرۈر بولغان سۆزلەرنى تاللاپ ئىشلىتىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولالايمىز. مەسىلەن:

« — گۈزەلئاي ماڭا ئۈمىد باغلاپ، باشقىلار بىلەن يۈرمىسىلا بولدى. بىلەمسەن، ئۇنىڭ باشقىلار بىلەن يۈرگىنىنى ئاڭلىسام، يۈرىكىم قېپىدىن چىقىپ كېتىدۇ. مەن ئۇ قىزغا ئۆلگۈدەك كۆيىمەن، قىز مېنى ياراتمايدۇ ··· »

(«ئىزدىنىش»)

بۇ مىسالدا ئاپتور سۆز - ئىبارىلەرنى توغرا تاللاپ ئىشلىتەلمىگەچكە، ئوي - پىكرىنى توغرا ئىپادىلەپ بېرەلمىگەن. يەنى، ئاپتورنىڭ ئەسلىي مەقسىتى گۈزەلئايىنىڭ باشقىلار بىلەن يۈرگىنىنى ئاڭلىسا، ئۇنىڭ كويىدا يۈرگەن رەقىبىنىڭ ھەسەت ئوتىدا ئۆرتىنىپ، داغدا قالىدىغانلىقىنى ئىپادىلەش بولسىمۇ، «يۈرىكى قېپىدىن چىقىپ كەتمەك» دېگەن ئىبارىنى ئورۇنسىز ئىشلىتىپ قويغانلىقتىن ئۆز مەقسىتىنى توغرا ئىپادىلەپ بېرەلمىگەن. مەلۇمكى، «يۈرىكى قېپىدىن چىقىپ كەتمەك» دېگەن ئىدىئوم «يۈرىكى يېرىلىپ كەتكۈدەك بولماق»، «يۈرىكى ئاغزىغا قاپلىشىپ قالماق» دېگەنلەر بىلەن مەنىداش بولۇپ، بىرەر شەيئى - ھادىسىدىن قاتتىق قورقۇپ كەتكەنلىكنى بىلدۈرىدۇ. ئۇنىڭ ئورنىدا «ئۆرتەنمەك، ھەسرەت چەكمەك» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدىغان «يۈرىكى قان بولۇپ كەتمەك»، «يۈرىكى زەدە بولماق»، «يۈرىكى ئېچىشماق» دېگەن ئىدىئوملاردىن بىرى تاللاپ ئىشلىتىلگەن بولسا، ئوي - پىكىر توغرا ئىپادىلەنگەن بولاتتى.

ئومۇمەن، توغرىلىق تەلىپىگە ئەمەل قىلىش ئۈچۈن تۆۋەندىكى ئىككى نۇقتىغا ئالاھىدە دىققەت قىلىش كېرەك. بىرىنچى، تاللىۋېلىنىدىغان سۆزلەر شەيئى - ھادىسىلەرنى توغرا ئەكس ئەتتۈرەلەيدىغان بولۇشى، يەنى كونتېكستتا ئەكس ئەتتۈرمەكچى بولغان مەزمۇن چوقۇم ئەڭ مۇۋاپىق سۆزلەر بىلەن ئىپادىلىنىشى كېرەك. ئىككىنچى، سۆزلەرنىڭ مەنە ھەم ئۇقۇم دائىرىسىدە ھەرخىل پەرقلەر بولغانلىقتىن، سۆز تاللىغاندا بۇ پەرقلەرگە ئالاھىدە دىققەت قىلىش لازىم. چۈنكى، مەلۇم تىل شارائىتىدا ئىشلىتىلگەن سۆزنىڭ ئۇقۇم دائىرىسى ئەگەر كەڭ بولۇپ كەتسە، ئىپادىلىمەكچى بولغان شەيئى - ھادىسىنىڭ ئالاھىدىلىكى گەۋدىلەنمەي، نۇتۇق تومتاق بولۇپ قالىدۇ. شۇنىڭدەك، ئىشلىتىلگەن سۆزنىڭ ئۇقۇم دائىرىسى تار بولۇپ قالسا، نۇتۇقنىڭ ئومۇملاشتۇرۇشچانلىقى كۈچلۈك بولماي قالىدۇ.

2) ئېنىق بولۇش

بۇ، مەلۇم كونتېكستتا ئىشلىتىلگەن ھەربىر سۆزنىڭ ئېنىق بىر

ئۇقۇمنى ئىپادىلىشى ، ئەكسىچە سۆز مەنىسىنىڭ ئىستىلىستىكىلىق ئېھتىياجىسىزلا ئىشلىتىلىپ ، مۇجمەل ياكى ئىككى بىسلىق بولۇپ قالماسلىقىغا قارىتىلغان بولۇپ ، بۇ سۆز تاللاشقا قويۇلىدىغان مۇھىم تەلەپ ھېسابلىنىدۇ . چۈنكى ، كونتېكىستتا سۆزلەر ئۆز ۋەزىپىسىنى تولۇق ئادا قىلىپ ، مۇئەييەن بىر ئۇقۇمنى ئىپادىلىگەندىلا ، پۈتۈن كونتېكىستتا ئوي - پىكىرنى ئېنىق ئىپادىلىگىلى بولىدۇ . ئەكسىچە بولسا ، ئوي - پىكىر چۈشىنىكسىز ، مۇجمەل ، ھەتتا خاتا ئىپادىلىنىپ قالىدۇ . مەسىلەن :

«ئاسىم بۈگۈن باللارنىڭ سامان قەغەزگە يېزىلغان تاپشۇرۇق دەپتەرلىرىنى ئادەتتىكىدىن تېزراق كۆرۈپ تۈگەتتى - دە ، چىراغنى يۈۋلەپ ئۆچۈردى .»

(«كۆرەشچان يىللار»)

كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى ، بۇ مىسالدا بەزى سۆزلەر خاتا بىرىكتۈرۈلۈپ ، مەنىلىرى مۇجمەللەشتۈرۈۋېتىلگەچكە ، نۇتۇق چۈشىنىكسىز ، تېتىقسىز بولۇپ قالغان . يەنى ، سامان قەغەزگە يېزىلغىنى تاپشۇرۇق بولماستىن ، بەلكى دەپتەر بولۇپ قالغان .

3) جانلىق بولۇش

بۇ ، تەلەپ ئاساسەن نۇتۇقتا سۆزلەرنىڭ ئەركىن - ئازادە ، جانلىق ئىشلىتىلىشى ، كونكرېت ۋە ئوبرازلىق بولۇشى ، ئەكسىچە ، مەۋھۇم ، ئابستراكت ھەم قاتمال بولۇپ قالماسلىقىغا قارىتىلغان . چۈنكى ، نۇتۇقتا ، بولۇپمۇ بەدىئىي نۇتۇقتا سۆزلەر ئەركىن ، جانلىق قوللىنىلسا ۋە كونكرېت ، ئوبرازلىق بولسا نۇتۇقنىڭ تەسىرچانلىقى ئاشۇرۇلىدۇ . نۇتۇقنىڭ تەسىرچانلىقىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن ، ئومۇمەن ئابستراكت چۈشەنچىلەرنى ئىپادىلەيدىغان سۆزلەرنىڭ ئورنىدا كونكرېت شەيئىلەرنى ئىپادىلەيدىغان ۋە ئوبرازلىق تۈس ئالغان سۆزلەرنى ئومۇمىي نۇتۇق قائىدىسى ياكى ئادىتىدىن جانلىقراق قىلىپ ئىشلىتىشكە توغرا كېلىدۇ . مەسىلەن :

«لېكىن، تۇنجى مۇھەببەتنى قايتا تىرىلدۈرگىلى بولمايدۇ؛ بىر قەدەمنى خاتا بېسىش بىلەن پەيدا بولغان زىياننى تولدۇرغىلى، گۈزەل ياشلىقنىڭ ئۈن - تىنسىز، شەپىسىز ھالدا كۆڭۈل دەرۋازىسىدىن كىرىپ، يۈرىكىگە چېكىپ قويغان جاراھەت گۈلىنى يوقاتقىلى بولمايدۇ.»

(«ئىزدىنىش»)

مانا بۇ مىسالدا ئابستراكت چۈشەنچىلەرنى ئىپادىلەيدىغان سۆزلەرنىڭ ئورنىدا كونكرېت شەيئى - ھادىسىلەرنى ئىپادىلەيدىغان ھەم ئوبرازلىق تۈس ئالغان «تىرىلدۈرمەك، بىر قەدەمنى خاتا بېسىش، ئۈن - تىنسىز، شەپىسىز، كۆڭۈل دەرۋازىسى، جاراھەت گۈلى» دېگەندەك سۆز ۋە سۆز بىرىكمىلىرى ناھايىتى جانلىق ئىشلىتىلگەچكە، نۇتۇقتىكى ئوي - پىكىر، يەنى ياشلىقتا ئىشقىي مۇھەببەتكە بېرىلىپ، ئۆزىنى تۇيمىغان ھالدا ئۆتكۈزگەن سەۋەنلىكنىڭ كىشى قەلبىنى نەقەدەر ئازابلايدىغانلىقى، بۇ ئازابتىن قۇتۇلۇشنىڭ نەقەدەر تەس ئىكەنلىكى ناھايىتى تەسىرلىك ئىپادىلەنگەن.

نۇتۇقنىڭ تەسىرچانلىقىنى ئاشۇرۇشنىڭ «سىرى» ھەشەمەتلىك، دەبدەبىلىك تۇيۇلىدىغان سۆزلەرنى ئاللاپ ئىشلىتىشتە ئەمەس. چۈنكى، سۆزلەر ئاددىي، ئاممىباب بولسىمۇ، ئورۇنلۇق ئىشلىتىلسە ۋە ھەرخىل ئىستىلىستىكىلىق ۋاسىتىلەردىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىلسا، جانلىق بولۇش تەلىپى بويىچە نۇتۇقنىڭ تەسىرچانلىقىنى ئاشۇرغىلى بولىدۇ. ئەكسىچە، ئاددىي، چۈشىنىشلىك سۆزلەرنى ئىشلەتسىمۇ بولۇۋېرىدىغان جايلاردا ھەشەمەتلىك تۇيۇلىدىغان سۆزلەر زورلاپ ئىشلىتىلسە، نۇتۇقنىڭ تەسىرچانلىقى ئاشمايلا قالماي، ھەتتا نۇتۇق تېتىقسىزلاشتۇرۇلۇپ قويۇلىدۇ.

4) ئىخچام بولۇش

بۇ كونتېكىستتا نىسبەتەن ئارتۇقچە ھېسابلىنىدىغان سۆزلەرنى ئىشلەتمەسلىك، ئاز سۆز بىلەن مول مەزمۇننى ئىپادىلەش ۋە مەنىداش سۆزلەرنى ئىستىلىستىكىلىق مەقسەتسىز تەكرار ئىشلەتمە-

لىك قاتارلىق مەسىلىلەرگە قارىتىلغان بولۇپ، ئۇمۇ نۇتۇقنىڭ ئىپادە-
لەش ئۇنۇمىنى ئاشۇرۇشتىكى مۇھىم بىر شەرت. چۈنكى، سۆزلەر
ئىنچام بولسا، نۇتۇق قۇرۇلمىسىمۇ يىغىنچاق بولىدۇ-دە، كىشىلەرنى
جەلپ قىلىش، ئەكسىچە زېرىكتۈرۈپ قويماسلىقتەك ئالاھىدىلىككە ئىگە
بولىدۇ. بۇ يەردە دېيىلىۋاتقان ئىنچاملىق مەزمۇننى تولۇق، ئېنىق ھەم
توغرا ئىپادىلەش ئاساسىدا بولۇشى كېرەك. ئەگەر «ئىنچاملاش» نەتى-
جىسىدە مەزمۇن تولۇق، ئېنىق ھەم توغرا ئىپادىلەنمەي قالسا، ئۇ ھالدا
ئىنچاملىق تەلەپكە خىلاپلىق قىلىنغان بولىدۇ. ئۇمۇمەن، ئىنچاملاش
نۇتۇقتا ئارتۇقچە دەپ قارىلىدىغان بىرەرمۇ سۆز قالمىغۇدەك دەرىجىدە
ياكى بىرەر سۆز قىسقارتىۋېتىلسە، نۇتۇقنىڭ مەزمۇنىغا ۋە بەدىئىيلىكى-
گە نۇقسان يەتمەيدىغان دەرىجىدە بولۇشى كېرەك. ئەكسىچە، بىرمۇنچە
ئاپتورلار ئىنچاملىق تەلەپكە زىت ھالدا لازىمى بولمىغان سۆزلەرنى
ئۆز نۇتقىغا ئارتۇقچە يۈك قىلىۋالىدۇ. مەسىلەن:

«ئادەتتە مەيخانىدىن نېرى كېتەلمەيدىغان ۋە مەي - شارابسىز
يۈرەلمەيدىغان پىيەنچۈكلەرمۇ بۇ دەھشەتلىك كېچىنىڭ قۇربانى بولۇش-
تىن خالىي بولالمىدى.»

(«چالا تەگكەن ئوق»)

بۇ مىسالدا، «مەيخانىدىن نېرى كېتەلمەيدىغان»، «مەي - شاراب-
سىز يۈرەلمەيدىغان» دېگەن ئوخشاش مەنىدىكى ئىككى بىرىكمە قاتلاپ
ئىشلىتىلگەن. بۇنىڭ نۇتۇقتا ھېچقانداق ئىجابىي تەسىرى بولمىغاچقا،
پەقەت بىرىلا ئىشلىتىلسە بولاتتى.

### 3. سۆز مەنىسى ۋە سۆز تاللاش

بۇ يەردە ئاساسلىق تەكىتلىنىدىغىنى، سۆزلەرنىڭ ھەرخىل مەنىلە-
رىنى توغرا ئىگىلەش بىلەن سۆز تاللاشنىڭ مۇناسىۋىتىدۇر. چۈنكى،
تىلدىكى ھەربىر سۆز بەلگىلىك مەنىگە ئىگە بولغاندىن باشقا، تۈرلۈك
ئىستىلىستىكىلىق ئېھتىياجلار بىلەن مەلۇم كونتېكستتا ۋاقىتلىق مە-

نىلەرگە ئىگە قىلىنىپ ئىشلىتىلىدۇ. ئۇلارنىڭ كونتېكىستتا قانداق مەنىدە ئىشلىتىلگەنلىكى ۋە مەزمۇنغا مۇۋاپىق بولغان - بولمىغانلىقى ئەڭ ئاۋۋال مەنە جەھەتتىن كۆزىتىلىدۇ. مۇشۇ نۇقتىدىن قارىغاندا، سۆز تاللاش بىلەن سۆز مەنىلىرىنى توغرا چۈشىنىش بىر - بىرىنى شەرت قىلىدىغان دىئالېكتىك مۇناسىۋەتتە بولىدۇ. ئەگەر بۇخىل مۇناسىۋەتكە تولۇق ئەھمىيەت بېرىلمىسە، سۆزلەرنى خاتا ئىشلىتىپ قويۇش، بۇنىڭ بىلەن، ئوي - پىكىرنى توغرا ئىپادىلەپ بېرەلمەسلىكتەك ئەھۋاللار كۆرۈلىدۇ.

بۇ يەردە دېيىلىۋاتقان سۆز مەنىسى لېكسىكىلىق مەنە ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىدراكىي مەنە بىلەن تۈس مەنىسىنى كۆرسەتكەندىن باشقا، سۆزلەرنىڭ ئىستىلىستىكىلىق مەنىسىنىمۇ كۆرسىتىدۇ. شۇڭا، سۆز مەنىسىنى چۈشىنىش دېگەنلىك، سۆزلەرنىڭ ئىدراكىي مەنىسى، تۈس مەنىسى ۋە ئىستىلىستىكىلىق مەنىسىنى چۈشىنىش، دېگەنلىك بولىدۇ.

ئىدراكىي مەنە دېگىنىمىز، شەيئى - ھادىسىلەرنىڭ ماھىيەتلىك بەلگە - خۇسۇسىيەتلىرىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان ۋە پەرقلىرىنى كۆرسىتىدىغان ماددىي مەنىدىن ئىبارەت.

سۆزلەرنىڭ تۈس مەنىسى دېگىنىمىز، ئىدراكىي مەنىگە بېقىنغان ھالدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغان ھەرخىل رەڭ، پۇراقلاردىن، يەنى ھەرخىل قوشۇمچە مەنىلەردىن ئىبارەت. سۆزلەرنىڭ تۈس مەنىسى بىر قەدەر يوشۇرۇن ھەم مۇرەككەپ بولغاچقا، يەنە كېلىپ سۆزلەرنىڭ مەنىسى ۋە ئىشلىتىلىشىدىكى نازۇك پەرقلەرنى بەلگىلەيدىغان ھەم ئەكس ئەتتۈرىدىغان بولغاچقا، تۆۋەندە بۇ ھەقتە قىسقىچە توختىلىپ ئۆتىمىز.

مەلۇمكى، سۆزلەرنىڭ تۈس مەنىسى شۇ سۆزلەردە ئەكس ئەتكەن رەڭ - پۇراقلارنىڭ ئوخشىماسلىقىغا ئاساسەن، تۆۋەندىكىدەك تۈرلەرگە ئايرىلىدۇ:

ھېسسىي تۈس: بۇ سۆزلەردە ئىپادىلەنگەن ئوبيېكتىپ شەيئى - ھادىسىلەرگە قارىتا كىشىلەرنىڭ تۈرلۈك ھېس - تۇيغۇسى ۋە پوزىتسىيىسىدىن ئىبارەت.

كىشىلەرنىڭ ئوبيېكتىپ شەيئىلەرگە بولغان ھېس - تۇيغۇسى ۋە پوزىتسىيىلىرى ، يەنى ئۇلارنى ياقتۇرۇش ياكى ئۇلاردىن يىرگىنىش - نەپرەتلىنىش ، ئۇلارنى ماختاش ياكى ھاقارەتلەش ، مەدھىيىلەش ياكى سۆكۈش ، مۇئەييەنلەشتۈرۈش ياكى ئىنكار قىلىش ، ھۆرمەتلەش ياكى كەمسىتىش ، چۈكۈرۈش قاتارلىق جەھەتلەردە ئىپادىلىنىدىغان بولغاچقا ، ھېسسىي تۈس ئالغان سۆزلەر يەنە تۆۋەندىكىدەك تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ :

1) ھۆرمەت سۆزلىرى . مەسىلەن : جانابلىرى ، ئالىيلىرى ، ئۇستاز ، مۆھتەرەم ، قەدەم تەشرىپ قىلماق ، ھۇزۇرىدا بولماق ، نام - شەرىپى

2) ئەدەپ سۆزلىرى . مەسىلەن : رەھمەت ، ئەپۇ قىلىڭ ، كەچۈرۈڭ ، ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ، ھېچقىسى يوق ، مەرھەمەت ، كايىماڭ ...

3) ئىجابىي سۆزلەر . مەسىلەن : ئۇلۇغ ، قەھرىمان ، دانا ، ئالىيجاناب ، مۇنەۋۋەر ، قەيسەر ، مېھرىبان ، پاراسەتلىك ، گۈزەل ، يۈكسەك...

4) سەلبىي سۆزلەر . مەسىلەن : دۈشمەن ، خائىن ، زالىم ، لۈكچەك ، رەزىل ، ساختىپەز ، ھىيلىگەر ، قۇۋ ، غالجىر ، چىرىك ، ھاماقەت ...

5) يېقىنچىلىق سۆزلىرى . مەسىلەن : ئاغىنە ، بۇرادەر ، تايجاق ، قوزام ، ئاكا ، ساقام ...

6) تەنتەنىلىك سۆزلەر . مەسىلەن : دۇنياغا كەلمەك ، قەدەم رەنجىدە بولماق ، ۋىدالاشماق ، شادىيانە ، ئالەمشۇمۇل ، قايەت ، مىسلىسىز ...

7) ئېۋفېمىزم سۆزلىرى . مەسىلەن : كۆز يۇمماق (ئۆلمەك) ، قولى قىسقا (گاداي) ، كۆزى ئاجىز (قارىغۇ) ، قۇلىقى ئېغىر (گاس) ، كۆزى يورۇماق (تۇغماق) ...

ژانىر تۈسى : بۇ سۆزلەرنىڭ ئوخشىمايدىغان نۇتۇق ژانىرلىرىدا ئىشلىتىلىش چاستوتىسىنىڭ پەرقلىق بولۇشىدەك ئالاھىدىلىكىنى كۆرسىتىدۇ . ژانىر تۈسىگە ئىگە سۆزلەر قايسى خىل نۇتۇق ژانىرىدا كۆپ ئىشلىتىلىدىغانلىقىغا قاراپ ئېغىز تىلى سۆزلىرى ۋە يېزىق تىلى سۆزلىرى دەپ ئىككى چوڭ تۈرگە بۆلۈنىدۇ .

پىخسىق ، ئۆن ، كۆن ، ئەتىياز ، ياللاقچى ، قول قويماق …

2) يېزىق تىلى سۆزلىرى . مەسىلەن : ئانا ، ئاتا ، جىگەر ، نۇر-غۇن ، بېخىل ، سادا ، قۇياش ، باھار ، خۇشامەتچى ، قايىل بولماق …

يېزىق تىلى سۆزلىرى يەنە يازما ژانىرلارنىڭ قايسى تۈرىدە كۆپ ئىشلىتىلىدىغانلىقىغا قاراپ ، تۆۋەندىكى تارماقلارغا ئايرىلىدۇ :

1) مەمۇرىي خەت - ئالاقىدە قوللىنىلىدىغان سۆزلەر . مەسىلەن : مەزكۇر ، تەستىق ، يوليورۇق ، ئىمزا ، بىتىم ، دوكلات …

2) پەن - تېخنىكا ژانىرىدا قوللىنىلىدىغان سۆزلەر . مەسىلەن : ئاتوم ، ئوكسىدلانماق ، پرويېكسىيە ، سۇ رايى ، پلانېتا ، ئوربىتا ، كلىنىكا ، سىنگارمونىيە ، ئاكۇستىكا …

3) سىياسىي - مۇھاكىمە ژانىرىدا قوللىنىلىدىغان سۆزلەر . مەسىلەن : تۈزۈم ، قۇرۇلما ، دېموكراتىيە ، پرىنسىپ ، نۇقتىئىنەزەر ، ئېتىقاد ، ئىدېئولوگىيە ، بازىس ، ئۈستقۇرۇلما …

4) ئەدەبىي ژانىردا قوللىنىلىدىغان سۆزلەر . مەسىلەن : ھىلال ، چەشمە ، مەپتۇن ، ئاپىرىن ، مەھلىيا ، قەلب ، جانجان ، ئەسىر ، پەر-ۋاز ، قەمەر …

ئوبرازلىق تۈس : ئوبرازلىق تۈس سۆزلەردە ئىپادىلەنگەن شەيئى-ھادىسىلەر ھەققىدىكى ئوبراز تۈيغۇسى ياكى چۈشەنچىسىدىن ئىبارەت .

ئوبرازلىق تۈس ئالغان سۆزلەر يەنە نېمىنىڭ ئوبرازىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغانلىقىغا قاراپ تۆۋەندىكى تۈرلەرگە ئايرىلىدۇ :

1) ھەرىكەت - ھالەت ئوبرازىنى ئىپادىلەيدىغان سۆزلەر . مەسىلەن : يەلتاپان ، ئاغزى قۇلىقىغا يەتمەك ، بېشى ئاسمانغا تاقاشماق ، لەيلىمەك ، لەپىلدىمەك ، ناپناقلىماق …

2) شەكىل ئوبرازىنى ئىپادىلەيدىغان سۆزلەر . مەسىلەن : تۆگە تاپان ، قاغا تۇمشۇق ، تۆگىقۇش ، توخۇئەت ، چېغىر يول ، بوتا كۆز …

تىكتاك توپ ...

4) سىزىم ئوبرازىنى بېرىدىغان سۆزلەر. مەسىلەن: زىڭىلدىماق، لوقۇلدىماق، جىگەر رەڭ، مايسا رەڭ، سىرقىرىماق، چىمىلدىماق ...

دەۋر تۈسى: دەۋر تۈسى سۆزلەردە ئىپادىلەنگەن شەيئى ـ ھادىسىلەرنىڭ دەۋر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ياكى زامان جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكىدىن ئىبارەت بولۇپ، جەمئىيەت تەرەققىياتى تىلدىكى سۆزلەر ئارقىلىق كونكرېت ئەكس ئېتىدىغان بولغاچقا، جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ ھەرقايسى باسقۇچلىرىدا بارلىققا كەلگەن شەيئىلەرنى بىلدۈرىدىغان سۆزلەرگە شۇ دەۋرنىڭ تامغىسى بېسىلغان بولىدۇ. شۇڭا، سۆزلەردىكى دەۋر تۈسى ئارقىلىق ھەرقايسى تارىخىي باسقۇچنىڭ ئىجتىمائىي، سىياسىي ۋە مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكىنى قىسمەن كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

ئالايلۇق، «ئامبال ـ ھاكىم، ۋەزىر ـ مىنىستىر، چېرىك ـ جەڭچى، تۇڭچى ـ تىلماچ ـ تەرجىمان، سۇگۇش ـ ئۇرۇش، سەنگۈن ـ سەركەردە ـ گېنېرال ـ جاڭجۇن» دېگەن سۆزلەر ئوخشاش مەنىنى بىلدۈرسىمۇ، دەۋر تۈسى جەھەتتىن پەرقلىنىدۇ. شۇنىڭدەك، «تەگرەقۇت، كوراگان، توقال، قۇشبېگى، پاشابېگى» دېگەندەك سۆزلەردە ئىپادىلەنگەن شەيئىلەر فېئوداللىق جەمئىيەتنىڭ مەھسۇلى بولسا، «ئاتلەم كېمىسى، سۈنئىي ھەمراھ، كومپيۇتېر، چاقىرغۇ، قولفون» دېگەندەك سۆزلەردە ئىپادىلەنگەن شەيئىلەر ھازىرقى زامان پەن ـ تېخنىكىسىنىڭ مەھسۇلى بولۇپ، بۇ سۆزلەرمۇ قويۇق دەۋر تۈسىگە ئىگە.

مىللىي تۈس: مىللىي تۈس سۆزلەردە ئەكس ئەتكەن تۈرلۈك مىللىي ئالاھىدىلىكلەردىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇ بىر مىللەتنىڭ ئۆرپ ـ ئادىتى، دىنىي ئېتىقادى، پسىخىك ئالاھىدىلىكى، ئېستېتىك قارىشى ۋە مەدەنىيەت ئەنئەنىسى قاتارلىق جەھەتلەردىكى خاسلىقىنى ئۆزئىچىگە ئالىدۇ. ئالايلۇق، «مۇقام، ساپايى، كاۋاپ، پولۇ، راۋاب، كارىز، دارۋاز» دېگەندەك سۆزلەر ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ مەدەنىيەت خاسلىقىنى ئىپادىلەيدىغان سۆزلەر بولسا، «دومبۇرا، شىرداق» دېگەندەك سۆزلەر قازاق مىللىتىنىڭ مەدەنىيەت جەھەتتىكى خاسلىقىنى ئىپادىلەيدىغان

سۆزلەر بولۇپ، بۇلارنىڭ ھەممىسى مىللىي تۈس ئالغان سۆزلەر ھېسابلىنىدۇ.

يەرلىك تۈس: يەرلىك تۈس سۆزلەردە ئەكس ئەتكەن رايون خاراكتېرلىك ئالاھىدىلىكلەردىن ئىبارەت. مەسىلەن: «قەلەمتىراش ـ بەكە (غۇلجا)، كىچىك ئويۇنچۇق توپ ـ پومزەك (غۇلجا)، شەجەرە ـ جۇرۇڭقاي (قۇمۇل)، بوسۇغا ـ مۇرجۇق (قۇمۇل)، مەگىز ـ قاچار (قۇمۇل)، پىرىستان ـ غالغالتا (لوپنۇر)» دېگەن سۆزلەردىن ئالدىنقىلىرى ئەدەبىي تىل سۆزلىرى بولسا، كېيىنكىلىرى قويۇق يەرلىك تۈس ئالغان سۆزلەردۇر.

بۇلاردىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، سۆزلەرنىڭ مانا مۇشۇنداق ھەرخىل تۈس مەنىلىرى ئۇلارنىڭ ئىشلىتىلىش جەھەتتىكى پەرقلىرىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. شۇڭا، سۆزلەردىكى مۇشۇ پەرقلەرنى بىلىش سۆزلەرنى مەزمۇن ۋە كونتېكستقا مۇۋاپىقلاشتۇرۇپ تاللاشنىڭ مۇھىم شەرتى ھېسابلىنىدۇ. پەقەت سۆزلەردىكى ئىجابىي ـ سەلبىي تۈسنى ئالساق، ئۇ ھېسسىي تۈسنىڭ بىر مەزمۇنى بولۇپ، كىشىلەرنىڭ ئوبيېكتىپ شەيئى ـ ھادىسىلەرگە بولغان ھېسسىياتىنى ئىپادىلەيدۇ. شۇڭا، بۇنداق سۆزلەرنىڭ تۈس مەنىلىرىنى پەرقلەندۈرۈپ، ئورۇنلۇق ئىشلەتكەندە پىكىر ـ ھېسسىياتنى توغرا ھەم ئېنىق ئىپادىلەپ، نۇتۇقنىڭ ئىستىلىستىكىلىق ئۈنۈمىنى ئاشۇرغىلى بولىدۇ.

ئىستىلىستىكا نۇقتىسىدىن قارىغاندا، ئوخشاش مەزمۇننى باشقا ـ باشقا سۆزلەر بىلەن ئىپادىلىگىلى، شۇنداقلا ئەينەن بىر سۆز ئارقىلىق باشقا ـ باشقا مەزمۇنلارنى ئىپادىلىگىلى بولىدۇ. چۈنكى، بىر سۆزنىڭ ئۆزىگە خاس لېكسىكىلىق مەنىسى بولغاندىن سىرت، ئۇ يەنە مەلۇم ئىستىلىستىكىلىق ئېھتىياج بىلەن مۇئەييەن كونتېكستتا ۋاقىتلىق مەنىگىمۇ ئىگە قىلىنىدۇ، بۇنداق مەنە ئىستىلىستىكىلىق مەنە، دەپ ئاتىلىدۇ. ئىستىلىستىكىلىق مەنە ئىپادە ئېھتىياجى بىلەن ۋاقىتلىق ھاسىل بولۇپ، كونتېكستتىن ئايرىلغان ھامان مەۋجۇت بولۇپ تۇرالمايدىغانلىقى ئۈچۈن ئادەتتە لۇغەتلەردە ئىزاھلانمايدۇ. ئالايلۇق، «دو-

را» سۆزى لۇغەتتە مۇنداق ئىزاھلانغان: «△ كېسەلنى داۋالايدىغان ياكى
كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان ماددا؛
△ (كۆچمە) دەردكە دەرمان بولىدىغان، غەم - قايغۇنى يوقىتىدىغان
نەرسە، داۋا؛ △ پارازىت ياكى كېسەل تارقىتىدىغان ھاشاراتلارغا قارشى
ئىشلىتىلىدىغان خىمىيىۋى ماددا؛ △ تۈرلۈك دورىلىق ماددىلار؛
△ پارتلىغۇچى ماددا». لېكىن، لۇشۈننىڭ «دورا» ناملىق ھېكايىسىدە
بۇ سۆز «ئادەم قېنىغا چىلانغان ھورنان» دېگەن مەنىدە ئىشلىتىلگەن،
«دورا» سۆزىنىڭ مانا بۇ مەنىسى دەل ئىستىلىستىكىلىق مەنىدۇر.
ئىستىلىستىكىلىق مەنە سۆزلەردىلا ئەمەس، بەلكى سۆز بىرىكمىلىرىدە-
مۇ ھاسىل بولىدۇ.

دېمەك، سۆزلەرنى ئىستىلىستىكىلىق مەنىگە ئىگە قىلىش سۆز
تاللاشقا تېخىمۇ كەڭ ئىمكانىيەت يارىتىپ بېرەلەيدۇ. بۇ ئارقىلىق سۆز
تاللاش دائىرىسىنى كېڭەيتىپ، كونتېكستقا ئەڭ مۇۋاپىق كېلىدىغان
سۆزلەرنى تاللاپ ئىشلەتكىلى بولىدۇ. شۇڭا، سۆز تاللىغاندا ئۇلارنىڭ
ئىدراكىي مەنىلىرى بىلەن تۇس مەنىلىرىنى پىششىق بىلگەندىن سىرت،
سۆزلەرنى ئىپادىلەش ئېھتىياجىغا ئاساسەن، ئىستىلىستىكىلىق مەنە-
لەرگە ئىگە قىلىپ ئىشلىتىشكىمۇ ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىش كېرەك.

### 4. دىئالېكت - شېۋە سۆزلىرى ۋە سۆز تاللاش

بىر تىلنىڭ لۇغەت تەركىبىنىڭ يەرلىك تارمىقى دىئالېكت - شېۋە
سۆزلىرى ياكى يەرلىك سۆزلەر، دەپ ئاتىلىدۇ. دىئالېكت - شېۋە
سۆزلىرى رايون خاراكتېرىغا ئىگە بولۇپ، مەلۇم رايوندىكى كىشىلەر-
گىلا چۈشىنىشلىك بولغانلىقى ۋە شۇ رايوندىكى خەلقنىڭ ئالاقىلىشىشى
ئۈچۈنلا خىزمەت قىلىدىغانلىقى سەۋەبلىك، قوللىنىلىش دائىرىسى جە-
ھەتتىن زور چەكلىمىگە ئۇچرايدۇ، يەنى نۇتۇقتا ئەدەبىي تىل ئۈچۈن
سۆز تاللاش ئوبيېكتى قىلىنىدۇ. مەسىلەن: «جۇلاق - ھىلە - نەي-
رەڭ، قاپچى - يالغانچى، دەگدىمەك - ئەنسىرىمەك، چاقچىغار -
چولپان، ئاغۇاقار - ئاپتاپپەرەس، ئاگىلىشتۇرۇن - ئالدىنئالا» دېگەن

سۆزلەرنى ئالماق، ئالدىنقىلىرى دىئالېكت ـ شېۋە سۆزلىرى، كېيىنكىلىرى ئەدەبىي تىل سۆزلىرى بولۇپ، نۇتۇقتا ئاساسەن كېيىنكىلىرى قوللىنىلىدۇ. چۈنكى، شۇنداق قىلغاندىلا نۇتۇق تېخىمۇ كۆپ ئادەمگە چۈشىنىشلىك بولۇپ، تىلنىڭ رولى تېخىمۇ ياخشى جارى بولىدۇ. بىراق، بۇنىڭ بىلەن، دىئالېكت ـ شېۋە سۆزلىرىنىڭ ئىستىلىستىكىلىق ئۈنۈم ھاسىل قىلىشتىكى رولى ئىنكار قىلىنمايدۇ. چۈنكى، بەزىدە، بولۇپمۇ ئەدەبىي ئەسەرلەردە مەلۇم ئىستىلىستىكىلىق ئېھتىياج بىلەن ئۇلارنى ئىشلىتىش زۆرۈرىيىتى تۇغۇلىدۇ. شۇڭا، دىئالېكت ـ شېۋە سۆزلىرى بىلەن سۆز ئاللاشنىڭ مۇناسىۋىتىگە دىئالېكتىكا نۇقتىسىدىن قاراش كېرەك.

دىئالېكت ـ شېۋە سۆزلىرىنى تۆۋەندىكى پرىنسىپلار بويىچە ئىشلىتىش كېرەك:

بىرىنچى، ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە ئاز ئىشلىتىش، ئىككىنچى، ھەقىقىي ئىپادىلەش ئىقتىدارىغا ئىگە سۆزلەرنى تاللاپ ئىشلىتىش، ئۈچىنچى، چۈشىنىشلىك بولۇشى ئۈچۈن تېگىشلىك ئىزاھاتلارنى بېرىش.

دىئالېكت ـ شېۋە سۆزلىرىنى ئىشلىتىشتە تۆۋەندىكى ئېھتىياجلار نەزەردە تۇتۇلىدۇ:

1) پېرسوناژلارنىڭ تىل ئالاھىدىلىكىنى گەۋدىلەندۈرۈش

مەلۇمكى، ئەدەبىي ئەسەرلەردە ھەم ئومۇمىيلىققا ھەم خاسلىققا ئىگە مۇكەممەل بىر پېرسوناژ ئوبرازىنى يارىتىش تولىمۇ مۇھىم. ئەسەردىكى پېرسوناژ بولسا مۇئەييەن ماكاندا پائالىيەت ئېلىپ بارىدىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭدا شۇ ماكاننىڭ ئۆرپ ـ ئادەتلىرى ئىپادىلەنگەندىن سىرت، تىل جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكىمۇ ئىپادىلىنىدۇ. شۇڭا، بۇ ئالاھىدىلىكنى گەۋدىلەندۈرۈش ئۈچۈن پېرسوناژنى بەزىدە قويۇق يەرلىك تۈسكە ۋە ئىپادىلەش كۈچىگە ئىگە دىئالېكت ـ شېۋىدە سۆزلىتىش زۆرۈرىيىتى تۇغۇلىدۇ. مەسىلەن:

«— بۇ يەر يۇتقۇرلار سېنى خاپا قىلىپ قويۇرمىكىن دەپ دەگدەۋاتامەن.»

(ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر: «ئىز»)

بۇ مىسالدىكى «يەريۇتقۇر» (قاغىش ئەگكۈر، بېشىنى يەيدىغان)، «دەگدەمەك» (ئەنسىرىمەك) دېگەن سۆزلەر يەرلىك تۈس ئالغان سۆزلەر بولۇپ، بۇ سۆزلەرنىڭ ئىشلىتىلىشى بىلەن سەپەرقۇلنىڭ قۇمۇل تاغلىرى شېۋىسىدە سۆزلەيدىغانلىقىدىن ئىبارەت تىل ئالاھىدىلىكى گەۋدىلەندۈرۈلگەن.

2) ئەسەرنىڭ يەرلىك پۇرىقىنى كۈچەيتىش

ئەدەبىي ئەسەرلەر كۆپىنچە يازغۇچىنىڭ مۇئەييەن ئورۇندىن ھاسىل قىلغان تۇرمۇش تەسىراتلىرىنىڭ ئىنكاسى بولۇپ، بۇنداق ئەسەرلەردە تۇرمۇش ۋەقەلىكى يۈز بەرگەن ئورۇننىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكلىرى بەزىدە شۇ رايونغا خاس شېۋە سۆزلىرى بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. چۈنكى، شۇنداق بولغاندىلا، ئەسەرنىڭ چىنلىقى ۋە يەرلىك پۇرىقىنى كۈچەيتىپ، كىتابخانلارنى شۇ ئورۇننىڭ تۈرلۈك ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن تونۇشۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلغىلى بولىدۇ. مەسىلەن:

«— نېمە دېگەنلىرى بۇ؟ — دېدى رەۋشەن موماي، — چېچىم ئاقىرىپ، چىشلىرىم سارغىيىپ، شۇنچە بولغىچە ئاڭلاپ باقمىغان يوچۇنلا گەپلەرنى قىلىدىلاغۇ! نىياز دورغىغا بېيجىڭدىن چىڭگاڭ غوجاملىق مەنسىپى كېپقاپتىمۇ - يا؟»

(ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر: «ئىز»)

بۇ مىسالدا ئاپتور ئەسەرنىڭ يەرلىك پۇرىقىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، ۋەقە يۈز بەرگەن ئورۇننىڭ تىل ئالاھىدىلىكىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان ئەڭ روشەن فونېتىكىلىق خۇسۇسىيەتلەردىن بىرى بولغان «ۋ - گ» نىڭ نۆۋەتلىشىش ھادىسىسىنى ئىپادىلەيدىغان «چىڭگاڭ» سۆزىنى ۋە شېۋە تۈسىدىكى «يوچۇن» (غەلىتە) سۆزىنى ئىشلەتكەن.

3) ئەدەبىي ئەسەرلەردىكى تەسۋىرنىڭ تېخىمۇ توغرا، ئېنىق بولۇشىنى ئىشقا ئاشۇرۇش

مەلۇمكى، دىئالېكت - شېۋە سۆزلىرى ئەدەبىي تىلنى بېيىتىشنىڭ مەنبەلىرىدىن بىرى بولۇپ، ئۇنىڭدا ئەدەبىي تىلدىكى سۆزلەر بىلەن

ئىپادىلەپ بەرگىلى بولمايدىغان نۇرغۇن سۆزلەر بار . شۇڭا ، ئوبيېكتىپ شەيئىلەر توغرىسىدىكى تەسۋىرنىڭ ئېنىق ، توغرا بولۇشى ئۈچۈن بەزىدە شېۋە سۆزلىرىنى ئىشلىتىشكە توغرا كېلىدۇ . مەسىلەن :

«… ئۇلارنىڭ ئاتلىرىنى ئېدىرلىق ئىچىدىكى پىنھان جايلاردا يەتتە - سەككىزدىن قىلىپ ، ئايرىم ئادەملەر تۇتۇپ تۇرىدۇ . ئاھالە ئىچىدىن قالپاق ، بۆك ، كونا كىيىم - كېچەك ، لاتا - پاتا يىغىپ ، تاغ قاپتاللىرى بىلەن كۆتەل ۋە دۆڭلۈكلەر ئۈستىگە قارانچۇقلار ياسىلىدۇ …»

(ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر : «ئىز»)

بۇ مىسالدا ، ئاپتور تەسۋىرنىڭ توغرا ھەم ئېنىق بولۇشى ئۈچۈن ئەدەبىي تىلدا «داۋاندىن پەس ، ئادەتتىكى دۆڭلۈكتىن ئېگىزرەك كەلگەن تۆپىلىك» دېگەن مەنىنى ئىپادىلەپ بەرگىلى بولىدىغان مۇۋاپىق سۆزنىڭ يوقلۇقىنى نەزەردە تۇتۇپ ، قۇمۇل شېۋىسىدىكى «كۆتەل» دېگەن سۆزنى ئىشلەتكەن .

## 5 . كونىرىغان سۆزلەر ۋە سۆز تاللاش

كونىرىغان سۆزلەر (ئارخائىزملار) قەدىمكى تىلدىن قېپقالغان ، ھازىرقى ۋاقىتتا ناھايىتى ئاز قوللىنىلىدىغان ياكى ئاساسەن قوللىنىلمايدىغان سۆزلەر بولسىمۇ ، ئۇ ھازىرقى تىلىمىزنى بېيىتىشنىڭ مول مەنبەسى ۋە ئىپادىلەش ئېھتىياجىنى قاندۇرۇشنىڭ مۇھىم ۋاستىلىرىدىن بىرى ھېسابلىنىدۇ . چۈنكى ، كونىرىغان سۆزلەردە بىز ئۆگىنىشكە ۋە پايدىلىنىشقا تېگىشلىك نۇرغۇن قىممەتلىك نەرسىلەر بولۇپ ، بۇلار ئارقىلىق ھازىرقى تىلىمىزدىكى بەزى يېتەرسىزلىكلەرنى تولۇقلىغىلى بولىدۇ . يەنە بىر جەھەتتىن ، قەدىمكى تىلىمىزنىڭ سۆز ياساش سىستېمىسى ناھايىتى مۇكەممەل ، ياسالما سۆزلەر قۇرۇلما جەھەتتىن ئىخچام ، مەنە جەھەتتىن ئېنىق ھەم چۈشىنىشلىك بولغاچقا ، ئۇلارغا تەقلىد قىلىش ئارقىلىق نۇرغۇن يېڭى سۆزلەرنى ياساپ ، تىلىمىزنى بېيىتقىلى بولىدۇ .

ئىپادىلەش ئېھتىياجىدىن قارىغاندا، كونىرىغان سۆزلەر تۆۋەندىكىدەك ئەھۋاللاردا قوللىنىلىدۇ:

1) تارىخىي ۋەقەلەر تەسۋىرلەنگەن ئەدەبىي ئەسەرلەردە ئەسەرنىڭ دەۋر پۇرىقىنى گەۋدىلەندۈرۈش ئۈچۈن قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن:

«دۇبۇلغا ۋە ساۋۇت كىيىپ سەپ ئالدىدا كېلىۋاتقان قامەتلىك، كېلىشكەن يىگىت ھەقىقەتەنمۇ قاغاننىڭ چوڭ ئوغلى بارس تېگىن ئىدى. كۆتۈرۈلگەن ئاشۇ يەككە توغ بارس تېگىننىڭ بەلگە توغى، لەشكەرلەر بولسا، ئۆزىگە خاس قورۇقچى نەۋكەرلىرى ئىدى ···

(پەرھات جىلان: «ئالتۇن قاندىكى توي»)

بۇ مىسالدىكى «دۇبۇلغا (قەدىمكى زامان ئۇرۇشلىرىدا باشقا كىيىۋالىدىغان تۆمۈر قالپاق)، ساۋۇت (تۆمۈر كىيىم)، قاغان (خان، شاھ)، بارس (يولۋاس)، تېگىن (شاھزادە)، توغ (بايراق)، لەشكەر (ئەسكەر)، قورۇقچى (مۇھاپىزەتچى)، نەۋكەر (ھەربىي خىزمەتكار)» دېگەن سۆزلەر كونىرىغان سۆزلەر بولۇپ، ئاپتور بۇ سۆزلەرنى ئىشلىتىش ئارقىلىق ۋەقە يۈز بەرگەن تارىخىي دەۋر ئالاھىدىلىكىنى قىسمەن ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرەلىگەن.

2) بەزىدە ئەدەبىي ئەسەرلەردىكى پېرسوناژلارنىڭ تۈرلۈك خاراكتېر ئالاھىدىلىكلىرىنى گەۋدىلەندۈرۈش ئۈچۈن قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن:

«— كىتابنى كۆرسەتمەي ئېلىۋېلىش ئوغرىلىققا ياتمايدۇ! ··· بۇ ئوقۇغان كىشىلەرگە مەخسۇس بىر قائىدە ··· بۇنى ئوغرىلىق دەپ ھېسابلاشقا بولامدۇ؟ — دەپ ئۆزىنى ئاقلايتتى.

شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ «ھىدايەتكار پەقىرلىكىدە سابىتتۇر»، «زىنكىرى قىلۇرلەركى»، دېگەندەك چۈشىنىكسىز سۆزلەرنى قىلىپ، ھەممىسىنى كۈلدۈرۈپ، دۇكان ئىچىدە خۇشاللىق پەيدا قىلاتتى.»

(لۇشۈن: «كۇڭ يىجى»)

بۇ مىسالدىكى «ھىدايەتكار (توغرا يولغا باشلىغۇچى)»، پەقىرلىك (گادايلىق)، سابىت (مەسلەكتە چىڭ تۇرىدىغان)، زىكرى قىلىۋرلەركى» دېگەن سۆزلەر كونىرىغان سۆز ۋە كونىچە شەكىللەر بولۇپ، ئاپتورنىڭ بايانىغا ئاساسەن تەرجىمان ئۇيغۇر تىلىدا بۇلارنى ئىشلىتىش ئارقىلىق كۆلىڭ يېجىنىڭ فېئودالىلىق جەمئىيەتتە خورلانغان ۋە چۈشكۈنلەشكەنلىكىگە قارىماي، شۆھرەت قوغلىشىدىغان ۋە ئۆزىنى بىلىملىك، ئوقۇمۇشلۇق ئادەم قىلىپ كۆرسىتىشكە ئۇرۇنىدىغانلىقىدىن ئىبارەت خاراكتېر ئالاھىدىلىكىنى تەرجىمىدە ئېنىق گەۋدىلەندۈرگەن.

3) بەزىدە نۇتۇقنىڭ تەسىرچانلىقىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن:

«ئورغۇنلىغان كىشىلەر، ھارۋىدىن چۈشە ـ چۈشمەيلا ۋالاقلاپ سۆزلەپ كېتىدۇ، پىكىر بېرىدۇ. بۇنى تەنقىدلەيدۇ، ئۇنى ئەيىبلەيدۇ. ھالبۇكى، بۇنداق ئادەملەردىن ئونى بولسا، ئونى مەغلۇپ بولىدۇ. چۈنكى، بۇنداق سۆز ياكى تەنقىدلەر پۇختا تەكشۈرمەي تۇرۇپ قىلىنغان نادانلارچە بىلجىرلاشلاردىن باشقا نەرسە ئەمەس. پارتىيىمىزنىڭ بۇنداق ‹مۆپەتتىش›لەردىن تارتىدىغان زىيىنى سان ـ ساناقسىز. ھالبۇكى، بۇنداق ‹مۆپەتتىش›لەر تولۇپ ـ تېشىپ يېتىپتۇ، ھەممە جايدا دېگۈدەك بار.»

(ماۋزېدۇڭ: «‹يېزىلارنى تەكشۈرۈش›كە كىرىش سۆز ۋە ئاخىرقى سۆز»)

بۇ مىسالدىكى «مۆپەتتىش» سۆزى ئەسلىدە فېئودال خان ـ پادىشاھلارنىڭ تۆۋەنگە ئەۋەتكەن تولۇق ھوقۇقلۇق تەپتىش خادىملىرىنى كۆرسەتسىمۇ، ئاپتور بۇ جايدا بۇ سۆزنى ئىشلىتىش ئارقىلىق، يۇقىرى دەرىجىلىك پارتىيە ئورگانلىرىنىڭ تۆۋەنگە ئەۋەتكەن خادىملىرىنى ئاشۇ «مۆپەتتىش»لەرگە ئوخشاتقان ۋە بۇنىڭ بىلەن بەزى رەھبىرىي كادىرلارنىڭ كۆرەڭلەپ، ئامما ئارىسىغا، ئەمەلىيەت داۋامىغا چوڭقۇر چۆكمەيدىغان، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلمايلا كىشىلەرنى ئەيىبلەيدىغان ناچار ئىستىلىنى ناھايىتى ئوبرازلىق، تەسىرلىك ھالدا قاتتىق تەنقىدلىگەن.

4) بەزىدە شېئىرىي نۇتۇقتا قاپىيە ـ ۋەزىن ئېھتىياجى بىلەن قوللىنىلىدۇ . مەسىلەن :

«تۇرىدۇ تۇرقۇڭ غەزەلدەك كۆزۈ ـ كۆڭلۈم ئالدىدا ،
مەن تېخى لال سەن كەبى شېرىن تەكەللۇم ئالدىدا»
(تېيىپجان ئېلىيوپ)

بۇ مىسالدىكى «سۆز ، گەپ» مەنىسىدىكى «تەكەللۇم» سۆزى كونىرىغان سۆز بولۇپ ، ئالدىنقى مىسرادىكى «كۆزۈ ـ كۆڭلۈم» بىلەن قاپىيىلىنىش ئېھتىياجىدىن ئىشلىتىلگەن .

【مۇھاكىمە سوئاللىرى】

1 . سۆز تاللاشنىڭ قانداق ئەھمىيىتى بار ؟
2 . سۆز تاللاشنىڭ پرىنسىپلىرى قايسىلار ؟
3 . سۆز تاللاشقا قانداق تەلەپلەر قويۇلىدۇ ؟
4 . سۆز مەنىسى بىلەن سۆز تاللاشنىڭ قانداق مۇناسىۋىتى بار ؟
5 . دىئالېكت سۆزلىرى بىلەن سۆز تاللاشنىڭ قانداق مۇناسىۋىتى بار ؟
6 . كونىرىغان سۆزلەر بىلەن سۆز تاللاشنىڭ قانداق مۇناسىۋىتى بار ؟

## 3 §. مەنىداش سۆزلەر ۋە قارشى مەنىلىك سۆزلەرنىڭ ئىشلىتىلىشى

### 1 . مەنىداش سۆزلەرنىڭ ئىشلىتىلىشى

1) مەنىداش سۆزلەر ھەققىدە چۈشەنچە

ئالاقە پائالىيىتى تىل ۋاسىتىسى بىلەن ئوبيېكتىپ شەيئى ـ ھادىسىلەرنى، تەسۋىرلەش ئارقىلىق ئوي ـ پىكىرنى ئىپادىلەش جەريانى

[illegible] پائالىيەت [illegible] ئاشۇرۇش
يۈزىسىدىن نۇتۇقنى بېزەش ، گۈزەللەشتۈرۈش ۋە ئۈنۈمدارلىقىنى ئىگە
قىلىش جەريانى بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭدىكى نېگىزلىك مەسىلە تىلدىكى
تۈرلۈك مەنىداش ۋاستىلەرنى تاللاپ قوللىنىشتىن ئىبارەت . مەنىداش
سۆزلەر بولسا ، تىلدىكى مەنىداش ۋاستىلەرنىڭ بىر تەركىبىي قىسمى
بولۇپ ، كونتېكىستتا مۇئەييەن ئېھتىياج ھەم شەرت بىلەن ئۆزئارا
ئالمىشالايدىغان ئاساسىي فۇنكسىيىگە ئىگە بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇلارنىڭ
بۇ فۇنكسىيىدىن پايدىلىنىپ ئىستىلىستىكىلىق ئۈنۈم ھاسىل قىلىش —
ئىستىلىستىكىدىكى مۇھىم مەسىلە ھېسابلىنىدۇ . شۇنداقلا ، مەنىداش
سۆزلەرنىڭ فۇنكسىيە ئالاھىدىلىكلىرىنى ئەتراپلىق تەھلىل قىلىش ۋە
پۇختا ئىگىلەش ئۇلارنىڭ ئىستىلىستىكىلىق رولىنى تولۇق ، ئۈنۈملۈك
جارى قىلدۇرۇشنىڭ ئالدىنقى شەرتى ھېسابلىنىدۇ .

ئىپادىلىگەن مەنىلىرى ئوخشاش ياكى يېقىن سۆزلەر مەنىداش سۆز-
لەر ، دەپ ئاتىلىدۇ . بۇ ئېنىقلىمىدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى ،
ئاتالمىش مەنىداش سۆزلەر ئىدراكىي مەنىلىرى ، تۈس مەنىلىرى ۋە
ئىشلىتىلىش ئورنى ھەم ئۇسلۇبى پۈتۈنلەي ئوخشايدىغان «باراۋەر مەنى-
لىك سۆزلەر» ۋە بۇ جەھەتلەردىن پەرقلىنىدىغان «يېقىن مەنىلىك
سۆزلەر» نى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ . باراۋەر مەنىلىك سۆزلەر ھېچقانداق
ئالاھىدە ئىپادىلەش ئىقتىدارىغا ئىگە بولمىغانلىقى ۋە تىلدا ئۇزاق مۇد-
دەت مەۋجۇت بولۇپ تۇرالمايدىغانلىقى ئۈچۈن نەزەردىن ساقىت قىلىنى-
دۇ . يېقىن مەنىلىك سۆزلەر بولسا ، مەنىداش سۆزلەرنىڭ ئاساسى
بولۇش بىلەن بىللە ، ئالاھىدە ئىپادىلەش ئىقتىدارىغا ئىگە بولۇپ ، بىر-
بىرى بىلەن يا ئىدراكىي مەنىلىرى ، يا تۈس مەنىلىرى ، يا ئىشلىتىلىش
ئورنى ۋە ئۇسلۇبى جەھەتلەردىن پەرقلىنىپ تۇرىدۇ . ئالايلۇق ، «تەكلىپ-
نامە» ، «باقاق» دېگەن سۆزلەر «مېھمانغا ئەۋەتىلىدىغان ئۇقتۇرۇشنا-
مە» دېگەن مەنىنى ئىپادىلىسىمۇ ، لېكىن ژانىر تۈسى جەھەتتىن پەرقلى-
نىدۇ . يەنى ، «تەكلىپنامە» سۆزى يېزىق تىلىدا ، «باقاق» سۆزى
جانلىق تىلدا قوللىنىلىدۇ . شۇنىڭدەك ، «مەغرۇرلانماق» ، «پەخىرلەن-
مەك» دېگەن سۆزلەر بىرەر شەيئىدىن ياكى ئۆتۈق - نەتىجىدىن سۆيۈن-

گەنلىكىنى ھەم مەنىۋى بولۇپ ماختانغانلىقىنى بىلدۈرسىمۇ، لېكىن ھېسسىي تۈسى جەھەتتىن پەرقلىنىدۇ. يەنى، «مەغرۇرلانماق» دېگەن سۆز بۇنداق سۆيۈنۈش ۋە ماختىنىشنىڭ نورماللىقتىن ئېشىپ، ئادەمدە كىبىر پەيدا بولغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ ۋە كۆپ ھاللاردا سەلبىي مەنىدە قوللىنىلىدۇ. ئەمدى، «ئۈمىد»، «ئارزۇ»، «تىلەك» دېگەن سۆزلەر بىرەر ئىستەكنىڭ ئەمەلگە ئېشىشىغا بولغان ئىنتىلىشنى بىلدۈرسىمۇ، لېكىن بىرىكىش ئىقتىدارى جەھەتتىن ئاز ـ تولا پەرقلىنىدۇ. يەنى، «ئۈمىد» سۆزىنى «كۈتمەك»، «ئۈزمەك» سۆزلىرى بىلەن بىرىكتۈرۈپ ئىشلەتكىلى بولىدۇ، «ئارزۇ»، «تىلەك» سۆزلىرىنى ئۇنداق بىرىكتۈرۈشكە بولمايدۇ.

دېمەك، يېقىن مەنىلىك سۆزلەرنىڭ مەنىلىرى ۋە ئىشلىتىلىش ئورنى جەھەتلەردە يا ئۇنداق، يا مۇنداق پەرقلەر بولغانلىقتىن، شەيئى ـ ھادىسىلەر ئوتتۇرىسىدىكى تۈرلۈك نازۇك پەرقلەرنى توغرا، ئېنىق ئەكس ئەتتۈرۈپ، نۇتۇقتا ئېھتىياجغا ئاساسەن ئىستىلىستىكىلىق ئۈنۈم ھاسىل قىلىش فۇنكسىيىسىگە ئىگە. شۇڭا، ئىستىلىستىكىدا «يېقىن مەنىلىك سۆزلەر» دېگەن ئاتالغۇ بىلەن «مەنىداش سۆزلەر» دېگەن ئاتالغۇ ئوخشاش ھەجىمدە قوللىنىلىدۇ.

مەنىداش (يېقىن مەنىلىك) سۆزلەرگە قىلىنغان يۇقىرىقى تەھلىلدىن سۆزلەرنىڭ ئۆزئارا مەنىداش بولۇشىدا تۆۋەندىكىدەك ئۈچ خىل ئەھۋالنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ:

(1) بىرقانچە سۆزنىڭ ئىدراكىي مەنىلىرىدە ناھايىتى زور ئورتاقلىق بولۇش بىلەن بىللە، ھەرخىل ئىنچىكە پەرقلەرمۇ بولىدۇ. بۇ پەرقلەر ئاساسەن سۆز مەنىلىرىنىڭ سالمىقى، چوڭقۇر ـ تېيىزلىقى، كەڭ ـ تارلىقى قاتارلىق جەھەتلەردە ئىپادىلىنىدۇ.

ئالايلۇق، «قوغدىماق» ۋە «ئاسرىماق» دېگەن سۆزلەرنىڭ مەنىلىرىدە «مەلۇم شەيئىنى زىيانغا ئۇچراتماسلىق» دېگەندىن ئىبارەت ئورتاقلىق بولسىمۇ، ئەمما «قوغدىماق» سۆزىدە «بەلگىلىك كۈچ ـ قۇدرەت سەرپ قىلىش بىلەن مۇداپىئە كۆرۈش ياكى قارشىلىق كۆرسىتىش ئارقىلىق زىيان ـ زەخمەتكە ئۇچراتماسلىق» دېگەن مەنە ئاساسىي سال-

ماقنى ئىگىلەيدۇ. «ئاسرىماق» سۆزىدە بولسا، «پەرۋىش قىلىش، ھىمايە قىلىش ئارقىلىق زىيان ــ زەخمەتكە ئۇچراتماسلىق» دېگەن مەنە ئاساسىي سالماقنى ئىگىلەيدۇ. بۇ ئىككى سۆزنىڭ ئىشلىتىلىش دائىرىسىدىن قارىغاندا، «ئاسرىماق» دېگەن سۆزنىڭ قوللىنىلىش دائىرىسى كەڭرەك بولۇپ، ئومۇمەن چوڭ ــ كىچىك شەيئىلەرگە ئوخشاش قارىتىلىدۇ. مەسىلەن: «دۆلەتنىڭ مال ــ مۈلكىنى ئاسراش»، «كىيىم ــ كېچەكنى ئاسراش» دېگەندەك؛ «قوغدىماق» سۆزىنىڭ ئىشلىتىلىش دائىرىسى تارراق بولۇپ، ئاساسەن چوڭ شەيئىلەرگە قارىتىلىدۇ.

(2) بىرقانچە سۆزنىڭ ئىدراكىي مەنىلىرى پۈتۈنلەي ئوخشاش بولۇپ، پەقەت تۈس مەنىلىرى ئانچە ــ مۇنچە پەرقلىنىدۇ.

ئالايلۇق، «ئانا» ۋە «ئاپا» دېگەن سۆزلەرنىڭ ئىدراكىي مەنىلىرى پۈتۈنلەي ئوخشاش بولۇپ، «پەرزەنت كۆرگەن ئايال» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. بىراق، ئۇلار ئوبرازلىق تۈس ۋە ژانىر تۈسلىرى جەھەتتىن پەرقلىنىدۇ. يەنى، «ئانا» سۆزى كۈچلۈك ئوبرازلىق تۈسكە ئىگە بولغاچقا «ئانا تىل، ئانا مەكتەپ، ئانا ۋەتەن» دېگەندەك بىرىكمىلەرنى ھاسىل قىلىدۇ ۋە يېزىق تىلىدىمۇ، ئېغىز تىلىدىمۇ ئوخشاش قوللىنىلىدۇ. «ئاپا» سۆزى بولسا، ئوبرازلىق تۈسكە ئىگە بولمىغاچقا يۇقىرىقىدەك بىرىكمىلەرنى ھاسىل قىلالمايدۇ، جانلىق تىلدا كۆپ ئىشلىتىلىدۇ.

(3) بىرقانچە سۆزنىڭ ئىدراكىي مەنىلىرى پەرقلىنىش بىلەن بىللە، تۈس مەنىلىرىمۇ ئاز ــ تولا پەرقلىنىدۇ. مەسىلەن:

«ئەسكى»، «كونا» سۆزلىرى ئىدراكىي مەنىلىرى جەھەتتىن «كۆپ ئىشلىتىلىپ سۈپىتىدىن چۈشكەن» دېگەندىن ئىبارەت ئورتاق مەنە ئاساسىغا ئىگە بولسىمۇ، «ئەسكى» سۆزىنىڭ مەنىسى «كونا» سۆزىنىڭكىدىن چوڭقۇر ھەم كەڭ بولۇپ، ئىدراكىي مەنىدىكى پەرقنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. تۈس مەنىلىرىدىن قارىغاندىمۇ، «ئەسكى» سۆزى كۆپىنچە جانلىق تىلدا قوللىنىلىپ، «كونا» سۆزىدىن ژانىر جەھەتتىن پەرقلىنىدۇ.

ئومۇمەن، مەنىداش سۆزلەرنىڭ مەنە مۇناسىۋىتىدە يۇقىرىقىدەك ئۈچ خىل ئەھۋال مەۋجۇت بولۇپ، ئۇلار مەنىداش سۆزلەرنىڭ ماكرو

جەھەتتىكى ئۈچ تىپىنى كۆرسىتىدۇ . مەنىداش سۆزلەر مەيلى قايسى
تىپقا تەۋە بولسۇن ، ئۇلار ھامان ئۆزئارا پەرقلىنىدۇ . شۇڭا ، ئۇلارنىڭ
مەنىلىرى ھەم قوللىنىلىشىدىكى ئىنچىكە ، نازۇك پەرقلەرنى بىلىش
سۆز ئىشلىتىش پرىنسىپلىرى ، ھەم تەلەپلىرىگە ئەمەل قىلىپ ، نۇتۇقـ
نىڭ ئىستىلىستىكىلىق ئۈنۈمىنى ئاشۇرۇشتا مۇھىم رول ئوينايدۇ .

2) مەنىداش سۆزلەرنىڭ ئىستىلىستىكىلىق رولى

بىر تىلنىڭ مەنىداش سۆزلەرگە باي بولۇش ـ بولماسلىقى شۇ
تىلنىڭ ئىپادىلەش كۈچى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ . يەنى ، بىر
تىلدا مەنىداش سۆزلەر قانچىكى كۆپ بولسا ، شۇ تىلنىڭ لۇغەت تەركـ
ىبىمۇ شۇنچە باي بولغان بولىدۇ ۋە ئىپادىلەش كۈچىمۇ شۇنچە يۇقىرى
بولىدۇ . مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا ، مەنىداش سۆزلەر بىر تىلنىڭ تەرەقـ
قىيات ئەھۋالىنى بىۋاسىتە ئەكس ئەتتۈرىدىغان مۇھىم بەلگىلەرنىڭ
بىرى ھېسابلىنىدۇ . چۈنكى ، مەلۇم بىر شەيئى ، مەلۇم بىر ئۇقۇمنى
بىرقانچىلىغان مەنىداش سۆزلەر بىلەن بىلدۈرۈش ئارقىلىق ، شۇ شەيـ
ئى ، شۇ ئۇقۇملار ئوتتۇرىسىدىكى تۈرلۈك ئىنچىكە پەرقلەرنى توغرا ھەم
ئەينەن ئىپادىلەپ بەرگىلى بولىدۇ .

مەنىداش سۆزلەرنىڭ ئىستىلىستىكىلىق رولىنى تۆۋەندىكى بىرقانـ
چە نۇقتىغا يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ :

(1) شەيئىلەر ئوتتۇرىسىدىكى پەرقلەرنى ئېنىق ئىپادىلەش رولىنى
ئوينايدۇ . مەسىلەن :

«ئۆمەر سازەندە : مېھمانلارنى قەيەردىن سورىساق بولاركىن ؟»
ئابدۇرەشىدخان : شەھەردىن ، ئېتىمىزنى ئۆۋچى دەپ قويسىلا بوـ
لۇۋېرىدۇ . ئوردىدا ، ياق ، شەھەردە زېرىككەندىن كېيىن شىكارغا ، ھە ،
ھە ، يەنى ئوۋغا چىقىپ تاماشا قىلىش كىشىگە ئىلھامبەخش قىلىدۇ .
ئۆمەر سازەندە : شىكارغا چىقىش يامان ئىش ئەمەس ، ئەلۋەتتە...»
(سەيپىدىن ئەزىزى : «ئاماننىساخان»)

بۇ مىسالدا ، شىكاردىن يانغاچ مۇقام ئاڭلاش نىيىتىدە مەھمۇد
ئوتتۇنچىنىڭ ئۆيىگە كىرگەن ئابدۇرەشىدخاننىڭ ئۆز سالاھىيىتىنى ئاشـ

سۆھبەت جەريانىدا ئۆزىنى ئاشكارىلاپ قويغانلىقى ۋە ئابدۇرەشىدخاننىڭ ھەقىقىي سالاھىيىتىنى ئۇقۇۋالغان ئۆمەر سازەندىنىڭ قەستەن «ئوردا سۆزى» ئىشلەتكەنلىكىنى ئاپتور «شىكار، ئوۋ» دېگەن مەنىداش سۆزلەرنى ئۇستىلىق بىلەن ئىشلىتىش ئارقىلىق تەسۋىرلىگەن. مەلۇمكى، «ئوۋ» ۋە «شىكار» سۆزلىرى ئوخشاشلا دالىغا چىقىپ ياۋايى ھايۋانلارنى ئوۋلاش دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ، «شىكار» سۆزى پادىشاھ، ۋەزىر-ۋۇزۇرالارنىڭ ئوۋ پائالىيىتىنى، «ئوۋ» سۆزى بولسا، پۇقرالارنىڭ ئوۋ پائالىيىتىنى كۆرسىتىدۇ. بۇنى يۇقىرىقى مىسالدىمۇ ئېنىق كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. يەنى، ئابدۇرەشىدخان ئۆزىنى پۇقرا كۆرسىتىش ئۈچۈن «ئېتىمىزنى ئوۋچى دەپ قويسىلا بولۇۋېرىدۇ» دېگەن. لېكىن، گەپ ئارىسىدا ئېھتىياتسىزلىقتىن «شىكار» دەۋېتىپ، يەنە «ئوۋ» دەپ تۈزىتىش بەرگەن. «شىكار سۆزىدىن ئۇنىڭ ئوردا ئەمەلدارى ئىكەنلىكىنى سەزگەن ئۆمەر سازەندە ئۇنىڭ تۈزىتىش بەرگىنىگە قارىماي، يەنە ئەتەي «شىكارغا چىقىش يامان ئىش ئەمەس ...» دېگەن.

دېمەك، مەنىداش سۆزلەر ئورۇنلۇق ئىشلىتىلسە، شەيئى - ھادىسىلەر ئوتتۇرىسىدىكى ھەرخىل ئىنچىكە پەرقلەرنى ئېنىق ئىپادىلەپ، مەزمۇننىڭ ئەينەن، توغرا ئەكس ئەتتۈرۈلۈشىگە ياردەم بەرگىلى بولىدۇ.

(2) مەزمۇننى ئىزاھلاش رولىنى ئوينايدۇ.

بۇنىڭدا ئىككى مەنىداش سۆز قاتار ئىشلىتىلىپ، بىرى ئارقىلىق يەنە بىرىنىڭ مەنىسى ئىزاھلىنىدۇ. بۇنىڭ بىلەن نۇتۇق تېخىمۇ ئاممىباب، چۈشىنىشلىك بولىدۇ.

(1) «بۇ كەنتتىكىلەرنىڭ ھېچقايسىسى ھىلالنىڭ نېمىلىكىنى بىلمەيدۇ، ئۇلارغا پەقەت ئۈچ كۈنلۈك ئاي دېسەڭلا، ئاندىن چۈشىنەلەيدۇ.»

(«دۇنيا ئەدەبىياتى»)

بۇ مىسالدىكى ئاستى سىزىلغان سۆزلەر ژانىر تۈسى جەھەتتىن

پەرقلىنىدىغان مەنداش سۆزلەر بولۇپ، كېيىنكىسى ئارقىلىق ئالدىنقىسىنىڭ مەنىلىرى ئىزاھلانغان

(3) سېلىشتۇرۇش رولىنى ئوينايدۇ.

بۇنىڭدا ئىدراكىي مەنىلىرى ياكى ھېسسىي تۈسى قاتارلىق جەھەتلەردىن پەرقلىنىدىغان مەنداش سۆزلەر ئارقىلىق سېلىشتۇرۇش ھاسىل قىلغىلى، بۇنىڭ بىلەن شەيئى ـ ھادىسىلەرنىڭ پەرقىنى ياكى كىشىلەرنىڭ ئوخشاش شەيئىگە بولغان تۈرلۈك كۆزقاراش، ھېس ـ تۇيغۇلىرىنى ئېنىق ئىپادىلىگىلى بولىدۇ.

(4) زىتلاشتۇرۇش رولىنى ئوينايدۇ.

بۇنىڭدا بىرقانچە مەنداش سۆز ئارقىلىق شەيئى ـ ھادىسىلەر ئۆزئارا زىتلاشتۇرۇلۇپ ۋە ئىنكار قىلىنىپ، مەزمۇننىڭ تولۇق، ئېنىق، توغرا ئىپادىلىنىشى ئىشقا ئاشۇرۇلىدۇ. مەسىلەن:

«ئۇ ئۆز ئوغلىنىڭ بۇ قىلمىشىدىن قاتتىق غەزەپلىنىپ، ئۆزىنى تۇتالماي، ئوغلىنى راسا ئۇردى، ياق، ئۇرۇش بىلەنلا قالماي، راسا دۇمبالىدى.»

(«تارىم»)

بۇ مىسالدا، «ئۇرماق»، «دۇمبالىماق» دېگەن مەنداش سۆزلەرنىڭ ئىدراكىي مەنىلىرىدىكى پەرقلەر ئارقىلىق شەيئى ـ ھادىسىلەر ئۆزئارا ئىنكار قىلىنىپ زىتلاشتۇرۇلغان.

(5) ئىنتوناتسىيىنى كۈچەيتىپ، مەزمۇننى گەۋدىلەندۈرۈش رولىنى ئوينايدۇ.

بۇنىڭدا ئىككىدىن ئارتۇق مەنداش سۆز قاتار ئىشلىتىلىش ئارقىلىق نۇتۇق ئىنتوناتسىيىسى قەدەممۇقەدەم كۈچەيتىلىدۇ ۋە مەلۇم بىر نۇقتا ئالاھىدە گەۋدىلەندۈرۈلىدۇ.

(6) نۇتۇقنىڭ رەڭدارلىقىنى ئاشۇرۇش رولىنى ئوينايدۇ.

بۇنىڭدا مەنداش سۆزلەرنىڭ مەنە ئورتاقلىقى ۋە ئۆزئارا ئالمىشالايدىغان ئالاھىدىلىكىدىن پايدىلىنىپ، نۇتۇقتا بىر سۆزنى تەكرار ئىشلىتىشتىن ساقلانغىلى ھەم نۇتۇقنىڭ رەڭدارلىقىنى ئاشۇرغىلى بولىدۇ.

## 2 . قارشى مەنىلىك سۆزلەر ۋە ئۇلارنىڭ ئىشلىتىلىشى

### 1) قارشى مەنىلىك سۆزلەر ھەققىدە چۈشەنچە

تىلىمىزدىكى قارشى مەنىلىك سۆزلەر تېخى ئەتراپلىق تەتقىق قى-
لىنمىغاچقا ، قانداق سۆزلەرنىڭ ئۆزئارا قارشى مەنىلىك سۆزلەر بولىدى-
غانلىقى توغرىسىدا ئورتاق تونۇش بارلىققا كەلگەن بولسىمۇ تېخى بىردەك
بولمايۋاتىدۇ . بۇنىڭ بىلەن قارشى مەنىلىك سۆزلەرنىڭ ئىشلىتىلىشى-
دە ، شۇنىڭدەك بىر قىسىم ئەسەرلەرگە ئىستىلىستىكا نۇقتىسىدىن باھا
بېرىشتە بىر تەرەپلىمىلىك قاراشلار ساقلىنىۋاتىدۇ . شۇڭا ، تىلىمىزدى-
كى قارشى مەنىلىك سۆزلەرنى لېكسىكولوگىيە ۋە ئىستىلىستىكا نۇقتى-
سىدىن قىسقىچە تەھلىل قىلىپ ئۆتۈش ناھايىتى زۆرۈر .

مەلۇمكى ، تىلغا ئالىنىت ئەسەرلەرنىڭ كۆپىنچىسىدە ، قارشى مەنى-
لىك سۆزلەر «مەنىلىرى ئۆزئارا قارىمۇقارشى بولغان سۆزلەر قارشى
مەنىلىك سۆزلەر ، دېيىلىدۇ» دەپ تەبىرلىنىۋاتىدۇ ۋە «قارشى مەنىلىك
سۆز بولۇش ئۈچۈن كەم دېگەندە مەنىلىرى ئۆزئارا قارىمۇقارشى بولغان
ئىككى سۆز بولۇشى كېرەك» دېگەن شەرت قويۇلۇۋاتىدۇ . مانا بۇلار
قارشى مەنىلىك سۆزلەرنىڭ مەنە مۇناسىۋىتىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى
كۆرسىتىپ بېرەلىسىمۇ ، لېكىن سۆزلەرنىڭ قانداق مەنىلىرىنىڭ قان-
داق شارائىتتا ئۆزئارا قارىمۇقارشى مۇناسىۋەتتە بولىدىغانلىقى كۆرسى-
تىپ بېرەلمەيدۇ . چۈنكى ، بۇخىل تەبىر قارشى مەنىلىك سۆزلەرنىڭ
ئىچكى قۇرۇلما تەركىبلىرى بولغان سېمانتىكىلىق ئېلېمېنتلار ۋە ئۇلار
ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتلەرنى تەھلىل قىلىش ئاساسىدا بېرىلگەن ئە-
مەس . شۇڭا ، قارشى مەنىلىك سۆزلەرنى كۆزەتكەندە سېمانتىكىلىق
ئېلېمېنتلار ۋە ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتلەرنى تەھلىل قىلىش
كېرەك . بۇ يەردە دېيىلىۋاتقان سېمانتىكىلىق ئېلېمېنتلار سۆز مەنىسى-
نى تەھلىل قىلغۇچى ئەڭ كىچىك مەنە بىرلىكىدىن ئىبارەتتۇر . ئالاي-
لۇق ، «ئانا» سۆزى «پەرزەنت كۆرگەن ئايال كىشى» دەپ ئىزاھلىنىشى
مۇمكىن . مۇشۇ ئىزاھاتقا ئاساسەن ، بۇ سۆزنىڭ مەنىسىنى «(1) ئادەم ،
(2) ئايال ، (3) پەرزەنت كۆرگەن» دېگەنلەردىن ئىبارەت ئۈچ سېمانتى-

كىلىق ئېلېمېنتقا بۆلۈشكە بولىدۇ . ئەگەر تېخىمۇ ئىنچىكىلىك بىلەن
كۆزىتىلسە ، يۇقىرىقى ئۈچ سېمانتىكىلىق ئېلېمېنتنىڭ «ئانا» سۆز-
نىڭ مەنىسىنى تەشكىل قىلىشتىكى رولىنىڭ ئوخشىمايدىغانلىقى بايقى-
لىدۇ ، يەنى بەزى سېمانتىكىلىق ئېلېمېنتلار سۆز مەنىسىدە ئىپادىلەن-
گەن مەزمۇننىڭ چىقىش نۇقتىسىنى بىلدۈرسە ، بەزى سېمانتىكىلىق
ئېلېمېنتلار سۆزلىگۈچى شۇ سۆز ئارقىلىق ئاڭلىغۇچىغا ئۇقتۇرماقچى
بولغان مەزمۇننىڭ نېگىزىنى بىلدۈرىدۇ . بۇ سېمانتىكىلىق ئېلېمېنتلار-
نىڭ ئالدىنقىلىرى «ئاساسىي سېمانتىكىلىق ئېلېمېنت» ياكى «ئورتاق
سېمانتىك ئېلېمېنت» دېيىلىدۇ ، كېيىنكىلىرى «پەرقلىگۈچى سېمان-
تىكىلىق ئېلېمېنت» ياكى «ھەل قىلغۇچ سېمانتىك ئېلېمېنت» دەپ
ئاتىلىدۇ . مەسىلەن : «دوتسېنت» سۆزى ئەگەر ئادەمنى كۆرسەتسە ،
ئۇنى «پروفېسسوردىن تۆۋەن ، لېكتوردىن يۇقىرى دەرىجىلىك كەسپىي
ئۇنۋانغا ئېرىشكەن ئالىي مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى» دەپ ئىزاھلاش مۇم-
كىن . مۇشۇ ئىزاھاتقا ئاساسەن ، بۇ سۆزنىڭ مەنىسىنى «(1) ئادەم ،
(2) ئالىي مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى ، (3) پروفېسسوردىن تۆۋەن ، لېكتور-
دىن يۇقىرى دەرىجىلىك كەسپىي ئۇنۋانغا ئېرىشكەن» دېگەندەك ئۈچ
سېمانتىكىلىق ئېلېمېنتقا بۆلۈشكە بولىدۇ . بۇ سېمانتىكىلىق ئېلېمېنت-
لارنىڭ ئالدىنقى ئىككىسى مەزكۇر سۆزدە ئىپادىلەنگەن مەزمۇننىڭ
چىقىش نۇقتىسىنى بىلدۈرسە ، ئاخىرقىسى «ئالىي مەكتەپتە خىزمەت
قىلىۋاتقان ئادەم» توغرىسىدىكى كېسىمنى بىلدۈرگەن . چۈنكى ، «دوت-
سېنت» سۆزى ئارقىلىق ئۇقتۇرماقچى بولغان مەزمۇننىڭ نېگىزى «ئا-
لىي مەكتەپتە ئوقۇتقۇچىلىق قىلىۋاتقان ئادەم» ئەمەس ، بەلكى شۇ
ئادەمنىڭ «پروفېسسوردىن تۆۋەن ، لېكتوردىن يۇقىرى دەرىجىلىك
كەسپىي ئۇنۋانغا ئېرىشكەنلىكىدىن ئىبارەتتۇر . دېمەك ، ئاساسىي سې-
مانتىكىلىق ئېلېمېنتلار بىلەن پەرقلىگۈچى سېمانتىكىلىق ئېلېمېنتلار-
نىڭ سۆز مەنىسىنى تەشكىل قىلىشتىكى رولى ئوخشىمايدۇ . يەنى ،
ئاساسىي سېمانتىكىلىق ئېلېمېنتلار ئوبيېكتىپ شەيئىلەرنىڭ مەزمۇن
دائىرىسىنى كۆرسەتسە ، پەرقلىگۈچى سېمانتىكىلىق ئېلېمېنتلار مەلۇم
شەيئىنىڭ باشقا شەيئىلەردىن پەرقلىنىپ تۇرىدىغان ئۆزىگە خاس بەلگى-

سىنى كۆرسىتىدۇ .

مەلۇمكى ، ئىككى سۆزنىڭ مەنىسى ئەگەر ئەينى بىر مەزمۇن دائىرىسىدە بولمىسا ، ئۇلار ئۆزئارا قارشى مەنىلىك سۆزلەر ھېسابلانمايدۇ . شۇڭا ، سۆزلەرنىڭ ئۆزئارا قارشى مەنىلىك بولۇش - بولالماسلىقىنى ئالدى بىلەن سۆزلەرنىڭ مەزمۇن دائىرىسىنى كۆرسىتىدىغان ئاساسىي سېمانتىكىلىق ئېلېمېنتلارنىڭ ئوخشاش بولۇش - بولماسلىقىغا ، ئاندىن پەرقلىگۈچى سېمانتىك ئېلېمېنتلىرىنىڭ ئۆزئارا قارىمۇقارشىلىق مۇناسىۋەت ھاسىل قىلىش - قىلالماسلىقىغا قاراپ بەلگىلەشكە توغرا كېلىدۇ . مەسىلەن : «چوڭ» ۋە «كىچىك» دېگەن سۆزلەرنى ئالساق ، ئۇلار مۇنداق ئىزاھلىنىدۇ :

چوڭ : ھەجمى ، يۈزى ، سان - مىقدارى ، كۈچ - قۇۋۋىتى قاتارلىق تەرەپلىرى ئادەتتىكى شەيئىلەرنىڭكىدىن ياكى ئۆزىگە سېلىشتۇرۇلغان شەيئىلەرنىڭكىدىن ئارتۇق .

كىچىك : ھەجمى ، يۈزى ، سان - مىقدارى ، كۈچ - قۇۋۋىتى قاتارلىق تەرەپلىرى ئادەتتىكى شەيئىلەرنىڭكىدىن ياكى ئۆزىگە سېلىشتۇرۇلغان شەيئىلەرنىڭكىدىن كەم .

مۇشۇ ئىزاھلارغا ئاساسەن ، بۇ سۆزلەرنىڭ مەنىلىرىنى تەھلىل قىلىش ئارقىلىق بىز ئۇلارنىڭ ئاساسىي سېمانتىك ئېلېمېنتلىرى ئوخشاشلا شەيئىلەرنىڭ ھەجمى ، يۈزى ، سان - مىقدارى ، كۈچ - قۇۋۋىتى قاتارلىق جەھەتلەردىكى ئەھۋالىنى بىلدۈرۈۋاتقانلىقىنى ، «چوڭ» سۆزىنىڭ پەرقلىگۈچى سېمانتىك ئېلېمېنتى ئادەتتىكى ياكى ئۆزىگە سېلىشتۇرۇلغان شەيئىلەرنىڭكىدىن ئارتۇق ئىكەنلىكى ، «كىچىك» سۆزىنىڭ پەرقلىگۈچى سېمانتىك ئېلېمېنتى ئادەتتىكى ياكى ئۆزىگە سېلىشتۇرۇلغان شەيئىلەرنىڭكىدىن كەم ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز . ئېنىقكى ، بۇ ئىككى سۆزنىڭ ئاساسىي سېمانتىك ئېلېمېنتلىرى پۈتۈنلەي ئوخشاش بولۇپ ، پەرقلىگۈچى سېمانتىك ئېلېمېنتلىرى «ئارتۇق» ۋە «كەم» لىك جەھەتتە ناھايىتى ئېنىق قارىمۇقارشىلىق مۇناسىۋەت ھاسىل قىلغانلىقى ئۈچۈن ، ئۇلار ئۆزئارا قارشى مەنىلىك سۆزلەر ھېسابلىنىدۇ .

شاش ، پەرقلىگۈچى سېمانتىك ئېلېمېنتلىرى قارىمۇقارشى بولۇشتەك شەرتلەرنى ھازىرلىغاندىلا ئاندىن قارشى مەنىلىك سۆزلەر ھېسابلىنىدۇ . بۇ قارشى مەنىلىك سۆزلەرنى ئۆلچەشتىكى ئومۇمىي پرىنسىپ . مەسەلەن : «ئەقىللىق ، دۆت» دېگەن سۆزلەرنىڭ ئاساسىي سېمانتىك ئېلېمېنتلىرى «زېھنىي قۇۋۋەت»نى كۆرسىتىشتىن ئىبارەت بولغانلىقى ، پەرقلىگۈچى سېمانتىك ئېلېمېنتلىرى زېھنىي قۇۋۋەتنىڭ كۈچلۈك - ئاجىزلىقى جەھەتتە قارىمۇقارشى مۇناسىۋەتتە بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇلار قارشى مەنىلىك سۆزلەر ھېسابلىنىدۇ .

شۇنىمۇ ئەسكەرتىش كېرەككى ، ئەگەر ئىككى سۆزنىڭ ئاساسىي سېمانتىك ئېلېمېنتلىرى ئوخشىمىسا ، ئۇلار قارشى مەنىلىك سۆزلەر ھېسابلانمايدۇ . شۇنىڭدەك ، ئىككى سۆزنىڭ ئاساسىي سېمانتىك ئېلېمېنتلىرى ئوخشاش بولۇپ ، پەرقلىگۈچى سېمانتىك ئېلېمېنتلىرى قارىمۇقارشى .

2) قارشى مەنىلىك سۆزلەرنىڭ ئىستىلىستىكىلىق رولى

قارشى مەنىلىك سۆزلەرنىڭ ئىستىلىستىكىلىق رولى سېلىشتۇرۇشتىن ئىبارەت . بۇ ئاساسىي ئىستىلىستىكىلىق ۋاستىلەرنىڭ بىرى بولغان سېلىشتۇرۇشنى بارلىققا كەلتۈرىدۇ . يەنى ، ئۇزئارا قارىمۇقارشى كېلىدىغان شەيئىلەرنى ياكى شەيئىلەرنىڭ زىددىيەتلىك تەرەپلىرىنى سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتلەرنى گەۋدىلەندۈرۈپ ، پىكىرنىڭ ئېنىقلىقى ۋە نۇتۇقنىڭ تەسىرچانلىقىنى ئاشۇرۇشتەك روللارنى ئوينايدۇ . شۇڭا ، كۆپلىگەن يازغۇچى - شائىرلار قارشى مەنىلىك سۆلەرنىڭ بۇ ئالاھىدىلىكىدىن ماھىرلىق بىلەن پايدىلىنىپ ، ئۆز نۇتۇقىدا ئېنىق سېلىشتۇرما ھاسىل قىلىش ئارقىلىق ، شەيئىلەر ئوتتۇرىسىدىكى تۈرلۈك زىددىيەتلەرنى ئېچىپ بېرىدۇ ۋە بۇنىڭ بىلەن نۇتۇقنىڭ ئىستىلىستىكىلىق ئۈنۈمىنى ئاشۇرىدۇ . مەسىلەن :

«كىم بىلۇر تۇز قەدرىنى ، تارتمايلا قىشقىر دەردىنى ،

توغرىنى پەرق ئەتكىلى بولمايدۇ سەھۋەن بولمىسا.
بەزىلەر بىلمەيدىكەن دائىم بۇزۇشتىن باشقىنى،
نېرى تۇرسۇن غىڭشىماي تىكلەشكە زوقمەن بولمىسا.»
(تېيىپجان ئېلىيوپ)

ئەسلىدە ئۆز ئارا قارشى مەنە بىلدۈرمەيدىغان، لېكىن تىلنىڭ ئىپادىلەش ئۈنۈمىنى ئاشۇرۇش يۈزىسىدىن پەقەت مەلۇم كونتېكىستتىلا قارشى مەنىدە ئىشلىتىلىدىغان سۆزلەر بولۇپ، ئۇلار ئىستىلىستىكىلىق قارشى مەنىلىك سۆزلەر دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇلار نۇتۇقتا خۇددى لېكسىكىلىق قارشى مەنىلىك سۆزلەرگە ئوخشاشلا مۇھىم ئىستىلىستىكىلىق رول ئوينايدۇ. مەسىلەن: تىلىمىزدىكى «ئاق» ۋە «قارا» دېگەن سۆزلەرنى ئالساق، ئۇلارنىڭ ئاساسىي سېمانتىك ئېلېمېنتى شەيئىلەرنىڭ رەڭگىنى بىلدۈرۈشتىن ئىبارەت (يەنى بۇ ئىككى سۆزنىڭ ئاساسىي سېمانتىك ئېلېمېنتلىرى پۈتۈنلەي ئوخشاش) بولىدۇ، ئۇلارنىڭ پەرقلىگۈچى سېمانتىك ئېلېمېنتلىرى يا مۇتلەق، يا نىسپىي قارشىلىق مۇناسىۋەتتە بولمىغاچقا، ئۇلار لېكسىكىلىق قارشى مەنىلىك سۆزلەر ھېسابلانمايدۇ. ئەگەر بۇ سۆزلەر قارشى مەنىلىك سۆزلەر ھېسابلىنىدىغان بولسا، تىلىمىزدىكى «كۆك، يېشىل، سېرىق، سۆسۈن، سۇر، ھال ...» دېگەنگە ئوخشاش رەڭنى بىلدۈرىدىغان سۆزلەرنىڭ ھەممىسى قارشى مەنىلىك سۆزلەر دېيىلىشى كېرەك. بۇ، ئەلۋەتتە، لېكسىكولوگىيە نۇقتىسىدىن قىلىنىۋاتقان تەھلىلدۇر. ئەمەلىيەتتە بولسا، ئەنە شۇنداق قارشى مەنە ئىپادىلىمەيدىغان سۆزلەرنى مەلۇم كونتېكىستتا قارشى مەنىدە ئىشلىتىش ئارقىلىق ئىپادىلەش ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش ھادىسىلىرى نەھايىتى كۆپ ئۇچرايدۇ. ئالايلۇق، «ئاق - قارىنى پەرق ئەتمەسلىك» دېگەنگە ئوخشاش سۆز - ئىبارىلەر ئادەتتە خېلى كۆپ ئۇچرايدۇ. بۇ يەردىكى «ئاق - قارا» دېگەن سۆزلەر قارشى مەنىلىك سۆزلەر بولمىسىمۇ، ئىپادىلەش ئېھتىياجىغا ئاساسەن، كىشىلەر بۇنداق

سۆزلەرنى مەلۇم نۇتۇق شارائىتىدا ۋاقىتىنچە قارشى مەنىدە ئىشلىتىدۇ.
ھەتتا بۇنداق سۆزلەرنىڭ بىر قىسمى داۋاملىق قارشى مەنىدە ئىشلىتى-
لىش نەتىجىسىدە خۇددى لېكسىكىلىق قارشى مەنىلىك سۆزلەردەكلا
تۇيۇلىدىغان بولۇپ قالىدۇ.

ئېنتىلىستىكىلىق قارشى مەنىلىك سۆزلەرنىڭ ھاسىل بولۇشىدى-
كى سەۋەب، شۇ سۆزلەر مەلۇم شەيئى ياكى ئۇنىڭ تۈرلۈك ئالاھىدىلىك-
لىرىگە سىمۋول قىلىنىشى، بۇنداق سۆزلەر بىلدۈرگەن شەيئى ياكى
ئۇلارنىڭ بەلگە - خۇسۇسىيەتلىرىنىڭ مەلۇم تەرەپلىرىدە ئاز - تولا
قارىمۇقارشىلىقنىڭ مەۋجۇتلۇقى ياكى كىشىلەرنىڭ بەزى شەيئىلەرنى
سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق شۇ شەيئىلەرگە قارىتا ئىجابىي ياكى سەلبىي
ھېس - تۇيغۇدا ھەم قارىمۇقارشى پوزىتسىيىدە بولۇشىدىن ئىبارەتتۇر.
مەسىلەن: «ئاق - قارىنى پەرق ئەتمەسلىك» دېگەندە «ئاق» ۋە «قارا»
سۆزلىرىنىڭ بىر - بىرىگە قارشى قويۇلۇشى ۋە قارشى مەنە ئىپادىلىيە-
لىشى «ئاق» سۆزىنىڭ «ھەق، ھەققانىيەت» كە، «قارا» سۆزىنىڭ
«ناھەق، ناھەقچىلىك»كە سىمۋول قىلىنغانلىقى ۋە بۇ ئىككى سۆز
سىمۋول قىلىنغان شەيئى - ھادىسىلەر ئۆز ئارا قارىمۇقارشىلىق مۇناسى-
ۋەتتە ئىكەنلىكىدىن ئىبارەتتۇر.

دېمەك، لېكسىكولوگىيە ۋە ئېنتىلىستىكا نۇقتىسىدىن قارىغاندا،
قارشى مەنىلىك سۆزلەر لېكسىكىلىق قارشى مەنىلىك سۆزلەر ۋە ئېنتە-
لىستىكىلىق قارشى مەنىلىك سۆزلەر دەپ ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ. بۇ
نۇقتىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىش تىلىمىزدىكى سۆزلەردىن جانلىق پايدىلى-
نىپ، نۇتقىمىزنىڭ ئېستىلىستىكىلىق ئۈنۈمىنى ئاشۇرۇشقا ۋە بىر-بىر
ئەسەرگە ئېستىلىستىكا نۇقتىسىدىن توغرا باھا بېرىشىمىزگە ياردەم
بېرىدۇ. نۇتۇقنىڭ ئېستىلىستىكىلىق ئۈنۈمىنى ئاشۇرۇش جەھەتتىن
ئېلىپ ئېيتقاندا، ئەگەر لېكسىكىلىق قارشى مەنىلىك سۆزلەر بىر
قاتاردا ئېستىلىستىكىلىق قارشى مەنىلىك سۆزلەرمۇ نەزەردە تۇتۇلسا،
تىلىمىزدىكى ناھايىتى چەكلىك بولغان لېكسىكىلىق قارشى مەنىلىك

سۆزلەر دائىرىسىدىن زور دەرىجىدە ھالقىپ ئۆتۈپ ، ئىپادىلەش ئېھتىيا-
جىغا ئاساسەن ، نۇرغۇنلىغان سۆزلەرنى مەلۇم كونتېكىستتا ۋاقتىنچە
قارىمۇقارشى قويۇش ئارقىلىق سېلىشتۇرۇشتىن ئىبارەت ئىستىلىستى-
كىلىق ۋاستە ھاسىل قىلغىلى ، بۇنىڭ بىلەن نۇتۇقنىڭ ئىستىلىستى-
كىلىق ئۈنۈمىنى ئاشۇرغىلى بولىدۇ . شۇڭا ، نۇرغۇنلىغان يازغۇچى –
شائىرلار بۇ جەھەتكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىدۇ .

【مۇھاكىمە سوئاللىرى】

1 . سۆزلەرنىڭ ئۆزئارا مەنداش بولۇشىدا قايسى ئۈچ خىل ئەھۋال مەۋجۇت ؟

2 . مەنداش سۆزلەرنىڭ قانداق ئىستىلىستىكىلىق رولى بار ؟

3 . ئىككى سۆزنىڭ قارشى مەنىلىك ياكى ئەمەسلىكىگە قانداق ھۆكۈم قىلىنىدۇ ؟

4 . قارشى مەنىلىك سۆزلەرنىڭ قانداق ئىستىلىستىكىلىق رولى بار ؟

## 4 §. ئىستىلىستىكىلىق ۋاستىلەر

تىل ئەمەلىيىتىدە كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ ئوي – پىكرىنى توغرا
ئىپادىلەش ئاساسىدا ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە ، كونكرېت ، ئوبرازلىق ھەم
تەسىرلىك قىلىپ ئىپادىلەشكە تىرىشىدۇ ۋە ھەرخىل ئىپادىلەش ۋاستى-
لىرىدىن ئاكتىپ پايدىلىنىدۇ . ئوي – پىكرىنى تېخىمۇ ئۈنۈملۈك ئىپا-
دىلەشكە ياردەم بېرىدىغان ، ئۇزاق مۇددەتلىك تىل ئەمەلىيىتىدىن يەكۈن-
لەنگەن ، مۇئەييەن قۇرۇلما قېلىپىغا ئىگە بولغان بەدىئىي ئىپادىلەش
ۋاستىلىرى ئىستىلىستىكىلىق ۋاستىلەر بولۇپ ، ئىستىلىستىكىنىڭ

تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن ئالاھىدە ئىستىلىستىكىلىق ئۇسۇللار ياكى ئاكتىپ ئىستىلىستىكىلىق ۋاسىتىلەردىن ئىبارەت بولۇپ، تىلنىڭ ئىپادىلەش ئۇنۇمىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشتە بۇنداق ئاكتىپ ئىستىلىستىكىلىق ۋاسىتىلەرنىڭ رولى ناھايىتى زور. تۆۋەندە ئۇيغۇر تىلىدا كۆپ قوللىنىلىدىغان بىرقانچە ئىستىلىستىكىلىق ۋاسىتىنى قىسقىچە تونۇشتۇرىمىز.

1. ئوخشىتىش

ئوخشىتىش ئوخشاشلىق تەسەۋۋۇرىنىڭ تىلدىكى ئىپادە شەكلى بولۇپ، شۇ تەسەۋۋۇرغا سەۋەب بولغان شەيئى ئوخشالغۇچى، تەسەۋۋۇر قىلىنغان شەيئى ئوخشىغۇچى، دەپ ئاتىلىدۇ. ئوخشالغۇچى بىلەن ئوخشىغۇچى ئوخشىتىشنىڭ تۈپ ئاسلى بولۇپ، ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى مەلۇم ئوخشاشلىق بولۇشى، لېكىن ئۇلار ماھىيەت جەھەتتىن ئوخشىماسلىقى، يەنى باشقا - باشقا شەيئىلەر بولۇشى كېرەك. چۈنكى، ئوخشىتىش ئوخشاشلىق تەسەۋۋۇرى ئارقىلىق، ماھىيىتى ئوخشىمايدىغان، ئەمما مەلۇم دەرىجىدە ئوخشاشلىقى بار شەيئىلەرنىڭ بىرى ئارقىلىق يەنە بىرىنى تېخىمۇ كونكرېت، ئوبرازلىق قىلىپ ئىپادىلەش ئۈچۈن قوللىنىلىدىغان بىرخىل ئىستىلىستىكىلىق ۋاسىتە. ئالايلۇق:

قاراقاش ئولتۇرسەن،
باغدىكى قىزىلگۈلدەك.
ئېچىم كۆيىدۇ ساڭا،
قەپەستىكى بۇلبۇلدەك.

مانا بۇ مىسالدىكى ئوخشالغۇچى شەيئى «قاراقاش» بىلەن ئوخشىغۇچى شەيئى «قىزىلگۈل»، ئوخشالغۇچى شەيئى «مەن» بىلەن ئوخشىغۇچى شەيئى «قەپەستىكى بۇلبۇل» ماھىيىتى ئوخشىمايدىغان شەيئىلەر بولسىمۇ، ئۇلار ئوتتۇرىسىدا مەلۇم ئوخشاشلىقلار بولغانلىقى ئۈچۈن، [illegible] «قاراقاش» بىلەن «قىزىلگۈل» سەرخىل-

لىق جەھەتتىن ، «مەن» بىلەن «بۇلبۇل» تەشنالىق ـ ئىنتىزارلىق جەھەتتىن ئوخشايدىغانلىقى ئۈچۈن بۇ ئوخشىتىش شەكىللەنگەن .

2 . ئوخشىتىشلارنىڭ تۈرلىرى

1) ئوخشىتىشلارنىڭ ئاساسىي تۈرلىرى

مەلۇمكى ، ئوخشىغۇچى بىلەن ئوخشالغۇچى ئوخشىتىشنىڭ تۈپ ئاسلى . بىراق ، ئىپادىلەش ئېھتىياجىغا قاراپ ، بەزى ئوخشىتىشلاردا ئوخشالغۇچى شەيئى قىسقارتىلىدۇ . ئوخشىغۇچى شەيئى ئوخشىتىشتىكى پەرقلىگۈچى ئاسىل بولغاچقا ، ئومۇمەن ، كۆرۈلمىسە بولمايدۇ . شۇڭا ، ئوخشىتىشلارنى تۈرگە بۆلۈشتە ئوخشالغۇچىنىڭ ئىپادىلىنىش ـ ئىپادىلەنمەسلىكى ئاساسىي ئۆلچەم ؛ ئوخشالغۇچىسى ئىپادىلەنگەن ئوخشىتىشلاردا ئوخشالغۇچى بىلەن ئوخشىغۇچى ئوتتۇرىسىدا ئوخشىتىش سۆزى ياكى قوشۇمچىسىنىڭ ئىشلىتىلگەن ـ ئىشلىتىلمىگەنلىكى قوشۇمچە ئۆلچەم قىلىنىدۇ . نەتىجىدە ، ئېنىق ئوخشىتىش ، يوشۇرۇن ئوخشىتىش ۋە ۋەكىللىك ئوخشىتىشتىن ئىبارەت ئۈچ خىل ئەنئەنىۋى ئوخشىتىش تۈرى ئايرىپ چىقىلىدۇ . بۇلار ئوخشىتىشنىڭ كۆرۈلۈش چاستوتىسى بويىچە ئەڭ يۇقىرى بولغان ئاساسىي تۈرلىرى ھېسابلىنىدۇ . تۆۋەندە ئالدى بىلەن مۇشۇ تۈرلەرنى كۆرۈپ ئۆتەيلى .

(1) ئېنىق ئوخشىتىش

ئوخشالغۇچى بىلەن ئوخشىغۇچى تەڭ كۆرۈلۈپ ، ئوخشىتىش سۆزى ياكى قوشۇمچىسى بىلەن باغلانغان ۋە ئوخشىتىلىش مۇناسىۋىتى ئېنىق ئىپادىلىنىپ تۇرىدىغان ئوخشىتىش شەكلى ئېنىق ئوخشىتىش ، دەپ ئاتىلىدۇ . مەسىلەن :

يۈرىكىم غەلۋىرگە ئوخشاش ،
قۇيسىلا تۇرماس تېرىق .
شۇنچە جاراھەتلەر بىلەن ،
يارنىڭ چىرايى ساپسېرىق .

بۇ مىسالدا ، ئوخشالغۇچى «يۈرەك» بىلەن ئوخشىغۇچى «غەلۋىر» ئوخشىتىش سۆزى «ئوخشاش» ئارقىلىق باغلىنىپ ، ئۇلار ئوتتۇرىسىدا-

كى ئوخشىتىلىش مۇناسىۋىتى ئېنىق ئىپادىلەنگەن . ئېنىق ئوخشىتىش-
نىڭ فورمىسى « ئا شەيئى ب شەيئىگە ئوخشايدۇ » دېگەندىن ئىبارەت .

(2) يوشۇرۇن ئوخشىتىش

ئوخشالغۇچى بىلەن ئوخشىغۇچى تەڭ كۆرۈلىدۇ ، ئۇلار ئوتتۇر-
سىدىكى ئوخشىتىلىش مۇناسىۋىتى ئېنىق ئىپادىلەنمەيدىغان ئوخشىتىش
شەكلى يوشۇرۇن ئوخشىتىش ياكى مېتافورا دەپ ئاتىلىدۇ . مەسىلەن :

ئاتالىقلار ـ ئانالىقلار
دەشتە ـ دەستە گۈل ئىكەن .
ئاتاسىزلار ـ ئاناسىزلار ،
كۆيۈپ ئۆچكەن كۈل ئىكەن .

بۇ مىسالدىكى «ئاتالىقلار ـ ئانالىقلار» ، «ئاتاسىزلار ـ ئاناسىز-
لار» دېگەنلەر ئوخشالغۇچى ، «گۈل» ، «كۈل» دېگەنلەر ئوخشىغۇچى
بولۇپ ، ئېنىق ئوخشىتىشلاردىكىدەك ئوخشىتىش سۆزى ياكى قوشۇمچە-
سى بىلەن باغلانمىغان ۋە ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى ئوخشىتىلىش مۇناسىۋ-
تى بىرقەدەر يوشۇرۇن بولۇپ ، ھۆكۈم شەكلىدە ئىپادىلەنگەن .

يوشۇرۇن ئوخشىتىشتا ، ئوخشالغۇچى بىلەن ئوخشىغۇچى شەكىل
جەھەتتىن تەڭداشلىق مۇناسىۋەتنى ئىپادىلەپ ، « ئا دېمەك ب دېمەكتۇر »
ياكى « ئا ب دېمەكتۇر » دېگەن فورمىدا كېلىدۇ .

(3) ۋەكىللىك ئوخشىتىش

ئوخشالغۇچى قىسقارتىلىپ ، ئوخشىغۇچى ئوخشالغۇچىغا ۋاكالەتلەن-
دۈرۈلگەن ئوخشىتىش شەكلى ۋەكىللىك ئوخشىتىش دەپ ئاتىلىدۇ .
مەسىلەن :

ئولاق قاناتىم سۇندى مېنىڭ ،
يالغۇز قانات ئۇچماس ئاسان .
مۇشكۈللىرىم كۆپتۇر مېنىڭ ،
ئەمدى بولمايدۇ ئاسان .

بۇ مىسالدا ، «مەن» نىڭ ئەڭ كۆچلۈك يۆلەنچۈكى بولغان ئاتىسى-
دىن ئايرىلغانلىقى ، تەنھا ئانىسى بىلەن قالغان بالىنىڭ كۆزلىگەن مەن-

ىزىلكە يېتىشى ئاسانغا توختىمايدىغانلىقىدىن ئىبارەت ئوخشالغۇچى قىسقارتىلغان ۋە ئۇنىڭغا ئوخشىغۇچى ۋەكىللىك قىلدۇرۇلغان.

## 2. جانلاندۇرۇش

1) جانلاندۇرۇش دېگەن نېمە؟

تۈرلۈك شەيئى - ھادىسىلەرنى ئادەم ئورنىدا، ئادەمنى نەرسە ئورنىدا، شۇنىڭدەك ئا شەيئىنى ب شەيئى ئورنىدا تەسۋىرلەش ئىستىلىستىكىدا جانلاندۇرۇش، دەپ ئاتىلىدۇ. باشقىچە ئېيتقاندا، مول تەسەۋۋۇر ۋە مۇناسىپ سۆز - ئىبارىلەر ئارقىلىق، ئادەمگە خاس تۈرلۈك بەلگە - خۇسۇسىيەتلەرنى شەيئى - ھادىسىلەرگە؛ شەيئى - ھادىسىلەرگە خاس بەلگە - خۇسۇسىيەتلەرنى ئادەمگە، شۇنىڭدەك، بىرخىل شەيئى- ھادىسىلەرگە خاس خۇسۇسىيەتلەرنى باشقا بىرخىل شەيئىگە كۆچۈرۈش ۋاستىسى بىلەن پىكىر - ھېسسىياتنى تېخىمۇ گەۋدىلىك، ئوبرازلىق ئىپادىلەيدىغان ئىستىلىستىكىلىق ۋاستە جانلاندۇرۇشتۇر. مەسىلەن:

«بۇ كۆك بۆرە ئوغۇزخانغا ئېيتتى: ‹ئوغۇز، ئەمدى لەشكەرلىرىڭنى باشلاپ بۇ يەردىن قوزغال، سەن ئەل - جامائەت ۋە بەگلەرنى باشلاپ ماڭ، مەن ساڭا يول باشلاپ ماڭىمەن›»

(«ئوغۇزنامە»، 53 - بەت)

2) جانلاندۇرۇشنىڭ تۈرلىرى

جانلاندۇرۇش مەزمۇنىغا قاراپ ئادەملەشتۈرۈش ۋە نەرسىلەشتۈرۈش دەپ ئىككى تۈرگە ئايرىلىدۇ.

(1) ئادەملەشتۈرۈش

تۈرلۈك شەيئى - ھادىسىلەرنى، ئۇقۇم - چۈشەنچىلەرنى ئادەمگە خاس بەلگە - خۇسۇسىيەت ۋە پىكىر - ھېسسىياتقا ئىگە قىلىپ تەسۋىرلەش ئادەملەشتۈرۈش، دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن:

تۇرنا ئېيتۇر: ئۇچارمەن،

بارچە قۇشنى باشلارمەن ،
ھىندىستاندا قىشلارمەن ،
مۇرغۇي راۋان ئىچىدە .
(قۇمۇل نەزمىلىرى )

يازدا باقسام ، ياش ئىدى باغدا ياپاق ،
كۆزدە قىرىپتۇ بىپىسىپ قورۇق بىراق .
كاللىسىنىڭ پىشقىنى ئەمەسمۇ شۇ ،
پۇتمىسەڭ سىرتى ئەمەس ، ئىچىگە باق .
(ئابدۇكېرىم خوجا : «باھار ، تۇپراق ۋە مەن» )

«بەزى ۋاراقلار ئۆركەشلىگەن دېڭىز دولقۇنلىرىنى ئەكس ئەتتۇرسە ، بەزى ۋاراقلار ئۆتكۈر ھەجۋىي ، كۆچلۈك مەسخىرىگە تولغان مەزمۇنلار بىلەن جاھالەت ، نادانلىق ، خۇراپاتلىق ئۈستىدىن قاقاقلاپ كۈلىدۇ... »
(خېۋىر تۆمۈر : «بالدۇر ئويغانغان ئادەم» )
كەلدى باھار بۇ يىل بۆلەكچە تېز ،
ھەر قەدەمدە قالدۇرۇپ يېڭىچە ئىز .
(ئابدۇكېرىم خوجا : «باھار ، تۇپراق ۋە مەن» )

بۇ مىساللاردا «تۇرنا ، ياپاق ، ۋاراق ، باھار» قاتارلىق ھايۋان ، ئۆسۈملۈك ، جانسىز شەيئى ۋە ئابستراكت شەيئىلەر ئادەملەشتۈرۈلگەن .
(2) نەرسىلەشتۈرۈش
ئادەمنى ھەرخىل شەيئى ـ ھادىسىلەر خۇسۇسىيىتىگە ، مەلۇم بىرخىل شەيئىنى باشقا بىرخىل شەيئى خۇسۇسىيىتىگە ئىگە قىلىپ تەسۋىرلەش نەرسىلەشتۈرۈش دەپ ئاتىلىدۇ . مەسىلەن :
«دەرۋەقە ، خامۇش ماڭغا ۋايجان ، ۋاي توۋا ، دەپ يوتقانغا چۈمكىنىپ ياتاتتى . نىياز دورىغا نېمە قىلىشنى بىلەلمەي ، ئۆزىنىڭ قۇيرۇقى-

نى ئۆزى ئالايتتى ... »

(ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر : «ئىز » )

بۇ مىسالدا ئادەم «قۇيرۇق ، ئالماق» دېگەن سۆزلەر ياردىمى بىلەن «ئىت» ئورنىدا ئەسۋىرلەنگەن .

«زىيالىي ياشلار يېزا ـ يايلاقلارغا ئەۋەتىلگەن يىللاردا ئۇ ئۇزاق مۇددەت ئۆز يۇرتىنىڭ تۇپرىقىدا يىلتىز تارتىپ ئوزۇقلاندى ، نىھايەت چېچەكلەپ مېۋىلىدى ... »

( «تارىم» )

بۇ مىسالدا ئادەم «يىلتىز ، ئارتماق ، چېچەكلىمەك ، مېۋىلىمەك » دېگەن سۆزلەر ئارقىلىق ئۆسۈملۈكلەشتۈرۈلگەن .

كۆيە ـ كۆيە كۆل بولۇرمەن ،
ياغلىقىڭغا تۆگ مېنى .
ھەرقاچان يادىڭغا يەتسەم ،
ئاچىپ ـ ئاچىپ كۆر مېنى

(قۇمۇل نەزمىلىرى )

بۇ مىسالدا ئادەم قانداقتۇر بىرخىل كۆيەڭگۈ شەيئى ۋە «كۆل» ئورنىدا تەسۋىرلىگەن .

«ئىشىك يىقىلىپ ، ‹ئاق ، قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ ‹قارا يىلپىز › قاۋاپ تاشلىدى . باشقا ھويلىلاردىكى ئىتلارمۇ قاۋاشقا باشلىدى . ھېلىقى ‹ئەرۋاھ › (ئىمام — ئاخۇن قارى ) مەسچىتنىڭ كەينىگە ئۆتۈپ كۆزدىن غايىب بولدى . »

ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر : «ئىز»

بۇ مىسالدا ، ئادەم «غايىب بولماق» دېگەن سۆزنىڭ ياردىمى بىلەن «جىن ـ ئەرۋاھ» دېگەن مەۋھۇم چۈشەنچە ئورنىدا تەسۋىرلەنگەن ، يەنى

ئابستراكتلاشتۇرۇلغان .

مۇزلىمىش شەھەر ، مۇزلىمىش ھېسلار ،
قۇۋۇقلار سۇنۇق ، كونا بىر مازار .
شەھەر ئۈستىدە لالما بۇلۇتلار ،
ئورۇق ئىزلىشىپ قىلىدۇ شىكار .
(ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر : «ئۆمۈر مەنزىللىرى» )

بۇ مىسالدا بۇلۇت «لالما ، ئوزۇقە ئىزدىمەك» دېگەن سۆزلەرنىڭ ياردىمى بىلەن «ئىت» ئورنىدا تەسۋىرلەنگەن .

3) جانلاندۇرۇشنىڭ رولى

بىرىنچى ، نۇتۇقنىڭ ئوبرازچانلىقىنى ئاشۇرىدۇ . چۈنكى ، تۈرلۈك ھايۋانلار ، قۇشلار ، دەل ـ دەرەخ ، گۈل ـ گىياھلار ، تەبىئەت ھادىسىلىرى ، تۈرلۈك ئابستراكت ئۇقۇم ـ چۈشەنچىلەر ، شەكىلسىز شەيئىلەرنى سۆزلىيەلەيدىغان ھايات ئادەم قىياپىتىدە تەسۋىرلەش ياكى جانسىز ، شەكىلسىز نەرسىلەرنى جانلىق ، شەكىللىك شەيئىلەر قىياپىتىدە تەسۋىرلەش ئارقىلىق نۇتۇقنىڭ ئوبرازچانلىقىنى ئاشۇرغىلى ، ئاڭلىغۇچى ياكى كىتابخانلاردا تەسۋىر ئوبيېكتى ھەققىدە ئوبراز تۇيغۇسى پەيدا قىلىش يولى بىلەن نۇتۇقنىڭ تەسىرچانلىقىنى ئاشۇرغىلى بولىدۇ .

ئىككىنچى ، كىشىلەرنىڭ ھېسسىياتىنى ، ئوبيېكتىپ شەيئى ـ ھادىسىلەر ھەققىدىكى مۇھەببەت ـ نەپرىتى ، يازغۇچىنىڭ مەيدانىنى ئېنىق ئىپادىلەپ ، نۇتۇقنىڭ ھېسسىي تۈسىنى كۈچەيتكىلى بولىدۇ .

## 3 . مۇبالىغە

مۇبالىغە مول تەسەۋۋۇر ئارقىلىق ئوبيېكتىپ شەيئى ـ ھادىسىلەرنىڭ بەلگە ـ خۇسۇسىيەتلىرىنى ئەمەلىيەتتىكىدىن مەلۇم دەرىجىدە ئاشۇرۇپ ياكى كىچىكلىتىپ كۆرسىتىش بىلەن كىشىلەردە چوڭقۇر تەسىر قوزغاش ئۈچۈن قوللىنىلىدىغان ئىستىلىستىكىلىق ۋاسىتە . مەسىلەن :

«باغچىدىكى گۈللەرگە بۇلبۇل قونسا سايرايدۇ ،

ساقا كۆيگەن يۈرەككە چەيدەك قويسا قايناىدۇ.»
(خەلق قوشىقى)

مانا بۇ مۇبالىغىنىڭ تىپىك مىسالى بولۇپ، ئىشىق ئەھلىنىڭ سۆيگۈ - مۇھەببىتى مۇبالىغە قىلىنغان. مۇبالىغە ئوبيېكتىپ شەيئى - ھادىسىلەرنىڭ بەلگە - خۇسۇسىيەتلىرى ئەمەلىيەتتىكىدىن كۆپتۈرۈۋېتىلىدىغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭدا ئېنىق مەنتىقى ئۆلچەم بولمايدۇ. شەيئى - ھادىسىلەرنىڭ بەلگە - خۇسۇسىيەتلىرى قانچىلىك دەرىجىدە كۆپتۈرۈلسە ياكى كېمەيتىلسە مۇۋاپىق بولىدىغانلىقى كىشىلەرنىڭ پسىخىك ئامىللىرى ۋە تىل ئادىتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، كىشىلەر قوبۇل قىلالايدىغان دەرىجىدە بولۇشى ئۆلچەم قىلىنىدۇ.

## 4. سىمۋول

كونكرېت شەيئى - ھادىسىنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى ياكى ناملىرى ئارقىلىق ئابستراكت ئۇقۇم - چۈشەنچە ۋە پىكىر - ھېسسىياتنى كونكرېت، ئوبرازلىق ئىپادىلەش سىمۋول دېيىلىدۇ. سىمۋول سىمۋول ئاساسى ۋە سىمۋوللۇق مەنىدىن ئىبارەت ئىككى قىسىمدىن تەركىب تاپىدۇ. ئابستراكت ئۇقۇم - چۈشەنچە ئورنىغا قويۇلغان كونكرېت شەيئى نامى سىمۋول ئاساسى بولىدۇ. سىمۋول ئاساسىدىن پايدىلىنىپ چۈشەندۈرۈلگەن پىكىر - ھېسسىيات سىمۋوللۇق مەنە بولىدۇ. مەسىلەن:

ئەگەر تولسا ئاتمىشقا ئادەم يېشى،
كېتىپ زەۋق، ئۇنىڭ يازى بولۇر قىشى.
(«قۇتادغۇبىلىك» 367 - بېيت)

بۇ مىسالدا، ياز — ياشلىققا، يىگىتلىككە، قىش — قېرىلىققا، ئاتلىق — تۇرمۇش لەززىتىگە سىمۋول قىلىنغان بولۇپ، بۇ ئارقىلىق كىشىنىڭ يېشى ئاتمىشقا يەتسە، ياشلىق تۈگەپ، قېرىلىققا قەدەم قويـ-

دىغانلىقى، تۇرمۇشتا لەززەتنىڭ تۈگەيدىغانلىقىدىن ئىبارەت ئوي ـ پىكىر ياز كېتىپ قىش كېلىدىغانلىقىدىن ئىبارەت پەسىلنىڭ ئالمىشىشى ئارقىلىق ناھايىتى ئوبرازلىق ئىپادىلەپ بېرىلگەن. «ياز، قىش» لار سىمۋول ئاساسى، «ياشلىق، قېرىلىق» سىمۋوللۇق مەنە ھېسابلىنىدۇ.

### 5. سېلىشتۇرۇش

بىر ـ بىرىگە زىت كېلىدىغان شەيئىنى ياكى مەلۇم بىر شەيئىنىڭ ئىككى تەرىپىنى سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق شەيئى ـ ھادىسىنىڭ خاراكتېرى، ئالاھىدىلىكىگە بولغان چۈشەنچىنى تېخىمۇ روشەن گەۋدىلەندۈرۈپ بېرىدىغان ئىستىلىستىكىلىق شەكىل سېلىشتۇرۇش، دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن:

«بىلىمسىزگە تۆردە ئورۇن بولسا، كۆر،
بۇ تۆر پەگا بولدى، پەگا بولدى تۆر.
(«قۇتادغۇ بىلىك» 262 ـ بەت)

سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق پىكىرنى تېخىمۇ گەۋدىلەندۈرۈپ، ئېنىق چۈشەندۈرگىلى، كىتابخانلارنىڭ دىققىتىنى قوزغاش مەقسىتىگە يەتكىلى بولىدۇ.

### 6. تەكرارلاش

پىكىر ـ ھېسسىياتنى ياكى شەيئى ـ ھادىسىنىڭ مەلۇم بىر تەرىپىنى تەكىتلەپ، گەۋدىلەندۈرۈپ ئىپادىلەش ئۈچۈن، مەلۇم بىر سۆز، سۆز بىرىكمىسى، ھەتتا جۈملىنى تەكرار ئىشلىتىش ئىستىلىستىكىدا تەكرارلاش، دەپ ئاتىلىدۇ. بۇخىل ئۇسۇل بىلەن مەلۇم بىر نۇقتا ئالاھىدە گەۋدىلەندۈرۈلۈپلا قالماي، نۇتۇقنىڭ مۇزىكىدارلىقىمۇ مۇناسىپ دەرىجىدە ئاشۇرۇلىدۇ. چۈنكى، تەكرارلىنىدىغان بىرلىك ئوخشاش سۆز ياكى سۆز بىرىكمىسى بولۇپ، شېئىرىي نۇتۇقتا قاپىيە،

تۇراق ھاسىل قىلىدۇ . مەسىلەن :

بىرى خۇش ھىدى بىرلە قۇللۇق قىلار ،
بىرى كۆرك يۈزلە ئىشىكنى ئاچار .

بىرى قول سۇنۇپ ئاشا ئىسرىق تۇتار ،
ئىپار بىرلە بىرى جاھان تولغۇزار .

بىرى شەرقتىن تۇتار مىڭ ئارمىغان ( ھەدىيە ، سوۋغات )
بىرى غەربتىن تىكەر خىزمىتىگە جان .
( «قۇتادغۇ بىلىك» 97 ـ ، 98 ـ ، 99 ـ بېيىتلار )

## 7 . رىتورىك خىتاب

قايناق ھېسسىيات تۇپەيلى ، مۇئەللىپنىڭ كۆز ئالدىدا يوق ئادەم ۋە نەرسىلەرنىڭ نامىنى ياكى ئۇلارنىڭ سۈپىتىنى ئاتاپ ، ئۇلار بىلەن سۆزلىشىشى رىتورىك خىتاب ، دېيىلىدۇ . يەنى ، مۇئەللىپ ھېس ـ ھاياجىنى ئۇرغۇپ تاشقاندا ، ئۆزى تەسۋىرلەۋاتقان ، سۆزلىشىۋاتقان پېر ـ سوناژلارنىڭ ياكى كۆز ئالدىدا يوق ئادەم ۋە نەرسىلەرنىڭ نامىنى ياكى ئۇلارنىڭ سۈپىتىنى ئاتاپ ، ئۇلار گويا كۆز ئالدىدا تۇرغاندەك سۆزلىشى ـ دۇ . شۇنىڭ بىلەن كىتابخانلارنى ناھايىتى ئوڭايلا ئۆزى بىلەن ئورتاق ھېسسىياتقا ئىگە قىلىدۇ . مەسىلەن :

«ئويغان ئەي بوز چاچلىق ، ئۆلۈمگە ئىشەن ،
بۇ كەچمىش كۈنۈڭگە يىغلا ھەم ئۆكەن .»
( «قۇتادغۇ بىلىك» 376 ـ بېيىت )

## 8 . رىتورىك سوراق

ئوي ـ پىكرنى تېخىمۇ قايىل قىلارلىق دەرىجىدە ئىپادىلەش ئۈ ـ چۈن ، ئۆزى سوئال قويۇپ ، ئۆزى جاۋاب بېرىدىغان ئىستىلىستىكىلىق شەكىل رىتورىك سوراق ، دېيىلىدۇ . يەنى ، بۇنىڭدا ئاپتور ئۆز پىكرىگە

قارىتا كىشىلەرنىڭ دىققەت ـ ئېتىبارىنى قوزغاش ۋە نوتۇقنىڭ قايىل قىلىش كۈچىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن، نۇقتىئىنەزىرىنى بايان قىلىشتىن بۇرۇن سوئال قويىدۇ ۋە ئۆزى جاۋاب بېرىدۇ. مەسىلەن:

«كىشى ياخشىسى كىمدۇر ئۇ ياخشى،
كىشى دەردىگە دەۋا بولسا شۇ ياخشى.»
(«قۇتادغۇ بىلىك» 3935 ـ بېيت)

بۇ مىسالدا، «ياخشى ئادەم قانداق بولىدۇ» دەپ سوئال قويۇلۇپ، ئاندىن «كىشىنىڭ دەردىگە دەرمان بولىدىغان كىشى» ياخشى كىشى بولىدۇ، دەپ جاۋاب بېرىلگەن.

【مۇھاكىمە سوئاللىرى】

1. ئوخشىتىش دېگەن نېمە؟
2. ئوخشىتىشنىڭ تۈرلىرى قايسىلار؟ ئۇلارنىڭ ئۆزئارا قانداق پەرقى بار؟
3. جانلاندۇرۇش دېگەن نېمە؟
4. جانلاندۇرۇشنىڭ قانداق تۈرلىرى بار؟ ئۇلارنى ئىزاھلاڭ.
5. جانلاندۇرۇشنىڭ قانداق رولى بار؟
6. مۇبالىغە دېگەن نېمە؟
7. سىمۋول دېگەن نېمە؟
8. سېلىشتۇرۇش دېگەن نېمە؟
9. تەكرارلاش دېگەن نېمە؟
10. رىتورىك خىتاب دېگەن نېمە؟
11. رىتورىك سوراق دېگەن نېمە؟